
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەمەت دۇگايلى

# ئاقارغان ئۇپۇق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەمەت دۇگايلى

# ئاقارغان ئۇپۇق

(رومان)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەمراجان سونۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# ئاقارغان ئۇيۇق

(رومان)

ئاپتورى: سەمەت دۇگايلى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666 № پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880 mm × 1230 mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.25
2015 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2823 - 5
باھاسى: 55.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5631-2823-5
9 787563 128235 >
定价：55.00 元

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 42
ئۈچىنچى باب ........................................ 79
تۆتىنچى باب ........................................ 114
بەشىنچى باب ........................................ 172
ئالتىنچى باب ........................................ 227
يەتتىنچى باب ........................................ 262
سەككىزىنچى باب ........................................ 315
توققۇزىنچى باب ........................................ 350
ئونىنچى باب ........................................ 407
ئون بىرىنچى باب ........................................ 442

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

ئىسكەندەر كامىل ئوڭايسىز ھالەتتە بىرەر مىنۇتچە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىچى ئاچچىق بولۇپ، ئايالى ياتقان سوپا تەرەپكە ئېتىلدى. ئايالى بەھرىنىسا شۇ تاپتا تۇگۈلۈۋالغىنىچە توپتەك يۇمىلاپ، سوپىنىڭ قىبلە تەرىپىگە چىقىرىلغان مېھرابقا تىزىلغان يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىلىۋالماقچى بولغاندەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تەلۋىلىك دېسە تەلۋىلىككە، ساراڭلىق دېسە ساراڭلىققا ياتىدىغان غەلىتە قىلىق ئىدى. ئەمما، ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىسانىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى دەسلەپ ئاندا - ساندا، بارا - بارا ئايدا بىرەر قېتىم كۆرۈپ كۆنۈپ قالغاچقا، بۇ كۈنلەردە بۇرۇنقىدەك تەمتىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتى. دەسلەپكى چاغلاردىكىدەك قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ بىسەرەمجان قىلىپ يۈرمەيتتى. ئۇ بەھرىنىسانىمۇ بەزلەپ - پەپىلەپ تىنچلاندۇرۇپ ئۇخلىتىپ قويۇشنى ئۆگىنىۋالغان، بەھرىنىسا تىنچ ئۇخلاپ، غىدىقلانماي ئارام ئالسا تۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى.

بەھرىنىسانىڭ چاچلىرى شۇ تاپتا چۇۋۇق، يۈزىنى يېپىۋالغان ۋە دولىلىرىغىچە يېيىلغانىدى. ئىككىلا قولىنىڭ بىلەكلىرىنى پۈكۈپ، بەدىنىنى ئاللىقانداق بىر زەربىدىن ھىمايە قىلىۋاتقاندەك، تىزلىرىنى يىغىپ بىلەكلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالماقچى بولغاندەك تۈگۈلۈۋالغانىدى. سوپىنىڭ دېرىزە تەرىپىگە تام ياقىلىتىپ سېلىنغان يېكەندازنى تېپچەكلەپ بىر يەرگە يىغىپ قويغانىدى.

www.uyghurkitap.com

يېپىشۇالغان چاچلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان ئاغزىدىن قانداقتۇر بىر سۆزلەر تەكرارلىناتتى. بۇ سۆزلەر تىترەك لەۋلەر ئارىسىدىن، جاقىلداپ ئۆرۈلۈشلىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان چىشلارنىڭ ئاراشلىرىدىن چىققاچقىمىكىن، مەنىسىنى بىلگىلى بولمايتتى ۋە ھەممە سۆزلەر بىردەك: «ئۇ...ئۇ...» بولۇپ ئاڭلىناتتى.

ئىسكەندەر كامىل سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ، تىزلىرى بىلەن كونا گىلەمنى سىيپىلاپ بېرىپ بەھرىنىساغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى كۈچەپ تارتىپ، كىرىشىپ قالاي دەپ قالغان بىلەكلىرىنى بەدىنىدىن ئاجرىتىپ، كۆكسىنى مەيدىسىگە ئۇدۇللاپ باغرىغا چىڭ باستى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ، بەردەمرەك بولۇڭ....ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ...، — دېدى تەكرارلاپ.

بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىگە ماسلىشىپ بەرمەيتتى. ئۇ ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى، تېپچەكلەشتىن توختىمايتتى ۋە ئەمدى ئېنىقراق ئاۋازدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— مەندە نېمە ئەيىب بار؟ قايسى پىلاننى قەستەن بۇزۇپتىمەن؟ دۆلەت مەبلىغىنى قانداق سورۇۋېتىپتىمەن؟...، — دەپ نالە قىلاتتى، — سىلەر نېمىشقا ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىپ، مېنى ھاڭغا ئىتتىرىسىلەر؟

— بۇ مەن، قولاق سېلىڭ بەھرىنىسا، مەن ئىسكەندەر، — دەيتتى ئىسكەندەر كامىل خوتۇنىنى تېخىمۇ ئۆزىگە تارتىپ، — سىزدە ئەيىب يوق، بىرەر پىلاننى قەستەن بۇزدى، دەيدىغانغىمۇ پاكىت يوق. ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ھېكمەتلىك ئىبارە بارغۇ؟ «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ، ناھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ، سۇنىدۇ». ئىشلار ئاشۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بۇنىڭغا قەتئىي، شۈبھىسىز ئىشىنىشىڭىز كېرەك....

— ئىشىنەمدىمەن؟ — ئېسەدەپ، تىلىقىپ دەيتتى بەھرىنىسا، — كىمگە ئىشىنىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئىشىنىمەن؟ سىلەر مېنى نە-گە ئاپىرىپ، كىمگە ۋە نېمىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىسىلەر؟ بۇ يەردە ئىشەنمىگەنگە، باشقا يەردە ئىشەنگىلى بولامتىمۇ؟

ئىسكەندەر كامىل خوتۇنىنى باغرىغا قوشۇۋەتمەكچى بولغاندەك قىسىپ قۇچاقلاپ:

— بەھرىنىسا، بۇ مەن. مەن ئېرىڭىز ئىسكەندەر، — دېدى تەمكىن ئاۋازدا پىچىرلاپ دېگۈدەك، — قورقماڭ، ئېسەنگىرىمەڭ گۈزىلىم. سىزنى ھېچكىم ھېچقانداق يەرگە ئاپىرالمايدۇ. مەنلا بو-لىدىكەنمەن، سىزدىن ئايرىلمايمەن، بىز ئايرىلمايمىز ۋە ھېچ يەرگە بارمايمىز. ئەجەبا، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟....

بەھرىنىسا سۆز ئارىلىقىدا چۆچۈدى، ئېسەدەپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ كەيپى بايىقىدىن ياخشىراق بو-لۇۋاتقىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، چىڭ قۇچاقلىۋالغان ھالىتىنى سەل بوشىتىپ، بىر قولىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ توزۇغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ، يۈزىنى ئاچتى. بەھرىنىسا كۆزىنى ئاچ-قان، سارغىيىپ يىرىكلەشكەن مەڭزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ قالغان-دى. بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ، ياش لىغىرلاپ تۇرغاندەك بىلىنىدىغان كۆزلىرىدىن سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بىرخىل مېھرىلىك نۇر چاقناپ تۇراتتىكى، ئىسكەندەر كامىل ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالماي، ئۇ كۆزلەرگە سۆيۈشكە باشلىدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ سۆيۈشى بەھرىنىساغا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنداق سۆ-يۈشتىن ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان لەززەت ئالاتتى ۋە بىر كۆزى سۆيۈلۈۋاتقاندا، يەنە بىرىنى سۆيدۈرۈشكە تەقلەپ تۇراتتى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى. كۆز ياشلىرىنىڭ ئېرىنىڭ لەۋلىرى ئار-قىلىق شوراپ، سۈمۈرۈلۈشىدىن پۈتۈن تېنىگە يامراۋاتقان ھۇزۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىمىنى سەزگىنىدە، ئىختىيارسىز ئېرىنى قوچاقلاپ بوشىشىپ-ۋاتقان بەدىنىنىڭ شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

بەھرىنىسانىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشقانىدى، جۇشقۇنلۇق قايىنىمىغا چۆمگەنىدى، ئۇ شۇ تاپتا بىر ـ ئىككى مىنۇت ئىلگىرىكى سولاشقان، سالپايغان، چاچلىرى چۇۋۇق، يۇزلىرى زەپىران، قولۇلىدەك تۇگۇلۇۋاتقان، ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالالمايدىغان دەرىجىدە ئەسەبىيلەشكەن ئايالغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئەمدى ئېرىدىگە ئېسىلىپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ پېشانە، مەڭز، بويۇن ھەتتا قۇلاقلىرىغىچە سۆيۈپ، لەۋلىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ:

— مەن باياتىن نېمە بولدۇم؟ ئوي ـ پىكرىم نەدەيۇ، ئۆزۈم نەلەردە يۇردۇم؟ — دەپ تەكرار، ياندۇرمىلاپ پىچىرلايتتى، — سىزنى ئاۋارە قىلدىمۇ؟ ئىشىنىڭكى، مەندە سىزنى بىسەرەمجان قىلىدىغان خىيال يوق ئىدى....

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز مەھبۇبەم؟ — بەھرىنىسانىڭ سۆيۇشلىرىدىن ئازاد بولغان ئارىلىقتا ئاران ئاشۇلارنى دېيەلىدى ئىسكەندەر كامىل.

— كۆڭلۈمگە تەسكىن بەرگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، — بەھرىنىسانىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، — مۇھەببەت سىزنى شادلاندۇرسا، دىلىڭىزغا ھېسسىي ئاراملىق بەرسە ئاندىن مۇھەببەت دېيەلەتتى. مەن سىزگە ئاۋارىچىلىك، بىسەرەمجانلىق تېپىپ بەردىم. سىز...

ئىسكەندەر كامىل لەۋلىرىنى بەھرىنىسانىڭ لەۋلىرىگە چاپلىغىنىچە ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى. بىرپەستىن كېيىن لەۋلەر ئاجراشتى، شۇندىلا ئۇ:

— مېنى خاپا قىلمىمەن دېسىڭىز، ئاشۇنداق گەپلەرنى تېرىپ، قۇراشتۇرۇپ سۆزلەڭ، نېمە ئۇ «ئاۋارىچىلىك، بىسەرەمجان قىلىش...»دېگەنلەر؟ — ئىسكەندەر كامىل ئاشۇنداق دېيىش ئارقى-

لىق بەھرىنىسانىڭ كۆڭلىنى توختاتماقچى، ئۆزىنىڭ ئۇنى خۇددى ۋەدىسىدىكىدەك مەڭگۈ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئۇ مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇ سۆز-لەر بەھرىنىسانىڭ دىلىغا تازا ئوبدان مەلھەم بولالمايدىغاندەك، ياش خوتۇنىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر، مەنىلىك گەپ-لەرنى ئېيتىش كېرەكتەك ھېس قىلىپ، بۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمىگىنى ئۈچۈن خىجىل بولدى ۋە كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى.

بەھرىنىسا سەل قورۇنۇپ:

— نېمە بولدىڭىز ئىسكەندەر، ياش تۆكۈۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى باللارغا قارىتىلىدىغان مۇلايىم، ئىللىق ئاھاڭدا، — ماڭا تەسەل-لى بەرگەندەك گەپ - سۆزلەرنى دېيەلمىدىم، دەپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمۇۋاتامسىز ياكى مېنىڭ تۇيەيلىمدىن خۇشال - خۇرام-لىقتىن يىراقلىشىپ كەتتىم، دەپ مەيۈسلىنىۋاتامسىز؟ ھەممىگە مەن ئەيىبلىك....، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى دېگەچ ئىسكەندەرنىڭ ياش-لىرىنى شوراپ، قوللىرىدا ئۇنىڭ تۆكچىدەك ساقال ئۆسۈپ كەت-كەن يۈزلىرىنى توختىماي سىيلايتتى.

ئىسكەندەر كامىل بېشىنى «ياق» ئىشارىسىگە لىڭشىتىپ تۇ-رۇپ، ئۇنى قايتىدىن قۇچاقلىدى. ئۆزىمۇ يېنىش - يېنىشلاپ سۆ-يۈپ تۇرۇپ، پۇرلەشكەن يېكەندازنى تارتىپ - تۈزلەپ راسلىدى. ئاندىن بەھرىنىسانى قۇچىقىدىن چىقارمايلا يېكەندازغا يانپاشلىد-دى. بەھرىنىسامۇ يانتۇ ياتقان پېتى باياتىنقى مىجەز ئۆزگىرىشىدە بىر چەتكە چىقىپ قالغان ياستۇقنى ئىككىيلەننىڭ باش ئاستىغا توغرىلاپ راسلاپ قويۇپ پۇتلىرىنى ئېرىنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا تىقتى.

باش باشقا، كۆكرەكلەر مەيدىلەرگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ يې-تىش ھەر ئىككىيلەننى مەڭگۈ قېرىمايدىغان، تەكرارلىنىشتىن بىزار بولمايدىغان سۆيگۈ ھۇزۇرىغا چۆمدۈردى. ياشلار قۇرۇغان

كۆزلەردىن ئاجايىپ جۇشقۇن ئىشق نۇرلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇرۇلۇۋاتقان تىنىقلارنىڭ ھارارىتى بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان شىددەتلىك سۈرئەت بىلەن لەۋلەرنى جى-پىسلاشتۇرۇپ، ئىككىيلەننىڭ كۆز ئالدىدىن مەۋجۇت ئالەمنى غا-يىب قىلدى. بەھرىنىسا چېچىدىن تاپىنىغىچە يامراپ يېيىلغان ھۇزۇرلۇق بىر كۇچنىڭ تۈرتكىسىدە ھېلىقى ئاجىز، خامۇش، مىسكىن ھالەتتىن ئۆزگىرىپ، باشقىچە بىر كۇچتۇڭگۇر، ئىنتى-لىشچان ۋە جەڭگىۋار ئايالغا ئايلاندى. ئۇ ئىسكەندەر كامىلنى لەپ-پىمدە كۆتۈرۈپ ئۇستىگە ئالدى ـ دە:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئىسكەندەر... — دېدى ئاران ئاڭلىنغۇدەك ئاۋازدا.

— مەنمۇ... — دېيەلىدى ئىسكەندەر كامىل نەپىسى بوغۇ-لۇپ.

ئۆي گويا ئوت قالىغاندەك ئىسسىپ كەتتى. دېرىزىنىڭ سىر-تىدا كۆز شاملى ئۇشقىرتىپ كېزىپ يۈرەتتى. سارغايغان يوپۇر-ماقلارنىڭ بەزىلىرى ئادىشىپ قالغاندەك ئۇچۇپ كېلىپ، قېلىن توپا باسقان دېرىزە ئەينەكلىرىگە شاراقشىپ ئۇرۇلاتتى. شامال ئە-دىگىلى تۇرغان بولسا كېرەك، دېرىزە راملىرىمۇ يېنىك ئاۋازدا تا-راقلايتتى. رام ئارىلىقلىرىدىن كىرگەن سوغۇق شامال زۆرۈرىيە-تى يوق سالقىنلىق بىلەن توپا پۇرىقىنى ئۆي ئىچىگە ئېلىپ كى-رەتتى.

ئىسكەندەر كامىل تېز ـ تېز تىنىپ دېرىزىگە چاپلىشىپ قال-غان يوپۇرماقلارغا تىكىلدى. كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا بىرەر رەسسام دې-رىزە ئەينىكىگە كەچ كۆز يوپۇرمىقىنى راستتەك سىزىپ، بىر تە-بىئىي رەسىم ھاسىل قىلغاندەك تۇيۇلدى. ئەمما بۇ مەنزىرىدە يەنە بىلگىلى، سەزگىلى بولىدىغان، ھېچقانداق رەسسام سىزىپ كۆر-سىتەلمەيدىغان سوغۇق بار ئىدى. ئۇ يېرىم كۆتۈرۈلۈپ، مېھراب-

ىنىڭ قولى يەتكەن يېرىدىن بىر يوتقاننى تارتىپ چىقاردى ــ دە، ئۇنى ئاۋۋال بەھرىنىسا، ئاندىن ئۆز ئۈستىگە ياپتى. خوتۇنىنىڭ قوينىغا قايتا كىرىش ئالدىدا خېلى بەكرەك تاراقشىۋاتقان دېرىزە تە-رەپكە يەنە قارىدى.

ــ نېمىگە بويۇنداپ قاراۋېرىسىز، ــ دېدى بەھرىنىسا ئىسـ-كەندەر كامىلنى قوينىغا تارتىپ، ــ دېرىزە تەرەپتە ئىشارەت قىـ-لىۋاتقان نازىنىنلار يوقتۇ ـ ھە؟

ئىسكەندەر كامىل ئەركىلەۋاتقان خوتۇنىنىڭ بېشىنى سول بىـ-لىكىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئەركىلەشكە سۆس ھېچبىر ئىنكاس قايتۇردى. مىجەزى ئەمدىلەتىن ئوڭشىلىۋاتقان ئايالىغا چاقچاق قىلىپ جاۋاب بەرسە تېرىكىپ قالامسىكىن، دەپ ئەنسىرەپ راستىنى ئېيتتى:

ــ تالادا سوغۇق شامال ئەدەۋاتىدۇ، دېرىزىنىڭ رامىلىرىنى چىڭ ئەتمىگەندەك تۇرىمىز، ئۇنى شامال تاراقشىتىۋاتىدۇ. قا-راس ـ قۇرۇسلا ئېچىلىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ قارىغىنىم بولمامدۇ؟ ھازىرچە ھېچ گەپ يوق...

ــ يېقىن يېتىگە، سۆيۈشەيلى، ــ دېدى بەھرىنىسا ئېرىنى ئۆ-زىگە تارتىپ، ــ ماڭا شۇ تاپتا ھېچنېمە قورقۇنچلۇق بىلىنمەيدۇ. سىز مېنىڭ، مەن سىزنىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شامال، دېرىزە دېگەن-لەرنىڭ كارى چاغلىق، ئېچىلىپ كەتكۈسى كەلسە ئېچىلىۋەرمەمدۇ؟

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشە ـ چۇشمەي، دېرىزە راستـ-تىنلا ئېچىلىپ كەتتى. تاراقشىغان ئاۋاز، دېرىزە ئەينەكلىرى سۇنمىغان بولسىمۇ دىرىلدىگەن ئەنسىز ئاۋاز ۋە سوغۇق شامالنىڭ توپا ـ چاڭ پۇرىقىنى گۇرۇلدىتىپ ئېلىپ كىرىشى بىلەن بەھرىـ-نىسا «ۋاي!» دېگىنىچە يوتقانغا چاڭ پۇركىنىپ، بېشىنى ئىسكەنـ-دەر كامىلنىڭ قولتۇقىغا تىقىۋالدى. دېرىزە راملىرى، ئەينەكلەر ۋە شامالنىڭ باستۇرۇپ كىرگەندىكى ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەچكە، بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئىسكەندەر كامىلمۇ چۆچۈپ كەتتى. بەھرىنىسانىڭ بىر مىنۇت ئىلگىرىكى زوق ئۇرغۇتقۇچى ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ئىگراش ئارىلاشقان چۈشىنىكسىز غۇدۇڭشۇشلىرى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىمۇ تارتىشىپ بىلىنەرلىك تىترەشكە باشلىدى.

ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىسانىڭ كېسىلىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ تۇتقاقلىقى تۇتمايتتى، تۇتسا ئۆزىنىمۇ، ئەتراپىتىكىلەرنىمۇ، بولۇپمۇ ئېرىنى خېلى ۋاقىت جىددىيلەشتۈرۈپ، ساراسىمىگە سېلىپ، ئارام بەرمەيتتى. بۈگۈن تېخى قاتتىق تۇتمىغىنى. شۇڭا پەپىلەش، ئەركىلىتىش، رايىغا بېقىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى تەكرار ئىزھار قىلىشلار بىلەن پەسكويغا چۈشتى.

ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىسانىڭ يېنىدا يەنە بىرنەچچە مىنۇت يېتىپ، ئۇنىڭ قوللىرى بوشاشقاندىن كېيىن ئورنىدىن ئاستا تۇردى. ئاۋۋال خوتۇنىنى يوتقان بىلەن شامال كىرمىگىدەك ئوبدان ئوراپ، ئاندىن بېرىپ دېرىزىنى پۈختا ئەتتى، لوكىلىرىنى سالدى. دېرىزە تەكچىسى، پەستىكى يېكەندازنىڭ ئۈلار ياتمىغان يەرلىرىگە نېپىز بىر قەۋەت چاڭ قونغانىدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە تۇرۇپ قالغان بىرنەچچە يوپۇرماقنى تېرىۋېتىپ، چاڭ ـ توزانلارنى بەھرىنىسا ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن تازىلاشقا قالدۇرۇپ سۇپىدىن چۈشتى. كۆڭلىدە: «رام ئاراشلىرىدىكى يوچۇقنى يېپىلمىلىق قەغەزلەر بىلەن چاپلىۋېتىش كېرەك ئىكەن، ئۇنداق قىلمىساق، ئەتە ـ ئۆگۈن قىش كىرگەندە سوغۇق شامالنىڭ كىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمىغۇدەك، دۇكان تەرەپكە ئۆتۈپ قالسام، بىر يۆگەم يېپىلمىلىق قەغەز سېتىۋالىمەن...» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئەمدى بەھرىنىسانىڭ كەچلىك دورىسىنى تەييارلاشقا تۇتۇندى. دورىلار جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن دورىلار بولۇپ، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىچىلـ

سە، ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىمار تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ ئازابىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ دوختۇرنىڭ تاپىدىلىغانلىرى بولۇپ، توختاپ قالماسلىق، دورا ئىچىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق تەلەپ قىلىناتتى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ بەھرىنىساغا دورا ئىچۈرۈش جەريانىدىكى كۆزىتىشىدىن ئايان بولغىنى شۇ ئىدىكى، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى نەزەرىيە جەھەتتىن توغرا ۋە ئاشۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا، كوندىلىك پائالىيەتلەردە بىمارنىڭ نېرۋىسى غىدىقلانماسلىقى، كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يولۇقماسلىقى، كۆڭۈلگە تېگىدىغان قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەكسى ھالدا دورىنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى سۇسلىشىپ كېتەتتى.

ئىسكەندەر كامىل تەييارلىغان دورىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ يەنە سۇپىغا چىقتى. چىنىنى بىر چەتكە قويۇپ قويۇپ، بەھرىنىسا باش ـ كۆزى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى پۈركۈۋالغان يوتقاننىڭ باش پۈرجىكىنى ئاستا قايرىدى. ئايال چۆچۈدى، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قارىدى، ئېرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شۈك يېتىۋەردى. ئىسكەندەر كامىل يوتقاننى كەڭرەك ئېچىپ، بىلىگىچە كۆرپىگە چىقتى. بەھرىنىسانى يەڭگىل كۆتۈرۈپ، بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە قولىنى ئۇزىتىپ، تەييارلانغان دورا چىنىسىنى ئېلىپ ئايالىنىڭ لەۋلىرىگە تەڭلىدى:

— دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ گۈزىلىم...

— قاڭشىق، — دېدى بەھرىنىسا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئەمما، ئوتتۇرا چىنە دورىنى خەقمۇش قىلماي ئىچىپ تۈگەتتى.

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى، — زورىغا ماختاپ قويدى ئىسكەندەر كامىل ئۇنى، — ئەمدى شامالسىز، تاراق ـ تۇرۇقى يوق، جىمجىت دۇنيادا پۈت ـ قولىڭىزنى ئۇزۇن سوزۇپ ئارام ئالىسىز. ئۇخلىسىڭىز تېخى ياخشى، ئويغانغاندا جۇشقۇن، يەڭگىل قوپىدى

سىز...

ئۇ بوۋاقنى ئەركىلىتىپ ـ پەپىلىگەندەك بەھرىنىسانىڭ مۈرىسىنى يوتقان تېشىدىن بوش، رىتىملىق ئۇرۇپ بىردەم ئولتۇردى. ئايال يېنىك پۇشۇلداپ بەدىنىنى قويۇۋەتتى، پۇتلىرى ئۇزۇن سوزۇلدى. دېمەك، ئۇ ئۇيقۇ ئالىمىگە يول ئالغانىدى.

ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىسانى يوتقانغا ئوبدان ئوراپ، بوينىنىڭ ئۈستىنى ياستۇققا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. چىنىنى ئۆز جايىغا ـــ تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، بەھرىنىساغا كۆز تاشلىدى. ئۇ بوۋاق ئۇيۇقۇسىدا ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى يەنە چۇۋۇلغان، پاخپايغان ھالدا ياستۇقنىڭ يېرىمىغا يېيىلغان، بەزى چاچ تالالىرىغا ئاقمۇ كىرىپ قالغانىدەك ئىدى. يۈزلىرى بولسا خېلى تاتارغان ھالدا كۆممىقوناق رەڭگىنى ئەسلىتەتتى. پەقەت قاشلىرى ئۆز پېتى، ئىسكەندەر كامىل ئۇنى بۇرۇن ـــ دەسلەپ كۆرگەن ھالىتىدە قالغان، قاڭشار تەرىپى قويۇق ـ قېنىق، توم، چەتكە سوزۇلغانسېرى ئىنچىكىلەپ كەتكەنىدى. بۇ تەبىئىي شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشىچە، بەھرىنىسا ئەزەلدىن قاش ـ كۆزلىرىنى گىرىملەشكە بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. ھازىرقى چىرايى تەۋەسىدە ئۆزگەرمەي تۇرغىنى ئاشۇ قاشلار بولۇپ، ئۇ ئىسكەندەر كامىلغا ئىككىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆيۈشۈپ ـ سۆيۈشۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلەتكۈچى ھاياجانغا سالار گۇۋاھچى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

ئىسكەندەر كامىل خوتۇنىنىڭ يېنىدا بايىقىدەك سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ نېپىزلىگەن، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى كالپۇكلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، شوراپ ـ شوراپ سۆيگۈسى كەلدى ـ يۇ، ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەيمىنىپ ئۆزىنى تۇتتى. تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خىياللىرىنى چاچماقچى بولدى. دېرىزە سىرتىدا سوغۇق كۈز شامىلى ئەدەپ ئۇشقىرتماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىكى بىردىنبىر ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شاخلىرى

تىنىمسىز لىڭشىپ ـ پۇلاڭشىپ تۇراتتى. چۇشۇپ كەتمەي قالغان يوپۇرماقلارنىڭ بەكرەك قۇرۇغىنى كەينى ـ كەينىدىن تۆكۈلۈپ، ئانچە ـ مۇنچە نەملىكى بارلىرى شاراقشىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يەرگە چۇشۇپ كەتكەن قۇرۇق يوپۇرماقلار ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە پىرقىراپ ئۇچاتتى ۋە تولاراقى ئۆرۈككە سۇ قۇيىدىغان ئورەككە يىغىلىپ، ئانىسى دەرەخ غولىدىن يىراقلىشىپ كەتمەسـ لىكىنى ئىستەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك تەسىرات قالدۇراتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ يوپۇرماقلارنىڭ ئۇچۇش ـ چۇشۇشلىرىگە قاراپ تۇرۇۋەرگۇسى كەلمىدى. ئۆرۈك دەرىخى شاخلىرى ئارىسىدىكى شاراق ـ شۇرۇقتىنمۇ زېرىكتى، ئىچكىرى ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، بۇ ئۆينىڭ تېشىدىكىدىن قاراڭغۇراق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. بۇنـ داق بولۇشى قوشنا هويلىدىكى قورۇق تامنىڭ سايىسى قاراڭغۇلۇقنى بالدۇرراق باشلايدىغانلىقىدىن ئىدى. بۇ هال ئۇنىڭغا بۇرۇندىن مەلۇم بولسىمۇ، بۇگۈنكىدەك دىلىغا ئورناپ كەتكۈدەك تەسىرات ئىلكىدە نەزەر سالمىغانلىقتىن چۇشەندى. ئۇ سۇپا ئۇستىگە چىقىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. سىرتتىكى سوغۇق شامال تېخىمۇ ئەدىمەكتە. يوپۇرـ ماقلارنىڭ ئۇچۇشلىرى تېزلەشمەكتە. غەربتىكى نامەلۇم بوشلۇققا سىڭىپ كەتكەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى دېرىزە ئەينىكىدە سۇس نارەنجى رەڭلىك ئىزىنى سىلىپ يوشۇرۇن نۇر تالاسى قالدۇرـ ماقتا ئىدى.

ئۇ دېرىزە پەردىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى. ياتاق ئۆي تېخىمۇ قاراڭـ غۇلاشتى. ئۇ بەھرىنىسا ئويغانغىچە تاماق قىلىشنى كۆڭلىگە پۇـ كۇپ، تاشقىرىقى ئۆيگە، ئاندىن هويلىغا چىقتى، ئۆزلىرى تام ئېـ تىپ ياسىۋالغان ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئىشكاپ، توڭلاتقۇلارنى ئاختۇرۇپ باقتى. قوي گۆشى، سەۋزە، چامغۇرلارنىڭ خېلى جىقـ لىقىغا قاراپ، شورپا قىلىشنى لايىق تاپتى. قوي گۆشى شورپىسىـ

نى كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇش، مىجەزىنى ھۆل ئىسسىققا ما-يىللىراق تۇتۇش بىمارغا پايدىلىق ئىكەنلىكى پېشقەدەم ئۇيغۇر تې-ۋىپلىرىنىڭ مەسلىھەتى ئىدى. ئىسكەندەر كامىل ئىلاج بولسىلا بەھرىنىسانى قايىل قىلىپ شورپا تەييارلاپ ئىچۈرەتتى، مىجەزىنى سوغۇق ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. نەتىجىدە بەھرىنىسا-نىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى خېلى ياخشىلىنىپ، بۇ يىل يازدىن ھا-زىرغىچە بىر قېتىممۇ قوزغالمىغان، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەنمۇ بىر - بىرىدىن، مۇھەببەتتىن ۋە ئىشلەۋاتقان خىزمەتلىرىدىن خا-تىرجەم بولۇپ قېلىشقانىدى.

بۈگۈن يۈز بەرگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن بەھرىنىسانىڭ نېرۋىسىغا تەگكەن ئىشنى تاسادىپىيلىق ياكى قەستەنلىك دەپ ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگىنىنى ئىسكەندەر كامىل پەرەز قىلالايتتى.

ئەتىگەنلىك خىزمەت ئارىلىقىدا ئوينىلىدىغان گىمناستىكا باشلىنار - باشلانمايلا مەيدانغا بىر پىكاپ كىرىپ توختاپ، ئۇنىڭ-دىن گۈلسەنەم ئىسىملىك بىر قىز چۈشتى. گۈلسەنەم ۋىلايەتتىكى يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش چەكلىك شىركىتىنىڭ سېتىشقا مەسئۇل بۆلۈمىنىڭ دىرېكتور ياردەمچى-سى بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسال فېرمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تونۇيتتى. ئۇ يەنە ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى يەرلىك چارۋا مال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ سىڭلى-سى بولۇپ، يۈرۈش - تۇرۇش، ئولتۇرۇش - قوپۇشلاردا يۇقىرىقى قوش سالاھىيىتى بىلەن خېلىلا ھال تارتىپ، دىمىقىنى قاقاتتى. ئۇنى يېقىندىن بىلىدىغان ۋە ئارىلىشىپ يۈرىدىغان بەزى ئاياللار: «ئاكىسى ناھايىتى كەلسە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى دەرىجىلىك ئادەت-تىكى كادىر، ئۆزى بىر تېرە - يۇڭچى سودىگىرى، ئەگەر ئىككى-سىنىڭ بىرى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىگە ئېرىشىۋالسا، بەدىنى پاتماي

قالغان كىيىملىرىنى ساتىدىغان مەخسۇس ماگىزىن ئاچارمىدى؟»
دەپ تەنە قىلىشاتتى كەينىدىن. لېكىن، ئالدىدا ھە ـ ھۇ دەپ سالا ـ
سۇلھى قىلىشاتتى چاندۇرماي. بۇنداق بولۇشتا، مەزكۇر ئۇنىۋېر ـ
سال فېرمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، كەسىپ قاتارلىق تەرەپلەردە
ئۇلار بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇناسىۋەت ساقلىشى زۆرۈر ھېساب ـ
لىنىدىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئۇنىۋېرسال فېرما رەھبەرلىكى
ئىچىدە ئاشۇ رەببىمبەردى ئايۇپىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان، ئۇنى
ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ خاتا قارايدىغانلارنىڭ
ئورۇنسىز، بىھۇدە تەشۋىقاتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى
قوشقاندا، ئاكا ـ سىڭىلىنىڭ ھەيۋىسىنى مۆلچەرلەشمۇ قىيىن ئە ـ
مەس ئىدى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ رەببىمبەردى ئايۇپقىمۇ، ئۇنىڭ سىڭلى ـ
سى گۈلسەنەم ئايۇپقىمۇ مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بار
ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىچە رەھبىرىي كادىرلارغا ئوخشىۋې ـ
لىپ سۆزلەشلىرىگە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئاڭلىۋالغان
كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ «كۆرسەتمە» بېرىشلىرىگە ئەدەپ
يۈزىسىدىن بولسىمۇ «ھەئە»، «شۇنداق» دەپ قويماتتى. بۇنداق
قىلىش بىلەرمەنلىكتىن، ھاكاۋۇرلۇقتىن ئەمەس، بەلكى بىر خىل
«ئىسكەندەر كامىل بىلەن گۈلسەنەم توي قىلىدىكەن...»دېگەندەك
يوقىلاڭ گەپلەرنىڭ چىققانلىقىدىن، يەنە كېلىپ، بۇ گەپلەرنى
رەببىمبەردى ئايۇپ بىلەن گۈلسەنەملەرنىڭ تارقىتىپ يۈرگەنلى ـ
كىدىن ئىدى. ئاشۇ گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ بەھرىنىسا بىلەن بول ـ
دىغان تويىنى، تويدىن كېيىن بىرمۇنچە ئارازلىق، چۈشىنىشمەسل ـ
مەسلىكلەرنى پەيدا قىلمىدىمۇ؟ ئاشۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلار ئاز ـ
مىدى؟

گۈلسەنەمنىڭ بۈگۈن فېرمىغا چىقىشىمۇ بىكاردىن ـ بىكار
ئەمەس. ئۇ ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۆرۈشسۇن ـ كۆرۈشمىسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەۋەر بەھرىنىسانىڭ قۇلىقىغا يەتتىمۇ، دېمەك، ئۇنىڭ پىغانى ئۆرلەيدۇ، نېرۋىسى نورماللىقتىن قالىدۇ. قالدى ئاۋارىچىلىكلەر ئىسكەندەر كامىلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالىدۇ، دېگەن گەپ!

گۈلسەنەم پىكاپتىن چۈشۈپ، تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن سالاملىشىۋاتقاندا ئىسكەندەر كامىل غىپپىدە قېچىپ ئىشخانىغا كىرىۋالدى. ئەمما، ئالايىتەن ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن گۈلسەنەمنىڭ نەزەرى ئۇنىڭدا بولغاچقا، ئۇ نەگىلا يوشۇرۇنۇۋالسۇن، گۈلسەنەم تاپماي قويمايتتى.

گۈلسەنەم 30 ياشنىڭ لېۋىگە قەدەم باسقان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگىنىگە ئىككى يىلچە بولۇپ قالغان قىز ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىنى، بولۇپمۇ ئاكىسى رەببىمبەردىنى پاناھ تارتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزى ياقتۇرىدىغان خىزمەت ئورنىغا ئېرىشەلمىدى. ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا ئىشلەۋاتقان مۇشۇ ئۇنىۋېرسال چارۋىچىلىق فېرمىسى ئۇنىڭ ئىشلىشىگە تازا ماس كېلىدىغان، ئوقۇغان كەسپىگە باب خىزمەت ئورنى ئىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن يىللاردا نازارەت تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر ساغلىقتىن يىلدا تۆت قوزا ئېلىش، ئومۇمىي نىسبەتتە قوزىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى 80% كە يەتكۈزۈش تور قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا دۆلەت مالىيەسىدىن مەخسۇس مەبلەغمۇ ئاجرىتىلغان، تەجرىبە ئىشلەيدىغان ئىلمىي خادىملار ئۈچۈن ئالاھىدە ئىشتات كۆرسەتكۈچىمۇ بېرىلگەنىدى. ئەپسۇس، گۈلسەنەمنىڭ فېرمىدا، ئەمەلىي ئىشتا ئىشلىگۈسى كەلمىدى. ئاكىسى رەببىمبەردى ئايۇپ دەل ئاشۇ قۇرۇلۇش تورىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ياردەملىشىدىغان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، گۈلسەنەمنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىدە «مۇناسىۋەت تورى» ئىزدەش، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراش،

ئاللىقانداق كۆرەڭ باشلىقلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن بويۇننى سىڭايان قىلىش، كىملەرنىڭدۇر تەستىق قول قويۇشىنى زارىقىپ كۈتۈش....لەرگىمۇ ئېھتىياج چۈشمەيتتى. بىراق گۈلسەنەم: «قايىسى ساغلىقنىڭ چاترىقىدىن نەچچە قوزا چىقىدىكىن، دەپ مايىاق پۇراپ مۆكچىيىپ ئولتۇرغۇم يوق، ئۇنداق ئىشلارنى پادىچى - چوپانلارمۇ قىلالايدۇ. مەن ئازادە ئىشخانىدا، پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈستەل يېنىدا، يۇمشاق كىرېسلودا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلالارمەنمىكىن، دەپ 16 يىل ئوقۇغان...» دەپ تۇرىۋالدى. ئائىلىدە بالىلارنىڭ كىچىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېگانە قىز بولغاچ، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە سۈكۈت قىلدى. ئاكىسى رەبىمبەردى ئايۇپمۇ ئامراق سىڭلىسىنىڭ رايىغا باقتى. شۇنداق قىلىپ گۈلسەنەم «تالادا» قالدى. ئىككى يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ ئارىلىشىشى ۋە «ئاز - تولا يول مېڭىشى» بىلەن كەسپىي جەھەتتە مۇستەقىل، مەمۇرىيەت ۋە تاشقى ئالاقە جەھەتتە ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن باغلىنىشلىقى بولغان «يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش چەكلىك شىركىتى»گە ئورۇنلاشتى. شىركەت دۆلەت ئىلكىدە بولمىسىمۇ، گۈلسەنەمنىڭ «ئازادە ئىشخانا، پارقىراق ئۈستەل، يۇمشاق كىرېسلو» تەلىپىگە ھەرھالدا ماس كەلدى. تامامەن ماس كەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ رازى بولماي چارىسى يوق ئىدى. ئىككى يىللىق ئىشسىزلىق ئۇنى خېلىلا «ئادەم» قىلىپ قويغان، بىكارچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىتقان، مائاشسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ رەسىدە بولۇپ قالغان بىر قىز ئۈچۈن، گەرچە ئۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكىسىنىڭ يارىدىمىدە شەخسىي خەج - خىراجەتتىن بەك قىسىلىپ كەتمىسىمۇ، نابايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى تونۇتقانىدى. شىركەتكە ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇ بۇرۇن نېمىدىن قاچقان بولسا شۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ ئىشلىدى. يەنى يۇڭ، تېرە، ئۈچەي، چاۋا

www.uyghurkitap.com

ياغ، مۇڭگۈز دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چارۋىچىلارنىڭ، چارۋا مال بورداقچىلىرىنىڭ، دېھقانلارنىڭ قوتان، ئۆيلىرىگە باردى، قۇشخانىلارغا قاتىرىدى. شۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقى، شۇنداق قىلمىسا زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپە ئورۇنلانمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خىزمەتكە چۈشۈش ھارپىسىدا شىركەت بىلەن ئىمزالىغان توختام بار ئىدى. بۇ توختامدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، بۇ توختام خېلى دەرىجىدە ئۇنىڭ پۇت - قولىنى خېلى ئوبدان چۈشەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۆنلىرى ۋايىسىغىسى كەلسە قاپاق تۇرۇش، ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يۆتىلىش، دەرد - ئەلەمىنى ئىنجىقلاش بىلەن چىقىرىش بىلەن ئۆتتى. فىرمىغا كەلمىگەنىگە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

ئۇنىڭ شىركەت رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشىدەك كۆرۈنەتتى. رەھبەرلىك نەزىرىدە ئۇ ئىلغار، ئىشچان خادىم ھېسابلانمىسىمۇ، ھورۇن، قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن كېلىپ قالغان ئۆتكۈنچى ئادەم دەپمۇ قارالمايتتى. شۇنداق بىر تاسادىپىيلىق ئۇنىڭ شىركەتتىكى ئورنىنى، ئوبرازىنى، گەپ - سۆزىدىن تارتىپ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغىچە ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىر كۈنى شىركەت يىغىن ئېچىۋاتاتتى. شىركەت بولغانلىقتىن، شۇ كەسىپ، شۇ مەزمۇن بىلەن ئالاقىسى بار خادىملارلا قاتناشقان بولۇپ، ئادەم كۆپ ئەمەس، باشقا كەسپىي خادىملار ئۆز ئىشلىرى بىلەن چىقىپ كېتىشكەنىدى. ئارىلىقتا ئىككى چەت ئەللىك كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قايسى دۆلەت ئادىمى ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىسىمۇ، سۆزى ئىنگلىزچە تەلەپپۇزدا ئىدى. يىغىن ئېچىۋاتقان بىر گورۇپپا باشلىقى يىغىننى توختاتتى. چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلىشىپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلا-

ـدى، ئاقمىدى. ئاخىر ئۇ ئولتۇرغان باشقا خىزمەتچىلەرگە:
— ماۋۇ ئىككى ئەجنەبىينىڭ زۇۋانىنى چۈشىنىدىغانلار بار ـ مۇ؟ — دەپ سورىدى.

گۈلسەنەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئانچە ـ مۇنچە چۈشىنىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى.

— قېنى كېلىڭ، بەك ياخشى بولدى، — گۇرۇپپا باشلىقى ھەجىيىپ، كالچاراپ چەت ئەللىكلەر بىلەن گۈلسەنەمگە ئورۇندۇق تەييارلىدى، — بۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇڭ، سۆزلىشىڭ، قىزغىن مۇئامىلە قىلىڭ. خېرىدارلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، مىللىتى، ئىسىمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، سودا ئىشى بىلەن كەلسىلا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىش شىركىتىمىزنىڭ مۇقەددەس نىزامى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر نېمە سېتىۋېلىشى ناتايىن. تەق ـ تۇرقىدىنمۇ ساتارمەنلىكى بىلىنمەيدۇ. لېكىن سېتىۋېلىشى مۇمكىن، نېمە ئالىدىغانلىقىنى، قانچىلىك لازىم ئىكەنلىكىنى سوراڭ. باھاسى ئۈستىدە گەپ ـ سۆز قىلسا، باھا ئۆلۈك ئەمەس، ئاز ـ كۆپ سېتىلىشىغا قارىلىدۇ، دەڭ. كونكرېت باھانى باش دىرېكتورىمىز ياردەمچىلىرى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ، دەڭ، باش دىرېكتورىمىزغا تېلېفون بەرسەكلا كېلىدۇ، دەڭ...

گۈلسەنەم ئالىي مەكتەپتە خەنزۇ تىلىنى خېلى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي ئۆگەنگەنلىرىگە قوشۇپ ئاساسىنى چىڭدىۋالغانىدى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق بىكارچىلىقتا ئانچە ـ مۇنچە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ قويغانىدى. بۇ ئۆگىنىشكە بالىلىقىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە بىللە ئوقۇغان دوستى مەڭلىكئاي سەۋەبچى بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنلەردە شەھەردە ئېچىلغان چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا ھەر ئاخشىمى بىر سائەت ئىنگلىز تىلى دەرسى سۆزلەيتتى. ئۇ ئىنگلىز تىلىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى

فاكۇلتېتىدا ئۆگەنگەن، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پاكىستانغا مال يۆتكەيدىغان بىر شىركەتتە تەرجىمان ۋە ئىسچوت يازغۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى، «بىر سائەتلا ساقلايسەن، دەرس تۈگىگەندىن كېيىن چايخانىغا دەمسەن، تانسىخانىغا دەمسەن، باشلاپ بارىمەن، ئۇخلاشقا ياتقىچە پارىڭىمىزنىمۇ قىلىمىز، ئىرۋىلىرىمىزغىمۇ ئارام بېرىمىز....» دېگەنىدى ئۇ گۈلسەنەمگە.

گۈلسەنەم دەسلەپتە زېرىككەنلىكتىن، ئۆزى يالغۇز قالسا ئىچى سىقىلغانلىقتىن مەكتىكئايىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ كەچ كۇرسقا بېرىپ يۈردى. كۇرسانتلار ئاڭلىغاندىكىن، دەپ بولار - بولماس قۇلاق سېلىپمۇ قويدى. ئۈچ - تۆت ئاخشامدىن كېيىن ئۇ خېلى قىزىقىپ قالدى. ئىككى ھەپتىلەرچە ئۆتۈپ خېلىلا كىرىدشىپ كەتتى. ئاڭلاش، يېزىش، تەكرارلاشلارغىچە رەسمىي كۇرسانتلارغا ئوخشاش ئۆگەندى. ئاغزاكى ۋە يازما مەشىقلەردىمۇ ئەستايىدىل بولدى... ئەمما، ئۇ رەسمىي كۇرسانت بولمىغاچقا، ئۆينىڭ ئىشى، توي - چاي، ئولتۇرۇش ياكى باشقا ئىش - كۈشلىرى چېقىپ قالسا بارمايتتى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭغىمۇ بېسىم بولۇپ تۇيۇلمايتتى. قىسقىسى، ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ئىنگلىز تىلىنىڭ ئوكسفورد شېۋىسىدە تۇرمۇشقا دائىر ئادەتتىكى سۆزلەرنى چۈشىنىدىغان ھەم يامىدىيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە «ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن ئۆگىنىۋالغان» ئاشۇ ئىنگلىز تىلىنىڭ ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقىنى دېمەمدىغان؟

گۈلسەنەم شىركەتكە كەلگەن بۇ ئىككى ئىنگلىز بىلەن ئىككى - ئۈچ مىنۇت «ۋىچىرلىشىپ» ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئەسلى ئۇلار يېمىش ۋە كەشتىلەنگەن ياغلىق بولسا، باھاسى ئەرزانراق بولسا سېتىۋالماقچى، قايتىش يولىدا ياكى يۇرتىغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلماقچى، شۇ ئارقىلىق كېلىپ - كېتىش چىقىم-

لىرىنىڭ ئورنىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ تولدۇرماقچى بولغان يەككە ساياھەتچىلەر بولۇپ، مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندۈرەلمىگەن، ئۇلار ئۇچراتقانلار ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى گۈلسەنەمچىلىكمۇ يامىدى ـ يالمايدىغان بىرەيلەن «بەرلىك مەھسۇلات» دېگەن سۆزلەرنى بىلى ـ ۋېلىپ، «يەرلىك چارۋا مەھسۇلات» ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئورۇن مۇشۇ دەپ بۇ شىركەتنى كۆرسىتىپ قويغان، «خاتا كۆرسىتىپ قويى ـ غان بولسام، شىركەتتىكىلەر توغرا ۋە ئېنىق چۈشەندۈرەلەيدۇ، چۈن ـ كى شىركەتلەردە ئىشلەيدىغانلار ئىنگلىزچە بىلىدۇ، ھېچ بولمىسا ئىن ـ گلىزچە تەرجىمانلىرى بار» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ئۇ.

گۈلسەنەم ھەرھالدا توغرا ۋە ئېنىق چۈشەندۈردى. بۇ شىركەت ـ نىڭ كەسىپ ۋە تىجارەت دائىرىسىنى ئېيتىپ بېرىۋېدى، ئىنگ ـ لىزلار زېرىكىپ «نو،نو» دېيىشكىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ، مېھمانلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تە ـ قەززا بولۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قېلىشقان خىزمەتداشلىرىغا، بولۇپمۇ گۇرۇپپا باشلىقىغا گۈلسە ـ نەمنىڭ ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىم ـ مىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پۇرسىتى كەلدى، دەپ ئويلاپ:

— ئۇلار يۇڭ، تېرە،ئۇچەي سېتىۋالماقچى ئىكەن، — دېدى ئۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىغا قانداق كىرىۋاتقىنىدىن خېلى خىجىل بولغان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — سانىنى ئېنىق دېمىدى ـ يۇ، مۆلچەرىمچە خېلى جىق ئوخشايدۇ، باش دىرېكتورىڭلار بار چاغدا كې ـ لىپ تەپسىلىي سۆزلىشىمىز، كونكرېت توختاملىشىمىز، دەيدۇ....

— باش دىرېكتورغا تېلېفون بەرسەكلا كېلىدۇ، دېمىدىڭىزمۇ؟ ـ سورىدى گۇرۇپپا باشلىقى تىت ـ تىت بولغىنىنى ئىپادىلەپ، — ئەمدى قاچان كېلەر ئۇلار؟

— ئېنىق دېمىدى. گەپلىرىدىن پەرەز قىلىشىمچە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، كېچىككەندىمۇ كېلەر ھەپتىنىڭ باشلىرىدا كېلىدى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاندەك قىلىدۇ، — يەنىلا ئىچىدىن چىقىرىپ توقۇدى گۈلسەنەم.
— «نو، نو» دەپ كېتىشتى. ئۇ نېمە دېگىنى؟ — سورىدى بىر خىزمەتدىشى.
— باشلىقىڭلار بولمىسا، سىلەر بىلەن پاراڭلاشقىلى بولمايدۇ، دې-گىنى، — زەردە قىلىپراق چۈشەندۇردى گۈلسەنەم. — «بولمايدۇ»، «ياق»، «يوق» دېگەن سۆزلەرنى ئىنگلىزچىدا ئوخشاشلا «نو» دەيدۇ...
گۈرۈپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر«چوڭ سودا پۈرسە-تى»نىڭ ۋاقتىنچە بولسىمۇ قولىدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئىچى ئې-چىشقاچقا، گۈلسەنەمنىڭ ئاچچىقىنىمۇ ئومۇمىي تېرىكىش ئىچىگە قوشۇپ چۈشىنىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەجلىس، مۇزاكىرىمۇ مەجلىس، مۇزاكىرىگە ئوخشىماي قالدى. ھەممەيلەن ئىنگلىزلار، فىرانسۇزلار ۋە باشقا چەت مىللەتلەرنىڭ سودا - سېتىققا پۇختىلى-قى، تەجرىبىلىكلىكى ھەققىدە، ئۆز شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا سودىغا يۈزلىنىشتە ماڭىدىغان يولىنىڭ ئۇزۇن، مۇرەككەپ، جاپالىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەرگە چۈشۈپ كېتىشتى.
بۇ ئىش گۈلسەنەم ئۈچۈن بىر «ئامەت» ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ كۈن-دىن كېيىن قۇرۇلغان شىركەتنىڭ سېتىشقا مەسئۇل بۆلۈمىنىڭ مۇ-ۋەققەت باشلىقى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىراق - يې-قىنلارغا قاتراپ چېپىپ يۈرۈشتىن قۇتۇلدى، ئىش ھەققىمۇ ئۆستۇ-رۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن كىرگەن كىرىم كۆپ ئايلىرى مۇكاپات ئالاتتى تېخى! ئۇ ئاللىقانداق «ئىشتات»نى دەپ دۆلەت ئىل-كىدىكى ئۇنىۋېرسال فىرمىغا بارمىغانلىقىنى «يىراقنى كۆرەلى-كى»گە ۋە تەلىيىنىڭ ئوڭلىقىغا جورىدى. «سەۋر قىلسا غورىدىن ھالۋا پىشۇرغىلى بولىدۇ»غانلىقىغا، ئەجدادلارنىڭ بۇ ھېكمەتنى بۇ-گۈنكى كۈندىكى ئۆزىگە ئاتاپ ئىجاد قىلغانلىقىغا ئىشەندى.
ئىنسانىنىڭ ئېھتىياجى، تەلىپى ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندىمۇ ئا-خىرلاشمايدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە يەنە ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە

كىرىپ، غەم ـ غۇسسىسىز ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ گۈلسەنەم ئۇچۇن ئۇنداق ئارزۇدا بولۇش تېخى بالدۇر. لېكىن كىملەر بىلەندۇ جۈپ بولۇپ ياشاشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىمۋاتىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ھارپىسىدىلا بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغان، ھازىرغىچە شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، قاتقان بېشى يۇمشىمىدى. ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتلىرىنىڭ سانى ئاز ئەمەس، لېكىن توي قىلىپ ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغىنىنى بېكىتىشى تەسكە توختىدى. بەزىلىرىنىڭ پۈتكۈزگەن مەكتىپى ئالىي بولسىمۇ، ئىش ئورنى تۆۋەن بىلىندى. بەزىلىرىنىڭ ئۆزى كېلىشكەن، تەق ـ تۇرقى جايىدا كۆرۈنسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئادەتتىكى كىشىلەر بولۇپ كۆرۈندى. ئۇنداق ـ مۇنداق شەرتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى چىقتى، بىراق مائاشى، خىزمەت دەرىجىسى ئادەتتىكىچە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ شىركەتنىڭ ھېلىقىدەك بىر بۆلۈمچىسىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپكە قويىدىغان تەلەپ ۋە شەرتى ئېغىرلاپ كەتتى: خىزمەت دەرىجىسى تۆۋەن بولغاندىمۇ يېزا باشلىقى دەرىجىلىك بولسۇن، مۇستەقىل ئىدارە، بۆلۈم ياكى شۇ دەرىجىلىك ئورۇننى باشقۇرسۇن، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ مائاشى مېنىڭكىدىن يۇقىرى بولسۇن، چۈنكى ئۆيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەر كىشى تۇتىدۇ، مېنىڭ ئېرىمنى باققۇم يوق؛ كەسپىي كادىر بولسا، ئۇنۋانى يۇقىرى بولسۇن، ھېچ بولمىسا كاندىداتتىن تۆۋەن بولمىسۇن، مائاشىنى بىر تىيىننى كەم قىلماي ماڭا تاپشۇرسۇن؛ شىركەت، كارخانا غوجايىنى بولسا، شىركەت ياكى كارخانىسىنىڭ مەبلىغى مۇنچىلىك، مۇقىم مۈلكىنىڭ قىممىتى ئانچىلىك بولسۇن، ۋەھاكازالار...كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئېكولوگىيەسىنى تەڭپۇڭسىزلاشتۇرىدىغان ئۇنداق ئۆلچەم ـ شەرتلەرنى ئاڭلىغانلار «گۈلسەنەم ئەرگە تەگمەيدىكەن ...» دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى. شۇ قاتار-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دا بىرىنچى بولۇپ ئانىسى: نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باق قىزىم، — دېدى بىرنەچچە قېتىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — تەجرىبىلىكرەك پىسخولوگلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ باق. مەن سېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغىچە بېجىرىم، نورمال ئىدىڭ...

گۈلسەنەم بارا - بارا ئۆزىنى باھالاشنى، دەڭسەپ بېقىشنى ئۆگەندى. ئۇ ياشىغان، ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە، مۇھىتتا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇ قويغان شەرتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نورمال ئەرلەر بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. يېشىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىكى «تول ھالدا ئولتۇرۇپ قېلىش» ۋەسۋەسىسىمۇ ئېشىپ باردى. ئۇ دوستلىرى ۋە يېقىنراق ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان تونۇش - بىلىشلىرىگە ئىش ئورنى بار، توي قىلمىغان يىگىت بولسىلا «ئېرى - بېرى» سىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى يېڭى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرۇنقىسى توغرىسىدا «ئۇلار خەق تاپقان گەپلەر، ئادەم دېگەننىڭ بىر تەرىپى گۈل، توققۇز تەرىپى تىكەن، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ كۆرەلمەسلەرگە قويۇپ بەرسەڭ ئىككى ئەرگە تەڭ تېگىمەن، دەيدۇ دەپ گەپ تارقىتىشتىن يانمايدۇ ئۇ لەنىتىلەر...» دەپ ئىزاھات بەردى. شۇ ھالدىمۇ بۇ ئىشتىكى ئىستىقبالى تۇتۇق، ئەكس سادا جاراڭلىق ئەمەس پېتى تۇرۇۋاتاتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە كېلىشى ئىدارە ئىچىنى زىلزىلىگە سېلىپلا قالماي، ئۇنىۋېرسال فېرما ئىچىدىكى تۇرغۇنلۇقنىمۇ چالغىتىۋەتتى، شۇ قاتاردا گۈلسەنەمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغىمۇ ئوت يېقىۋەتتى. ئىدارىنىڭ زىلزىلىگە كېلىشى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىدارىگە كېلىشى «مەلۇم مۇددەت ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىي خىزمەتتە چېنىقىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇلغىنى ئىدى. بۇ ئۇقتۇرۇشنى تەپسىر قىلغۇچىلار: ئۇزۇندىن بۇيان نامزاتسىز بوش تۇرۇپ قالغان ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقلىق ئورنى «مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن» ئىسكەندەر كامىل ـ نىڭ بولىدىكەن، دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى. «ئەمەلىي خىزمەتتە چېنىقىدۇ» نى «ئەھۋاللار بىلەن، بولۇپمۇ كادىرلار بىلەن تونۇشىدۇ، دېگەنلىك» دەپ ئىزاھلاشتى. ئۇنىۋېرسال فىرمىنىڭ تۇرغۇزۇلۇق ھالىتىنىڭ داۋالغۇپ ـ چالغىتىلىپ كېتىشى بەك ئەجەبلىنىپ كەتكۈچىلىكى يوق، كۈتۈلگەن ۋە ئەمەلىيەتتە داۋالغۇشقا تېگىشلىك تۇرغۇنلۇق ئىدى. «بىر ساغلىقتىن تۆت قوزا ئېلىش»، ئومۇمىي نىسبەتتە 80% قوزىنى قاتارغا قوشۇش تۆر قورۇلۇشى قىسقارتىلىپ «80 ـ 4 تۆر قورۇلۇشى» دەپ ئاتىلاتتى. يۇقىرىدىن يۆلەپ تۇرغۇزغان بۇ قورۇلۇش راۋاج تاپالماي كېلىۋاتاتتى. فىرمىدىكى بەزى باشلىقلار بۇ قورۇلۇشنى ئاياغقا تۇرغۇزۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقانلار ئىدارىدە، ئايرىم رەھبەرلەر بۇ « قورۇلۇش»نى ئۆز نامىغا يۆتكىيەلمىگىنى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئىدارىدىكى ئايرىم رەھبەرلەر بىلەن فىرمىدىكى يەنە بەزى باشلىقلار سەۋەنلىك فىرمىنىڭ تېخنىكا ـ تەرەققىيات لابوراتورىيە ئىشخانىسىدا، بولۇپمۇ بۇ قورۇلۇش تۆرىگە كونكرېت مەسئۇل بولغان تېخنىك ــ بەھرىنىسادا دەپ ھېسابلايتتى. بۇ پىكىردىكىلەرنىڭ بېلى چىڭ، تىرىكى كۈچلۈك، قولى ئۇزۇن ئىدى. ئۇخشاشلا چارۋىچىلىقتا يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك خادىم سانىلىدىغان ئىسكەندەر كامىلنىڭ كېلىشى، يەنە كېلىپ «مەلۇم مۇددەت ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىي خىزمەت قىلىشى» «80 ـ 4 تۆر قورۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش، مەمۇرىي توسالغۇ بىلەن تېخنىكا يېتىشسىزلىكلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق بولغاندا تۇرغۇن ھالەت داۋالغۇماي قالامتى؟

گۈلسەنەمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ئوت كېتىشى تەبىئىي. چۈنكى، ئۇ ئەرگە تېگىشكە ئالدىراۋاتقان ئەمەسمۇ؟ دەپلا چۈشىنى

www.uyghurkitap.com

نىلسە، گۈلسەنەمگە ئاز ـ تولا ئۇۋال بولىدۇ، ئۇنىڭدا شۇنداق ئار-
زۇ بارلىقى راست. لېكىن، ئۇ ئىسكەندەر كامىلنى بىرىنچى قې-
تىم كۆرۈشكەندىلا باشقىسىنى ئويلىمايلا كۆيۈپ قالغانلىقىنى
ھېس قىلدى. ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
«بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قېلىش»نىڭ ئەپسانىۋى ئەقىدە بولماي، رې-
ئاللىقتىكى ئىنسان سەزگۈلىرىدە مەۋجۇت تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە
ئىقرار بولدى.

ئۇ ئىسكەندەر كامىلنى ئۇنىڭ ئىدارىگە كېلىش شەرىپىگە ئۇ-
يۇشتۇرۇلغان قارشى ئېلىش ئولتۇرۇشىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەنى-
دى. بۇ ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلار كۆپ ئەمەس، چارۋىچىلىق ئىدا-
رىسىدىكىلەر، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە تەۋە ھەمدە ئىسكەندەر كا-
مىل « چوڭقۇر چۆكۈپ ئەمەلىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك»
بولغان ئۇنىۋېرسال فېرمىدىكى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرى-
جىلىكلەر چاقىرىلغانىدى. ئولتۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنى-
دا ئىسكەندەر كامىلنىڭ كەلگەنلىكىنى، مەلۇم مەزگىل ئۇنىۋېر-
سال فېرمىدا ئىشلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى چارۋىچىلىق نازارىتى-
نىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىتىش بولۇپ، «قارشى ئېلىش ئولتۇرۇ-
شى»غا ئۆزگەرتىۋالغان كىشى رەھبەربەردى ئايۇپ ئىدى. «يۇقىرى
دەرىجىلىك ئورگاندىن كەلگەن بىر كەسپىي خادىم ئىدارە ۋە فېر-
مىمىزنى ئادەمگەرچىلىكى يوق چۆپەي ئورۇن ئىكەن، دەيدىغان تە-
سىراتقا كېلىپ قالمىغاي، بۇ كېيىنچە ئۇنى ئېپقېلىشىمىزغىمۇ
تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ يۈرۈپ باشقا رەھبەرلەرنى قايىل قىلدى
ئۇ. «قارشى ئېلىش سورۇنىنى ھەم يىغىن، ھەم ئاددىيراق ئولتۇ-
رۇش سىياقىدا ئۆتكۈزۈپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماي-
مىزمۇ؟» دەپ پىتىراپ يۈرۈپ، بۇ ئىشنىمۇ «بىر قوللۇق» ھەل
قىلدى. «ئولتۇرۇش» ئىدارىنىڭ پۇلى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بول-
غاچقا «يېنى ئاغرىمايدىغان» تەشەببۇسنى قوللىغۇچىلار كۆپ بول-

دى، ئەلۋەتتە.

رەببەمبەردى ئايۇپ بۇ ئىشنى سىڭلىسىغا مۇنداق چۈشەن-دۈردى:

— ئىدارىمىزغا چارۋىچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن بىر تېخنىك كادىر كەلدى. ئۇ نامدا «80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇ-لۇشىنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇشقا ياردەملىشىشكە كەلگەندەك تۇرغىنى بىلەن، تۇر قۇرۇلۇشى روياپقا چىقسىلا ئىدا-رىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بۇ يەردە قېپقالىدىغاندەك ئەل-پازى بار. مەن يىغىنغا ئولتۇرۇش سورۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ «قار-شى ئېلىش كېچىلىكى»گە ئۆزگەرتىۋەتتىم. مۇئاۋىن باشلىقلىققا چاچ تاراپ يۈرگەنلەرگە ئۇنىڭ كېلىشى بىر ئاپەت. سەن ئۇچۇن بىر ئامەت قۇشى ئۆزلۈكىدىن ئۇچۇپ كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ بار. ئوۋلاپ كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرمەسلىك تىرىش-چانلىقىڭدا قالدى. ئۇ ئىدارىمىزغا ماس كەلمىسىمۇ ساڭا مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ...

— سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ، سۆزلىشىپ باقتىڭمۇ؟ — پەرۋايىغا ئالمىغاندەك بولۇۋېلىپ سورىدى گۈلسەنەم قېشىنى ئۇچۇرۇپ خۇپسەنلىك بىلەن، — ئۇنىڭ ماڭا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟ يۈرگىنى ياكى يۈرۈۋاتقىنى يوقمىكەن؟

— كۆرۈشتۇق، سۆزلەشتۇق، — دېدى رەببەمبەردى ئايۇپ قىزىقىپ، — بىر ئادەمنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش ئەھۋالىنى «ئەسسالا-مۇ ئەلەيكۇم» بىلەنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئائىلىڭىز-دىن ئايرىلىپ جاپادا قالىدىغان بولدىڭىز ـ دە؟» دەپلا قويساڭ، «مەن تېخى ئائىلە قۇرمىدىم» ياكى «ئەسلىي ئورنۇمدىمۇ بويتاق ئىدىم» دەپ جۆيلۈپ تاشلايدۇ....

— يېشىچۇ؟ نەچچە ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنىدىكەن؟

— تەڭتۇش كېلەرسىلەرمىكىن...پەرقى بار دېيىلسىمۇ بىر ـ

ئىككى ياش، بىلمىمەيدۇ...خەق مېنى نىمە دەر دېمەي، ئۇنىڭ يېـ شىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ ــ رەببىمــبەردى ئايۇپ سەل تېرىككەندەك قىلدى، ــ مەن سېنىڭ غېمىڭنى قىلىۋاتسام...سەن ئۇنىڭ يېشىنى ساناۋاتىسەن.

ــ مەنمۇ سېنىڭ غېمىڭدىمەن ئاكا، ــ دېدى گۈلسەنەم ھېلىدـ ىمن خۇشاللىقتا چۆمگەن بولسىمۇ چاندۇرماسلىقتا تىرىشىپ، ــ ئۇ بىر نىمەڭ ماڭا چاپلىشىۋېلىپ قايتىپ كەتكىلى ئۇنىماي تۇـ رۇۋالسا، ھېلىقى ئەرزىمەس مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق چۇشلىدـ ىرىڭ بىكار بولمامدۇ؟

ــ باشقىلارنىڭ شۇنداق بولار، ماڭا بولسا بەربىر، سېنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولسا مەن ئۇچۇن ئەڭ يۇـ قىرى باشلىقلىق دېگەن شۇ... ئەمىسە كېچىكمەي سائەت يەتتىدە بار، ئورنى ئىدارىمىزنىڭ يىغىن زالى ....

گۈلسەنەم ئاكىسى دېگەن ۋاقىتتىن 15 مىنۇت كېچىكىپ بارـ دى. ئۇ مەڭلىكئايىنى بىللە ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنىڭغا دوستى: «قىزلار يىگىت بىلەن كۆرۈشۈشتە ئازراق كېچىكىپ بارغىنى ياخشى. بۇ ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ئاران تۇرۇپتىكەن، دەيدىغان كۆز قارىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دەپ ئۆگەتكەنىدى. ئۇلار بېـ رىپ كۆردىكى، بۇ قانداقتۇر «يىگىت ــ قىزنىڭ كۆرۈشۈش سورۇـ نى» بولماي، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر كادىرنى ئوپچە قارشى ئېـ لىش مەرىكىسى ئىكەن. گۈلسەنەم مەڭلىكئايغا چۈشەندۈرگىنىدىن باشقىچە چىققان بۇ مەرىكىگە خىجىل بولمىدى. يىغىن تۈگىگەن، ئەمدى يەپ ــ ئىچىپ، تانسا باشلانغانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاكىسىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ كىملىكىنى بىلدى. تانسىغا چۈشمەي ئولتۇرغان ئۇ يىگىتنى كۆرـ دى ۋە ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەڭلىكئاي بىلەن ئاـ كىسى كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئولتۇرۇپ، ئۇستەلدىكى نىمەتلەرگە

ئېغىز تەگكۈزگەچ، ئىسكەندەر كامىلنى ئىزچىل كۈزەتتى.

— بولىدىكەن، — دەپ رىغبەتلەندۈردى مەخلىكىئاي ئۇنىڭغا پىچىرلاپ، — تەق ـ تۇرقى جايىدا، كىيىمشىكەن يىگىت ئىكەن. ئەمما، بىزگە، بولۇپمۇ ساڭا تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمىگىنىدىن قارىغاندا ئوقۇرى ئېگىزدەك قىلىدۇ...

— چوڭ شەھەر، چوڭ ئورۇندىن كەلگەنلەرنىڭ ھەرقاندىقى شۇنداق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ قويدى گۈلسەنەم يۈرىكى ئاسقىپ.

— بار، تانىسىغا تارت، كۆزەتسەم ئۇ تانىسنى ياخشى ئوينايدىغان قىز ـ چوكانلارنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدۇ، — مەخلىكىئاي گۈلسەنەمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى ئۇلغايتقىلى تۇردى، — ئۇنىڭ كىيىپ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بار. ھەرقانداق ۋاقىتتا تۇنجى قېتىم قالدۇرغان تەسىرات ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ.

گۈلسەنەم شۇنداق قىلدى، ئىسكەندەر كامىل ياخشى ئوينىيالمايتتىم، پۇتىڭىزغا دەسسەپ تاشلارمەنمۇ؟ سۆرۈلۈۋېلىپ ئېغىرىمنى سالارمەنمۇ؟ دېگەندەك سۆلكەت گەپلەرنى قىلدى ـ يۇ، بەرىبىر ئورنىدىن تۇرۇپ تانىسىغا چۈشتى ۋە ياخشى ئويۇنچى ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلدى. شۇندىن تارتىپ سورۇن تارقىغىچە گۈلسەنەم ئۇنى باشقا قىز ـ چوكانلارغا بەرمىدى. سورۇن تارقىغاندا ئۇلار ئەدەپ بىلەن بىر ـ بىرىگە يېنىك باش ئېگىپ، ياخشى چۈش تىلەپ خوشلىشىشتى. تالاغا چىققاندىن كېيىن مەخلىكىئاينىڭ سوئال نەزىرىگە:

— تەسىراتىم بويىچە ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭغا يېقىپ قالدىم بولغاي، پۈتكۈل تانسا جەريانىدا مەيدىسىنى كۆكسۈمدىن نېرى قىلمىدى بەڭباش، — دېدى كۈلۈپ.

ئۆزى ئايرىم قېلىپ ئۆيگە كېتىۋاتقىچە ئارىلىقتا يېتىشىپ كەلگەن ئاكىسىنىڭ:

— قانداقراق؟ — دېگەن سوئالىغا:

— ماڭغۇ ياقتى، — دەپ جاۋاب بەردى پەرۋاسىز ھالەتتە، — ئەمما ئۇ ھېسسىياتسىز، جۇشقۇنلۇقى كەم، مۆڭ ئادەمدەك بىلىنىدىكەن، سۆھبەتلىشىشتىمۇ بىپەرۋا، قىزغىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ....

ئىككىيلەننىڭ تانسا ئويناش جەريانىدىكى مۇئامىلىلىرى قىزغىن بولدى. قىلىشقان گەپلىرى ئاساسەن تونۇشۇش دائىرىسىدىن چىقمىدى. ئىسكەندەر كامىل گۈلسەنەمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا ناھايىتى خۇشال بولدى. «ئوقۇغان كەسپىمىز ئوخشاش ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاش پۇرسىتى چىققۇدەك...»دەپ كۆڭۈل ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان كەسپى بىلەن شۇغۇللانماي، بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغىنىنى بىلگەندە، كۆڭلىدە ئانچە رازى بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، سۆز ياكى ئىپادىدە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى ۋە چاندۇرمىدى. كەسپىگە، بىلىمگە ماسلىشالايدىغان، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشنى چۈشىنىدىغان، ھېچ بولمىسا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئوبيېكت چىقمىغانلىقتىن، بېشى بوش، يالغۇز ئۆتۈۋاتقىنىنى ئاڭلىغىنىدا، «ئۇنداق نامزاتلارمۇ چىقىپ قالار...» دەپ قويىدى ئېرەنسىزلىك بىلەن. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى گۈلسەنەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدە: «باشقا ساھەلەردىن، مەسىلەن، مەكتەپلەردىن ئالىي ئوقۇتقۇچىلار، ئىدارىلەردىن بۆلۈم ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە باشلىقلىرىمۇ خېلى باش ئاغرىتتى، ئەمما كۆڭلۈم تارتمىدى، كۆڭۈل تارتمىغان ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ، ئەمەسمۇ؟» دەپ تولۇقلىما مەلۇمات بەردى. بۇ گەپلەرنى ئىسكەندەر كامىل ھەتتا ئاڭلىمىغانغا سالدى. چىرايىدىنمۇ ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىزارلىقنى ئىپادىلىمىدى.

گۈلسەنەم ئىسكەندەر كامىلدىن ھېچقانچە ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى-

دى. ئىسكەندەر كامىل غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ يەرلىك چارۋا مال نە-
سلىنى ياخشىلاش ئىشخانىسى قارىمىقىدىكى تەتقىقات ئورنىدا ئىش-
لەۋاتقىنىدىن باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. بۇ يەرگە كېلىشتىكى
سەۋەبىنىمۇ «80 - 4 تۇر قۇرۇلۇشى» غا ياردەملىشىش ئۈچۈن
دەپلا ئارتۇق گەپ قىلمىدى. گۈلسەنەمنىڭ «چارۋىچىلىق ئىدارى-
سىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق» دەپ زىغىر-
لىشىغىمۇ، «ئائىلىڭىزنىمۇ يۆتكەپ كېلەمسىز ياكى بېرىپ - كې-
لىپ قاتناپ ئىشلەمسىز؟...» دەپ ئاسماقچىلاپ كوچىلاشلىرىغىمۇ
ئاڭلىمىغانغا سېلىپ سۈكۈت قىلدى.
ئىسكەندەر كامىل نېمە سەۋەبتىن كەلگەن بولسۇن، يېڭى كەل-
گەن بولغاچقا، گۈلسەنەمنىڭ ئاتا - ئانىسى چارۋىچىلىق ئىدارى-
سىنىڭ كونا كادىرى، ئاكىسى مۇشۇ ئىدارىنىڭ بىر بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولغاچقا، گۈلسەنەممۇ پېنسىيەگە چىقىپ ئارام
ئېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىنىڭ «غېرىب قالماسلىقى» ئۈچۈن، چار-
ۋىچىلىق ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆ-
يىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئىدارىدە ئۇنى تونۇمايدىغانلار يوق ئىدى. بەزى-
لەر ھەتتا ئۇنى مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەيدىغان كادىر، دەپ بىلەت-
تى.غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، بالا چىراي، چاچلىرىنى مۇرىسىگىچە
كەستۈرۈپ، ئۆرۈمەي قويۇۋېتىدىغان، مودا كىيىملەرنى كۈندە بىر
دېگۈدەك ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان، شىركەتنىڭ پىكاپىدا قونچاق-
تەك ئولتۇرۇپ چېپىپ يۈرۈپ ھەممىنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدى-
غان بۇ ئوماق قىز بىلەن ئۇرۇمچىدەك مەركىزىي شەھەردە ئىشلەپ
ئۆزىگە خاس سالاپەت پەيدا قىلغان، يىگىتلىكىنىڭ قىرانلىق، ئې-
ۋەنسىز قۇچىقىدا تېپچەكلەۋاتقان، ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، گەپ
قىلىشتىن تارتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشقا قەدەر بۇ يەردىكىلەر-

www.uyghurkitap.com

دىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت زالدا ھەتتا ئالەمدە باشقا كىشىلەر يوقتەك ئىككىسىلا ئويناۋەرسە، گەپ ـ سۆزلىرى تۈگىمىسە كۆزگە چېلىقماي قالامتى...؟

ـــ ئىككىيلەن بۇرۇندىن تارتىپ تونۇش بولسا كېرەك؟ـــ دەپ ئەجەبلەنگەن ئاياللارغا مەڭلىكئاي:

ـــ ئۇلار ئەسلىي ساۋاقداش، ئىسكەندەر جىق تىرىشچانلىقلار بىلەن مىڭ تەسلىكتە يۆتكىلىپ كەلدى، ـــ دەپ چۈشەندۈردى سىرلىق ھىجىيىپ، ـــ ئىسكەندەر كامىل بىلەن تۈگىمەيدىغان سۆزلىرى بار دوستۇمنىڭ، دېسەم ـ دېمىسەم بۇ تانىسىدىنمۇ ئېشىپ قالدۇ ئۇ گەپ ـ سۆزلەر....

ئوخشاش گۇمان بىلەن قىزىققۇچى ئەرلەرگە رەببىمبەردى ئايۇپ ئىشنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ مۇنداق چۈشەنچە بەردى:

ـــ ئىدارىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى نامزاتى ئىسكەندەر كامىل بىلەن بىزنىڭ سىڭىل گۈلسەنەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن يىللىرىدىلا بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى كۈنلىرى ھەققىدە ئويلىشىپ بوپتىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گۈلسەنەمنىڭ باش ئاغرىقى بولۇپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ «توي قىلىشقا ئالدىرىمايمەن...» دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشلىرىدا گەپ بار ئىكەن، بىز بىلمەي يۈرۈپتۇق. ئۇ ئاتا ـ ئانىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈرۈمچىدە ئىشلەشنى رەت قىلىپ، ئاخىر ئىسكەندەرنى قايىل قىلىپ، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. گۈلسەنەممۇ ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىنى تىنچىتاتتى. ئىسكەندەرگە كەلسەك، خىزمەتتە قابىلىيەتلىك، تەتقىقات نەتىجىسى زور بىر كادىر ئۇلۇق قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى بۇرنىغا تىقىپ كەلسە بولمايدۇ ـ دە! ئورنىنى ئاز ـ تولا مىدىرلىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، ۋاقىتنى سەل سۈرۈۋەتتى. ھېلىھەم بولسا ئورۇنلىشىۋالسۇن، خىزمىتى ئىزىغا چۈشۈۋالسۇن، داپىنى شۇ چاغدا چېلىپ، تانىسىنىمۇ بۆلەكچە قىزىتارمىز....

بۇ گەپلەر ئىغىزدىن ـ ئىغىزغا، ئىشخانىدىن سورۇنلارغا كۆ ـ چۈپ خېلى غۇلغۇلا قوزغىدى. ئىسكەندەر كامىل بۇ ئىغۋانى بەھ ـ رىنىسادىن ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنى قويالماي ئاچچىقى كەلدى. بەھ ـ رىنىساغا يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمەي تىت ـ تىت بولدى ۋە ئاخىر قىزنى قايىل قىلىپ، ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قى ـ لىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى گۇمان ئىچىدە گەپ ئاۋۇتۇۋې ـ رىشتىن توسۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە ھەشەمەتسىز، ئاددىيلا توي قى ـ لىپ ئائىلە قۇرۇۋالدى.

ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان تۈگىمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ھەر ـ خىل ئىغۋا خاراكتېرلىك مىش ـ مىش گەپلەر، پىچىر ـ پىچىر سۆزلەر ئۇلتۇرۇش ـ قويۇشلارنىڭ سۆھبەت ماۋزۇسىغا ئايلانغىلى تۇردى: «بەھرىنىسا ‹80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى›نى باشقا ئېلىپ چىد ـ قالماي، ئىسكەندەر كامىلنى ياردەمگە چاقىرىش باھانىسىدا ئۇنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىپ، ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىل ـ غاندىن كېيىن ئۆزىگە چېقىلغۇزغان، ئەتىسى قىزلىقتىن چوكانغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ، ئەمدى نىكاھلانمىساق، ساقچى تەرەپكە دېلو مەلۇم قىلىمەن، دەپ ئىسكەندەر كامىلنىڭ كوكۇلىسىدىن قى ـ رىق كوكۇلا ئۆرۈۋالغان... ياكى ئىسكەنەر كامىل بەھرىنىسانىڭ ‹80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى›نى تاماملىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ماڭا ماقۇل بولساڭ بۇ تۇر ئوڭايلا ھەل بولىدۇ، دەپ قىزغا چېقىلىپ قويغان. ئىش تۈگىگەندە بەھرىنىسا: ‹ماڭا تۇر ئەمەس، ئار ـ نو ـ مۇس لازىم. نىكاھىڭغا ئالساڭ، ساۋاقدىشىم ئىدى، بىرگە يۈرگەد ـ نىم ئىدى، ۋەدىلەشكىنىم ئىدى، تەگدىم، دەيمەن. ئەكس ھالدا باس ـ قۇنچى جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭگە ئىقرار بولغاچ تۇر..› دەپ تۇرۇۋال ـ غان. ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرۈشتىن قورققان نوچى قىزنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولغان....»

بۇ ئىغۋالار ئىچىدە يەنە : «ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى» نى تاماملىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تەشكىلگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئاھانەتلىك ۋەزىيەتكە قېلىشتىن قېچىپ «ياشىساق تەڭ ياشايلى، ئۆلسەك تەڭ ئۆلەيلى» دەپ توي قىلىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇۋالغان گەپ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باستىمۇ؟....» دەيدىغان نىقابلىق، ئەدەپلىك رەكلىمىمۇ بار ئىدى. قىزىق يېرى، ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ توي قىلىشى قايسى نۇقتىدىن بولسىمۇ «80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى» غا چېتىپ قويۇلغان ۋە بۇ ئۆسەكلەرنىڭ تارقىلىش مەنبەسى گۈلسەنەم ئىدى. مۇشۇ بىر مەسىلە ئۈستىدە چارۋىچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىكى رەبىيەبەردى ئايۇپنى رەسمىي چاقىرىپ قاتتىق تەنقىد قىلغان. سىڭلىسىنىڭ ئىغۋا خاراكتېرلىك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشىنى تولۇق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

— ئۇ بۇنى چېقىلدۇرغانمۇ، بۇ ئۇنىڭغا چېقىلغانمۇ ئىشقىلىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپ بولدى، — دەپ سۆزلەپ يۈرگەن رەبىيەبەردى بىر مەزگىل، — بۇنىڭ نېمىسى ئىغۋا، قايسى تەرىپى ئۆسەك؟ «80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى» نىڭ روياپقا چىقمىغىنىمۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت راست ئىشقۇ...؟ غەلىتە گەپ....

گۈلسەنەم ئايۇپمۇ سۆزلەشتىن توختىمىدى:

— ئىسكەندەر كامىل مېنى ئالىمەن دەپ سۆرەپ يۈرۈپ، بەھرىنىسانى كۆرۈپلا مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. مېنىڭ ياشلىق باھارىم ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا بەدەل تۆلىشى لازىم....

ئۇ سۆزلەپلا بولدى قىلماي، بىر مەزگىل بەھرىنىساغا بەزىدە ئۆز ئىسمىنى ئوچۇق دەپ، بەزىدە كىملەرنىڭدۇر ئىسمى بىلەن تېلېفون بېرىپ تۇردى. شەھەردىكى قارا جەمئىيەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئۆچ ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالدى.

ئۇ مەقسىتىگە تامامەن دېگىلى بولمىسىمۇ قىسمەن يەتتى، دېيىشكە بولاتـ-
تى. بەھرىنىسا گۈلسەنەم بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ بىرەر سورۇندا تـۇ-
گۈل، كوچا ـ كويلاردا سالاملىشىپ ئۆتكىنىنى ئاڭلاپلا قالسا ـــ دەرۋەقە
شۇنداق بولۇپ قالسا، بىرىنچى بولۇپ گۈلسەنەم بىرگە ئـۇننى قوشۇپ
بەھرىنىساغا خەۋەر قىلاتتى. بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىل بىلەن جىپ-
دەللىشەتتى. ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىساغا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈ-
شەندۈرۈشكە جىق ئەجىر سىڭدۈرەتتى. شۇ ھالدىمۇ بەھرىنىسا بەزى ـ
بەزىدە خاپىغىنى تۇتۇپ قالىدىغان، بەزىدە ئىش ئورنىدا، بەزىدە ئۆيدە
ئۆزىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە يىتىپ قالىدىغان «ئادەت خاراكتېرلىك
تۇتقاقلىق» كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئىسكەندەر بۇ كېسەلنىڭ
قوزغىلىش سەۋەبى، ياخشىلىنىش چارىلىرىنى بىلەتتى. تولا ھاللاردا
بەھرىنىسا ماسلىشىپ بەرمىگەچكە، خوتۇنىدىكى ئىللەتنى يىلتىزىدىن
تۈگىتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. گۈلسەنەم، رەببىم-
بەردى ئايۇپلارنىڭ بەھرىنىسانى ئارامىدا قويمايدىغانلىقىمۇ مەلۇملۇق
ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەنكى خىزمەت ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا
ئىسكەندەر كامىلنىڭ گۈلسەنەمنى كۆرۈپلا كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى
قاچۇرۇپ ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىشقا ئالدىرىشىنىڭ ئەنە شۇنداق
بىرمۇنچە ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى. دەرۋەقە، گۈلسەنەم ئىش-
خانىغا كىرەلەيدۇ. ھېيىقماي كۆرۈشۈۋېرىشىنىمۇ بىلىدۇ. ئەمما،
ئۇنىڭ تالادا جىق ئادەملەر ئىچىدە كۆرۈشكەندىكى غىلجىڭلاشلىـ-
رى، ئاۋازىنى سوزۇپ، سوزۇپ چىرقىراشلىرى، تېگىشلىك بول-
سۇن ـ بولمىسۇن ئۆزىنى ئىككى ياققا تاشلاپ، كۆكسىلىرىنى ئې-
تىپ كۈلۈشلىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ بەھرىنىسانىڭ خاپىغىنى
تۇتۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟.... دېگۈسى كەل-
مەي قالمايدۇ. ئىسكەندەر كامىلغا نېمە ئامال؟ ئۇ خەققە تۈز، نورمال
تۇرۇپ، كۈلسىڭىزمۇ بىجىرىم قىزلاردەك كۈلۈپ، تونۇش ـ بىلىش،

خىزمەتداشلارغا ئوخشاش كۆرۈشۈڭ، دەپ بەلگىلىمە تۈزۈپ بېرەلـ-
سۇنمۇ؟

ئۇنىڭ ئەنسىرىگىنى بەرىبىر يۈز بەردى. گۈلسەنەم ئىشخانا ئىشىكىگە يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، ھەممىگە ئاڭلىتىپ سۆزلەپ يې-
تىپ كەلدى:

— ۋىيەي ئىسكەندەر كامىل، مېنى كۆرۈپلا تويى بولغان قىز-
دەك بېكىنىۋالغىنىڭىز نېمە قىلىق — ھە؟ بۇرۇنقىدەك ئېتىلىپ تۇرمايسىزغۇ بۇگۈن؟ — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەيلا ئىشخانىغا كىردى ۋە بۇرۇلمايلا ئىشىكنى يېپىپ ئۇنى پەسلەت-
تى، — نېمە بولدى سىزگە؟ مەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن شۇنچە بې-
زار بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟

ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان بارماقلىرىنى سىيلىق بوشىتىپ، پالۋۇرغاندەك دېدى:

— خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى تەسىرگە دىققەت قىلايلى گۈل-
سەنەم...، — ئۇ شۇ گەپلەر بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

— دىققەت قىلماي نېمە ئىش قىلدۇق بىز؟ — گۈلسەنەم ئەز-
ۋەيلەشتىن توختىمىدى، — «خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى تەسىر» ئەمەس، ئىنجىمارۇق كېسەل كۆرپىسى خوتۇنۇم ئالدىدىكى تەسىر دېسىڭىزچۇ راستچىللىق بىلەن؟

— ھە، ئۇمۇ بار، — دېدى ئىسكەندەر كامىل بىلمىگۇدەك توڭلۇق بىلەن، — خوش، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قاپسىزغۇ؟ شىر-
كىتىڭىزنىڭ بىرەر ئىشلىرى چىققان ئوخشىمامدۇ؟

گۈلسەنەم دومسايغاندەك قاشلىرىنى ئۇچۇردى:

— بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسىمۇ كەلسەم بولمىدىغاندۇ؟ ئاتا-
يىن سىز بىلەن كۆرۈشۈش، دىدارلىشىش ئۈچۈن كەلدىم. سىزنىڭ مەندىن قېچىپ يۈرۈشىڭىزنىمۇ چۈشىنىشكە بولمىدۇ. ھىجران ئىچىدە تاۋلانغان مۇھەببەتلا ئوت ئىچىدە تاۋلانغان پولاتتەك چىڭ،

مۇستەھكەم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئىسكەندەر كامىلغا بۇرۇنقى قېتىملاردىكىدەك يالۋۇرۇشقا توغرا كەلدى:

ـــ گۈلسەنەم، مەن سىزگە كۆپ قېتىم چۈشەندۈردۈم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋلاپ يۈرگۈدەك مۇھەببەت يوق، بۇرۇن بولغان ئەمەس، ھېلىھەم بولمايدۇ. بەھرىنىسا مېنىڭ غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا تونۇشۇپ، ئەقىدە قىلغان، مۇھەببىتىمنى بەرگەن ۋە مۇھەببىتىنى ئالغان قىزىم، ئەمدىلىكتىكى قانۇنلۇق خوتۇنۇم....

ـــ ئۇن خوتۇن ئالىسىزمۇ مېنىڭ سىزگە بېغىشلانغان مۇھەببىتىم بىر ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمنىڭ قېتىدا.، ـــ گۈلسەنەم ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ كۆكسىگە يېنىك ئۇرغىلى تۇردى.

ـــ گۈلسەنەم، ـــ دېدى ئىسكەندەر كامىل ئەمدى سەل تەمكىنلىك بىلەن، ـــ ئاشۇنداق گەپلەرنى سىز تەكرارلاپ ھارمىدىڭىز. ئەمما، مەن جاۋاب بېرىۋېرىپ چارچىدىم.

ـــ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيسىز ـ دە؟ راست دېدىم، مۇھەببەتنى ساغىنىقلىرىڭىزچىلىك چۈشەنمەيسىز، مۇھەببەت دېگەن چارچاتمايدىغان، ھارغۇزمايدىغان بىباھا كۈچ....

ئىسكەندەر كامىل ئەمدى تېرىكتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ـــ فېرمىغا ئىش بىلەن كەلگەن بولسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى بولسا تېزرەك دەڭ، بولمىسا، مەن تەجرىبىخانىغا بارىمەن، بۈگۈن ئىشىم جىق، ـــ دېدى ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى قول سومكىسىنى ئالدى.

گۈلسەنەم ئۇنىڭ راستتىنلا چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ مۇنداق دېدى:

ـــ مەن ئەتىگەندە ئاكامنىڭ ئىشخانىسىغا بارغانىدىم، چوڭ ئۆيدە

بولۇنغان بىر مەسلىھەتنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ قويای دەپ... يەردە سىز ۋە سىلەر شۇغۇللىنىپ بىر تەرەپ قىلالمىغان «80 ـ 4 تۈر قۇرۇلۇشى» ئۈستىدە مۇزاكىرە بولۇۋېتىپتۇ. گەپ ئاخىرلاشقان-دا ئاندىن ئاكام بىلەن كۆرۈشەرمەن، دەپ ئولتۇرۇپ قالدىم....

ئىسكەندەر كامىل سەگەكلەشتى. «80 ـ 4 تۈر قۇرۇلۇشى» توغرىسىدا يەنە قانداق مۇزاكىرە بولۇشى مۇمكىن؟ يەنە كېلىپ گۈلسەنەم ئىدارىنىڭ ئادىمى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ، ئۇنى بۇ يەرگە كېلىپ يەتكۈزگۈزۈپ يەنە نېمە ئويۇن ئويناشنى ئويلىشىۋات-قاندۇ ئۇ رەببىمبەردى ئايۇپ؟

ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان، دېگەندەك «تازا ئاخىرى چىقمايۋاتقان» بۇ تۈر قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇزاكىرى-نىڭ مەزمۇنى ۋە نەتىجىسىنى ئاڭلاپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى لايىق تاپتى.

— ئىدارە ئىچىدىكى مۇزاكىرىنى تاسادىپىي توغرا كېلىپ ئاڭلاپ قاپسىز... بۇلار توغرىسىدا ئىدارە ماڭا تەشكىلىي تەرتىپ بويىچە ئۇقتۇرۇش قىلىشى مۇمكىن. مۇزاكىرە مەزمۇنىنى سىزدىن ئاڭلىسام تەشكىلىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ ۋە يادىغا كەچكىنى بويىچە ھايالسىز قوشۇپ قويدى، — سىزنىڭمۇ ئۇنداق مۇزاكىرىلەرگە «چىقىپ كەت» دېمىگەندىكىن، دەپ قاتنى-شىۋېلىشىڭىزنىڭ ۋە ئاڭلىغانلىرىڭىزنى يىغىن مەزمۇنىغا ئالاقى-سى بارلارغا يەتكۈزۈپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ئۆزى بىر خاتا قىلىق، بۇن-داق ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ ۋە پەخەس بولۇڭ....

گۈلسەنەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ياھ، بۇ فىرمىغا باشلىق بولۇش پىراكتىكىسىغا كەپتىكەن-سىز ـ دە؟ قارىغاندا، مەشىقىڭىز يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، — دې-دى ھەم ئىنچىكە، نازۇك، سۇزۇك ئاق بارماقلىرىنى ئىسكەندەر كامىل قولىغا ئېلىۋالغان سومكا ئۈستىگە قويدى. بۇ ئارقىلىق

دەيدىغان گېپىمنىڭ يەنە بارلىقىنى ئىپادىلىدى، — مېنىڭ پەرد-
زىمچە، سىزنىڭ بۇ فىرمىدا تۇرۇۋېلىشىڭىز مۇۋاپىق ئەمەستەك
قىلىدۇ. بىر زامانلاردا «مەسىلىسى بار» دېيىلگەن كادىرلارنىڭ
«مەسىلىسى» بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغىچە، ئۇلار ئاساسىي
قاتلاملارغا «چېنىقىش» نامى بىلەن چۈشۈرۈلۈپ، بىر - ئىككى
يىل ھەتتا بىرنەچچە يىللاپ شۇ ئاساسىي قاتلامدا «ئەمگەك قىلىپ
چېنىقىش» قا بۇيرۇلىدىكەنتۇق، سىز بىر كېسەل كۆرپىسى
خوتۇنىنى پاناھ تارتىپ، بۇ فىرمىدا تۇرۇۋالسىڭىز، بۇ يەردىكى
ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن شۇ زامانلارنى ئەسلە-
تىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇۋالچىلىقتا قالغان قىلىپ كۆرسە-
تىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن چارۋىچىلىق ئىدارىسى ۋە
چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن نازارەت ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىشمەس-
لىك، ئۇقۇشماسلىق ھەتتا زىددىيەت پەيدا قىلىپ قويۇشقا ئورۇ-
نۇۋاتامسىز قانداق؟

ئەمدى ئىسكەندەر كامىل كۈلۈۋەتتى.

— سىز ئۆزىڭىز دېگەن ھېلىقى زامانلارنىڭ مودا سۆزلىرىنى
تەكرارلاۋاتىسىز....، — دېدى ئۇ سۆزىدىن كېيىن جىددىيلىك بىد-
لەن، — ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئۇ زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. بىلىۋې-
لىڭكى، ئۆزى بىلەن بىللە شوئارلىرىنىمۇ، ھەر خىل چىرايلىق گەپ-
لەر بىلەن نىقابلىنىۋالغان قىلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلمەسكە كەتتى.
يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش، تۇخۇمدىن تۈك ئىزدەش شۇ زاماننىڭ
بىر خۇسۇسىيىتى ئىكەنتۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنلەردە سىز شۇ زامان-
چە سۆزلەش، پىكىر قىلىش ۋە دوپپا تىكىشلەرنى كونا ماتېرىياللارنى
كۆرۈپ يۈرۈپ ئۆگەندىڭىزمۇ ياكى كىمدۇر بىرلىرى تەرىپىدىن تەر-
بىيەلىنىۋاتامسىز؟ — ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ قالغان ئىدى. ئاخىرىدا
ئۈنىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى، — سىز يا ئىدارىمىزنىڭ يا فىرمى-
مىزنىڭ خىزمەتچىسى بولمىسىڭىز، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ

ئادەتتىكى تونۇشلارچە مۇناسىۋەت تۇرسا، ئىدارىسىنىڭ، فىرمىسىنىڭ ئىشلىرىغا، مېنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشۇمغا نېمىشقا ئارىلىشىپلا يۈرىسىز؟...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشۇشى بىلەن تەڭلا گۈلسەنەمنىڭ سومكا ئۈستىگە قويۇۋالغان بارماقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى. گۈلسەنەم شەلپەردەك قىزىرىپ ئاچچىقى تازا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىدى. ئۇ گەپ قىلسا نېمە دەيدىغىنىنى بىلمەيدىغاندەك، شۇ ئارىلىقتا ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. ئىككىيلەن تەڭلا چۆچۈدى ۋە ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە، ئاندىن تېلېفونغا قاراشتى.

سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلگەن ئىسكەندەر كامىل ئۈستەلگە يېقىنلىشىپ كېلىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى. گۈلسەنەم تېلېفوننى كىم بەرگەنلىكىنى، دېيىلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلىدىغاندەك، بىپەرۋا ھالەتتە دېرىزە تەرەپكە بېرىپ سىرتقا قاراپ تۇردى. باياتىن ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۆزلىرى بىلەن تېشىغا تەپكەن ئاچچىقى ئاز ـ تولا ياندى بولغاي، بوياق بېرىلگەندەك قىزىرىپ كەتكەن شەلپەر يۈزلىرىدىن قىزىللىق يېنىپ، تەبىئىيلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئەمما، قۇلاقلىرى تېلېفون تۇرۇپكىسىدىكى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئېغىزىدىكى سۆزلەردە ئىدى.

تېلېفون ئىدارىدىن كەلگەن، تېلېفون بەرگۈچى رەبىمبەردى ئايۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، تەلەپپۇزى خۇشخۇي بولۇپ، كۈتۈلمىگەن بىر پايدىغا ئېرىشىۋالغان سودىگەردەك خۇشال، تېلىقىپ سۆزلەيتتى. ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ سالامەتلىكى، مىجەز ـ كەيپىدىن تارتىپ، ئىشتىھاسىنىڭ قانداقلىقىغىچە سوراپ كەتتى. بۇنداق تىنچ ـ ئامانلىق سوراش ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ، ھەرقانداق سورۇنلاردا، كوچا ـ كويلاردا ئۇچراپ قالغاندىمۇ ئاشۇ.

داق سۆزلەپ سالاملىشاتتى. ئۇزۇلمەس «تىنچلىقمۇ، تىنچلىقمۇ» لارغا جاۋاب بېرىۋېرىپ زېرىككەن ئىسكەندەر كامىل سوراشقا مەجبۇر بولدى:
— نېمە گەپ ئىدى رەبىمبەردى كېچالىڭ، تېلېفون بېرىپ قاپسىزغۇ؟
— بىزنىڭ سىڭىل گۈلسەنەم يېنىڭىزدىمۇ؟ — رەبىمبەردى ئا-يۇپ ئىسكەندەر كامىلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي يەنە سورىدى، — ئۇ سىز بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟
ئىسكەندەر كامىلنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ گۈلسەنەم-نىڭ سالاھىيىتىنى ئەسلىتىپ، باياتىن ئۇنىڭدىن سورىغانلىرىنى رەبىمبەردى ئايۇپتىنمۇ سورىماقچى بولدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋې-لىپ خىتاب قىلدى:
— گۈلسەنەم مەن بىلەن نېمە مەزمۇندا سۆزلىشىشى مۇمكىن؟ ئۇ بىر شىركەت خادىمى، ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس.
— شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ پىك-رىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم....
— نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟ — ئاچچىق بىلەن ئۇنىنى كۆ-تۈردى ئىسكەندەر كامىل، — سىز ئۆزىڭىزمۇ مەن بىلەن سۆزلى-شەلەيسىز، تېلېفون بېرەلەيسىز...
— ئۇغۇ شۇنداق، — رەبىمبەردى ئايۇپمۇ ئۇنىنى كۆتۈردى، — مەن بۇنىڭدا نېمىنى كۆزدە تۇتتۇم، بىلەمسىز؟ سىزنى ئوڭايسىز-لىنىپ قالمىسۇن، دېدىم. فىرمىدىكى خىزمەتداشلىرىڭىز ۋە مې-ڭىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمايدىغان خوتۇنىڭىزنىڭ «ئىسكەندەر كا-مىلغا نېمە بوپتۇ؟» دەپ ھەر خىل قىياسلارنى قىلىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، گۈلسەنەم بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق پىكىرلىشىپ يو-رۇشنىڭ يولىنى ئېچىش، ئېچىلغان بولسا كېڭەيسۇن ئۈچۈن، ئا-خىرىغا بېرىپ توغرا ئىستىقبالغا ئېرىشىشىڭىز ئۈچۈن.....

www.uyghurkitap.com

— ھەممىگە تەڭ ئۆلگۆرۈپ بولالمايسىز كېچاڭ، — دېدى ئىسكەندەر كامىل تەنە بىلەن، — بۆلۈمنىڭ ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس، شۇ ساھەگە جىقراق باش قاتتۇرۇڭ. مېنىڭ ئىشلىرىمغا كەلسەك، مەن ئۇنى تەشكىلىي پىرىنسىپ، قائىدە - تۈزۈم يول قويغان دائىرە ئىچىدە دوكلات قىلىپ، يولىيورۇق سوراشنى بىلىمەن.

رەبىممەبەردى ئايۇپنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئاۋازىنىڭ چىڭلىقى ۋە گېپىنىڭ ئۇرانىدىنلا مەلۇم بولدى:

— ماڭا تەنبىھ بېرىپ، نېمە قىلىشنى ئۆگىتىشكىچە بارغان سىز تېخى بىزنىڭ ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنمىدىڭىز، تەيىنلەنگەن ھالەتتىمۇ بىر مەزگىل رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتىنى بىزدەك كونىلاردىن ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇرادەر، سىزنى ئاشۇ قوي - ئۆچكىلەرنىڭ قويرۇقىنىڭ تېگىگە ئېتىشىپ قاراپ يۈرىدىغان ئازابلىق كۈنلەردىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، كىتاب ئىچىدىكى نەزەرىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىشخانا، پىروبىركىلار ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقلارنى مېنزوركا ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان تەجرىبىخانىغا قايتىپ كەلسۇن، دېگەن ياخشى نىيىتىمگە نېمانچە قوپال تېگىسىز؟

— ھۆججەت ئارقىلىق بىلدۈرۈڭ نىيىتىڭىزنى، — دېدى جاۋابەن ئىسكەندەر كامىل، — كادىرلارنى ئۆرۈق - تۇغقىنىنىڭ يەتكۈزمىسى بىلەن ئەمەس، ئىدارىنىڭ، كادىرلار تارمىقىنىڭ قىزىل تامغىسى بېسىلغان ھۆججىتى ئارقىلىق يۆتكىگىلى بولىدۇ. بۇ ئادىي ساۋاتنى سىزدەك كونا باشلىقلار ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

— سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئېلىپ بېقىپ، پوزىتسىيەڭىزگە قاراپ بېقىپ ئاندىن ھۆججەت تەييارلىماقچى.... — رەبىممەبەردى ئايۇپنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، — ھۆججەت چۈشسۇنۇ، سىز

يۆتكەلمەيمەن، دەپ تىرەجەپ ئولتۇرۇۋالسىڭىز، بىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماسسىز؟

ــ ئاۋۋال پىكرىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ھازىرچە يۆتكەلـ ـگۈم يوق···

ــ ئاشۇ خوتۇنىڭىزنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟

ــ «80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى» تەتقىقاتىنى تاماملاش ئۈچۈن...ھە، خوتۇنۇمنىڭ سەۋەبىمۇ بار. ئۇ كېسەل ۋە مېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇمغا، قولۇمدىن كېلىشىچە كۈتۈشۈمگە موھتاج... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاـ شۇ تەتقىقاتنى بالدۇر باشلىغان، ھېلىھەم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەجـ ـرىبە ـ تەتقىقاتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىلمىي خادىم...

ــ سىزنىڭ بۇنداق ئۆزۈمچىلىك، شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا بۇنچىۋالا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن تەرسا ئادەملىكىڭىزنى ئويلىمىـ ـغان ئىكەنمەن...، ــ چالۋاقىدى رەبىمبەردى ئايۇپ پۇشۇلداپ.

ــ ئەمدى ئويلاپ قويسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، ــ دېدى ئىسكەنـ ـدەر كامىل تەمكىن ئاھاڭدا، ــ بولۇپمۇ شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۇـ نىڭ تەبىرى توغرىسىدا كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈڭ....

ئۇ تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ، ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ قالغان گۈلسەنەمگە:

ــ تېلېفوندا دېيىشكەن گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىز ھەرقاچان. سىزگىمۇ شۇلارنى دەر ئىدىم. ئاكىڭىزغا بۇلارنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ــ دېدى ۋە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يالغۇز قالغان گۈلسەنەمنىڭ:

ــ سارالڭ خوتۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىپ، بۇمۇ سارالڭ بوپتۇ...، ــ دېـ ـگىنىنى ئاڭلىدى، ھېچنېمە دېمەي مىيىقىدا كۈلگىنىچە ئۆيىگە چاپـ ـتى. بەھرىنىسا گۈلسەنەمنىڭ فېرمىغا چىققىنىنى ئاڭلىسا يىقىلىپلا قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقاتقۇچىسى

# ئىككىنچى باب

ئىسكەندەر كامىل بوگۈن ئەتىگەندە يۈز بەرگەن ئاشۇ ئىشلارنى، ئۆزى ئەنسىرىگەندەكلا گۈلسەنەمنىڭ كەلگىنىنى، ئىشخانىدا ئىبرى بىلەن يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئايرىم كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقىنىنى ئاڭلىغان بەھرىنىسانىڭ خاپىغىنى ئۆرلەپ يېرىم كۈنى ئۆتكۈزگىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۆزىنىڭمۇ خاپىغىنى تۇتقىلى تۇردى.

ئۇ سىرتقا چىقىپ مېڭىشىگە ئاز- تولا ئارام بېرىشنى ئويلاپ قالدى. ئۆزلىرى ياسىۋالغان قورۇ، ئۆزلىرى بىكىتىۋالغان ئىشىك، ئۇنىڭ سىرتى قاتار ـ قاتار سېلىنغان ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆيلەر ۋە ھەممەيلەن ئوخشاش ھەجىم ـ كۆلەمدە چۆرۈۋالغان قورۇق تاملارنىڭ سىرتى تالا بولۇپ، ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، يۈك ئاپتوموبىلى بەھۇزۇر ماڭالايدىغان كوچا تۇسىنى ئالغانىدى. قورۇق تاملارنىڭ بەزى بۆلەكلىرى ئېگىز، بەزى يەرلىرى پەس بولسىمۇ، كوچا تەرەپتىكى يۈزى ھەرھالدا خېلى تۈز ۋە سىلىق ئىدى. بۇنىڭدىن، بۇ يەرلىك قۇرۇلۇش ئەينى ۋاقىتتا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. دېمىسىمۇ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سېلىنغان ئىدارە، كارخانا، زاۋۇت، كەسىپىي ئورۇنلارنىڭ ئائىلە قورۇسى پۈتۈنشۈۋالغاندەك بىر قېلىپتا، ئوخشاش ياسىلاتتى. يەنى ئىچكىرى ـ تاشقىرى بىرلا ئۆي، ئىچى يېتىپ ـ قوپۇشقا ۋە مېھمان كۈتۈشكە ئىشلىتىلەتتى، تاشقىرىقى ئۆي ئاساسەن ئاشخانا قىلىنىپ، بوش قالغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا كونا ـ يېڭى نەرسىلەر قويۇلاتتى. تاماق ئېتىش ۋە قىش پەسلىدىكى ئىس-

سىنىش ئۇچۇن لازىمەتلىك ئوتۇن ـ كۆمۈرلەرنى قويۇش ئۇچۇن ئۆي سىرتىغا «ئوتۇن ـ كۆمۈرخانا» ياسىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدى. مانا شۇ «رۇخسەت» ھەممە ئائىلىلەرنىڭ قورۇ ياساپ ئوتۇن ـ كۆمۈرخانىسىنى ئۇنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولغان ۋە بارا ـ بارا ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغانىدى.

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا توي قىلغاندا، ئۇنىۋېرسال فېرما رەھبەرلىكى ئۇلارغا دەل شۇنداق قورۇسى بار، ئوتۇن ـ كۆمۈرخانىسى تەييار، ئىچكىرى ـ تاشقىرى بىر يۇرۇش ئۆينى بەرگەنىدى. «توققۇزى تەل» بۇ «قورۇ ـ جاي» پېنسىيەگە چىقىپ، بالىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كەتكەن بىر پېشقەدەم خىزمەتچىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل ئولتۇرغان ئۆي ـ قورۇسى بولۇپ، ئۆي ـ قورۇ پاكىز تۇتۇلغانىنىڭ ئۈستىگە قورۇ ئىچىدە تازا باراقسانلىغان بىر تۈپ ئۈجمە بىلەن ھازىر قېرىپ، غوللىرىدا يېلىم پەيدا بولۇشقا باشلىغان بىر تۈپ ئاق ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى، ھەر ئىككى تۈپ دەرەخ مېۋە بېرىشتىن قالمىغان، بۇ يىل ياز ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا ئۈجمىگىمۇ، ئۆرۈككىمۇ ئېغىز تەگكەن ۋە يىراق ـ يېقىن قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ خۇشال قىلىشقانىدى. قورۇسى ئىچىگە مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخ قويۇپ ئۆستۈرۈۋالغان ئائىلىلەر يەنە خېلى بار ئىدى.

ئىسكەندەر كامىل قورۇسىدىن چىقىپ، ئىككى چەتتىكى قورۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كوچىنى بويلاپ ئاستا ماڭدى. دەرۋەقە بارىدىغان نىشان ـ مەنزىلى يوق، پەقەت مېڭىسىنى «ئارام‌لاندۇرۇش» ئۈچۈن چىققان بولسىمۇ مېڭىسىگە ئارام بېرەلمىدى، كۆز ئالدىغا گۈلسەنەم، قۇلىقىغا ئۇ ۋە ئاكىسى رەبىيەمبەردى ئايۇپنىڭ سۆزلىرى تەكرار كىرىۋېلىپ، زەردىسى قايناپ قالدى. بىردەم گۈلسەنەمنىڭ تېخىچە ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئارىلىشىشتىن قو-

www.uyghurkitap.com

لىنى تارتماي، بەتقىلىقلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئاچچىقى كەلسە بىر دەم رەببىمبەردىنىڭ غوجايىنلارچە توغلۇق بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولۇپ جۇدۇننى ئۆرلىتەتتى: «ۋاي، سىزگە باشقا ئەر چىقمىدىمۇ؟ مېنى قوغلىشىۋاتقانلار كۆپ دەپ پاقىلداپ يۈرەتتىڭىزغۇ؟ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن سىزگە يۈز پىرسەنت ماس كەلمىسىمۇ، ياۋاشراقىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، سىزگە يارىمىغان قىسمىنى ئۆگىتىپ، يېتىلەپ، پەپىلەپ يۈرۈپ تولۇقلاپ ئەر قىلىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ــ دېيىش كېرەك ئىدى گۈلسەنەمگە» دەپ ئويلايتتى ئۇ خورسىنىپ، «قىز بالا دېگەن هايالىق، پەردىشەپلىك، ئەر كىشى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، نىكاھ، ئەر ـ خوتۇنچىلىق، ئۆي تۇتۇشلارنىڭ گېپى چىقسا يەرگە قارىۋېلىشنى، قىزىرىپ كېتىشنى بىلىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دەپ ئاڭلايتتۇق ۋە كۆرەتتۇق. سىز باشقىچە، بۆلەكچە، ئۆزگىچە قىز ئىكەنسىز، ئوتتۇز ئەرگە تېگىپ چىققان جۇۋازمۇ بۇ ساھەدە قولىڭىزغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك گۈلسەنەم ئىدسىملىك قىز!...» ئۇ گويا يېنىدا گۈلسەنەم بارادەك، يېنىدا بىللە كېتىۋاتقاندەك تاپا ـ تەنىسىنى داۋاملاشتۇراتتى: «... سىز مۇشۇنداق كاندەك چاپلىشىۋالسام، ماڭىمۇ، بەھرىنىساغىمۇ ئارامىلىق بەرمىسەم كۆزلىگىنىمگە يېتىمەن، دەپ ئويلامسىز؟ ئىدارىنىڭ مۇزاكىرىلىرىگە ئۆزىڭىزچە قاتنىشىۋېلىپ، بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق بىلەن ماڭا يەتكۈزۈپ يۈرسىڭىز، بۇنىڭ ئەقەللىي مەمۇرىيەت كۆز قارىشىغىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىڭىزنى، خىزمەت ئىستىلىڭىزنىڭ چاكىنىلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا هېچقانداق رولى يوقلىقىنى بىلەمسىز!؟ بۇلا ئەمەس، سىز يەنە هە دېسە مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىم بەھرىنىساغا تىنچلىق بەرمەيسىز، تېلېفوندا، يۈزتۇرا ۋە جامائەت ئارىسىدا ئىككىلەنمەي غۇرۇرىغا، ئىززەت ـ نەپسىگە، ئادىمىيلىكىگە پاراكەن-

ـدىچىلىك سالىسىز، ئابرۇيىنى تۆكىسىز. بۇنداق قىلمىشلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمسىز؟ چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، بىلمەي يۇرسىڭىز مەن تەكلىپ بېرەي: بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى تېرىسىڭىز، تارقاتسىڭىز، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىڭىزگە ئالىسىز. مەن هازىرغىچە تونۇش ئىكەنمىز، بىر ئىدارىدە بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىمنىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن، شۇ كۆڭلى مەندىن سۇ ئىچمىگەندىكىن، كۆتكەن ساداغا ئېرىشەلمىگەندىكىن، دەردىنى بەھرىنىسادىن ئېلىپ ئۇنى ـ بۇنى دېسە دېگەندۇر، كۆزىگە قىزىلچىلىق تىقىلىپ، ئاچچىقىدا ئۇنداق ـ مۇنداق سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن...
دەپتىمەن. ئەمدى يول قويمايمەن، ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزنى بىلمىسىڭىز، ئۆزۈم ھەم بەھرىنىسا نامىدىن قانۇن ياردىمى تەلەپ قىلىمەن...».

ئۇ خىيال قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر روھلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. «بالدۇرراق شۇنداق پىكىرگە كېلىش كېرەك ئىكەنتۇق. راست ئەمەسمۇ؟ دەشنام يەپ، ھاقارەت ئاڭلاپ يۈرگىچە قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم. ‹قوي مەرىمىسە ئوت سالمايدۇ، بوۋاق يىغلىمىسا ئەمچەك...› دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ تاققا ـ تۇققا ئەپقاچتى گەپلەرنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرمىسا، ھەقدار ئوتتۇرىغا چىقمىسا، خەق راست، ئاشۇنداق بىر تىل قىسىنچىلىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ بۇنى يادىمدا تۇتىمەن....»

قىسقا كوچا ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ نېرىسى ئۇنىۋېرسال فىرمىنىڭ ئىشخانىلىرى جايلاشقان دائىرە ۋە مەيدان ئىدى. ئۇ كەينىگە قايتتى. گۇگۇم قارا قانىتىنى يايغان، نەرسىلەر خىرەلەشكىلى تۇرغانىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ دېرى-

www.uyghurkitap.com

زىلىرىدىن چىراغ نۇرى چىقاتتى. قايسىبىر ئائىلىلەرنىڭ قورۇسىدا سامسىمۇ، پېتىر مانتىمۇ پۇشۇرۇلغان بولسا كېرەك، ھاۋادا ئۆتكۈر پىياز پۇرىقى ئۈزۈپ يۈرەتتى. يەنە بىر قورۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالا يىغلاۋاتاتتى ۋە ئانىسىنىڭ يىغىسىنى پەس قىلىدىغان ۋاتلىداشلىرى ئاڭلىناتتى. يېزىلارغا ئوخشىمايدىغان، يېزىدىن پەرقلىنىپمۇ كەتمەيدىغان، شەھەرگە يىراق بۇ ئۇنىۋېرسال فېرمىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئاخشاملىق ئەھۋالى ۋە مەنزىرىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوخشاش، پەرقلەنمەيتتى. بۇ يەردە كىنوخانا يوق، شۇڭا، شەھەرلەردىكى كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدىكىدەك غۇژ - غۇژ ئاۋاتلىق يوق ئىدى. ياشلار، بويتاقلار ئاساسەن ئىشتىن چۈشۈشتىن 15 مىنۇت ئىلگىرى فېرمىنىڭ شەھەرگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئارابۇسى بىلەن شەھەردىكى ئۆيلىرىگە ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيلىرىگە كېتىپ قېلىشاتتى. شۇڭا، كەچقۇرۇنلىرى زېرىككەن ياشلارنىڭ ئولتۇرۇش، بەزمە سورۇنلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا تېلېۋىزور كۆرۈشەتتى. ئىچى پۇشقان كونا خىزمەتداشلار بىر - بىرىنى يوقلاپ ئىككى - ئۈچ سەردىن قېقىۋالىدىغان ئىشلارمۇ كۈندە دېگۈدەك تېپىلاتتى. فېرمىنىڭ ئىشخانا جايلاشقان دائىرىسى سىرتىدا بىر مىلىچمال دۇكىنى بولۇپ، ئۇ يەردە ھاراق، تاماكىمۇ سېتىلاتتى. لېكىن، ئائىلىلىكلەر قورۇسى دائىرىسى ئىچىدە ئىچىدىغانلار ئۆزىنى توختاتقانلار بولغاچقا، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي ئىدى.

ئاسمان قاراڭغۇلاشقانسېرى يەر - زېمىن تارىيىپ - كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. شامالمۇ كۈچىيىپ سوغۇقلاشقىلى تۇردى. توڭلىغان قۇشقاچلار ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇشقان، قايسىبىر قورۇلاردىكى دەرەخ شاخلىرىنىڭ غىچىر- غىچىرلىرى ۋە شامال ھەيدەپ چۇشۇرۇۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ شاراق - شۇرۇق ئاۋاز-

لىرى باشلىنىۋاتقان كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا ئىدى.

ئىسكەندەر كامىل ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىمىدى، يەنىلا شۇ تەمكىن، سالماق قەدەملەر بىلەن ماڭدى. ئۇ توساتتىن ئۆزىنى ناھايىتى يېتىم، يېگانە، غېرىب ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى كېيىنكى كۈنلەردە پات ـ پات قوزغىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئىدارە ئىچىدىن رەھبىرىي ئايۇپ، سىرتتىن گۈلسەنەملەر ئۇچراشقانلا يەردە، كۆرۈشۈپ قالغان سورۇنلاردا ئۇنى گەپتە چېقىۋالاتتى. چاقچاقنا يۆلەپ ئىزاغا قويىتتى. بۈگۈنكىدەك ئەھۋال بىرەر ـ ئىككى قېتىملا يۈز بەرگىنى يوق، ھەر قېتىمدا ئۇ ھەم بىئارام بولاتتى، ھەم غەزەپلىنەتتى. ئۇ كۆرۈنۈشتە، «ناھايىتى كەلسە چىدىماسلىقىنىڭ پارتلىشىكەنغۇ؟» بولۇپ تۇيۇلىدىغان ۋە ئاشۇنداق تەسىر بېرىدىغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار يېتىدىغان بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغان، دەردىنى تۆكۈدىغان، مەسلىھەتلىشىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. دۇرۇس، ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم چارۋىچىلىق ئىدارىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا دەرد تۆكۈپ، رەھبىرىي ئايۇپنىڭ ئەدەپسىز گەپ ـ سۆزلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانمۇ بولدى. لېكىن، بۆلۈم باشلىقى گەپ ئوتتۇرىسىدىلا:

ــ سىز ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن يۈرۈپ قويۇپ، بىر قىزنىڭ نامىنى چىقىرىۋېتىپ، باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىۋالسىڭىز خەقنىڭ قورسىقى كۆپىدۇ ـ دە! ــ دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ، ــ سىزنىڭ ئىشىڭىز قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، تۇزۇمسىزلىككىمۇ كىرمەيدۇ، لېكىن... نېمە دەيلى؟ ــ ئۇ دېيىشكە گەپ تاپالمىغاندەك بىرەر مىنۇتچە يۆتىلىپ ئولتۇرۇپ، ئېغىر بولمىسىمۇ تاقىۋالغان يېقىندىن كۆرسىتىدىغان كۆزئەينىكىنى سۈرتتى. ئاندىن داۋام قىلدى، ــ ھە دەپ قويۇپ يۈرۈۋەرمەمسىز؟ سىز خوتۇنلا ئېلىۋالمىدىڭىز، يەنە پايدىمۇ ئالدىڭىز. خەقنىڭ گېپى دېگەن زىياد-

غا چىدىمىغان زىيانكەشنىڭ گېپى. گەپ دېگەن ئېغىزنىڭ يې-لى....

گۈلسەنەمنىڭ بەتقىلىقلىقىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان بەزى ئا-يال خىزمەتداشلارمۇ كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، ئاڭلىماقتا گۈلسەنەمنى ئەيىبلىگەندەك بىلىنىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتى:

— ئەر كىشى دېگەن تاللاپ، چېكىپ تۇرۇپ يارىغىنىنى ئالى-دۇ، سەن يارىمايدىكەنسەن، شۇڭا بەھرىسىنسانى ئالدىم، دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېسە بەزىلەر، باشقىلىرى مۇنداق دەپ سۇۋاقچىلىق قىلىشتى:

— سىز ئەر كىشى، ئەر كىشى كۆتۈرۈشلۈك كېلىدۇ، چىداپ ئۆتكۈزۈۋېتىڭ، گۈلسەنەم ئاشۇ يېشىغىچە بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتالمىغاندىكىن، دەردىنى سۆزلەپ چىقىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ يەنە بىرەر يىل ئارتۇق سۆرەپ يۈرسىڭىز سارالڭ قىلىپ قويارسىز كەنتۇق. نې-مانداق ئوتىڭىز يامان يېگىت سىز؟

ئىسكەندەر كامىل ئاشۇنداق گەپ - سۆزلەردىن رەببىمبەردى ئايۇپ بىلەن سىڭلىسى گۈلسەنەمگە قارىتىلغان ئەيىبلەشنى ئە-مەس، ھېسداشلىقنى، تەتۈرچە ئۆزىگە نىسبەتەن تاپا - تەنە، ئە-يىبلەش ۋە مەسخىرىنى سېزەتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشى-لەرلا ئۇنىڭ بەھرىنىساغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى، ئەگەر بەھرىنىسا بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى بولمايدىغانلىقى-دەك تۇيغۇسىنى چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى - يۇ، ئوچۇق پوزىتسى-يە بىلەن كۆڭۈللىرىدىكىنى دېمەيۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئۇ بەزىدە ئىشداش، بەزىدە خىزمەتداش، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ رەببىم-بەردى ئايۇپ بىلەن گۈلسەنەمنىڭ ھوقۇق، ئەمەل، نام - ئابرۇي، شۆھرەت تەمەسىدە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا تىرىشىۋاتقانلىقىنى نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر يۇقى-

ـرىقى نۇقتىدا ئۇ ئىككىسىنى قاتناشتۇرماي بىلەت تاشلاشقا سەـ
پەرۋەر قىلىنسا، 100 كىشىدىن 90 بىلەت چۈشىدىغانلىقىغا ئىـ
شىنەتتى. ئەمما، ئۆزى بىلەن بەھرىنىسانى ئوبىيېكت قىلىپ تۇـ
رۇپ، ئۇ ئىككىسىگە بىلەت تاشلاتقۇزسا، ھېلىقى سانىنىڭ تەتۈرىگە
ئۆرۈلۈپ، بەھرىنىسا بىلەن ئۆزىنى تەنە قىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ،
دەپ گۇمان قىلاتتى. ئۇ بىر ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىكى پاسسىپ
پەرەز بولسىمۇ، ئۇ ۋە بەھرىنىسانىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشى
كىشىلەرنىڭ كۆزىگە نېمىشقا سىغمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى
چۈشەنمەي رەللە بولاتتى، ئۆزىچە تېرىكەتتى. دەرۋەقە، ئۇ كۆڭۈل
ئامبىرىغا مۆكتۈرۈلگەن بۇ گادىرماچ ئوي ـ خىياللىرىنى ھېچـ
كىمگە بىلدۈرمەيتتى. توغرىسى، بىلدۈرگىدەك يېقىنى، سىردىشىمۇ
يوق ئىدى. شۇ ھالدىمۇ، قايسىدۇر ئەقىللىكرەكلەردىن بىرەرسى كۆز
قاراشلىرىدىن بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالمىسۇن، دەپ باشقىلار بىلەن
بەك ئىچەركىشىپمۇ كەتمەيتتى.

ئۇ ھېسسىيات جەھەتتىن بەھرىنىساغا بۇنچىۋالا يۆلىنىپ قالـ
غىنىنى چۈشەنمەيتتى. بۇ شۇنچىلىك يۆلىنىش ۋە ئىچەركىشىش
ئىدىكى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايتتى. توي قىلغاندىن
كېيىن ئۇرۇمچىگە بىر قېتىم يىغىنغا باردى. ئايروپىلاندىن چۈشـ
تۇق، مېھمانسارايغا ئورۇنلاشتۇق، ئەتىسى يىغىن ئېچىلدى ، ئۆـ
گۈنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، دەپ تېلېفون بېرىپ تۇردى. ۋىلايەت
مەركىزىدىمۇ يىغىن ياكى باشقا ئىشلارغا كىرىپ قالسا كۈندە ئۈچ
ۋاق تاماق يېگەندەك تېلېفون بېرىپ تۇراتتى. دەسلەپ بۇ ھەقتە
گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان، تەلەپ قويمايدىغان بەھرىنىسا ئەمدىـ
لىكتە ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆندۈرۈپ قويۇشى بىلەن ئۆزى تەلەپ
قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىشىغىمۇ
دەسلەپ ئاشۇ گۈلسەنەم سەۋەبچى بولغان. ئۇ بەھرىنىساغا: «ئىسـ
كەندەر كامىلنىڭ بىر ئاممىۋى ساتىراشخانىنىڭ كەينىدە ئېچىلـ

www.uyghurkitap.com

غان، مەخسۇس ئەرلەرگە يۇقىرى دەرىجىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان قىزىل پەردىلىك ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەم بار...» دەپ قورقۇتقان. بەھرىنىسا تېلېفون بېرىپ سىناپ باققاندا، ئىسكەندەر كامىل چارۋىچىلىق ئىدارىسىدە يىغىندا بولۇپ چىققان. گەرچە بەھرىنىسانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەن بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر كامىل ئۆيدىن ئايرىلسىلا، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تېلېفون بېرىپ بەھرىنىسانى كۆندۈرۈپ قويغانىدى.

ئىسكەندەر كامىل يەنە بەھرىنىسانى نىمىشقا بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى چۈشەنمەيتتى ۋە چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيتتى. بەھرىنىسا ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئاھۇ قوزىسىدەك مۆلدۈرلەپ قاراپ، نىمىنىدۇر كۈتكەندەك ئەركىلەپ كەلسە ياكى مەڭزىلىرى زىناق چىقىرىپ يېقىملىق كۈلۈپ، ئاسلاندەك يۇمشاق سۆركىلىپ قوينىغا كىرىپ، مەيدىسىدىن ئۇستىگىرەك يۈزلىرىنى سۈركەپ، ئىسمىنى بوش چاقىرىپ، ئالقانلىرى بىلەن پېشانە، يۈز، ئېڭەكلىرىنى سىيپىلىسا، ئىسكەندەر كامىل مۇشۇ بەھرىنىسا ئۈچۈن نېمىلا قىلسا ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئىسكەندەر كامىل بۇ بەھرىنىسانى باشتا قانداقچە ياقتۇرۇپ قېلىپ مۇھەببەت قاينىمىغا كىرىپ قالغىنىنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن، تۇنجى قېتىم — ئەڭ دەسلەپ ئۇنى كۆرگەن ۋاقىت، ئورۇن، قىزنىڭ قىياپىتى، كىيىنىشلىرىگىچە ئېسىدە قالغان. گويا ئۆتۈپ كەتكەن شۇ ۋاقىتلار ئۆز پېتى بوگۈنگە يۆتكىلىپ كەلگەندەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ. چىن دىلىدىن بىر- بىرىگە ئاشىق بولۇش راستىنلا تەقدىرنىڭ پۈتمىشىدىنمىدۇ؟

ئۇ چاغلار بىر ئويلىساڭ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرى يۈز بەرگەندەك، بىر ئويلىساڭ تېخى تۈنۈگۈنلا سادىر بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. ۋاقىتلار رەھىمسىز دېيىلىدىكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاياتنى

ئەسلىگۈدەك، ئۈنتۈپ قېلىشقا بولمايدىغان بىر نەقىش بىلەن بىر-زىسە، ئۇ نەقىش دىل قېتىغا نەقىشلەنسە، ھايات مەنىلىك، ۋا-قىتلار مېھرىبان، مۇلايىم بىلىنىدۇ. يەنە بەزىلەر ۋاقىتنى ۋاپا-سىز دېيىشىدىكەن، ياق، ۋاقىتنى قەدىرلىمىگەن، ئۇنى ھاياتنىڭ بىزىكى، تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە كۆرۈپ ئۆتكۈزەلمىگەنلەر ئۇچۇن ئۇ ئاشۇنداق تۇيۇلىدۇ. ئەسلىدە، ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزى ۋاپاسىزلاردۇر!

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش پىراكتىكىسى ئۇچۇن گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگراسىغا يېقىن جايلاشقان، تەۋەلىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدە بولغان بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بار-غان يىلى تونۇشقان ئىدى. بۇرۇن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ فېرما ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەن بولۇپ، بېقىلىدىغان چارۋىلار ئاساسەن قوي، ئۆچكە ۋە كالا ئىدى.

چارۋىلار سان ۋە تۇرى بويىچە ھۆددىگە بېرىلگىنى بىلەن، شۇ چاغدىكى شەرت - شارائىت تۇپەيلىدىن ئويچە قوتاندا بەلگە سېلىن-نىپ بېقىلاتتى. تەجرىبىخانىلىرى، سىناق نۇقتىلىرى تارقىتىۋې-تىلمىگەچكە، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇلا-زىمەت قىلىش پىرىنسىپى يولغا قويۇلغان. فېرما تېخنىكا - تە-رەققىيات مەركىزى بەزى نۇقتىلىق چارۋىلار ۋە ئىمپورت قىلىن-غان چارۋىلار ھەمدە نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن تۈر ۋە سورتلارنى ئاساس قىلىپ، يەرلىك چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش - كۆپەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبە تەتقىقاتى بى-لەنمۇ شۇغۇللىناتتى. مانا بۇ ئالاھىدىلىك يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېر-سىتېتى چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۆگىنىش - پىراكتىكا قىلىشى ئۇچۇن تازا ماس كېلەتتى. ئىنس-

www.uyghurkitap.com

تىتتۇت ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇۋاتقان ئارىلىقتا بىر قېتىم، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ چېنىقتۇراتتى. ئوقۇش ئارىلىقىدىكىسى ئۆگىنىش پىراكتىكىسى، كېيىنكىسى ئوقۇش پۈتكۈزۈش پىراكتىكىسى، دەپ ئاتىلاتتى ۋە ھەر ئىككىسىگە، بولۇپمۇ كېيىنكىسىگە ئالاھىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، كەلگۈسىدە خىزمەت قىلىش مۇمكىن بولغان ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىش، تەربىيەلەش ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇچۇر بېرەتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ فېرمىغا كېلىشى ئىككىنچى قېتىم ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا 21 ـ 22 ياشقا كىرگەن، قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغان چاغلىرى ئىدى. بويى بىر مېتىر 76 سانتىمېتىر كېلەتتى. يۈزلىرى يۇمىلاق، قاڭشارلىق، قاپقارا چاچلىرى تەبىئىي گىجەك، قاشلىرىنىڭ ماڭلاي تەرەپكە قارىغان ئۇچى ئېگىزرەك، قارىغا مايىل قوي كۆزلىرى چوڭ، كىرپىكلىرى قىزلارنىڭكىدەك ئۇزۇن ۋە ئۇستى تەرەپكە ئازراق قايرىلىپ تۇراتتى. ئېڭىكىنىڭ ئاستى كەڭ، قۇلاقلىرى ئۇزۇنراق بولۇپ، ئېۋەن تاپقىلى بولمايتتى. بېلىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تەڭ، مېڭىشلىرى مەزمۇت، باشقىلارغا سۆلەتلىك، سۇلكەتلىك تەسىر قالدۇراتتى.

ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئۇ قىزلارنىڭ قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. دەرس مەزمۇنىنى سوراش، كەلگۈسىدە نەدە ئىشلىسە ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت سوراش، ئۆيىددىكىلىرى ياكى ئۆزلىرى يولۇققان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تەدبىر سوراش... قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى كۆزلەيدىغان قىزلار كۆپ ئىدى. يۇرتىدىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسىلا توينى قىلىپ قويۇشقا تەييارلاپ قويغان قىزلارمۇ بار ئىدى. تېخى! « قايسىسىغا كۆڭلۈڭ

چۈشسە، شۇنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ئاق تاشلىغاچ تۇراي-لىمۇ بالام؟» دەپ نەچچە سورىغان ئانىسىغا ئۇ: «ھېلىتىن باشقىلار-نىڭ ئەتىۋارلىق قىزلىرىنىڭ بېشىنى باغلىۋالماي تۇرايلى ئانا، كۆڭ-لىنى باغلىۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قايتىپ كې-لىشىم كېرەك، شۇ چاغدا بىر نېمە دەيلى...» دەپ سىلىق رەت قىلغان-دى. چوڭلار ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە قاراپ: «ئاتا ـ ئانىسى كىچىكىدە ئار-زۇلاپ قىز بالىچىلاپ بېقىپ، قىزلارغا تويۇندۇرۇپ قويغان چېغى...» دېيىشەتتى. تولا ئەگىپ ـ چۆرگىلەپ، سۇۋۇلۇپمۇ يېقىنلىشالمىغان قىزلارنىڭ بەزىلىرى: «ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى كەمتۈك، يا نېر-ۋىسى چاتاق، يا جىسمانىيىتى ئاجىز...» دېيىشتى. تەگتۈش يىگىتلەر بولسا ئالدى ـ كەينىدە چاقچاقلا يۈلەپ: «قىزلارغا ھەۋىسى يوق بۇرادە-رىمىزنى ئۇنى پۇتۇپ قالغان خوراز... دېمەكتىن باشقا چارە يوق...» دەپ كۈلۈشەتتى.

ھالبۇكى، ئەنە شۇنداق «يۈزى تۆۋەن» ئىسكەندەر كامىل، ئەنە شۇنداق «قىزدىن قاچار» ئىسكەندەر كامىل بىر قىز تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ خۇدىنى ئالدۇرۇپ قويدى. ھاياتىدا تۇنجى قې-تىم بىر قىزنى دەپ، ياشاۋاتقان بۇ ئالەمدىن كېچىپ، مۇھەببەت-سىز ياشاشقا بىر مىنۇتمۇ يول قويۇلمايدىغان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماقچىمۇ بولدى. بىر قىزنى دەپ گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان، تۈنلەرنى ئۇيقۇسىزلىقتا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ قىز دەل بەھرىنىسا ئىدى. بىر يىگىتنى ھېسسىي ساراسى-مىگە سېلىپ، ئوي ـ پىكىرلىرىدە دولقۇن قوزغاپمۇ تىنچ ـ ئە-مىنلىك بەرگىلى ئۇنىمايدىغان سېھىرلىك بەھرىنىسانىڭ دەل ئۆ-زى ئىدى. ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەدە يۇرگەنلىكىنى ھېلىغىچە سىر تۇتۇپ، پىراكتىكا ئۈچۈن كەلگەن فىرما مەيدانىدىلا ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان، «ئەپسۇن» لىك بەھرىنىسا ئىدى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ ھېلىھەم يادىدا: ئۇ بەھرىنىساغا شۇنچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك كىرىشىپ قالغان ئىدىكى، قىز ئەتىگەندە يۈز يۇيۇشقا چىقـ-
مىغىچە شىلدىر- شىلدىر بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان، چوڭقۇرلۇقى
ئاران ئوشۇققىچە كېلىدىغان ئېقىن بويىدىكى تاشتا ئۇنى ساقلاپ
ئولتۇرۇۋېرەتتى. تاماق ۋاقتىدا، ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى
بىلەن ئولتۇرماي، تاماقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئۈستەلدە ئۇنى
ساقلاپ ئولتۇراتتى. ھەممىدىن چاتاق ۋە خەتەرلىكلىكى كەچقۇرۇن
ئىدى. ئىككىيلەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىردەم چارۋىچىلىق
فېرمىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى - يۇ، كېيىن غايىب بولۇپ
كېتەتتى. بۇ فېرما ئاھالىلەر ياشايدىغان رايوندىن خېلى يىراق،
بىر تەرىپى گوبى چۆللىگە، يەنە بىر تەرىپى يازدا پىتىق - پىتىق
سازلىقتا تۇتىشىدىغان چۆل ساھىلى ئىچىدە بولغانلىقتىن، بۆرە،
بورسۇق، سۇغۇر، تۈلكىلەر ناھايىتى كۆپ، ھەرىكەتلىرى كۆپ،
فېرمىغا سالغان زىيىنىمۇ ئېغىر بولۇپ كەلگەن، كۈندۈزلىرى
فېرما ئىچى - تېشىدا ئادەم كۆپ، يېقىنلىشالمىغىنى بىلەن، كې-
چىلىرى ئىشخانا، ياتاق ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغىچە يېقىنلىشىپ كې-
لەتتى. فېرمىنىڭ ئەتراپىنى، بولۇپمۇ ئىمپورت قىلىنغان نەسىل-
لىك چارۋىلار جايلاشتۇرۇلغان قوتانلارنى كېچىسى قوراللىق خا-
دىملار چارلاپ، تەكشۈرۈپ قوغدايتتى. ئۇلارغا يەنە مەخسۇس بېقىپ
تەربىيەلەنگەن تىبەت ئىتلىرى ياردەم بېرەتتى. تىبەت ئىتى چوڭ،
ياۋۇز ۋە غالجىر بولۇپ، كۈندۈزلىرى بۇرنىغا چىۋىن قونۇپ بىسە-
رەمجان قىلسىمۇ قاپتىلىغا ئالماي ئېرىنچەكلىك بىلەن يېتىشات-
تى. ئاپتاپقا قاقلىنىشنىلا بىلىدىغان ھۇرۇن ئىتلار دېيىلگەن بۇ
جانىۋارلار كېچىلىرى ئىشقا چۈشىدىغان قىلىپ تەربىيەلەنگەچكە،
كېچىسى بۆرىلەر بىلەنمۇ ئېلىشالايتتى. ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپى،
كېچىسىمۇ كۈندۈزدىكىدەك ئادەملەر بىلەن كارى يوق ئىدى.

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ يېرىم كېچىگىچە، بە-
زىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كېتىشى، ئىزدىسە تېپىلـ-

ماسلىقى فېرما رەھبەرلىرى بىلەن پىراكتىكىغا يېتەكچىلىك قى-
لىشقا كەلگەن ئۇنىۋېرسىتېت فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنى تەشۋىش-
لەندۈرۈپ قويدى. ئاخىر ئۇلار ئىسكەندەر كامىلنى جىددىي سۆھ-
بەتكە چاقىردى.

— دوستلاشساڭلار، مۇھەببەتلەشسەڭلار بولىدۇ، — دېدى فا-
كۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاغدىن - باغدىن بىرھازا سۆزلىگەن-
دىن كېيىن سۆھبەت تېمىسىنى ئاساسىي مەقسەتكە يۆتكەپ، —
لېكىن، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.
پېراكتىكا جەريانىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈزۈملەرنىڭ ئەڭ
باشتىكىسى بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، سالامەت، بىخەتەر، بې-
جىرىم بولغاندىلا باغلىغان مۇھەببەتنىڭ چېچىكىنى كۆرگىلى،
مېۋىسىنى يېگىلى بولىدۇ. خوش، سىلەر نەدە مۇھەببەتلىشىۋاتى-
سىلەر؟ توغرىسىنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرىڭ ئىسكەن-
دەر كامىل، جاۋابىڭىزنىڭ راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆ-
رىمىز تېخى....

ئىسكەندەر كامىل ئېغىز ئېچىپ بولغىچە چارۋىچىلىق فېر-
مىسىنىڭ قوغداش بۆلۈم باشلىقى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى،
فېرما ئەتراپىغا جايلىشىش ئەھۋالى، ھۇجۇم قىلىش نۇقتىلىرى،
ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە
بەردى. بۇنچىۋالا جىق گەپ - سۆز قىلىشنىڭ سەۋەبى پىراكتى-
كانتلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، فاكۇل-
تېت مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ باياتىن سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىش
مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا بىر - بىرىگە قاراپ قو-
يۇپ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى. بەھرىنىسا شۇ قەدەر قىزىرىپ
كەتكەن ئىدىكى، باياتىنلا يۈزىگە گىرىم قىلىۋالغاندەك كۆرۈنەت-
تى. فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چاچلىرىنى تاراپ پاخپايتىۋاتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان بارماقلىرىنى يەنە بىر قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن كىرىشتۈ-
رۈپ، خالتىسى ساڭگىلاپ چۈشكەن كۆزلىرى بىلەن ئىسكەندەر
كاملىغا جىددىي تىكىلىپ، رىغبەت خاراكتېرىدە مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىنىڭلارنى پىراكتىـ-
كانت ئوقۇغۇچىلارمۇ، فېرمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ بىـ-
لىپ كەتتى. سىلەر بۇنى بىلدۈرمەيمىز، دېمىگەن ئىكەنسىلەر، نە-
دە يۈرۈپ، نەدە ئولتۇرۇپ مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىڭلارنى ئېيتمىشقا
ئىمزا تارتامسىلەر؟ تەكرارلىغاندا، ئورۇننى بىلىش بىختەرلىـ-
كىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن، باشقا غەرەز يوق، قېنى ئىسكەن-
دەر كامىل، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، سىز ئاۋۋال ئېيتىپ بېقىڭا!

— ئىشخانا ئۆگزىسىدە...، — ئىسكەندەر كامىل سۆھبەتداش-
لىرىنى تەقەززا قىلمايلا جاۋاب بەردى، — ئۇ يەر ئەڭ بىختەر ئىـ-
كەن ھەم ھەممىنىڭ كۆزىدىن دالدا ئىكەن، يىراقلارغا قارىسىڭىز،
كەچكى شەپەقنى باشقىلاردىن ئۇزاقراق كۆرەلەيسىز، يايلاق، چۆل،
سازلىق مەنزىرىلىرى سىزگە گەپ قىلىپ بېرىۋاتقاندەك، ئۆزلىـ-
رىنىڭ بىنا بولۇشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئىشلارنى
بىر - بىرلەپ بايان قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. نەلەرگە بارغان
ۋە نېمىشقىدۇر ئۆيلىرىگە كېچىكىپ قايتقان كەچقۇرۇن قۇشلىـ-
رىنىڭ چۇۋ - چۇۋلىرى يايلاق، چۆللۈك، سازلىقلار ئېيتىۋاتقان
ھېكايىلەرنىڭ قىستۇرما نەقراتىدەك بىلىنىدىكەن. نېمىدېگەن پا-
يانسىز ئالەم، نېمىدېگەن چەكسىز زېمىن، بىز ئادەملەر ئاشۇ ئالەم
ۋە زېمىن ئىچىدە تولىمۇ كىچىك ۋە ئادەتتىكى زەررە ھېسابىدا
بولساقمۇ، بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، قىـ-
لىدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ جىقلىقىنى
ھېس قىلىدىكەنمىز. مۇشۇنداق ھېسلىرىمىزغا يۇلتۇزلار ھەمراھ
بولىدۇ تېخى... يايلاق ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار شەھەر ئاسمىنىدى-
كىدىن جىقراق، نۇرلۇقراق، سىزگە يېقىنراق بىلىنىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلىرى تېخىمۇ جەلپ قىلار-لىق، نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلار يايلاقلاردىن، چۆللۈكلەردىن، ساز-لىقلاردىن كۆپرەك، يىراقراقنى كۆرەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟...

— بولدى، بولدى، رەھمەت ساڭا...، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تېلىقىپ كۇلۇپ، — سەن ئىجتىد-مائىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان بول-ساڭ يازغۇچى ياكى شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭمۇ مۇمكىن ئىكەنتۇق - يۇ، ئەمدى كېچىكتىڭ، بىز سېنى بەش يىل تەربىيە-لەپ، ئەمدى مېۋە بەرگىلىۋاتقىنىڭدا خەققە بېرەلمەيمىز. چارۋد-چىلىق قىلىپ يۈرۈپمۇ شائىر بولالايسەن، باياتىن ئۆزۈڭ دېگەن-دەك، ھېسسىيات، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، ئىلھام دېگەنلەرنى ئەڭ جىق بېرەلەيدىغان يەر يايلاق....خوش، بىزنى ئاشۇ ئىلھام بېرىد-غان دالدا يېرىڭگە ئەپچىقىپ كۆرسەتكىنە، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن كېلىپ يېتىشىپ شائىرلىقنى ئۆگىنىپ قالامدىم تېخى! شۇنداق بولۇپ قالسام، يېتەكچىم سەن ئىدىڭ، دەپ تۇنجى يازما-نى ساڭا بېغىشلايمەن.

ئۇلار كۇلۇپ، چاقچاقلىشىپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ باشلىد-شىدا فېرما ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشتى. فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەھرىنىسانى شوتىغا چىقىش ئالدىدا توختىتىپ قويدى:

— سىز چىقمىسىڭىزمۇ بولار. كەچلىك ئىلھامىڭىز كەمتۈك بولۇپ قالمىسۇن يەنە...

ئۆگزە ھەقىقەتەن بىخەتەر يەر ئىدى. ئىشخانا ئۆگزىسى ئېگىز، بېسۋېتىلگەن ئوت - خەشەك تايلىرىدىن تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى. بۇلتۇر كۈزدىلا بېسۋېتىلگەن بۇ ئوت - خەشەكلەر قوتان، ئۆيلەر ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئۆگزىلىرىدە ھەم قىش، ئەتىيازلىق يېمەكلىك، ھەم سوغۇق ئۆتكۈزمەسلىك رولىنى ئوينايتتى. فېرما بۇلتۇر كۈز تەييار-

www.uyghurkitap.com

لىقىنى پۇختا قىلغاچقا، چارۋا ماللار قىش، ئەتىيازدىن ئوبدان ئۆت-
كەن، مانا ئەمدى ئاخشاملىرى يايلاقتىكى تايلار تېخى ئېشىپ قالغانمىدى.

فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بىلەن فىرما قوغداش بۆلۈمى-
نىڭ باشلىقى ئىشخانا ئۆگزىسىدە قانچىلىك شائىرانە ھېسسىيات
تۇغۇلىدىغانلىقىغا كۆزلىرى يەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ جاينىڭ بىخە-
تەر ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ھالدا قايتىپ چۈشۈشتى. فاكۇل-
تېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رەسمىيەت ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ ئېغىز
گەپ قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتى بولغاي، ئىسكەندەر كامىل بىلەن
بەھرىنىسانىڭ بىخەتەرلىكىگە، سالامەتلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قى-
لىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلار ۋە يەرلىك ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرگە قالدۇرىدىغان تەسىرىگىمۇ دىققەت قىلىپ قويۇشنى تاپىلى-
دى. فىرما قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خوشلىشىش ئالدىدا بې-
شىنى چايقاپ تۇرۇپ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— بۈگۈنكى ياشلارنى بىزدەك كونىلارنىڭ چۈشەنمىكى تەس ئىكەن،
« مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەنچۇ؟ سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ توي
قىلايلى....» دېيىشلا پۈتمىدىغان ئىشنى «مۇھەببەتلىشىش»، «بىر - بىرى-
نى چۈشىنىش»، «ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش» دەپ مۇرەككەپلەش-
تۈرۈپ، ۋاقىتنى سوزۇپ، ئۆمرىنى زايە قىلىدىكەن، ئۆگزىگە چى-
قىۋېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر دۆۋىسى ئىچىگە بېكىنىپ
ئولتۇرۇپ، دېيىشىدىغان قانداق جىق گەپلەر ئۇ؟

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ تارقىغاندىن كېيىن ئىسكەندەر كامىل
ئويلىنىپ قالدى. راست، سۆزلەشسە - سۆزلەشسە تۈگىمىگەن
قانداق گەپلەر بولغىيدى ئۇ؟ ئەگەر باشقا بىرسى ئۇنىڭدىن بۇ
ھەقتە سورىسا، « كەلگۈسى ھەققىدە، كېيىنكى ئۆگىنىش، تەجرى-
بە، تەتقىقات، خىزمەت، ئائىلە... ھەققىدە سۆزلەشتۇق» دەپ جاۋاب
بەرگەن بولاتتى ئۇ. «سەن دېگەن مەزمۇنلارنى بىر - ئىككى سا-
ئەت، يېرىم كۈن - بىر كۈن سۆزلەشسىلا چۈشىنىپ بولغىلى بو-

لىدىغۇ؟ سىلەر ئەجەب سۆزلىشىپ تۈگىتەلمەيسىلەرغۇ؟» دەپ سورىسا، بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيتتى ئۇ.

ئۇ بەھرىنىسا بىلەن نېمىلەرنى سۆزلەشتى، ئۇ خۇلاسىلىيەلمەيدۇ. لېكىن، گەپلىرىنىڭ تۈگىمىگىنى راست. ئىسكەندەر كامىل شۆھرەتلىك تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى قىرغاقلىرىغا جايلاشقان يېزىلارنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان. دەريا نامدار، مەشھۇر، شۆھرەتلىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار نامرات، تۇرمۇش غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، باشقا قوشنىلىرى، ئۇلار تونۇيدىغان، بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق قىلاتتى. يەر كۆچسىز، سۇ ئاز بولغانلىقتىن، يەر يېتەرلىك ھوسۇل بەرمەيتتى. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە چىقىدىغان بوران قۇم، چاڭ ـ توزانلارنى يامغۇردەك سېپىپ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كېتىپ، غەم ـ غۇسسىگە كۆمەتتى. ئۇ ياشىغان مۇھىتتا توغراقتىن باشقا دەل ـ دەرەخلەرمۇ نىمجان، ئاجىز ئۆسەتتى. سەل مۇنبەترەك زېمىنى بار جايلاردا ئۈچ ـ تۆت يىلدا باراقسانلايدىغان تېرەكلەر بۇ يۇرتتا ئىشلەتكىلى بولغىدەك ئاينىش ئۇچۇن ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى ۋە شۇ ھالدىمۇ، قاچا ئېغىزىچىلىك تومۇقتا ئۇلىشالا ئۇلاشماي، غولىدىكى قوۋزاقلىرى قارىداپ، قاداقلىشىپ قېرىدىغىنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشايتتى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ۋە چوڭلاردىن ئاڭلايتتىكى، ئۇلار بىر چاغلاردا، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا دەريا ساھىللىرىدا قوي ـ ئۆچكىلەرنى باقاتتىكەنتۇق. ھېيت ـ بايراملاردا، توي ۋە نەزىرلەردە بۇ ماللىرىنى سويۇپ مېھمانمۇ ئۇزىتىپ، ئۆزلىرىمۇ تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىپ، شوخلۇقلىرى تۇتسا قوچقارلارنى سوقۇشتۇرۇپ، كا-

لىلىرىنى ئۇسۇشتۇرۇپ، ئىتلىرىنى تالاشتۇرۇپ ئۆتىدىكەنتۇق. ئە-
تىياز ۋە كەچ كۈزلەردە كەنتلەر ئارا، يېزىمۇيېزا ئوغلاق تارتىشىپ، ئۇتتۇرغان تەرەپ مەشرەپ بېرىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەنتۇق. شۇنچە-ۋالا ئىشلارنى قىلىپ ئۇلگۇرۇپ، ئۆزلىرى كونا، قېرى، چوڭ-چوڭ توغراقلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ ياسىۋالغان قېيىقلىرىدا دەريا ئېقىنى، ئېقىن توسۇلۇپ پەيدا بولۇپ قالغان پايناپلاردا بېلىق تۇتۇپ، گۇلخان يېقىپ، بېلىق كاۋىپى پىشۇرۇپ يەپ تۈنلەرنى ئۇ-زىتار ئىكەنتۇق... قىسقىسى، تۇرمۇش تۇرمۇشقا، ياشاش ياشاشقا، دېھقان دېھقانغا ئوخشايدىكەنتۇق. ئاسمان ئاسماندەك، زېمىن زې-مىندەك تۇرار ئىكەنتۇق...

— ھەرىكەت كەينىدىن ھەرىكەت بولۇۋەردى، ئاخىر «زور ئىن-قىلاب» كۆتۈرۈلدى، بوران قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ ھەممىسى-نى بېسىپ كۆمۈۋەتكەندەك، بۇ «زور ئىنقىلاب» جىمىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى....، — دەپ جاۋاب بەردى دادىسى ئەمدىلاتىن ئە-قىل تېپىش يولىدا تايتاڭلاپ مېڭىپ يۈرگەن ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ:

— ئۇنداق ئىشلارنى نېمىشقا كۆرگىلى بولماي ئاڭلاشقىلا بو-لىدۇ؟ — دەپ سورىغان ئۆسمۈرلەرچە ساددا سوئالىغا ۋە يەنە كامىل ئاكا ئوغلىغا تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ ئۇمىدلەندۈرۈپ قويدى:

— ئۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ ئوغلۇم. ئۇنى ھەممىمىز بىرلىكتە بەرپا قىلىمىز. سەن چوڭ بولۇپ قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنى-شىپلا قالماي، يېڭىچە ئىشلارنىمۇ قىلامسەن تېخى... بۇنىڭغا يۈز-دەيۈز ئىشەنچىم بار.

دادىسىنىڭ گەپلىرى ئىسكەندەرنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ، مېڭىسىدە قېتىپ قالدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن يىللىرى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش شامىلى بۇ خىلۋەت يېزىغىمۇ يېتىپ كەل-دى. ئىسكەندەر كامىل ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، يەنىمۇ چوڭراق

ئۆزگىرىشىنىڭ يېتىلىۋاتقىنىنى كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن، كۆز نۇر-لىرىدىن كۆردى. شۇ ئاي - شۇ كۈنلەردە يۈزلەردىكى قورۇقلار يو-قاپ، ئازلاپ، مەڭزىلەر قىزىرىپ، سىلىقلىشىشقا، كۆزلەردىكى نۇرلار بوۋاق بالىلارنىڭكىدەك سۈزۈلۈپ، بالقىپ، ئويناشقا باش-لىغان ئىدى.

بىر كۈنى ئاشۇنداق تەسىراتنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، دادىسى:

— بۇ تېخى بىسمىللىسى ئوغلۇم، — دېدى ئىسكەندەرنىڭ تە-پەككۇرىدىن زوقلىنىپ ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدلىنىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولغۇسى، كەلگۈسىنى يارىتىش سىلەرنىڭ زىممەڭلەردە...

ئىسكەندەر كامىل دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى چىن مەنىسى بى-لەن ھەزىم قىلىپ كېتەلمىسىمۇ، كەلگۈسىدە بىر پارلاق مەنزىل-گە يېتىش مۇمكىنچىلىكىنى، بۇ «مۇمكىنچىلىك» نى ئەمەلىي «جەزمەنلىككە» ئايلاندۇرۇشتا، ئۆزىنىڭ تىرىشىشى كېرەكلىكى-نى، بۇ تىرىشىش ياخشى ئوقۇش ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

دادىسى ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرگىنىنى، بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇ-چىسى بولۇپ قالغىنىنى قۇتلۇقلاپ، ئانىسى تۇغقۇتتا ئۆلۈپ قالغان بىر قوزىنى ئېلىپ بەرگەنىدى. « تەلىيىڭ، ئامىتىڭنى سىناپ باقايلى ئوغلۇم، — دېگەن دادىسى يېزىدا بازار بولىدىغان كۈنى كەچقۇرۇن شۇ پاقلاننى كىچىك بولغانلىقتىن قولتۇقىغا قىستۇرۇپ دېگەندەك ئەكىرىپ، — قېنى، بۇ جانىۋارنى بېقىپ كۆرەيلى، ئەي بولۇپ قالسا، بىر ساغلىقلىق بولۇپ قالارمىز. ئەي بولماي قالسا، ئۇنى كۆرەرمىز»..

ئىسكەندەر كامىل ئانىسى بويىنىغا ئېسىپ قويغان سومكا بىلەن دادىسى ئېلىپ بەرگەن پاقلاننى ناھايىتى قەدىرلىدى. سومكىنى تاكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە كىر قىلماي، يىرتىپ بۇز-

www.uyghurkitap.com

ماي، باشقىسىغا ئالماشتۇرماي ئىشلەتتى. قوزىچاقنى بولسا ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى ۋە قايتقاندىن كېيىن بوۋاقنى باققاندەك باقتى، سۈت بەردى. ئوتلارنى يىلتىزدىن ئايرىپ، تويسىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ يېگۈزدى. بەزىدە ھەتتا «مەكتەپتە يەيمەن» دەپ ئېلىۋالغان نېنىنى ئۇۋاپ بېرىپ باقتى. ئوقۇماي دەم ئالغان كۈنلىرى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ، نەدە ئوت ـ چۆپ ياخشى ئۆسكەن بولسا، شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوتلاتتى. ساۋاقداشلىرى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قارىماي، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى لاي سۈنى ئىچىۋالمىسۇن دەپ كۆلچەك كولاپ، سۇ سۈزۈلدۈرۈپ سۇغاردى. قوزا پاقلان بولدى، چوڭىيىپ ساغلىقىقا ئايلاندى.

ئۇ بۇ ساغلىقنى «ئەتلىمە گۆش» ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزۈم يالغۇز بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلدىم، دەپ پەخىرلىنەتتى. ئۇ مەكتەپتە يۈرگەن چاغلىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ قوزا ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگىنىنى، ئۆلمەي ئەي بولسا ئوغلىنىڭ نەقەدەر خۇشال بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئانىسىز بوۋاقنى باققاندەك پەپىلەپ بىر قوي قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۆزلىرى تۆككەن تەرلىرى ھەققىدە ئوغلى بىلىپ قالغىدەك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمايتتى. ئوغلى پاقلان بىلەن ئويناپ پۇخادىن چىقىپ كۈلۈپ يايرىسا، ئاتا ـ ئانا ئوغلىنىڭ شاد ـ خۇراملىقىدىن ئۆزلىرىگە ئاراملىق تاپاتتى...

ئىسكەندەر كامىل ئۆستى، چوڭ بولدى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزدى. بويى پاقلان بىلەن تەڭ ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن نەق بىر باراۋەر ئېگىزلىدى. پاقلان بولسا ئىگىسىنىڭ بېلىگە كەلگىچىلىكلا ئېگىزلەپ توختاپ قالدى. ئالتە يىل جەريانىدا بالاغەتكە يېتىپ ساغلىققا ئايلانغان شۇ پاقلان كۆپىيەلمىدى، ئۈچ قېتىم قوچقارغا قويۇلغان بولسىمۇ، تۇنجى قېتىم بوغاز بولمىدى. ئىسك-

كىنچى قېتىم هامىلە قورسىقىدىلا ئۆلۈپ قالغانلىقى مەلۇم بو-
لۇپ، دېھقانلار بۇرۇندىن بىلىدىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان
ئۇسۇلى بويىچە ئۆلۈك هامىلىنى چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. ئۈچىنچى
قېتىم چوڭلار هەر خىل چارە ـ تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئوبدان
بېقىپ، ياخشى پەرۋىش قىلىپ ساغلىقنى قوزىلاتتى. ئەمما، ساغ-
لىق بىلەن قوزىنىڭ «تەقدىرى شۇنداق تەتۈر» بولسا كېرەك، قو-
زىچاق بىر ئاي ياشاپلا ماڭقا هەم ئىچ سۈرۈش كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ
قالدى. ئىسكەندەر كامىل قوزىنى داۋالاشقا كەلگەنۇ داۋالىيالمىغان
چارۋا مال پونكىتى دوختۇرىدىن «ئۆز ساغلىقى» نىڭ نېمىشقا شۇ
قەدەر «بەختسىز» ئىكەنلىكىنى سورىۋېدى، مال دوختۇرى بۇ بالى-
نىڭ ساددىلىقىغا ئىچى كۆيۈپ هەم هەيران بولۇپ، شۇ قاتاردا يى-
غىلىۋالغان كۆپچىلىكمۇ ئاڭلىسۇن ئۈچۈن:
— گەپ نەسىلدە ئۇكا، نەسىل ياخشى ئەمەس، — دېدى با-
لىنىڭ چۈشىنىش ـ چۈشەنمەسلىكى بىلەن هېسابلاشماي توم-
تاقلا قىلىپ، — قارا بۇ ساغلىقىڭغا، ئۇنىڭ بار- يوقى راۋ-
رۇسراق بىر پاقلانچىلىك كەلمەيدۇ، گۆشى ئاز، يۇڭى شالاڭ ۋە
پاكار، بەستى بولسا ۋىجىك، كۆرۈمسىز، مۇشۇ ئەيىبلەرنىڭ
هەممىسى نەسىل ناچارلىقىدىن كەلگەن. نەسىلنى ياخشىلاش،
ئەلالاشتۇرۇش، يېقىن تۇغقان قويلارنى چېتىشتۇرۇپ سانىنى
كۆپەيتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ساقلىنىش كېرەك ئىدى. شۇغىنى-
سى، هازىرچە بۇنىڭغا شارائىت يوق...
كۆپچىلىك بۇ گەپلەردىن قانچىلىك نەپ ـ ساۋاتقا ئېرىشتى،
مەلۇم ئەمەس. ئىسكەندەر كامىلغا ئاشۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز ناها-
يىتى كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كى-
رىدىغان يىلى «ئۇنىڭ ساغلىقى» ئۆلۈپ قالدى. توغرىسى، ئوت ـ چۆپ
يېمەي، خارتىلداپ تىنىپ، بىر كۈن ئۆتكەندە دادىسى مالنىڭ ها-
رام بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بوغۇزلاپ سويۇۋەتتى. ئەھلىمەھەل-

لە، ھەقەمسايىلىرى ئالدىدا «ئىسكەندەرنىڭ ياخشى ئوقۇپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلىگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن بەش يىلدىن ئارتۇق باققان پاقلان نەزىرگە ئاتالدى...» دېيىلدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۇنداق ئويى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، قوينىڭ سويۇۋېتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئىچىدە ھېچقانداق كېسەل يوق بىر جانلىقنىڭ بەش ـ ئالتە يىللا ئۆمۈر كۆرۈشى، بىرەر ئەۋلادمۇ قالدۇرالماي كېتىشى ھېلىقى يېزا دوختۇرلۇق پونكىتى خادىمىنىڭ «نەسىل چاتاق» دېگىنىدەك سەۋەبتىنمىدۇ؟... ئۇ «ئۆزىنىڭ ساغلىقى» نى ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنتۇپ كەتتى. لېكىن، «نەسىل ياخشى ئەمەس»، «نەسىل چاتاق»، «نەسىلنى ياخشىلاش، ئەلالاشتۇرۇش كېرەك ئىدى، شۇغىنىسى....» دېگەندەك سۆزلەرنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ يوللاردا، كىشىلەرنىڭ ھويلىلىرىدا، يەكشەنبىدىكى بازاردىن يانغانلارنىڭ يانلىرىدا قويلارنى كۆرۈپ قالسا ناھايىتى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كۆڭلىدە بولسا: «بۇ قويلارنىڭ نەسلى قانداقتۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۆزىچە بىر خىل تەسەۋۋۇرغا چۆكۈپ، ئۆزى قايتۇرۇپ تەكرارلاپ بېرەلمەيدىغان پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ باقاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزمەي قالمىدى. ئۇلار: ئىسكەندەر ھېلىغىچە «ئۆزىنىڭ ساغلىقى» نىڭ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ياندۇرقى يىلى ئىككى پاقلان سېتىۋېلىشتى. ئائىلىنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغان، بۇ ئىككى پاقلاننى دېھقانچىلىق قىلغاچ بېقىپ كېتەلەيمىز، دەپ ئويلاشتى ئۇلار. مۇھىمى، مەكتەپتىن يېنىپ خەقنىڭ قويلىرىغا، قوتانلىرىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئوغلىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى چالغىتىۋېتىدۇغۇ قويلار، دېگەنلەرنى كۆزدە تۇتۇشتى ئۇلار.

ئىسكەندەرنىڭ ئوي ـ پىكرى چالغىتىلدى. قويلارغا قاراپ

ئولتۇرۇشتىن بېقىشقىچە ئۆزگىرىشمۇ ياسىغان بولدى. لېكىن، ئىچەركىشىپ كېتىش دەرىجىسى «ئۆز ساغلىقى» غا يەتمىدى. بىر كۈنى بۇ يېڭى پاقالانلارغا تازا «كۆڭلى چۈشمىدى» دەپ گۇمان قىلغان دادىسى بۇ پاقالانلارنى ياقتۇرمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئىسكەندەر دادىسىنىڭ ئاغزىنى غىرىچلاپ قايتۇرۇپ سوراپ قالدى:

— بۇ پاقالانلار قانداق نەسلدىن دادا؟

ئاق سېرىق كەلگەن، ئاپتاپتا كۆيگەن بولسىمۇ، پېشانىسىدىن باشقا يېرىگە قورۇق چۈشمىگەن كامىل ئاكا بىر قولى بىلەن شاپاق دوپپىسىنى گەجگىسى تەرەپكىرەك سۈرۈپ قويۇپ، ئېگىز بويلۇق قەددىنى سەل پۈكۈپ سورىدى:

— قايسى نەسىل؟ قويلارنىڭ بالىسى شۇ... گېپىڭنى تازا ئاڭ-قىرالمىغاندەك قىلامدىمەن نېمە؟ — ئۇ ئىسكەندەرگە بۆلەكچە قىزىقىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ قارىدى.

ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دادىسىنىڭ تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. سوئالغا جاۋاب بېرەلمەسلىكىنى، جاۋاب بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندى. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ يېقىن — يىراق رايوندىكى خەق-لەر زاتىدىن دېھقان. ئۇلار مەخسۇس چارۋا باقمايدۇ. هويلا — ئارانلىرىدا ئىككى — ئۈچتىن، كۆپ بولسا تۆت — بەش قوي، بەزىلىرى بىر — ئىككى ئۆچكە ياكى ياندا پ بىرەر ئىنەك بېقىپ قويىدۇ. بۇ ماللىرىنى يازلىقى ئېتىز — ئېرىق قىرلىرىدا ئۈنۈپ قالغان ئوت — چۆپ، قىشلىقى خاماندىن يىغىلغان سامان بىلەن باقىدۇ. تۈجۈپىلىگەنرەكلىرى هەلەپ، كۈنجۈرە، قوناق پاتىقى بېرىدۇ. ئۇلار مال — چارۋىلىرىنىڭ قىغ — تېزەكلىرى بىلەن يېرىنى ئو-غۇتلىسا، ئىنەك، ئۆچكىلىرىنىڭ سۈتى، قايمىقى بىلەن چاي سۈت-لەپ ئىچسە بولدى قىلىدۇ. مالنى كۆپەيتكەن بىلەن ئۇلارغا يەم —

خەشەك، قوتان كېتىدۇ. بۇلارنى كۆپەيتىشكە ئامال يوق. شۇڭا، مېلى ئاۋۇغان بەزىلەر ئېغىل ـ قوتان يېتىشمىگەنلىكتىن، بەزىلەر راستـ ـتىنلا ئېھتىياج ئۈچۈن كەچ كۈزدە بىرەر ـ يېرىم ماللىرىنى سويۇپ قىشتىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلمىسا، كۆپلىگەن ئاھالىلەر ئۈچۈن مال ـ چارۋىنىڭ كۆپلۈكى بىر ئاۋارىچىلىك بىلىنىدۇ، ئۇنداق ئىدـ ـكەن، نەسلىنى ياخشىلايمەن، مال ئاۋۇتىمەن، چوڭ ـ يوغان قىلىدـ ـمەن، دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق؛ يەنە بىر جەھەتتىن، «ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىش» قا پۇل كېتىدۇ. كانايىنى ياغلىغىلى ياغ يوق يەرـ ـدە، سۇنايىنى ياغلىغىلى ياغ نەدە تۇرۇپتۇ؟ دېيىشىدۇ ئۇلار. تۇرمۇش ياخشىلاندى، يانچۇقلارمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تومپىيىپ قالدى دېيـ ـگەن بىلەن، دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئۇرۇق، سولياۋ يوپۇق، ئوت ـ چۆپلەرنى، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدـ ـىغان دورا، خىمىيەۋى ئوغۇت، تېرىشقا ـ يىغىشقا ئىشلىتىدىغان ماـ ـشىنا ـ ئۇسكۇنىلەر.... ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. كەنت قالدۇرۇقى، جامائەت جۇغلانمىسى، سۇ ئىنشائاتى ياساش ۋە رېمونت قىلىش، ئاـ ـخىرىدا ئاشۇ سۇ ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. ھۆكۈمەت يەر بېجىنى كەچۈـ ـرۈم قىلىپ، دېھقانلارنى چوڭ بىر غەمدىن خالاس قىلدى. ئەكس ھالـ ـدا بېيىش، ئىككى ـ ئۈچ تۇياق پاقلان قىلىپ قويۇش دېگەن تولىمۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى. مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئېسىل گەپ، ئاۋـ ـۋالراق زىرائەتلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلا، بۇ سورت دېگىنىڭ دەل ئاـ ـشۇ نەسىل...!

ئىسكەندەر كامىل چوڭلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئاشۇلارنى ئاڭلايدۇ. بەزى ئىشلار، خاس ئاتالغۇلار، تېرىقچىلىق ۋە چارۋا بېـ ـقىش، باغ بىنا قىلىشقا ئائىت كونكرېت ئىش تۈرى، ئەمگەك تەرـ ـتىپى قاتارلىقلارنى چۈشىنەلمىسىمۇ، ھېچكىمنىڭ قالاق ھالەتتە قېلىشنى خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، نامرات ئۆتۈشكە رازى بولۇپ ياشاش ئىستىكى يوقلۇقىنى، غورىبەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە

ئىنتىلىدىغانلىقىنى، پەقەت بىلىم، تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا، شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبىدىن «شوكرانىلەر» گە ئايلىنىپ قېلىشقا رازى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ناھىيە بازىرىدا ئوقۇدى. چۈنكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى تولۇقسىز سىنىپلار بىلەن كۇپايىلىنەتتى. بۇ يىللاردا ئۇ دېھقانلار بىلەن ئازراق ئۇچراشقان، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى كەمرەك ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ ئۆلكىنىڭ جۇغراپىيەۋى مۇھىتى، ھاۋا رايى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەھۋالى، ئورمانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىق ۋە نابابلىقى جەھەتلەردە يېزىلغان كىتاب، ماتېرىيال، ژۇرنال ماقالىلىرى بىلەن جىقراق ئۇچراشتى. بىرمۇنچە چىگىش سوئاللارنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالدى. دېھقانلار تەجرىبىسى بويىچە تەدبىر تېپىپ ھەل قىلىشقا يېتەكلىگىچە ئەسلىدىكى ئىز بىلەن مېڭىپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. مۇنۇ كىتابلاردا، ماقالىلەردە ئەمەلىيەت بولمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان ۋە يەنە شۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانسا زور ئۈنۈم بېرىدىغان نەزەرىيە بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدىكى قىزىقىشى، ئىنتىلىشى بويىچە قوي ۋە قوي نەسلىگە دائىر بىلىملەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۇ ئوقۇۋاتقان سىنىپنىڭ مۇدىرى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن غەلىتەرەك ئىسكەندەر كامىلغا ئەجەبلىنىپرەك قارايتتى. ئۇنىڭ دەرسلەردە نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا، ھايۋانلارغا بولۇپمۇ قويغا ئامراق، قوي توغرىسىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارغا ئاجايىپ ھېرىس «غەلىتە مىجەزى» نىڭ يېتىلىپ قېلىش سەۋەبىنى سوراشتۇرۇپ باققۇسى كېلەتتى. يەنە بىرتۇرۇپ بۇنىڭ نېمىسى غەلىتە، ئائىلىسى قوي بېقىشقا ئامراق بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلايتتى.

شۇنداق بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار سىنىپ بويىچە ئەمگەككە قاتـ

نىشىۋاتاتتى. يولدىن ئون بەش ـ يىگىرمىچە بار بىر قوي پادىسى ئۆتۈپ قالدى. ھەر خىل ئاۋازدا ھەر خىل مەرەپ كېتىۋاتقان پادىغا باشقا ئوقۇغۇچىلار مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇشتى. ئىسكەندەر كامىل گويا قويلارنىڭ سانىنى ئېلىۋاتقاندەك بىر ـ بىرلەپ قاراپ پادا كۆز ـ دىن غايىب بولغانغا قەدەر تۇرۇپ كەتتى. سىنىپ مۇدىرى ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

— قوي يىلى تۇغۇلغانمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئىسكەندەر كامىل راستىنى ئېيتىپ، — ئاتا ـ ئانامدىن سوراپ باقسام بولغۇدەك. كىشىلەرنىڭ تەق ـ تۇرقىغا قاراپ نېمە يىللىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولامدۇ مۇئەللىم؟

— ناتايىن، — كۈلۈپ قويدى سىنىپ مۇدىرى، — قويغا بەك ئامراق ئىكەنسەن، ئوقۇيدىغانلىرىڭمۇ شۇلار توغرۇلۇق. شۇڭا، قوي يىلى تۇغۇلۇپتىمىكىن، دەپ مۇنداقلا سوراپ قويغىنىم... كىچىك ـ كىڭدىن تارتىپ قويغا ئامراقمىدىڭ؟

ئىسكەندەر كامىل كۈلدى ۋە «ئۆزىنىڭ ساغلىقى»غا دائىر ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. كۈتۈلمىگەندە سىنىپ مۇدىرى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قىزىقىپ ئاڭلىدى. بۇ مۇئەللىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئەۋجىگە ئۇلگۇرۇپ، 1967 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇ ـ رۇش فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. «زور ئىنقىلاب»نىڭ پەسىيىشى بىلەن سىياسىي جەھەتتە «دەزى بار» لار سېپىگە قېتىلىپ قې ـ لىپ، قاتنىشى قولايسىز، شارائىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئەھۋالى نامرات مۇشۇ ناھىيەگە تەقسىم قىلىنىپ قالغان. كېيىنچە، «سى ـ نىپىي كۈرەش» تۈگتۈا قىلىنمايدىغان يىللىرى، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە خەنزۇچىدىن دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سىياسىي ھاۋا جايىغا كېلىپ، ھەممە

ئىشلار ئۇچشالغاندا، ئۇ شەرتى توشىمۇ، ئەسلى يۇرتى چۆچەككە ياكى شەرت ـ شارائىتى ياخشىراق جايلارغا ئالمىشىپ كەتمەي، مۇشۇ ناھىيەدە، دەسلەپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇشۇ تولۇق ئوتتۇ ـ را مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلمۇەرگەندى.

ــ سەن چارۋىچىلىق كەسپىدە ئوقۇ، ــ مەسلىھەت بەردى ئۇ ئىسكەندەر كاملىغا كۆزئەينىكىنىڭ ئاستىدىن جىددىي قاراپ، ــ مەخسۇس تەربىيەلىنىدىغان چارۋىچىلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى يوق، لېكىن، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇل ـ تېتلىرى بار. شۇ يەردە ئوقۇساڭ، باشقا مال تۇرلىرى قاتارىدا قويلار ھەققىدىمۇ مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولالايسەن، ــ تەكرارلىدى ئۇ يەنە، ــ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلار بىر ـ بىرىدىن نەچ ـ چە ئۇيۇر يىلقاڭ بار، نەچچە پادا كالاڭ بار، قانچە قوتان قويۇڭ بار، دەپ سورىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە نەچچە قوي ـ كالاڭ بار؟ دەپ كۆرۈشىمىز. تۆت ـ بەش قوي، بىرەر ئىنەكى بارلار كېرىلىپ كېتىشىدۇ. بىرەر ئات ياكى قېچىرى بارلارغۇ كىيىمىگە سىغماي ماڭىدۇ... بۇ يەردىمۇ سان ئاۋۇتقىلى بولىدۇ، ئەمما، يايلاق يوق. شۇڭا ساندىن ئاۋۇالراق سۈپىتىنى، يەنى نەسلىنى ياخشىلاش كې ـ رەك. ئون ـ يىگىرمە قويدىن ئېلىنغان يۇڭ، گۆشنى ئىككى ـ ئۈچ قويدىن ئېلىشقا بولامدۇ؟ بۇنى ئويلىشىش، تەتقىق قىلىش كېرەك، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاشۇنداق نەسلىنى كېڭەيتىۋەر ـ سەڭ، پۇچەك نەسىل، ناچار نەسىل شاللىنىپ كېتىپ، بارا ـ بارا ئېسىل نەسىلگە ئورۇن بېرىدۇ. ئاندىن سان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاتلىنىسەن. مال ـ چارۋا دېگەن توخۇ ئەمەس، كۇندە تۇغدۇرغىلى بولمايدۇ. بىراق، بىر قېتىمدا كۆپ تۇغدۇرۇش، سۇ ـ يىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولامدۇ؟ شۇ سا ـ ھەدىكى بىلىملەرنى ئىگىلە! بۇنىڭ خەلققە، يۇرتۇڭغا، دۆلەتكە نا ـ ھايىتى زور پايدىسى تېگىدۇ، ئىنىم...

ئىسكەندەر كامىل بىر قېتىم دەرس ئاڭلىغاندەك ھاياجانلاندى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يېزا چارۋىچىلىق پونكىتىنىڭ مال دوختۇردىن نەسىل ياخشىلاش ۋە ئەلالاشتۇرۇشنىڭ قويلارنى بېقىش، قوزىلىتىش، ئەي قىلىشتا مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاياجانلانغانلىقىنى ئەسلىگىنىدە، ھازىرقى ئاڭلىغانلىرىنىڭ مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالدىدا بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرىنىڭ تېيىزرەك، ئاددىيراق ئىكەنلىكىنى، «نەسىل» يېڭىلاشنىڭمۇ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، بىر ـ ئىككى يىلدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، غەيرىتى باشقىدىن ئېشىپ، سىنىپ مۇدىرى كۆرسەتكەندەك يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىدى.

كېيىنكى ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك يۈرۈشۈپ بەردى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئىسكەندەر كامىل ئوقۇش كېرەك بولغان ئالىي مەكتەپ گىرافىسىغا «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ يازدى. كامىل ئاكا ۋە ئانىسى تورىنخاننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى كەنت ۋە يېزا مەمۇرىيىتىدىكى باشلىقلارنىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاساسىي مائارىپنى چىڭ، پۇختا تۇتۇپ، يېڭىچە يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلار شان ـ شەرىپىگە ئېرىشەتتى.

بىراق، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلگەندە، ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكىلەر سەل ھەيران بولۇشتى. ئوقۇشقا چاقىرىش ئۇقتۇرۇشى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئەمەس، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن، ئاۋۋال لەنجۇۋدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل خەنزۇچە ئۆگىنىپ، رەسمىي كەسپىي دەرسلەرنى خەنزۇچە ئاڭلىيالايدىغان سەۋىيەگە

يېتىش كېرەكلىكى ئېلاۋە قىلىنغانىدى. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدا -
رىسىدىكىلەر ئۇقتۇرۇشنى ئۆزلىرى ئەپچىقىپ، يېزا ۋە كەنت
باشلىقلىرىنى يىغىپ بىر مەجلىس ئېچىۋالغاندىن كېيىن ئىس -
كەندەر كامىلغا تۇتقۇزدى ۋە ناھىيەگە، ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىش -
لىرىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسكەندەر كامىلغا
ئىككى مىڭ يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلى -
دى. يېزا باشلىقى ۋە يېزا مائارىپ رايونىنىڭ مۇدىرى ئەزەلدىن بۇ
يېزىدىن ئالىي مەكتەپكە، يەنە كېلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئا -
لىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالىغۇدەك ئادەم چىقماسلىق ئەنئەنىسىنى
بۇزۇپ تاشلىغان ئىسكەندەر كامىلغا ئىككى مىڭ يۈەن ئوقۇش يار -
دەم پۇلى ئاجراتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. كەنتتىكىلەرمۇ بوش
كەلمىدى. كەنت باشقۇرۇش كومىتېتىدىكىلەر شۇ سورۇننىڭ ئۆ -
زىدىلا باش قوشۇپ پىچىرلىشىپ، «كەنتتىن چىققان ئەنقا» نىڭ
پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ «يۈزىنى يورۇق» قىلغانلىقى ئۈچۈن مىڭ
يۈەن بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ ھەي -
ران بولۇشلار خۇشال بولۇشقا ئۆزگەردى.

بۇ شاد ـ خۇراملىقلار ئالدىدا ئېسىنى يوقىتاي دەپ قالغان كا -
مىل ئاكىمۇ ئوغلىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن، تەستە كۆپەيتىپ
ئاران ئالتە قىلغان ھېلىقى ئىككى پاقلاننىڭ ئەۋلادى ئىچىدىن
پىچاققا يارايدىغان بىرىنى ياتقۇزۇپ قان قىلىپ، ناھىيە، يېزا ۋە
كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر كامىلغا سىڭدۈرگەن
رەھبەرلىك ئەجرىگە، ياردەم پۇلى، مۇكاپات پۇلى بېرىپ بېشىنى
سىيلىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئومۇمىي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئى -
چىدە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى تو -
لۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇنىڭغا ئۈچ يىل ئىزچىل سىنىپ مۇدىرى
بولغان ھېلىقى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىسكەندەر
كامىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى يوشۇرالمى -
سىمۇ، يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى:

— سەن بەكلا شاۋ ـ شۇۋ چىقىرىۋەتتىڭ ئىنى، يادىڭدا تۇرسۇنكى، بۇ ئاللا ـ چۇقانلار ئۈتمۈشۈڭ ئۈچۈن، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرگۈزگەن نەتىجىلىرىڭمۇ ئۆتمۈشتىكى تىرىشچانلىقىڭنىڭ مېۋىسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى غايەڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا، نۆل نۇقتىدىن يۈگۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېزىپ ئىچۈرۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئەمدى سەن ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى يوق ۋەز- نەسىھەت بولۇپ قالىدۇ. بىر جۈملە سۆزۈم بىلەن يوللۇق تۇتاي ساڭا:ئۆگىنىش، تىرىشىش ئارقىلىقلا ھاياتنى مەنىلىك قىلغىلى بولىدۇ!

تەكرار ـ تەكرار دېيىلىۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن بىر خىل گەپلەرنى دەيدىغانلار، ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ تەبرىكلەۋەرگەنلەر خۇشاللىقتا ئورتاق بولۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، ئاتا ـ ئانا ۋە ئىسكەندەر كامىلنى ئارامىغا قويۇپ قايتىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئاتا تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ياخشى ئوقۇپسەن ئوغلۇم. ئوقۇغاندىكىن ياخشى ئوقۇش كېرەك، ھەرقانداق ئىش قىلغاندىمۇ ياخشى قىلىش لازىم. ئوقۇغىنىڭ ئۈچۈن ئالقىش ئاڭلىدىڭ، بىرمۇنچە پۇلمۇ تاپتىڭ، بۇ پۇللارنى مەيلى ھۆكۈمەت بەرسۇن، مەيلى كوللېكتىپ چىقارسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا بېرىلگەن قەرز. سەن ئۇلارنى قىلغان ئىشىڭ، ياراتقان تۆھپەڭ بىلەن قايتۇرۇشۇڭ. بىرگە ئىككى، ئۈچ، ھەتتا بەش، ئون باراۋېرىدە قىلىپ قايتۇرۇشۇڭ لازىم. شۇ چاغدىلا يەرگە قارىمايسەن، داداڭ بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلغان بولىسەن. ئۇ ياردەم پۇللىرى، مۇكاپات پۇللىرى بۇندىن كېيىنكى ئوقۇش ۋە ئىشىڭدا سېنى نوقۇپ تۇرىدىغان تۈرتكە بولسۇنكى، پەخىرلىنىدىغان، كېرىلىپ يۈرىدىغان كىبىرىڭنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالمىسۇن. دۇنيادا، ئېلىمىزدە، ناھىيەمىزدە، ھەتتا مۇشۇ كەنتىنىڭ ئۆزىدىكى ئەتراپىڭدا ياخشى ئوقۇپ يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغان ئەقىللىك بالا يالغۇز سەن بىر ئەمەس، ئاناڭنىڭ گەپ-

لىرىنى قولىقىمدا چىڭ تۇت ئوغلۇم!... ئامەت ئۆزى كەلمەيدۇ، سەن ئۇنى تىرىشىش ئارقىلىق چاقىرىپ كېلەلەيسەن...

ئىسكەندەر كامىل ئۇستازى ۋە ئانىسىنىڭ گېپىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتتى، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە تەييارلىقتا ئوقۇسۇن ياكى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا چارۋىچىلىق كەسپىدە ئوقۇسۇن، ئاي ـ يىللارنى يۇزۇمنى قىزارتماي، يەرگە قارىماي ئۆتكۈزدۈم، دېيەلەيدىغان ھالەتتە ئوبدان ئوقۇدى. دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغىمۇ ئېرىشىپ تۇردى. ئەمما، بۇ پۇللارنى ئانىسى ئەسكەرتكەندەك «قەرز پۇلى ئالدىم» دەپ تونۇپ تۇرۇپ ئالدى. مانا، ئەمدى بىر يىلغا قالماي ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ.

ئۇنىڭ بەھرىنىسا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى، تونۇشۇشىمۇ توساتتىن، تاسادىپىي، يەنە كېلىپ مۇشۇ پىراكتىكا بازىسى بولغان فېرمىدا يۈز بەرگەن ئىش بولدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار ئىچىدە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئىشلەۋاتقان ئورۇنلىرىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ھەممە ئىرق، ھەممە مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار تېپىلاتتى. ئىسكەندەر كامىل ئۆز مىجەزى بويىچە باشقىلارغا كۆپ ئارىلاشمايتتى. ئەمەلىي تەجرىبە ئىشلەشتىن باشقا ۋاقىتلىرىنى تەسىرات يېزىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن، زېرىكسە «خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» ئىچىدىكى چارۋىچىلىققا ئائىت ئىنگلىزچە سۆز ـ ئىبارىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش، كۆچۈرۈۋالغانلىرىنى ھەجىلەپ يادلىغاچ ئەستە تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. توغرا، بىشى چىڭقالغان بەزى چاغلاردا فېرما ئەتراپىنى ئايلىنىپ، سۈزۈك ئاسمان، تۈپتۈز كەتكەن دالالارنى كۆرگەچ «ھاۋا يېيىش» مۇ مۇھىم پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاشۇنداق «ھاۋا يېيىش»كە چىققاندا، ئايرىپ بېقىلىپ كۆزىتىلىدىغان ئاجىز قويلار قوتىنى ئەتراپىدا يۈرىدىغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالات-

تى. ئۇنىڭ بىلىشىچە، بۇ قىز ھەمىشە ئەمەس، بەزى ــ بەزىدە پەيدا بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭمۇ بەزى ــ بەزىدە شۇ قوتان تەرەپلىرىگە بېرىپ قالغان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇ قىز ئاق سېرىق، يۇمىلاق يۈزىگە ياراشقان پەسرەك ئېڭەك، قاش بىلەن كۆزلىرىنىڭ ئارىلىقى يىراقمۇ، يېقىنمۇ ئەمەس، قاپاقلىرى بادامسىمان، پېشانىسى كەڭ، بۇرنى مۇناسىپ قاڭشارلىق، ئىككى مەڭزى يۈز رەڭگىگە ماس كەلگەندەك قىزىل، كىشىگە ھەمىشە كۈلۈپلا يۈرىدىغاندەك ۋە شۇ سەۋەبتىن زىناقلىرى يوقالمايدىغاندەك تەسىر قالدۇرىدىغان، زىلۋا بەدەن قۇرۇلمىسى، بېلىنىڭ ئۈستىدىن سەل ــ پەل ئۇزۇنراق تۈۋەن قىسمىدىكى ئۇزۇن، ئىنچىكە پۇتلىرى بىلەن قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى ياكى بالېت ئۇسسۇلچىسىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئاشۇنداق بەدەن قۇرۇلمىلىق قىزلار ئاز بولسىمۇ، ئىسكەندەر كامىل پەقەت مۇشۇ قىزغىلا ئالاھىدە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى ۋە ئۇنى بىردەم ئۇ كەسپىتىكى، بىر دەم بۇ كەسپىتىكى قىزلارغا ئوخشىتىپ يۈرەتتى ۋە ئۆزىگە ئىچىدە كۈلۈپ: «كىم سېنى باشقىلارنىڭ بوي ــ بەستىگە باھا بېرىشكە تەكلىپ قىلدى؟» دەپ قوياتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ قىزغا بۇنچىلىك دىققەت قىلىپ قېلىشى ئۇنى پات ــ پات: «ئايرىپ بېقىپ كۆزىتىدىغان ئاجىز قويلارنى» ئەتراپىدا كۆرگەنلىكىدىن ئىدى. پىراكتىكانت ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە ئىمپورت قىلىپ ئالاھىدە باقىدىغان بوقىلار، قوچقارلار، سەركىلەرگە بەكرەك قىزىقاتتى. ئۇلارنىڭ «پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجلىق» بولۇپ قېلىشى ئېنىق نەسەبلىك ئىكەنلىكىدىن بولۇپ، سۈتنى جىق بېرىدىغان ئىنەك، گۆش ياكى يۇڭنى جىق بېرىدىغان ساغلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىمىتى يۇقىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نەسىل ئارقىلىق يەرلىك نەسىللەرنى بىر قېتىمدا، بىر يىلدا، بىر يولىلا ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. نەسىل يې-

ڭىلاش، نەسىل ئۆزگەرتىش گېن يېڭىلاش، گېن ئۆزگەرتىشكە تە-
ئەللۇق ئىنچىكە ئىلمىي مەشغۇلات بولۇپ، غايە ـ ئېتىقادتا تەۋ-
رەنمەسلىكنى، مۇرەككەپ مەشغۇلاتچانلىق ئالدىدا سالماق بولۇش-
نى، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ۋاقىتلار سىنىقى ئالدىدا سەۋرلىك،
تاقەتچان ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. يەرلىك نە-
سىل ئاجىز، ئورۇق، كۆرۈمسىز بولۇشنىڭ ئۈستىگە بېرىدىغان
نېپى ئاز، ئاۋارىچىلىكى كۆپ، مەشغۇلات تەلىپى يۇقىرى، كۆپە-
يىشى ئاستا ۋە ئاز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىمپورت نەسىللەرنى
يەرلىكلەشتۈرۈشكە كېتىدىغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن خالىي،
يەم ـ خەشەككە بولغان تەلىپى تۆۋەن، كىلىمات، سۇ، تۇپراققا
ماسلاشتۇرۇش مەشغۇلات زۆرۈرىيىتى يوق قاتارلىق ئارتۇقچى-
لىقلارغىمۇ ئىگە ئىدى. مانا شۇ سەۋەبلەردىن ئەسىرلەردىن بۇيان
ياشاپ كۆنگەن يەرلىك نەسىللەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىمپورت
نەسىللەرنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى قارىغۇلارچە بىر يولىلا بىرلەش-
تۈرۈش يولىدا ماڭماي، سالماق بولۇش، تەمكىن بولۇش كېرەك
ئىدى. نەسىل ئالماشتۇرۇشنى كەلگۈسى پىلان، نەسىل يېڭىلاشنى
دەماللىققا يول قويۇش ئاساسى قىلىش كېرەك ئىدى. ئىسكەندەر
كامىلغا ئايان ئىدىكى، ھۆكۈمەت نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ
گوللاندىيەدىن بۇقا، ئىنەك، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىن
قوچقار، ساغلىق، ئىسپانىيەدىن ئۆچكىلەرنى كىرگۈزدى. كىرگۈ-
زۈلگەن بۇ ئېسىل نەسىللەر جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئۇنىڭ يۇرتىغا
ئاپىرىلغاندا، دېھقانلارنىڭ نەزىرى ئۇ نەسىللەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى-
نى چۈشىنىش، ئىگىلەشتىن كۆرە، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ بوي ـ بەس-
تى، ئېغىرلىقى، بېرىدىغان سۈتى، گۆشى، يۇڭى، تۇغىدىغان مو-
زاي، قوزا، ئوغلاقلىرىنىڭ سانىغا بەكرەك قارىتىلدى. ھەممەيلەن
دېگۈدەك دەرھال نەسىل ئېلىپ شۇ يىلىلا نەتىجىسىگە ئېرىشىشكە
ئاتلىنىپ، ئىلمىي مەشغۇلات ھەۋەس ـ قىزىقىشقا ئايلىنىپ قال-
دى. كۈتكەن ئۈمىد رازى بولغۇدەك ئۈنۈم بېرەلمىدى. بىر نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللار ئۆتكەندە جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئۇنىڭ يۇرتىدا ھېلىقى ئىسىل ئىمپورت نەسىللەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان نەپ يوقنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاساسەن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئېلىپ كېتىلىدىغىنى كېتىپ، ئۆزىنىڭ نەسلىمۇ غايىب بولدى. بۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان ئاچچىق ساۋاق بولسىمۇ، يادىغا ئالىدىغانلار ئاز، ئەيىبىنى تونۇيدىغانلار يوق دېيەرلىك بولدى. نەسىللەندۈرۈشكە قىزىقىسىمۇ قىسىر قالغان ماللىرىنىڭ دەردىدە ئۇھ تارتىدىغانلارلا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تېپىلىشى مۇمكىن. سەۋەبىنى تەھلىل قىلىدىغانلار بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما، ئىسكەندەر كامىل شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردا بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر كۆرمىدى.

شۇنچىۋالا ئوي ـ پىكىرلەرنى ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا تونۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇدۇل كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئارا ئاشكارا قىلىشتى. ئوي ـ پىكرى بىر يەردىن چىقىدىغانلارنىڭ تونۇشمىقى تەس بولغان بىلەن، تونۇشۇپ، چۈشىنىۋېلىشسىلا گەپلىرى تۈگىمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئوقۇشتىن چارۋا ـ مال تەتقىقاتىغا، ئائىلە ئەھۋالىدىن يۇرت ماكانىغا، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەت قىلىشتىن ئىلمىي تەتقىقاتقا قەدەر چوڭقۇرلاپ بېرىپ، ئاخىرى ئىككىيلەن ئائىلە قۇرۇپ، ئىلمىي ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇش قەسەمىيادىغا كەلگەندە خۇلاسىلەندى. مۇشۇنداق يەكۈن ئۇلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. كېيىنچە، ئىسكەندەر كامىل قانداق تېپىشىۋالغانلىق ھەققىدە سورىغانلارغا چاقچاقتەك بىلىنىدىغان جىددىي جاۋابىنى بېرىپ، باشقىلارنىمۇ قايىل قىلدى:

— ئىككىمىزنى قويلار تونۇشتۇرغان......

بەھرىنىسامۇ قىزىققان ساۋاقداشلىرىنىڭ سورۇشتۇرۇشلىرىغا ئاڭلىماققا چاقچاقتەك بىلىنىدىغان خىتاب بىلەن:

— قويلار ئارقىلىق تونۇشۇپ كۆڭلىمىز چۈشۈپ قاپتىكەن، —

دەپ جاۋاب بەردى.
ئەمەلىيەتتە، قويلارنى كۆزىتىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى كۆرگىنى، بىر - بىرىنى ئوقۇغۇچى، پىراكتىكانت دەپ بىلگىنى راست. تونۇشۇش بولسا، بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ كۈنى كەچ چارۋا - مال فېرمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن فېرمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە پىراكتىكانت ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان بىرلەشمە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. سۆز - نۇتۇقلار تۈگىگەندىن كېيىن، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى باشلىنىپ، ھەرقايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇغان، ناخشا ئوقۇمىغانلىرى ئۇسسۇل ئويناشقانىدى. بەھرىنىسا شۇ سورۇندا «ناۋا» مۇقامىنىڭ مەشرىپىدىن بىر كۇپلېت ئارىيە ئوقۇپ داغدۇغا قوزغىدى. مۇزىكا تەڭكىشى بولمىغان، ئاۋازى جەھەتتىنمۇ ئۇنچە سەۋىيەلىك بولمىغان بۇ «ئارىيە» ئۈچۈن بەھرىنىسا بىرمۇنچە ئالقىشلارغا ئېرىشتى. ئۇرۇلغان چاۋاكلار، ماختىغان قىقاس - چۇقانلارنىڭ رەسمىيەت، رىغبەت، سورۇنغا قىزىتىش تۈسى بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئىسكەندەر كامىل ئۈچۈن ھېسسىي ھاياجان ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئورنىدىن تۇرۇپ بەھرىنىسانىڭ ئالدىغا باردى. قوللىرىنى ھېيىقماي چاڭگاللاپ سىقىپ تۇرۇپ:
— بارىكاللا سىزگە، ئەسلىي ئۇيغۇر قىزى ئىكەنسىز - دە؟ — دەۋەتتى.
— كىم دەپ ئويلىۋېدىڭىز؟ — قىزىرىپ تۇرۇپ، يەرگە قاراپراق قايتۇرۇپ سورىدى بەھرىنىسا، — بىز بىر - بىرىمىزنى قوي قوتىنى ئەتراپىدا كۆرگەن ئىدۇققۇ؟ ئەجەبا، خاتىرىڭىز شۇ قەدەر ئاجىز بولسا...
— ياق، ياقەي، — ئىسكەندەر كامىل خىجىل بولغىنىدىن

قىزنىڭ قوللىرىنى قويۇۋېتىپ راستىنى ئېيتتى، ــ مەن سىزنى ئېلىمىزگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن چەت ئەللىك قىز-مىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن. قايسى مىللەت قىزى بولغىيدى، دەپ خىيال قىلىپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى، ئالتۇننى تۇتۇپ تۇرۇپ ئالتۇن قانداق بولىدىغاندۇ، دېگەندەك.....

ئەتراپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆلكە ساداسى ئى-چىدە ئۇلارنىڭ تونۇشۇشى ئەنە شۇنداق ئەمەلگە ئاشتى. ئىسىم-لىرىنى، يۇرتلىرىنى بىلىشتى. ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىد-شىپ ئۆز سىنىپ كوللېكتىپى دائىرىسىگە كېتىشتى. دەرۋەقە «قويلار ئارقىلىق تونۇشقان» لىقلىرىمۇ خاتا ئەمەس. باشتا قوي قوتىنى ئەتراپىدا بىر ــ بىرىنى كۆرۈشكەن، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدىن كېيىن، يەنە شۇ قوي قوتىنى ئەتراپىدا سۆيگۈ ــ مۇھەببىتى بىخلىنىپ باش كۆتۈرگەن!

ئارىدىن بىر ھەپتىلەرچە ۋاقىت ئۆتۈپ، پىراكتىكا ئۈچۈن مەۋسۇم ئارىلىقىدا كېيىنرەك كەلگەن بەھرىنىسالارنىڭ سىنى-پى ئالدىن قايتتى. ئۇلار مەكتەپتە يىللىق ئىمتىھان بېرىشى، ئاندىن تەتىل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىسكەندەر كامىللارنىڭ سىنىپى بالدۇرراق كەلگىنى بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان بول-غاچقا، يەنە 15 كۈن ئوشۇق تۇردى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار باكلاۋۇرلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يېزىشى كېرەك بولدى.

# ئۈچىنچى باب

ئىسكەندەر كامىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، 15 كۈن ھەم بىر يىلدەك، ھەم 150 كۈندەك تۇيۇلۇپ ئۆتتى. ھەر ئىككىلا ھال بەھرىنىسانىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇ ئەتىگىنى، ئاخشىمى يېنىدا گويا بەھرىنىسا باردەك ئىككىسى بىللە يۈز يۇغان، بىللە تاماق يېگەن، بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشقان ئىقىدىن بويىدا، تاماق ئۈستىلى يېنىدا، قوي قوتىنى ئەتراپىدا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى ھەم يەنە بۇگۈننىڭ تېز-راق ئاخىرلىشىپ، ئەتىنىڭ باشلىنىشىنى، بۇ كۈنلەرنىڭ ئاياغلىشىپ، قايتىدىغان كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

ناھايەت، شۇنداق كۈنمۇ كەلدى. ئۇلارنى پىراكتىكىغا ئېلىپ كەلگەن فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇنىۋېرسىتېتقا قايتىش ۋاقتى توشقانلىقىنى، دىسسېرتاتسىيە يېزىپ بولغانلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي قاراشلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى، يېزىپ پۈتكۈزەلمىگەنلەر چالىسىنى مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن يېزىپ تاماملىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن، يەنە تېخى دىسسېرتاتسىيەسى بويىچە ئىلمىي مۇنازىرىگىمۇ قاتنىشىشى زۆرۈر. بۇ ئىشلارغا ھازىردىن باشلاپ ئاز- تولا تەييارلىق قىلىشمۇ كېرەك، ئەلۋەتتە!

ئىسكەندەر كامىل دىسسېرتاتسىيەسىنى خېلى تەستە يازدى. ئەمما، يازغانلىرى ئۆزىگە بەك تولا تۇزىتىش، ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلمىغىدەك دەرىجىدە پۇختا تەييارلانغاندەك بىلىندى. چۈنكى، ئۇ ئاستا، ئالدىرىماي يازغان، نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۈستىدە بەھرىنىسا بىلەن پىكىرلىشىپ، ھەتتا مۇنازىرىلىشىپ قالغان يەرلىرىمۇ

www.uyghurkitap.com

بولغانىدى. قايتقاندىن كېيىن، بەھرىنىسانىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپمۇ قويغانىدى. بۇ قىلىقلىرى ئۆزىگە زۆرۈر، ئەھمىيەتلىكتەك ھەم بالىلارچە تەنتەكلىك ئارىلاشقان ئويۇندەكمۇ سېزىلەتتى. لېكىن، ئۆزىگە بۇ قىلىقلىرى خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكىدىن خۇشاللىقتا چۆمۈپ، بەزىدە يۈرىكى ئويناپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلار قايتتى. قايتىش ھارپىسىدا فېرمىدىكىلەر سېخىيلىق بىلەن زىياپەت راسلاپ، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى تەييارلاپ داغدۇغا پەيدا قىلدى. ئەمما، ئىسكەندەر كامىلغا بۇ سورۇن بەھرىنىسا بىلەن تونۇشۇپ «چېتىلىپ قالغان» ھېلىقى ئاخشامقىدەك قىزغىن، قىزىق تۇيۇلمىدى. ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ زورى بىلەن ئىككى قېتىم تانسىغا چۈشتى ــ يۇ، پۈتلىرى كالاميايلىشىپ، باشقا جۈپلەرگە سوقۇلۇپ، مۇزىكىدىن ئالدىنراق ئۆزى توختىۋېلىپ، ھەمراھىنىمۇ زېرىكتۈرۈۋەتتى. ئويۇنغا چۈشمىگەن ۋاقىتلىرىدا بولسا بەھرىنىسانى ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تاتلىق كۆرۈنۈشلەرنى بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق پەرەز قىلىپ ئولتۇردى.

تەتىل قىلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي، مەكتەپ بوشاپ قالغاندەكمۇ تۇيۇلمايتتى. ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدىكى دەرەخلىك يوللاردا، چوڭ ــ كىچىك مەيدانلاردا، ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋە ياتاق بىنالىرى ئارىلىقىدىكى گۈللۈك ــ چىملىقلاردا يەنىلا ئادەملەر مېڭىپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىراق، مەكتەپنىڭ ئۆز ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىغا تەتىل تۈپەيلىدىن ئۇنىۋېرسىتېت ئىچى بالدۇرقىدىن «غېرىبسىنىپ» قالغاندەك بىلىنىدى. كىشىلەرنىڭ يەنىلا ئازلىمىغاندەك كۆرۈنۈشى تەتىلدە ئۆيىگە قايتمايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بوشىغان سىنىپلارنى ئارىيەت ۋە تىجارەتكە ئېلىپ، ھەر خىل كۇرسلارنى ئاچقان ئورۇن، شىركەت، «بىلىم ئاشۇرۇش

مەركەزلىرى» نىڭ كۇرسانتلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، دىكتور ـ رىياسەتچى، ھەرخىل توپ، تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە «ماھىر تاللاش» مۇسابىقىلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. قاتناشقۇچىلار پۇل تۆلەپ قاتنىشاتتى، ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرى پۇل تاپاتتى. ئۇلار «باھالىغۇچى» لارغا ئاز ـ تولىدىن «مۇتەخەسسىس» پۇلى بېرىپ، مەكتەپكە ئىجارە تاپشۇرۇپ ئۆزلىرى «مۇۋەپپەقىيەت» بىلەن قايتاتتى. بۇنداق «ئىختىساسلىقلارنى بايقاش» پائالىيىتى پۈتكۈل تەتىل جەريانىدا بېسىقماي ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇنىۋېرسىتېت تەتىل قىلمىغاندەك تەسىر بېرەتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ سىنىپداشلىرى قايتىپ كېلىپ راسلانغان خېمىرغا قۇرۇق ئۇن سېپىلگەندەك، مەكتەپ ئىچىدىكى كوللېكتىپقا ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلارنى فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىلىرى، تەتىلدە ئۆيىگە قايتمىغان تۆۋەن يىللىق سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەۋەر تاپالىغان بىر قىسمى قارشى ئالغان بولدى. داغدۇغا ئۇزىلىپ چىققىنىغا يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندەك تەسىرات ئىلكىدە خۇشاللىققا چۆمدى. ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولغىنى، تەبىئىيكى، ئىسكەندەر كامىل بولدى. قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قاتارىنىڭ كەينىدىلا بەھرىنىسا تۇراتتى. ئۇ خۇددى تويى بولۇپ، يىگىت ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قىزدەك قىپقىزىل بولۇپ، زىناقلىرىدىلا كۈلۈپ تۇراتتى. دەسلەپ ئىسكەندەر كامىلنى ئاختۇرۇپ، قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى يىگىتنى تاپقاندا بېخىللىق بىلەن ئىسكەندەر كامىلدىن باشقا ھېچكىمگە قارىمىدى. ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ «ئىسكەندەر...ر...را!» دەپ توۋلىغۇسى، ئېگىزرەك سەكرەپ، بويىنى باشقىلاردىن ئاشۇرۇپراق كۆرۈنگۈسى، قىزىلچىلىق تىقىلغان، باشقا

ھەممە نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق، تەقەززالىق ياشلىرىنى تۆكۈپ يۈگۈرگەنچە بىرىپ ئىسكەندەر كاملغا ئېسىلغۇسى، يىگىتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، پېشانىسىنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يېقىپ سېغىنىشىنى ئىپادىلىگۈسى، ئۇنىڭمۇ سېغىنغان ـ سېغىنمىغانلىقىنى سورىغۇسى كېلىپ كەتتى... فاكۇلتېت باشلىقلىرى، مەكتەپنىڭ ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانا، تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى ياكى ۋەكىللىرى قايتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال سوراپ، بۇلارنى ئاز دەپ ئۇلارنى ئارىسىغا ئېلىپ يېتىلەپ دېگەندەك مېڭىپ، قارشى ئېلىشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈشۈۋېلىشىغا نۆۋەتمۇ، پۇرسەتمۇ بەرمىدى.

قايتقان ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا تاراپ، يۈك ـ تاقلىرىنى قويۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇش ئالدىدىلا ئىسكەندەر كامىل بەھردىنساغا ئاشتى. ئىككىيلەن كۆڭۈللىرىدە ئويلاپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بېقىشقاندەك كۆرۈشتى. بىر ـ بىرىگە قۇچاق ئېچىشتى، بىر ـ بىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىشتى. مەڭزلىرىنى يېقىشتى، يۈزلىرىنى سۈركەشتى، پەقەت سۆيۈشۈشلا كەم قالغان ھېساب بولدى.

ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىدىغان پىراكتىكانت ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كۆرۈشۈشىدىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. بىر ياتاقداش يىگىتلەردىن بىرى ئىسكەندەر كامىلغا چاقچاق قىلىپ:

— ئۇنچىۋالا قىسىپ قۇچاقلىما دوستۇم، قىزنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇپ ناكا قىلىپ قويمىغىن يەنە؟ — دەپ قويدى كۈلۈپ.

— ھەي، ئىست، بىزگە بۇنداق ھۇزۇرلۇق دەملەر قاچانمۇ نېسىپ بولار؟ — دېدى يەنە بىر ساۋاقداش خۇپسەنلىك بىلەن

ھەسرەتلەنگەندەك بولۇۋېلىپ.

ئۇ ئاخشىمى ئىككىيلەن خالىمغىنىغا قارىماي ۋاقىتنى ئىس-كەندەر كامىلغا بېرىشتى. چۈنكى ئۇ سەپەردىن قايتقان، يۇيۇنۇشى، شەھەرگە لايىق كىيىم يۆتكىشى، ھاردۇق ئېلىشى لازىم دەپ قارار قىلىشتى. بەھرىنىسا ئورۇن - كۆرپىلەرنى راسلاپ قويۇشقىلا مەس-ئۇل بولىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلار كۈنلىرىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە باشلى-دى. ئىسكەندەر كامىللار ئۇچۇن ئۈچ كۈن دەم ئېلىش ۋاقتى بې-رىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ چالىسى-نى يېزىش، يېزىپ بولغانلار مۇنازىرىگە قاتنىشىش، ئىدىيە - ئەخلاق باھالاش، قايتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش....دېگەندەك پائالىيەت ۋە ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بەھرىنىسا پىراكتىكىدىن يېنىش ئالدىدىلا ئىسكەندەر كامىل بىلەن كېلى-شىپ قويغان: يەنى، تەتىلدە ئۆيگە قايتماي، ئىسكەندەر كامىللار-نىڭ پىراكتىكىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەكتەپكە يېنىشىنى ساقلايدى-غان، مەكتەپتىكى ئىشلار ئاخىرلاشقىچە كۈندۈزلىرى ئۆز ئىشىنى قىلغاچ - كىتاب ئوقۇش، كىر - قات يۇيۇش، ئىسكەندەر كامىل-نىڭ ئېلىپ كېتىدىغان نەرسىلىرىنى رەتلەش، ئوراش، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئايرىش... دېگەندەك - تۇرىدىغان، ئۇ بىكار بولغاندا بىللە ئولتۇرۇپ - قويىدىغان، سىرتلارغا چىقالمىسىمۇ، مەكتەپ ئىچىنى سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان - ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە گۈللۈكلەر، چىملىقلار، دەرەخزارلىقلار كۆپ ئىدى - شۇنىڭ بى-لەن مۇددىتى قىسقا بولسىمۇ كۆپرەك يۈرۈۋالىدىغان بولۇپ كې-لىشكەن ئىدى.

ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ئىسكەندەر كامىل شىنجاڭغا مۇشۇ كې-تىشىدە كەتسە، نەگە ئورۇنلىشىپ، قانداق خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمدى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆز خاھىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەنلا قايتالمايدۇ، يەنە بىر يىللىق ئوقۇش مۇددىتى قالغان بەھرى-
نىسا بىلەن مۇنداق يېقىن ئارىدىن ئۇچرىشىپ، كۆرۈشۈپ، قۇچاق-
لىشىپ، سۆزلىشىپ ئۆتەلمەيدۇ. دۇرۇس، تېلېفونلىشىپ سۆزلە-
شىشكە، خەت يېزىشىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىشقا بولار. لې-
كىن يۈزتۇرا تىنىقلىشىپ سۆزلىشىش مۇمكىنمۇ؟

ئۇلارغا ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سۆز-
لەشسە — سۆزلەشسە گەپلىرى تۈگىمەيدىغاندەك سېزىلەتتى. ۋاھا-
لەنكى، ئۇلارنىڭ قايسى بىرىدىن قانداق تېما ۋە مەزمۇنلارنى سۆز-
لىشىدىغانلىقى سورالسا، تەرتىپلىك، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب
چىقماسلىقى مۇمكىن؛ تەكرار بايانلانغان ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار،
قايتا — قايتا ئىزھار قىلىنغان قەلب ئىنتىلىشلىرى ۋە ھەر قېتىمدا
دېيىلسىمۇ، يەنە بىر قېتىمغا دېيىلمىگەندەك ئېشىپ بارىدىغان كەل-
گۈسىگە بېغىشلانغان ئوي — پىكىرلەر ئۇلارغا يېڭى ۋە يەنە يېڭى بو-
لۇپ تۇيۇلاتتى.

ئەستىن چىقمايدىغان سۆھبەتلەرمۇ بار ئىدى؛ بىر — بىرىنى
ئۇنتۇپ قالماسلىق، كېچە — كۈندۈز ئەسلىشىپ تۇرۇش، چىن قەل-
بىدىن سېغىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئابستراكت مەز-
مۇنلار قاتارىدا تۇرالىسىمۇ، كۆز ئالدىدا، ئەمەلىيەتتە سەل قاراشقا
بولمايدىغان مەسىلە، ئىسكەندەر كامىل كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى-
ۋېرسىتېتتا يېڭى مەۋسۇملۇق دەرس باشلانغىچە بەھرىنىسا نېمە ئىش
قىلىدۇ؟ تەتىلنىڭ يېرىمى تۈگىدى، ئەمدى يۇرتىغا بېرىپ — كېلىش-
نىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ زور ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن، مەك-
تەپتە يالغۇز قالسا زېرىكمەمدۇ، ئىچى پۇشمامدۇ؟ ئۆيىگە بارمىغان
ساۋاقداشلارغۇ خېلى بار. ئۇلار بىلەن ھال — مۇڭ بولۇپ ئۆتسە، شۇ-
مۇ يېتىشمىسە كۇتۇپخانىدا ۋاقىت ئۆتكۈزسە مەنىۋى بېسىم ئازراق
بولار ئىدى. بىراق، بۇ چارە ئالدىنقى يىللاردا ئەسقاتاتتى، بۇ يىل
ئەسقاتمايدۇ، چۈنكى ئالدىنقى يىللاردا ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئىس-

كەندەر كامىل يوق ئىدى، بۇ يىل بار. ئالدىنقى يىللاردا بۇ توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش تۈگۈل، تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايتتى. بۇ يىل تەسەۋۋۇرغا چولا تەگمەيدۇ، پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك بولدى.

بۇ ھەقتە تۇنجى قېتىم ئىسكەندەر كامىل ئېغىز ئاچتى:

— مېنى ئۈرۈمچىگىچە ئۇزىتىپ بېرىڭ گۈزىلىم. مەن سىز - سىز ئۈرۈمچىگىچە بارالىشىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن...

بەھرىنىسا كۆڭلىدە بولسىمۇ دېيەلمەي يۈرگەن ئارزۇسىنى يىگىتىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ بەكمۇ سۆيۈندى. ئەمما، ئۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ باققانلىقى ئۈچۈن، سۆيۈنۈش، شادلىنىشنى ئىسكەندەر كامىلنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشقا ئۈرۈنۈۋاتقاندەك بىر ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئاغزىدا:

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز جېنىم، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ئىجابىي جاۋاب بىلەن، — ئىككىمىز سىزنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ بولغىچە ئارىلىقتا يەنە ئايرىلماي بىللە ئۆتىمىز. ئوقۇغان كەسپىڭىز بويىچە، سىزنى ئالمادىس بارىكۆل، ئالتاي، كۇنەس.... لەردىكى فېرمىلاردا ئىشلەشكە ئەۋەتسە، ئۇ يەرگىمۇ ئۇزىتىپ بىللە بېرىپ، رەسمىي خىزمەتكە چۈشكىنىڭىزدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، دېگەن نىيىتىم بار....

ئىككىيلەن تەڭ كۈلۈۋېتىشتى. ئىسكەندەر كامىل:

— ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرسلىرىڭىز باشلىنىپ كېتىپ قالار؟ — دېدى.

— يېتىشۋالىمەن، — بەھرىنىسا بىغەم خىتاب قىلدى، — زادىلا يېتىشەلمىسەم، سىز بار. كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىسىز، يىراقتىن ئوقۇتۇش يولىغا قويۇلۇۋاتقىلىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدىغۇ؟

ئارزۇ تاتلىق، يېقىملىق، تارتىملىق بولىدۇ. ئىككىيلەن بىر - دەم ئارزۇلىرىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن كۆڭۈللىرىنى شادلاندۇ - رۇپ، بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قىيىن تەرەپلىرىمۇ بارلى -

قىنى يادىغا ئېلىشىپ پەسكويغا چۈشۈشتى. ئىقتىساد، كونكرېت ئېيتقاندا، پۇل مەسىلىسى باش قېتىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بارد-كۆل، ئالتاي، كۇنەس... يايلاقلىرىغىچە بېرىشنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇرۇمچىگىچە ئۆزىتىپ بېرىشمۇ بىرمۇنچە پۇل تەلەپ قىلاتتى. ئىسكەندەر كامىل خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى ئىشلىشى كېرەك بولغان ئىدارىسى ئاتچوت قىلىپ بېرەر. بەھرىنىسانىڭ پويىز كىرا پۇلى، ياتاق پۇللىرىنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟

ھەر ئىككى كەمبەغەل ئوقۇغۇچى مۇشۇ يەردە، ئۇنىۋېرسىتېت-تا خوشلاشماقچى بولۇپ كېلىشتى. ئىسكەندەر كامىل يولغا چىق-قان كۈنى فاكۇلتېت مۇدىرلىرى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، باشقا يۈنىلىشكە بارىدىغان بىرنەچچە ساۋاقداش قاتارىدا بەھرىنىسامۇ ۋوگزالغا چىقىپ ئۇزاتتى. ئىككىيلەن ئۇزاش ـ ئۆزد-تىش ياشلىرىنى ئالدىنقى كۈنلىرىدە خېلى تۆككىنىگە قارىماي، يەنە كۆز يېشى قىلىشىپ ئايرىلىشتى. ھېلىقى ئارزۇلار ئارزۇ پېتى قال-غان، ئەمەلىيەت ئىشقا ئاشقىلى قويمىغان بولسىمۇ، ئۇ تاتلىقلىقى، يېقىملىقلىقى، تارتىملىقلىقى بىلەن ئىككىيلەننىڭ يادىدا، دىللىرد-نىڭ قېتىدا، كېيىنكى چاغدىكى ئەسلىمىلىرىدە قالدى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەت تەقسىمات مەسىلىسى ئاسان ھەل بولدى. ئۇ نەتىجىسى، تەتقىقات ئەمەلىيىتى، ئىدىيە ـ ئەخلاق باھالاش خۇلاسىسى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەۋسىيەسى...دېگەندەك تەرەپلەرگە ۋە تولاراق ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ يەرلىك چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشخا-نىسىدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلىندى. ئۇ چاغدا تېخى بۇ ئىشخانا قارىمىقىدىكى « تەتقىقات ئورنى» غا چىقمىغانىدى.

ئىشخانا ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئو-قۇش پۈتكۈزۈپ بىرگە تەقسىم قىلىنغان يەنە ئىككى ئوقۇغۇچىنى

قارشى ئېلىپ، كىچىكرەك سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. كەچقۇرۇن ئىككى مۇئاۋىن نازىر، باشقارما، ئىشخانا باشلىقلىرى قەددەم تەشرىپ قىلغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىمۇ هازىرلاندى. ئىسكەندەر كامىل نېمىلا بولمىسۇن يېتىرقىماي، تەمتىرىمەي ئىشلەپ كېتەلەيدىغان مۇھىت، خىزمەتداشلارغا ئېرىشكىنىگە ئىشەندى ۋە خۇشال بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا بۇ يېڭى تەسىراتنى تەپسىلىي يېزىپ، پوچتا ئارقىلىق بەھرىنىساغا ئەۋەتىپ بەردى. «قايىسى ئورۇنغا، قانداق خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغىنىڭىزنى بىلگەن كۇنىلا ماڭا ئۇقتۇرۇپ، مېنى خاتىرجەم قىلارسىز...» دەپ تەكرار تاپىلىغان ئىدى قىز. خىزمەت مەسىلىسىنىڭ بۇنداق تېز هەل بولۇشىنى كۈتمىگەن ئىسكەندەر كامىل بۇ خۇش خەۋەردىن بەھرىنىسامۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئىشخانا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغانلارنىڭ ياتاققا ئورۇنلىشىشى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش، ئۇستىبېشىنى ئوڭشاپ، خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش يۇرۇش - تۇرۇشى ئۈچۈن، ماائاش بېرىلىشىنى ساقلىمايلا مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندى. ئىسكەندەر كامىل ئۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئاتا - ئانىسىغا ئاتاپ سوۋغات ئالدى ۋە رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا ماڭدى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇشلۇقىنى بىر دېمەڭ، ئۇلار ئوغلىنى قىسىپ قۇچاقلاپ، پېشانىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ، كۆلۈپ - تېلىقىپ تۇرۇپ ياش تۆكتى. پەخىرلىنىش ئىلكىدە قالغان بوۋاينىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپ، مەھەللە ئىچىدە هەممىنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۇردى. ماڭغاندا هېرىپ - چارچاپ قالمىغانلىقىنى، بەل، پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ غىرسىلدىمايۋاتقىنىنى هېس قىلدى. قولۇم - قوشنىلىرى ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، هەيرانمۇ بولمىدى. «قېرىنىڭ خۇش بولۇشىغە هەققى بار، — دېيىشتى ئۇلار بوۋاينىڭ كەينىدىن، —

ئوغلى ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئۇ رۇمچىدە چوڭ كادىر بولغان تۇرسا....»

موماي تالا ـ تۈزلەردە قاتراپ يۈرمىگىنى بىلەن، ئۆي ئىچىدە پايپېتەك بولۇپ، تۈتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي، ئۇ ئۆيدىن ـ بۇ ئۆيگە، هويلىدىن قازناقفا، ئوچاق بېشىدىن قوتانغا مېڭىپ يۈردى. ئۆزىنى بەك تۈتتۇۋالغان چاغلىرىدىلا: «بالا ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالدى بولغاي، بۈرۈنلاردىغۇ تۆگمەن مىجەزلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، هازىر ئۇ چاغلارغا ئوخشىمايدۇ، هازىر دېگەن كادىر بالام. نېمە تاماق ئېتىپ بەرسەم ئاغزىغا تېتار....» دەيتتى ـ يۇ، بىرەر تۈرلۈك تاماق قىلىشقا جۈرئىتى يەتمەي، بوۋاينىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ساقلايتتى.

كەنت، يېزا باشلىقلىرىمۇ خۇشال ئىدى. «كەنتىمىز كەنت بولۇپ ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، ئىچىمىزدىن ئىچكىرىدە ئوقۇپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىشقا لايىق ئالىم ـ ئۆلىما چىقمىغانىكەنتۇق، ــ دېدى كەنت باشلىقى جالال ئاكا كەنت باشقۇرۇش هەيئىتىدىكىلەر ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان تەڭتۇشلىرىگە گويا ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ئوقۇپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندەك ماختىنىپ، ــ مانا، كالىلاخۇننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر كەنتىمىزدىن چىقىپ ئوقۇدى. ئاپتونومدا خىزمەت قىلىشقا تاللاندى. كىم بىلىدۇ ئەتە ـ ئۆگۈن ۋالىي ياكى هاكىملىقنىڭ بېشىنى تۈتۈپ قايتىپ كېلەمدۇ تېخى..؟ شۇنداق بولسىمىغۇ كەنتىمىز ئۈچۈن هەل قىلدۇرۇۋالىدىغان بەزى ئىشلار بار ئىدى...»

پەقەت يېزا باشلىقىلا پەللە باسىدىغان نەق گەپنى قىلدى: «ئوقۇغان كەسپىڭ چارۋىچىلىق، ئىشلەيدىغان خىزمىتىڭ يەرلىك چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىكەن، ــ دېدى ئۇ بىر قېتىم ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۆرۈشۈپ قالغاندا تەلەپچانلىق بىلەن، ــ ئوقۇغىنىڭمۇ، قىلىدىغىنىڭمۇ ئەلگە نەپ بېرى-

دىغان كەسىپ ئىكەن. ئەمدى كەسىپ تاللاشقا ئىشلەتكەن ئەق-
لىگىنى نەتىجە يارىتىپ، ئەلگە، شۇ قاتاردا ئەلۋەتتە يېزاڭغىمۇ
پايدا - مەنپەئەت يارىتالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن. بۇ مېنىڭ ھەم
جامائەتنىڭ ئۈمىدى!...»

ئۇ تەڭتۇش دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تەبرىكلىرىنى، ئالقىش-
لىرىنىمۇ ئاڭلىدى. ئۆزى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ بۇ چەت
يېزا، خىلۋەت كەنت تەۋەسىدە خېلى بىر مەزگىل يېڭىلىق ئۈچۈر
بولۇپ قالىدىغانلىقىغا گۇمان قىلماي ئىشەندى. يۈزلىرى قېرى توغ-
راقنىڭ قوۋزىقىغا ئوخشاپ قالاي دېگەن دېھقانلارنىڭ كۈلگەندە يا-
شاڭغىراۋاتقاندەك كۆرۈنىشىمۇ، ئاشۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدا نۇر چېچىپ
پارلاۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى چۈشىنىپ يەتكە-
نىدە يىغلىغۇسى كەلدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يېزىلىق چارۋا مال پونـ-
كىتى خادىمىنىڭ ئېيتقانلىرىنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا رىغبەت
بەرگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئىلھاملان-
دۇرۇپ دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە شۇ چاغلاردىكىدەك
قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ھالبۇكى، بۇرۇنقى ئىرادىسى بەلگىلىك
ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمدىكى ئىرادىسى
كونكرېت، قەتئىي ئىدى. بۇرۇنقىسى كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتاتتى،
نىشاننى شەرت قىلاتتى. ئەمدىكىسى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلاتتى،
بۇيرۇيتتى ۋە جاۋاب كۈتەتتى، نەتىجە كۈتەتتى، بۇ نەتىجىنىڭ
مول، ئەتراپلىق بولۇشىنى شەرت قىلاتتى.

ئۇ يۇرتىدا پەقەت ئون كۈن تۇردى. بېرىلگەن رۇخسەتمۇ شۇن-
چىلىك ئىدى. شۇڭا، ئاتا - ئانىسىدىن تارتىپ ئاغىنە - بۇرادەر-
لىرىگىچە ئۇزۇنراق تۇرۇشقا قىستىمىدى. ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ
كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويۇشتى.

ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ئاخشىمىلا بەھرىنىساغا خەت
يېزىشقا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا يۇرتىغا مېڭىش ئالدىدا يۇرتىنى،

ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت ئالغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى خەتنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ بىر پارچە خەت سېلىۋەتكەن. ئەمدى يېزىۋاتقىنى ئاشۇ «نۆۋەتتىكى خەت» ئىدى. ئۇ كۆرگەن ـ بىلگەن، كۆرۈشكەن ـ سالاملاشقان كىشىلەردىن تارتىپ، بولۇنغان سۆھبەت، گەپ ـ سۆزلەرگىچە تولۇق، قالدۇرماي يېزىشقا تىرىشتى. ئۇ ئىسمىنى ئاتاپ يازغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسىلا كەلگۈسىدە بەھرىنىساغا قېيىنئانا ـ قېيىنئاتا بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلارنى بەھرىنىسا تونۇمايتتى. كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئالاقىسى بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇنداق تەپسىلىي، تۆجۈپىلەپ يېزىپ كېتىشلىرىدە ئۆزىدە قوزغالغان ۋە زادى بېسىقاي دېمىگەن ھاياجان رول ئويناۋاتاتتى. كۆرۈشۈش، سۆھبەتلەردىن كېيىن، يېڭىباشتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچە، تەسىرات ۋە تىكلىگەن ئىرادىسىنى يېزىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ھاياجان دەل ئاشۇ ئىرادىسىنى مەنبە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىرادە توغرىسىدا قىز بىلەن ئورتاقلىشىش، بۇ ھاياجاننى قىز قەلبىگىمۇ كۆچۈرۈش كېرەك ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلار يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىش قەسىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئىدى.

«بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىش» توغرىسىدا تەكرار ـ تەكرار ۋەدە بېرىشىپ، ۋەدىنى قەسەملەشتۈرگەن ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا بۇ قەسەمنى ئۇنتۇپ كېتىشكە قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئەمەلىيەت بىلەن مەۋھۇم ئالەمنى بىر قېتىم كېزىپ مەۋجۇتلۇققا قايتىشقانىدى.

ئىسكەندەر كامىل بۇ سەپەرنى كۆزىنى يۇمسىلا تەكرار كۆرىدۇ ۋە باشتىن ـ ئاياغ يەنە بىر قېتىم قاتنىشىدۇ:

ئۇ كۈنى ھاۋا ئىسسىپ، تىنغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە دىمىق

بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىنالىرىنىڭ سايىلىرى، دەرەخلىرىنىڭ ئاستى، كۆلچەكلىرىنىڭ ئەتراپى، گۈللۈكلىرىنىڭ بويلىرى توپ ـ توپ، جۈپ ـ جۈپ ئوقۇغۇچىلار، كۇرسانتلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. دىمىقىنىڭ يامانلىقىدىن سىنىپ، ياتاقلارنىڭ ئىچى سايە بولغىنى بىلەن شامال ئۆتۈشمىگەنلىكتىن، ئوخشاشلا نەپەسنى قىسىدىغان ئىسسىق ئىدى. بۇنداق دىمىق ئىسسىقنى سوغۇق سۇ ئىچىپمۇ يوقاتقىلى بولمايتتى. يەلپۈگۈچ، كارتون قەغەز پارچىلىرى بىلەن يەلپۈپمۇ قوغلىغىلى بولمايتتى، چۈنكى يەلپۈشتىن چىققان شامالمۇ ئوت يالقۇنلىرى سىيپاپ ئۆتۈۋاتقاندەك قىزىق تۇيۇلاتتى. كىشىلەرنىڭ پېشانە، بويۇن، يۈز، بىلەكلىرىدە ئۈششاق تەر دانچىلىرى پارقىرايتتى. ئۇلارنى سۈرتۈۋەتسە، سۈرتۈلگەن ئورۇندا يېپيېڭىلىرى پەيدا بولاتتى.

ئىسكەندەر كامىل ئەتىسى قايتماقچى، تۆت يىل ئوقۇغان، ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن، بىلىم ئىگىلىگەن مەكتىپىدىن، مۇھىمى شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى، ئىدىيە، ئوي ـ پىكىر، شادلىق ـ خاپىلىق، «يۈتىلىش» كىچە بولغان بارلىقىنى تەقدىم قىلغان ۋە ئاشۇلارنى ئالغان جۈپتى — مەشۇقىي بەھرىنىسادىن ئايرىلماقچى ئىدى. ھەر ئىككىيلەن ئون ـ يۈز قېتىملاپ بۇ ئايرىلىش «ۋاقىتلىق» دەپ ئۆزىنى ۋە بىر ـ بىرلىرىنى بەزلىگەن بولسىمۇ، بەربىر رېئاللىقتىكى ئايرىلىش ئالدىدا بىچارىلارچە مەيۈسلىنىپ، بۇ «ھارپا كۈن»نى ئايرىلماي ئۆتكۈزۈشكە كېلىشىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە كېزىشىپ يۈرۈشەتتى. كېزىپ يۈرگەچ ۋەدىلەرنى تەكرارلايتتى.

دىمىق ئىسسىق ئۇلارنىمۇ ئوچۇقچىلىقتىن سايىغا، سايىدىن خىلۋەترەك، شامال ئۆتۈشىدىغان يەرگە قوغلىدى. مەكتەپنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىزرەك، ئېگىزلىكتە تەبىئىي ئۆسكەن ۋە سۈنئىي ئۆستۈرۈلگەن دەرەخلەر كۆپ ئىدى. ئېگىزلىكنىڭ پەس تەرىپىدە،

دەرەخزارلىقنىڭ قاپچىغايىدا تەبىئىي دۆڭلەر ۋە تاشتىن ياسالغان سۇنئىي تاغلارمۇ بار ئىدى. ئاشۇ دۆڭ ۋە تاغلارنىڭ ئارىلىقىدىن شامال ئۆتۈشۈپ، سالقىنلىق پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار شۇ يەرگە يېرىشتى.

ئۇلار بارغان تەرەپمۇ ئىسسىق، ئەمما پەس تەرەپلەردىن سالقىنراق بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش مەقسەتتە بارغان ياشلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسسىقتىن قورقماي، بىر-بىرىگە ئىسسىقىنى ئۆتكۈزۈپ يېقىن ئولتۇرۇشقان، چاپلىشىپ دېگۈدەك ئۆرە تۇرۇشقان، ھەتتا تەكشى ئۆسۈپ ئاينىيالماي قالغان پەس چىملىقلار ئۈستىدە يېتىۋېلىشقان جۈپ ـ جۈپلەرمۇ بار ئىدى. گويا بۇ بىر جۈپلەر ئەتراپىدا ئۇ بىر جۈپلەر يوقتەك. بۇ يەردىكى ئېگىزلىك، دۆڭ، سۇنئىي دەل ـ دەرەخلەر مەۋجۇت ئەمەستەك سۆيۈشۈۋاتقانلار، ئەركىلىشىۋاتقانلار، غىلجىڭشىۋاتقانلارمۇ ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

«قېلىن» كۆرۈنۈشلەردىن ھەر ئىككىلىسى ھوپپىدە قىزىرىشىپ ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە، ئاندىن يەرگە قاراشتى. ئىزا تارتقىنىدىن لەۋلىرىنى چىشلىشىپ سۈس كۈلۈمسىرەشتى. بۇ كۈلۈمسىرەش ھەر ئىككىسىگە «ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق» تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغاندەك تۇراتتى.

ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە سۇنئىي تاغ ئارىسىدىكى بىر تارچۇقنى كۆزلەپ مېڭىشتى. تارچۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ئادەمنىڭ بويىدىن ئېگىز ئىككى تىكلىمە تاش بىر- بىرىگە روبىرو قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىسى ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ ماڭسا ئۆتۈپ كەتكىدەك بوشلۇق ئىدى. تاشلارنىڭ تۈۋىدە بۇرۇن كىملەردۇ ئولتۇرۇشقا راسلاپ قويغان ياپىلاق تاش تۇراتتى. ئۆتۈشمە ئۈستى بۈككىدە چىملىق بولۇپ، كۈن نۇرىدىن ئىككى تىكلىمە تاش تو- سۇپ تۇرغانلىقتىن بولسا كېرەك، چىملار باشقا يەرلەردىكىدىن

بولۇق، يېشىل ۋە ئۆسكىلەڭ كۆرۈنەتتى.

ئىسكەندەر كامىل كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق ئاشۇ جاينى — ئىككى تىكلىمە تاش ئارىسىدىكى ئۆتۈشمىدە تۇرغان ياپىلاق تاشنى كۆرسەتتى. بەھرىنىسا «مەيلى» ئىشارىسىغا باش لىڭشىتتى. ئىسكەندەر كامىل ئالدىدا، بەھرىنىسا كەينىدە ئەگىشىپ ئۆتۈشمە تەرەپكە قاراپ قەدەم ئېلىشتى. ياپىلاق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئولتۇرغان جاينىڭ ئەتراپىدىن قىز - يىگىتلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرى، كۈلۈشۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى ئېگىز تاشنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن شامالنىڭ غۇيۇلداشلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىكى ھاسىراشلىرى بېسىقىپ، رىتىملىق تىنىقىقا ئۆزگەردى. ھارغىنلىق پەسىيىپ ئۆزلىرىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىشتى. تەرلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، ئەمدىلىكتە ئۈستىدىكى نېپىز كۆڭلەكلىرى بەدەنگە تەگسە ئەندىككىدەك بولىدىغان سالقىنلىققا ئېرىشكەنىدى.

ئۇلار ياپىلاق تاش ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، ھەر ئىككىلىسى بىلمەيتتى. شامال كۈچەيىپ، بەدەن ۋە كىيىملەرنىڭ تەرىدىن ھاسىل بولغان نەملىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىلا قالدى، ئىسسىقتىن قېچىپ نەلەرگىدۇر يوشۇرۇنغان قۇشلارنىڭ ۋىچىر - ۋىچىرلىرى كۆپەيدى. تومۇزغىلارنىڭ غىڭشىلداشلىرى ئاۋۇپ، گۈگۈمنىڭ يەنە بىر مەنزىرىسى باشلانغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. سۈنئىي تاغ ۋە دەرەخزارلىق ئارىلىرىدىكى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇن جۈپلەرمۇ بارا - بارا ئازىيىپ كۈنگە ئەگىشىپ پارغا ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنمەي قېلىشتى ۋە ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانماي قالدى.

— نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ — ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى ئىسكەندەر كامىل ئېغىر تىنىپ، — ئىككىمىز ئالا-

هازەل يېرىم كۈن پاراڭلاشمىغاندەك تۇرىمىز. ماڭغۇ بۇ يېرىم كۈن يېرىم سائەتچىلىك بىلىنمىدى. چۈنكى، يېنىمدا سىز بار. ياق، يېنىمدىلا ئەمەس، يۈرىكىمدە سىز بار، ئاڭ ـ پىكرىمدە سىز بار...

— ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟

— بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ قولتۇقىغا تىقىلىپ ئۆزىدىن ـ ئۆزى سوراۋاتقاندەك دېدى، — سىز كەتسىڭىز مەن يالغۇز قالىمەن. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سىز يوق ئىدىڭىز، بىلىنمىگەن، ئەمدىلىكتە ماڭا تەس بولدى...

— كۆپ قېتىم دېيىشتۇققۇ جېنىم، تېنىمىز ۋاقىتلىق ئايرىلغاندەك تۇرغىنى بىلەن، كۆڭلىمىز ئايرىلمايدۇ...

— مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغاندەك تۇرىمەن، — دېدى بەھرىنىسا جۆيلۈۋاتقاندەك، — كەتكۈچى جۇدالىقنىڭ بىر ئۆلۈشىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۈچ ئۆلۈشىنى قالغۇچىغا قالدۇرىدۇ. مۇنداق ئويلىسام، جۇدالىقنىڭ ھەممىسى قالغۇچىدا قالىدىغاندەك تۇرىدۇ....

— مېنى خۇشال ـ خۇرام كېتىدۇ، جۇدالىقنىڭ دەردىنى تارتمايدۇ، دەپ ئويلىمايدىغانسىز گۆھىرىم؟ — ئىسكەندەر كامىل سەل سىڭايان بولۇپ بەھرىنىساغا تولۇق تۇغرىلاندى. ئالىقانلىرى بىلەن قىزنىڭ ئېڭىكىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىگە تىكىلدى. بەھرىنىسانىڭ ئۈنى چىقمىغىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى، ئۇ ئۈنسىز يىغلايتتى.

— بولمىسا، مەن كەتمەي، ئۈنىۋېرسىتېتنى تاماملىغان دىپلومۇم بار بولدى. باكالاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋان كىنىشكامۇ سومكامدا تۇرۇپتۇ. ئۇلار ماڭا كېلەر يىلىمۇ ئەسقاتار ھېلى؟ مەن سىز ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ساقلاپ تۇراي. بىر يىل دېگەن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز دەرسكە كىرىپ كەتكەندە، مەن بۇ ئەتراپلاردىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئاشخانىلىرىدا، كاۋاپخانىلىرىدا

ياكى ناۋايخانىلىرىدا ئىشلىگەچ تۇرىمەن. تۇرمۇشتىمۇ قىينالمايمىز. سىز دەرستىن چۈشكەندە بىللە بولىمىز، كېيىن شىنجاڭغا بىللە قايتىمىز.

— ياق، ياق، بولمايدۇ، — بەھرىنىسا ئىككىلا ئالىقىنىنى ئۈزدىتىپ ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئاغزىنى توسۇپ گەپ قىلغۇزمىدى، — ئۇنداق دەپ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلماڭ، ئوي - پىكرىمنى چاچماڭ... بولدى، كېتىڭلار، سىز دېگەندەك بىر يىل دېگەن بىردەمدە توشىدۇ. بۇ بىر يىلنىڭ تەتىلىمۇ بارغۇ تېخى! تەتىلدە ئاندىن ئوقۇشۇم پۈتكەندە قوغلىشىپ بېرىپ تېپىۋالىمەن دەڭا سىزنى....

— مەن باغرىمنى ئېچىپ كۈتۈۋالىمەن سىزنى...

ئۇ باغرىنى كېلەر يىلغا ئاشۇرۇپ قويمايلا كەڭ ئاچتى... بەھرىنىسامۇ بىر يىلنى ساقلىماي ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىسسىق، يۇرىكى تېپچەكلەپ دۈپۈلدەپ تۇرغان باغرىغا كىرىپ كەتتى. ئىككىسىنى دۈمبىلىرىدىن ئاللىقاچان بىر كۈچ ئالدىغا ئىتتىرگەندەك قىلاتتى. بۇ ئىتتىرىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئىككىيلەن بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتمەكچىدەك چاپلىشاتتى. شۇ ھالەتتىمۇ بۇ چاپلىشىشتىن رازى بولماي بىر - بىرىنى قىستىشاتتى. تەبىئىيكى، قىستاشتىن تىنالماي قالغان بۇ بىر جۈپلەر ئېغىر تىنىقلىرىنى ھاسىراش، ئىڭراش ئارقىلىق ئادا قىلماقچى، كۆڭۈلگە كەچكەنلىرىنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادە قىلماقچى بولۇشاتتى.

ئۇلار سۆيۈشتى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بېشى يەڭگىل پىرقىراپ، مەست بولۇپ قالغاندەك كۆز ئالدى غۇۋالىشىشقا باشلىدى. قۇلىقىغا بەھرىنىسانىڭ ئېغىر تىنىقلىرى بىلەن سۇس ئىڭرىشىلا ئاڭلىناتتى. بۇ ھال يىگىتنى يەنىمۇ غالجىرلاشتۇرۇپ توختىماي سۆيۈشكە ئۈندەيتتى. بۇ، ئىسكەندەرنىڭ قىز جىنسىنى تۇنجى قېتىم سۆيۈشى، ئەسەبىيلىشىپ سۆيۈشى، قانماي - قانماي سۆيۈشى ئىدى. بۇرۇنلاردا

ئۇ ئوقۇغان ناخشىلاردا، يېزىلغان كىتابلاردا، قويۇلغان كىنولاردا سۆيۈشۈش ھەققىدە جىق مەزمۇنلار بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئوقۇغانىدى. كىنولاردىمۇ ياخشى كۆرۈشكەن قىز - يىگىت، ئەر - ئاياللارنىڭ سۆيۈشىدىغان ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ نېمىشقا ھاياجانلىنىپ «جاپا تارتىپ» سۆيۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئېسىدە ھېچبىر ناخشا يوق، مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن كىتابلارمۇ يوق، كۆز ئالدىدا بىرەر كىنو كۆرۈنۈشلىرىمۇ يوق، ئاڭ - پىكرىدە نېمە ئۈچۈن سۆيۈشۈش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ يوق، ئۆزى، پەقەت بىر ئۆزى بارلىق ناخشىلاردىكى، جىمى كىتابلاردىكى، ھەممە كىنولاردىكى سۆيۈشلەرنى بىراقلا تەكرارلىماقتا ئىدى. قېنى قايناپ، قان تومۇرلىرى كۆپۈپ، خۇدىنى يوقىتىپ سۆيەتتى. قىزنىڭ لەۋلىرى ئاز كەلگەندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، مەڭزلىرىگە، زىناقلىرىغا، ئېڭىكىگە، بويۇنلىرىغا توختىماي سۆيەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئۆز باغرىدا بىلىنەرلىك، سۇس تىترەۋاتقىنىنى، تىترەك بەدىنىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئوتتەك قىزىق ھارارەتنى سەزگىنىدە ئۆزىنى زادىلا تىزگىنلىيەلمەي قالدى. لەۋلىرىنى قىزنىڭ تولغان لەۋلىرىگە بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىنى توختاتتى. بىر قولى تەبىئىي، ئىختىيارسىز ئۇزىراپ قىزنىڭ كوپتىسىنىڭ ئىچىگىچە سوزۇلدى. قىزنىڭ بەل، دۇمبە، ئېغىزمانلىرىغىچە تەرلىگەن ئىدى. ئۇ ئەمدى يالىڭاچ بەدىنىنى سىيلاشتىن پەيدا بولغان ھاياجان ئىچىدە ئۇنى يەنىمۇ قىسىپ ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. قانداق ئىنكاستا بولۇۋاتقىنىنىمۇ بىلەلمىدى. چۈش كۆرۈۋاتقاندەك غۇۋا - خىرە بىر خىل تەسىرات ئىلكىدە بۇ ئالەمدىن، ئۇنىۋېرسىتېتتىن، دۆڭلۈك ئۈستىدىكى سۇنئىي تاغقا ياساپ قويۇلغان تىكلىمە تاشلار ئارىسىدىكى ئۆتۈشمىدىن، ياپىلاق تاش ئۈستىدىن ئايرىلدى. كۆز ئالدى تېخى-

مۇ گۈڭگىلاشتى....

قاچانلاردىن كۆن ئۇلتۇرۇپ كېتىپ ئاي چىققانلىقىنى بىلگى-
لى بولمايتتى. ئاي نۇرى چۈشمىگەن تاشلار ئارىسى گىرىمسەن
قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن ئىدى. دەرەخزارلىق ئىچىدىن تۈن قۇشلى-
رىنىڭ چۇۋ - چۇۋى ئاڭلىناتتى. پەس تەرەپتە تومۇزغىلارنىڭ
غەلۋىسى ئاۋۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار يېتىپ قېلىشقان ياپىلاق تاشنىڭ
ئاستىدىمۇ ئاللىقانداق بىر ھاشاراتنىڭ كىتىرلىشى ئاڭلىناتتى.
تەبىئەت ئەسلىگە قايتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلارمۇ بىر مىنۇت ئىل-
گىرىكى مەۋھۇم ئالەمدىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كەلگەندەك
بولدى. بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇ-
رۇپ:

— مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، تاڭغىچە قويماي مېنى قايتۇرۇپ بەرگىچە
يېنىمدا ئولتۇرۇڭ...، — دېدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي ئاۋازلىق يىغ-
لىۋەتتى. يىغا ئاۋازىدىن نالە - زار، دەرد - ئەلەم ئەمەس، بەختى-
يارلىق تۇيغۇسى ياڭرايتتى.

ئىسكەندەر كاملىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن خۇشلۇق ئۇرغۇپ تۇرات-
تى، ئۇ قىزنىڭ تەلپىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى شوراپ - شۈمۈپ سۆ-
يۈش ئارقىلىق قاندۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بەھرىنىسامۇ ئەم-
دى ئىختىيارىدىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن يىگىتكە كۆڭلىنى
ئىزھار قىلاتتى...

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي، قىلىشىدىغان گەپ - سۆزلىرى-
نى ھەرىكەتتى ئارقىلىق بايان قىلىشىپ تاڭنى كۈتۈۋېلىشتى.
بەھرىنىسا تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— قۇياش چىقىۋاتىدۇ، ئۇنتۇماڭ، بۇ مېنىڭ قۇياشىم!

— شۇنداق، بۇ سىزنىڭ بولسۇن..، — دېدى تىترەك ئاۋازدا
ئىسكەندەر كامىل.

ئۇلار يەنە قۇچاقلاشتى. تاڭنىڭ سۈزۈك ھاۋاسىدەك ئۇچۇق،

www.uyghurkitap.com

تازا، تويۇنغان ھالەتتە ئىسكەندەرنىڭ ياتىقىغا، ئۇ يەردىن فاكۇل-
تېت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ياتاقتا ۋە بىنا ئالدىدا ئىس-
كەندەر كامىلنى ۋوگزالغىچە ئۇزىتىپ چىقىدىغان ساۋاقداشلار،
ئوقۇتقۇچىلار تورۇشاتتى. مەكتەپ ماشىنىسى ئۇزالغۇچى ـ ئۇزات-
قۇچىلارنى ۋوگزالغىچە ئاپىرىپ قويدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئە-
تە ـ ئۆگۈن باشقا يۆنىلىشلەر بىلەن ئۇزايدىغان ساۋاقداشلىرى
بىلەن ئوقۇتقۇچىلار دېيىشكە تېگىشلىك گەپ ـ سۆزلەرنى دېيىد-
شىپ، ئاقىيول تىلەپ قايتىشتى. بەھرىنىسالا ۋاگونلار مېڭىپ
كەتكىچە ئىسكەندەر كامىلغا ھەمراھ بولۇپ تۇردى. ئاخىرقى قې-
تىم قۇچاقلاشقاندا ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.
ئىسكەندەر كامىلنىڭ بەكمۇ سۆيۈشۈپ خوشلاشقۇسى بار ئىدى.
ئەتراپتىكى جىققىنا ئادەملەردىن ھېيىقتى. ئۇلار مانا شۇنداق ھا-
لەتتە خوشلاشقان ئىدى.

بەھرىنىسا غەربكە ماڭغان پويىزنىڭ ئاخىرقى ۋاگونلىرى ئۇ-
زاپ، كۆزدىن غايىب بولغىچىمۇ ۋوگزال سۇپىسىدا خېلى ۋاقىت
تۇردى. بىر پاسازىر پويىزى، ئىككى يۈك پويىزى ۋوگزالغا كى-
رىپ ـ چىقىپ كەتتى. ئۇ تېخىچە يېنىدا ئىسكەندەر كامىل بار-
دەكلا ھېس قىلاتتى. ئاخىر، ئۇنىڭغا خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ
قالغان بىر ۋوگزال خىزمەتچىسى تورۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى
ئەسكەرتكەندىن كېيىنلا ئۇ ۋوگزالدىن قايتىپ چىقىپ ئۇنىۋېر-
سىتېت تەرەپكە يول ئالدى. ۋوگزال بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئا-
رىلىقى خېلى بار ئىدى. كوچا ئاپتوبۇسلىرى قاتنايتتى. ئۇنىڭ
ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. نېمىشقىدۇر ئادەملەرگە كۆرۈ-
نۈشتىنمۇ ھېيىقىپ قالدى.

ئۇ سولاشقان، ھارغان ھالدا ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى
چۇشەككە تاشلاپ يىغلىۋەتتى، ياتىقىدا باشقا ئادەم بولمىغانلىق-
تىن، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى. نېمىشقا بۇنچىۋالا

يىغا بىسىپ كىتمۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. ئىسكەندەر كامىل كەتكەنى ئۇچۇنمۇ؟ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ كىتىدىغانلىقى ئېنىق، بۇ ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىش، روھىي تەييارلىقى بار. ئۆزدىنىڭ يارسىز يالغۇز قالغانلىقى ئۇچۇنمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇمۇ سەۋەب بولالايدۇ. ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۇنى ساقلاپ بىر يىل تۇرۇشى ياكى ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزمەيلا بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇمۇ خېلىدىن بېرى كۆڭۈلگە پۈكۈكلۈك، ئىدىيەسىگە مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن، بويسۇنمىسا بولمايدىغان ئەمەلىي مەسىلە. ئۇنداقتا، كۆڭۈل يېرىم بولماسلىقىنى تەلەپ قىلغىلى بولمىغاندىمۇ، كۆڭۈلنىڭ بۇ قەدەر قۇرۇقدىلىپ قېلىشىنى قانداق چۈشەنسە ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەر؟

ئۇ قورسىقى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشقىچە ياتتى. بىردەم ئۇنلۇك، بىردەم ئېسەدەپ يىغلاۋېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشلۈك تاماق يېمىگەن، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى. تۈنۈگۈن ئىسكەندەر كامىل بىلەن چۈشلۈك تاماق يېدى. كەچلىكى يېيىشمىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇزاتقۇچىلارنىڭ زورى بىلەن ئەتىگەنلىك تاماق يېگەن بولدى. كەچلىكىمۇ بىر نېمە يېمىسە، ئاچ قورساق تاڭغا ئۇلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىدلىپ مەكتەپ ئاشخانىسىغا باردى. گېلىدىن بىرنېمە ئۆتىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ تەتۈر چايناپ يۇرۇپ بىر موممىنى تەستە تۈگەتتى.

ئۇ ياتىقىغا كەچ باردى. مەيدانلار، گۈللۈكلەر، دەرەخ دالدىلىرى تۈنۈگۈنكىدەكلا جۈپ - جۈپلەرنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئەستىلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بارغان، تاڭ ئاتقۇزغان دۆڭلۈككە، ئىككى تىكلىمە تاش ئورنىتىلغان، يالپاق تاش قويۇلغان سۇنئىي تاغدىكى ئۆتۈشمىگە بېرىپ باققۇسى كەلدى - يۇ، ئۆزىنى ماغدۇرسىز ھېس قىلىپ نىيىتىدىن ياندى.

www.uyghurkitap.com

بۇ دېلىغۇللۇق ماغدۇرسىزلىقتىنلا ئەمەسلىكى ئۇ ياتاقتا كىرىپ كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتقاندا ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ ماغدۇرسىزلىقنى، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىنى، ئىسكەندەر كامىلغا ئاتاپ بېغىشلىنىۋەتكەن قەلبىنىڭ يەنە بىر چوڭقۇرلىقىنىڭ بوشلۇقىنى، ئاشۇ كەمتۈكلۈك ۋە قۇرۇقلۇق ئەمدى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ بۇ كەمتۈكلۈكنى كىچىك ئىش كۆرمىدى. ئادەمنىڭ ئۆزىدىمۇ ئەسلەشكە بولمايدىغان مەخپىيەتلىكى بولىدۇ. بۇ كەمتۈكلۈك بەھرىنىسانىڭ ھازىرغىچە ئۆتكەن ھاياتىدىكى سىرى — مەخپىيەتلىكى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنى يادىغا كەلتۈردى. بۇلا ئەمەس، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ چىقتى.

بۇنى ئىسكەندەر كامىلغا ئېيتىپ بەرمىدى. ئۇ قىزدىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمىغان، سورىمىغانىدى. سورىمىغانلىقى ئۇچۇنلا دېمەسلىك كېرەكمىدى؟ بۇ سوئالغا ئۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى بۇنداق سوئالغا دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ قىز ئەمەس ئىدى. ئاخشامقى كېچىدىن كېيىن، ئىسكەندەر كامىل ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ بىلمىدىمۇ؟ سۆيۈشلىرى بىر - بىردىن تاتلىق، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن لەززەتلىك... بۇلارغا قاراپ يىگىتنى قىزنىڭ چىلىقتا ھېسسىياتقىلا بېرىلىپ، باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغان دېيىشكىمۇ بولار، ئەمما تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ يىگىتتە بىرەر ھالەتنى بىلىپ قالغاندەك ئالامەت كۆرۈنمىدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق ھالەتنى ئىپادە قىلغان بولسا ياكى توغرىراقى «نېمە ئىش بۇ؟» دەپ سورىغان بولسا، شۇنداق ياخشى بولغان بولاتتى. بەھرىنىسا ھەممىنى بىر باشتىن ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «ھە، مۇنداق دەڭ، ئەسلىدە سىز كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بوپتىكەنسىز - دە؟ تاس - تاماس قاپتىمەن تېخى...» دەمدۇ ياكى قوپاللىراق قىلىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن يۈرىدىغان، سۆيىد-

ـدىغان يىگىت تاپسىڭىز، ‹مېنىڭ ئىشتانىمىزنىم يېشىلىپ بول-
غان...› دەپ ئەسكەرتىپ قويارسىز» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىر نىمە
دېگەن، بۇنىڭ بىلەن قىز قەلبىگە ئوت قويۇپ، ھېس - تۇيغۇلىـ-
رىنى يىغىشتۇرۇۋالالمايدىغان دەرىجىدە چالغىتىۋەتمىگەن بولار
ئىدى.

بەھرىنىسانىڭ باشتىلا — چارۋىچىلىق فېرمىسىدا پىراكتىكا
قىلىپ يۈرگەندە ئىككىيلەن تونۇشۇپ بارا - بارا ئىچ پەش تارتى-
شىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك
توغرىسىدا ئىزاھات بەرگۈسى كەلگەنىدى، بەرمىدى. تونۇشقانغىلا
مۇھەببەت يېتىلمەيدۇ، يېتىلمىگەن مۇھەببەت تاۋلانغان، پىشقان
مۇھەببەت ئەمەس، بۇ ھالدا ئۆتمۈشنى، كەمتۈكلۈكنى سۆزلەپ
ئاشكارىلاپ، كۆڭۈلنى يارا قىلىش ئەرزىمەيدۇ. مۇھەببەت پىشىپ
يېتىلدى، دېگىلى بولمايدۇ. مۇھەببەت مەڭگۇ نارەسىدە ھالەتتە يا-
شايدۇ. پىشىپ يېتىلدى، دېگەن مۇھەببەت غازاڭ تاشلاش ھالىتىدە
تۇرغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردە بەھرىنىسانىڭ
«مەخپىيەتلىكى» ئاشكارىلانسا، «پىشىپ يېتىلىپ قالغان» ئىس-
كەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ مۇھەببىتىدىكى غازاڭ تاشلات-
قۇزىدىغان ئىرغىتىش ياكى شامال رولىنى ئوينىمايدۇ، دېيىشكە
كىم كېپىل؟

خىجىل بولۇۋاتقۇچىنى خىجىل قىلىشقا ئۇرۇنۇش، شۇ ئۇرۇنغۇ-
چىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدىكى زور نۇقساندۇر. بەھرىنىسا خىجىل بو-
لۇپ ئۆتكەن كۈنلەردە ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۈندە دېگۈدەك بىللە
يۈرۈشكەن، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ «ئاشىق - مەشۇقلار» دەپ تەرىپلى-
شىنى ئاڭلاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزىدە بار دەز تۇيەيلىدىن ئارتۇق
سۆۋۈشۈپ، ئىنتىلىپ كەتمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە چەك يېرىلدى،
چىگرا بۇسۇپ ئۆتۈلدى. ئىسكەندەر كامىل ھېچنېمىنى بىلمەي،
سەزىقتىن ئۆتۈپ كەتتى دېيىلگەندىمۇ، ئۇنى ئەخمەق، مەتۇ، دەلتىگە

چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئۇنداقتا، ئۇ خۇپسەنلىك قىلىۋاتامدۇ؟ بۇنداق يەكۈن چىقىرىشقىمۇ ئەتىگەن....

بەھرىنىسا ئاشۇنچىۋالا جىق ئويلىدى. يىكىر ـ مۇلاھىزىلەردىن ئىككى چېكىسى ئاغرىپ، باشقا بىر كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. يەنىلا بولمىدى، پىكرى يەنىلا ئۆزى ۋە ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك ئۈستىگە يىغىلىۋالدى.

ئۇ كەمتۈكلۈكنى ئىسكەندەر كاملىدىن مەڭگۈ سىر تۇتۇش ئويىدا ئەمەس ئىدى، پەقەت قايسى چاغ، قانداق شارائىتتا ئاشكارىلىسا مۇۋاپىق بولىدىغان پەيت ئۈستىدە خېلى كۆپ، بىرنەچچە قېتىم باش قاتۇرغان، راستىنى ئېيتقاندا، «مەخپىيەتلىك»نى توي قىلغىچە پۇختا ساقلاش، توي بولۇپ «ئەر ـ خوتۇن»لۇق ئەمەلىي پاكىتقا ئايلانغاندا ئېلان قىلىش...دېگەن بىر خىيالنىمۇ بىر قېتىم قىلىپلا قورقۇپ كەتكەنىدى. «ئۇ چاغدىكى ئەر ـ خوتۇنچىلىق نامدىكى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تارقاتقان قىزىل كىنىشكىدىكى، ئەتراپىدىكى ئەل ـ جامائەتنىڭ نەزىرىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇقكى، ئىككىيلەننىڭ مەنىۋىيىتىنى قوشۇپ يۇغۇرۇۋەتكەن مۇقەددەس ئەر ـ خوتۇنلۇق ئەمەس، ئۇلۇغ ئاللا ساقلىغاي ئۇنداق بەمەنىلىكتىن....»

ھاياتتا ھەر كۈندە نەچچە قېتىملاپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار، ھادىسىلەر ئەستە قالماي، چۈش كۆرگەندە قارا باسقاندەك بىرەر قېتىم سادىر بولۇپ قالغان ئىشلار ئوي ـ پىكىرنىڭ دائىملىق ئىشغالىيەتچىسى بولۇپ ئۆتىدىغان تەڭپۇڭسىزلىقتىن ئەجەبلىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇنداق بولۇشتا، ئاۋۋالقىسى كۆپ يۈز بەرگەنلىكتىن ئېتىبارسىز، كېيىنكىسى ئاز سادىر بولغانلىقتىن قىممەتلىك سانىلىدىغاندۇر، بەلكىم. بەھرىنىسانىڭ ئاشۇنداقمۇ ئويلاپ باققان ۋاقىتلىرى بولغان، كېيىنكىسىنىڭ ئەستىن چىقماسلىقىدا دەل ئاشۇ «قارا بېسىش»نىڭ دەھشىتى، قورقۇ-

تۇشى رول ئوينايدىغانلىقىغا يەكۈن چىقىرىپ بولغانلىقىمۇ تۇرتكە بولغاندۇر، بەلكىم...

... ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئوقۇۋاتقان مەكتىپى ياتاقلىق بولسىمۇ، ئۆيى مەكتەپكە يېقىن ۋە دادىسى كېسەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، مەكتەپكە قاتناپ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنغاندى. ئۇ دادىسىنىڭ كەچلىك تامىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى تەييارلايتتى، ھەپتىدە بىر قېتىم كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. دادا ۋە قىزنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇنداق غورىگىل، ھەۋەس قىلغۇچىلىكى يوق ھەتتا باشقىلارغا دەپ بەرگۈچىلىكىمۇ ئەرزىمەيدىغان «كۆڭۈل ئۆتكۈزۈش» ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئايرىلىپ كەتكەن، بىرەر يىللاردىن كېيىن، ئانىسى باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگەيلەنمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى مومىسىنىڭ ( ئانىسىنىڭ ئانىسى ) بېقىشىغا ھاۋالە قىلغانىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇپ، دادىسىنىڭ نېمىشقا يېڭىباشتىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقماي چوڭ بولدى. مومىسى، ئانىسى ۋە مەھەللىدىكىلەر «دادىڭ ئەسكى» دەيتتى ئۇنىڭغا. ئۇ دادىسىنى بىچارە، تۇنجى تويىغا سادىق، بالىسىنىڭ ئانىسىنى يادىدىن چىقىرالماي قايتا ئۆيلۈك بولمىغان، دەپ تونۇيتتى. بەزىدە ئانىسىنى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دادىسىنى كۆرگىلى بېرىپ تۇراتتى. بالىلىقىغا يارىشا، دادىسىغا جىقراق مېھرىبانلىقنى ئىپادە قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە دادىسىنىڭمۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەي ئىشىنەتتى.

ئۇ چوڭ بولغانسېرى ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرۈشنى، ياخشى ـ يامانني ئايرىپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىشكە ۋە كۆنۈشكە باشـ

www.uyghurkitap.com

لىدى. دادىسىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى
شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، مەكتىپىدىن رۇخسەت ئالدى. مومىسى بىـ
لەن ئانىسى ئۇنىڭ قارارىغا خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. داـ
دىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن «ئانچە ـ مۇنچە» خەۋەر
ئالماقچى بولغانلىقىغا قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، قوللاش پوزىتـ
سىيەسىدىمۇ بولمىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا خىجالەتچىلىك تارتقان
بولسىمۇ، بەھرىنىسا دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئىرادىسى بىلەن
مومىسىنىڭ ئۆيىدىن دادىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى.

ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا يېرىم يىلچە تۇرغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ
نېمە ئۈچۈن «ئەسكى» ئاتىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. دادا قىمارغا
ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىسمەن بولۇپ، ئىش ـ ئوقەت بىلەن شۇغۇللانـ
مايتتى. كەنتتىن ھۆددىگە بېرىلگەن يېرىنى تېرىماي، ئاق تۇرغۇـ
زۇپلا يىللىقىنى سېتىپ، پۇلىنى قىمارغا سەرپ قىلاتتى. ئۆي ئىـ
چىمۇ قۇرۇق دېگەندەك بولۇپ، قولغا چىققۇدەك، كۆزگە چېلىققۇدەك
سەرەمجان يوق ئىدى. بۇ دادىنىڭ «ئاغرىق ئازابى» مۇ قىمارنىڭ نەـ
تىجىسى بولۇپ، قايسى بىر سورۇندا ئوتتۇرۇۋېتىپ «چىدىماسلىق
قىلغان»دا قاتتىق تاياق يېگەن. مۇشت ۋە پەشۋالار ئاستىدا سول تەـ
رەپتىن ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇش دەرىجىسىدە ئەدەپ يەپ، دوخـ
تۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا پۇل بولمىغانلىقتىن، ۋاقتى ـ قەرەـ
لىدە ئۆرە بولالمىغان. ئۇ ئاشۇ ھالدا تۇرۇپمۇ ھېلىقى ئىشتىن ئۆزىـ
نى تارتمايتتى. كۈندۈزلىرى ئۆيدە ئولتۇرمايتتى. بەزىدە يېرىم
كېچىدە پەيدا بولاتتى. بەزىدە تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتاتتى. ئۇنىڭ
دوست ـ بۇرادەرلىرى بىللە قايتقان، ئۇنى ئەپ كېلىپ قويغان
چاغلىرىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئۇرانىدىن بەھرىنىسا داـ
دىسىنىڭ كېچىلەپ ئۆيگە قايتالماسلىقى «چوتار يىغىش» ئۈچۈن
ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، «چوتار»نىڭ نېمىلىكىنى بىلەلـ
مىدى.

ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ۋە «ئوبدان دادا، ئىشچان دادا، خوتۇن ـ بالىلىرىغا، ئۆيىگە كۆيۈنىدىغان دادا» نى خەقتىن ئالغىلى بولمايدىغانلىقى، بۇيرۇتۇپ تاپقىلىمۇ بولمايدىغانلىقىدەك ھېكمەتكە ئەقىدە قىلغانلىقتىن، دادىسىنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۆزى ئىزدەپ تاپقان بۇ ئەلىمىنى مومىسىغىمۇ، ئانىسىغىمۇ ئېيتالمايتتى. توغرىراقى، بۇلار ھەققىدە ئۇلارغا ئېغىز ئېچىشتىن ھېيىقاتتى. شۇنداق بىسەرەمجانچىلىقلار بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچە چىقىپ ئوقۇدى.

دادا ـ بالىنىڭ تۇرمۇشى ئۇچۇن كەنت باشقۇرۇش كومىتېتى باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغاندا، بەھرىنىسا ئىچىدە خۇش، ئەھلىمەھەللىدىكىلەر ئارىسىدا ئىزا تارتىپ يۈردى. ئەسلىدە دادىسىنىڭ قوۋۇرغىسى يەر تارتىپ يۈرگەن چاغلاردا بىر توپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ ۋارانسىز بىكار قالغان قوتان ـ ئېغىل ۋە يەنە تام ـ لىرى زەيلەپ، سۈۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەسكى سامانلىقىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، ياغاچ، ۋاسلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، بەھرىنىسا شۇ چاغدا دادىسى قەرز قايتۇرالمىغان بولسا، ھەقدار قىمارۋازلار ياغاچ، ۋاسلارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، كەنت مۇدىرى ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، قىمارۋازلاردىن ئالدىنىراق قول سېلىپ، ياغاچ، ۋا ـ سلارنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇلارنى سېتىپ، پۇلنى كەنتتە ساقلاپ، بەھرىنىسا ۋە دادىسىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يېمەك ـ ئىچ ـ مىكى ئۇچۇن ئاشۇ پۇلدىن ئۇدۇللۇق خىراجەت قىلىپ تۇرغان. بۇ ئىشنى كېيىنرەك ئاڭلىغان بەھرىنىسا كەنت مۇدىرى ئالدىدا دادى ـ سىغىمۇ كۆرسەتمىگەن ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ يىغلاپ كەتكە ـ نىدى.

ياغاچ ـ ۋاسلارنىڭ پۇلى ئايلىق بولدى، يىللىق بولالمىدى.

بەھرىنىسا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىل بولغاچقا، ئۆيىگە، دادىسىغا قاراشنى ئىككىنچى ئورۇنغا، دەرسلىرىگە قاراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قىزغىنلىقى دادىسىنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. ئۇ ھەممە كەلمىشلەرنى «تەقدىرى ئەزەل» گە باغلاپ قويۇپ، كېسىلى ئاز- تولا ياخشى بولسىلا « ھەرنېمە بولسا خۇدايىم بەرگەن ئالتۇندەك قىزىم بار...»، «ئۆيىنىڭ مەن يېتىشەلمىگەن روزىغارىغا قىزىم تۇرۇپتۇ ئەنە...» دەپ ئىت قاۋىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە ئېغىناپ يۈرۈشنى داۋام قىلىۋەردى.

بەھرىنىسا دادىسىنىڭ قىلىقلىرىنى ھار ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ دادام ـ دادام، دەپ يۈرگىنى بىلەن، دادىسىنىڭ قىزىنى ـــ ئۆزىنى ئويلاپ قويمايدىغانلىقىنى، قىزىنىڭ كەلگۈسى تۇگۇل، ئەتە ـ ئۆگۈنى ئۇچۇنمۇ باش قاتۇرمايدىغانلىقىنى سەزدى. بىر ئاخشىمى دادىسى يېرىم كېچىگە يېقىن مەست كىردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن ئاخشام ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەن قىمارۋازلار مەردلىك قىلىپ، ئاز ـ تولىدىن پۇل چىقىرىشىپ ئاددىي ھاراق سورۇنى راسلىشىپتۇ. ئۇنىڭ گەرچە سالاھىيىتى توشمىسىمۇ بۇرۇنقى «تۆھپىلىرى» ئۈچۈن ۋە ئېنىقراقى «ئېچى كىرىپ قالماسلىقى» ئۈچۈن، ئىككى ـ ئۈچ رومكىدىن «ئىئانە» قىلىشىپتۇ. ئاچ قورساققا چۈشكەن ناچار، ئاچچىق ھاراق مېڭىسىگە ئۆرلەپ چىقىپ غەلدىيان كۆتۈرۈپتىمىش. چۈش كۆرمەي ئوبدان بىر ئۇخلىۋالسا، ئەتە ئەتىگەن مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنىدىنمۇ تېتىك قوپۇشىدا شەك يوقكەن.

دادىسى ئۇخلاش ئالدىدا جۆيلۈگەندەك غودۇڭشىپ كەتتى:

ـــ بوي تارتىپ رەسىدە بولۇپ قالدىڭ قىزىم. ئۇ ـ بۇ ئېغىز ئېچىپ يۈرۈشىدۇ ـ يۇ، چاقچاق ياكى راست گەپ ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ... پۇل ـ ۋەجى بار، كۆپنى كۆرگەن، ئۆيگە

كىرسە ئۆينى، تالاغا چىقسا ئون بەش غوۋلاچ يەرنى پىرقىرىتالايدى-
غان، مەيدىسىدە ئەركەك توكى بار بىرەر گاڭگۇك ــ نوچا خېرىدار-
لىقىمنى قىلسا بولاتتى. ھاياتىمدىكى يەنە بىر چوڭ ئارمىنىمغا
يەتكەن بولاتتىم...

بەھرىنىسا چۆچۈدى ھەم قورقۇپ كەتتى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ
رەسىدە بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇنى
بەرمەكچى بولغانلارنىڭ تىزىملىكى بەھرىنىسا ئۈچۈن دەھشەتلىك
كىشىلەر توپى ئىدى. دادىسىنىڭ پات ــ پات تەكىتلەپ تۇرىدىغان
ياشاش نەزەرىيەسى ۋە ئادەملەرگە قارىتىلغان باھاسى بار ئىدى.
«ئادەم ئادەمدەك ياشىشى لازىم. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرا ــ تۇرماي
كۆڭگە قاراپ كەچ بولۇشىنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاپ يۈرسە، ئادەم دې-
گىلى بولامدۇ ئۇنداق ئادەمنى؟ چىۋىن، پاشىلار، قۇرت ــ قوڭ-
غۇزلار ئاشۇنداق ياشايدۇ...» ياكى «ئادەم دېگەن ھاياتىدا توختام
سۈدەك تىنچ، تۇرغۇن ياشىسا قىزىق بولمايدۇ. ئەسلىگىچىلىكىمۇ
بىر نېمە قالمايدۇ، توختام سۇ سېسىپ كەتكەندەك، ئۇنداق ئادەممۇ
ئادەملەر توپى ئۈچۈن يوك بولۇپ قالىدۇ، يوك! ئۇنداقتا، ھاياتىنىڭ
نېمە قىممىتى قالسۇن...؟» بەزىدە تېخى «ھاياتىدا بىرەر ــ ئىككى
قېتىم تۇرمىگە كىرىپ چىقمىغان، تۆت ــ بەش مۇشت، ئىككى ــ
ئۈچ پەشۋا ئاتماي ئۆتكەن ئادەمنى ئىككى جىنسقا تەۋە ئادەم دېيىش
كېرەككى، بېچىرىم، مۇكەممەل ئادەملەر تىزىملىكىگە قوشقىلى
بولمايدۇ...» دەپمۇ قويىاتتى. ئۆزىچە كۆڭلى خۇش چاغلاردا:

ئەر كىشى ئەردەك كېرەك، نەردەك كېرەك،
بۇغرىسى تۇتقان تۆگىلەردەك كېرەك.
قوغۇنەك سايىسىدا جان باققۇچە،
بوز لاچىن چاڭگىلىدا ئۆلمەك كېرەك.

دەپ غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپمۇ قويىاتتى، ئۇنىڭ بىلىدىغان ناخشى-
لىرى كۆپ ئەمەس، بىرنەچچە ئاھاڭ بىلەتتى. قايسى ئاھاڭغا غىڭ-

شىسا، چۈشسۈن ـ چۈشمىسۈن ئاشۇ بىرلا تېكىستنى سالاتتى.
ئاشۇ دادىسىنىڭ قىزى ئۈچۈن مۇناسىپ كۆرىدىغىنى «پۇل ـ
ۋەجى بار باي» بولۇشى، «ھەممە يەردە ئېقىپ ـ كېزىپ يۈرگەن،
ئۆيدە ئۆيىنى بېشىغا كىيىدىغان جېدەلخور، تالاغا چىقسا ئەھلىمە ـ
ھەللىدە باش كۆتۈرگۈسىز قىلىدىغان ئۇرۇشقاق جەللىگۇر» ياكى
«نوچا ـ گاڭگۇڭ دەپ لاپ ئۇرۇپ يۈرىدىغان لۈكچەك» بولۇشى
لازىم ئىكەن. ئۇنىڭ مەنتىقىسى بويىچە «بىر ـ ئىككى قېتىم تۈر ـ
مىگە كىرىپ چىققان» ئادەملەر توپىنىڭ ئېشىنىدى ـ ساقىنىدىلىـ
رىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزات بولۇۋەرسە، قىزىنىڭ ھاياتىنى
نېمە دەپ باھالىغىلى بولىدۇ؟
ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي يىغلاپ، تولىمۇ تەستە تاڭ ئاتقۇزدى، يە ـ
غىشتۇرىدىغانلىرى چاغلىق بولغاچقا، بوغچىسى بىلەن سومكىسىـ
نى كۆتۈرۈپ مەكتىپىگە كەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى دادىسىنىڭ ئۆيىگە
قايتقۇسى يوق ئىدى. مەكتەپتە ئۇنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان ياتىقى،
نامرات ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەقسىز تاماقى تۇرسا،
نېمىدىن غەم قىلغۇلۇق؟
غەم قىلىدىغانغا غەممۇ بار ئىدى. بۇ غەم كەلگۈسى ئىدى.
بەھرىنىسا ياخشى ئوقۇيتتى. مۇنداقلا ياخشى ئەمەس، ئەڭ ئالدىنـ
قى قاتاردا تۇرىدىغان بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى ئىدى. سىنىپ
مۇدىرىمۇ، دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنى «ئىستىقبالى بار
ئوقۇغۇچىمىز» دەپ تەرىپلىشىپ تۇراتتى. ساۋاقداشلىرى ھەۋەس ۋە
ھەسەتمۇ قىلىشاتتى. مەكتەپ ئىچىدە «بەھرىنىسا ئەڭ چوڭ، ئەڭ
داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇيالايدۇ......» دېيىدىغان بىر پىكىر ئېـ
قىپ يۈرەتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا بەھرىنىسانىڭ دىلى ئىللىپ
قالاتتى ۋە يەنە كۆڭلىنى غەم تۇمانلىرى بېسىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىـ
ناتتى.
بۇ غەم ئوقۇش خىراجىتى سىياقىدا گەۋدىلىنەتتى. بەھرىنىـ

سانىڭ ئاڭلىشىچە، داڭلىق، نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالـ-ىدىغان ئوقۇش خىراجىتىمۇ كۆپ بولىدىكەن، بەزى ئوقۇتقۇچىلار: «دۆلەتنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارنى يۆلەش فوندى بار، ئوبدان ئو-قۇسىلا بۇ پۇلغا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ رىغبەتلەندۇرەتتى. يەنە بەزىلەر: «ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ...» دەپ ئاۋۇندۇراتتى. قايسى مەبلەغ ۋە پۇلدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە ئېرىشىشتە ئالدىنقى شەرت «ياخشى ئوقۇش». دېمەك، «ياخشى ئوقۇدى» دېگەن باھاغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەرىبىر، ئاۋۋال ئوقۇشى كېرەك. مۇشۇ «ئاۋۋال ئو-قۇش»تىن ئىلگىرى يەنىلا ئوقۇش پۇلى تۆلەش، «ئاۋۋال ئوقۇش» جەريانىدا ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى، قوشۇمچە ماتېرىياللار، تاماق ۋە ياتاق...لارغا پۇل خەجلىگەچ تۇرۇش كېرەكتۇ؟

سىنىپ مۇدىرى، خىزمەتكە چىققىلى تۆت يىلدىن ئاشقان ما-تېماتىكا مۇئەللىمى ئايسىمە كونكرېتراق مەسلىھەت بېرىپ مۇڭ-داق دېدى:

— نىشانلىق ئوقۇش - ئوقۇتۇش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كۆرەيلى. بۇنىڭدا سىزنى ناھىيە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن بو-لىدۇ. ئوقۇشنى تۈگەتىسىڭىز دەل مۇشۇ ناھىيەگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ناھىيە ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بارغاندىن تارتىپ يانغانغا قەدەر كەتكەن، كېتىدىغان خىراجەتنى ناھىيە مالىيەسى ئۆز ئۈس-تىگە ئالىدۇ...

بۇ خېلى ئەمەلىي، ئاقىلانە پىكىر بولۇپ تۇيۇلدى. بەھرىنىسا-نىڭ:

— مەن قانداق قىلىپ ئاشۇ كۆرسەتكۈچنى قولغا كەلتۈرەلەي-مەن؟ — دېگەن سوئالىغا سىنىپ مۇدىرى ئايسىمە:

— چوڭ ئىش كەتمەيدۇ، — دېدى بەھرىنىسانى خاتىرجەم قى-لىپ، — ئالدىڭىزدا قىشلىق تەتىل، ئاندىن كېيىن ئاخىرقى ئو-

قۇش مەۋسۇمى بار. مۇشۇ ۋاقىتقىچە ناھىيەمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇڭ، كۆزىتىڭ. قايسى ساھەگە ئىختىساسلىقلار بەكرەك لازىم ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەڭ. كېيىن شۇ ساھەگە ئالاقىدار كەسپىي ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ ئىلتىماس يازمامسىز. مېنىڭچە، ناھىيەمىزگە يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتى دېگەن ساھەلەرگە خىزمەت قىلىدىغان كەسپىي خادىملار كېرەك، ئوقۇش پۈتكۈزگىنىڭىزدىن كېيىن، ئاشۇ ساھەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تاللاپ، ئوقۇش ئارزۇيىڭىزنى بىلدۈرسىڭىز، مەسىلە ئاسان ھەل بولۇشى مۇمكىن، — ئۇ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى، — دېيىشىۋاتقانلىرىمىز بىر ئېھتىماللىق، ۋاقتى - قەرەلى كەلگەندە بۇنىڭدىنمۇ ئاسان، راۋان يوللار چىقىپ قالامدۇ تېخى...؟

بەھرىنىساغا ئايان: ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك. يېزىدا قېلىش، دادىسىنىڭ يېنىدا ياكى مومىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئەرگە تېگىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەرگە تېگىش يامان ئىش ئەمەس، ھامان يۈزلىنىدىغان رېئاللىق. ئەمما، كەسىپسىز، مۇستەقىل كىرىمسىز ئەرنىڭ قولىغا قاراپ ياشاش — ئاشپەز بولۇشتىن، بالا تۇغۇش ۋە ئۇلارنى چوڭ قىلىدىغان تىرىك ماشىنا بولۇشتىن باشقا تاللاش ئەمەس.

ئۇ «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ»نىڭ ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرمەي، ئاز - تولا پۇل جۇغلاپ قويۇش كويىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەقلىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. يەنى، مەيلى مەكتەپ، يېزا، ناھىيە ياردەم قىلسۇن، مەيلى ئوقۇش ياردەم پۇلى ياكى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشسۇن، ئاشۇ ئارىلىقتا ئۆزىدىمۇ ئاز - تولا پۇل بولۇشى لازىم. كىراغا بولسىمۇ پۇل لازىم بولار؟ شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋاق تاماقنى، يېتىپ - قوپۇشقا ياتاقنى

دۆلەت ــ مەكتەپ كۆتۈرگىنى، كىيىم ـ كېچەكنىڭ مەكتەپ ئىد. چىدە كىيىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار فورمىسىنى مەكتەپ ھەق ئالماي تارقىتىپ بەرگىنى بىلەن، ئىچ كىيىم، كىر يۇيىدىغان سوپۇن، چىش يۇيىدىغان چوتكا، پاستا، ئاياغ ـ پايپاق، تارغاق ـ سۈزگۈچ. لەر...نى پۇلغا سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوقۇش كىتاب ـ ما. تېرىياللىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، دېگەن بىلەن تاپشۇرۇق، مەشىق ئىشلەيدىغان دەپتەر، خەت يازىدىغان قەلەم، سىياھ دېگەن. لەرنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغانغا ئوخشاش ئىش.

ئۇ ئىشلەشنى قارار قىلدى. توغرا، ئىشلەش كېرەك! ئوقۇش پۈتكىچە مەۋسۇم ئارىلىقىدا شەنبە، يەكشەنبە ۋە كەچقۇرۇنلىرى، تەتىل ۋاقتىدا پۈتۈن ئىشلىسە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزمىسە چاتاق چىقمايدۇ، مەكتەپ سۈرۈشتە قىلمايدۇ، سۈرۈشتۈرگەندىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالى مەلۇملۇق بولغاچقا، ئەيىبكە ئۇچرىمايدۇ، يولى توسۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن. قوللاشقا ئېرىشىپ قالسا تېخى ياخشى...

ئۇ ئىش ئىزدەشكە كىرىشتى. يېزا بازىرى چوڭ بولمىسىمۇ، ئاۋات بولىدىغان بىرنەچچە دوقمۇشى بار ئىدى. ئۇ يەرلەردە قولىغا ئەندىۋا ـ پالاق تۇتقان تامچىلار، قول ھەرىسى كۆتۈرۈۋالغان يا. غاچچىلار، ئەينەك پارچىلىرىنى ئالدىغا قويۇۋالغان ئەينەك سالغۇ. چىلار، سىر ـ بوياقلار بىلەن ئالا ـ بۇلىماچ قىلىۋېتىلگەن تاختاي پارچىلىرىنى تىزىۋالغان سىرچىلار، ئاقلامچىلار ئولتۇرۇشۇپ، ئىش ئىگىلىرىنى ساقلايتتى. ئۆي خىزمىتى قىلىشنى ئىختىيار قىلغانلار، بالا باققۇچىلار، قېرى ـ چۆرىلەرنى كۈتۈشنى ھۆددىگە ئېلىشقا تەييارلار، كېسەلگە قاراشنى خالايدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ توپ ھەر خىل ياشتىكى ئاياللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قىلىد. دىغان ئىشى يېزىلغان ئېلان ـ بايانناملەرنى ئالدىغا قويۇپ، قو. لىدا كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرى بىر ـ بىرىدە، ئاغزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپتە دوقمۇشنى ئاۋات قىلاتتى. بىرەر ئادەم كېلىپ قالسا، ئۇلار ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلگەن ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچىنىڭ ئېھتىياج - تەلىپىنى يېرىم - يارتا ئاڭلاپلا ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ غۇژۇلدىشىپ كېتىشەتتى. ئېھتىياجنى بىلدۈرگەن ۋە تاللانغان نامزاتلار باھا تالىشىپ غۇژۇلدىشاتتى. مۇشۇ ئۆتكەللەر تۈگىسە، تاللانغۇچى تاللىغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ، قېپقالغانلار ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە پۈتۈن ئالەمدىن قوشنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قەدەر بولغان راست - يالغان گەپلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەچ، ئىشلىتىدىغان ئادەم كېلىشىنى ساقلىشاتتى.

ئۇنىڭ قولىدا ھۈنىرى يوق، ھۈنەرۋەنلەر توپىغا قوشۇلالمايدۇ، يەككە ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغان ئاياللار سېپىگىمۇ كىرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلسا ئوقۇشىغا ماس كەلمەيدۇ، تەسىر يېتىدۇ. ئۇ ئىككى - ئۈچ يەردىكى ئاشۇنداق ئىشلەمچىلەر يىغىلىدىغان «مەدىكار» بازىرىدىن ئايرىلدى. تار كوچىلاردا، سىم تۈۋرۈكلىرىدە، يۆلىنىدىغان قاشا تاملاردا، دۇكانلارنىڭ كەينى ۋە يانلىرىدا، ئىشقىلىپ، ئادەملەر ئۆتىدىغان، توختايدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل چوڭلۇقتا يېزىلىپ چاپلاپ قويۇلغان ئېلانلار بار ئىدى. بۇ ئېلانلاردا ئادەمزات مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقىسما كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغانلىق توغرىسىدىكى دەبدەبىلىك ۋەدە - قەسەملەردىن تارتىپ، ھارامدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئىسپاتىدىن ئالىي مەكتەپ دىپلومىغىچە، نوپۇس دەپتىرى، كىملىك كارتىسىدىن مىليون يۈەنلىك ئىسچوتلارغىچە ياساپ بېرىدىغانلىق توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بار ئىدى. دەرۋەقە، ئۆي ئېلىپ - سېتىش، ئىجارىگە ئېلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىق ئېلانلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بەھرىنىسا كېيىنكى مەزمۇندىكى ئېلانلارنى ئىزدەپ يۈردى. يول ياسايدىغان، خىش قويۇپ

پىشۇرىدىغان، تام چاقىدىغان، يۆلەك كۆتۈرىدىغان... دېگەندەك ئىشلار ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى ھەم بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن ئىشلەش شارائىتىغا ماس كەلمەيتتى.

ئىككى كۈن ئىزدەپ، ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، دەپ ئويلىغان بىر خىزمەتنى تاپتى. بۇ خىزمەت ئېلاندا يېزا بازىرىدىكى بىر رېستوراننىڭ ياتاق مۇلازىمەتچىسى، ئاشخانىنىڭ تاماق توشۇغۇچىسى، ئايرىمخانىلىرىنىڭ مېھمان كۈتكۈچىسى، قازناقنىڭ قاچا - قۇچا تەييارلىغۇچىسى بولۇشنى خالايدىغانلارنىڭ كېلىپ «يۈزتۈر ئىمتىھانىغا قاتنىشىشى كېرەك» لىكى ئېيتىلغان ئىدى. ئۇ باشقىسىدىن كۆرە «قازناقنىڭ قاچا - قۇچا تەييارلىغۇچىسى» بولۇشنىڭ ئۆزىگە ھەممىدىن باب كېلىدىغانلىقىنى ئويلىدى. «قازناق» دېگەن ئەڭ ئىچكىرىدىكى، باشقىلار كىرەلمەيدىغان ئۆي، «تەييارلاش» دېگىنى «يۇيۇش - سۈرتۈش» دېگىنى بولسا كېرەك، ئۇنداق بولسا، مېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، ئىششىقنى نورمىدىن ئاشۇرۇۋېراق قىلىۋېتىپ بىكار بولالايمەن، دېگەندەك خىياللاردىمۇ بولدى ئۇ.

ئۇنى يەنە خۇشال قىلغىنى، ئېلان چاپلىغان رېستوران ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپىگە ناھايىتى يېقىن جايلاشقان بولۇپ، بېرىپ - كېلىشىمۇ ئەپلىك تۇيۇلدى. ئۇ باشقىلار قوبۇل قىلىنىپ كېتىپ، مەن قۇرۇق قالماي يەنە... دېگەندەك ۋەسۋەسە بىلەن ئالدىراپ يولغا ئاتلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نۆتىنچى باب

رېستوران ئوتتۇراھال ياسالغان بولسىمۇ، يېزا بازىرىغا نىسبەتەن يەنىلا ھەشەمەتلىك، كۆز چاقنىدەك نەقىشلەنگەن ۋە سىرلانغان ئىدى. ئۈستەل، ئورۇندۇقلىرىدىن تام ــ تورۇسلىرىغىچە نۇر قايتۇرۇپ پارقىراپ تۇراتتى. تاملاردىكى زىننەت چىراغلار، تورۇستىكى ئاسما چىراغلار ئالاھىدە ھۆسن بېرىپ تۇراتتى. بەھرىنىسانىڭ سىرتتىن كىرىپلا كۆرگىنى تېخى «پارچە، يەككە خېرىدارلار»غا ئاتالغان ئوپچە زال بولۇپ، «ئايرىمخانىلىرى قانچە ئازادە، ھەشەمەتلىكتۇر ــ ھە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

ــ قىزچاق، تاماق يەمسىز؟ ــ دەپ قارشى ئالدى ئۇنى يېشى ئوتتۇزلارغا بارغان، ئوتتۇرا بوي، ئاق پەشماق، چاچلىرىنى چوقـ قىسىغا تۈرمەكلىۋالغان بىر چوكان. ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەتچى ــ مۇلازىملار كىيىۋالىدىغان پەرتۇق بار بولۇپ، مەيدىسىدىن تىزىغىـ چە ساڭگىلاپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستىگە نېمە كىيىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بولمىسا، مۇرىسىدىن تارتىپ ئوچۇق ئاق بىلىكىنىڭ ھەر بېغىشىدا بىلەزۈك، ھەر ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىدا ئىككىدىن ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى.

مۇشۇ ئايال غوجايىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان بەھرىنىسا ئۇنىڭ بېغىش، بارماقلىرىدىن كۆزىنى يۆتكەپ:

ــ مەن ئىشلىسەممىكىن، دەپ كەلگەن، ــ دېدى شۇنداق دېـ سە مۇۋاپىقمىكىن، دەپ ھېس قىلىپ، ــ مەن سىرتقا چاپلانغان ئېلاننى كۆرگەندىم...

ئايال سىمىز لەۋلىرىنى كېرىپ كۈلۈپ كەتتى. سوۋارى سىـ

لىنغان ئالتۇن چىشلار ئۇنىڭ يېشىنى بىرمۇنچە چوڭ كۆرسى-
تەتتى.

— ئاشۇ ئېلانلارغا ئىشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايال كۈلكىدىن بوشانمىغان بولسىمۇ، گېپىنى ئۇقۇمۇشلۇق سۆزلەپ، — خېرىدارسىز قالغان، تاقىلىش ئالدىدىكى ھەرقانداق ئاشخانا، رېستورانلار قورۇما ئۇستىسى، خېمىرچى، ئىشلەمچى ئالىمىز...، دەپ ئېلان بېرىدۇ ياكى چاپلايدۇ. بۇ، ساددا خېرىدارلارغا: «سودىسى ئىتتىكلەپ، ئۇستا ۋە مۇلازىملىرى يېتىشمەي قاپتۇ ـ دە؟ مۇشۇ دۇكانغا كىرەيلى...» تەسىراتىنى بېرىش ئۈچۈن. سىلەردەك ئىش كۆرمىگەن ساددا ياشلار راستىنلا ئىشلەپ قالساق ئەجەب ئەمەس، دەپ كېلىپ دوقۇرۇسىلەر. غوجايىن سىلەردىن ئۈنى ـ بۇنى سوراپ ئىمتىھان ئالغان بولۇۋالىدۇ ۋە تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ كېتىڭ ياكى ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىڭ، قوبۇل قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىڭىزنى ئۈچتىن بەش كۈنگىچە ئارىلىقتا خەۋەر قىلىمىز، دەپ يولغا سالىدۇ...قارايسىزكى، ئۈچتىن بەش كۈنگىچە ئەمەس، ئۈچ ئايدىن بەش ئاي ئۆتكىچىمۇ ئۈچۈر ئالالماي، «قوبۇل قىلىنمىغان بولسام كېرەك» دەپ ئۆزىڭىزگە ئېلىپ، باشقا جايلاردىن بۆلەك ئىش ئىزدەپ كېتىۋېرىسىز. دوپپامچىلىك يېزىدا شەھەر پەدىسىدە كاتتا رېستوران ئېچىۋالسا، بېزىگەنگە لايىق دەپ باھانى ئۇستۇن قويۇۋالسا، زىيان تارتماي نېمە تارتىدۇ؟ دېھقان خەققە ماس كەلمەيدىغان ئايرىمخانا، تانسا زالى... دېگەنلىرىڭدىن ئايلىناي...مانا قاراڭ، مۇشۇ ئويچە زالدا ئىككىمىزدىن باشقا كىم بار؟ خېرىدار تولۇپ تاشقان ئادەمنىڭ ئۈچ-تۆت باشقا ساننى يوق بىر يەرگە...

— ھەي پاشا، يەنە تەتۈر تەشۋىقات يۈرگۈزگىلى تۇردۇڭمۇ؟ — ئىچكىرى تەرەپتىن نېرىقى ئىشىك بىلەن كىرگەن بىر ئەر سۆز-لەشكە بېرىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ئايالنىڭ سۆزىنى بۆلگىنىچە

غەزەپ بىلەن دېۋەيلەپ كەلدى. ئايال كەينىگە قارىمايلا سۆزدىن توختاپ بەھرىنىسانى ئۇدۇللاپ كەلدى. ماڭىدىغان يولغا بەھرىنىسانى توغرىلاپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا قاچتى. ئەر يۈگۈرگەندەك تېز كەلدى ـ يۇ، بەھرىنىسانى كۆرۈپ توختاپ قالدى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ كۆزىدىن يېنىۋاتقان غەزەپ ئوتىنى، بىر ـ بىرىگە ئۇلاشتۇرماي تىنىۋاتقىنىنى، مەڭىز سۆڭەكلىرىنىڭ توختىماي لىپىلداشلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئەرنىڭ ئەلپازىدىن ئادەم ئۇرىدىغاندەك ئالامەتلەر بىلىنەتتى. مۇشتۇملىرىنى قاتتىق تۈگۈۋالغانلىقتىن بولسا كېرەك، يېڭى تۈرۈكلۈك ئوچۇق بىلەكلىرىنىڭ قان تومۇرلىرىمۇ چوكىدەك ـ چوكىدەك كۆپۈپ چىققان ئىدى.

ــ ئىش ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ ــ سورىدى ئەر بەھرىنىساغا روبىرو تۇرغانلىقتىن بولسا كېرەك، بىردىنلا مۇلايىملىشىپ. ئەمما، ئۇنىڭ مۇشتى يەنىلا تۈگۈكلۈك، بىلەك تومۇرلىرى كۆپۈكلۈك ئىدى.

ــ كوچا چېتىدىكى ئىستولبىغا چاپلانغان ئېلانىڭىزنى كۆرگەنىدىم، ــ دېدى بەھرىنىسا يۈرىكى سەل جايىغا چۈشۈپ. ئۇ گەپ قىلىۋاتقىچە ئەرنىڭ مۇشتى ئېچىلغىنىنى، بىلەك تومۇرلىرىنىڭمۇ تېرە ئاستىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ــ ئۇ مېنىڭ ئايالىم، ــ ئەر باشقا ماۋزۇدا گەپ باشلىدى، ــ ئازازۇل، ئەرنى يالجىتمايدىغان شەقىقى خوتۇنلاردىن، ھېچكىمنى ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزلار تۈگۈل ئوغۇل بالىلارنىمۇ يېقىن يوللاتمايدۇ قارغىش تەگكۈر، ئەتىدىن كەچكىچە سۆزلىگىنى سۆزلىگەن. دۇكان ئىچىدە ئاڭلايدىغان ئادەم تاپالمىسا، كوچىغا چىقىپ ۋاقلايدۇ ئىت ئەمگەن سارالڭ...شۇنداق قىلىپ خېرىدارلارنىمۇ تېزىتقىلى تۇردى، ئۇستا ـ شاگىرتلارنىمۇ زېرىكتۈرۈپ بىر يەرگە ئاپاردى، ــ ئۇ شۇلارنى دەۋېتىپ، قاراپ تۇرغان بەھرىنىساغا بىرنېمە دېيىش كېرەكلىكى ئېسىگە كەلدى بولغاي، ئالدى-

ـراپ سورىدى، ــ نېمە ئىش قىلسام مۇۋاپىق، دەپ كەلدىڭىز؟ قا ـ رىمامسىز، ھېلىقى شەقىقى خوتۇن مېنىمۇ ساراڭ قېتىش بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قوياي دەپ قالدى...

ــ قاچا ـ قۇچا يۇسامىكىن دېۋىدىم، ــ ئۇ «قازناقنىڭ قاچا ـ قومۇچ تەييارلىغۇچىسى» دېگەن دەبدەبىلىك، كۆركەم ئاڭلىنىدىغان ئىبارىنىڭ ئەمەلدە قوللىنىلىدىغان يەشمىسىنى ئېيتتى.

غوجايىن ئەر جانلىنىپ قالدى، باياتىنقى غەزەپ، ئاچچىق قاراپ ـ تىۋەتكەن چىرايى سەل ئېچىلغاندەكمۇ بولدى. قاچا ـ قومۇچ يۇيۇش ئەتىدىن كەچكىچە سۇ بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىش بولغانلىقتىن، بۇيرۇلغان ئىشلەمچىلەرمۇ خېلى كۆپ ھەققە ئۇنىمايتتى. ئۆزلۈكىدىن شۇ ئىشنى تەلەپ قىلىپ خاھىشىنى بىلدۈرۈۋاتقان بۇ قىزدىن ئۇ خۇش بولۇپمۇ قالدى.

ــ سىزنىڭ رېستورانىمىزغا كېلىپ ئىشلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن، ــ دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ، ــ مەن مۇشۇ رېستوراننىڭ ئىگىسى ھوشۇر غاپپار بولىمەن، ــ دېدى يەنە ئۆزىنى تونۇشتۇ ـ رۇپ، ــ رېستوران ئېچىلىپ، رەسمىي تىجارەت باشلىغىنىغا ئۇ ـ زاق ۋاقىت بولمىدى. شۇڭا، يىراق ـ يېقىنغا تېخى بەك تونۇلۇپ كەتمىدى. ئۆزىنىڭ خاس قورۇمىسى، داڭلىق ئۇستىلىرى، باشقا رېستورانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى يوق، دېسەك ـ مۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزگىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇلازىمەت قوشۇنىمىز شەكىللىنەلمىدى، يېڭىياچىلىق ئەمەسمۇ؟...

بەھرىنىسا بۇ تونۇشتۇرۇشلارنى غوجايىنىنىڭ پاشا ئىسىملىك بايىقى ئايالىنىڭ «تەتۈر تەشۋىقاتى»غا قارىتىلغان تۈزەتمە چۈشەندۈرۈش دەپ چۈشەندى. ئىش ئىزدەپ كەلگەن ئادەتتىكى بىر قىز ـ غا ئۇنچىۋالا جىق ئىزاھاتلار كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما، ئۇ غوجايىنىنىڭ سۆزلىرىنى باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى.

ــ خوش، كىچىكلا قىز ئىكەنسىز، ئىسمىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز،

نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ بېقىڭ، — دېدى غوجايىن ئەسلىدىكى گەپ يۆنىلىشىنى تولغاپلا بەھرىنىسانىڭ ئۈستىدە توختاپ.

بەھرىنىسا ئاشۇنداق سوئاللارنىڭ سورىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، جاۋابقىمۇ تەييارلىنىپ قويغىنىغا قارىماي، شۇ تاپتا مەڭدەپ قالدى. دەماللىققا قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي، غوجايىنىنىڭ نەزىرىدىكى كۆزىنى يەرگە تىكتى.

— تارتىنماڭ، ھودۇقماڭ، — رىغبەتلەندۈردى غوجايىن، — مېنى غوجايىن ئورنىدا ئەمەس، ئاكا ئورنىدا كۆرۈڭ، ھوشۇر ئاكا دەپ چاقىرسىڭىزلا كۇپايە، قېنى، ئۆزىڭىز...؟

بەھرىنىسا ئۇنىڭ سورىغانلىرىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا:

— مەن ئوقۇۋاتىمەن، شۇڭا پۈتۈن كۈن ئىشلىيەلمەيمەن، — دېدى ئىزاھات بېرىپ، — قاچا - قومۇچ يۇيۇپ، دېيىشىممۇ ئاشۇ سەۋەبتىن. مۇشۇ تەرەپلىرىمگە ئېتىبار بەرسىڭىز ھوشۇر ئاكا...

ھوشۇر غاپپار بەھرىنىسانى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك، باشتىن - ئايىغىغا باشقىدىن نەزەر تاشلاپ چىقتى. كېيۇالغان مەكتەپ فورمىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى ۋە توساتتىن:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز، نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسىز؟

— دەپ سوراپ قالدى.

بەھرىنىسا ھۇيپىدە قىزىرىپ:

— 17 ياشقا ئاز قالدىم، ھازىر تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۇنىنى پەس چىقىرىپ، — ئالدىمىزدىكى تەتىلگىچە ئوقۇش پۈتكۈزىمەن.

ھوشۇر غاپپار ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ھېسابلاۋاتقاندەك تۇرۇپ كەتتى. ئۇدۇلدىكى تامنىڭ نامەلۇم بىر نۇقتىسىغا تىكىلگەن كۆزلىرىنى بەھرىنىساغا يۆتكىدى. ئاللىنېمىلەرنى ئىچىدە ھېسابلاۋات-

قاندەك بىلىنىدىغان لەۋلىرىنى ئۇنسىز پىچىرلاشتىن توختىتىپ ئېغىز ئاچتى.

— ئۆزىڭىز چىرايلىق، بەدەن قۇرۇلمىڭىزمۇ كېلىشكەن، گەپ - سۆزلىرىڭىزمۇ جايىدا، رېستورانىمىزغا تازا لايىق قىز ئىكەنسىز - يۇ، ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ ئېيتماي بولمايدۇكى، قو - بۇل قىلالمىغۇدەكمىز...

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئەمدى؟ — ھەيران بولغىنىدىن چۆ - چۈپ كەتكەن بەھرىنىسا ھوشۇر غاپپارنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ئالدىراپ، — قايسى شەرتكە توغرا كەلمەيدىكەنمەن؟

— ئوقۇغۇچى ئىكەنسىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھوشۇر غاپپار روھسىزلىنىپ، — باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ۋە بىزنىڭ بەرگەن ۋەدىمىز بار...

بەھرىنىسانىڭ ئىچى شۇنچىلىك تىت - تىت بولدىكى، ئۆزىنى بېسىۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ «سەت تۇرار»نىمۇ قايرىپ قو - يۇپ، ئائىلە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. نېمە ئۈچۈن ئىشلەپ پۇل تېپىش كويىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ يوشۇرۇپ يۇرمىدى. ئا - خىر:

— شۇڭا كىشىلەر كۆرمەيدىغان ئارقا تەرەپتە — قازناقتا قاچا - قومۇچ يۇيۇش ئىشىنى تاللىغان، — دېدى قوشۇمچە قىلىپ، — ئۆزۈم سۆزلەپ يۈرمىسەملا ۋە يەنە دەرسلەردە چېكىنىپ كەتمە - سەملا مەكتەپمۇ بىلمەي قالاتتى، سىزگىمۇ گەپ كەلتۈرمەيتتىم ئاكا...

ھوشۇر غاپپار ئېغىر تىنىپ قويدى. بۇ ئارقىلىق قىزغا ھېس - داشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە:

— سىز باشتا قاچا - قومۇچ يۇيۇشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرگەندىلا مەن رېستورانىمىزغا بىر ئامەت ئۆز ئايىغى بىلەن كەپتۇ، دەپ خۇش بولغانىدىم، — دېدى قىزغا يەنە بىر باشتىن سەپسېلىپ چىقىپ، — سىزنى ئارقا تەرەپلەرگە — قازناققا ئەمەس، ئالدى تەرەپكە — مۇشۇ زالغا، — ئۇ تۇرغان يېرىنى بوش تېپىپ قويدى، — كۈتكۈچى بولۇشقا، تاماق توشۇغۇچى ئەمەس، كۈتكۈچىلىككە، يەنى مېھمان كەلسە قارشى ئېلىپ، كەتسە ئۇزدتىپ قويۇشقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. بۇ ئىشتا كەلگەن خېرددارنى «خۇش كەپسىز»، كەتسە «يەنە قەدەم تەشرىپ قىلارسىز» دەپلا قويسىڭىز بولاتتى. ئىككى ئېغىز گەپ ئۈچۈن كەتكەن ئاغزدڭىزنىڭ يېلى بەدىلىگە ئەڭ ياخشى كۈتكۈچىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشنى، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىپ ئاۋۇتۇۋېتەلىسىڭىز، تۆپەلەپ مۇكاپات بېرىشنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈككەن. قارىمامسىز، بىزنىڭ خوتۇن پاشا تەتۈرلۈك قىلىپ كەلگەن خېرىدارنىمۇ قاچۇرۇۋېتىدۇ. سىز ھۆسنىڭىز، قامىتىڭىز، سىلىق - سىپايە تەلەپپۇزىڭىز بىلەن قورسىقى ئاچمىغانلارنىمۇ چىللاپ كىرەر بولغىيدىڭىز..

— مۇناسىپ بولمىغاندىكىن كېتەي ئەمىسە...، — دېدى بەھرىنىسا مەيۈسلىنىپ. ھوشۇر غاپپارنىڭ ئۇنى ماختاپ - ئۈچۈرۈپ دېگەنلىرى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئەمدى يېرىم بۇرۇلۇشقا ھوشۇر غاپپار ئالدىراپ:

— توختاڭ بەھرىنىسا، توختىڭا، — دېدى ئالدىغا بىر چامداپ، — سىز ناخشا ئوقۇيالامسىز ياكى ئۇسسۇل ئوينىيالامسىز؟

بەھرىنىسا ئۇنىڭ نىمىنى كۆزدە تۇتۇپ سورىغىنىنى چۈشەندى. راستىنى ئېيتتى:

— ئوپچە سورۇن تۇگۇل ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈممۇ ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن، ناخشا ئېيتىش تېخىمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ...

— مەيلى، قاچا - قۇچا يۇيسىڭىزمۇ يۇيۇك، — دېدى ھوشۇر غاپپار بەھرىنىسانىڭ كېتىپ قېلىشىغا كۆزى قىيمىغاندەك سالپد-

يىپ، ــ بىراق، مەكتەپ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئارقىدا، گوڭ-
گا يەردىن چىقماي ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇدىن
قولىڭىزنى تارتالمايدىغان زەي ئىش، قىزلارغا تازا باب ئەمەس...

ــ مەيلى، ــ ھايالسىز رازىلىق بىرىۋەتتى بەھرىنىسا، ــ مەن
شەنبە، يەكشەنبىدىن باشقا چاغلاردا ئەتىدىن كەچكىچە ئەمەس،
دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن كېلىپ ئىشلەيمەن. ئىشلىگىنىمگە
لايىق ئاز ـ تولا ھەق بەرسىڭىزلا رازىمەن...

ــ ياقەي، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، ــ ھوشۇر غاپپار قېشىنى ئۆ-
چۈرۈپ بېشىنى سىڭايان قىلىپ ھىجايدى، ــ «ئاز ـ تولا» ئە-
مەس، تولۇق، ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئالىسىز...يۈرۈك ئىشخانى-
غا، نېمىلا بولمىسۇن، توختام تۈزۈشۈۋالايلى...

بەھرىنىسا خۇش بولدى. سۇ بىلەنلا ھەپىلەشسىمۇ، بىر ئىش
تېپىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غوجايىن «تولۇق، ئۆلچەملىك ئىش
ھەققى ئالىسىز» دېدى. بۇ قانداق ئىش ھەققىدۇ؟ ئىشقىلىپ،
ئىشلەپ پۇل تاپىدىغان بولدى.

ھوشۇر غاپپار ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ، بىر تارچۇقتىكى پەلەمپەي-
دىن ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى. پەس تەرىپى جىمجىتتەك
تۇرغان رېستوراننىڭ ئىككىنچى قەۋىتى خېلى ئاۋات بىلىنەتتى.
كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكلىرى ھىم يېپىلغان «ئاي-
رىمخانا» لاردا ئەر ـ ئايالـلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، دۇتارغا
تەڭكەش قىلىنغان ۋە قىلىنمىغان پەس ئاۋازلىق ناخشىلار ئېيتىد-
لىۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى. ئۇلارنى ئاز كەلدى، دېگەندەك ئاچچىق،
سېسىق ھاراق ۋە ئەرزان باھالىق موخۇركىلارنىڭ بۇس ـ ئىسلىرى
كارىدورنى بىرئالغان، كۆنمىگەنلەرنىڭ بۇرنى، بوغۇزى ئېچىشاتتى.

ھوشۇر غاپپار بەھرىنىسانى ئوڭ تەرەپتىكى قاتار ئۆيلەرنىڭ
بۇلۇڭدىكى بىرسىنىڭ ئالدىغىچە ئېلىپ كەلدى. يانچۇقىدىن
بىر تۇتام ئاچقۇچ ئېلىپ، ئىچىدىن بىرنى تالالاپ ئىشىكنى ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىۋاتقىنىچە:

— كېيىنچە كۆنۈپ قالىسىز...، — دېدى بەھرىنىساغا ۋە ئۇنى ئاۋۋال كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ يول بېرىپ كىرىۋېرىشكە قول ئىشارىتى قىلدى. بەھرىنىسا بوسۇغىدىن ئاتلاپ تۇرۇشىغا، يان تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ پاشا چىقىپ كەلدى. ئۇ باياتىن ئېرىدىن قورقۇپ سىرتقا قاچقان ئەمەسمىدى؟ قارىغاندا، بۇ قەۋەتكە چىقىدىغان، سىرتتىن بىۋاسىتە كىرگىلى بولىدىغان يەنە بىر ئىشىك ۋە كارىدورلار بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزى بىلەن ھاراق، تاماكا بۇسلىرىنىمۇ بىللە ئەپچىققانىدى، بەھرىنىسا بىلەن ئېرىنىڭ كەينىدىنلا كىرىپ كەلگەن پاشا بەھرىنىساغا تەپسىلىي بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھوشۇر غاپپارغا يېرىم بۇرۇلۇپ:

— توختىلام تۇزۇشمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە جاۋابىمۇ كۈتمەي قايناپ كەتتى، — ئالما ئۇنى. ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن چىقىپ تۇرۇۋاتسا، چىرايىنى دەپلا ئەكىرىۋالغىنىڭ بىلەن ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىش بولۇپ قالارمىكىن...؟

— ماڭ، ئىشىڭنى قىل! — ھوشۇر غاپپار پاشاغا قارىمايلا قولىنى سىلكىپ، بەھرىنىساغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدى، — ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. ئۆلچەملىك قىلىپ باستۇرۇلغان توختام قەغىزى بار، ھازىرلا كۆرسىتىمەن...

پاشا يەنە جىم تۇرمىدى:

— ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشكە بولمايدۇ، 14 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىمكار قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىشلەتسەڭ ئىككى پۇتۇڭغا بىر پاي كەش كىيگەن بولمامسەن؟

— ۋوي ئىش بۇزدى شەقىقى، — ھوشۇر غاپپار تام ئىشكاپىنىڭ بىر تارتمىسىدىن توپا بېسىپ كەتكەن بىر دەستە قەغەزنى ئېلىپ

خوتۇنغا دېۋەيلىدى، — چىق نېرى، ئىشىڭنى قىل. سەنچىلىك بىر نېمە بىلمەمتىم؟ يەنە ۋالاقشىۋەرسەڭ، ئىككىمىز ھايات ـ مامات توختامى تۈزۈپ قالمايلى يەنە...

پاشا ئېرىگە گەپ ئۆتمىگىنىنى كۆرۈپ، بەھرىنىساغا بۇ ـ رۇلدى:

— سىڭلىم، گۈلدەك چىرايلىق ئېچىلىۋاتقان بالىكەنسىز، سىڭگەن نېنىڭىزنى يەپ، ئوقۇشىڭىزنى ئوقۇڭ. پۇل تاپىمەن دې ـ گىنىڭىز بىلەن، دەردى بار پۇل ئۇ. كېيىن پۇشايمان قىلىسىز، ئورنىغا كەلمەيدۇ، قولىڭىزنى چىشلىگەن بىلەن ئاغرىقتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز، ئۇ چاغدا...

ئاغزىغا تەگكەن شاپىلاق ئۇنى سۆزدىن توختاتتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئۆزى رېستوراندا ئىشلىسە، يۇقىرىنىڭ بەلگى ـ لىمىسىگە خىلاپ بولىدىغانلىقىدىن تاشقىرى يەنە باشقىچىمۇ بىر ئەنسىرەش بارلىقىنى سەزدى. ئۇ نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟ تۈزۈم، قا ـ ئىدە ـ بەلگىلىمىدىنمۇ، ئېرىنىڭ ئىشلەتكەن ئىمكارلىرىغا قارى ـ تىلغان باشقىچىرەك مۇئامىلىسىدىنمۇ ياكى...

— مەن ئاخشاملىرى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيىدىغان ئىشنىلا قى ـ لىمەن، — دېدى ئۇ شاپىلاق تەگكەن ئاغزىنى تۇتۇۋالغىنى بىلەن، چىقىۋاتقان ھاراق ھىدىنى توسىيالمايۋاتقان پاشاغا باياتىنقى گەپ ـ نىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشەنمىگىنىنى ئىپادە قىلىپ ئەلەڭلەپ قاراپ.

— شۇنداق، ئۇ پەقەت قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيسىلا بولىدۇ، — دېدى ھوشۇر غاپپار خوتۇنىغا قارىمىسىمۇ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قو ـ يۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — ئالدى زالدا كۈتكۈچى، تاماق توشۇغۇچى بولمايدۇ، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئايرىمخانىلىرىدا مۇلا ـ زىمەتچىلىكمۇ قىلمايدۇ. بىز شۇنداق توختاملىشىمىز. ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇققان بولساڭ، دەرھال چىق بۇ يەردىن بۇتتەك تۇرماي...

پاشا مەڭزىنى تۇتۇپ، ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇۋەردى. ئەلپازىدىن يەنە تاياق يېسمۇ تۇرۇۋېرىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ كىچىككىنە ئۆي بولۇپ، دېرىزە تەرەپتىكى تامغا تاقاپ بىر ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئورۇندۇق تۇراتتى. ئۈستەلگە ئۇدۇل تامغا كونىراپ كەتكەن بىر ئىشكاپ قويۇلغان بولۇپ، ئىشكاپ تامغا يۆلەنمىسە ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئىشىك تەرەپكە ئۈستەلگە قاتارلاشتۇرۇپ يالغۇز كىشىلىكتىن كەڭرەك بىر كارىۋات قويۇلغان. كۆرپە ئۈستىگە ئاچ شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك چايشاپ يېپىلغان. بىر تەرىپىگە پاختىسى نېپىز يوتقان تىزىلىپ، ئۈستىگە تەكىيە قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ باشقا يەرلىرىدە سۇپۇرگە، لاتىلىرى قۇرۇپ كەتكەن پول سۈرتكۈچ، كونا چېلەك، قارىداپ كەتكەن بىرنەچچە چەينەك ۋە تېشىلىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان تۇنكە نوگاي، چۆمۈچ، سېپى سۇنۇق چۇۋۇق چويلا دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. قارىغاندا بۇ رېستوران غوجايىنى ھوشۇر غاپپارنىڭ ئىشخانا ۋە ئارام ئالىدىغان ياتىقىدىن باشقا، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويىدىغان ئامبار ئىدى.

ھوشۇر غاپپار ئالدىدىكى قەغەزگە بىرنېمىلەرنى تېز ـ تېز يېزىپ، ئۈستىدىن قايتا ئوقۇپ كۆرمەيلا بەھرىنىسا ئولتۇرغان تەرەپكە ئىتتىرىپ قويدى:

ــ ئوقۇپ بېقىپ، ئۆزىڭىزگە تەۋە گىرافىلارنى توشقۇزۇڭ!

قەغەزدە باسما ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان يېرىم بەت خەت، يېرىم بەت جەدۋەلسىمان گىرافىلار بار ئىدى. خەتلەر ئىشلىگۈچى بىلەن ئىشلەتكۈچىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقى، خىلاپلىق قىلىنسا قوللىنىلىدىغان تەدبىر، چارە ھەققىدىكى مەزمۇن، گىرافىلار بولسا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى تۇر، ئىش ھەققى، ئىشقا چىققان ۋە ئىشتىن توختىغان ۋاقتى...دېگەندەك مەز-

مۇنلار تولدۇرۇلىدىغان كاتەكچىلەر ئىدى. بەھرىنىسا ھوشۇر غاپ-پار يازغان خەتلەرنى تەپسىلىيرەك ئوقۇدى. ئۇ «قاچا، تەخسە، پىيالە، پەتنۇس، لېگەن، چەينەك يۇيىدۇ» دەپلا يازغان ئىدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئىشلىگۈچى تولدۇرۇشقا تېگىشلىك كاتەكچە ئىچىگە كۆچۈرۈپ يازدى ۋە قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە قويۇپ غوجايىن تەرەپكە ئىتتىردى. باياتىندىن بېرى ئىككىيلەننىڭ نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان پاشا:

— ئىككىلىڭلار ئىش ھەققىنى يازمىدىڭلار، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. ئۇنىڭ بىر ئالىقىنى ھېلىمۇ ئېڭىكى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇراتتى.

— كۆڭلۈك ياكى سائەتلىك ئىش بولمىغانلىقتىن، يۇيۇلغان قاچا - قۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ ھەق ھېسابلىنىدۇ، — دېدى ھوشۇر غاپپار خوتۇنى پاشاغا ئەمەس، مۇشۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرۇپ قالغان بەھرىنىسانىڭ تىكىلىشلىرىگە ئۇدۇل قاراپ.

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ — پاشا يەنە ئارىغا كىردى، — قاچا بىلەن پىيالە، لېگەن بىلەن تەخسە ئوخشاش چوڭلۇقتا بولمايدىغان تۇرسا، قارىقويۇق سانىغىلى بولامدۇ؟ يەنە چەينەك، ئىستاكان دې-گەندەك...

— ئۇپچە ساناپ، جىق - ئازلىق ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىمايمىز-مۇ؟ — دېدى ھوشۇر غاپپار پاشاغا ھومىيىپ قاراپ، — چوڭ ئاش-خانىدىكى قاچا - تەخسىلەرنى ئاشپەزلەر ئۇدۇللۇق يۇيۇپ ئاش ئۈستىسا بولۇۋېرىدۇ. قول تۇتىدىغانلىراقى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ قاچا - قۇچىلىرى. ئۇلگۇرۇپلا بەرسە، قاچا - تەخسە، پىيالىلەرنى بىر تۇر، پەتنۇس - لېگەنلەرنى بىر تۇر قىلىپ سانىساقمۇ بولۇ-ۋېرىدۇ...، — ئۇ خوتۇنىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن، بەھرىنىسانىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— پۇلىنى قانداق ھېسابلايسىلەر؟ — پاشا يەنە جىم تۇرمىدى.
ھوشۇر غاپپار شۇنداق غەزەپلەندىكى، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغاندا، ئولتۇرغان ئورۇندۇقى ئۆرۈلۈپ كەتتى. پاشا ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئالىقانلىرى بىلەن قۇلاق ئارىلاش يۈزىنى چاڭگاللاپ ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ كەتكەن بەھرىنىسامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. خوتۇنىنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەن ھوشۇر غاپپار بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ، يىقىلغان ئورۇندۇقنى رۇسلاپ ئولتۇردى ۋە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان بەھرىنىساغا:
— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇۋېرىڭ...، — دېدى.
بەھرىنىسا جايىغا ئولتۇرۇۋاتقىچە ئىشىك تەرەپكە قارىدى. پاشا چىقىپ كەتمىگەن، كارىۋات قويۇلغان يەرگىچە بېرىپ، يەنە ئېرىگە قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ھوشۇر غاپپارنىڭ ئەكسىچە، بەھرىنىسا پاشانىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىنى خاتا دەپ قارىمايتتى. چۈنكى، پاشانىڭ «قوشۇق سالغان» لىرى دەل بەھرىنىسا بىلىشكە، سوراشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئىدى ــ دە! بۇلار توغرىسىدا غوجايىن ئېنىق چۈشەنچە بەرمىسە، ئۇنىڭ ئۆزى تارتىنىپ سورىيالمىغان بولار ئىدى.
قانداق ھەق ھېسابلاش توغرىسىدا ھوشۇر غاپپارنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بولمىسا كېرەك. شالاڭ قاشلىرىنى تاتىلاپ سەل ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— دەسلىپىدە قارىقويۇق ئىككى يۈزدىن ھېسابلىساق دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ بەھرىنىساغا ئۇدۇل قارىدى، — ئەمدى ئويلىسام، قاچىنىڭ قاچا بىلەن، لېگەننىڭ تەخسە بىلەن چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بار ئىكەن. يەنە بىر جەھەتتىن، رېستورانىمىزدا بىر كۈندە مىڭلاپ قاچا ـ قۇچا، يۈزلەپ تەخسە ـ لېگەنلەرمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇ ئازغىنا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشقىـ

مۇ يۇقىرى ھەق بېرەيلى، دېسەكمۇ ئادەم چىقمايدۇ دەڭە! دانىسى ئىككى پۇڭ بولسا سىزگە ئۇۋال بولغىدەك... بۇنى مۇنداق ھەل قىلاي-لى، — ئۇ دوستانىلىقىنى ئىپادىلەپ كۈلدى، — ئاۋۋال بىر ھەپتە ئىشلەپ بېقىڭ. ئىشلىگەن سائىتىڭىزنى ھېساب قىلامدۇق، يۇ-يۇلغان نەرسىلەرنى ساناپ بىر تەرەپ قىلامدۇق، شۇ چاغدا يەنە دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بار مەسلىھەت بىرنېمە دېيىشمەيمىزمۇ؟

— مەيلى...، — دېدى بەھرىنىسا ۋە ئىختىيارسىز پاشاغا قاراپ تاشلىدى. كۆڭلىدە پاشا بىرنېمە دېيىشىپ بەرسە ياخشى بولىدى-غاندەك بىر گۇڭگا سېزىم بار ئىدى.

بەھرىنىسانىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ھەرىكىتى ھوشۇر غاپپارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ بۇ ئىشىمىزغا پاشانى ئارىلاشتۇر-مىساقمۇ بولىدۇ، دېگەندەك قىلىپ:

— ئوقۇشتىن بىكار بولغان چاغلىرىمدا ئىشلەيمەن دەۋاتىسىزدە قىزچاق، — دېدى «مېنى ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرۇۋاتىسىز» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇۋاتقاندەك مۇرىسىنى قىسىپ، — دېمەك، بەزىدە بال-دۇر كېلىسىز، بەزىدە كېيىن. بەزىدە كۈتۈلمىگەن ھەر خىل پائال-يەتلەر تۇپەيلىدىن كېلەلمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن...

بەھرىنىسا «شۇنداق» ئىشارىسىغا باش لىڭشىتتى ۋە ئەيىب-كارلارچە يەرگە قارىدى.

ھوشۇر غاپپار يەنە شۇنداق دېدى:

— شۇنداق ئەھۋالدا، رېستورانىمىزدا بەزىدە يۇيۇقلۇق قاچا يوق، سودىغا تەسىر يېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ...

— شۇڭا ئالدى ـ ئارقىنى ئويلىشىپ خۇلاسە چىقىرىش كېرەك، — دېدى پاشا كارنۋات تەرەپتە تۇرغىنىچە گەپ ئېتىپ.

ھوشۇر غاپپار بۇ قېتىم خوتۇنىغا گۇركىرىمىدى. بەھرىنىسا-دىن كۆزىنى ئۈزمەي، مۇلايىملىق بىلەن:

— باياتىن دېگىنىمدەك قىلايلى، بىر ھەپتە ئىشلەپ كۆرۈپ

بېقىلىڭ ھەم ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ. بىزمۇ كاللا ئىشلىتىش قابىلىيىتى بار ئىنسانمىز. بىزمۇ ئويلىنىپ يېتىشنى بىلىمىز. بىزمۇ كاللا ئىشلىتە
باقايلى. ئىش ھەققى مەسلىسىنى شۇندىن كېيىن دېيىشەيلى...

ھوشۇر غاپپاردىن كېيىن بەھرىنىسامۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەمدى پاشانىڭ ئارقىسىدىن ئىشخانىدىن چىقتى. پاشا ئايرىمخانى-غا كىرىپ كەتتى. بەھرىنىسا ھوشۇر غاپپار چىقسا «خوش» دەپ قويۇش ئۈچۈن كارىدوردا سەل تۇرۇپ قالدى.

ئۇ چىقىپ بەھرىنىساغا:

— مەن دېگەندەك بولسۇن، جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن، — دېدى كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — راست ئېكەن، دەپ قالسىز، ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن. ئىشلىشىڭىزچە ئىشلەڭ، ئىش ھەققىڭىز-نىڭ غېمىنى قىلماڭ...

بەھرىنىسا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە پەسكە چۈشمەيدىغانلىقى-نى پەملىدى. چۈنكى، ئىشىكنى قۇلۇپلىماي تۇراتتى. ئۇ سۇسقىنا «خوش» دېگىنىچە باياتىن چىققان يولى بىلەن پەسكە چۈشتى. تۆ-ۋەن قەۋەتتىكى ئاشخانا زالى ئەمدى خېلى ئاۋات بولۇپ قالغان، خېرىدارلارمۇ جىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ رېستوران خادىمى قاتارىدا ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدى. ئىچىدە غوجايىنىنىڭ ئۇزىتى-ۋېتىپ دېگەن سۆزلىرىنى تەكرارلاپ قوياتتى.

ئۇ ھەقىقەتەن ئويلاندى. ياتىقىغا بارغىچە، كەچلىك تاماق يې-گىچە، كەچقۇرۇنلۇقى ياتقىچە ھەتتا يېتىپمۇ ئۇخلىغىچە رېستو-راننى، ھوشۇر غاپپارنىڭ سۆزلىرىنى، پاشانىڭ مەيدانى ـ مەۋقەسى يوق سۆزلىرىنى ئويلىدى. مەسلىھەت سالىدىغان بىرەركىمى بول-مىغانلىقتىن، قاچا ـ قۇچا يۇيغۇچى بولۇش ـ بولماسلىق ئۈستى-دە ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئاشۇ رېستورانغا بېرىپ قاچا ـ قۇچا يۇيۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. ...

داشلىرىغا تەقسىم قىلىپ ئۇسۇپ بېرىش، تاماقتىن كېيىن قاچا، داس، چۆمۈچ، قوشۇقلارنى يۇيۇش، ئۆز جايلىرىغا قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۇ بېجىرەتتى. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى تۈزۈشكەن قائىدىسى بويىچە، ئۇ نۆۋەتچى دېجورنى ئىدى. رېستورانغا بېرىش قارارىنى دېجورنىلىق ۋەزىپىسى بويىچە داس، قاچىلارنى يۇيۇۋاتقىچە چىقاردى.كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ رېستورانغا بېرىپ، ھوشۇر غاپپارغا قارارىنى مەلۇم قىلدى.

ھوشۇر غاپپارنىڭ تەلەتى ۋە پوزىتسىيەسىدىن ئۇنىڭ بەھرىنىسانى ساقلاۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئەمما، ئۇ چاندۇرماي:

— شۇنداق تېزلا بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى. بەھرىنىسانىڭ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرۈپ داۋام قىلدى، — دەرسلەردە كېيىن قالسىڭىز، يېتىشەلمىسىڭىز، كەچلىك مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشالمىغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن گەپ - سۆز ئىشىتسىڭىز، مەن ئىگە ئەمەس جۇمۇ؟

— ھەممىسىنى ئويلىنىپ قارار چىقاردىم...

— ھە، ئۇنداقتا ياخشى بولغىنى، — ھوشۇر غاپپارنىڭ خۇشلۇقى يۈز ۋە كۆز چۆرىلىرىگىچە تەپچىپ چىقتى، — يۈرۈڭ، تۈنۈگۈنكى توختامغا قول بېسىۋېتەيلى، — ئۇ بەھرىنىسانى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغىنىچە، — مەن مۇنداق ئويلىدىم، — دېدى يەنە ۋە ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرلىگىچە، كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بەھرىنىسانى ئالدىن كىرگۈزگىچە نېمە ئويلىغىنىنى دېمىدى. بەھرىنىسا تۈنۈگۈن ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — مەن سائەت ھېسابىدا ئىش ھەققى ئالسىڭىز مۇۋاپىق بولغىدەك، دەپ ئويلىدىم. يەنى، بىر سائەت ئىشلىسىڭىز بەش يۈەن. قانداق، بولامدۇ؟

— مەيلى، — دېدى بەھرىنىسا ئويلانمايلا.

— ئۇنداقتا «ئىش ھەققى» گىرافىسىغا «سائەتلىكى بەش يۈەن»

دەپ يېزىپ، ئىسمىڭىز ئۇستىگە قوشۇپ قول بېسىڭ، — ئۇ گەپ تۈگىمەيلا ياپىلاق سۆرۈخدان قۇتىسىنى بەھرىنىسا تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇپ يەنە ئەسكەرتتى، — تاماق ئۆزىڭىزدىن بولىدۇ. قاچا-قۇچا، تەخسىلەرنى چېقىپ قويسىڭىز ئەسلىي باھاسى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئىش ھەققىڭىزدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ...ھە، ئەمەلىيەتتە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇغۇ، شۇنداقتىمۇ، بۇ رېستورانىمىزنىڭ تۈزۈم - قائىدىسىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويمىساق بولماس...

ھوشۇر غاپپار سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە بەھرىنىسا يازىدىغاننى يېزىپ، قولىنىمۇ بېسىپ بولۇپ، توختام قەغىزىنى تەڭلىدى. ھوشۇر غاپپار قەغەزگە يېزىلغانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ، بېشىنى رازىمەنلىك ئىشارىسىگە لىڭشىتتى. كۆزىنى قەغەزدىن بەھرىنىساغا يۆتكەپ، قىزنىڭ كۆزىگە تېشىپ ئۆتكىدەك قاراپ، ھىجىيىپ:

— كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ ئىشلىسىڭىز، ھەم مۇۋاپىق ئەمەس، ھەم بىردەمدىلا كىرلىشىپ مەينەتلىشىپ كېتىدۇ...، — دېدى.

بەھرىنىسا ھۇپپىدە قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ھوشۇر غاپپارمۇ قىزاردى. ئەيىبىنى بىلدى بولغاي، ئالدىراپ:

— كىيىم كارىۋاتنىڭ ئۇستىدە، كىرگەندىلا دەپ قويماپتىمەن، — دېدى يېقىمسىز ھىجىيىپ، — كىيىنىپ بولۇپ چىقىڭ، مەن پەلەمپەينىڭ تۈۋىدە ساقلايمەن. قاچا يۇيىدىغان جاينى كۆرسىتىپ قوياي.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. بەھرىنىسا كارىۋات ئۇستىدىكى بىرېزېنتكە ئوخشاش قېلىن، قوپال رەختتىن تىكىلگەن، يانچۇقسىز ئىشتان - چاپاننى مەكتەپ فورمىسى ئۇستىگىلا كىيىۋالدى. ئۆزىگە چوڭ كىيىملەر ئەمدى بەك چوڭ، كېلەڭسىز بىلىنمىدى. شۇنداقتى-

ـمۇ يېڭىلا كىيگەنلىكتىن ھەربىكەت قىلىشقا ئەپسىزدەك بىلىنىدى. ئۇ ئىشىكنى تاقاپ، ھوشۇر غاپپار ساقلاۋاتقان پەلەمپەيننىڭ چىقىش ئې-غىزىغا باردى. ھوشۇر غاپپار: «يارىشىپتۇ، مۇبارەك بولسۇن...» دېگەندەك سۆلكەت گەپلەر بىلەن ئۇنى قاچا يۇيۇش ئۆيىگە باشلاپ باردى.

بۇ ئۆي قورۇمىخانىغا ياندىش جايلاشقان بولۇپ، دېرىزە، تۈڭ-لۈكى يوق ئىدى. يورۇق پەقەت ئىشىكتىنلا كىرەتتى. ئىشىك ئو-چۇقلا تۇرغانلىقتىن، ئوچاقتا قالانغان ئوتنىڭ ئىسى، قورۇما قو-رۇلغاندا چىققان بۇس، قازان قاينىغاندىكى ھورلارمۇ كىرەتتى. ئۆيننىڭ تۆت تېمىنىڭ ئۈچى تاختايلار بىلەن قېقىپ ياسالغان تەكچىلەر بولۇپ، چىنە، قاچا، تەخسە، پىيالىلەرنى قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. تەكچىسى يوق بىر تامغا ھەر-خىل چوڭلۇقتىكى سۇ تۇرۇبىلىرى جايلاشتۇرۇلغان، پەسرەكتە سې-مونتتا ياسىلىپ ئاق رەڭلىك فارفۇر خىشلار چاپلىنىپ ياسالغان كۆلچەك ۋە ئوقۇرلاردا قاچا - قۇچىلار يۇيۇلىدىغانلىقى ئېنىق. سەل تۆپىدە ئېگىز-پەس، يىراق - يېقىن جايلاشتۇرۇلغان جومەكلەر بار ئىدى. پەستە چوڭ - چوڭ تۇنىكە داسلار تۇراتتى. بەزىسىدە يۇيۇلغان چىنە - قاچىلار، تەخسىلەر، بەزىسىدە يۇيۇلمىغان ئاش، قورۇما يۇقى تەخسە، قاچىلار، چاي داغلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغان پىيالە، ئىستا-كانلار بار ئىدى. ئىشىك تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدا بويى ئېگىز، ھەجمى چوڭ بىر تۇڭ بولۇپ، قالدۇق ــ ئېشىندى ئاش، قورۇمىلار تۆكۈلگەچكە تۇراتتى. تۇڭنىڭ ئۈستى ئىككى يېرىمغا تۆمۈردىن ياسالغان تۇتقۇ، تېگىگە كىچىك - كىچىك رېزىنكە چاقلار ئورنىتىلغان. قارد-غاندا، تۇڭ توشۇپ كەتسە، ئىككى - ئۈچ ئادەم ئىتتىرىپ - ھەيدەپ ئەپچىقىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

ـــ ئازادىخان ئاچا، ـــ كىمگىدۇر خىتاب قىلدى ھوشۇر غاپپار ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا گىرىمسەن ئىچكىرىگە قاراپ، ـــ سىزنى جاپا تارتىپ قال-

www.uyghurkitap.com

دى، دەپ ياردەمچىلىككە بىر قىز باشلاپ كەلدىم. بىلەلمىگەن تەرەپ
لەرنى چۈشەندۈرۈپ قويارسىز، — ئاندىن ئۇ بۇرۇلۇپ بەھرىنىساغا
مۇلايىم قاراپ دېدى، — سىز ئىشلەشنى خالىغان ئايۋان ـ ساراي
مۇشۇ شۇ، — ئۇ ئېغىكى ئارقىلىق ئۆي ئىچىنى ئىشارەت قىلىپ
قوشۇپ قويدى، — كىرىڭ. ئىشقىمۇ، شارائىتقىمۇ كۆنۈپ قالى-
سىز...

شۇنداق قىلىپ، بەھرىنىسا كۈندۈزى ئوقۇغۇچى، ئاخشاملى-
رى، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى قوشۇلۇپ قاچا ـ قومۇچ يۇيغۇ-
چى بولۇپ قالدى. ئازادىخان ئىسسىملىك كونا قاچا ـ قۇچا يۇيغۇچى
ئۇنىڭغا ئىشقا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەسلىكنى، ئىسسىق سۇ
ئىشلىتىپ، سوغۇق سۇدىن نېرى تۇرۇشنى، غوجايىنغا، بولۇپمۇ
خوتۇنى پاشاغا سورىغىنىغا جاۋاب بېرىشتىن باشقا تولا تېرىم گەپ ـ
سۆز قىلماسلىقنى ئۆگەتتى شۇ. ئۇ بەھرىنىسانىڭ قاپلاپ كىيد-
ۋالغان كىلەڭسىز كىيىمىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئاڭلىغاندا سەل
چۆچۈگەندەك بولدى. ھېچ كىشى يوق گۈڭگا ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە
ئەنسىز قارىۋېتىپ:

— ھوشۇر ئاتلىق ئۇ بىزەڭ مۇشۇكتىن ھەزەر ئەيلەڭ قى-
زىم، — دېدى ئۇھسىنىپ، — بۇ ئاشخانا ئىشلەمچىلەرگە كى-
يىم بەرمەيدۇ، سىزگە بەرگىنى غەرىزىنى ئىپادىلىگىنى، ئاپى-
سى قاتارىدىكى مەندەك چوڭ ياشلىق ئايالغىمۇ ئىمزا تارتمايې
ئېسىلىپ باققان نائەھلى ئۇ...

بەھرىنىسا چۆچۈدى. ئازادىخان راستتىنلا چوڭ ياشلىق ئايال ئى-
دى. يورۇق خىرە چۈشىدىغان بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ يۈزلىرىمۇ سىرتتىكى-
دەك روشەن كۆرۈنمىسىمۇ، ياغلىق تېگىدىن چىقىپ قالغان ئاق
چاچلىرى، ماڭلاي، كۆز چۆرىلىرى، زاڭىقىدىن باشلاپ جاۋغىيىغىچە
تۇتاشقان تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار، يېڭى تۇرۇكلۇك بىلەكلىرىدىن
ئالىقان ۋە بارماقلىرىنىڭ دۇمبىسىگىچە بىلىنىپ تۇرىدىغان پارقى-

ـراقلىقىنى ھەم سىلىقلىقىنى يوقاتقان، قاسىراق تاشلىغان يىلاننىڭ ـ كىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تېرىلىرى بىلەن جاپاكەش بۇ ئايال ھەرقانداق كىشىنى يېشى 70 تىن تۆۋەن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرەتتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭدىن ئەھۋالىنى سوراشقا ئاغزى بارمـىـدى. ئۆزىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭمۇ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ نەپكە ئېرىشكىدەك ئۆتمۈشى يوق، ئۇمۇ بىر موھتاجلىقنىڭ قولى بولسا كېرەك دەپ، پەرەز قىلدى.

ئىككىيلەن ئوخشاش بىر ئىشنى قىلاتتى. يۇيىدىغان قاچا ـ قۇچىلار ئۇلگۈرمەي، ئاز ـ تولا بىكار قالىدىغان چاغلاردىمۇ پاراڭ سېلىشمايتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پاشا ياكى بەزىدە ھوشۇر غاپپار كېلىپ ئىشنىڭ تۆۋىدىنلا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا ئازادىخان موماي قەتئىي گەپ قىلمايتـتى. جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان بەزى سوئاللارغا بەھرىنىسا جاۋاب بېرەتتى ـ يۇ، ئازادىخان مومىنىڭ كەلگەندىلا ئېيتىپ قويغان ئەسكەرتمىسى يادىدا بولغاچقا، نېمە دەپ سورالسا، شۇنىڭغا لايىق قىسقىلا جاۋاب ياندۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ قاچا ـ قۇچىلارنى ئەكىرىپ ـ ئەپچىقىپ كېتىشكە كىرگەن كۆت ـ كۆچى، مۇلازىملارغا قارىتىلغان مۇئامىلىسىمۇ ئوخشاش ئىدى.

بەھرىنىسا ئاشۇنداق ئىشلەپ قىشلىق تەتىلىنىمۇ ئۆتكۈزدى. ئارىدا ئىككى قېتىم ئانىسى بىلەن مومىسىنى، بىر قېتىم دادىـسىنى يوقلاپمۇ كەلدى. ھەر ئۆچەيلەنگە تەتىلدىكى بوش ۋاقتىمدا پارچە ـ پۇرات ئىش تېپىپ قىلىۋاتىمەن، دەپ قويىدى ۋە بىرسىگە يۈز يۈەندىن پۇل بەردى. ئۇلارنىڭ يىغىسىنى، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ پۇلنى كۆز يېشى بىلەن نەمدەپ تۇرۇپ يىغلىشىنى كۆرگىنىدە ئىـچى سىيرىلىپ ئۆزىمۇ يىغلاپ تاشلىدى. جىقراق بېرەلمىگىنىگە ھەسرەت چەكتى. لېكىن، ئۇ جىق بېرەلمەيتتى. ئۇ يەنە ئوقۇيدىـغانلىقىنى، پۇل ئۇنىڭغا شۇ چاغدا تازا كېرەك بولىدىغانلىقىنى،

ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھېچنېمە بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇ يامان ئەمەس پۇل تېپىۋاتاتتى. بولۇپمۇ تەتىل جەريانىدا كۈنىگە 50 يۈەندىن ئاشۇرۇپىراق تاپتى. قىشلىق تەتىلدە مەكتەپ تاماق بەرمىگەنلىكتىن، ئۇ تاپقان پۇلىغا كۈنىگە ئىككى ۋاق تاماق يېدى. ئىككى ۋاقنىڭ بىرىدە نان بىلەن قايناقسۇ، يەنە بىرىدە سۇيۇقئاش ئىچىپ كۆنۈپمۇ قالدى. ئۇنىڭ غىزالىنىشىنى بىلگەن ھوشۇر غاپپار ئازادىخان موماي بىلەن ئۇنىڭغا رېستوران مۇلازىمەتچىلىرى قاتارىدا بىر ۋاق تاماق ئورۇنلاشتۇرغانىدى، ئازادىخان موماي قاپىقىنىمۇ ئاچماي رەت قىلدى. ئۇ رەت قىلىۋاتقان يەردە، بەھرىنىسانىڭ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھوشۇر غاپپار ئىككى قېتىم بەھرىنىسا رېستورانغا كېلىدىغان ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ، ئالدىنى توسۇپ:

— مۇلازىمەتچىلەرگە بېرىلىدىغان تاماقنى رەت قىلماڭ، — دەپ باقتى بىر قېتىم تەكلىپ، بىر قېتىمدا تەنبىھ تەرىقىسىدە، — ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن ياخشىراق ئوزۇقلىنىشىڭىز لازىم. قورۇق نان، سۇيۇقئاشلارمۇ ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتسە ئوزۇقلىنىشىڭىزنىڭ قۇۋۋىتى بولامدۇ، — ئاخىرقى قېتىمقىسىدا ئۇ ئازادىخان مومايىنى دورىماسلىققا ئاگاھلاندۇردى، — ئۇ نېرۋىسى قورۇپ قالاي دېگەن بىنورمال خوتۇن. گەپ قىلمايدۇ، قىلغان گەپلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق. بىر مىنۇت ئۆتسىلا نېمە دېگىنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن، دەپلا چىقىرىۋەتمىدىم ئۇنى...

ئازادىخان موماي بولسا مۇلازىمەتچىلەر تامىقىنى رەت قىلغاندا:

— ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن، — دەپ ھوشۇر غاپپارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەتۈرىنى دېگەنىدى.

بەھرىنىسا بەرىبىر ئازادىخان مومايىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، مۇلازىمەتچىلەرنىڭ ھەقسىز تامىقىنى يېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ مو-

مايدىن ھەم تەپتارتتى، ھەم خىجىل بولدى.

يېڭى مەۋسۇمنىڭ باشلىنىشى بىلەن كۆڭۈلەر ئۆتكەنسېرى بەھ-رىنىساغا قاچا - قۇچا يۇيۇش ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. قىشلىق تەتىل چاغلىرىدىكى ئون سائەتلەپ ئىشلەشنىڭ ھارغىنلىقى ئەمدى بىلىنىشكە تۇتۇنغانىدى. ئەمما، پۇلنىڭ تاتلىقلىقى ئۇنى بۇ ئىش-تىن ۋاز كەچكىلى قويمايۋاتاتتى. غوجايىن ھوشۇر غاپپار ئۇنى قاچۇرماي تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، بىر سائەتلىك ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەش يۈەننى ئالتە يۈەنگە ئۆستۈرۈپ بەردى. دەرۋەقە، شەرت بىلەن، يەنى بۇ ئىشنى پاشا بىلەن ئازادىخان بىلمەسلىكى كېرەك. بەھرىنىسا بۇ شەرتنى ئاڭلىغاندا ئىنكاس قايتۇرمىغاندەك، ھەپتىدە بىر بېرىلىدىغان ھەققىنى سانىغاندا ئوخشاشلا ئىنكاس قايتۇرمىدى.

ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇم. ئۆتۈلۈپ تۈگىمىگەن دەرسلەر جىددىللەپ ئۆتۈلۈپ، ئۆتۈلۈپ بولغان دەرسلەرنىڭ كونسۇل-تاتسىيەسى ئۇلىنىپ كېلىۋېرىپ، بىر ياقتىن ئوقۇتقۇچىلارنى، بىر ياقتىن ئوقۇغۇچىلارنى ھالسىرىتىپ قويۇۋاتقان كۈنلەردە بەھرىنى-سانىڭ مەخپىيەتلىكىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ رېستوراندا قاچا - قۇچا يۇيىدىغانلىقى مۇدىرغا ھەممىدىن ئاۋۋال مەلۇم بولۇپ قالدى. كەچلىك مۇزاكىرىلەرگە چالا - پۇلا قاتنىشىپ يوقاپ كې-تىۋەرسە، ھەممىدىن يامىنى، رەسمىي ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق تەقلىدىي ۋە مانېۋىر ئىمتىھاندا نەتىجىسى بى-لىنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتسە، بۇلارنى ئاز دەپ كېسەل يۈزىگە تەپكەن ئاغرىق كىشىدەك يۈز - كۆزلىرىدە قىزىللىق، پارقىراقلىق، جۇشقۇنلۇق يوقاپ كېتىۋاتسا، بۇ ھالەتلەرنىڭ كەينىدە مۇھىم بىر سەۋەب بارلىقىنى كىملا بولسا پەرەز قىلالايدۇ - دە! ياتاقداش سا-ۋاقداشلىرىنىڭ ئىنكاسىمۇ بار تېخى...ئۇلار بەھرىنىسانىڭ كونكرېت نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، كەچ-

www.uyghurkitap.com

قۇرۇن ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى مەلۇم قىلغانىدى.

سىنىپ مۇدىرى ئايسىمە مۇئەللىمە بەھرىنىسانى ئىشخانىسىغا
يالغۇز چاقىردى. بۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى.
ئايسىمە مانېۋىر ئىمتىھانىنىڭ كېپىنى چىقىرىپ، بەھرىنىسانىڭ
تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇۋېدى، بەھرىنىسا مۇئەللىمنى تە-
قەززا قىلماي، ئۇنىڭغا كېرەكلىك جاۋابنى بىر يولىلا بېرىۋەتتى.
جاۋاب بەرگەچ ئائىلە ئەھۋالى، ئۆز ئەھۋالى، قانداق ئويلىغانلىرى-
دىن تارتىپ ھەممىنى تۆكۈپ تاشلىدى.

سىنىپ مۇدىرى ئايسىمە ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى خېلى چوڭ-
قۇر چۈشەنگەچكە، ئۇزاقتىن بۇيان ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتات-
تى. شۇ تاپتىمۇ سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان ياشلىرىدا يۈزىنى يۇ-
يۇپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىسىغا ئىچ ئاغرىتتى. شۇنداقلا زىممىسى-
دىكى بۇرچىنى ئادا قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ تەمكىنلىك، ئەستاي-
دىللىق بىلەن:

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن. ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالمى-
سىڭىز، ئۆزىڭىز پەرەز قىلغاندەك ئائىلە ئايالىغا ئايلىنىپ، ئاش -
تاماق ئېتىش، بالا تۇغۇپ بېقىشتىن باشقا ئىش قىلالمايدىغان ئا-
دىمىي ماشىنىغا ئايلىنىسىز، — دېدى خېلى قاتتىق تەلەپپۇزدا،
— بۈگۈندىن تارتىپ رېستورانغا بېرىشتىن توختاپ، دەرسلەرگە
قاراڭ. شۇ پۇل دېگەن نەرسە ھەممىمىزگە كېرەك، لېكىن كۆز
ئالدىمىزدىكى پۇل كەلگۈسىمىزنى نابۇت قىلىۋەتمىگەي. سىزنىڭ
كەلگۈسىڭىز بىلىم بىلەن روناق تاپىدۇ. ياخشى نەتىجە بىلەن ئو-
قۇسىڭىز، سىز ئەندىشە قىلغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرمۇ ھەل
بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا دەيدىغىنىم ئەمدى رېستورانغا بارماڭ، بۈ-
گۈن ئاخشامدىن باشلاپ...

بەھرىنىسا ئوڭايسىزلىنىپ:

— مەن بارماق باسقان توختام بار ئىدى، — دېدى يەرگە قا-
راپ، — ئۆزلۈكىمدىن ئىشتىن توختىسام...

ئايسىمە ئاچچىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى:

— دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان توختام ئىنا-
ۋەتسىز، — دېدى قولىنى سىلكىپ، — بالىلارنى، باشلانغۇچ-
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشلىتىش قانۇنغا خىلاپ قىلى-
مىش. ئۇ غوجايىن توختامنى باھانە قىلىپ ئۇنى - بۇنى دېسە، بۇ
ئىشقا بىز ئارىلىشىمىز، چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەندىم، — زورلىنىپ جاۋاب بەردى بەھرىنىسا.

— ياخشى، ئەمدى چىقىپ زېھنىڭىزنى دەرس تەكرارىغا سەرپ
قىلىڭ...

بەھرىنىسا ئىشخانىدىن كۆڭۈلسىز قايتىپ چىقتى. ئۇ سىنىپ
مۇدىرى ئايسىمەنىڭ سۆزلىرىنى خاتا دېيەلمەيتتى. بۇ مۇئەللىمى
ئاشۇنداق نەسىھەت، رىغبەتلەرنى بۇرۇندىن بېرىپ تۇراتتى ئەمەس-
مۇ؟ بەھرىنىسا ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا بىر
يۆلەنچۈك باردەك ھېس قىلاتتى. بۈگۈنكى سۆھبەتتىنمۇ ئۇ خېلى
زور خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئەمىسە، نېمىشقا كۆڭلىنىڭ بىر
يېرى پېتىر؟

ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپتى: ئۇ يەنە ئىككى ئاخ-
شام ئىشلىۋەتسە، ئاندىن بۇ بىر ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى ئالالايت-
تى. بۈگۈنلا ئىشتىن توختىسا، توختام بويىچە ئۆتۈپ كەتكەن
كۈنلەرنىڭ ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىشقا مەكتەپنى ئارىلاش-
تۇرغان بىلەن، كىچىككىنە بىر مەسىلە ھەل بولۇپ بولغىچە داۋ-
رىغى چىقىدۇ. ھەم گەپ بولىدۇ، ھەم دەرد بولىدۇ. بويتۇ، ئالماي،
دەپ تاشلىۋېتەي دېسە، ئىككى پۈتۈن كۈن ۋە ئۈچ ئاخشامنىڭ ئىش
ھەققىمۇ ئاز پۇل ئەمەس...

ئۇ ئاخىرقى قېتىم بېرىش قارارىغا كەلدى. ئىشلەش ئۈچۈن

ئەمەس، شەنبە، يەكشەنبىنى قوشقاندا 160 يۈەن كېلىدىغان ئىش ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن بارماقچى بولدى. ئەگەر باشقىلار ئۇقۇپ قېلىپ سۈرۈشتىسى بولۇپ قالسا، راستىنى ئېيتىش تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ قويدى.

ھوشۇر غاپپار بەھرىنىسانىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈتكەنگە قارشى گىجىڭلىق قىلىپمۇ كەتمىدى. كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تېنىمنىڭ بىر پارچىسى كېمىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان چاقچاقنى قىلىپ، — سىز ماڭا جىق ياردەم قىلغانىدىڭىز، ھامان مۇشۇنداق تەتۈر خۇلاسە چىقىپ قالىدىغانلىقىمۇ كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. بۈپتۇ، كېيىن ئىمتىھانلار تۈگەپ بوش ۋاقىت چىقىرالىسىڭىز يەنە كېلىڭ، بۇ سىزنىڭ ئىش ھەققىڭىز...

ئۇنىڭ تەڭلىگىنى 300 يۈەن ئىدى. بەھرىنىسا ھېساب قىلىپ بېرەي، دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ھوشۇر غاپپار گەپ قىلماسلىقنى ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— بولدى، ئېلىۋېرىڭ. ھەرقانداق يەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن قالسا، مۇۋاپىق قايتىش پۇلى بېرىلىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، سوراپ بېقىڭ...

بەھرىنىسا كىمدىن، قاچان سورايدۇ؟ ئۇ پۇلنى ئالدى، غوجايىن ھوشۇر غاپپار ۋە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ كەلگەن پاشا بىلەن سۆسلا خوشلاشتى. قاچا يۇيۇش ئۆيىگە كىرىپ ئازادىخان موماي بىلەنمۇ خوشلاشماقچى بولۇۋېدى، نېمىشقىدۇر ئۇ كەلمىگەن، يوق بولۇپ چىقتى.

— ۋاقتىڭىز چىقسا كېلىپ تۇرۇڭ، — ئۇزاتتى ھوشۇر غاپپار سىرتقى ئىشىككە چىقىپ، — ساۋاقداشلىرىڭىزنى، دوستلىرىڭىزنى باشلاپ كېلىڭ، تاماق يەپ كېتەرسىلەر...

پاشا بولسا قايىقىنىمۇ ئاچماي قاراپ تۇرۇپ ئۇزاتتى.

بەھەرنىسا رېستوراندىن شۇ قول ئۈزگەنچە قايتا يولىمىدى. سىنىپ مۇدىرى ئەسكەرتكەندەك، ئېغىدا ئۈنچە بىلىنمىگەن دەرسلەر ئەمدى ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. ئىمتىھاننىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتۈلۈپ تۈگىگەن دەرسلەرمۇ ئاۋۇغىلى تۇردى. بۇنداق دەرسلەرنىڭ تەكرارىمۇ ۋاقىت ھەم زېھىن تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، بەھەرنىسا ناھايىتى تەستە، ئاران ـ ئاران يېتىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇرۇن ئۇ ئالدىنقى تۆتىنچىلىكتىن كەينىدە قالمايدىغان، مانا ئەمدى قاتتىق تىرىشسا ئالدىنقى ئونىنچىلارغا تەڭلىشەلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمەلىيەت سىنىپ مۇدىرى ئايسىمەنىڭ بېشارىتىنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

نەھايەت، دەرسلەرمۇ توختىدى، ئىمتىھانلارمۇ تۈگىدى، ئەخلاق باھالاش، ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپلەرنى تاللاش، ئارزۇ تولدۇرۇش...دېگەندەك ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئۇھ دېيىشتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلاردىن باشقىلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، يېڭى ئارزۇلارغا ئىنتىلىشى باشلانغان ئىدى. ئۆتەلمىدى، دېيىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم، كەسپىي مەكتەپلەردىن يېڭى ئوقۇش ئىمكانىيىتى ئىزدەشكە تۇتۇندى.

بەھەرنىسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمتىھانىدىن كۆپىنىڭ قاتارىدا «قەدىر ئەھۋال» نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. نەتىجىسى ناھىيەدىكى يۇقىرى نەتىجىلەرگە تەڭلىشەلمىسىمۇ، ئۆز مەكتىپى، سىنىپى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقتىن، ناھىيەنىڭ يېزىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن نىشانلىق ئوقۇتۇش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ئاشۇ كۆرسەتكۈچ ئىچىدە ئوقۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتنى تاللاپ ئوقۇش

ئارزۇسى جەدۋىلىنىمۇ توشقۇزۇۋەتتى. بىشىدىن كەلگۈسىنىڭ غىمى كۆتۈرۈلدى. ئايسىمە مۇئەللىمگە ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتى - قەرەلىدە رېستورانغا بېرىشتىن توسۇپ، مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلگىنى، ئىشاندۇرۇلمىغان ئوقۇتۇش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىشىدا سەرپ قىلغان ئەجرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، شادلىق يىغىسىنى تەقدىم قىلدى. دادىسىغا، مومىسى ۋە ئانىسىغا ئۇلارنىڭ تېپىپ، بېقىپ، چوڭ قىلىپ قويغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ توغرا يولغا باشلاپ قويغانلىقلىرى ئۈچۈن رازىمەنلىك يىغىسىنى يىغلاپ، داۋاملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىك خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇلاپ يازغان ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ بىرىسىدىن كېلىدىغان ئوقۇشقا چاقىرىش ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈشتىن باشقا مۇھىم ئىشىمۇ قالمىغان، يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك تەييارلىسىلا بولاتتى.

ئۇ «ھازىر ئالىي مەكتەپلەر يوتقان - كۆرپىنى بېرىدۇ. قول سېلىپ بېرىپ ئوقۇپ، قولىنى سېلىپ قايتىپ چىقىدىغان گەپ...» دەپ ۋە يەنە «بېرىشنى بېرىدۇ، پۇل ئالىدۇ...» دېمۇ ئاڭلىدى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، يوتقان - كۆرپە تەييارلاپ قويۇماقچى بولدى. ئۇنىڭ رېستوراندا قاچا يۇيۇپ تاپقان ئاز - تولا پۇلى بار ئەمەسمىدى؟ شۇ ئەسقاتتى. ئۇ پۇلدىن دادىسىغا يۈز يۈەن بەردى. ھېلىغىچە كونا خۇيىدىن قالمىغان دادىسىنىڭ بۇ پۇلنى ناتوغرا يولغا خەجلەيدىغىنىنى بىلسىمۇ، بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئاپىرىپ بېرىپ، ئەجابەت بولۇشى ناھايىتىمۇ گۇمانلىق دۇئا ئېلىپ قايتتى. ئانىسىغا يۈز يۈەن، مومىسىغا ئىككى يۈز يۈەن بەردى. ئۇلاردىن بەكرەك، بىرەلىگىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن خۇشال بولدى. شۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ كېيىنلىكى ئۈچۈن كۆڭلىنى توق تۇتۇپ تۇرىدىغان يەنە خېلى پۇلى قالغان ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئەينى چاغدا قاچا يۇيۇپ پۇل تېپىشىم ئۇنچە توغرا

بولمىغان بولسىمۇ، تامامەن خاتا ئەمەسكەنمىدۇق...دېگەن پىد-كىرگىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇنداق بولمىسا، هازىر خەجلەۋاتقان پۇلنى ۋە ئالىي مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرىكى خەج - خىرا-جىتىنى قانداق قىلار ئىدى؟

پۇل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇنى رېستورانغا بېرىپ هو-شۇر غاپپارغىمۇ رەھمەت ئېيتىپ قويۇشقا ئۈندىدى. بۇنىڭغا يەنە ئىشقا چۈشكەن كۈنى بەرگەن ھېلىقى بىر بېزىنتىتەك قېلىن، قوپال رەختتىن تىكىلگەن ئىش كىيىمىنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىش باھا-نىسىمۇ قوشۇلغانىدى. ئۇ بۇ كىيىملەرنى تەستە يۇيۇپ، ئاران قۇ-رۇتۇپ، جاپا بىلەن چاك - چېكىلىرىنى يۆكۈپ - باستۇرۇپ قاتلاپ تەييارلاپ قويغانىدى.

بۈگۈن هاۋا ناھايىتى ئوچۇق، ئاسمان بۇلۇتسىز ئىدى. شامال يوق، تېخى چۈش بولماي تۇرۇپ چۈش - پېشىنىنىڭ ئىسسىقى بو-لۇۋاتاتتى، باراقسان ئۆسۈپ پىيادىلەر يولىغا قويۇق سايە چۈشۈر-گەن مەنزىرە چىنار دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ھېلىتىن سالپىيىپ قېلىشقان ئىدى. بەھرىنىسا بۈگۈن باھاسى ئەرزان، گۈللۈك نېپىز رەختتىن ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا ئەت رەڭ ئۇزۇن پايپاق ۋە پەس پاشنىلىق سۇنئىي خۇرۇم بەتىنكە كىيىپ چىققانى-دى. چاچلىرىنى تاراپ، سوزگۈچ سېلىپ، يېلىملاپ، ئۈستىگە ياغ-لىق چىگىۋالغان بولۇپ، سەھرا كۆرگىلى چىققان ساياھەتچى شە-هەر قىزلىرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. باشتىن - ئايىغىچە كىيى-گەنلىرى زىلۋا، زىبا بەستىگە ناھايىتى ياراشقان بولۇپ، مومىنىس-نىڭ ئۆيىدىن رېستورانغا كەلگىچە ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدى. ئۇ رېستوران ئالدىغا كەلگەندە، نېمىشقا چىقىپتىكىن، هوشۇر غاپ-پارمۇ رېستوران ئىشىكىدە ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇراتتى.

هوشۇر غاپپارمۇ يەڭگىل كىيىنگەن، يەڭسىز بىلەكلىرىنى

كۆكسى ئۈستىدىن ئالماپ تۇرغان پېتى بەھرىنىسانى كۈتۈۋالدى:
— قايسى باغنىڭ گۈلى شامالسىز ھاۋادا ئۇچۇپ كېلىۋاتىدىكىن، دەپتىمەن، — دېدى ئۇ شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرىنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئوينىتىپ، بەھرىنىسانىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئالدىرىماي قاراپ، — بۇرۇن مەكتەپ فورمىسى پىخسىقلىق قىپتىكەن - دە! نېمانچە بەرنا، ئۆز قىز سىز - ھە؟

بەھرىنىسا ئىزا تارتقىنىدىن ھۆپپىدە قىزاردى. ئېچىرقىغان كۆزلەردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، پەس ئاۋازدا:

— كىيىملەرنى قايتۇرۇۋېتەي، دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە جوۋاپ كەتتىڭىز، — دېدى ھوشۇر غاپپار قوللىرىنى مەيدىسىدىن چۈشۈرۈپ پۇلاڭشىتىپ، — يۈرۈڭ، قالغان گەپنى ئىشخانىدا دېيىشىمىز. سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى. كەلمىگەن بولسىڭىز ئىزدىمەكچى ئىدىم تېخى...

ئۇ گېپىنى تۈگەتمەيلا قايرىلىپ، رېستوران ئىچىگە قاراپ ماڭدى، بەھرىنىسانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمىدى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ ئىش بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ، كىيىمنى بېرىۋېتىپلا قايتىپ كېتىش پىلانىنى ئۆزگەرتتى. دەيدىغان نېمە گېپى بارلىقىغا قىزىقىپ قالدى.

ئۇ ھوشۇر غاپپارنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە كىردى. بۇ ئىشخانا ئۇ تۇنجى كىرگەندە قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇ ھالەتتە ئىدى. بەھرىنىسا قولتۇقىدىكى كىيىملەرنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. نېمە گەپ بار ئىدى، دېگەن مەنىدە ھوشۇر غاپپارغا قارىدى، ئۇنىڭ تىكىلىشلىرىدىن ئەيمىنىپ يەنە يەرگە قارىۋالدى.

ھوشۇر غاپپار نېمە گېپى بارلىقى توغرىسىدا دەمال ئېغىز ئاچمىدى. سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىرسىنى چاقىردى. چاقىرىلغان ئادىمى كەلگىچە جىمىپ كېتىپ، كېيىن ئۇ كەلگەن بولسا كېرەك،

پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى تاپىلىدى. ئاندىن قايتىپ كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەز، ئۇرۇقلىرى كەم كونا چوت، مۇقاۋىسى يىرتىلىپ كەتكەن ئىككى ـ ئۈچ كىتاب ۋە دەپتەر...دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىنى بىكار قىلدى، ئاندىن قولىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ھىجايغىنىچە:

— مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە سوۋغا ـ ھەدىيە بولسۇن، تېگىشلىك ياكى زۇرۇرىيەتسىز بولسۇن، خەققە بەرگەن نەرسەمنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم ئەمەس ئىدىم، — دېدى ئۆزىچە ماختىنىپ، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ـ ھە؟ — ئۇ بەھرىنىسا باياتىن كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ قويغان كىيىملەرگە قاراپ قويدى.

— ئۇنى سىز قايتۇرۇۋالمىدىڭىز، مەن ئۆزلۈكۈمدىن قايتۇرۇپ بەردىم، — دېدى بەھرىنىسا، ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇپ قويدى، — ئۇنى بۇ يەردە باشقىلارغا يەنە بەرگىلى بولار، بىزنىڭ ئۆيدە كىيىلمەي بىكار تۇرىدۇ...

ھوشۇر غاپپار قولىنى سىلكىپ قويۇپ، باشقا ماۋزۇغا كۆچتى:

— ئەھۋالىڭىزنى بەزى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن ئۇقۇپ تۇردۇم. ياخشى ئوقۇپسىز، ئىمتىھاندىنمۇ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپسىز. قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇماقچى بولدىڭىز؟

— ئارزۇنى تولدۇرغاندا بىرىنچىچە ئۇنىۋېرسىتېتنى يازدىم. قايسىسى چاقىرسا شۇنىڭدا ئوقارمەن؟ — دېدى بەھرىنىسا ھوشۇر غاپپارنىڭ بۇنىڭغا قىزىقىپ كەتكىنىگە ئەجەبلىنىپ.

— ناھىيە، يېزا سىزنى مۇكاپاتلاپ ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرگۇدەك. سىزنىڭ رېستورانىمىزدا بىر مەزگىل ئىشلىگىنىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، مەنمۇ سىزنى مۇكاپاتلىماقچى بولغانىدىم، — دېدى ھوشۇر غاپپار بەھرىنىسانىڭ ئىنكاسىنى كۆزىتىپ، قىز تېگىرقىغىنىچە ئولتۇرۇۋەرگەچكە، ئۇ دەبدەبە بىلەن ئېلان قىلدى، —

هازىرچە مىنىڭ يوھن!

بەھرىنىسا ئەمدى چۆچۈپ كەتتى، ئالدىراپ:

— بولمايدۇ، قوبۇل قىلالمايمەن، — دەۋەتتى رەت قىلىپ، — ناھىيە، يېزا بەرسە، ئۇ دۆلەتنىڭ ياردىمى. سىز شەخسىي تىجارەت بىلەن پۇلنى تەستە تاپىسىز...ھېلىمۇ ماڭا بىرمۇنچە پۇل بەردىڭىزغۇ؟ كۆپ رەھمەت...، — ئۇ ئۇستەلدە تۇرغان پۇلغا قارىغۇسىمۇ كەلمىدى.

— مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەتنىڭ، كوللىكتىپنىڭ، شۇنداقلا ھەممە شەخسنىڭ ئىشى. سىزگە بەرگەن پۇللار ئىئانە ئەمەس، ياردەم ئەمەس، بىرىنچىدىن تېگىشلىك ئىش ھەققى ئۇ. ئىشلىشىپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە مەن رەھمەت دېسەم بولىدۇ.

ھالال ئەمگەك بىلەن ھالال تاپقان پۇل ئۈچۈن بەھرىنىسانىڭ رەھمەت ئېيتىشى ئورۇنسىز، ھوشۇر غاپپارمۇ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، بەھرىنىسا:

— شۇنداقتىمۇ رەھمەت سىزگە. ئىش بەرمىگەن بولسىڭىز نېمە قىلالايتتىم؟ ئىش بەرگىنىڭىزگىمۇ رەھمىتىم بار تېخى...، — دېدى.

شۇ ئارىلىقتا ئىشكىنى پۈتى بىلەن ئىتتىرىپ، قولىدا تەخسە، چىنىلەر قويۇلغان ئەپچىل ياغاچ ئەمبەل كۆتۈرگەن بىر مۇلازىم كىردى. لەڭپۇڭ، توغرالغان تەرخەمەك، بېلىق قانىتى، قېتىق... تەخسىلەرى ۋە قاچىلىرىنى ئۇستەل ئۇستىگە تىزدى. ئارقىدىنلا يۇتازا، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان چۆچۈرە، توخۇ گۆشى... قوشۇق ۋە چوكا سېلىنغان تەخسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى مۇلازىم كىرىپ - چىقىپ كەتتى. بەھرىنىسا تۇرۇپ كېتىشنى ياكى ئولتۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

— سىزنىڭ ئوقۇش، ئىمتىھان، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش، نا-

ھىيە ۋە يېزىنىڭ مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىشتەك بىرمۇنچە نەتىجە-لىرىڭىزنى بىر يولىلا تەبرىكلىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلاتتىم بۇلار-نى، ئاز ھەم ئاددىي كۆرمىگەيسىز...، — ھوشۇر غاپپار خۇددى يە-غىنلاردىكىدەك ھەشەمەت ۋە دەبدەبە بىلەن سۆزلىگەچ ئۈستەل ئۈستىنى كۆرسەتتى.

— بەھرىنىسا راستتىنلا نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. ئۇ شۇ كۈنگىچە مەكتەپتە ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە كوللېكتىپ تاماق يېگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، يالغۇز ئەر كىشى بىلەن ئايرىم ئۆيدە، بىرمۇنچە جىق يېمەكلىكلەر راسلانغان داستىخاندا مۇنداق يېگانە ئولتۇرۇپ باقمىغان. باياتىن ھوشۇر غاپپار «مۇكاپات» دەپ مىڭ يوەن تەڭلىدى، ئۇ رەت قىلىپ ئالمىدى. ئەمدى «بىر يولى، بىراقلا تەبرىكلىۋېلىش» دەپ بىرمۇنچە يېمەكلىكلەرنى قاتارلاش-تۇرۇپ تىزىۋالدى. رەت قىلىۋېرىش سەت قىلىق. ماقۇل، دەپ قو-بۇل قىلىشمۇ غەلىتە تۇيۇلىدىغان تولىمۇ بىئەپ قېلىنلىق...

ھوشۇر غاپپار بولدى قىلماي ئۈستەلنىڭ ئۆزى ئولتۇرغان تە-رىپىدىكى تارتمىسىدىن ئۆرۈك قېقى سۈيى قاچىلانغان ئىككى بو-تۇلكا ۋە ئىككى ئىستاكان ئالدى. قاراپ قالغان بەھرىنىسانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ:

— مۇزلىتىلغان گۇلە سۈيى، بۇنى چۇلە دەيمىزغۇ؟ — دېدى ۋە — چۈشتە ئىچەرمىز، دىمىقتا، دەپ توڭلاتقۇدىن بايا چىقىرىۋال-غان، — دەپ ئىزاھلىغىنىچە، — ئىستاكاننى چايقىۋېتىپ كې-رەي، — دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بەھرىنىسا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى. كىيىمنى قايتۇرۇۋې-تىش ئۈچۈنمۇ ئادەم جىق چىڭقىچۇش ياكى كەچقۇرۇنقى باس - باستا كېلىپ، پاشاغا ياكى ئازادىخان مومايغا بېرىپ قويۇپ كەتكەن بولسا ياخشى بولاركەندۇق. ئەمدى ھېچنېمە يېمەي - ئىچمەي كې-تىشكە باھانە تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس...

هوشۇر غاپپار هايالشىسىمۇ كىردى. ئىستاكانلارنى ئۈستەلگە قويماي تۇرۇپلا بوتۇلكىدىن گۈلە سۇيى قۇيۇپ، بىر ئىستاكاننى بەھرىنىساغا تەڭلىگەچ:

— يېگەچ، ئالغاچ ئولتۇرماي قاراپلا ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ، — خالىغىنىڭىزنى يەڭ، ئىچىڭ. بولمىسا، قىزىقلىرى سوۋۇپ كېتىدۇ. سوغۇقلىرى ئىسسىپ قېلىپ، يېسە كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

بەھرىنىسانىڭ قورسىقى بەك توق بولمىسىمۇ، ئىشتەي قوزغايدىغان تاماق ۋە قورۇمىلارغا زادى كۆڭلى تارتمىدى. بۇنى ئىشتەينى تۇتمىدىغان ئىسسىق ۋە دىمىقنىڭ تەسىرىدىن دېگەندىن كۆرە، بەھرىنىساغا بۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ ياقمىغانلىقىدىن ۋە ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، دېگەن توزۇك. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەدەپ ساقلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن، هوشۇر غاپپار تەڭلەپ تۇرغان چۆلە ئىستاكاننى قولىغا ئالدى. هوشۇر غاپپارنىڭ كەينىدىن ئىستاكانغا لەۋلىرىنى تەگكۈزدى. چۆلە تاتلىق ۋە يەنە چۈچۈمەلرەك تەممۇ بار، ئىسسىق ـ سوغۇقلىقىمۇ نورمال بولۇپ، كىشىنىڭ ئىچكۈسىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ لېۋىدىن ئالماي يېرىم ئىستاكان چۆلىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. هوشۇر غاپپار سول قولىدىكى بوتۇلكىنى تەڭلەپ، ئىستاكاننى لىقلاپ قۇيماقچى بولۇۋېدى، بەھرىنىسا رەھمەت ئېيتقىنىچە ئىستاكاننى قاچۇردى. هوشۇر غاپپار قولىدىكى بوتۇلكا ۋە ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قورۇمىلاردىن ياكى ئاچچىق ـ چۈچۈك لەڭپۇڭ، تەرخەمەكلەردىن ئېغىز تېگىشكە، ياخشىسى بەك سوۋۇپ كەتمەستىن بۇرۇن چۆچۈرە ئىچىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى باشلاپ ئۈنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئېلىپ تېتىپ باققانمۇ بولدى.

لېكىن، نېمە ئىش؟ هوشۇر غاپپارنىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. بەھرىنىسا ھەتتا هوشۇر

غاپپارنىڭ ئاغزى مىدىرلاۋاتقان بولسىمۇ، نېمە دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇنى ئۇيقۇ بېسىپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى، پۇت-قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئاخىرى قولىدىكى ئازراق چۇلىسى قالغان ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ، چېقىلىپ كەتتى، ئۇ بۇنى تۇيمىدى. ئاندىن ئۆزىمۇ تۈز، راۋۇرۇس ئولتۇرالماي قىيسىيىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا قانداقتۇر كۈچلۈك قوللار ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر يەرلەرگە ئەكىتىۋاتقاندەك، يەنە بىردەم ئۆتۈپ بىر يەرلەرگە ياتقۇزۇپ قويۇۋاتقاندەك بىلىندى. بۇ بىر خىرە-شىرە سېزىم بولۇپ، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. خېلى تىرىشىپ باققان بولسىمۇ كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. يەنە سەل ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى ھېلىقى خىرە-شىرە سېزىممۇ بارا-بارا غايىب بولدى...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ ئېسىگە كەلدى. ئۈستىگە نېپىز يوتقان يېپىلغانىدى. بۇنىڭ ھوشۇر غاپپارنىڭ كارىۋىتىدىكى باش تەرەپكە يىغىپ قويۇلغان يوتقان ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئۆزىمۇ شۇ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى بىلدى، ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇندى، تۇرالمىدى. پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. گويا مىدىرلىغۇدەكمۇ ماغدۇرى يوقتەك بىلىنەتتى. ئۇ نېمىشقا بۇ ئۆيدە، نېمىشقا بۇ كارىۋاتتا ياتىدۇ؟... بۇلارنى غۇۋا ئەسلىيەلىدى. ئەمما، ئۈستىگە يوتقان يېپىنىپ ياتقانلىقى يادىدا يوق.

ئۇ كۆزىنى قايتا ئېچىپ ئۆيدە بىرمۇنچە ئادەملەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساقچى فورمىسى كىيگەن ئىككى ئايال، ساقچى فورمىسى ئۈستىدىن ئاق خالات كىيگەن بىر ئايال ۋە يەنە سىنىپ مۇدىرى ئايسىمەلەر بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا، ئەتىۋارلىق بىر بۇيۇمنى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. بەھرىنىسا يەنە ھەرىكەت قىلىپ بېقىپمۇ بەرىبىر تۇرالمىدى.

— ئېسىگە كەلدى، — دېدى كارىۋاتقا يېقىن تۇرغان، باشقىلىـ

رىدىن يېشى چوڭراق بىلىنىدىغان بىر ئايال ساقچى ۋە يانغا بۇرۇ-
لۇپ ئاق خالات كىيىۋالغان ئايال ساقچىغا كارىۋاتنى ئىشارەت قى-
لىپ قويۇپ، ئۆزى چەتكىرەك ئۆتتى. ئاق خالاتلىق ئايال ساقچى
ئالدىغا ئۆتۈپ، سول قولى بىلەن يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى قاي-
رىدى. بەھرىنىسانىڭ ئوڭ بىلىكىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ئۆزى-
نىڭ ئوڭ قولىدىكى قايسىبىر دورا سۈيۈقلۇقى قاچىلانغان ئىش-
پىرىسنىڭ تۇمشۇقىدىكى يىڭنىدىن بىرنەچچە تامچە دورا سۈيۈق-
لۇقنى ئاققۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئوكۇل يىڭنىسىنى بەھرىنىسا-
نىڭ بىلىكىنىڭ ئىچ تەرىپىدىكى تومۇرغا تىقتى.

بەھرىنىسا ئۇستىگە نېمىشقا يوتقان يېپىلغانلىقىنى شۇ چاغدا
بىلدى. ئۇ ئاندىن تۇغما قېپيالىڭاچ ياتاتتى. ئۇ قاتتىق چۆچۈپ
كەتتى. ئەندىكتى ۋە سىلكىندى. ئاشۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ
ياكى ئۇرۇلغان ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنىڭ كۈچىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ
ئېسىگە كەلدى. مۇشۇ ئىشخانا ئۆيگە كىرگەندىن ئېسىنى يوقاتقىچە
بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى يادىغا ئالدى، ئىشلارنى قايتا كۆز ئالدىغا
كەلتۈردى. ئۆزى ئۇستىدە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى ۋە
كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ، ھۇقۇيتۇپ يىغلاپ كەتتى.

ــ بولدى، بولدى، يىغلاشنى كېيىنكە قالدۇرۇپ، كىيىملىرى-
ڭىزنى كىيىۋېلىڭ، ــ دېدى يېشى چوڭراق بىلىنىدىغان ئايال
ساقچى قوپال دېسە تېخى، مۇلايىملىقىمۇ كىرمەيدىغان بىر ئا-
ھاڭدا، ــ بىز ئۇستەلدىكى يېمەكلىك ۋە پوتۇلكىلاردىكى ئىچىم-
لىكلەردىن ئەۋرىشكە ئالدۇق، نەق مەيداننى سۈرەتكىمۇ تارتىپ
بولدۇق. سىزنىڭ يەنە قانداق دەيدىغانلىرىڭىز بار؟

بەھرىنىسادىن يىغلاشتىن باشقا ئىنكاس قايتمىدى. ساقچى ئا-
ياللار بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ بېقىپ، ئۆزئارا كۆز بېقىشتى، باش
لىڭشىتتى. باياتىن بەھرىنىسادىن سوئال سورىغان ئايال ساقچى
ئەمدى ئايسىمەگە بۇرۇلۇپ:

— قىز سىزگە قالدى. باياتىن دېيىشكىنىمىزدەك، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرىگە پەخەس بولارسىز. ئەتە چۈشتىن كېيىن ساقچىخانىغا بارسۇن، بىز قايتايلى ئەمىسە، — دېدى.

ئايسىمە سۆز بىلەن ئەمەس، باش لىڭشىتىش ئارقىلىق جاۋاب بەردى ۋە ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ساقچى ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بەھرىنىساغا:

— ھازىرچە كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى ۋە بېرىپ دەسلەپتە بەھرىنىسا ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، دېرىزە تەرەپكە قارىدى،— يىغلاش ئۈچۈن سىزگە ئەمدى ۋاقىت جىق. ھازىرچە تالا - تۈزدىكى كىشىلەر ئالدىدا چاندۇرماي مېڭىڭ. ئۆيىڭىزگە مەن ئاپىرىپ قويىمەن...

مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىدە تاپا - تەنە، ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش...لەرنىڭ پۇرىقى بار ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا «ئەمدى رېستورانغا بارماڭ» دېمىگەنمىدى؟ بەھرىنىسا گەرچە ئۇ گەپلەرنى پىدەسەنتىگە ئالماي كېلىۋەرگەن بولمىسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولالمايدۇ. قاچا - قۇچا يۇيىدىغان گەپ - سۆزگە بېخىل ئازادىخان موماي جېنىدا ئۇنىڭغا: «ھەزەر ئەيلەڭ، ئانىسى قاتارىدىكى مەندەك مومايغا ئېسىلىپ باققان نائەھلى ئۇ...» دەپ ئاگاھلاندۇرمىغانمىدى؟ قاراڭ، ئۇ مومايىنىڭ گەپلىرىدىنى ئىككى پۇلغا ئەرزىمەيدۇ، دېمىگىنى بىلەن، ئۇ گەپلەرنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچىيەلمىگەنلىكتىن، مانا بۇ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان پاجىئە يۈز بەردى. ئۇ ئەمدى دەرد - ئەلىمىنى، پۇشايمىنىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى، ھەسرەت - نادامىتىنى يىغىسىغا يۈكلەيدۇ، يىغىسىغا دۆڭگەيدۇ، يىغىسىدىن چىقىرىدۇ، يىغىسىدىن يەڭگىللىك ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭغا ئۈچ يىل سىنىپ مۇدىرى بولغان ئايسىمە مۇئەللىمى توغرا ئېيتىدۇ: ئۇنىڭغا يىغلاش ئۈچۈن ئەمدى

ۋاقىت جىق!

ئۇ كىيىملىرىنى كىيدى. كارىۋاتقا، نىپىز كۆرپە ئۈستىدىكى چايشاپقا قارىغۇسىمۇ كەلمىدى. يوتقاننى يىغماي چايشاپ ئۈستىنى باستۇرۇپ قويدى. ئايسىمە مۇئەللىم ئىشىكنى يېپىپ قۇلۇپنى باسقاندىن كېيىن، بەھرىنىسا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولغىچە ئالدىدا باشلاپ ماڭدى. ئۇ يەردىن تاكى مومىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە ئىككىيلەن تەڭ ماڭدى. يول ئۈستىدە ئايسىمە مۇئەللىم مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى:

— بۇ ئىشنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى رەزىل غوجايىنىنىڭ نىمىلا بولمىسۇن ئاز — تولا ئادىمىيلىكىنى ساقلاپ قالغان خوتۇنىنىڭ ساقچىخانىغا جىددىي ئەھۋال دەپ بەرگەن تېلېفون مەلۇماتى ئارقىلىق بولغان. ئۇ سىزگە كۆيۈنۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ ئەمەس، ئېرىنىڭ «ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغىنىدىن دەردىنى چىقىرىش ئۈچۈن» دېلو مەلۇم قىلغان. ساقچىلار: سەن بارمىغىن، مەن بارىمەن... ئۇ بارمايدۇ، بۇ بارىدۇ... دەپ ۋە ئايال ساقچىلارنىلا ئەۋەتىمىز، دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن توسىيالمىغان بولسىمۇ، دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ نەق ئۈستىدىن چۈشۈپ، نەق مەيداننى بۇزۇۋېتىش، يالغان پاكىت ياساش...لىرىنىڭ ئالدىنى ئالالاپتۇ. قولىڭىزدىن چۈشۈپ چېقىلماي قالغان ئىستاكان تەگلىكىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆرۈك قېقى سۈيىدە مەسىلە بارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىۋاتىدۇ ئۇلار. ئەتىگىچە نەتىجىسى چىققاندا ئىش يەنىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. سىز ئەتە چۈشتىن كېيىن ساقچىخانىغا بارغاندا ئەھۋالنى ئەينەن، راستچىللىق بىلەن ئىنكاس قىلىڭ. بۇنداق قىلىش ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، سىزدەك، سىزدىن كېيىنكى بىرمۇنچە گۆدەك، ساددا قىزلارغا سۇنۇلىدىغان ئىپلاس قوللارنىڭ ئالدىن كېسىپ تاشلىنىشى ئۈچۈن، قىز ئۆسمۈرلەر توپىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلد-

شى ئۇچۇن...

بەھرىنىسا ئۆيگە ئاز قالغاندا رېستوراندىن چىققاندىن بېرى ئۆ-زىنى چىرمىۋالغان ۋەسۋەسە ئۈستىدە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ ئىش كەلگۈسۈمگە تەسىر يەتكۈزەرمۇ؟

— ئەيىب سىزدىن ئۆتۈلمىگەن بولسا، باشقىچە ئەھۋال يۈز بەرمەس...، — دېدى مۇئەللىم مۇلاھىزىلىك جاۋاب بېرىپ، — غوجايىنىڭ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشىچە، بۇ ئىش ئىختىيارىي، رازى-لىق بىلەن سادىر بولغان، بۇنىڭغا ئۈستەل ئۈستىدىكى مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىسپات بولالايدىكەن. بىراق، بۇ يەردە يەنە سىزگە بىھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان قاق سۈيىنى ئىچۈرۈش مەسىلىسى بار. بۇ سىرلار ئەتىگىچە يېشىلىپمۇ قالار...

لېكىن، سىر يېشىلىش تۇگۇل، ئۈستىگە سىر قوشۇلدى. ئە-تىسىگە ئېشىپ قالماي، يېشىن - دىگەر ناماز ئارىلىقىدا بەھىر-نىسانىڭ مومىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى. پىكاپتىن بىر كادىر سىياق ئوتتۇرا ياش كىشى بىلەن بەھرىنىسا-نىڭ دادىسى چۈشتى. كادىر سىياق كىشى ئەللىك - ئەللىك بەش ياشلاردا ئىدى. پاكىز قىرىلغان بولسىمۇ، يۈز ۋە ئېڭەكلىرىدە سا-قال يىلتىزى بولۇپ، ئاپتاپتا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. تار پېشانىسى ئاستىدىكى قويۇق قاشلىرى چاپلاپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كىچىك، قاتتىق كۆزلىرى بىلەن ئادەملەردىن تارتىپ ھەممە نەر-سىگە تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ بېشىغا مۇشۇنداق ئىسسىقتىمۇ قې-لىن سارجىدىن تىكىلگەن كۇزلۇك كەپكە كىيىۋالغان، ئۇچىسىدا ئاق رەڭلىك دىچۈلياڭ كۆڭلەك، ئاستىدا كۆك خادانىدىن ئىشتان، پۇتىدا كونىرىغان بولسىمۇ مايلاپ پارقىرىتىلغان قارا شىبلىت بار ئىدى. بۇ كىيىنىش جەھەتتە شۇ كەملەردىكى يېزا - بازار كادىرلى-رىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بەھرىنىسانىڭ دادىسى ئۆزگەرمەس ھالەتتە: بېشىغا كىيگەن ئاق شاپاق دوپپىسى كىر ۋە تو-

پىدىن قارايغان، ئۈستى كۆك چاپان ـ ئىشتىنىمۇ كىرلىشىپ ياغلاپ قويغاندەك بولۇپ قالغان، پۇتىدىكى كونا، يىرتىلغان ئىسپورتچىلار ئايىغى قوپال، يىرىك يىپ بىلەن يامالغانىدى. ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرتى، ۋىجىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بويى، قارىغاندىكى بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەش كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى.

بەھرىنىسا مومىسى بىلەن بازار كۈنىسى ئۈچۈن ئاق دوپپىغا گۈل تىكىپ ئولتۇراتتى. موماي بۇرۇنىسىدا يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر دوپپىچى بولۇپ، تىككەن چىمەن دوپپىسى داڭلىق، باھاسىمۇ يۇقىرى، ئېلىپ ـ ساتارلار ئالدىغا ئۆزلىرى كېلىدىغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇ قېرىدى، كۆز نۇرى ئۆتكۈرلۈكىدىن قېلىپ، نازۇك يىڭنە ئىشىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ماشىنىچىلىق قىلىدىغان قوشنىلىرىغا خەسە ئېلىپ بېرىپ ئاق دوپپا تىكتۈرەتتى. ئاندىن ئۆزى دوپپىلارنىڭ تۆت تەرىپىگە ناھايىتى ئاددىي، بىرنەچچە قىسقا سىزىقلار بىلەن گۈلدەك كۆرۈنىدىغان شەكىللەرنى تىكەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەككىز موچەنلىك سىيدام ئاق دوپپا بىر يۈەنلىك گۈللۈك ئاق دوپپىغا ئايلىناتتى. موماي بۇنداق گۈللۈك ئاق دوپپىلاردىن ھەپتىدە بىر كۈن كېلىدىغان يېزا بازىرى ئۈچۈن بىرنەچچە يۈزنى تەقلەپ قوياتتى. ئېلىپ ـ ساتارلار ئۆزلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. مومايىنىڭ كۈنى زېرىكمەي ئۆتەتتى. تاپقان پۇلىمۇ روزىغارىغا يېتەتتى. بەھرىنىسا رېستورانغا بارماستىن ئىلگىرى مەكتەپتىن يانسا مومىسىغا ياردەملىشەتتى. تاپقان پۇل ئاز كۆرۈنۈپ، ئۇ رېستورانغا كەتكەندىن كېيىنمۇ مومايغا تاپقانلىرى ئاز كۆرۈنمىدى، قىلىپ كۆنگەن ئىشى ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كاپالەت بېرەتتى.

مېھمانلارنى كۆرۈپ، موماي بىلەن بەھرىنىسا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بەھرىنىسانىڭ دادىسى بىرىنچى بولۇپ كۆلۈپ تۇرۇپ

ئېغىز ئاچتى:

— قېيىنئانا، سالامەت تۇراملا، يەنىلا شۇك ئولتۇرغىلىرى كەلمەپتۇ - دە؟ — دېدى قىزغىنلىق بىلەن، ئاندىن بەھرىنىساغا بۇرۇلۇپ، — تىنچلىقمۇ قىزىم؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— كېلىڭ قۇناخۇن، كېلىڭ، — دېدى موماي بەھرىنىسانىڭ دادىسىغا قاراپ، — ئىسسىق بولسىمۇ دىمىق ئەمەس، دەپ تاشقىرى چىقىۋالغانىدۇق. ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار... قىزىم سەن سۇپىغا كۆرپە سالغىن...، — ئۇنىڭ كېيىنكى خىتابى بەھرىنىساغا قارىتىلغانىدى.

بەھرىنىسا قەدەم ئالماي تۇرۇپ، بىللە كىرگەن كادىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن قۇناخۇن ئېغىز ئاچتى:

— بىز ئۆيگە كىرمەيلى، ۋاقتىمىز بەكمۇ قىس. بۇ كادىرىمىز ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىكەن، — دېدى قۇناخۇن قىزغىنلىق بىلەن. ئۇ گويا ئۆزىنىمۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى سىياقىدا چاغلاپ سۆزلەيتتى، — بىزنىڭ بەھرىنىسانىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش نەتىجىسى ناھىيە بويىچە ناھايىتى يۇقىرى چىققاچقا، باشقىلارنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، كېيىنكى ئوقۇش ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە، يۈزتۇرا سۆزلەشكۈسى بار ئوخشايدۇ...

— ئىقتىسادىي جەھەتتە بېرىلىدىغان ياردەم ھەققىدە نەۋرىلىرىنىڭ پىكرىنى ئۇقۇپ باقماقچى، — دېدى كادىر قۇناخۇننىڭ سۆزلىرىنى تولۇقلاپ، — شۇڭا، مېنى نەۋرىلىرىنى ناھىيەگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەۋەتتى...

ئۇ سۆزىگە ئۇلاپ، بەھرىنىسانىڭ ئادرېسىنى تەستە تاپقانلىقى، دادىسى قۇناخۇننى تاپسا، قىزىنىمۇ تاپقىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇناخۇننى ئىزدىگەنلىكى، ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

— شۇنداق، — دېدى موماي ئىستىهزالىق كۈلۈپ، — تونۇمىغان - بىلمىگەن ئادەمگە قىزىنى قوشۇپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، — ئۇ بەھرىنىساغا بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — داداڭ يېنىڭدا بولغاندىكىن، بارساڭمۇ بېرىپ كەل قىزىم. كېيىنكى ئوقۇشۇڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىمىز، دېگەن ياخشى گەپقۇ؟

بەھرىنىسانىڭ نېمىشقىدۇر كۆڭلى تارتمىدى. ناھىيە بىلەن يېزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇ ئايسىمە مۇئەللىمدىن ئاڭلاپ بولغان، يەنە بىر جەھەتتىن، ياردەم بېرىلىدىغان ئوقۇغۇچى يالغۇز ئۇلا ئەمەس. ئۇنىڭ نەتىجىسى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ناھىيەدىن قايسى ئورۇن ۋە كىم ئىزدىسە، مەكتەپ ئارقىلىق ئىزدىسە بولاتتى. بۇ ئىشتا ئۇلار جاپا تارتىپ ئادرېس ئىزدەپ، دادىسىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ ئىشەندۇرۇپ چاقىرىش سەل غەلىتە تۇيۇلاتتى... شۇ تاپتا غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ دەپ بېرىشنى رەت قىلسا، غەلىتە تۇيۇلۇش جىڭدا ئولتۇرىدىغان باھانە - سەۋەب بولالمايدۇ... ئۇ بېرىشنى قارار قىلدى. بويىنىدىن باغلاپ ئېلىپ كېتىلمىۋاتقاندەك، تەسلىكتە مېڭىپ بېرىپ، ناھىيەدىن كەلگەن كادىر ئالدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ تۇرغان پىكاپقا چىقتى.

پىكاپ يولغا چىقىپ، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، ناھىيەدىن كەلگەن كادىر قۇناخۇنىنىڭ قولىغا 200 يۈەننى تۇتقۇزۇپ پىكاپتىن چۈشۈرۈۋەتتى. دادا بىلەن قىز «خوش» دېيىشكە ئۈلگۈرمەي، پىكاپ يۈرۈپ كەتتى. كادىر شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندىن بويىنى قىينىلىپ بۇراپ، كەينىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغان بەھرىنىسا ئىشەنگۈدەك بىر باھانىنى مەلۇم قىلدى:

— دادىگىزنىڭ ناھايىتى ئالدىراش ئىكەنلىكىنى كېلىۋاتقىچە ئۇقتۇق. ئۇ مېنىڭ ئىشىم بىر سائەتتە 200 يۈەن پايدا تاپىدىغان ئىش ئىدى، دەپ كەلگىلى ئۇنىماي، ناھايىتى تەسلىكتە شۇ 200 يۈەننى تۆلەپ بىر ئىشكە ۋەدە بېرىپ ماقۇلغا كەلتۈرگەن. ئەسلىدە، سىز خۇش بولىدىغان گەپ — سۆزنىڭ ئۈستىدە ئۇمۇ تۇرۇپ بەر-گەن بولسا، نەقەدەر ياخشى ئىش بولاتتى — ھە؟ دەپ ئويلىغاندۇق، ئۇنى قايىل قىلالمىدۇق. شۇنداق ئاسان پايدا تاپىدىغان قانداق ئىش ئۇ؟ بىلمىدىغانسىز بەلكىم؟

كادىرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيمۇ ئامال يوق. لېكىن، ئۇنىڭ سۆز ئۇرغۇسىدا مەسخىرە قىلىش قويۇق ئىدى. سوئالغا بولسا بەھر-ىنىسا جاۋاب بەرمىدى، ئاڭلىمىغانغا سالدى. كادىرمۇ جاۋاب ئې-لىشتا چىڭ تۇرمىدى.

ناھىيە بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئارىلىقى 18 كىلومېتىر كېلەت-تى. پىكاپ بىردەمدىلا ناھىيە بازىرى تەۋەلىكىگە يېتىپ كەلدى. بەھرىنىسانىڭ كۆتكىنىگە قارشى شەھەر ئىچىگە ئەمەس، ئوڭ تە-رەپكە بۇرۇلۇپ، تۈز، ياخشى ياسالغان ئاسفالت يول بىلەن باغ — ۋارانلىق بىر دائىرىدە ماڭدى. ئەتراپ چىرايلىق، ياسىداق ئۆيلەر ۋە ئۆيلەر ئارىلىقىدىكى باغلار بىلەن تولىمۇ كۆركەم، چىرايلىق ئىدى. باغلارنىڭمۇ، قورۇلارنىڭمۇ قورۇق تاملىرى خىش بىلەن يا-سالماستىن، قېلىن چويۈن بىلەن پاياتلاپ چېتىلغان، تېشىدىن ئىچى كۆرۈنىدىغان رېشاتكا بىلەن دائىرىلەنگەنىدى. قارىغاندا، باي — غېنى ئائىلىلەرنىڭ ياكى ھوقۇقلۇق ئەربابلارنىڭ شەھەر سىرتى-دىكى باغلىق ھويلىلىرىدەك، ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تەرىپىچە دا-چىلاردەك تەسىر قالدۇراتتى. پىكاپ ئاشۇنداق بىر قورۇ ئالدىغا كەلدى. شوپۇر ئۆز تەرىپىدىكى دېرىزىدىن قولىنى سىرتقا چىقىر-ىپ، تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئىشلىتىدىغان تىزگىنەككە ئوپئوخ-شاش بىر سايماننى رېشاتكىغا ئوخشىتىپ ياسالغان دەرۋازىغا توغ-

www.uyghurkitap.com

رىلاپ، بىرنېمىسىنى باسقانىدى، دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى. «پەن - تېخنىكىنىڭ ۋە بايلىقنىڭ كۈچى، — دەپ ئويلىدى بەھرىنىسا، — مانا بۇنىسى ھوقۇقنىڭمۇ كۈچى بولسا كېرەك...»

پىكاپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ، ئاپپاق ئاقارتىلغان ئىككى قەۋەتلىك بىر ئۆينىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا توختىدى. ئالدىدا ئولتۇرغان كادىر يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشۈپ، ئارقا ئىشىكنى ئاچتى. بەھرىنىسانى چۈشۈرۈپ ئىشىكنى تاقىدى - دە، ئوڭ قولىنى ئىشىك تەرەپكە سوزۇپ «مەرھەمەت ئىچكىرىگە» دېدى. بەھرىنىسا پەسكە چۈشۈپلا ئۆزىنىڭ بىر شەخسىي تۇرالغۇغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيدى. بۇ تۇيغۇ پىكاپ چوڭ يولدىن بۇرۇلغاندىلا پەيدا بولغان، ھازىر تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ ئىچىگە كىرىپ ھەيران بولدى: «بۇ نەدە بىر باشلىقنىڭ ئىشخانىسى بولسۇن؟ شۇنداق بىر باشلىقنىڭ ناھىيە سىرتىدىكى ئارامگاھى بولسا كېرەك. ئىمتىھان، ئوقۇشقا بېرىش، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش... دېگەندەك خۇسۇسىي ئىشلارغا تەۋە بولمىغان مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق خۇسۇسىي تۇرالغۇ - ھۇجرىلاردا مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىش نەدە بار؟...» ئۇنداق بولسا ئۇنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىدۇ؟...

بەھرىنىسا سەگەكلەشتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمدى بولىدىغان گەپ - سۆز ۋە سۆھبەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ...، — ئۇنى باشلاپ كەلگەن كادىر بەھرىنىسانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپلا چاي قۇيۇپ كەلگەندى، ئەمدى ئىستاكاننى بەھرىنىساغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا يەنە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

بەھرىنىسا ئىستاكاننى قولىغا ئالدى - يۇ، ھوشۇر غاپپار تەڭلىگەن قاق سۇيى قۇيۇلغان ئىستاكان كۆز ئالدىغا كېلىپ تېنى شۈركەندى. بۇ ئىستاكاننى ئولتۇرغان يالغۇز كىشىلىك كىرىسلو-

نىڭ يان تەرىپىدىكى چاي ئۇستىلىگە قويۇپ قويۇپ، بولغۇسى سۆھبەتكە تەييارلانغىنىچە ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. بۇ ئۆي ئەمەس، بىر زال ئىدى. ئېگىز يېپىلغان، ئىشىك تەرەپكە، ئىككى يان تەرەپلىرىگە ئۇچتىن ئېگىز، كەڭ دېرىزىلەر قويۇلغانىدى. دېرىزىلەرنىڭ ئۇستىدىن ساڭگىلىتىپ ئېسىلغان تور پەردىلەر زال ئىچىنى تېخىمۇ ئازادە كۆرسىتەتتى، تورۇسنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىكرەك، ئوتتۇرىسىغا چوڭ، يۇمىلاق ئاسما چىراغلار ئېسىلغان بولۇپ، زالنى تېخىمۇ كۆركەم تۇسكە كىرگۈزگەن، تام ياقىلىتىپ، دېرىزە بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ تىزىلغان يالغۇز ۋە ئۇچ كىشىلىك ئېسىل كىرېسلولارنىڭ ئارىلىقلىرىغا جايىغا ماسلاشتۇرۇپ قىسقا ۋە ئۇزۇن چاي ئۇستەللىرى تىزىلغان، ئۇستىگە تور ياپقۇ يېپىلىپ، ئۆلچەپ كېسىلگەن ئەينەكلەردە باستۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئادەمنىڭ سايىسى چۈشكىدەك پارقىرىتىپ سىرلانغان تاختاي پول ئۇستىگە بۇيرۇتۇپ توقۇلغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان چوڭ يۇڭ گىلەم كۆز چېقىپلا بولدى قىلمايتتى. ئۇ باشقا جىمى ھەشەمەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ سۇر پەيدا قىلاتتى.

بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان پۇلدارلار ۋە يەنە ھوقۇقىنى پوپوزا قىلىشقا ئامراق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۆزىنى ئالدىراش كۆرسىتىدىغان، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغاندىمۇ مېھمىنىنى ساقلىتىدىغان بىر مىجەز بولىدۇ. بۇنداق مىجەز قارشى تەرەپ ئالدىدا ئابرۇيىمنى ئاشۇرىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك ئۇلار. بەھرىنىسا ئۆزى بىلەن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدىغان باشلىقنىڭ كىملىكىنى، دەرىجىسىنى بىلمىسىمۇ، ھېلىتىن ياخشى تەسىراتقا كېلەلمىدى. «بۇنداق ئۇزاق ساقلاتمىسا بولاتتى، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، بىردىن يۇزگىچە سانايمەن. يەنىلا چىقمىسا، بايىقى ئادەم كىرىپ كەتكەن تەرەپكە بېرىپ قاراپ باقىمەن...»

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئوتتۇز ئۈچنى ساناپ بولغاندا ئۇنى باشلاپ كەلگەن كادىر كۆرۈندى، ھايالشىماي كەينىدىنلا بىر ئايال كۆرۈندى. بەھرىنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالغا سالام بەردى. ئايال ئىلىك ئالغان ـ ئالمىغاننىڭ ئارىسىدا قېشىنى ئۈچۈرۈپ، بېشىنى ئېگىپ قويدى.

كادىر بەھرىنىسانى كۆرسىتىپ:

— ھېلىقى قىز شۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئايال «ئۇقتۇم» دېگەن مەنىدە يەنە بىر قېشىنى ئۈچۈرۈپ قولىنى سىلكىدى. كادىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بەھرىنىسانى قايتىدىن كۆزىتىپ چىقتى. ئۆزى ئۈچ كىشىلىك بىر كىرېسلوغا ئولتۇرۇپ، پۇتىنى ئەرلەردەك مىنگەشتۈرۈۋالدى. بەھرىنىساغا:

— مۇنۇ كىرېسلودا ئولتۇرۇڭ، — دەپ ئۆزىگە يېقىن بىر كىشىلىك كىرېسلونى كۆرسەتتى. بەھرىنىسا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆرە ھالىتىدە كۆرۈپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن كىرېسلوغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئايال كۆزىتىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن.

بەھرىنىسا ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپ كەتتى. كۆزلىرىگە ياش كېلىپ يىغا ياماشتى. ئەمما، ھېچنېمە دېمەي بېشىنى ساڭگىلاتتى.

ئايال 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، بويىغان چاچلىرىنى قۇلىقىنىڭ ئاستىغا يەتكۈدەك يەردىن كەستۇرۇپ بۇدۇر قىلدۇرغانىدى. ئاق سېرىق يۈزىگە قۇرغاقراق ماي سۈرگەن، قاشلىرىنى ئىنچىكىلىتىپ تەردۈرگەن، كۆز ۋە جاۋغاي تېرىلىرىنى تارتقۇزغانىدى. شۇنداق ئىكەنلىكىنى يېقىن تۇرسا كىملا بولسا كۆرۈپ بىلەلەيتتى. تارتقۇزالمىغان قۇلاق ئاستى ۋە بوينىدىكى بەلدەملىشەكەن قاتلىق تېرىلەرنى نېرىدىنمۇ پەرق ئېتىشكە بولاتتى. ئۇ ئۇستىگە كىيگەن، ئىسپورتچىلارنىڭكىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن ئې-

گىمز ياقىلىق كوپتىمۇ بوينىنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەي-گەندى. ئاستىغا كىيىۋالغان ئىشتىنىمۇ كوپتىسىدەك ئاق ۋە بەكلا نېپىز، ئىچ كىيىملەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، ئايال بۇ كىيىملەر بىلەن جەزبىدار، تارتىملىق، ئىسپورتچى قىزلاردەك كۆرۈنەتتى.

ئاشۇنداق گۈزەل، نازىنىن، جەلپكار ئايالنىڭ ئاغزىدىن چىققان سەت گەپ بۇ يەردە ئوقۇش، ئالىي مەكتەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش... دېگەندەك تېمىلاردا سۆھبەت بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك بولدى. بەھرىنىسا بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قال-غانلىقىنى بىلدى. مومىسىنىڭ ئالدىدىلا: «نېمە گېپىڭلار بولسا مەكتەپ، مۇئەللىم ئارقىلىق ياكى شۇلار بار سورۇندا ئېيتىڭلار» دېمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ياشلىق كۆزىنى يوشۇرۇپ، بېشىنى يەنىمۇ تۆۋەن سالدى.

ئايال مىيىقىدا كۈلدى، بەھرىنىسانىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىن بىخەۋەر:

— ئون سەككىزگە كىرىپ قالغان چاغدا ئىزا - پىمزا تارتىش كەتمەيدۇ. ئىزا تارتىدىغانلار ھەرگىز كارىۋاتقا چىقمايدۇ، يەنە كې-لىپ ئۆزىنى ئىشلىتىۋاتقان غوجايىن ئەرنىڭ كارىۋىتىغا...

— مەن...، — بەھرىنىسا بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، گېلىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ھېچنېمە دېيەلمىدى.

ئايال پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىدى:

— رېستورانلاردا قىزلار ئىشلەيدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ يې-رىنى ئورتاققا بەرگەنلەر، ئىجارىگە قويغانلار، ھۆددە ئالىدىغانلارنى ئىزدەيدىغانلار... ھەممىسى تېپىلىدۇ. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئون سەككىز ياش بولۇش قىز بولۇشنىڭ بەلگىسى ئەمەس، توي قىلسا قىزلىق كىنىشكا ئېلىشنىڭ شەرتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالدى. مەن دېگەنلىرىمنىڭ مۇتلەق راستلىقى ئۈچۈن، ناھىيە با-

www.uyghurkitap.com

زىرىدىكى رېستورانلاردا يۈزىنى قىزىل بوياپ يۈرگەن 15 ـ 16 ياشلىق قىزلاردىن نەچچىنى تەلەپ قىلسا شۇنچىنى تېپىپ بېرەلەيمەن. جاھاننىڭ ئەلمى ـ تەلمى شۇ تۇرسا، سىزگە كىم قويۇپتۇ نازلىق ـ نازۇكلۇقنى...؟ مۇنداق ئىشتا بىلمەي قېلىش يەسلىدىكى قىزلارغىلا يارىشىدۇ... مەن قىز، دەپ يۈرۈش ئانكىت، جەدۋەل تولدۇرغاندا «جىنسىي ئايرىمىسى» گىرافىسىنى ئاق قويماي يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ... مۇنداق قارىماققا، سىزنىڭ تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈن ئارىلىقىدا نېمە پەرقىڭىز بار؟ ئەتە سىزنى كۆرگەنلەر نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ سىز ئوخشاشلا شۇ بىر قىز. مانا، «ناھايىتى چوڭ ۋەقە» دېيىلگەن ئىشنى تەڭ تېرىپسىلەر، سىز يەنىلا رېستوراندىن ئۆيىڭىزگە، ئۆيدىن بۇ يەرگە ـــ يەنى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدىڭىز، زەمبىلدە يېتىپ ئەمەس، ئىككى پۇتىڭىز بىلەن مېڭىپ كەلدىڭىز. دېمەك، ئۇ ئىش بىلەن ساغلاملىق ـ سالامەتلىكىڭىزنىڭ چوڭ دەخلىسى يوق، دېگەن سۆز، دېگەنلىرىمنى چۈشىنىۋاتامسىز ئۆزى...؟

ـــ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم...، ـــ دېدى بەھرىنىسا راستىنى ئېيتىپ، دېمىسىمۇ ئۇ بۇ ئايالنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنىدى.

ـــ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. خېلى پىشقانلاردىن ئىكەنلىكىڭىزمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ، ـــ ئايال كۇلۇپ قويدى. مىنگەشتۇرۇۋالغان پۇتلىرىنى چۈشۈردى، لىغىرلاپ تۇرغان ئىشتىنىنىڭ تىز تەرىپىدىن ئۇستىگە كۆتۈرۈپ قويدى. كۆزىنى بەھرىنىسادىن ئالماي داۋام قىلدى، ـــ ئۇنداقتا، ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشەيلى. سىز بوتناپ ئولتۇرۇۋالماي، جاۋاب بېرىدىغان سوئالغا جاۋاب بېرىڭ. تەلەپ قىلسام چۈشەندۈرۈڭ، مۇشۇنداق كېلىشىۋالايلىمۇ؟

بەھرىنىسا «ماقۇل» ئىشارىسىغا باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە

سۆز بىلەن ئەمەس، باش ئىشارىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ياقمىدى بولغاي، ئايال تەرىنى تۇرۇپ، بىلىنگىدەك قوپاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ناھىيەدىكى خېلى ۋەزنى بار بىر ئىدارىنىڭ باشلىق ياردەمچىسىنىڭ ئايالى، سىز ئىچ پەش تارتىپ قالغان رېستوران ئىگىسى ھوشۇرنىڭ ئاچىسى بولىمەن. ناھىيە ئىچى - تېشىدا نامىم، ھۆرمىتىم بار. گۈلسۈمئاي، دېسە ئۆزۈم بولمىساممۇ تۆردىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ قويۇلىدىغان شەرەپكە ئىگە خېنىملاردىن بولىمەن...، — بەھرىنىسانىڭ قۇلىقى «ۋىڭ» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تولدى. ھوشۇر، رېستوران دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، چېكىلىرىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. كېلىشكە تېگىشلىك بولمىغان جايغا كېلىپ قالغانلىقىدەك گۇمانى راستقا چىقىپ، لېۋىنى چىشلىدى. ئاشۇنداق نېرۋا پاراكەندىچىلىكى بىلەن ئايالنىڭ ئېرى باشلىق ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان ۋەزنىلىك مەشھۇر ئىدارىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. گۈلسۈمئاي ئىسىملىك بۇ ئايال ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بىرنەچچە مەشھۇر زاتلارنىڭ نامدار رەپىقىلىرى بىلەن قانداق ئۇلپەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماختىنىشنى داۋام قىلىپمۇ، بەھرىنىسانىڭ زوقلىنىپمۇ، قورقۇپمۇ، ھەيران قېلىپمۇ، ئىشقىلىپ، بىرەر ھەرىكەت ياكى ئىملىق تاۋۇشلارنى چىقىرىپ ئىنكاس قايتۇرمىغىنىدىن رەللە بولۇپ زەردە قىلدى، — سىزدەك رېستوران بوسۇغىسىدا دەسمال پۇراپ كۈننى ئۆتكۈزىدىغانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا چولام تەگمەيتتى. ئىشنىڭ ئىنىم ھوشۇر بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر چېتىشلىقى بار ئىكەن. شۇڭا، قولۇمغا سوپۇن سۇرمەي ئىلمان سۇغا تىققاندەك ئارىلىشىپ قېلىۋاتىمەنغۇ تاڭ! ئوقۇش پۈتكۈزۈپسىزغۇ؟

ئۇ مەزمۇندا قىلىنىۋاتقان گەپ تۈيۈقسىز توختاپ، بۇ مەزمۇندا سورالغان سوئال بەھرىنىسانى مەڭدىتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئى-

جابىي جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزدۈم، — ئۇ ئەمدى دىققىتىنى ئايالغا قارىتىشقا مەجبۇر بولدى.

— تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈش ئىغىزغا ئالغۇچىلىك ئىشمۇ ئەمەس، كىملا بولمىسۇن پۈتكۈزسە بولۇۋېرىدىغان مەكتەپ ئۇ، — گۈلسۈمئاي بايىقى جاۋابنى تېز ئالالمىغاچقا تېرىكىپ قالدى، — دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى بار. توققۇز يىلنى مەجبۇرەن ئوقۇغاندىكىن، قالدى ئۈچ يىلمۇ ئۆتىدىغان گەپ. مانا، سىلەردەك- لەر ئوقۇغۇچىمۇ، يۈندىچىمۇ؟ ھەر ئىككىسىدە بار. ئوقۇپ يۈرگەن بولۇۋېلىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى ئالىسىلەر. رېستو- راندا ئىشلىگەن سىياقتا كىرىۋېلىپ، غوجايىنلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈپ، كارىۋات ئۈستى كۆرسىتىمۇ پۈتكۈزىسىلەر. كۆزۈڭلار- نىڭ يۈندىسىنى، بۇرنۇڭلارنىڭ پوتلىسىنى ئىچىپ، شۈمشىيىپ تىترەپ ئولتۇرۇۋۇالساڭلار بىچارە ھۆكۈمەت ئىچ ئاغرىتىپ پۇل بېرىدۇ، يۆلەيدۇ. سىلەرنىڭ يېنىڭلار ئاغرىمىغاندىكىن، ئېلىۋې- رىسىلەر. خوش، قايسى ئالىي مەكتەپكە بارماقچىسىز؟

گۈلسۈمئاينىڭ تاپا ــ تەنە، ھاقارەتلىرى جېنىغا تەگكەن بەھرد- ىنسا تۇرۇپ كەتمەكچىمۇ بولۇۋىدى، ئۇنىڭ سوئالىدىن يەنە بېسىقىپ قالدى:

— بىرنەچچە مەكتەپنى يازغان، قايسىسىدىن چاقىرىق كېلەر- كىن...

— كېلىدۇ، قايسىسىدىن بولمىسۇن، بىرىدىن كېلىدۇ، — جەزملەشتۈرۈپ دېدى گۈلسۈمئاي ئىشەنچ بىلەن، — ئىسمى مەك- تەپ بولغانىكەن، بالا ئوقۇتماي ئىشەك باقامتى؟ ئىشەك بېقىش ئۈچۈنمۇ ئادەم كېرەكتە! — ئۇ بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇپ قويغان بولسا كېرەك، ئۆزى ئولتۇرغان كىرېسلونىڭ يۆلەنچۈك ياستۇقى تېگىدىن قېلىن بىر لېپاپنى ئالدى. بەھرىنىساغا كۆز ــ كۆز قىلد-

غاندەك پۇلاتقلىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ ئىشتىن كې-يىن باتۇر كۆپ بولىدۇ. ئىنىم بىلەن ئىككىمىز تېرىغان ئىشتا قايسىمىزلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى دېيىشمەي-لى. سىز مىڭ يۈەن تەلەپ قىلىپ غوجايىنىغا سوراپ كەلگەنىدىم، دەڭ. بۇ پۇل بىلەن چاقىرتقان مەكتەپكە بېرىۋالارمەن، دەپتىكەن-مەن، غوجايىنىنىڭ بىشەم، تۇزكور، شەقىقى خوتۇنى غوجايىنغىمۇ، ماڭىمۇ روھىي زەخمەت ئېلىپ كەلدى، ئىككىمىزنىڭ ئىشى ناھا-يىتى كەلسە، پۇل ئۈچۈن قىلىنغان ئەخلاقسىزلىق ئىدى، خالاس! مەنغۇ بۇ يەردىن كېتەرمەن، كۆڭۈلچەك غوجايىنىم تۆكۈلگەن ئا-رۇيى بىلەن رېستورانىنى ماڭغۇزۇۋېرەلەرمۇ؟ دەڭ...بولارمۇ؟ مانا بۇ لىپاپىنىڭ ئىچىدە نەق ئون مىڭ يۈەن پۇل بار. بۇ پۇل بىلەن غەم قىلماي ئوقۇيالايسىز. كېيىنگە يەنە مەن گۈلسۈمئاي بار. مومىڭىز، دادىڭىز، خەقنىڭ ئۆيىدىكى ئانىڭىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى تۇرمۇ-شىدا يېتىشەلمەي قالىدىغان تەرەپلەر چىقىپ قالسا، كېلىپ ماڭا ئېغىز ئاچسۇن. شۇنىڭغىمۇ يەنىلا مەن گۈلسۈمئاي بار... مەن مۇ-شۇنداق قولى ئوچۇق، قىلغاننى بىلىدىغان ئايالمەن. ئېلىڭ بۇنى، ئون مىڭ يۈەن دېگەن بىر قىزنىڭ تويلۇق پۇلى...

بەھرىنىسا سۆھبەتنى ئاڭلاپ بولدى، خۇلاسىنىمۇ ئۇقۇپ بول-دى. بۇ يەردىكى گۈلسۈمئاي، ئۇ يەردىكى ھوشۇر غاپپار بەھرىنى-سانىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئوي-لىشىۋاتاتتى. ئەگەر بەھرىنىسا گۈلسۈمئاي باياتىن ئۆگەتكەندەك دېسە، مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرمەمدۇ؟ بۇزۇق قىزنى قايسى ئالىي مەكتەپ قوبۇل قىلىدۇ؟ ئاغزى بېسىقماي تىللاشتىن ھار-غاندا، ئاندىن سىيلاشقا ئۆتكەن مۇنۇ شادىغىتاڭ خوتۇننىڭ قۇرغان قاپقانلىرىنى كۆرمەمدىغان... كېيىنگە ئۇ بارمىش. يېتىشمەي قا-لىدىغان تەرەپلەر چىقىپ قالسىمۇ ئۇ بارمىش.

ــ بۇ پۇلنى ئالالمايمەن، ــ دېدى بەھرىنىسا ئاۋازى پەس

بولىسمۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەمەلىي ئەھۋال سىز ئۆگەتكەندەك ئەمەس. ئۇنداق دېيەلمەيمەن، شۇڭا بەرگەن پۇلىڭىزنىمۇ ئالالمايمەن...

گۈلسۇمئاي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېپاپ تەڭلەپ تۇرغان قولىنىمۇ چۈشۈردى. ئۇ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— ھە، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، — دېدى ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە زورلاپ، — سىزنىڭ بۇ ئەلپازىڭىز بىلەن مۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: تۆھمەت قۇربانى ئىنىم جىق بولسا ئۈچ، بولمىسا بىر - ئىككى ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىدا ئاقلىنىپ، روھىي زىيىنى، رېستورانىنى ئاچالمىغان ۋاقىتلاردىكى زىيىنى قوشۇلۇپ تۆلەمگە ئېرىشىپ، رېستورانىنى قايتا، داغدۇغا بىلەن ئاچىدۇ. ئەدلىيە تارماقلىرى، جەمئىيەتنىڭ ئايال جىنسلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئومۇمىي پسىخىكىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇۋالغان رېستورانچى قىز بىرمۇنچە يېڭى گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتى بويىچە تۆھمەت قىلغۇچى دەپ قارىلىپ، ئوقۇۋاتقان مەكتىپىدىن قوغلىنىدۇ. بەلكى، ئۇنىڭغا ئەمدى ئوقۇشمۇ نېسىپ بولماس. چۈنكى، ھەرقانداق ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەمنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئوقۇش ئارزۇسىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەن، بىخەستەلىكىدىن ياكى بەك سەممىيلىكىدىن بىرەر - يېرىم نومۇرنى كەم ئېلىپ قالغان زەردارلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ باللىۋاقىلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇ كۆزلەردە ئۇ چاقىرىق قەغىزىمۇ ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدۇ. ئاخىردا، ھەق ئىشقا ئارا تۇرۇشقا ئامراق مەن گۈلسۈمئاينىڭ ئون مىڭ يۈەن پۇلىمۇ سورۇلۇپ تۈگىمەيدۇ. ئەسلىدە، مەنمۇ ئۆيۈمدە تېخى خەير - ساخاۋەت شىركىتى ئاچقان ئەمەس ئىدىم...، — ئۇ گەپلىرىنىڭ بەھرىنىساغا قانچىلىك تەسىر قىلىۋاتقىنىنى بىلمەكچى بولغاندەك، بەھرىنىسانىڭ چىرايىغا

قاراپ سۆزلىگەندى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرى تەرەپكە بويۇنداپ تۇۋلىدى، — قايىسىڭلار بار؟ ھاي، ئوسماق قارى، بۇياققا بىر چىقىڭچۇ؟ گەپ بار...

بىر - ئىككى مىنۇتچە ئۆتۈپ، ئۆيىنىڭ ئىچكىرىكى تەرىپىگە ئېچىلغان ئىشىكىدىن بەھرىنىسانى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى كادىر سىياق كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاۋۋال جەھلى تۇتۇپ، چىرايى بۇزارغان گۈلسۈمئايغا، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇۋالغان، رەڭگىرويى ئۆڭگەن بەھرىنىساغا قاراپ بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى. گۈلسۈمئاينى سۆزلەتكۈزۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ خىزمەتكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ گېلىنى قىرىپ قويدى.

— مۇنۇ مەلىكىزادىنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى گۈلسۈمئاي ئۈچلىنۋالغان تۇمشۇقى بىلەن بەھرىنىسانى ئىشارەت قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇغۇسى يوق ئىكەن، كىچىكىدىنلا رېستورانلارغا كۆنۈپ كەتكەن بۇنداق سېكىلەكلەر ئۈچۈن مەكتەپ دېگەن ناھايىتى كەلسە پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ باھانىسى. ئوقۇغۇچىلىقنى پەش قىلىشنى ئوبدان ئۆگەنگەن سومەللەردىن ئىكەن بۇ...

ئوسماق قارى دېگەن كادىر گۈلسۈمئاينىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلالمىغىنىنى چۈشەندى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— قىزىم چوڭلۇقىدا بار ئىكەنسىز، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلاپ، — ئەل ئىچىدە «بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ» دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار. خانىمنىڭ سۆزىگە كىرىڭ قىزچاق، — ئۇ «خانىم» دېگىنىدە كەيكىلىك بېشى بىلەن گۈلسۈمئاينى ئىما قىلىپ قويدى، — خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى دېگەن نەگە قولىنى ئۇزارتسا شۇ يەرگە يەتكۈزەلەيدىغان، سىلەردەك بەش - ئون ئوقۇغۇچىنى ئارزۇلىغان مەكتىپىگە يەتكۈزۈپ قو-

يالايدىغان گېپى ئۆتكۈر كىشىلەر. ئۇن مىڭ يۈەن دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ ئۇن مىڭ دوپپىغا گۈل تىكسە تاپقىلى بولىدىغان بىر خەزىنە ئۇ... ئۇن مىڭ يۈەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: كۆرۈۋاتامسىز؟ مەن ئۇن مىڭ يۈەنگە ئىختىيار قىلغان دېسىڭىز، كىم سىزگە ھۆررۇ ـ پۆررۇ دېيەلەيدۇ. ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى قىز ـ چوكانلار ھەۋەس قىلىدۇ سىزگە! ھوشۇراخۇن ئۇياقتىن سولاقتىن چىقىدۇ، سىز بۇياقتىن ئوقۇيدىغان مەكتىپىڭىز ئاي شارىدا بولسىمۇ كېتىۋېرىسىز. مېنىڭچە ئالدىدا ھوشۇراخۇن بىلەن گۈلسۈمئاي خانىم ۋە يولدىشى يەنە قاراپ تۇرمايدۇ... ئەگەر خانىم دېگەنلەرگە كۆنمىسىڭىز، ئۇن مىڭ يۈەنمۇ يوق، ئوقۇيدىغان مەكتەپمۇ يوق بولۇپ قېلىپ، مومىڭىزنىڭ ئېتىكىدە شاپاق دوپپىغا گۈل تىكىدىغان ئىشتىنمۇ قۇرۇق قالارسىزمىكىن، دەيمەن. ئۇن قېتىم يۆلىسە، بىر قېتىم تىزىچە تۇرالمايدىغان دادىڭىزنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆزىڭىزگە ئايان. ئويلاپ قاراڭ، سىزگە يۆلەنچۈك بولالايدىغان مۇشۇ گۈلسۈمئاي خانىم بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىنگە سازاۋەر يولدىشىدىن باشقا يەنە كىم بار؟ خانىمنىڭ مۆتىۋەر يولدىشى مېھرىبان، كۆڭلى كەڭ، لېكىن، سەل چۈس مىجەز زات. نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، تەپ تارتىپ يۈرۈۋاتقاندا، سىزمۇ ئاتا يوللۇق كۆرۈپ يۈزىنى قىلىپ قويسىڭىز بولارمىكىن؟ راست دەپتىكەن، دەپ قالىسىز، ھەر ئىككى خىل ئېھتىمالنى چوقۇم كۆرۈپ قالىسىز...

بەھرىنىسا بۇ يەردىكى «سۆھبەت» مەزمۇنىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. ئوسماق قارىنىڭ دېگەنلىرى بىلەن گۈلسۈمئايىنىڭ دېگەنلىرى جۈملە تۈزۈلۈشى ۋە ئۇرغۇسى پەرقلىنىدىغان ئوخشاش گەپ ئىدى. سىيلاپ ـ سىيپاپ ئېيتقانلىرى بىلەن ھەيۋە، پوپوزا قىلىپ ئېيتقانلىرىمۇ ئىككى ئېغىزدىن چىققان بىر خىل گەپ ئىدى. مەقسەت ئوخشاش، يەنى يۈز بەرگەن ئىش پاجىئە ئەمەس، كۆڭۈل خۇشلۇقى، قىز ھەتتا ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش بەدىلـ

گە دەسلەپ مىلىڭ، كېيىن ئون مىلىڭ يۈەن ئۈستەك ئالدى. قىلماق-
چى! خۇلاسە گۇلسۇمئاي ھۆكۈم قىلغاندەك چىقىدۇ: بەھەرنىسا
كىچىكىدىنلا رېستورانلارغا كۆنۈپ كەتكەن سېكىلەكلەرنىڭ بىر-
رى. ھوشۇر غاپپار ئالدانغان، ئېزىقتۇرۇلغان، ئېزىقتۇرۇشقا
بەرداشلىق بېرەلمەي تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان ھالال ئەر غو-
جايىن...

ھەيۋە، پوپوزىلىرىمۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ يادلىۋالغاندەكلا ئوخ-
شاش: ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىپ ھوشۇر غاپپارنى ئاقلايسەن. ئەكسى
ھالدا، ئالىي مەكتەپكىمۇ بارالمايسەن، نامىڭنىمۇ ئاقلىيالمايسەن.
تېخى شاپاق دوپپىغا گۈل تىكىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىشىڭمۇ
گۇمانلىق، يىراق – يېقىندا داڭقى بار مەشھۇر گۇلسۇمئاينىڭ مىجەزى
سەل چۇسراق ئېرىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتىدىغان چاقىرىق
قەغىزى بارماقلار ئارىسىدا قىسىلىپ قالىدۇ ياكى يىرتىلىپ كېتى-
دۇ. باشقا بىركىملەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن...

بەھەرنىسا ئابرۇيىنى، نامىنى سېتىپ ھوشۇر غاپپارنى ئاقلى-
يالمايتتى. ئىنسانلىق غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش ۋە شۇنداق قى-
لىنغانغا شۈكۈر قىلىش، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئاڭلىق – ئاڭ-
سىز يېتىلدۈرگەن خاراكتېرىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇ
ئۆز نىيىتىدىن يانماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرسا، ئۇلار ئېيتقان
يەنە بىر ئېھتىماللىق يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ پوپوزا ئۇ-
چۇن تىكلىۋالغان ئاشۇ كىشىلەر ئۇنىڭ چاقىرتىلغان قەغىزىنى
بەرمەسلىكى، يوق قىلىۋېتىشى، باشقا يېقىنلىرىنىڭ، مەسىلەك-
داشلىرىنىڭ بالىۋاقىلىرىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىۋېتىشى مۇم-
كىنمۇ؟

ئىدراكى ئۇنىڭغا «مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇرۇنقى
يىللاردا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كەلگەن چاقىرىق قەغىزى يوقاپ كې-
تىدىغان، ئىسمى ئوخشايدىغان باشقا ئوقۇغۇچىلارغا بېرىۋېتىدىغان

ھەتتا چاقىرىقنى «ئۆتۈنۈپ» بېرىپ، ئىسىم - فامىلىلىرىنى «يۆتكەپ» قوللىنىدىغان مىساللارنى ئاڭلىغان، كۆرگەنىدى، ئەجەبلەنگەنىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ بەلكىم ئۇلار ھازىرقى ئۆزىگە ئوخشاش «قىسمەت» سەۋەبىدىن يۈز بەرمىگەندۇر. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە سەۋەبلىرى باردۇر ياكى غەرەز - مۇددىئاسىز، تاسادىپىي ئۇدۇل كېلىپ قالغاچقا يۈز بەرگەندۇ... بۇ ھاياتتا نېمىلەر سادىر بولمايدۇ ۋە يۈز بەرمەيدۇ؟ ھەممىنى ئۇنداق ياكى مۇنداقىقا ياتقۇزۇپ تەھلىل قىلىشقا كۆنگەن مۇلاھىزىچىلىرىنىڭمۇ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار ئازمىدى؟

لېكىن، بەھرىنىسا ئۇلارنىڭ باشلاۋاتقان يولىدا ماڭمىسا، ئۇلارنىڭ بەھرىنىساغا ئەۋەتىلگەن ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزىگە زىغزىق چىقىرىش جەزمەنلىكىنىمۇ ھېسابقا ئالماي تۇرالمىدى. شۇنداق قىلالارمۇ؟ مۇبادا ئېچىق بېشىدا ئاشۇلار ياكى ئاشۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىرى تۇرىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ گۇماندىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇ گۇلسۇمئاي بىلەن ئوسماق قارىنىڭ ئۆزىدىن ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىنكاس چىقىشىنى ساقلاۋاتقىنىغا دىققەت قىلدى. باياتىن ئوسماق قارى پەند - نەسىھەت قىلىۋاتقاندىمۇ گۇلسۇمئاي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بارلىق زېھنى بىلەن ئاڭلاپ جىم تۇرغانىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بەھرىنىسانىڭ پىكىر قىلىشىچە، بۇ يەردىكى «سۆھبەت» تە بەھرىنىسا ئاساسلىق پېرسوناژ، «ماقۇل» بولۇشى كۆزلىگەن نىشان ئىدى. «ئۆچ ئېلىش» ھازىرچە ھەيۋە - پوپوزا، كېيىنچە، ئامالسىزلىقتىن قوللىنىلىدىغان «قىساس ھەرىكىتى» ئىدى. مۇبادا، قولى ئۇزۇن كېلىپ، راستىنلا ھەممە يەرگە سوزۇپ يەتكۈزەلىگەندە شۇنداق بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقا چارە - تەدبىر راست-

تىنلا يوقمىدۇ؟

ئۇ ئوسماق قارىنىڭ: «ئون مىڭ يۈەن دېگەن بىر خەزىنە، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن ئون مىڭ يۈەنگە ئىختىيار قىلغان... دې-سىڭىز، كىم سىزگە ھۆرۈ - پۆرۈ دېيەلەيدۇ؟» دېگەن گېپىنى يا-دىغا ئالدى. ئۇ «مەن ئون مىڭ يۈەنگە بۇزۇلغان» دېگۈزۈپ سازايى قىچقارتماقچى، ئاشۇنداق شارائىتتا، ئون مىڭ يۈەن بىلەن ھەقىـ-قەتنى ياپماقچى بولدى، دەپ پاش قىلسا، گۈلسۈمئايلارنىڭ چاقى-رىق قەغىزىگە قول تىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويسا، ئالدىنى ئالغىلى بولارمۇ؟... توغرا، ئۇلارنىڭ مېنى قارىلاشقا سەرپ قىلىدىغان ئون مىڭ يۈەن پۇلىنى ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ئىشلىتىشىم كېرەك. ماڭا پۈتۈن مەكتەپ ئىشەنمەي قالغاندىمۇ ئايسىمە مۇئەل-لىم ئىشىنىدۇ، ئۇلا ئىشەنسە، ئۇ باشقىلارنى — ھەممىنى ئىشەن-دۈرەلەيدۇ.

ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىنى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلەلمەيتتى، ئەل-ۋەتتە. گۈلسۈمئاي كۆز - ئۇزمەي قاراپ، كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن، بەھرىنىسانىڭ كۆزىدە نېمىگىدۇر رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئاجىز نۇرنىڭ خۇنى قاچقان قارىچۇقلار ئۈستىدىن لەپپىدە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولغىنىنى، تاتارغان مەڭزلىرىنىڭمۇ ۋىللىدە قىزىرىپلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بەھرى-نىسانىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا ھۆددە قىلىپ:

— قانداق، سىڭىل، بەك جىق ئويلىنىپ كەتتىڭىز. باياتىن دېيىلگەنلەرگە رازى بولۇپ كېتەمسىز ياكى قۇرۇق قول كېتىۋې-رەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن رازى، — دېدى بەھرىنىسا ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.

گۈلسۈمئاي ئۈنلۈك كۈلۈۋەتتى:

— مانا ئەمدى ئەقلىڭىزگە كەلدىڭىز، — دېدى ئۇ ئوسماق قا-

رىنى قەغەز، قەلەم، سوروخ ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپ، ئۇ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا داۋام قىلدى، — مەن سىزگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي، قىزلىق پەردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ ...، — ئۇ ئوسماق قارىنىڭ چىققىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى يۆتكىۋەتتى، — قېنى، ئاۋۋال ئاڭلاپ ئاندىن يازامسىز ياكى ئۇدۇللۇق ئاڭلاپ ئۇدۇللۇق يازامسىز؟

بەھرىنىسا ئۈن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نېمە قاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ، ئاۋازىنى چىقارسىلا ۋارقىراپ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. مېڭىسىگە گۈلسۈمئاي ئېيتقان «قىزلىق پەردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» توغرىسىدىكى گەپلەر كىرىۋېلىپ بېشىنى قايدۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى چېكى يوق خورلۇق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك سېزىۋاتاتتى.

— سىز ئۇنىڭ نامىدا يېزىڭ قارى، — دېدى گۈلسۈمئاي ناھايتى تەستە ئەيۋەشكە كەلگەن بەھرىنىسانىڭ خېمىغا يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — مۇنداق سورۇن، ئەتىكى سوئال - سوراقلار تېخى بېشىغا كەلمىگەنلەردە بولىدىغان ھودۇقۇش بۇ...، — سىز ئۆزىڭىزنى بىر ئاز بېسىۋېلىڭ، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىڭ، — ئۇ بەھرىنىسانى باشتا كىرىپ ئولتۇرغان كىرېسلودا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، شۇ چاغدا ئوسماق قارى قۇيۇپ بەرگەن چاي بار ئىستاكاننى كۆرسەتتى.

ئوسماق قارى يېزىپ بولغانلىرىنى گۈلسۈمئايغا تەڭلىدى. گۈلسۈمئاي ئولتۇرۇپ ئوقۇپ بىرنەچچە جايلىرىنى تۈزەتتى. ئاندىن بەھرىنىساغا ئۇزاتتى:

— ئۆز قەلىمىڭىز، پوچېركىڭىز بويىچە كۆچۈرۈپ چىقىڭ. بۇنىسى ئىككى ئادەمنىڭ پوچېركىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

ئوسماق قارى قەغەزنى ئېلىپ بەھرىنىساغا بەردى. بەھرىنىسا ئوقۇدى، ئىمزا تارتتى. قېلىن گەپلەر بىلەن توشقان ھۆججەتسىمان

بۇ تىلخەت بەھرىنىسانىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن ئىشقا ئاشماي قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان رېستوراننىڭ غوجايىنى ھوشۇر غاپپارغا ئۈچ كۈن يالۋۇرۇپ، ئوقۇشقا چاقىرتىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئايالىدىن تاشقىرى كىچىك خوتۇنى بولۇشقا رازى ئىكەنلىكى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئون مىڭ يۈەن نەق خەلق پۇلى تەلەپ قىلغانلىقى... توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بىلەن تولغانىدى.

بەھرىنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ تىلخەتنى كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان بولغانلىقتىن، ئاشۇرۇۋېتىلگەن سۆزلەرنىمۇ كۆچۈرۈۋەردى. گۈلسۈمئاي بىر ئوقۇۋېتىپ بولۇپ:

— ئوسماق قارى قولىنى باستۇرۇڭ، — دېدى.

بەھرىنىسا قول باستى. سىرتقا چىقىپ بۇ مۇدھىش قورۇدىن ئايرىلغىنىدىن يېنىك تىن ئالدى. ئوسماق قارى قېپقالغانىدى. ئۇ شوپۇرغا:

— يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ئاپىرىپ قويۇڭ! — دېدى.

# بەشىنچى باب

ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. بەھرىنىسا ئەنسىردگەن، گۈلسۈمئاي بىلەن ئوسماق قارى بۆلۈش قىلغاندەك كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىدى. يەنى، ئۇنىڭ ئىسمى ئالمىشىپ قالمىدى، چاقىرىق قەغىزى قانداقتۇر بارماقلار ئارىسىدا قىسىلىپمۇ قالمىدى، يىرتىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭغا تېخى «مانا ئەمىسە» دېگەندەك قىلىپ، غەربىي شىمال يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۈچ كۈن پەرقى بار ئىككى چاقىرىق كەلگەنىدى. ئۇ ئايسىمە مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن غەربىي شىمال يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدى. «خەنزۇچىنى پىششىقلاپ ئۆگىنىشىڭىزگە پايدىلىق، ــ دېيىشتى ئۇستازلار، ــ ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىسى، ئىلمىي ماتېرىياللار مەنبەسى ۋە كۆپ تەرەپلىلىك باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىنى بارغاندا ئۆزىڭىز بىۋاسىتە ھېس قىلىپ قالىسىز...»

ئۇنىڭ يەنە ئۆزىگىمۇ بىلدۈرگىسى يوق بىر سىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، ھېلىقى ماجىرالارنىڭ ئىس ـ تىۋىشى مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، دەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن چاقىرىق كەلگەنلەردىن ناھىيە بويىچە ئون نەچچىسى بار. شىنجاڭ يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چاقىرىق ئالغان يەنە بىر قىز ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى تېخى! بۈگۈن ـ ئەتە ئەمەس، كېيىنرەك، ئالايلۇق، كېلەر يىللىق تەتىللەردە ھوشۇر غاپ-

چار بىلەن بولغان ئىشى ئاقلىنىپ قالسا، يېزىداشلىرى ياكى كېيـ-
لەر يىللىق ئىمتىھاندىن ئۆتكەن مەكتەپداشلىرى بۇ خەۋەرنى ئـۇ-
رۇمچىگە ئالغاچ بارمايدىغانلىقىغا كىم كېپىل؟ ياخشىسى، قـۇلاق
تىنچ ئۆتسۇن، چاپاننىڭ يېرتىقى مۇشۇ يەردە قالغاي!

ئۇنىڭ ئەنسىرىشى تامامەن ئاساسسىزمۇ ئەمەس، ئۇ ئىش بـۇ
يېزىدا يۈز بەرگىنى بىلەن، خۇلاسىسى ناھىيەدە چىقتى. تېگىشلىك
ئەدىپىنى يېگەن ھوشۇر غاپپارلا بولماي، جىنايەتچىگە چاپان يـاپ-
قان، قانات ئاستىغا ئالغان، ئالداش ـ قورقىتىش، تەھدىت سېلىش
قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئەدلىيە ئادىللىقىغا بۇزغۇنچىـ-
لىق قىلىش، سوت تەرتىپىنى قالايمىقان قـىلىش، سـوتنى كۆزگـە
ئىلماسلىق... جىنايەتلىرى ئارتىلـىپ گۈلسۇمئاي ئۈچ يـىللىـق،
ئوسماق قارى بىر يىل ئالتـە ئايلىـق كېسىلـىپ، تۈرمـە سىرتـىدا
ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. سوت ئىككى قېتىم، ھەممىسىدە يېپىق
ئېچىلغىنى بىلەن، ئاڭلىغانلار ئىچىدە سىرتتىن كىرگەن ھۆر ئا-
دەملەرمۇ بار. ئۇلار گۇۋاھچىلىققا چاقىرتىلغان بەھرىنىسانى كۆر-
دى. ئۇنىڭ گۈلسۇمئاي بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىنى ئاڭلىدى. گۈل-
سۇمئاينىڭ قولى ھەممە يـەرگە يېتـىدىغان، پىچاق تىـغى ئۆتكـۈر
ئېرى سوتقا كەلمىدى. گۈلسۇمئاينىڭ ئۇنى ئۆزىگە گۇۋاھچى بـو-
لۇش ئۈچۈن چاقىرتـىپ كېلىـش تەلـىپى رەت قىلىنـدى، چۈنكـى
ئىسمى تولا دېيىلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغانلىقىغا
دائىر شىكايەتمۇ، پاكىتمۇ يوق ئىدى. دېمەك، ئـاخىرقى ھېسابتـا
ئۇنىڭ قولى ھېچ يەرگە يەتمىدى، تاس ـ تاس قالدى تېخى...

سوت جەريانىدا ۋە كېيىن، بەھرىنىسا ئۆزىنىڭ توغرا قىلغىـ-
نىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ توغرا ھەرىكىتى ئـۇ گۈلسۇمـئاينىـڭ
تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىپ، ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇش ئۈچۈن چىققـان
شوپۇرنى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئائىلىلىك-
لەر قورۇسىغا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇش بىلەن باشلانغان. ئۇ ئـاي-

سىمە مۇئەللىمنى ئىزدىمەكچى ئىدى. ئايسىمە مۇئەللىم ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلەپ چۆچۈپ كەتتى. كېيىن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى.

— مۇدىرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — ماڭا ئېيتقانلىرىڭىزنى تەكرارلىغاندا تارتىنماڭ، ھودۇقماڭ...

بەھرىنىسا شۇنداق قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئېگىز بويلۇق، يول يۇرگەندە تاياقتەك تۈز ماڭىدىغان، چىرايى ھەمىشە تۇتۇق كۆرۈنىدىغان سۇرلۇك كىشى ئىدى. ياش قۇرامى ئايسىمە مۇئەللىملەردەك كېلەتتى. ئۇ ئايسىمە، بەھرىنىسالارنىڭ سۆزلىرىنى بولمەي، ئارىلىماي ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئون مىڭ يۈەن سېلىنغان لېپاپىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بوم، سۇرلۇك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ۋاقتىدا كېلىپ، كېچىكتۇرمەي ئىنكاس قىلغىنىڭىز بەك ئاقىلانىلىك بولدى، تىلخەت يېزىپ بەرگىنىڭىزنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىسىم، ھەيۋە بىلەن مەجبۇرىي يازدۇرۇلغان ھەرقانداق تىلخەت، ھۆججەتلەر قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇلا ئەمەس، تېخى ئۇلارغا بىر جىنايەت بولۇپ قوشۇلىدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلەنمەڭ ...، — ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئايسىمەگە تاپىلىدى، — قىز بۇگۈن كېچە ئۆيىڭىزدە يېتىپ قالسۇن، سىز ئائىلىسىگە بالا ئەۋەتىپ مومىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇڭ، — ئايسىمەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئاڭلاپ بولۇپ قوشۇپ قويدى، — مەن يېزا ۋە ناھىيەدىكى ئالاقىدار ئورۇن، تارماقلارغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلاي، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتلىشەيلى ...

مەسلىھەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بەھرىنىساغا مەلۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بارغان يېرى يېزىلىق

ساقچىخانا بولماي، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسى بولدى. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سالاھىيىتىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ تۇردى، ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا ــ ئانىلار ۋە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاننىڭ، ئالىي مەكتەپكە چاقىرتىلىشنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقىغا بولغان كۆز قاراش ۋە ئىشەنچىسىنى چىگىتىش مەقسىتىدە، دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بۇ دېلونى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىددىي تۇتۇپ، ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە تېز يوللاپ بەردى، ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسىمۇ دېلونى تېز ئىشلەپ، ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە قەرەلىدە شىكايەتنامە تاپشۇردى. دېلونى بۇنداق تېز، پۇختا تۇتۇش، تەھقىقلەش، ئەيىبلەش ۋە سوتلاش بۇ ناھىيەنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئاز كۆرۈلگەن ئالاھىدە ئەھۋال بولدى، دېيىشتى يېڭى خەۋەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئامراق كىشىلەر.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىشنى، ئۇنىڭغا چېتىلىپ قالغان كىشىلەرنى ھېچكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرى زۆرۈر تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بەھرىنىسانىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىپ، يامان تەسىر پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنداقتىمۇ، بەھرىنىسا ئەنسىرەپلا يۈردى، يول ــ كوچىلاردا ماڭسا ھەممەيلەن قاراۋاتقاندەك، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشلەر باشلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيلا ئۆتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بىر خۇشلۇقى مومىسى، دادىسى ۋە ئانىسى بۇ ئىشنى بىلمىدى. «بىلگەن بولسا، يۈزۈمگە سېلىپ تۇرۇۋالارىدى، ھەر نېمە بولسا بىلمىدى ئۇلار، ـــ

دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىلمىدى، بىلمىگىنى ياخشى بولدى...»

ۋەسۋەسە، دەككە – دۈككىلەر ئۇ يۇرتىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىرقى ھېسابتا تۈگىگەن بولدى. ئۇ ئۈنلۈك يىغلىۋەتتى. ئاپتوبۇستا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك يىغلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسى ئاتا – ئانا، ئۇرۇق – تۇغقان ۋە ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغانلىقتىن بولۇشى چوقۇم. بەھرىنىسامۇ ئۇزاتقىلى چىققان مومىسى، دادىسى ۋە ئانىسى، ئايسىمە مۇئەللىمگە چىدىماي يىغلىدى. تەبىئىيكى، بۇ يىغا ئىچىدە ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان شامالىنىڭمۇ ئەمدى غايىب بولغانلىقىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل تودختىتىشىدىن قوشۇلغان يىغىمۇ بار ئىدى.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىقاتتى. ئەدەبىيات دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلەپ يۇقىرى نومۇر ئالاتتى، ئالىي مەكتەپكە بەرگەن ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدە بوش ئورۇننى تولدۇرىدىغان ماقالە يېزىش بۆلىكىدە ئالغان نومۇرىنىڭ يۇقىرىلىقى ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. بۇنداق بولۇشىدا، ئۇ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ئەستايىدىل، تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلاشتىمۇ تىرىشچان ئىدى. دەرس ئارىلىقلىرىدا، مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا بارلىكى رومان، پوۋېستلارنى ئوقۇيتتى. شېئىر، ھېكايىلەر توپلاملىرىمۇ، ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ ئۇنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى سانىلاتتى.

مەكتەپنىڭ ئەدەبىي ھاۋاسى قويۇق ئىدى. تولۇق سىنىپلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات كۇرسى ھەپتىدە، بەزىدە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، نەسىر ئوقۇش ۋە مەزمۇنىنى مۇھاكىمە قىلىش سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بەھرىنىسا بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى

ئىدى.

بىر جۇمە كۈنى كەچقۇرۇنقى كۇرس پائالىيىتى تارقىغاندىن كېيىن، سىنىپنى تازىلاپ، تۈزەشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن قېپقالغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى بەھرىنىسانى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ماختاپ قويدى. بۇ مۇئەللىم يەنە كۇرسقىمۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى.

— سىز بەھرىنىسا، تىرىشسىڭىز چوقۇم ياخشى يازغۇچى ياكى جۇشقۇن شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقالايسىز...

— تىرىشسا كىملا بولسا يازغۇچى، شائىر بولالايدىغاندۇ؟ — بەھ-رىنىسا ئىختىيارسىز سوراپ تاشلىدى.

— ناتايىن، — مۇئەللىم مۇلاھىزىسىز كېسىپلا دېدى. بۇ مۇ-ئەللىم پاكار بويلۇق، ۋىجىك، قوش بۇرۇن، كۈلۈشنى بىلمەيدىغان-دەك دائىم قاپىقىنى يوپۇرۇپلا يۈرىدىغان، ئەمما، گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان پېشقەدەملەردىن ئىدى، — شا-ئىر، يازغۇچى بولالايدىغانلاردا ئەدەبىي بىلىم، شېئىر ۋە ھېكايە توغ-رىسىدىكى قانۇنىيەتلىك، ئىلمىي چۈشەنچە بولۇشتىن تاشقىرى، مە-نىۋى - ئىچكى خۇرۇچ — ئۇرغۇپ - تېشىپ تۇرىدىغان ئىشتىياق، ئۆتكۈر ۋە ئالاھىدە كۆزىتىش كۈچى — ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئەكسى ھالدا، ئۇ ھەرقانچە پالاقشىپ تىرىشقان بىلەن ماھىيەتلىك، كۆپ قاتلاملىق ھالقىلارنى تۇتالماي، شېئىر يازدىم دەپ، بەك ياخشى دېگەندە قاپىيەلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى تىزىپ چىقىدۇ. ھېكايە دې-يىلگەنلىرىمۇ ھېچقانچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان تونۇش تۇرمۇش كارتىنىلىرىنىڭ تەكرار باياننامىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر ئۆمۈر ھېكا-يە، شېئىر يېزىپ بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى چىمداپ ئۆتەل-مىگەن كىشىلەر بولغان، سەللا دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقسىڭىز، ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ھېكايە، شېئىر ئەمەسلى-كىنى سېزىسىز، بۇ ھال ئەدەبىياتتەك بىر پەن ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىلمەي تۇرۇپ تىرىشىپ شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ساۋاق ئېلىشقا

تېگىشلىك بىر پاجىئە...

مۇئەللىم شۇندىن كېيىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، پۈتكەن ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدە خۇددى دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى. مۇئەللىم دەرس سۆزلىگەندە، «دەرسلىكتە ئاشۇنداق مەزمۇنلار باردۇ...» دەپ چۈشىنىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ئەمدىلىكتە سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك، مۇڭدىشىۋاتقاندەك ئۇرغۇدا سۆزلىنىۋاتقان بۇ ساۋاتلارنى ئاممىباب لېكسىيە قاتارىدا ئۆزلەشتۈرۈپ ھەزىم قىلىۋاتاتتى. مۇئەللىم بىر يۈرۈش ساۋاتلارنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالايىتەن بەھرىنىساغا قاراپ:

— شائىر، يازغۇچى بولۇش ئاسانمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— قىيىن ئىكەن، بەك مۈشكۈل ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى بەھرىنىسا ساددىلىق بىلەن، — ئاسان بولغاندىمۇ مەن شائىر، يازغۇچى بولمايمەن...

ئاسانلىقچە كۈلمەيدىغان مۇئەللىمى باشلاپ باشقا ساۋاقداشلارمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا دەيدۇ، — كۈلكىدىن بوشىغان بىر قىز ساۋاقداش بەھرىنىساغا قوشۇلدى، — يېزىقچىلىقتىكى بەدىئىي توقۇلما بولۇش ئەركىنلىكىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ بازارغا سېلىنىۋاتقان ئۈچ بۇرجەك، تۆت بۇرجەك ئىشقىۋازلار، پۇلپەرەسلىكلەر، ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىقنى ئوقۇلۇۋاتقان مەدھىيەلەر، چاكىنا شەخسىيەتچىلىك، قاراقچىلارچە ئىگىلىۋېلىشقا كىيدۈرۈۋالغان «مەندۇيەت قەھرىمانلىقى» چاپانلىرى بىز ئوقۇۋاتقان ئەدەبىيات پىنىنىڭ تەرغىبلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چىرىتىدىغان، تەپەككۇرىنى چالغىتىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدىغانلار قاتارىغا بىزمۇ قوشۇلۇپ قالمايمىزمۇ مۇئەللىم؟

بۇ قىز ئۆزىمۇ شېئىر، نەسر يېزىشقا ھېرىسمەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە، ۋىلايەتلىك گېزىتكىمۇ قىسقا شېئىرلىرى ۋە ئىككى - ئۈچ پارچە نەسرلىرى بېسىلغان، خېلى ياخشى باھاغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى سۆزلىرى جىددىي قاراشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، ئەدەبىي ئوبزورچىلار يېقىن يىللىغىلى ئۇنۇمايۋاتقان، تەتۈرسىچە «مودېرنىزم»، «ئەدەب مەنىۋىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى»، «تەسەۋۋۇردىكى سىلكىنىش»... ۋەھاكازالار دەپ پۈۋلىنىۋاتقان تېمىلاردىن ئىدى. مۇئەللىم بۇ تېمىلار ئۈستىدە يىراق سەھرادىكى بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئازلا ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنىڭ قانچىلىك ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتتى بولغاي، تۇتۇق، مۇجمەلرەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— كۆز قارىشىڭلارنى شەرھلەپ ماقالە يېزىڭلار. ماقالەڭلارنىڭ روھىغا ماس كېلىدىغان شېئىر، ھېكايىلەرنى يېزىڭلار. قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەر ئايرىۋالامدۇ؟

مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى كىم دېسە بولۇۋېرىدىغان، مەجبۇرىيىتى يوق، مەسئۇلىيەتتىن تېخىمۇ خالىي مادارا گەپلىرى ئىدى. دەرس سۆزلىگەندىكى چوڭ مەيدان، قاتتىق پوزىتسىيە ۋە پىرىنسىپچانلىقتا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. لېكىن، دەرس دېگەن دەرس. ئۇ مەيداندا سۇۋاقچىلىق قىلسا بولمايدۇ، مۇنۇ سورۇن بولسا كىچىك، تار، كېتىۋېتىپ سۆزلىشىپ قالغان ئورۇن. جىددىي، نازۇك تېمىلارنى بۇنداق ئاددىيلا مۇھاكىمە قىلىش ئىسراپچىلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلمىدى، ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇنى بۇ تېمىدىكى گەپكە تۇتماي، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان بىرنەچچە رومانىنىڭ تەسىرى ئۈستىدە سۆزلەشكەچ تارقىلىشتى.

بەھرىنىسانىڭ كۇرسقا قاتنىشىشى شۇ قېتىمقى بىلەن ئا-

خىرلاشتى. كېيىن ئۇ رېستوراندا قاچا يۇيۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەرستىن تاشقىرى پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، مۇھەببەت ۋە ئۇ قەلەمگە ئېلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئوقۇغانلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئىنسانغا ياشاش ئۈمىدىنى بەخش ئەتكەن، ئەڭ مۇشكۈل ئەھۋالدىمۇ هاياتنى قەدىرلەش، هاياتنى سۆيۈشكە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سۈپىتىدىكى مۇقەددەس، بىباھا مۇھەببەتنى ئىنتىلىشتىن چۈشىنىشكىچە بولغان پۈتكۈل جەرياننى بىلەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. جانلىقلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدىن تارتىپ ئالىي دەرىجىگە يەتكۈچە بولغان بارلىق مۇساپىسى مۇھەببەت بىلەن باغلانغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئىنساننىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەتنى قانچىلىك مەۋقەدە بىلىشىگە باغلىق ئىكەنلىكى ئۈستىدىمۇ جىق ئويلانغانىدى. ئىنسان ھېس - تۇيغۇلىرى ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ ھەممىدىن تولۇق، مۇكەممەل ۋە يەنە ئاجايىپ زىل، ئالاھىدە نازۇك ئىكەنلىكىنى خېلى بالدۇرلا تونۇغانىدى.

ئاڭلىق تونۇش، ئىلمىي خۇلاسىلەش كۆپ ھاللاردا باشقىلاردىكى مۇھەببەتنى كۆزىتىش، باھالاشقا ئېلىپ بارىدۇ. مانا مۇشۇ قاتلامغا كەلگەندە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتنى چۈشىنىش، بىلىش ۋە باھالاش، يەكۈن چىقىرىش ئۈستىدە كېلىشمەسچىلىكلەر تۇغۇلدى، بىرلىرىنىڭ گېپىگە يەنە بىرلىرى كۆنمىدى، قارشى چىقىشتى، ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن جىمى كۆڭۈلسىزلىكلەر مۇھەببەتنى چۈشىنىش ۋە بىلىشنىڭ پەرقلىقىدىن تۇغۇلغان نىزالارنىڭ پارتلىشىدۇر.

مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئۇلۇغلاشقا بېرىلگەن ئىنسان ئۆزىگە تەئەللۇقىنىلا قەدىرلەپ، ئۆزگىنىڭكىنى ئۆزىنىڭكى بىلەن تەڭ قويۇشتىن چەتلەش بىلەن تەڭلا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئاپەت

ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشنى خالىمىدى. مۇ-ھەببەت چۈشەنچىسى خىرەلەشتى، ھېس - تۇيغۇلار چېگىشلەشتى. ئىنتىلىش ھەرىكىتى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى، ئەقىل - ئىدراك بوشلۇقلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولمايدىغان رەزىل-لىك بېخلىرى بولغان ئالدامچىلىق مۇمكىنچىلىك بۇلۇڭلىرىغا ئورۇنلاش-تى. ئۆزىگە كونچىلىك، ئۆزگىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەلپۈنۈش پۇلـۇڭ - پۇچقاقلارغا جايلىشىشتىن مۇقىم ئورنى بار سالاھىيەتكە ئېرىشتى. ئاي-رىم ھاللاردا بۇ «شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك» ئورۇنمۇ تاپتى.

بۇلار مۇھەببەت ئەمەس!

بەھرىنىسا ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئاشۇنداق تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئۆز چۈشەنچىلىرىنى تەرتىپلىك، بىر باشتىن رەتلەپ خۇلاسىلى-يەلىشى تېخى بالدۇر. ئەمما، ئوقۇغان كىتابلىرى، كۆرگەن كىنو، تېلېفىلىملەر ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن بىلىشى ئاشۇنداق ئىدى. مۇشۇنداق ئاڭ - چۈشەنچىسى بارلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىدە خۇشلـۇق سېزەتتى.

ئۇ ئاشۇ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىستىخىيەلىك ئاسارىتىدە تولـۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى. بەختكە قارشى ئاز-تولا چۈشەنچىگە ئىگە بەھرىنىسا چۈشەنچىسى تولۇق يېتىلمىگەنلەردىن ئىلگىرى-رەك پالاكەتكە يولۇقتى. بۇ پالاكەت ئاڭلىق تاشلانغان قەدەمنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇ پالاكەتنىڭ مۇھەببەت بىلەن زەررىچە ئالاقىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ مەنىۋى جەھەتتىن بۇ بېسىمنى گۇمران بولماي ئۆتكۈزەلمىدى. بۇنداق كۈچ يەنىلا ئۇنىڭ مۇھەببەت چۈ-شەنچىلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇ شۇ تۈپەيلىدىن ئىپتىدائىي جىن-سىيەت مۇھەببەت ئىشارەتلىرىگە مېيىقىدا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ كېتىۋەرگەنىدى.

كېيىنكى يىللاردا جىنسىيەت مۇھەببىتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئو-قۇغۇچىلىرى ئارىسىغىچە يېيىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنە-

پىلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرىگە بەكرەك قىزىققان بەزى ئوقۇغۇچىلار تولاراق دوراش، قىسمەن ئۆتكۈنچى ھېسسىياتقا بېرىلىش تەسىرىدە «بالا ئاشىق ــ مەشۇق»لۇق كۆلچىكىگە سەكرەشتى. بەھرىنىسا ئۆز-ئۆزىنى چۆكتۈرۈپ تۇنجۇقتۇرىدىغان بۇ تېيىز كۆلچەك قىرىغا يېقىنمۇ يولىمىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە فىزىكا دەرسىدە ھەممىنىڭ ئالدى سانىلىدىغان غوپۇر ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن ــ ئۆزۈن مۇھەببەت خېتى يېزىپ كۆڭلىنى «ئىزھار» قىلدى. ئەدەبىي كىتاب پېرسوناژلىرىنىڭ مونولوگ ۋە دىيالوگلىرىدىن ئۆزۈپ ئېلىپ قۇراشتۇرۇلغان بۇ خەت ھەقىقەتەن تەسىرلىك، ئوقۇغان كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىدە توپىلاڭ چىقىرىدىغان ئىبارىلەر بىلەن قىممەتلىك ئىدى. بەھرىنىسا خەتنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدى، كېيىنچە ئىچى پۇشقان چاغلاردا ئوقۇپ ئىلھاملىنىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدى. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىۋاتقاندا غوپۇر توساتتىن ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— خېتىمنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ نېرى ــ بېرى سورۇشۇشلاردىن كېيىن رەنجىگىنىنى پۇرىتىپ.

— ئوقۇدۇم، بىرنەچچە قېتىم...، ــ كۈلدى بەھرىنىسا، ــ ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇساڭ، ئۇنىڭدىن خاتىرە قالدۇرۇۋالىدىكەنسەن ــ ھە؟ ھەم قىزىق، ھەم تەسىرلىك ئىكەن، ئاتايىن ساقلاپ قويدۇم.

— نېمىشقا جاۋابىنى بەرمەيسەن؟ ــ قىستاپ سورىدى غوپۇر بىلىنگىدەك تىترىكىپ، ــ مەن جاۋابىڭنى نەق ئىككى ھەپتە كۈتتۈم، يېرىم ئاي...

بەھرىنىسا خۇپسەنلىك قىلدى:

— سەن ئۇ خەتكە جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ قويماپسەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغانلىرىڭ ھېكايە، رو-

مانلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ جاۋابى ئاشۇ كىتابلاردا يېزىلىپ بولغان تۇرسا، مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئىشەنمىسەڭ، ئوقۇغانلىرىڭنى قايتا ئوقۇپ باق...

تۇيغۇن غوپۇر بەھرىنىسانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولدى. ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ «خوش»مۇ دېمەي كېتىپ قالدى. «مانا بۇ بىر خىل مۇھەببەت، — ئويلىدى بەھرىنىسا، — ئۇ نېمە دېسە، بۇ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى زۆرۈر بولغان مۇھەببەت، ئىككى ھەپتە جاۋاب ئالالمىسا، ئالدىنى توسۇپ دېۋەيلەيدىغان، خەتتە يازغىنىڭغا تامامەن قوشۇلدۇم، دېمىسە، پەشنى قېقىپ، قولىنى سىلكىپ كې-تىۋېرىدىغان مۇھەببەت...»

ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ مۇھەببىتىگە دۇچ كەلدى. يەھيا ئىسىملىك بۇ ئوقۇغۇچى خەت يازمىدى. بەھرىنىساغا يېقىن-لىشىپ يۈردى. كىتاب ئىبارىلىرى بىلەن ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان دەرس مەزمۇنلىرىنى تەكرار قىلىش، چۈشەنمىگەن نۇقتىلارنى سوراش، تاپشۇرۇقنى ئۆز ئالدى-غا ئايرىم ئىشلىگەندىمۇ، پەللە باسىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر-دە پىكىر ئالماشتۇرۇش، شۇلاردىن ئېشىنغان ۋاقىتلارنى ئۆزلىرى-نىڭ ئائىلە ئەھۋالى، ئىككىيلەننىڭ ئوقۇش ھاياتىدىكى ئىشلار ئۈستىدە ھال-مۇڭ بولۇش...دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن ئىزدىشىپ ئۆتتۈشتى. شۇنداق بىر كۈن كېلىپ يەھيا:

— دائىم، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئۆتسەك نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دەپ قالدى ئېھتىيات سىزد-قىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، — مەن ھازىر شۇلارنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم...

— مەكتەپ پۈتكۈزگىچە دائىم مۇشۇنداق ئۆتكىلى بولار، —

دېدى بەھرىنىسامۇ خىيالچان كۆزلىرىنى ئېقىۋاتقان سۇغا تىكىپ، ئۇلار مەكتەپ ئىچىدىكى يول دەرەخلىرىگە سۇ بارىدىغان ئېرىق بويىدا يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتى،ــ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، قايسىبىر ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بىللە قوبۇل قىلىنىپ قالساقمۇ مۇشۇنداق ئۆتەرمىز، ئۆتەلمىسەكچۇ؟ بۇنداق ئۆتكىلى بولماس…

ــ قەتئىي ئىرادىگە كەلسەك، ۋەدىمىزنى قەسەم بىلەن چىڭىتساق ۋە يەنە بىر ــ بىرىمىزنى رىغبەت بىلەن تەربىيەلەپ تۇرساق…

بەھرىنىسا يېقىملىق كۈلدى، ئۇنى ئەسلىي قاتتىق كۈلكە قىستىغان، ساۋاقدىشى خىجىل بولمىسۇن، دەپلا ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى: ــ سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا سىز دېگەن شەرتلەرگە قوشۇلۇشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ…

ــ ئىككىمىزگىچۇ؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك!

ــ ھازىرقىدەك ئىناق ــ ئىجىل ئۆتۈپ، تىرىشىپ ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىزنى نەتىجىلىك ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك!

يەھيا بۇ جاۋابقا رازى بولمىدى. خاپا بولدى، خاپا بولغىنىنى ئېنىق چاندۇرۇپ ئەتىسىدىن باشلاپ بەھرىنىساغا يېقىنلاشمىدى. «مانا، بۇمۇ بىر خىل مۇھەببەت،ــ ئىچىدە كۈلدى بەھرىنىسا، ــ يەھياچە مۇھەببەت…»

بەھرىنىسا بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ بىر بۆلىكىدە ئاشۇنداق مۇھەببەت بارلىقىنى بىلەتتى. دەرس ئارىلىقلىرىدا، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ، كىنو، تېلېفىلىمدىكى كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ بىللە يۈرۈشەتتى، ساياھەت قىلىشاتتى، ئۆز جۈپلىرىنى باشقىلاردىن قىزغىناتتى. ئوقۇتقۇچىلار نەسىھەت قىلسا، مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىنىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئىقرار بولمايتتى. بەھرىنىسا ئويلايتتى: ئەجەبا، مۇھەببەت

نومۇس قىلىدىغان، باشقىلارغا بىلدۈرمەيدىغان نەرسىمۇ؟... ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىر-بىرىگە قىيماي ئايرىلغانلارنى كۆردى. ئەمما، قەتئىي ئىرادە بىلەن قەسەم ئىچىشىپ «مۇھەببەت»نى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنلەرنى كۆرمىدى.

مانا، ئالىي مەكتەپمۇ ئىلىم ـ پەن ئىگىلەش دۇنياسى، كىشىلىك قاراش، تۇرمۇش قارىشىدا مۇئەييەن بۇرۇلۇش بولىدىغان دۇنيا بولۇپلا قالماي، تەپەككۇر دۇنياسى، ھېس ـ تۇيغۇ دۇنياسىدا قاينام پەيدا بولىدىغان يېڭىچە مۇھىت ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى يىلى مۆمىن، مۇلايىم، تارتىنچاق، سىپايە بولىدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭىچە دۇنيا، يېڭىچە مۇھىتتىكى يېڭىچە ئۇچراشقان ساۋاقداشلىرىنى كۆزىتىدىكەن. ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرگەنلىرىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىشقا باشلايدىكەن. ئىككىنچى ئوقۇش يىلى «ھۇجۇم»غا ئاتلىنىدىكەن ياكى ھۇجۇم ئوبيېكتلىرىنى تاللاپ تاسقايدىكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بەھرىنىسانىڭ ئوقۇغان بەزى ماتېرىياللىرى ئۇنىڭغا: ياشلارنىڭ 18 دىن 24 ياشقىچە بولغان مەزگىلى قارشى جىنسقا ئىنتىلىدىغان، قارشى جىنسنى تەقەززا قىلىدىغان ئالتۇن مەزگىل، دېگەن سىرنى ئېيتىپ بەرگەن. ئالاھىدە ئەھۋال ۋە تەسىرسىز ئۆزگەرمەيدىغان بۇ فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە ئۈستىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاۋانگارتى بولۇشقا ئۇرۇنۇش ئەخمىقانىلىقنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بەھرىنىسا ۋە ئۇنىڭ غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشقا چاقىرىلغان ساۋاقداشلىرى لەنجۇۋدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا ھاۋالە بىلەن بىر يىل خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئايرىلدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە بەھرىنىسا مۆمىن، مۇلايىم، تارتىنچاق، سىپايىلىقى بىلەن ئوقۇشنى، ئۆگىنىشنى بىرىنچى ۋەزىپە قىلدى. «مۇھەببەت ھۇجەي-

رىلىرى» بالدۇر يېتىلگەن، باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كېتىدىغان ياكى لەنجۇۋدا قېلىپ داۋاملىق تىل ئۆگىنىدىغان بەزى ساۋاقداش-لىرىنىڭ «بالدۇر ئويغىتىش» ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى. ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئەمدى ئاتلاپ تۇرۇشىغا ئۇنى كاتتا، چىرايلىق، مەنپەئەتلىك ئورۇنلارغا تەقسىم قىلدۇرالايدى-غانلارمۇ، هازىرقى هالەتتىلا قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى، چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى ياكى كىنو ئىنستىتۇتىغا يۆتكەپ قويالايدى-غان، شۇنداق گۈزەل، لاتاپەتلىك، ئۆلچەملىك ئۇيغۇر قىزىنىڭ بۇغدايلىق، قوناقلىق، كېۋەزلىكلەردە ياكى ئات، ئېشەك، كالا، قويلار ئارىسىدا تېزەك پۇراپ زايە بولۇپ ياشىشىغا ھېلىتىن چى-داپ تۇرالمايۋاتقان «ھەققانىيەتچىلەر»مۇ پەيدا بولدى. بەھرىنىسا-نىڭ نېمىشقا ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالىغا بەزى-سى:

— سىز نېمىدېگەن گۈزەل؟ — دەپ ياكى بەزىلىرى:

— چىرايلىقلىقىڭىزدىن نەپەسمۇ ئالالماي قالىمەن...، — دەپ جاۋاب بېرىشتى، — بىر قېتىم كۆرسە، ئون قېتىم مۇھەببەت قويغىدەك قىز ئىكەنسىز...

بەھرىنىسا كۈلدى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ نەزەرىيەسىدە-گە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، مۇھەببەت ئېتىقادىغىمۇ خىلاپ ئىدى:

— چىرايلىققىلا مۇھەببەت قويۇشقا توغرا كەلسە، ئىنسانلار ئىچىدە چىرايلىقلار ناهايىتى كۆپقۇ؟ ھەممە يىگىتلەر بىر - ئىك-كى چىرايلىق قىزغا ياكى ھەممە قىزلار بىر - ئىككى چىرايلىق يىگىتكىلا مۇھەببەت قويغىلى تۇرسا، ئىنسانلار توپىنىڭ كىشى-لىك ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىدا چوڭ بۇزۇلۇش يۈز بەرمەمدۇ؟

بىر يىللىق خەنزۇچە ئۆگىنىش ئاياغلىشىپ، مىللەتلەر ئۇنى-ۋېرسىتېتىدا قېلىپ داۋاملىق ئوقۇيالايدىغانلاردىن باشقىلار بې-

-رىشى كېرەك بولغان ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارغا يۈرۈپ كې-
تىشتى. قېپقالغان ۋە كۆچكەن مۇھەببەتلەر قانچىلىك؟ بەھرىنىسا
مىسال كەلتۈرەلمەيدۇ. بىر-بىرىگە قىيالماسلىق نەزىرىدە بېقىپ،
تۆكۈلەيلا دەپ قالغان ياشلىرىنى نائىلاج كۆز چاناقلىرىغا سىغداپ
سىڭدۈرۈپ ئايرىلغانلارنى ساناپ يۈرگىچىلىكى يوق.

ئەستە قالغۇدەك مۇھەببەت يوق تۇرسا نېمىنى سانايدۇ؟ مەغلۇپ
بولغان، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى مۇھەببەتلەرنى مۇھەببەت دېگىلى بول-
مايدۇ. چۈنكى مۇھەببەت مەغلۇپ بولمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ غالىب. مۇھەب-
بەت ۋاقىتلىق ئەمەس، ئەبەدىيلىككە ئىگە. ئۇ تېخىمۇ ئۆتكۈنچى ئە-
مەس. ئۆتكۈنچى تۇيغۇلار مۇھەببەت شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن مەھ-
رۇم. ئۆتكۈنچى، كۆچمەن ھېسسىيات مۇھەببەتنى قانداقمۇ چۈشەن-
سۇن؟

بەھرىنىسا يەڭگىل - يېنىك ھالدا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، يېزا-
ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ بۇ مەكتەپتە
تۆت يىل ئوقۇشى كېرەك. جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ خىزمەت قى-
لىش، ئوقۇشنىڭ نېمىنى يېيىش، يېگەندىمۇ ئۆزىنى ئوقۇتقان
يۇرتىغا، يېزا، ناھىيەسىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۆگەنگەنلىرىنى
كۆپكە تۆكۈپ، ئۆزىمۇ شۇ كۆپنىڭ قاتارىدا داستىخانغا ھەقلىق
قول ئۇزىتىپ ھالال يېيىشى كېرەك!

ھازىرقى زامان ئوقۇغۇچىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىكى
ۋاقىتىدىن باشلاپلا مۇھەببەت بىلەن «شۇغۇللىنىش»قا ياكى شۇنىڭ
تەييارلىقىغا كىرىشىدىغىنىنى ئۇ بىلەتتى ۋە كۆردى. ئۆزىگە «ساقلى-
نىمەن» دەپ ۋەدە بەردى ۋە ساقلىنىپمۇ كەلدى. ئەمدى ئالىي مەكتەپ
قوينىدا مۇھەببەتنىڭ «رەسمىي» باسقۇچىغا قەدەم قويۇش ئەقلىگە
توغرا كەلمەيدىغان ئىش ئەمەسلىكىمۇ ئايان بولدى. بۇ ئۇرۇش كەل-
گۈسى ئۈچۈن، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، خۇددى قۇشلار چاڭگا
تىزغاندەك، ئادەملەرمۇ، شۇ قاتاردا ئىستۇدېنتلارمۇ ئەملىي جەمئى-

يەتتىنىڭ ھەقىقىي ھۆجەيرىسىگە ئايلىنىش شەرتىگە توشىدىغان ئائىلە قۇرۇشى كېرەك. بۇ مەۋقەگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بالدۇرراق ئويلىنىپ، پۇختىراق تەييارلىنىپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق، ئەلۋەتتە! بۇ كېيىنكى چاغلاردا ئالدىراپ ـ سالدىراپ، ھاپىلا ـ شاپىلا تۇتۇش قىلغاندىن ياخشى.

بۇ ئاڭ ھەممە ئىستۇدېنتنىڭ كاللىسىدا بار. ئۇلار ئاڭلىق يا ـ كى ئىستىخىيەلىك رەۋىشتە بۇ كېچىككە ئاياغ باسىدۇ. ھەممىسى دېگۈدەك ئاساسەن ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىپ خەيرلىك ئاخىرلىشىشىغا زور ئۈمىد باغلايدۇ.

بەھرىنىسامۇ ئاشۇنداق بىر ئۈمىدنىڭ قەرزدارى سۈپىتىدە بۇ كېچىكنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىنى ئاز دەپ، يەنە بىرمۇنچە ئىللەت ۋە كەمتۈكلۈكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئاڭلىماقتا چۈشەندۈرۈش تەس «خۇمدان دەزى» بارلىقى ـ نى بىلگەچكە، بۇ بىر مۇھىم ئىشتىمۇ تەشەببۇسكار باشلامچى بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆزىگە چوڭ ئارتۇق ـ چىلىقىم بار دەپ بىلگەن ئەمەس، ئەمما، چىرايىنىڭ گۈزەللىكى، بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ كېلىشىملىكلىكى بىر ئۈستۈنلۈكى بولسا كېرەك، ئۇ يېزائىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېرىم يىل ئوقۇپ، ئىككىنچى مەۋسۇمگە ئۆتكەندىن كېيىن قوشنا، پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى توساتتىن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— مەن سىزنى بىلىمەن، يېرىم يىلدىن ئارتۇق كۆزەتتىم، ئىسمىڭىزنى ياتاقداشلىرىڭىزدىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم، — دېدى ئۆزىنى دانىيار دەپ تونۇشتۇرغان بۇ بالا ئۆزىگە ئىشەنچىسى يۇ ـ قىرىلاردا بولىدىغان بىلەرمەنلىك بىلەن، — سىزدە گۈزەللىك يۈز پىرسەنت مۇجەسسەم. شۇڭا قەنت كۆردۇم. سۇدەك تامچىپ چۈش ـ سەم ئېرىتىۋېتەلىشىمگە ئىشەندىم. ئۆزىڭىزنى مېنىڭ ھىمايەم ئاستىدا دەپ بىلىشىڭىزنى سورايمەن. مەن بىلەن يۈرۈپ قالسى ـ

ئىمز بەخت سىزنىڭ بەھرىنىسا، پىكىرلىرىمگە قوشۇلمىسىزغۇ دەيمەن؟

بەھرىنىسا كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئەمدى سۆزلەشكە تەمشىلىۋىدى، داند-يار تۇيۇقسىز قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە ئىنتىلدى. ئۇلار ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يان تەرىپىدىكى گۈللۈكنىڭ بويىغا قويۇلغان رىشاتكىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشاتتى. بەھرىنىسا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ئو-قۇغۇچىلار كۆرۈپ قالمىغىيدى، دەپ ناھايىتى ئەنسىرىدى. ئىزا تارت-قىنىدىن دانىيارنى بىلىنەرلىك ئىتتىرىپ، قاپىقىنى تۈردى:

— قانداق بالا سىز؟

— كۈلدىڭىزغۇ؟ — دانىيار بەھرىنىسانىڭ كەيپىياتىنى قاپتىد-لىغا ئالمىدى، — قىزلارنىڭ كۈلۈشى رازىلىق بىلدۈرگىنى بول-ماي نېمە؟

بەھرىنىسا دانىيارنىڭ ساددىلىقىغا كۈلمەي دېسىمۇ كۈلگىسى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ چېتىگىرەك تارتىپ:

— قانداق كۈلكە ئىكەنلىكىگە قاراڭ، گەپ قىلالىغان ئادەم كۈلكە بىلەن ئەمەس، سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشنى بىلىدۇ، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن، — مېنىڭ كۈلگىنىم باشقا سەۋەبتىن، سىزنىڭ بەكمۇ ساددىلىقىڭىز ئۈچۈن. دەبدەبىلىك سۆزلەرنى كەل-سە - كەلمەس تىزىۋېلىپ، توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئىشلىتەلمەي تۇرۇپ ئېغىز ئېچىۋەرگىنىڭىز ئۈچۈن...

— قايسى گەپ، نېمە سۆز؟ — دانىيار ئۆڭدى. ئورۇندۇق ئۈس-تىگە ئېلىۋالغان بىر پۇتىنى چۈشۈرۈۋاتقىچە سوراشنى داۋاملاش-تۇردى، — قايسى سۆزلەرنى تىزىۋاپتىمەن؟ تەلەپپۇزلار توغرۇلۇق لېكسىيە سۆزلەپ قالدىڭىزغۇ؟ بىز دېگەن ئۇرۇمچىلىك، چوڭ كۆۋرۈك بىلەن ئۈچتاش ئارىلىقىدا رەگەتكە ئېتىپ چوڭ بولغان يىگىتلەردىن. سۆزلىگەنلىرىمىز ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلى ئىكەند-لىكىنى سىلەر...

بەھرىنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىنى سىلەر سەھرالىقلار قانداق بىلەلەيسىلەر؟ دېمەكچىمۇ سىز؟ — ئۇ تالاش - تارتىش قىلغۇسى يوقلىقىنى ئىپادىلەپ مۇلايىم كۈلدى، ئەمما جىددىي داۋام قىلدى، — گەپنى ئىسمىڭىزدىن باشلىساق، «دانىيار» ئەمەس، «دانىيال» ئاتىلىشى كېرەك. بۇ ئىسىممۇ ئىسلام دىنىي رىۋايەتلىرىدىكى بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن، «گۈزەللىك يۈز پىرسەنت مۇجەسسەم» دېگەن سۆزىڭىزدىكى مەنتىقىي سەۋەنلىكنى دېمەيلا قويايلى، بۇندىن كېيىن «پىرسەنت» دېمەي، «پىرسەنت»دەڭ. ئاندىن سىز ئۇيغۇر يىگىتى بولغاندىكىن، ئەرەبچە «مۇجەسسەم» نىڭ ئورنىغا ئانا تىلىمىزدىكى «يىغىلغان»، «يۇغۇرۇلغان»، «جەملەنگەن» قاتارلىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىڭ... يەنە «قەنت» نىمۇ قوشۇۋېلىڭ. ئۇ سۆزنى ھەرگىز بۇزۇپ «قەنت» دېمەسلىك كېرەك... «بەخت»نى «بەخت» دېسىڭىز، تىلىڭىز «كەنت»نى «كەنت» دېيىشكە كېتىپ قالىدۇ...

— پاھ...، — دەۋەتتى دانىيار، — ماڭا تىلدىن دەرس ئۆتكىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— دەرس ئەمەس، تۈزىتىپ قويدۇم.

— بۇ ھالدا يۇرۇپ قالساق چاتاقتىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز دە؟

— شۇڭا يۇرۇپ قالمىغىنىمىز تۈزۈك، — باشلاپ ئورنىدىن تۇردى بەھرىنىسا ۋە سىنىپى تەرەپكە كەتتى. ئۇ دانىيارنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئەمەس، مىجەز - خاراكتېرىدىكى چوڭچىلىق، مەنمەنچىلىكتىن بىزار بولغانىدى.

ئۇ بىرنەچچە ئايغىچە دانىيارنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ يۇرۇشمەي تۇرۇپ ئايرىلغاندىن كېيىنكى تەق - تۇرقى، كەيپىياتىنى بىلگۈسى بار ئىدى. خاتا تەلەپپۇز قىلسىمۇ تاڭسۇق سۆزلەۋېرىدىغان ياكى تۈزەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۆر-

سەتمىدى، يازلىق تەتىل ئالدىدا بىر قېتىم كۆردى، بۇ چاغدا ئۇ باشقا بىر قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە يېقىن مېڭىشقا تارتىۋاتاتتى. قارىقۇمچاق، ئېگىز بويلۇق ئۇ قىز ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، ئۆزىنى دانىياردىن تارتىشقا ئۇرۇنۇپ سۆرۈلۈۋالاتتى. دانىيار بولسا تارتىنماي:

— ئادەم جىق ئۆتىدىغان يەردە بۇنداق تارتىشماڭ. خالىيراق يەر بولغان بولسا، قارچىغا قۇچقاچنى ئالغاندەك، پاتىڭىڭىزدىن قارماپ تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ماڭاتتىم، — دەيتتى ھىجىيىپ، — ئارا تۇمەننىڭ سۈيىنى ئىچىپ، توققۇز تاشنىڭ ئېگىز يارلىقلىرىدا كۆك كەپتەر ئوۋلاپ چوڭ بولغان يىگىتلەر بولىمىز بىز. شۇڭا، يۇرتتىكىلەر مېنى «ئىلىيار قۇيغۇر» دەپ ئاتىشىدۇ. مەنىسىنى بىلەمسىز؟ «ھەزرىتى ئەلى ھەممە ئىشىدا يار — يۆلەك بولىدىغان قۇيغۇر قۇشتەك ئۇرغۇي بالىسى» دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنى تونۇمايسىز ھەرقاچان...

بەھرىنىسا ئىچىدە كۈلدى، يول ئاراشقا كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇنىڭ يولى بىر يۆنىلىشتە بولماي باشقا — باشقا يوللار بىلەن كېتىشتى. «ئۆزىنىڭ ياكى ئاتا — ئانىسىنىڭ بايلىقىنى، ئەمەل — مەرتىۋىسىنى، ھوقۇق — ئىمتىيازىنى پەش قىلىپ قىزلارنى كەلتۈرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، — دەپ خىيال قىلدى ئۇ ئىچىدە ئەجەبلىنىپ، — كەمتۈك، ناتوغرا تەلەپپۇزلۇق تىلى بىلەن يۇرتىنى پەش قىلىپ قىز قوغلايدىغان مىساللارمۇ تېپىلىدىكەن بۇ دۇنيادا... توۋا دېگۈلۈك، توۋا...»

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىنىمۇ چۈشەندۈرەلەيدىغان، كۆڭۈل ئوۋلاشنى بىلىدىغان، ھەمىشە، ھەممە يەردە دىلكەش، سىرداش بولالايدىغان بىر يىگىت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغىلى خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى ئىچكى دۇنياغا مەنسۇپ شەرتلەر بولغانلىقتىن، «قاي-

سى يىگىتتە ئەنە شۇنداق ئارتۇقچىلىقلار بار؟» دەپ جار سالغىلى ياكى ئېلان چىقارغىلى بولمايدۇ. بىر مەزگىل يۈرۈپ ـ ئارىلىشىپ باقسا مەلۇم بولىدۇ...، دېيىشىدۇ قىزلار. مەلۇم بولغىنى دېگەن يەردىن چىقمىسا، يەنە باشقا بىرى بىلەن «يۈرۈپ ـ ئارىلىشىپ» باقامدۇ؟ «مەلۇم بولۇپ» بولغىچە ساقلاپ ـ ئۆچرەتتە تۇرۇپ تۇرۇ-دىغان يىگىتلەر نەدە تېپى! «تۇرمۇش دېگەن بىر قاينام، ـــ دېيىشىدۇ تەجرىبىلىكرەك قارام قىزلار، ـــ دەتتىكام، دەپ سەكرەپ چۆكۈپ باققۇلۇق. يا بايدىن چىقىسەن، يا سايرامدىن». ياق، ئۇنىڭ تەۋەك-كۈلچىلىك قىلغۇسى يوق. سەكرەشكە تېگىشلىك بولسا سەكرىسە مەيلى، ئەمما بايدىنمۇ، سايرامدىنمۇ ئەمەس، چىقىشقا تېگىشلىك، كۆزلىگەن يەردىن چىقىش لازىم. بەزى قايناملارنىڭ چىققىلى قوي-ماي، پىرقىرىتىۋېرىپ تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدىغىنىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت قارىشى، مۇھەببەت نەزەرىيەسىدە مەسىلە بارمۇ؟ دەپ ئويلانغان، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئوقۇغان كىتابلىرى، كۆرگەن كىنو، تېلېفىلىملەرنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ ئوقۇغان كىتابتىكى ۋە كۆرگەن فىلىملەردىكى مۇھەببەتلەرنىڭ قايسى نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇ-رۇپ چىقالمايتتى. بەزى يۈرەكنى ئاسقىتىدىغان، كىشىنى ئۇزاق-تىن ھاياجانلاندۇرىدىغان تەسىرلىك مۇھەببەتنىڭ ئېيتىپ كەلسە تولىمۇ ئاددىي ئىش ـ ۋەقەلەردىن تۇغۇلىدىغانلىقى ھېچقانداق بىر نەزەرىيەگە چۈشمەيتتى. بىرەر تەجرىبە ـ ساۋاق دېگەنلەرگىمۇ ماس كەلمەيتتى. تەكرارلىنىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ئۈلگە يې-تىلانغان ۋارىيانتىمۇ ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ بېشىدىنمۇ زادى كۆتمىگەن بىر تاسادىپىيلىقتا يولۇ-قۇپ، نەتىجىدە پۈتكۈل جىسمىنى، ئەس ـ يادىنى ئىسكەنجىگە ئې-لىپ جۇغۇلدىتىدىغان بىر مۇھەببەت ئۆتتى.

بۇ ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەن ئىككىنچى يىلىنىڭ تازا سوغۇق

قىش كۆنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى. ئۇمۇ بىرمۇنچە ساۋاقداش-لىرىغا ئوخشاش، ئەتىگەنلىك تاماقتىن ئىلگىرى مەكتەپ ئىچى-سىرتىدا يۈگۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇراتتى. مەكتەپ تېمى ئورنىدىكى رېشاتكىلىق توسۇق تېشىدىكى پىيادىلەر يولىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋات-قاندى. مەكتەپنىڭ ئېگىز، كەڭ، ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن يۈز قەدەمچە ئۆزىۋېدى، دوقمۇشقا قويۇلغان ئەخلەت ساندۇقىنى چۆرى-دىشىپ تۇرغان بىر توپ كىشىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ تەڭ-دىن تولىسى ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى، كىمنىڭ نېمە دېگىنىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى.

ئۇ توپقا يېقىنلاپ باردى، بويى ئېگىز بولغانلىقتىن توپ ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى. توپنىڭ ئوتتۇرىدا، ئەخلەت ساندۇقىنىڭ يېنىدا شەھەر مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان چاپان كىيگەن، 55ـ60 ياشلار چامىسىدىكى بىر تازىلىق ئىشچىسى موماي ئىككى قولىدا تەڭ كۆتۈرۈۋالغان، ئاپئاق رەختتە تىكىلگەن يۆگەكنى باغرىغا باسقان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان، سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن يۈ-زىنى ئىللىجىسىزلىق ۋە ئېسەنگىرەش ئالامەتلىرى قاپلىۋالغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قايسىبىرىگە گەپ قىلىشنى بىلەلمەي، كىم سۆزلىسە شۇنىڭ ئاغزىغا مۆلدۈرلەپ قارايتتى.

— بوۋاق بالا ئوخشايدۇ...

— ھەرقاچان تاڭغا يېقىن تۇغۇلغان، بولمىسا تىرىك قال-مايتتى...

— ھارامدىن تۇغۇلغان بىتەلەي ئىكەندە؟ قارىمامسىلەر، قور-سىقىغا ئۇندۇرىدىغان چاغدا ئىتتىنىڭ كۆچۈكىدەك غىڭشىپ، ئەم-دىلىكتە ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە چىقىرىپ قويغىنىنى؟ ئۇچ - تۆتنى ھاۋشىغان بولسا، بېقىۋالىدىغانلار چىقار بولغىيدى؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەم تۇرۇپ بالىسىنى خارلىغان ھازازۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەزمەن بىر كۈنى قىلمىشىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ...

بەھىرنىسا نىمە ئىش يۈز بەرگىنىنى چۈشىنىپ بولدى، كىپ-تىنىۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، تۇرۇۋېرەي دېسە ئىچى ئاچچىق بولۇپ، نارەسىدە بوۋاقنىڭ ئەمدىكى تەقدىرى ئۈستىدە بىرەر خەۋەر بىلىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا ئۇدۇل تەرەپتە تۇرغان ئوقۇغۇچى سىياق بىر يىگىت سۆزلەپ قالدى.

— كۆپچىلىك، بوۋاقنىڭ ئانىسى شەرمەندىلەرچە ئىش قىپتۇ، بالىسىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ قېچىپتۇ. بۇ يەردە تۇر-غانلىرىمىز ئۇنى تىللاپ - قارغاپ ئاچچىقىمىزنى ئىزھار قىلىۋا-تىمىز. ھەرقانچە شۇنداق قىلىش كېرەك بولغاندىمۇ، بوۋاقنى ئويلاپ گەپ قىلىدىغانلاردىن بىرەرسىڭلار چىقمىدىڭلار، ئۇ ئۆلۈپ قالسا بولمايتتى...

— ئۇنداقتا، بوۋاقنى سەن ئېلىپ كەت، — دېدى بىرەيلەن تە-نە ئارىلاش، — ئاپىرىپ ئۇنىڭ گېپىنى جىقراق قىلىپ قوي...

بۇنىڭ گېپىنىمۇ باشقا بىرسى بۆلدى:

— موماي بەرمەيدىكەن، بەرسە ئاپىرىپ باقار...؟

— ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، موماي ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى:

— ماڭا بەر دېسىلا بېرىدىغان بوۋاق يوق. كۆرۈنۈشتە باقىد-مەن، دەپ ئېلىپ كېتىپ، ئاستىرتتىن ئاپىرىپ سېتىپ يېسە، يېڭى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە كېلىپ چىقمامدۇ؟

بوۋاقنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە گەپ قىلغان بايىقى ئوقۇغۇچى سىياق يىگىت يەنە ئوتتۇرىغا چۈشتى:

— ئەمىسە، سىز بوۋاقنى قانداق قىلماقچى؟ ئۆزىڭىز باقسىد-ڭىز، بۇ يەرگە ئادەم يىغماي، دەرھال ئېلىپ كېتىڭ. باقالمايمەن دېسىڭىز، باقالايدىغانلارغا بېرىڭ. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋەرسە بو-ۋاق... ئۇ شۇ تاپتىمۇ جېنى ئاز قېلىپ...

موماي گېپىنى ئېيتتى:

— باقمەن، دەيدىغانلارغا بوۋاقنى بېرىمەن،— ئۇ چۇشۇپ كەت-كەن چىشلىرىنىڭ ئورنىنى يالىتۇېتىپ ئەسنىۋالدى، — لېكىن، مەن بىلەن ساقچىخانىغا بىللە بارىدۇ، شۇ يەردە بېرىمەن، ساقچىلارغا ھۆججەت يېزىپ بېرىشى كېرەك... كىم باقىدۇ؟ قېنى قايسىڭلار بار؟— موماي بوۋاق ئورالغان يۆگەكنى مەيدىسىگىچە كۆتۈرۈپ بىر پىرقىرىدى. يۆگەك ئىچىدىن بوۋاقنىڭ بوش ئىڭرىشى ئاڭلاندى — قارىغاندا، ئۇنىڭ تېخى جېنى بار ئىدى، — گەپنى ھەممىڭلار قىل-دىڭلار،— موماي كىنايە قىلىپ، سوغۇق ھىجايدى، — ئېلىپ كې-تىپ باقىدىغانغا بىرسىڭلارمۇ چىقمىدىڭلار. مەن پو ئاتىدىغان نو-چىلارنى، ساختا كۆيۈمچان جاھانكەزدىلەرنى جىق كۆرۈپ، مەزگىلى توشماي قېرىغان ئايالىلاردىن بولىمەن...

ئۇنىڭ تاپا ـ تەنىلىك ئاچچىق گەپلىرى ئولىشىۋالغانلارغا تە-سىر قىلمىدى بولغاي، بوۋاققا ئىگە بولۇشنى خالايدىغانلار يەنىلا چىقمىدى. ھېلىقى يىگىت يەنە پىدائىيلىقىنى كۆرسەتتى.

— يۈرۈڭ ساقچىخانىغا، مەن ساقچىلارغا ھۆججەت يېزىپ بې-رىپ، بالىنى ئېلىپ قېلىشنى خالايمەن. بوۋاق ئاچلىق ياكى سو-غۇقتىن بىرنېمە بولۇپ كەتكىچە ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى...

— بۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى يىگىت، — دېدى موماي بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ماڭغىلىۋېتىپ، — بۇ قەدەر قىزغىنلىقىڭىزغا قاراپ، ساقچىخانا بالىنى بېقىپ تۇرۇشىڭىزغا بېرىشىمۇ مۇمكىن. لې-كىن، سىزنىڭ بۇنداق كىچىك بوۋاقنى بېقىپ ئەي قىلالىشىڭىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ...

موماي ئالدىدا باشلاپ، يىگىت ئارقىدىن سوڭدىشىپ مېڭىپ كېتىشتى. ئولىشىۋالغانلارمۇ ھۇرۇنلۇق بىلەن تارقاشتى. ئارىدا بىرى:

— ئاۋۇ يىگىت چىرايى، تۇرقىدىن قارىغاندا چەت ئەللىك،—

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى بىلەرمەنلىك قىلىپ، — چەت ئەلگە ئاچىقىپ كېتىدۇ...

— چېگرادىن چىقىرالامايدۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن، — ئۇ چەت ئەللىك ئەمەس، شىنجاڭلىق كاۋاپچى، بۇ يەردە كاۋاپ سېتىپ تاپ-قان پۇلىغا ئۇششاق بالىلارنى سېتىۋېلىپ، ئەمگەك كۈچى ئىش-لەمچىلىككە كېتىپ يالغۇز قالغان خېنەن، جياڭسۇلۇقلارغا ئاپىد-رىپ ساتىدۇ، ئەمگەك قىلالىغۇدەك بولۇشتىن ئىلگىرى يانچۇقچى-لىققا سالىدۇ.

بىر نەچچەيلەن خىرقىرىشىپ كۈلۈشتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۇلارغا زەردە قىلدى:

— بوۋاقتا ئىگە بولۇپ قويۇڭلار دېسە، بىرەرسىڭلار مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقمىدىڭلار، ئەمدى بىر يىگىت مەن باقاي دېسە قالايمىقان پەرەز قىلغىلى تۇردۇڭلار. نېمىلا دېگەن بولسا بىر جان تىرىك قېلىپ ياشايدىغان بولدى، دەپ كۈلسەڭلارچۇ كاشكى....

بۇ چاغدا ئولىشىۋالغانلار ئاساسەن تارقاپ كەتكەن، ئۇنىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا بەھ-رىنىسامۇ بار ئىدى. ئۇمۇ ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئايالنىڭ سۆزىنى قوللايتتى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ ئۆلگىلىۋاتقان بىر جانلىققا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بىر ئادەم تاپا — تەنىگە قالسا، جان ھەلقۇمىغا يەت-كەن بوۋاق تېپىرلاۋاتسا، ئەقەللىي ئادەمگەرچىلىك نەگە كېتىدۇ؟

بەھرىنىسا بوۋاقنىڭ كېيىنلىكىگە قىزىقىپ ۋە ئۇنىڭغا ھامىي-لىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان يىگىتنىڭ كۆيۈمچانلىقىنىڭ نەگىچە بارالايدىغانلىقىغا دەرگۇمان بولۇپ، ئىشنىڭ داۋامىنى كۆزىتىپ بې-قىش ئۈچۈن، ساقچىخانا تەرەپكە ماڭغانلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار ئەخلەت تازىلىغۇچى موماي بىلەن ھېلىقى يىگىتتىن باشقا، يە-نە ئىككى ئايال ئىدى. بەك ئۇزاپ كەتمىگەنلىكتىن يېتىشىۋېلىشمۇ تەسكە توختىمىدى. ئۇ كىرگەندە كېچىچە دىجورنىلىق قىلىپ چار-چىغان بولسا كېرەك، ياپياشلا بىر ساقچى يىگىت قىزىل يىپچىلار

تور تارتقاندەك بولۇپ قىزىرىپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرى بىلەن كىرگەنلەرگە بىرمۇبىر سەپسېلىپ، ئىشخانىسىدىكى كىرىسلو، ئورۇندۇقلارنى سۇۋارى كۆرسىتىپ، خالىغان يېرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، دېگەندەك قىلىپ تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. بەھرىنىسا ئىشىككە يېقىن بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى. موماي قولىدىكى يۆگەكنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرۇۋەردى.

نېمىشقا دۆۋىلىشىپ كەلگەنلىك توغرىسىدىكى سۆھبەت نۆۋەت ئالماشقىلى كەلگەن يېڭى ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن باشلاندى. كەلگەنلەر ئوتتۇرا ياشلىق، ئوتتۇرا بوي، سېمىزگە مايىل بىر ئەر ساقچى بىلەن بىر قىز ساقچى ئىدى. ئۇلار ئۆرىتۆپە تۇرۇشقانلارغا بىر قارىۋېتىپ، كېچىچە نۆۋەتچى بولغان ساقچىغا «نېمە ئىش بولۇ؟» دېگەندەك مەنىدە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

شۇ ئارىدا بوۋاققا ھامىيلىق قىلغۇچى يىگىت توساتتىن بەھرىنىساغا قاراپ، ئىشتانىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن 20 يۈەنلىك پۇلنى ئېلىپ تەڭلەپ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا:

— بوۋاققا ئىچىدىغان، يەيدىغان بىرنېمىلەرنى ئېلىپ كىرسىڭىز، — دېدى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشى بەھرىنىسانىلا ئەمەس، ئەتراپتا تۇرغان ھەممەيلەننى ساقچىلارنى قوشۇپ ھەيران قالدۇردى. ئۇلار يىگىت بىلەن بەھرىنىساغا نۆۋەت بىلەن قاراپ قويۇشنى، يىگىت ئەمدى باشقىلارغا بوۋاققا ئىچۈرۈش ياكى يېگۈزۈش كېرەكلىكىنى خەنزۇچە چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

بەھرىنىسا پۇلنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئۈستىدە ئىككىلىنىۋاتقاندا، موماي يىگىتكە تەنبىھ بېرىپ:

— ئۆزۈڭ ئەمدىلا تىن بوۋاقلىقتىن قۇتۇلغان يىگىت كۆرۈنىسەن، شاپاشلىما. ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق بىرنېمە يېيىشنى بىلمەيدۇ، يېگۈزسەڭ ئۆلۈپ قالىدۇ، — دېدى ۋە بەھرىنىساغا بۇرۇلۇپ

بۆيرىدى، ــ سۈت، شېكەر ئېلىپ كىرىڭ، ئۇ ھازىر سۈتكە ئەڭ موھتاج...

بەھرىنىسا پۇلنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇراي دېگۈچە ئارىلىقتا، قىز ساقچى بىرنىمىنى پەملىدى بولغاي، مومايدىن:

ــ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى. تەستىق جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، بەھرىنىساغا دېدى، ــ بولدى، سىرتتىن ئەكىرمەڭ، بىزدە بوۋاقلار ئىچىملىكى بار، شۇنى ئىچۈرەيلى.

بۇ ساقچىخانا ئۇچۇن تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلار ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش يېڭى ئىش ئەمەسلىكى مەلۇم. ساقچى قىز يۆگەكنى يېشىپ ئەتجاننىڭ قىزارغان، كۆكەرمىگەن يېرى يوق بوۋاقنى ئىشكاپىدىن ئالغان بالىلار كۆرپىسىگە ياتقۇزدى، ئەسلىي يۆگەك ۋە ئىچىدىكى زاكىلارنى ئىشخانا ئىچىدىكى پار تۇرۇبىلىرىغا يېيىپ قويۇپ، ئەر ساقچىغا:

ــ بوۋاق قىز ئىكەن، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

كىچىچە نۆۋەتچىلىك قىلغان ساقچىنىڭ بىر كىچىلىك خىزمىتىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغان ساقچى قىز ساقچىغا:

ــ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن رايونلۇق ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىڭ، ــ دېدى.

قىز ساقچى ئېمىزگۈ، سۈت پاراشوكى، قايناق سۇ ساقلايدىغان ئۆزگىچە بىر چايداننى موماي تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئەر ساقچى ھەممەيلەنگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ خوش، گېپىڭلارنى قىلىڭلار، ــ دېدى.

گەپنى يەنىلا ئەخلەت تازىلىغۇچى موماي باشلىدى. ئۇنىڭ قولى بوۋاقتا ئىچىملىك تەييارلايدىغان ئىشتا بولسىمۇ، بوۋاقنى قانداق بايقىغىنىدىن تارتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئولاشقىنىغىچە بولغان جەريانىنى دۇدۇقلىماي بايان قىلىپ چىقتى. گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن بىر جاننى قۇتقۇزۇۋالغان تۆھپىسى ئۇچۇن ماختاش، تەقدىرنامە،

بېقمۇالغۇچى چىقىپ قالسا ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا ھەق تەلەپ قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن بۇۋاقنى يەنە ئاللىقانداق بىر ئادەملەرنىڭ ئېلىپ كېتىپ سېتىۋېتىشىدىن، بالا بېدىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ، ئاۋۋال ساقچىخانىغا ئەكېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇردۇم، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — ئادەم مەسىلىسى خۇپپىيانە ھەل قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇۋاق كىمنىڭ بولسىمۇ، بەربىر، ئۇمۇ ئادەم ـ دە!

بەھرىنىسا قوشۇلۇپ بىللە كەلگەن باشقا ئىككى ئايال موماينىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ساقچى قاپىقىنى تۈرۈپ توڭلۇق بىلەن قاتتىق تەگدى:

— تاماشا كۆرۈپ دەڭلار؟ بىكارچىلىقتا زېرىكىپسىلەردە؟ خوش، — دېدى ئوقۇغۇچىسىمان يىگىتكە قاراپ، — سىزگە قانداق ياردىمىمىز كېرەك؟

يىگىت ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ بولغىچە ساقچى قىز ئالدىن ئېغىز ئاچتى:

— خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىكىلەر كەلمەكچى بولدى، — دېدى ئەر ساقچىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇ موماي سۆزىنى تۈگەتكەندىلا قايتىپ كىرىپ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ قاراپ تۇرغان ۋە بۇۋاقنى ئەمگۈزۈشكە ياردەملىشىۋاتاتتى، — بۇۋاق مېيىپ تۇغۇلغان، شۇڭا تاشلىۋېتىلگەن بولسا كېرەك...

ئۇنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى. ئوقۇغۇچىسىمان يىگىت ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئەر ساقچى ئولتۇرغان جايىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قىز ساقچى كۆرسەتكەن يەرگە بويۇنداپ نەزەر تاشلىدى. «بىكارچى ئاياللار» قاتارىدا بەھرىنىسامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇۋاققا قارىدى. بۇۋاقنىڭ پۇتلىرى كۆزگە تاشلانغۇدەك دەرىجىـ

ده تاشمایماق ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بوۋاقنىڭ پۇت بارماق-
لىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىقلىق، ئارىلىرى ئېچىلمىغان ھا-
لەتتە ئىدى.
— ئەمدى سىلەر قايتىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، — دېدى ئەر ساقچى
قەددىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، — بوۋاققا دىياگنوز قو-
يۇش ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى
بىلەن ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىكىلەر مۇزاكىرە
قىلىدۇ. تار ئىشخانىنى تارلاشتۇرۇپ كۆرىدىغان تاماشايىڭلار
شۇنچىلىك بولسا يېتەر....
ساقچىلار بىلەت ئەخلەت تازىلىغۇچى مومايدىن باشقىلار قايتىپ
چىقىشتى. ئىككى ئايال بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ئۇدۇل يول بىلەن
كېتىشتى. يىگىت بىلەن بەھرىنىسا تەڭلا كەينىگە يېنىپ، ئۇنى-
ۋېرسىتېت تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.
— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى يىگىت تولىمۇ كېچىكىپ سالاملاش-
قىنىدىن غەيرىي ھالەتنى ئىپادە قىلماي، — قارىسام، بىر ئۇنى-
ۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغاندەك قىلىمىز. مەكتەپتىن باشقا بۇ ئەتراپ-
تا سىزدەك چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى يوق. قانداق، تاپتىممۇ؟
— تاپتىڭىز، — بەھرىنىسا خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قاراپ
جاۋاب بەردى، — يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چارۋىچىلىق
فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى ئۇيغۇر قىزى مەن...
— ئۆلچەملىك...، — يىگىت ياخشىچاق بولغۇسى بارلىقىنى
يوشۇرمىدى، — تازا ئۆلچەملىك، سىنىغا ئېلىپ، قەغەزگە چۈشۈر-
گىدەك ئۆلچەملىك. بەرنا، نازىنىن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋەكىلى
ئىكەنسىز. مەن كۆرۈپلا جەزم قىلغان...مەنمۇ شۇ ئۇنىۋېرسىتېت-
نىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئاخىرقى
قارار ئوقۇغۇچىسى، ئىسمىم قەشقەر تەرەپلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان
ئىسىملاردىن، يەنى سوپى. دادام سودىگەر، پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە

دۇكان ئېچىش، ئوقەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بەھرىنىسا ئۇنىڭ «سودىگەر، دۇكاندار، ئوقەت» دېگەن سۆزلەرنى پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۆزئارا تونۇشۇش شۇنچىلىك بولدى. بەھرىنىسا پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەپ:

— ھېلىقى بوۋاقنى راستىنىلا بېقىۋالامتىڭىز، — دەپ سوردى قىزىقسىنىپ، — ئوقۇغۇچى تۇرۇپ قانداق باقاتتىڭىز؟

سوپى كۈلۈپ كەتتى:

— بەرمىدى، بەرگەن بولسا، تاشلاندۇق باللارنى قوبۇل قىلىدىغان پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولاتتىم، — ئۇ كۈلكىدىن بوشىنىپ مۇلاھىزە بىلەن داۋاملاشتۇردى، — مەنمۇ ھېلىقى ئەخلەتچى مومايدەك بوۋاقنى بېقىش نامىدا ئېلىۋېلىپ، سېتىۋېتىدىغان بالا بېدىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن، قاراڭ، — ئۇ مېڭىشنى توختىتىپ قايناپ كەتتى، — بوۋاققا قىزىققانلار شۇنچە جىق، مەن باقاي، دەپ مەيدىسىنى كېرىپ چىقىدىغانلار يوق، بالىغا تەشنا ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىگە نىسبەتلەشتۇرگەندە، بۇ ھەم ئادالەتسىز، ھەم كۈلكىلىك سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟....

— ئۇ بوۋاق مېيىپ ئىكەندە! — بەھرىنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى. كۆز ئالدىغا تاشمايماق پۇتلار، چاپلىشىپ قالغان بارماقلار كەلدى، — كېيىنلىكىدىن قورقىدىغاندۇ...

سوپى بەھرىنىسانىڭ باھانىسىنى رەت قىلدى:

— مېيىپ ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ساقچىخانىغا بارغاندا ئاندىن بىلدۇق. بوۋاق بايقالغاندا ئەيىبى مەلۇم ئەمەس ئىدى، — ئۇ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەسلىدىكى ماۋزۇغا قايتتى، — ئاندىن قالسا، ئۇنچىلىك مېيىپلىكنى مېيىپ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بارماقلارنىڭ ئارىلىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېچىشقا بولىدۇ. تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل كېتىدۇ شۇ... پۇتنىڭ مايمىقىنى تېڭىق-

www.uyghurkitap.com

چىلارغا كۆرسىتىپ، بۆشۈككە راۋۇرۇس تېگىپ ئوڭشىغىلىمۇ بولىدۇ... ماڭا بەرگەن بولسا، بۇۋاقنى پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا تاشلاپلا بەرمەيتتىم ـ دە؟ ئۇلار باقاتتى، مەن داۋالايتتىم. ھازىرقى دەۋردە نى ـ نى مېيىپلار ئوڭشىلىۋاتىدۇ. ھۆسن تۈزەش ـ ھۆسن ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىدۇرۇپ، ئۆنداق ئادەمدىن مۇنداق ئادەمگە ئايلىنىۋېلىۋاتقانلارمۇ بارغۇ؟

— ئۇغۇ راست، — قوشۇلدى بەھرىنىسا ئۆزىنىڭمۇ بىرنېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ.

سوپى ئىلھاملىنىپ يەنىمۇ قىزىشتى.

— ھېلىقى ساقچى بىزنى ئالدىراپلا قوغلاپ چىقاردى. ئۇ كېلىدۇ دېگەن كىشىلەر كەلگەن بولسا، مەن بايىقى تەكلىپلىرىمنى بەرگەن بولاتتىم.

— ئۇنچىلىك ساۋاتنى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىكى تېبىبي خادىملارمۇ بىلىدىغاندۇ؟ — دېدى بەھرىنىسا ئىمزاھات بېرىپ، — بۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن كۆپ ئۆتكەن بولمايزە...

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — سوپى تالاشمىدى، — ئۇلار تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇستا، تەجرىبىسى كۆپ... ئەمما، قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن مۇنداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ھېلىقى ساقچىدەك تېيىمز ئويلاشقا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر... سىز بۇنىڭ قانداق مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭىز ھەقىچان؟

بەھرىنىسا كۈلدى. باش لىڭشىتىش ئارقىلىق سوپى چۈشەندۈرمىگەن مەسىلىنى ئويلاپ باقمىغانلىقىنى تەستىقلىدى.

— ئۇ مۇنداق مەسىلە، — سوپى قولىنى سوزۇپ بوش ھاۋادا دائىرە سىزدى، يەنە قولىنى چۈشۈردى، — تۇغۇلغان بوۋاقنى تاشلىۋەتكەنلەرنى جازالاش كېرەك ئىدى. بوۋاق مەيلى ھالال ياكى ھارام

بولسۇن، يوتقاننىڭ ئىچىدە تۆرەلسۇن ياكى تېشىدا تۆرەلسۇن، ئۇ بىر جان، ھاياتلىق. ئاجىز ـ زەئىپ بولسىمۇ بىر كىچىك ئىنسان. ئۇنى ئۇنداق ـ بۇنداق سەۋەبلەر بىلەن، ساغلام ئەمەس، مېيىپ ئىكەن، دېگەندەك باھانىلەرنى قويۇپ تاشلىۋېتىشكە بولمايتتى. جىنايى ئىشلارنى جازالاشقا دائىر قانۇنلاردا قاتىللىق قىلغانلارغا، بولۇپمۇ قەستەن زەخىملەندۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئادەمنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىق جىنايىتى دەپ ئەيىب قويۇلىدىكەن. بۇ تامامەن توغرا ئەيىبلەش. ئەمدىلا ھاياتلىققا كۆز ئاچقان بوۋاقنى تاشلىۋەتسە، بۇمۇ نارەسىدەنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىققا، ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىشقا تەڭ تۇرىدىغان جىنايەت بولماي نېمە؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە سىز، بەھرىنىسا ئويلاپ كۆرمىگەندەك تۇرىسىز.

بەھرىنىسا راستىنى ئېيتتى:

— قانۇنشۇناسلىققا دائىر ھېچنېمە بىلمەيمەن دېسەممۇ بولىدۇ، بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز....

— دېمەك، بوۋاق بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلىكمۇ ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىق جىنايىتى ھېسابلىنىشى لازىم. تاشلىۋەتكەن ئەبلەخلەرنى قىدىرىپ تۇتۇش لازىم. تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەمىشە ئەخلەت سۈپۈرىدىغان مومايلارغا ئۇچراپ قېلىۋەرمەيدۇ... بۈگۈنكىسى شۇنداق بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش....

ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانلار ناھايىتى جىق. ئىچىدىمۇ قولتۇقىغا كىتاب، ماتېرىياللارنى قىستۇرۇۋالغان ياكى كۆتۈرۈۋالغان ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىلىرىغا مېڭىشماقتا ئىدى. ئەمدى نەدىكى ئەتىگەنلىك تاماق؟

— باشقىلارنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۈستىدە ئويلىنىۋېرىپ ئۆزىمىزنى

ئۇنتۇپ قالغىنىمىزنى قارىمامسىز؟ — دېدى سوپى كۈلۈپ، — ئەمدى تېپىلغىنىنى يەيلى، بوۋاقچىسىغا، بوۋاقلارمۇ بەرگەننى يەيدىغۇ؟

ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا سېتىلىۋاتقان: چۈچۈتۈلگەن سۇ يېغىغا چىلاپ پۇشۇرۇلغان پىلتە قۇيماقلاردىن بىردىن ئېلىشتى. سوپى پۇل تۆلەۋېتىپ، بەھرىنىساغا قارىماي تۇرۇپلا:

— كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئىزدىشىپ ئۆتەيلى، — دېدى.

دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار باش ئىشارىتى بىلەن خوشلىشىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ فاكۇلتېتلىرىنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرى تەرەپكە كېتىشتى.

شۇ كۈندىن كېيىن بەھرىنىسانىڭ پات-پات سوپىنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار گەرچە كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا، ئىزدىشىپ ئۆتۈشكە كېلىشكەن بولسىمۇ، نەدە، قانداق ۋاقىتتا كۆرۈشىدىغانلىقىنى، قايسى ئۇسۇلدا ئىزدىشىدىغانلىقىنى دېيىشىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن، «تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش»نى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بەھرىنىسا «تاسادىپىي»لىك ئىزدەپ، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ مەكتەپ ئىچى-سىرتىدا «چېنىقىش» ۋاقتىنى كۆپەيتتى ۋە ئىككى-ئۈچ قېتىم پىلتە قۇيماق يېگەنگە قەدەر دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. ئۇ ئۆتۈپ كېتىپ قالمىغاي، دېدى ئىچىدە ھەتتا.

«كىم ئۆتۈپ كېتەر ئىدى؟»، بۇنىڭغا ئۇنىڭ يۈرىكى «سوپى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىراق، سوپى «ئۆتۈپ كېتىش» تۈگۈل، بىرەر ياقتىن «كېلىپ» قالمايۋاتسا... ئۇ ئىككى ھەپتىلەرچە ئاشۇنداق ساراسىمە ئىچىدە يۈردى. بۇنداق ھالەت مۇشۇ يېشىغىچە ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يۈز بېرىپ باقمىغانىدى. «مۇھەببەت شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزى ئۇيقۇسى كەلمىگەن كېچىلەردە ئۇ يېنىدىن-بۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ، — خەقلەرنىڭ كۆيۈپ قېلىش، كۆيۈك ئوتىدا قىينىلىش دېگەنلىرى ئەمەلىيەتتە بار ئىش ئوخشىمامدۇ...؟»

قىشلىق تەتىل ئاياغلىشاي دەپ قالغان بىر كۈنلەر ئىدى. ئۇ سوپىنىڭ پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئوقەت قىلىدىغان سودىگەرلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، سوپىنى قەشقەرگە كەتتى، پۇلى جىق كىشىلەرگە قەشقەرگە كېتىپ تەتىل ئۆتكۈزۈپ قايتىش ئېغىر كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغاچقا، كۆرگىسى شۇنچە كەلسىمۇ، ئاتايىن ئىزدەپ يۈرمىگەنىدى. بۇ كۈنى ئۇلار ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇچراشقاندىمۇ دوقۇرۇشۇپ سوقۇلۇپ ئۇچراشتى. ھەر ئىككىلىسى مامۇق قىسقا چاپان كىيگەن، رەڭگىلا ئوخشىمايتتى. سوپىنىڭ قارا، بەھرىنىسانىڭ يېشىل، ئۇچراشقان ئورنىمۇ ئۇنىۋېرسىتېتكە ئۇدۇل بىر تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى لەڭپۇڭخانىنىڭ ئالدى ئىدى. شىكى. مىغ- مىغ ئادەملەر، چىقىۋاتقىنى بىلەن كىرىۋاتقىنى ئوخشاشلا جىق ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشى كېرەكتەك، تەبىئىي قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مامۇق چاپانلار بەدەن ھارارىتىنى توسۇپ قالغان بولسىمۇ، بەھرىنىسا ئۆز ۋۇجۇدىدا شۇنداق بىر ئىللىق ئېقىمنى ھېس قىلىپ ناھايىتى خۇش بولدى.

— ۋاي - ۋۇي پەرىشتەم، — سوپى بەھرىنىسانى ئۆزىدىن سەل يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە خۇمالىق تىكىلىپ دېدى، — سىز بۇ ئالەمدە بارمۇ؟ پەرىشتىلەرگە قوشۇلۇپ ئۆز ماكانىڭلارغا كەتتىڭلارمۇ؟

قۇچاقلىشىش، «پەرىشتەم» دەپ چاقىرىش... ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق گەپ - سۆز ئۆتمەيلا ئۇ باسقۇچقا ئاتلىنىش سەل بالدۇرلۇق قىلىدىغان تەنتەكلىكمۇ قانداق؟ بەھرىنىسا شۇلارنى ئويلىدى - يۇ، غەلىتىلىك ھېس قىلمىدى. ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كۆرۈشۈش ناھايىتى ياقتى.

— ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈنمىدىڭىز....، — دېدى ئۇ بوشلا.

كىشىلەر توپى ئۇلارنى قىستاپ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىن يان تەرەپكىرەك ئاپىرىپ قويغانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ قۇ-

چىقىدىن بوشىنىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەب بولدى. بەھرىنىسا ئاشۇ يەرگىچە ئويلاپ ئۈلگۈردى. سوپى بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— مەن ئۆيگە بىرىپ كەلدىم، قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ كۆپ تىرىشتىم، تاپالمىدىم، — دېدى بەھرىنىسانىڭ بىلىكىنى دەم ئۆزىگە تارتىپ، دەم نېرى ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — تېپىشقان بولساق، قەشقەرگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، دېگەن. بۇ يىل ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئايروپىلان بىلىتىنى يېرىم باھادا سېتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟ سىز چۇ، قايتمىدىڭىزمۇ؟

راستىنىلا شۇنداق ئىش بولغان بولسا، بەھرىنىسا قەشقەرگە بىرىشنى رەت قىلغان بولاتتى. ئۇ ھېلىتىن چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن قىلىق. ئەمما، ھازىر كۆڭلىدىكى خۇشلۇقنى يىغىشتۇرۇۋالالماي قالدى.

— رەھمەت، شۇنداق ئويلىغىنىڭىزغا، — دەپ قويدى ئۇ ئەدەپ ئۇچۇن، — مەن تەتىل ئىچىدە خەنزۇچىنى پىششىقلىدىم، دەرسلەرمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاساسىم ئاجىز بولغانلىقتىن كەسپىي جەھەتتىن چوڭقۇرراق ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك...

— ئوبدان قىپسىز، — سوپى دەرھاللا بۇ قۇتۇپقا ئۆتتى، — ئوقۇغۇچى ئۇچۇن دەرس ھەممىدىن مۇھىم، بولۇپمۇ يۇقىرى يىللىقلاردا...خوش، لەڭپۇڭ يېگىلى چىققانمىدىڭىز؟ — ئەمدى ئۇ ئەمەلىيەتكە قايتتى.

— ھەئە ...، — بەھرىنىساغا شۇنداق دېمەي بولمايتتى.

— بىز ئاۋۇ دوقمۇشتىكى تۇڭگانلارنىڭ رېستورانىغا بارايلى، — سوپى بېشى بىلەن نامەلۇم بىر تەرەپنى ئىشارەت قىلدى، — رېستوران بولغاندىكىن، خالىي، ئازادە بولىدۇ. ناھايىتى كەلسە بۇ يەردىكىدىن بىر - ئىككى يۈەن قىممەت شۇ، بۇ دۇكاندا ئادەم كۆپ، ئۆرە تۇرۇپ يېيىشكە توغرا كېلىدىكەن، كىرگەن - چىققانلارنىڭ تاسقىشى قوشۇلغاندا لەڭپۇڭلىرىنىڭ تەمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدى-

كەنسىز تېخى ... يۈرۈك كەتتۇق.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يانغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى، «بىلرام-دۇق، بارمامدۇق»، «خالامسىز ياكى خالىمامسىز» لىرى يوقلا باشلاپ مېڭىش بەھرىنىسانىڭ سەل كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ مېنى ئۆز كۆرۈپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇندىن تاشقىرى «رېستوران» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا بەدىنىنى تىترەك بېسىپ خۇيى تۇتىدىغان مىجەزىمۇ قوزغىلىپ قالغان ئىدى.

ئىككىيلەن رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىشتى. بۇ يەرنىڭ لەڭپۇڭى بازاردىكى كىچىك دۇكانىنىڭكىدەك تېتىمىدى، سوپىنىڭ قەشقەرنىڭ «يېڭىلىقلىرى» ھەققىدىكى بايانلىرىمۇ يېڭى ۋە قىزىق تۇيۇلمىدى. ئۇ «قەشقەر دېگىنى بىلەن ھە دېسىلا شەھەرگە يېقىن بىر ناھىيەدىكى «ئۆزگىرىشلەرنى» سۆزلەيتتى. پېنسىيەگە چىق-قانلار بىر تۈركۈم بولۇپ، بىر - بىرىنى نۆۋەت بىلەن مېھمان قى-لىدىكەن، ئىچىدىغىنى ئىلى، گۇچۇڭنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھا-راقلىرى ئىكەن. يەنە بىر تۈركۈمى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى-دىن بەھرىمەن بولىدىغانلار بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئۆزىدە ئىسپىرت بىلەن پارلانغان سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان تۆۋەن گىرادۇس-لۇق، ئەرزان باھالىق هاراقلارنى ئىچىدىكەن. يەنە بىر تۈركۈم ئىد-چەرمەنلەر ئىشلەمچىلەر بولۇپ، «ئىبرلياڭچىلار» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇلار تاپقىنىغا لايىق پارچە باھالىق هاراقتىن ئىككى سەر، ئۈچ - تۆت سەر ئىچكەنلىكتىن، «ئىبرلياڭچىلار» يەنى، «ئىككى سەرچى-لەر» دەپ نام ئاپتۇ، بۇ ناھىيەنىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا يۈز نەچچە قاۋاقخانا بار ئىكەن....

— سىزگە ھەمىشە، ھەممە يەردە كۆڭۈل غەش بولىدىغان ئۆز-گىرىشلەر ئۇچراپ تۇرىدىكەن، — دېدى بەھرىنىسا سۆھبەتتىن بىزار ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ، شۇنداقتىمۇ ئاۋازىغا مۇلايىم ئۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇ بەردى ئۇ.

سوپى ئىقرار قىلىپ كۈلدى:

— ياخشى ئۆزگىرىشلەرنى گېزىتلەر يازىدۇ، رادىيولار تارقى-تىدۇ، تېلېۋىزور كۆرسىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى تەكرارلىساق ئې-چىقىز پۇشىدۇ، ئۆزۈم توقۇناقراق ئادەم. شۇڭا، ماڭىمۇ توقۇناق يېڭىلىقلار ئۇچرىسا كېرەك...

ئۇلار رېستوراندىن چىقىپ كىنو كۆرگىلى بېرىشتى، بۇ قې-تىممۇ سوپى بەھرىنىسانىڭ رازىلىقىنى سورىمايلا «كىنو كۆرەي-لى» دېگىنىچە كىنوخانىغا باشلاپ ماڭدى. خەقنىڭ مېھماندارچى-لىقىنى قوبۇل قىلىغانىكەنسەن، ئۇنىدىقىغا «ماقۇل»، بۇنىدىقىغا «ياق» دېيىش بىئەپتە؟ بەھرىنىساغا ئەگىشىپ ماڭماي ئىلاج بول-مىدى، سوپىنىڭ دېگەن ـ ئەتكەنلىرىمۇ تېخى «ھە، مەيلى» چېكى-دىن ئېشىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا ئىدى.

كىنوخانا چوڭ، ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. ئادەم ئۇنچە كۆپ ئە-مەس، شۇ تاپتا كىنو ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئورۇندۇقلارنىڭ بوش تۇرغانلىرىمۇ ئاز ئەمەسلىكى بىلىنەتتى، سوپى بەھرىنىسانى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ ماڭدى.

— بىلەت ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئايرىمخانىنىڭ، — چۈشەن-دۈردى سوپى بەھرىنىسانىڭ سوئاللىق نەزىرىگە جاۋابەن، — پۇت ـ قولنى ئۇزۇن سۇنۇپ، — بەخىرامان ئولتۇرۇپ كۆرۈش ئائىلى-لەردە كىرىسلودا يانچە يېتىپ تېلېۋىزور كۆرگەندىكىدەك را-ھەت...

«ھەممە رېستوران، كىنوخانا، قاۋاق، كىچىك دۇكان... ھەممى-نى بىلىدۇ، — ئويلىدى بەھرىنىسا سوپى توغرىسىدا، — ئويۇن-چىراق بالىمۇ نېمە بۇ ...؟»

كىنوخانىنىڭ ئايرىمخانىسى، دېگىنى ئىككى كىشىلىك كى-رېسلودىن سەل كەڭرەك ۋە ئۇزۇن، يۇمشاق تەگلىك ئورۇندۇق ئى-

دى. يۆلىنىدىغان كەينى تەرىپى بىلەن تايىنىدىغان ئىككى تەرىپى ئېگىز بولۇپ، ئارقىدا ۋە ياندا ئولتۇرغانلار ئايرىمخانا ئىچىدىكى كىنو كۆرگۈچىنى ئۆرە تۇرۇپ قارىمىسا كۆرەلمەيتتى. بەھرىنىسا سوپىنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا مۇنداق ئايرىمخانىغا ماقۇللۇقسىز باشلاپ كەلگىنىنى چۈشەنمىدى. كۆڭلىنىڭ ناھايىتى ئىچكىرى بىر يېرىدە تايىنى بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا غۇۋا بىر رەنجىشنىڭ كۆلەڭگىسى ئەگىشىۋاتقىنىنى تۇيدى. ئەمما، بۇ تۇيغۇنى «يېگانە، شوخ ئۆسكەن يىگىتلەر ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەل-سىمۇ كەلگەن بولغىيتتى، بۇگۈن ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش ۋە مې-نى خۇش قىلىش ئۈچۈن باشلاپ كەلگەن بولسا، بۇنىڭغىمۇ ئەجەب-لەنگۈچىلىكى يوق ...» دېگەندەك بەزلىمە پىكىرلەر بىلەن باستۇ-رۇۋەتتى.

كىنو سابىق يۇگوسلاۋىيەنىڭ «كۆۋرۈك» ناملىق فىلىمى بو-لۇپ، ئۇلار كىرىپ ئولتۇرغاندا، كىنودىكى پارتىزانلار كۆۋرۈك ئاستىغا مىنا قويۇپ بولغان ئىدى. كۆۋرۈك ئۈستىدە ئوقى تۈگە-مەيدىغان پارتىزانلار ئۆلۈپ تۈگىمەيدىغان گېرمانىيە ئەسكەرلىرى-نى ئوققا تۇتاتتى. بەھرىنىسا بۇ كىنونى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، بەك كۆڭۈل قويۇپ كەتمىدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا كۆڭۈل قويۇۋاتقىنى سو-پىنىڭ قوللىرى ئىدى. سوپى ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى قوشۇپ ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، كىنو ۋەقەلىكى-نىڭ ئەۋج ئۆزگىرىشىگە قاراپ بوش ياكى چىڭ سىقىپ ئولتۇ-راتتى.

كىنوخانىدىن چىققاندىن كېيىن، بەھرىنىسا ئۆزى باشلاپ ئۇند-ۋېرسىتېت تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇنداق بولمىسا، سوپىنىڭ يەنە نەلەرگىدۇر باشلاپ كېتىش ئېھتىمالى باردەك قىلىۋاتاتتى. سو-پى گەپ - سۆز قىلماي بەھرىنىساغا ئەگەشتى، ئۇلار ئۇنىۋېرسى-تېت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە جىمجىت مېڭىشتى. دەرۋازا

ئۇدۇلىغا كەلگەندە سوپى توختاپ:

— ئەتە كەچقۇرۇن بىزنىڭ ياتاقتا يۇرتداشلار ئولتۇرۇشى بولماقچى، — دېدى جانلىنىپ، — قاتنىشىدىغانلار جىق ئەمەس، مېنىڭ پەمىمچە، كۆپ بولسا تۆت جۈپ، ئاز بولغاندا ئۈچ جۈپ ياش قاتنىشىدۇ، مەن ساھىبخانا، ئەتە كەچ سائەت ئالتىدە كۈتۈپخانا ئالدىغا كەلسىڭىز، مەن سىزنى باشلاپ كىرىمەن ...

— قاراپ باقاي، — دېدى بەھرىنىسا كۆڭۈلسىزلىنىپ، — ۋەدە بېرەلمەيمەن...

— ياق، ياقەي، — ئالدىراپ سۆز ئالدى سوپى، — سىز ھەم ساھىبخانا، ھەم مېنىڭ جۈپتىم سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىسىز. بالدۇرراق بېرىپ، ماڭا ياردەملەشمىسىڭىز بولمايدۇ. ئاندىن يەپ-ئىچكەچ تانسا ئوينايمىز، ناخشا ئېيتىمىز، ئۇسسۇلغا چۈشىمىز، سىزنى باشقا جۈپلەرگە تونۇشتۇرىمەن، سىزمۇ باشقا جۈپ-جۈپلەر بىلەن تونۇشۇپ قويمىسىڭىز بولماس...؟

بەھرىنىسا تەڭقىسلىقتا قالدى، ئۇ ھېچ گەپتىن-ھېچ گەپ يوق سوپىنىڭ جۈپى بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئەتىكى «جۈپلەر ئولتۇرۇشى»غا ھېلىتىن كۆڭلى تارتمايۋاتاتتى، سوپىغا «خەير-خوش» دەپلا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشكە تېخى چىدىمايتتى.

— ئەتە بىر گەپ بولسۇن، — دېدى ئۇ ئاخىر ئارىسالدىلىق بىلەن.

سوپى بېشىنى قاشلاپ سەل تۇردى، ئۇمۇ دەماللىققا قىلىشقا گەپ تاپالمايۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى.

— مېنىڭ دېدىغىنىم، چوقۇم بېرىڭ، — دېدى ئۇ ئاخىر، — مەن باشقا جۈپلەرگىمۇ خەۋەر قىلىۋېتىمەن، ھازىر بېرىپ ئۇنى-بۇنى سېتىۋالغاچ تۇراي، خوش...!

بەھرىنىسا ئۇنىڭ جاۋاب كۈتمەيلا كېتىپ قېلىشىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولدى، شۇنداقلا يەنە سوپىنىڭ مەسلىھەتلەشمەيدىغان،

ھەمـراھىنىـڭ پىكرىـنى ھېسـابقا ئالـمايدىغـان، ئۇششاق ـ چـوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە «مېنىڭ گېپىم ھېساب» مىجەزىنى تېخىمۇ بىلگەندەك بولدى.

ئۇ كېيىنكى ھاياتتا «جۈپ» بولالارمۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇساپىلىك يول يۈرگىلى بولارمۇ؟

ئۇ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىساڭ بېشىڭنى سىلارمۇ؟

بەھرىنىسا سوپى كېتىپ غايىب بولغان تەرەپكە قاراپ ئۇزاق تۇردى، ئۇنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدا تۇرغان ئوڭ قولى ھېلىمۇ ئىسسىق، سوپىنىڭ ئالىقىنىدىن چىققان ھارارەت يەنىلا شۇ پېتى قىزىقىنى تارقىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

كەچ كىرگەنسېرى ھاۋا سوغۇقلىشىپ كەتتى، ئاسماندىن قار يېغىۋاتامدۇ ياكى شامال يىراقلاردىكى بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى توزۇتۇپ ئەكېلىپ تۆكۈۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ياتىقىغا قايتتى، ئەتە كەچقۇرۇن «جۈپ» بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئۇيقۇسى كەلگۈچە ياكى ئەتە كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگىچە قارار قىلماقچى بولدى.

شۇ كېچىسى ئۇ ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنىڭ ئارىلىقىدا تاڭ ئاتقۇزدى، خىيالى پۈتۈنلەي سوپىغا بېرىلگەندى. كۆز ئالدىدا گاھ ئىسپورتچىلارنىڭ مايكا ـ ئىشتىنىنى كىيگەن، مايكىسىنىڭ ئال ـ دى ـ كەينىگە «西北农大» خەتلىرى بېسىلغان، قوشۇما قاش، قاڭشارلىق، سوزۇق يۈزلىرىگە كۆز، بۇرۇن، ئېغىزلىرى رەتلىك، تەكشى جايلاشقان، قۇۋۋەتلىك، بېجىرىم تېنىدىن ياشلىق مەرداندىلىكى تەپچىپ تۇرغان سوپى كېلەتتى، ئۇ بىر تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھاياتلىق ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى، كۆزلىرىدىن چاقنىغان ھەققانىيەت ئۇچقۇنلىرىنى گۇۋاھ قىلىپ ھاياتقا مەدھىيە، رەزىللىككە نەپرەت ئوقۇيتتى، گاھ دەل ئاشۇ سىيما قارا رەڭلىك ماموق چاپان كىيىپ، سوغۇقتىن قىزىرىپ

تېخىمۇ جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن زىناقلىرىغىچە كۆلۈپ، ئىككى قولىنى سارنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، ئېتىلىدىغاندەك كېلىپ قۇچاقلايتتى، ماموق چاپانمۇ توسۇپ قالالمايدىغان بىۋاسىتە ئىللىقلىق بىلەن «پەرىشتەم» دەپ تۇۋلايتتى، يەنە قوللارچۇ تېخى ... بوكسچىلارنىڭ تاشتەك چىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىغا نازۇك، يۇمران ئاپئاق بارماقلارنى چىڭ سىققاندا تارىغان كۆرۈنمەس ئىقىم يۈرەكلەرگىچە يېيىلاتتى، گاھ ئاشۇ ناھايىتى يېقىن، شۇ قەدەر گېگانت بىلىنگەن ھەرىكەتچان، جانلىق ئوبراز بىردىنلا كىچىكلەپ ھەم ئورۇقلاپ باشقىچە بىر ئىنسان گەۋدىسىگە ئايلىناتتى-دە: «يۈر كەينىمدىن»، «ماڭ يېنىمدا»، «ئەتە بىر ئاخشاملىق جۈپ بولۇش رولىنى ئوينا...» دەپ بۇيرۇيتتى.

قايسى سوپىنى تاللاش كېرەك؟

ئۇنىڭغا ياخشى تەسىرات قالدۇرغان سوپى، ئۇنىڭغا ھارارەت بېغىشلىغان، ئۇنىڭ بەدىنىگە (قولىغا) بەدىنىنى (قولىنى) تەگكۈزگەن سوپى ئۇنى ھەرقانچە مەھلىيا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ مەيلىنى، ئىرادىسىنى، خاھىشىنى سوراپ باقمىغان، كۆزىگە ئىلمىغان سوپىنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاۋۋالقى سوپى ھەرىكەتچان، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرەلەيدىغان سوپى، كېيىنكىسى بولسا ھەقىقىي سوپى بولۇپ كۆرۈندى. دېمەك، يۈزەكى سوپى ماھىيەتلىك سوپىدىن تۆۋەنلەپ، يىراقلاپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا بىرلا سوپى يەنى ماھىيىتى بىلەن ئۆزىنى تونۇتقان مۇشۇ ئاخىرقى سوپى قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ پىكرى روشەنلەشتى، ئۇ كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگە ئۈلگۈرۈپ كۈتۈپخانا ئالدىغا باردى، ئېڭىدا بېكىپ بولغان سوپىغا دۇدۇقلىماي، يەرگە قارىماي، دادىل تىكىلىپ تۇرۇپ: «كەچۈرۈڭ، مەن بۈگۈن كەچ سىزنىڭ جۈپتىڭىز سالاھىيىتى بىلەن يۇرتداشلىرىڭىزنىڭ جۈپلۈك ئولتۇرۇشىڭىزلارغا قاتنىشالمايمەن...» دې-

يەلەيدۇ ۋە ھەرقانداق ئىزاھات، چۈشەندۈرۈشلەرگە قۇلاق سالماي، كۈتۈپخانا قىرائەتخانىسىغا كىرىپ كىتابمۇ، ژۇرنالمۇ ياكى گېزىتمۇ، ئىشقىلىپ، بىر ئوقۇشلۇق تېپىپ ئوقۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق قىلىش سوپىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشنىڭ، ئۇنى تەسىرلەندۈرىمەن دەپ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن. قىرائەتخانىدا ئوقۇرمەن كۆپ، ئۇ ھەرقانچە كانا بولغاندىمۇ قائىدىنى بۇزۇپ چاپلىشىۋالالمايدۇ...

ئۇ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئاندىن ئۇخلاپ قالدى، ياتاق كارىدورىدىكى تاراق ـ تۇرۇق، گۈلدۈر ـ گۇپپاڭلارمۇ، ياتاقداشلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمۇ ئۇيقۇسىغا تەسىر كۆرسەتەلمىدى. چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ نىگىشىيانىڭ يىنچۈەندىن كەلگەن بىر ياتاقداش ساۋاقدىشى تۇرتۇپ ئويغاتقاندىلا ئورنىدىن ئېرىنىپ تۇردى. ساۋاقدىشى سىرتتىن كىرگەن بولسا كېرەك، قېلىن كىيىملىرىنى سېلىۋاتاتتى.

ــ شۇنداقمۇ ئۇخلىغان بارمۇ؟ ــ دېدى ئاق پىشماق، بالا چىراي، پاكارلىقىغا قارىغاندا يەنىلا زىلۋا بۇ خۇيزۇ قىز، ــ تويۇڭ بولۇپ چۈشمىگەنسەن ـ ھە؟

بەھرىنىسامۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ تويۇمغۇ بولغان، نىكاھ قىلىش ئالدىدا يىگىتىم بىلەن جېدەللىشىپ قالدىم، سىرتتا تېخىچە داقا ـ دۇمباق چېلىنىۋاتىدۇ، مەن سېنىڭ چاقىرىشىڭ بىلەن ياتىقىمغا كېلىۋالدىم، قانداق، ياخشى چۈش كۆرۈپتىمەنمۇ؟

خۇيزۇ قىز دېيىلگەنلەرنىڭ چاقچاق ئۈچۈن توقۇلغانلىقىنى بىلسىمۇ، خۇپسەنلىككە سېلىپ ياخشى تەبىر بەردى، ئاندىن ئۇ بەھرىنىسانىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا يۇرىدىغان يىگىتى يوقلىقىنى ئويدان بىلەتتى:

ــ شۇنداق بىر ياخشى يىگىت تېپىپ، شۇنداق كاتتا توي قىـ

لىدىكەنسەنكى، مۇناسىۋەتتىڭلار مەڭگۈلۈك بولغۇدەك، نىكاھ قىـلىنماي تۇرۇپ بولغىنى ياخشى بوپتۇ، نىكاھ ئوقۇلۇپلا كەتكەن بولسا چاتاق ئىدى...

ئىككىيلەن بىردەم كۈلۈشتى، بەھرىنىسا ئۆزىنىڭ نىمىشقا يەڭگىللەپ، خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، كۆرمىگەن چۈشكە بىرىلگەن ياخشى نىيەتلىك تەبىرگە خۇشال بولۇۋاتقىنى ياكى قىينىپ، ھىرىپ كەتكىدەك ئۇخلاپ، ئەقىل ـ ھوشى سازلىنىشىپ قىلىۋاتقىنى ئىنىق ئەمەس. لېكىن، كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە كۆتۈپخانا ئالدىغا بىرىپ سوپىغا بىرىدىغان جاۋابىلا يادىدا ئىنىق تۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇ سوپىنى كۆرۈپلا باشلايدىغان سۆزىنى ئاخىرىدا قانداق ئاياغلاشتۇرىدىغىنىنىمۇ يادلاپ بولدى.

ئۇ ياتىقىدا ئولتۇرۇپ خۇيزۇ قىز ئېلىپ كەلگەن تورت، پىچىنە، بولكا دىگەندەكلەر بىلەن ناشتا قىلدى، ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغانلىقتىن، بۇ ناشتا ھەم چۈشلۈك تاماققا ھىساب ئىدى. خۇيزۇ قىزنىڭ يىنچۇەندىن كېلىپ، مۇشۇ شەھەردە كالا گۆشى ئۇگرىخانىسى ئاچىدىغان ئاكىسى بار ئىدى. خۇيزۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، دۇكاننىڭ سودىسى ياخشى، تاپاۋىتىمۇ خېلى جىق بولۇپ، ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ ئوبدان ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈن ئايمۇئاي ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. قىزمۇ بەزىدە ئاكىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇنىماي، دۇكانغا بىرىپ ياردەملىشىدىكەن. بۇ قىزنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى پاتىمە بولۇپ، ئۇنى ساۋاقداشلار ئىچىدە پەقەت بەھرىنىسالا بىلەتتى، ئەتراپتا ھىچكىم بولمىسا، بەھرىنىسا ئۇنى «پاتىمە» دەپ چاقىراتتى. بۇ ئىسىمنى كۆپ قوللانماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى پاتىمە: «ئائىلەمدىكىلەردىن باشقىلار چاقىرىپ كۆندۈرمىگەچكە، ئادەتلىنەلمىدىم» دەپ چۈشەندۈرەتتى.

پاتىمە بىر ئاز ئولتۇرۇپ ئاكىسىنىڭ دۇكىنىغا كەتتى، بەھرىنىسانىمۇ بىللە بىرىشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، بەھرىنىسا ئىشى بار-

لىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى ۋە كېيىن چوقۇم بېرىپ، دۇكان-
نىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ۋەدە بەردى.

بەھرىنىسا سىرتقا چىقتى، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ كارىدورى-
دىكى ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان تام سائىتى چۈشتىن كېيىن ئۈچ
بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۈچ سائەت
ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى.

ئۇششاق قار يېغىۋاتاتتى. تالا سوغۇق، بىرەر يەردە ئولتۇرۇش-
مۇ بىئەپ ئىدى. كۇتۇپخانىدا ئۇنى- بۇنى ئوقۇغاچ سائەتنى ئالتە
قىلىشقىمۇ بولاتتى. ئەمما، ئۇ سائەت ئالتىدىن كېيىن ئۇخلاشقى-
چە بولغان ۋاقىتنى كۇتۇپخانىغا ئېلىپ قويغان بولۇپ، ھازىرلا
بېرىۋالسا كۇتۇپخانىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇگۈن چىقىرىدىغان «ھەل
قىلغۇچ قارار»ىدىن خەۋەردار بولۇپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭ «سى-
رى» ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، پۇتى ئۇ تەرەپكە تارت-
مىدى.

ئۇ ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن چىقتى. چوڭ يول، نېرىقى
قاسناقتىكى دۇكان، ماگىزىنلار تونۇگۇن، ئۈلۈشكۈن قانداق بول-
سا، بۈگۈنمۇ شۇ پېتى، ئادەملەر كىرىۋاتقان، چىقىۋاتقان، بوۋاي —
موماي، ئوتتۇرا ياش ئەر- ئاياللار، بالىلىرىنى يېتىلىۋالغان،
كۆتۈرۈۋالغانلار....بىر توپ كىشىلەر شەرقتىن غەربكە، يەنە بىر
توپلار غەربتىن شەرققە مېڭىشىدۇ. ئالدىرىماي، خىيال بىلەن كې-
تىۋاتقانلار، كەينىدىن ئالدىراپ كېلىۋاتقانلارغا يول بەرمەي مېڭى-
ۋاتقان ھاڭۋاقتىلار بار. ئىككى تەرىپىمدىكى ئادەملەر ياشمۇ، قې-
رىمۇ، ئاجىزمۇ، كۈچلۈكلىكى بىلەن ھېسابلاشماي ھەممىنى تۇر-
تۇپ، جەينەكلەپ، پۇتۇن پىيادىلەر يولىنى بىر ئۆزى ئىگىلەپ مې-
ڭىۋاتقانلارمۇ بار...ئادەملەر نېمىدېگەن جىق؟ ئۇلار بارغانسېرى
جىقىيىۋاتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆز خىيالى، ئۆز پىكرى بار. ھەم-
مىسىنىڭ ئۆز ئويلىغىنى، ئۆز قىلغىنى ئۆزىگە توغرا، ئاۋۇ تېز

مېڭىۋاتقانلارغا «نېمىشقا ئاستاراق ماڭمايسىلەر؟» دەپ سورىغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، قەدەملىرىنى ساناپ دەسسەپ كېتىۋاتقانلار-نىمۇ تېزرەك مېڭىشقا ئۈندىگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن باھانە ـ سەۋەبلىرىدىن سەن ئاخىرى: «ئاستا مېڭىش ئالدىرىماي ماڭىدىغانلارغا، تېز مېڭىش ئالدىراپ ماڭىدىغانلارغا يارىشىدىغان يول يورۇش ئۇسۇلى» دېيىشكە مەجبۇر بولامسەن تېخى!

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رېشاتكىلىق توسۇق تېمى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ياشنىڭ قىي ـ چۇسى بەھىرىنىسانىڭ خىيالىنى چاچتى. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رېشاتكىلىق تېمى تەرەپتە ماگىزىن، دۇكانلار بولمىغانلىقتىن، نېرىقى قاسناقتىكىدەك ئادەممۇ كۆپ ئەمەس، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. مۇنۇ ئىككى ياشنىڭ قىي ـ چۇسى نېرىقى ياقتىكى ئالدىرىماي ماڭىدىغانلارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار بىر-بىرىنى يان تەرەپتىن قوچاقلىشىۋالغان بولۇپ، تېز مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق ئاشۇنداق قىيپاش دەسسەش ئۇلارغا ئىككى قەدەمدە بىر قېتىم سۈيۈشۈش ئىمكانىيىتى بېرەتتى. ھەر قېتىم سۈيۈشۈپ بولۇپ چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكىلەر بىمالال ئاڭلىيالايدىغان يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈشەتتى ۋە ئۆزلىرىلا چۈشىنىشسە كېرەك، بىر نېمىلەرنى دەپ چىرقىرىشاتتى.

«بۇ نېمە قىلىق بولدى، ـــ ئويلىدى بەھىرىنىسا، ـــ شۇنچىۋالا جىق ئادەم بار چوڭ كوچىدا ھاياسىزلىق قىلىش شان ـ شەرەپمىدۇ؟» ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسى ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى يۆنىلىش بويىچە ئۇدۇل مېڭىۋەرمەي، مەكتەپكە كىرمەكچى بولۇشتى. شۇ ئارىلىقتا خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىن سىرتتىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان، دەرۋازىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل خادىملاردىن بولۇپ تۆت ـ بەش خىزمەتچى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىلار ئالاھىدە تارقىتىلغان مەخسۇس كىيىمدە ئىدى. ھېلىقى

ئىككى ياشنىڭ قىي ـ چۇسى، ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىملارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئادەم يىغىلدى.

ــ كىم سىلەر؟

ــ ……

ياشلار جاۋاب بەرمىدى.

ــ جايىڭلاردا توختاڭلار! ــ ئورۇق، ئېگىز بوي، ئىشتان ـ چاپىنى چوڭراق كەلگەن بىر ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم ھېلىقى ئىككى ياشنىڭ ئالدىنى توستى، ــ نەگە بارىسىلەر؟ بۇ باغچە ئەمەس!

ئىككى ياش خۇدىنى تازا بىلمىسە كېرەك، بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان پېتى تۇرۇۋەردى. قىز ۋارقىراپ تۇرۇپ:

ــ يولنى بىكار قىل، مەن مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ــ دېدى ۋە بىر قولى بىلەن قىسقا پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ مەيدىسىگە مۇشتلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يەنە بىر قولى يىگىتنىڭ بويىنىدا ئىدى. ئۇ مەيدىسىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئىزنىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئۇ بولۇپمۇ يىگىتى قاردىماققا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ياشلاردىن ئىدى. نەلەردە ئىچىپ كېلىشتىكىن، قىلغان گەپلىرى، ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرىمۇ تازا قولاشمايتتى. ھەممىدىن يامىنى ئاران ـ ئاران دەسسەپ تۇرۇشاتتى. بىر ـ بىرىنى قويۇۋەتسە يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا قىلىشاتتى. بىراق، ئۇلار بۇنى سەزمىگەندەك، ئۆزلىرىنى زورلاپ بېجىرىم تۇرۇۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ئېگىز بويلۇق، ئورۇق ئامانلىق ساقلىغۇچى يېنىدىكى ھەمراھىغا «قانداق قىلىمىز؟» ئىشارىتىدە قارىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، يۇمىلاق يۈز، بەستلىك ھەمراھى كىچىككىنە قاتتىق كۆزلىرىنى تىكىپ، «ئىش تېرىغۇچى» لارغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا ئاگاھلاندۇرغاندەك قىلىپ:

ــ ئۇنىۋېرسىتېت قوغداش باشقارمىسىغا تېلېفون بەر! ــ دەپ بۇيۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇدى ۋە دەرھال لىغىشىپ ئاران تۇرۇۋاتقان ئىككى ياشقا كۈلۈپ قارىدى. ئۇنىڭ بىر سېكۇنت ئىلگىرىكى چىرايى بىلەن ئەمدىكى چىرايىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەيران قالارلىق تېز ۋە ئىككى خىل ئىدى، — قېنى، ئىچكىرى كىرىڭلار، — دېدى ئۇ ۋە يىگىتنىڭ جەينىكىنى تۇتتى، — تالا سوغۇق، زۇكامداپ قالماڭلار يەنە؟ ئىشخانىغا كىرىپ، ئىسسىق ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە يۇتۇمدىن قايناقسۇ ئىچسەڭلار يەنە ئەسلىڭلارغا قايتىسىلەر...

— مەن ياتىقىمغا قايتىمەن، — ۋارقىرىدى قىز قۇچاقلىشىپ بىللە كەلگەن ھەمراھىغا قىيپاش قاراپ، — مېنى ياتىقىمغا ئاپىرىپ قوي، بىز يەنە ئىككى رومكىدىن...

— ھە، ھە، ھازىرلا قايتىسىز، — ئامانلىق ساقلىغۇچى يىگىتنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ دەرۋازا يېنىدىكى ئىشخانىسى تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى. كەيپى ماسلاشتى بولغاي، ئىككىلىسى تارتىشماي ئەگەشتى، — ئىككى رومكا ئازلىق قىلىدۇ، ھاراقنى قايناقسۇدا ئىسسىتىپ ئۈچ رومكىدىن ئىچىش كېرەك. ئۈچ رومكا ئەڭ پايدىلىق...

ئۇلار ئامانلىق ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىۋالغانلار ئۆزئارا مۇلاھىزىگە چۈشۈشتى:

— ئوقۇغۇچى ئىزنىكىنى تاقىۋالغان بىلەن ئوقۇغۇچى ئەمەس. تېپىۋالغان ياكى نامرات ئوقۇغۇچىلاردىن سېتىۋالغان...

— ئىزناكنى ساتمايدۇ.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ....

— ھېچ بولمىغاندا ئاۋۇ ئەر ئوقۇغۇچى ئەمەس. كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ پېيىمدە يۈرىدىغان جەللىگۇرلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت ئورنىدىن كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىدىغانلارمۇ بار. ئۆيىدىن ئايرىلىپ نەچچە كۈن، نەچچە

ھەپتىنى ئۆتكۈزگىلى بولغان بىلەن، بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزمەك قىيىن كېلەر ھېلى؟ ئالىي بىلىمنىڭ قانداقلىقىنى سىنىپتا، يات ئەر يېگىتچە ئايالنىڭ قانداقلىقىنى تالادا، قاۋاقتا ئۆگىنىمدۇ...

گەپ ـ سۆزلەر زىلىلىشىپ، نازۇكلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقاندا مەكتەپنىڭ ئىچى تەرەپتىن ساقچى سىگنالىنى ياڭرىتىپ كىچىك تىپتىكى بىر مىنىبۇس دەرۋازا تەرەپكە يېتىپ كەلدى. مىنىبۇسنىڭ پېشانىسىدە ساقچى ماشىنىسىنىڭكىدەك چىراغ بارلىقىنى دېمىسە، باشقا يەرلىرىدە ساقچى گېرىبىمۇ، «جامائەت خەۋپسىزلىكى» دېگەندەك خەتلەرمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەممەيلەن بۇ مىنى-بۇسنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت قوغداش باشقارمىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى بى-لىۋالدى.

— ئەمدى ئاۋۇ ھاراقكەش ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئېغىزـ بۇ-رۇن ياللاشقىنىنى بىر كۆرۈپ باقايلى،— دېدى دەرۋازا تېشىدا تۇرغان بىكارچىلاردىن بىرى ئەتراپتىكىلەرنى جېنەكلەپ ئالدىغا سىلجىغاچ.

ھېلىقى ئەر ـ ئايال ئىشخانىدىن چىقىشتى، جېدەل ـ غەلۋە قىلىشمىدى، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپمۇ ئالمىدى. ئۆز كۈچى بىلەن ئازـ تولا دەلدەڭشىپ مېڭىشقىنىچە، ئايال ئالدىدا، ئەر كەينىدىن مىنىبۇسقا چىقىشتى. مىنىبۇس قايتاشىدا چىراغىمۇ ياقماي، سىگنالمۇ بەرمەي، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قالدى. ماشىنىنى ئۇزىتىپ قويغۇچى ئامانلىق ساقلىغۇچىدىن:

— ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟— دەپ سورىدى بى-رەيلەن.

— مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن، بۇنىڭياقى شەرم ـ ھا-يا بىلەن ئىچىش، جامائەت سورۇنلىرى، بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچى ـ تېشىدا غەلۋە قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ شۇ...، — جاۋاب بەردى ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇلار سۆيۈشكەن تۇرسا ...

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، گەۋدىلىك ئامانلىق ساقلىغۇچى قىسىق كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كۈلگىنىچە:

— ئۇ قىلىقنىمۇ شەرم - ھايا دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ نەسىھەت قىلماي نېمە چارە؟ — دېدى.

— ئەگەر ئۇلار مەستلىكتە خۇدىنى بىلمەي...

گەپنىڭ ئاخىرى شۇنداق سەت داۋاملاشتىكى، يىغىلىۋالغانلار ئىچىدىكى ئاياللار ئۇياق - بۇياققا تاراپ كېتىشتى. قېپقالغانلار ئىچىدىمۇ كۈلكە چىقمىدى. ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن كىرىپ بولغان بەھرىنىسا ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىمىنىڭ خېلىلا قوپال ئاۋازدا تېرىكىپ:

— جامائەت سورۇنىنىڭ تەرتىپىنى بۇزغانلار قاتارىدا ئەيىبلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ، — دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى.

ئۇ سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، قىش كۈنلىرىدىكى سائەت ئالتىدە قاراڭغۇ چۈشىدىغانلىقى يادىدا. شۇڭا، كۇتۇپخانا تەرەپكە بېرىۋەرمەكچى بولدى. كۇتۇپخانىنىڭ كىرىش زالىنىڭ ئۇدۇل تېمىدا چوڭ كىۋارتسلىق سائەت ئېسىقلىق، بالدۇر بېرىپ قالغاندىمۇ، سوپىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ «جۈپلەر ئولتۇرۇشى»غا بارالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىر تەرەپتىن، ئۇ ئولتۇرۇش تەييارلىقىغا بەھرىنىسادىن باشقا بىرسىنى چاقىرىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، بەھرىنىسانى ئۆز «يۇرتداشلىرى» — ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز ئالدىدا ھاپىلا - شاپىلا «جۈپ» بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، ئالدىراقسان سوپىنىمۇ ئالدىنئالا ئۇمىدلىنىپ بىھۇدە كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى تارتىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. سىياقى، تەن قۇرۇلۇشى، ئاناتومىيەلىك، فىزىيولوگىيەلىك قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاش يارالغان جانلىقلار توپى. بىراق، ئىدېئولوگىيەسى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى، چۈشى-

نىش ۋە چوشەندۇرۇلۇشى... جەھەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە يۈزدە يۈز، مۇتلەق ئوخشىمايدىغان، ھەيران قالارلىق ئۆزگىچە - لىككە ئىگە يېگانىلىكنىڭ ۋەكىلى. ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاشۇ يې - گانىلەر يەنە بىللە ياشاشقا، بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ، ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىگە مايىللىشىپ ياشاشقا قادىر. سوپىمۇ «بەگباش، ئۆزۈمە - چىل بەھرىنىسا» نى دەرھال «جۇپ» قىلىۋالالمىغانلىقىنىڭ سەۋە - بىنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بىر «جۇپ» تاپقاندا ئازدۇر- كۆپتۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ. «جۇپ قىلماي ياخشى قىپتىكەنمەن» دېسە تې - خى ياخشى بولغىنى...

لېكىن، ئۇ كۇتۇپخانىغا بارماي تۇرۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ كىرىش زالىدىكى ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان كىۋارتسىلىق سائەتنىڭ ئالتە بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ سوپىنى كۆرۈپ قالدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۇتۇپخانىغا بارىدىغان يول - نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىراغلار يېقىۋېتىلگەن، كۇتۇپخانا زالى ۋە ئىككى چەتتىكى قىرائەتخانا دېرىزىلىرىدىن چىقىۋاتقان يو - رۇقلار قوشۇلۇپ، تالا كۈندۈزگە ئايلانغان، يول ۋە چەتلەرگە يىگىنە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ تاپقىلى بولغىدەك يورۇقتا خاتالىشىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دەل ئاشۇ سوپى. ئاخشام كەچتىن تاڭ ئاتقىچە، چۈشتىن تارتىپ ھازىرغىچە خىيالىدىن چىقارمىغان، مۇڭداشقان ـ ئەھۋاللاشقان، تەسەللى ئېيتقاچ ئۆز پىكىر ـ قاراش - لىرىنى سىڭدۈرمەكچى بولغان سوپىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

ھەممىدىن ئوشۇقى، ئۇ بۈگۈن كەچقۇرۇن «سائەت ئالتە» نى ساقلاپ، قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان سوغۇق يېرىم كۈننى بەك تەستە ئۆتكۈزگەندى. ئوي ـ پىكىرلىرىنى زايە قىلىپ يېرىم كۈننى توشقۇزغانىدى.

سوپى ۋە يەنە بىر يىگىت ئۈچ قىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىـ - شىپ، كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن دەرۋازا تەرەپتىن كەلمەكتە ئىد -

دى. بەھرىنىسانى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلغىنى دەل ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىرى ئىدى. بەھرىنىسا چۆچۈپ كەتتى، تۇرغان جايىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىدىكى سوپى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ مېڭىش يۆنىلى- شىدىن قارىغاندا، ئۇلار كۇتۇپخانىغا ئەمەس، ئوڭ تەرەپتىكى پىيادى- لەر يولىنى بويلاپ قايسىدۇر بىر ياتاق بىناسىغا — ئېھتىمال سوپى- نىڭ ياتىقى بار بىنا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بەھرىنىسا سوپىنىڭ تاسادىپىي بۇ تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ما- مۇق چاپىنىنىڭ باشلىقىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالدى. رەڭ- گى، پوسونى ھەرخىل مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيگەن قىز، ئو- غۇللارنىڭ كۇتۇپخانا تەرەپكە كېتىۋاتقان - كېلىۋاتقان، ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ مۆكۈدىشىپ تۇرغان ياكى ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ ئاللى- كىملەرنى كۇتۇۋاتقانلىرى ئاز ئەمەس بولۇپ، بەھرىنىسا ئالاھىدە دىققەتنى تارتىپمۇ كەتمەيتتى.

ئىككى يىگىت، ئۈچ قىز پۇتكول ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە، كۇ- تۇپخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەمزات يوقتەك، ئۇنلىرىنى جاڭگال - توقايلىقلاردىكىدەك بولۇشىغا قو- يۇۋېتىپ سۆزلىشەتتى. سوپى بىلەن بىر قىزنىڭ ئارىلىقىدا كې- تىۋاتقان يىگىت يېشى، تۇرقىغا ياراشمايدىغان بوم ئاۋازدا مۇنداق دەيتتى:

— قىشلىق تەتىل تۈگەيدىغانغا بىرنەچچە كۈنلا قالدى. ئاندىن يەنە ئىككى- ئۈچ ئاي قەغەز غاجىلىساق، بۇ ئوقۇش ئاتلىق مۇ- شەققەتتىنمۇ قۇتۇلىمىز...

— غەنىيمەت ۋاقىتلار، — دېدى ياندىشىپ كېتىۋاتقان پاكار بويلۇق بىر قىز، — زېرىكتۇق دېدۇق، ئەجەب پۇتمىدى دېدۇق، پۇتۇشكە ئاز قېلىۋاتقاندا چىدىمايدىكەن كىشى، بولۇپمۇ ئىچەركى- شىپ كۆنۈپ قالغانلارغا...

— شۇڭا قەدىمكىلەر كۆيگەن ياماننىڭ كۆنگەنمۇ؟ دېگەنگە «كۆن-
گەن يامان» دەپ توغرا جاۋاب بېرىشكەن... — دېدى سوپى، —
كۆنۈپ قالسا خۇمار قىلىدۇ...
— شۇنداق، كۆنگەن يامان، — چەتتە ماڭغان قىز ھەمراھلى-
رىنىڭ سوپىنىڭ سۆزلىرىگە قارىتىلغان كۈلكىلىرى بېسىقماي
تۇرۇپلا سۆزگە كىرىشتى، — يۇرتىمىزغا كەتسەك، بۇ يەردە كۆن-
گەنلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىر ئەر، بىر يىگىت بى-
لەنلا ھە - پە دېيىشىدىغان گەپ...
ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا بىر قىز بۆلدى:
— بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي بىر مەزگىل يۇرۇۋالامسەن؟
ئاخىرىدا، تاپقانلىرىڭنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەڭ مۇۋاپىق بولسا،
شۇنىڭغا ئېرىشىل، كانىدەك چاپلاش. شۇنداق قىلىشقىمۇ كۆنۈپ
كېتىمىز. بۇ بىر غېرىچ ياشىغان ھاياتىمىزدا نېمىلەرگە كۆنۈپ،
نېمىلەرگە كۆنمىدۇق دەيسىلەر؟
ھەممەيلەن كۈلۈشتى. كۈلگەچ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ يىراق-
لىشىشتى. بىر- ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ
يان تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆرۈنمەي كېتىشتى.
بەھرىنىسانىڭ ئاچچىقى كەلدى، تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنى خورلاند-
غاندەك ھېس قىلدى. سوپى كەچ سائەت ئالتىدە، كۇتۇپخانىنىڭ
ئالدىدا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇقلۇق، ھەمراھلىرى بى-
لەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىچە كۇتۇپخانا بىناسى تەرەپكە قاراپمۇ قويمى-
دى. «مەن بىر قىز بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدىم - ھە؟» دېگەنلەرنى
يادىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋەدە بېرىش دېگەننىڭ قىم-
مىتى يوق ئىكەندە؟ ئۇ ھالدا ئورۇن - جاي، ۋاقىت دېگەنلەرنىڭ
ئەھمىيىتى يوق، ئادەمنىڭ ئەسلا قەدرى يوق بولۇپ قالامدۇ؟ ئى-
سىت، ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ گېپىنى راست بىلىپ، سۆزلى-
شىشكە تەييارلىنىپ يۈرگەنگە....

ئۇ سوپى بىلەن كۆرۈشكەن بولسا، كۆڭلىدىكىنى دەپ، «جۈپ» بولالمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرماقچى ئەمەسمىدى؟ بۇ دېگەن «خەيرخوش» دەپ ئارىنى ئوچۇق قىلىش، دېگەن گەپ. ئۇ ئۇچرىشالمىغىنىدىن كۆرە، ھېلىقى گەپلىرىنى دەۋالالمىغانلىقىغا، سوپىنىڭ ئۇنىڭدىن بالدۇرراق چىقىپ، ۋەدىسى، ئاخىرىدا كۆرۈشمەكچى بولغان ئادىمىمۇ گويا مەۋجۇت ئەمەستەك بىر ھالەتنى تۇغدۇرۇۋالغىنىغا ئىچى ئاچچىق بولاتتى.

ئۇ چاپىنىنىڭ باشلىقىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئاسمانغا يۈزىنى قىلىپ بىردەم تۇردى. قار خالاپ قالغان، قار تازا لەپىلدەپ ياغسا، يۈز – كۆزىنى قارغا توغرىلاپ بىردەم تۇرسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. لېكىن، قار يوق، توزۇندى قارلارمۇ ئۇچۈپ تۈگىگەنىدى.

ئۇ نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىشنى بىلەلمىدى. تالادا يۈرسە سوغۇق، ياتاققا قايتسا يالغۇز، ئاخىر كۇتۇپخانىغا كىرىپ، قىرائەتخانىدا ئۇنى – بۇنى كۆرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. كۇتۇپخانا ئىشىكىدىن كىرىپ، چوڭ زالنىڭ ئۇدۇل تېمىدىكى چوڭ سائەتكە قارىدى. سائەت ئالتىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەن، ئۇنىڭ باياتىن سوپى توغرۇلۇق ئويلىغانلىرى توغرا: سوپى ۋەدىسىنى ئۇنتۇغان. «يۇرتداشلارنىڭ جۈپلۈك ئولتۇرۇشى»دا «جۈپ» بولۇش رولىنى ئوينايدىغان باشقا بىر قىز تاپقان. كېيىنچە بىر يەرلەردە ئۇچرىشىپ قالغاندا نېمە دەپ سەۋەب كۆرسىتىش – كۆرسەتمەسلىك ئۇستىدە ھېلىتىن باش قاتۇرۇپ يۈرۈشنى ئاۋارىچىلىك، دەپ بىلگەن. دېمىسىمۇ سوپىغا ئوخشاش مىجەز – خاراكتېرلىك كىشىلەر ئۈچۈن باھانە – سەۋەب ئازمۇ؟

ئۇ ئىختىيارسىز كۇتۇپخانا ئىشىكىدىن چىقىپ مەيدانغا قارىدى. كۇتۇپخانا ئالدى يەنىلا شۇنداق كۇندۇزدەك يورۇق. ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقانلارمۇ بار. سوپىنىڭ «ۋاقىت توشمىغاچقا كەلمىگەن، ۋاقىت توشقاندا كەلدىم...» دەپ ياكى «يۇرتلۇقلار كەلگىلى تۇردى، قارشى ئې-

لىپ، ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ ئاندىن كېلىشىم. بەش ـ ئون مىنۇت نېرى ـ بېرى بولۇپ كېتىش دېگەن نورمال ئىشقۇ؟..» دېيىشىدىنمۇ ئۈمىد يوق. ئۇ كەلمىگەن، كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ئۇ ـ چۈن، جۆپ بولىدىغان نامزات يۇرتداش قىزلار ئاۋۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنى خىجىل ۋە ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن چاقىرمايدىغانلىقىنى ئۇق ـ تۇرۇپ قويۇشقا بولىسىمۇ كەلمىگەن. كەلگىنىدە داۋىسىنى يېيىشتىن ئەيمىنىپ قالغان. بەھرىنىسا بۇ ھاياتىدا گېپىدە تۇرمايدىغان، ۋەدى ـ سىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىۋالالمىغا ـ نىغا ئىچى ئاچچىق بولۇپ قىرائەتخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ياتىقىغا قايتقىنىدا سائەت توققۇزدىن ئاشقان ئىدى. پاتىمە بار ئىدى. مۇنچىغا كىرىپ چىققان بولسا كېرەك، پۈتۈن ياتاق سو ـ پۇن پۇراپ كەتكەن، ئۇ بېشىنى كۆك لۆڭگە بىلەن ئوراپ، چاچلى ـ رىنى لۆڭگە ئىچىگە تىقىۋالغان ئىدى. ياتاق بىناسىنىڭ ھەر قەۋ ـ تىدە ئىككىدىن دۇش مۇنچا بار ئىدى. سىرتقا چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىنىڭ، گۆشلۈك مەڭزى توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىككىيلەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ كۈننى كەچ قىلغانلىقلىرىنى سوراشتى. پاتىمە ئاكىسىنىڭ دۇكىنىدا ئىش بىلەن ۋاقىت ئۆت ـ كۈزگەنلىكىنى سۆزلىدى. ئېيتقانلىرى قىلغان ئىشىدىن ئاز، ئاد ـ دىيلا بولدى. بەھرىنىسا نان بىلەن چاي ئىچتى. ئۇ ئىچىنى قو ـ چۇپ، چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان سوپى بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلىدى. سۆزلەپ ئىچىنى بوشىتىۋالسا يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ پاتىمەگە بولغان ئىشلارنى تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى كۆرگىلى بارغاندا تونۇشۇپ قېلىشتىن باشلاپ، باياتىن سائەت ئالتە يېرىمگى ـ چە، يەنى ئاياغلاشقانغا قەدەر سۆزلىدى. ۋەقەنىڭ قىز قاتناشچىسىنى يۇرتلۇقۇم، دوستۇم، مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ما ـ شىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. يىگىتنى

www.uyghurkitap.com

بولسا دوستۇمنىڭ سىنىپداش ساۋاقدىشى، دەپ ئىسمىنىمۇ يوشۇرمىدى. ئۇ ياتاقتىن چىققاندىن تارتىپ سائەت ئالتە يېرىمغىچە ئاشۇ دوستۇم بىلەن بىللە ئىدىم، دەيدىغاننى تەڭ دېيىشىپ بەرمەكچى بولغان، دېدى. سوپىنىڭ يەنە بىر دوستى بىلەن ئۈچ قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىچە دېيىشكەن گەپلىرىنى بايان قىلغاندا، ئاز- تولا كۆپتۈرۈپ، ھاياسىز ئىبارىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپمۇ قويدى.

پاتىمە بەھرىنىسانىڭ گەپلىرىنى بۆلمەي، قوشۇقمۇ سالماي جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ سۆزدىن توختىغاندا، مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ئۇ يۇرتدىشىڭ، دوستۇڭنىڭ ئىسمى بەھرىنىسامۇ؟

بەھرىنىسا ھوپپىدە قىزاردى. گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ قولىنى سىلكىدى:

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ مەن خەقنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئائىشە، ھەممەيلەن ئايشەم دەيمىز.

پاتىمە ئاۋازىغا جىددىي تۈس بېرىپ مۇنداق دېدى:

— دوستۇڭ ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىل، ياخشى كۆرمىگەن يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش بەك خەتەرلىك!

# ئالتىنچى باب

بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئېلىنىشىپ قالغاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى، مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. مۇھەببەتنى ئالسا قانداق، بەرسە قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدى. مۇھەببەتنىڭ ئۆلگىسى، ئۆلچىمى، قېلىپى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببىتى بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇلار قانداق مۇھەببەتلىشىپتىكەن، دەپ ئاللىكىملەرنى دوراشقا، تەقلىد قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بەھرىنىسا شۇنداق ھۆددىلىيەلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئىسكەندەر كامىل بىلەن بولغان مۇ- ھەببىتىلا دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئالىي، يەنە بىر مىسالنى تاپقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ مۆجىزە مۇھەببەت...!

سوپى بىلەن بولغان ماجىرا ئۇنى بىر مەزگىل خاپىغان قىلىپ قويغان ئىدى. توغرا، ئۇنىڭ سوپى بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىلا بار، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تۇگۇل، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈ- شۇپ قېلىشمۇ يوز بەرمىگەن تۇرسا... بەھرىنىسانىڭ كۆڭلىگە كېلىپ ئىچىگە ئېلىپ كېتىشى سوپىنىڭ گەپلىرىگە بەك ئىشە- نىپ كېتىپ ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن. ئۇنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش گېپىدە تۇرىدۇ دەپ تونۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە بۇندىن كېيىن باردى ـ كەلدى قىلمايلى، دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ۋەھاكازا دەۋالىمىغانلىقى ئۈچۈن. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش توغرىسىدا ئەسلەنسە، ئۇ ھازىر ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىقرار قىلمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئاشۇ بىر قاتار سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ مەيۇستەك يۈرۈپ قالغىنىمۇ راست. «خەق سىنىڭ دوقۇسلىرىڭنى كۆتۈرۈپ، دەشناملىرىڭنى ئاڭلىغىلى كەلسە بولامتى ئەمىسە...؟» دەپ ئۆزى ئۇنى ئاقلاپ كۈلگىنىمۇ راست. بىراق، ئۇ ئىشلارنىڭ بىر يەرلىرى پىتىر. ئىنسانىنىڭ ھېسسىياتى قاچان قېلىپقا چۈشۈپ، قانداق شارائىتتا تۇتۇق بېرىپتىكەن؟

شۇ چاغلاردا دەرسلەر باشلىنىپ كېتىپ بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىمۇ تازا ئېچىلالمىغان بەھرىنىساغا پاتمە شۇنداق دېگەنىدى:

— ۋاي - ۋۇي، يامىنى كەلسە ئوقۇشىمىز پۈتكەندە مەن بىلەن نىڭشياغا كەت. ئۆزۈم ساڭا ئىگە بولۇپ خالىغان كۈنۈڭ، خالىغان سائىتىڭدە پۈتۈنلەي رايىڭغا بويسۇنۇپ مەسىلەڭنى ئوڭچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن، «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەي...

بەھرىنىسا ئۇنىڭ مايۇڭ، مۇسۇلمانچە «رامىزان» ئىسىملىك كىچىك ئاكىسى بارلىقىنى، شۇ پەيتلەردە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى پاراڭلىشىپ يۈرۈپ ئاڭلىۋالغانىدى. پاتمەنىڭ دېگەنلىرى بىر چاقچاققۇ؟ ئىككىلەن بۇنداق جايغا كەلتۈرۈشتىن كۈلۈشكەنىدى.

ئەمدىلا تالادىن كىرىپ، پاتمەنىڭ سۆزلىرىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ قالغان بەھرىنىسانىڭ يەنە بىر ياتاقداش ساۋاقدىشى، زاڭزۇ قىز سەيدەن سۇما ئۇ سۆزلەرگە باشقىچە مەنە بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— مېنىڭ ئاكام شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرلار باشقارمىسىدا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى خېلى يىللار بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا بىر ئۇيغۇر كادىر تاپساق بەك ياخشى بولاتتى، دەپ يۈرەتتى. نېمىشقا دېسەڭلار، ھازىر لاسادا ياڭاق، قاق، يېمىش ساتىدىغان ئوقەتچى ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئاشخانا ئاچىدىغان،

ناۋايلىق قىلىدىغان، كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىنمۇ خېلى بار. ئۇلارغا رەسمىيەتنى بىجىرىپ بېرىدىغان كادىرلار يوق ئىكەن. تىل بىلمەسلىك تازا چوڭ مەسىلە بوپتۇ... ، سەن بارساڭ، — ئۇ بەھرىنىساـ نىڭ كۆلۈشلىرىگە پىسەنت قىلمىدى، — ئاكامغا ئېيتىمىز، خىزـ مەتكە ئورۇنلىشىشتا قىلچىلىك غەم يېمەيسەن. ئون ـ يىگىرمە ئۇيغۇرۇڭنى باشقۇرۇپ قويۇپ، باشقا ۋاقتىڭنى شىنجاڭ قويىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىسەن...

— ئۇ زاڭزۇچە بىلمىسە قانداق ئىشلەيدۇ؟ — گەپنى بۆلۈپ خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى پاتىمە بەھرىنىساغا كۆز قىسىپ قوـ يۇپ، — ئاندىن ئەرگە تەگسە يىگىتنى نەدىن تاپىسەن؟ ياكى سەنـ مۇ ھېلىقى باشقارما باشلىقى ئاكاڭنىڭ چوتىنى سوقماقچىمۇ؟ ياكى سوقمايۋاتقانسەن؟

ئۈچ قىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتى. سەيدەن سۇما يەنىلا ئەسلىدىكى سۆھبەتنىڭ تېگىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۆز گېپىنى داۋام قىلدى:

— گېزىتكە لايىق ئىزدەش ئېلانى بېرىمىز، «شىنجاڭ گېزىـ تى»گە، بۇنداق ئىش كۆپقۇ؟ بىر ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە، مۇشۇ ۋاسىتە بىلەن تونۇشۇپ، توي قىلىپ ئائىلىلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 69 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. تىل مەسىلىسىدىن غەم يېـ مىسىمۇ بولىدۇ. زاڭزۇچىنى ئۆگىنىۋېلىش خەنزۇچىدىن ئاسان. لاسادىكى ئوقەتچى ئۇيغۇرلىرىڭ زاڭزۇچىنى زاڭزۇ زىيالىيلىرىـ نىڭ تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيدۇ تېخى... يەنە بىر جەھەتتىن، لاسادا خەنزۇچىنى بىلسەڭ ھەرقانداق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن 99 پىرسەنت چىقالايسەن...

— ھېلىقى كەم بىر پىرسەنتلەرنى سەن بېرىپ توشقۇزۇۋەتسەڭ ـ مۇ بولامدۇ نېمە؟ — دېدى پاتىمە چاقچاقنى داۋاملاشتۇرۇپ بەھرىنىـ ساغا، — ئېلان بېرىپ لايىق تېپىپ توي قىلىپ 69 پىرسەنتنى 70 پىرسەنت قىلساڭ، زاڭزۇچىنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئاۋۋال خەنزۇچىنى بىلگىنىڭ بىلەنلا خىزمەت قىلىپ، 99 پىرسەنتنى...

سەيدەن سۇما چاقچاققا ئارىلىشىپ، ئەمدى چاقچاق ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىنى شۇندىلا چۈشەندى. ئۆزى ھەممىدىن تولىراق قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— ھۇ شەيتان ئۇرغۇرلار، ئەسلىي نېمە دېيىشىۋاتاتتىڭلار؟ — دېدى.

چاقچاقلار ئاشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

بەھرىنىسا ھېلىقى فېرمىدا پىراكتىكا قىلىپ يۈرگەندە ئىسكەندەر كامىل بىلەن تېپىشىپ، كېيىنچە ئىچەركىشىپ، ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن «سىر»لىرى پۇر بولغاندىن كېيىن پاتىمە تەسىراتىنى بەھرىنىساغا قىسقىچە مۇنداق بايان قىلغانىدى:

— ئەسلىدە سەن ئۇچقۇن چۈشسىلا گۇرۇلدەپ ئوت ئالىدىغان ياغقا چىلانغان ئوتۇن دۆۋىسى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟

— مۇھەببەت باغلىغىنىڭغا خۇشالمەن، ئاشۇ بىر قېتىم پاتىمە بىلەن ئىككىڭ ياتاقتا بىر بولۇۋېلىپ مېنى شاڭخو قىلىشقىنىڭ يادىمدىن چىقمايدۇ، — دېدى سەيدەن سۇما كۈلۈپ، — مۇھەببەتلىشىش يولىدا مارافونچە يۈگرەۋاتىمەن دېمەمدىغان؟

بەھرىنىسا ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ كۈلۈپ قويغانىدى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ، تولا ھاللاردا گەپ ئورنىغا كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىدىغان، بەك زورۇرىيىتى يوق گەپ - سۆزلەرنى كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالغانىدى. كۈلسە كۆزلىرى، زىناقلىرى، لەۋ ھەم چىشلىرىنى ئىشلىتىپ تولۇق، مۇكەممەل كۈلەتتى. كۈلكىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى قاقاھلاپ كۈلۈش، تۆۋەن دەرىجىسى كۈلۈمسىرەش ئىدى.

ئۇ بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا كىمدۇر بىرى «كۈلگۈنچەك قىز» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان بولۇپ، سىنىپداش ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا «بەھرىنىسا» ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، «كۈلگۈنچەك قىز» دېگەن لەقىمى ئىسىم ئورنىدا ئومۇملاش-

قىلى تۇرغانىدى. ئۇنى چاقىرغانلار ئىسمىنى ئاتىسۇن ياكى لەقەمىنى ئىشلەتسۇن، ئۇ «نېمە گەپ؟» مەناسى بىلەن مۇراجىئەت قىلغۇچىغا كۇلۇمسىرەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى يەنىلا شۇنداق ياخشى ئىدى. تۇزۇملەرگە رىئايە قىلىشتا بۇرۇنقىدەكلا ئاكتىپ ئىدى. « يېنىمدا ئىسكەندەر كامىل بار، ئۇ چېكىنىپ قالغىنىمنى بىلىپ قالسا، يۈزۈمنى نەگە قويىمەن، ئۆزۈمنى نېمە دەپ ئاقلايمەن... ؟ » دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. شۇنداق بىر كۈنى ئۇ پاتىمە بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇنىڭغا مۇھىم بىر سىرى بارلىقىنى، ئېيتىپ بەرسە شاگخو قىلماسلىقىنى ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ قويماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئىككىيلەن كەچلىك تەكراردىن كېيىن گۈللۈك ئەتراپىنى ئايلانغاچ ياناققا قايتىپ كېلىشىۋاتقانىدى.

— ئېيتىۋەر، — پاتىمە قەدىمىنى ئاستىلاتتى، — يەنە قانداق سىر تاپتىڭ باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان؟

بەھرىنىسا ئالدى ـ كەينىگە قارىدى، ئوڭ ـ ئۇنبەش قەدەم كەلگىدەك ئارىلىقتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۇلۇپ قويۇپ:

— ئاكاڭنىڭ ئاشخانىسىدا شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئىشلىسەم، دېۋىدىم. ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل لازىم بولىدىكەن، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن، — سائەت بويىچە ھەق بەرسە، ئېيتىپ باقساڭ، ئۇنارمۇ؟

— ئىشلەپ پۇل تېپىش مەخپىيەتلىك ئەمەسقۇ؟ — دېدى پاتىمە ئەجەبلىنىپمۇ يۇرمەي، — سېنىڭ «سىر» دەۋالغىنىڭ پۇلنىڭ ئىشلىتىش ئورنىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق....

— گىرىم بۇيۇملىرى ئالامسەن؟ مودا كىيىملەرنىمۇ؟ — پاتىمە بەھرىنىسانىڭ كۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ داۋاملىق سورىدى، — يىگىتىڭ يېنىڭدا بولمىسا، گىرىم قىلىپ، كىيىم كىيىپ يەنە كىمگە كۆرۈنمەكچىسەن؟ بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتسەڭ،

ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ، چاتاق چىقىدۇ جۇمۇ؟

بەھرىنىسا كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى:

— گىرىم قىلسام، كىيىم كىيسەم يەنىلا شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ دائىم يېنىمدا باردەكلا تۇيۇلىدۇ... ئەمما، دەسلەپ تاپقان پۇلۇمغا يانفون ئالاي دېگەن. خەت بەك ئاستا كېلىدىكەن...

— پاھ، پاھ مەشۇقۇم، — كۈلۈپ كەتتى پاتىمە، — گىرىم دېسەڭ، مەندە بار، شۇنى ئىشلەت، يانفون دېگەن بىرنىمىمۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، مەن ئاكامغا دەپ، ياخشىسىدىن بىرنى ئالدۇرۇپ بېرەي... ئاشۇلار ئۇچۇن ئىشلەپ يۈرمە...

بەھرىنىسا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— مەن ئۇنىڭغا بىرنى، ئۆزۈمگە بىرنى سېتىۋالماقچى. بىر جۈپ، — دېدى مەنىلىك قىلىپ، — ئۇ مېنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا ئالغان يانفوننى ئىشلەتسە، تېلېفون ئارقىلىق ئاۋازى ئاڭلانسا...

— نېمىدېگەن بەخت، نېمىدېگەن ھوزۇر - ھە؟ — گەپنىڭ ئاخىرىنى پاتىمە چۈشۈردى، — سېنىڭ ئۇ يىگىتىڭ ئىبلىسنىڭ ئۆزى ئوخشايدۇ. قارا، سېنى مەھلىيا قىلىپ مۇشۇ دەرىجىگە ئېلىپ كېلىپ قويغىنىنى؟ مەنمۇ بىرىلىگىدەك يىگىت تاپارمەنۇ، سەن كەبى ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويماسمەن...

— بولامدۇ، بولمامدۇ؟

— بولمامدىغان مەشۇقلارنىڭ شاھى، — كۈلدى پاتىمە، — ھازىر لەغمەن، كاۋاپ، مانتا، قايچا، گازىر، قوغۇن..... دېگەندەك جانسىز نەرسىلەرنىڭ شاھ، شاھزادىلىرى قۇرتتەك كۆپىيىپ كەتتى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ يوق ئىدى، ئەمدى سەن باشلاپ بەرسەڭ، ئەگىشىدىغانلار چىقىپ قالسىمۇ كارايىتى چاغلىق. شۇ چاغدا مەن ساڭا يەنە «مەشۇقلارنىڭ شاھىنشاھى» ئۇنۋانلىق ئىسىم قويۇپ بېرىمەن...

ئىككىيلەن تەڭ كۈلۈشتى.

شەنبە كۈنى پاتىمە بەھرىنىسانى بىللە باشلاپ بىرىپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتۈردى. بەھرىنىسا غوجايىنىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئايالى، پاتىمەنىڭ يەڭگىسىگە يىقىپ كەتتى.

— دۇكاننىڭ ئىچىدە ئىشلىمەڭ، دۇكىنىمىزنىڭ ئوبراز ئەلچىسى بولۇپ بىرىڭ، — دېدى يەڭگە گويا كىلىن كۆرۈۋاتقاندەك بەھرىنىسانىڭ بىشىدىن ئايىغىچە تەكشى سەپسىلىپ، قادىلىپ قاراپ، — ھەممە يېرىڭىزدىن كۈلكە تۆكۈلۈپلا تۇرىدىكەن. بۇنداق قىز دۇكىنىمىزنىڭ ئوبراز ۋەكىلى بولۇپ تۇرۇپ بەرسىلا ئىككى - ئۈچ قىزنىڭ ئىشلەپ بەرگىنىدىن ياخشى....

بەھرىنىسا «ئوبراز ئەلچىسى»، «ئوبراز ۋەكىلى» نىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، «تۇرۇپ بىرىش» نىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. يەڭگىنىڭ چۈشەندۈرىشىچە «ئەلچى»، «ۋەكىل» قىزلار قانچىلىك چىرايلىق كىيىنەلىسە، شۇنچىلىك كىيىنىپ، دۇكان ئىشىكىدە تۇرىدىكەن. خېرىدارلارغا، بولۇپمۇ كىرىش - كىرمەسلىك ئۈستىدە ئىككىلىنىپرەك قالغان خېرىدارلارغا : «دۇكانغا كىرىپ غىزالىنىڭ، كالا گۆشى ئۇگرىمىز بەك ئوخشايدۇ ھەم ناھايىتى داڭلىق... » دەپلا قويىدىكەن. كىرىش - كىرمەسلىك خېرىدارلارنىڭ مەيلى ئىكەن. تاماق يەپ قايتقان خېرىدارغا: «يەنە كىلىپ تۇرارسىز» دەپ ئۇزىتىدىكەن. بەھرىنىسانىڭ تەن قۇرۇلمىسى، چىرايلىقلىقى بۇ ئىشقا تازا باب كىلىدىكەن. ئۇ ۋە پاتىمەمۇ ياردەملىشىپ بۇ ئىشنى قىلسا، دۇكان سودىسىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كىتىشىگە شەك چۈشۈرۈشنىڭ ئورنى يوق ئىكەن.... ئۆزىنىڭمۇ «ئوبراز ئەلچىسى» بولۇشۇپ بىرىشنى ئاڭلىغان پاتىمە خۇشاللىقىدا ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ كەتتى. بەھرىنىسانىڭ كۈلۈپلا تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن يۈزىدە سەل قىزىرىش ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ تازا رازى بولۇپ كەتمەيۋاتقىنىنى سەزگەن پاتىمە دەيدەيگە سالدى:

— تېلېۋىزورلاردا كۆپ كۆرىمىزغۇ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تو -

نۇشتۇرۇشتا دائىم ئاتاقلىق، مەشھۇر ئارتىسلار ئوبراز ئەلچىسى بولۇپ كۆرۈنۈش بېرىدۇ....

— ئۇلار دېگەن ئارتىس، ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ئىشى باشقا خەقنىڭ ئورنىدا سەھنە ۋە ئېكرانغا چىقىش، بوگۈن ئوغرى بولسا، ئەتىسى قاراقچى بولسا، ئۆگۈنى ساقچى بولسا بولۇۋېرىدىغان بىچارە كىشىلەر ئۇ. ئۆمرىگىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈگىنىڭ قايسى رولىنى ئوينىدىڭ، دەپ سورىساڭ، جەسەتكە ئايلىنىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن باشقا رولى يوقلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ...

— ئۇغۇ راست، — قوشۇلدى پاتىمەمۇ، — بولۇپمۇ ئايال ئارتىس چولپانلار، ئۇ كىنودا جاسوس، بۇ فىلىمدە بوزۇق، يەنە بىرسىدە شاللاق ئۇچىنچى شەخس... لېكىن، لېكىن، بىز بۇ دۇكاندا كىنو - فىلىم ئىشلىمەيمىزدە! ھەپتىدە بىر - ئىككى كۈن كېلىپ، قېنى خېرىدارلار، تاماق يەۋېلىڭلار، دەپلا قويىمىز. ھەپتىنىڭ قالغان بەش كۈنىدە ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىق رولىنى ئۆتەپ ئوقۇۋېرىمىز...

پاتىمەنىڭ ئاكىسى ۋە يەڭگىسى «شۇنداق» ئىشارىسىگە باش لىڭشىتىپ تۇردى. بەھرىنىسا ئۆزى ئىشلەيمەن دەپ كېلىپ، قىلىدىغان ئىش بەرسە قىلغىلى ئۇنۇماي تۇرۇۋېلىشنى ئەدەپلىك قىلمىش ئەمەس، دەپ ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پاتىمەنىڭ دېگەنلىرىمۇ بىر ھېسابتا توغرا بىلىنىپ، ماقۇل بولدى.

پاتىمەنىڭ يەڭگىسى ئىككىيلەننى تاكسىغا سېلىپ، مەخسۇس چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىلغان بىر ماگىزىنغا باشلاپ باردى. ماگىزىندا ھەممە مىللەتلەرنىڭ مەخسۇس كىيىملىرى سېتىلىدىكەن، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن قىزلارغا ماس چىمەن دوپپا سېتىۋېلىپ، ئىككى قىزنى «سېپى ئۆزىدىن ئۇيغۇر قىزى» قىلىپ ياسىۋەتتى. يەڭگە پاتىمەگە بەھرىنىسانى دۇكانغا ئېلىپ كېتىۋېرىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى نەلەر-

گىدۇر يوقالدى.

بەھرىنىسا بىلەن پاتىمە دۇكاننىڭ چوڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇردى. ئاڭغىچە يەڭگە كېلىپ ئىككى قىزنىڭ بوينىغا دولىسىدىن يانپىشىغا كەلگىدەك ئالىقانچە كەڭلىكتىكى لېنتىنى ئاستى. لېنتا ئۈستىگە دۇكان نامى ۋە « قەدەم تەشرىپ قىلىڭ » دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى. ئارقىدىنلا ئىككى تىزىق پوجاڭزا ئېتىلىپ، خېلى يىللاردىن بېرى بار، بىراق، بۇگۈن باشقىچە ھەيۋە بىلەن ئېچىلغان كالا گۆشى ئۇگىرىخانىسى تىجارەت باشلىدى. ھەممىدىن بەك كۆز چاقىدىغىنى، بۇ چوڭ كوچىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يوق بىر مەنزىرە بولدى. بېشىغا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چىمەن دوپپىسىنى كىيگەن، چېكىلىرىگە سولياۋ قىزىل گۈل تاقىغان، ئۈستىگە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، بوي- بەستى ئاساسەن تەڭ ئىككى قىز قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ، قىزىل گۈل رەڭگىدىكى لەۋلىرىنى مەشىق قىلىپ كۆندۈرۈۋالغاندەك ئوخشاش ئېچىپ ـ يۇمۇپ، سىيلىق ـ مۇلايىم ئاۋازدا: «خوش كېلىپسىز خېرىدار» دەپ تەكرارلايتتى.

بۇ دۇكاننىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى بەھرىنىساغا مەلۇم ئەمەس، لېكىن ئۇ «ئەلچى» بولۇپ تۇرغان شۇ بىر كۈنلۈك سودىسى بەش ـ ئون مىنۇت تۇرۇپ قالدى، دېگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. بەھرىنىسا ئۆرە تۇرۇپ ئېگىلىۋېرىپ پۇت ـ بەللىرى تېلىپ ئېگىلەلمىگىدەك ھالغا يەتتى. ئانچە ئېگىلىپ كەتمەي، بېشىنىلا لىڭشىتىۋېرىپمۇ گەدەنلىرى قېتىپ گېپىسلەپ قويغاندەك بولۇپ قالدى. پېشىنلەردىن ئۆتكەندە «خوش كېلىپسىز» گە لەۋلىرىنىڭمۇ كۈچى يەتمەي قالدى. پاتىمەغۇ ئالىلىقاچان بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكىگىلى تۇرغانىدى.

پاتىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ قىزلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ رەھمى كەلدى بولغاي، ئىچكىرىدىكى ئۆزلىرى يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاقىرىپ، تاماق يېگەچ ئارام ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇدى. يەڭگە تاماق ئېلىپ كىرگەندە پاتىمە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالغان، بەھرىنىسا ئەدەپ ساقلاپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئاران ـ ئاران ئولتۇراتتى. پاتىمە بىلەن ئاكىسى بىر- بىرىگە قارىشىپ، ئاندىن ئىككىسى تاماق ئېلىپ كىرگەن يەڭگىگە كۆز سىلىپ كۈلۈۋېتىشتى، پاتىمەنىڭ كۈلكىسى كۈلۈشكىمۇ ئوخشىماي قالدى:

ــ بولمايدىغان ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ئۇ قول بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ قاس چىقىرىپ تۇرۇپ، ــ بەل، پۇت، بويۇن، باشلار ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالدى. بۇ خەقنىڭ گېلى قىزلارنى كۆرسە بەكرەك ئاچامدۇ نېمە؟

ــ چارچىتىپ قويدۇق سىڭلىم، ــ دېدى يەڭگە بەھرىنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزرە سورىغاچ، ــ كېلىڭ تاماق يەۋېلىڭ...

بەھرىنىسا بىلەن پاتىمە تۇرۇپ قوللىرىنى يۇيۇشتى. ياتاق ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان ئۈستەل يېنىغا كېلىشتى.

ــ مەن ئىشلىيەلمىگىدەكمەن، ــ دېدى پاتىمە چوكىلارنى ئېلىۋېتىپ، ــ كىملا بولسا ئۆز ئىشىنى قىلسا بولغۇدەك. سىلەرمۇ، ــ دېدى ئۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە يېرىم بۇرۇلۇپ، ــ پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇگرەڭلەرنى ئىچىشكە جەلپ قىلىپ بولالمايسىلەر، نېمىدېگەن جاپا بۇ؟ بىزمۇ باشقا ئىشنىڭ يولىنى قىلايلى، قانداق دېدىم بەھرىنىسا؟

ــ ئەگەر غوجايىنلار زۆرۈرىيىتى بار، دېسە، مەن ئىشلەۋېرەي، ــ دېدى بەھرىنىسا توساتتىن پاتىمەنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، ــ ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىمىسى جاپالىق، قىيىن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىز تەرەپلەردە يۇرتداشلار كېۋەز تېرىيدۇ، پاختىسىنى يىغىۋالغىچە بىر تۇپ كېۋەزگە 107 قېتىم ئېڭىشارمىش. شۇنداق ئاڭلىغانمەن.....

پاتىمەنىڭ ئاكىسىمۇ بەھرىنىسانى قوللاپ چىقتى. ئۇ بۇگۇن

خېمىرچى، ئاش تارتقۇچى، گۆش توغرىغۇچىلارنىڭمۇ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانلىقىنى مىسالغا ئېلىپ، كۆنۈشنۈڭمۇ ئاستا-ئاستا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

— مەنمۇ كۆنەمدىمەن؟ — سورىدى پاتىمە.

— ئىختىيار قىلساڭ سەنمۇ كۆنىسەن، — دېدى يەڭگە، — كېلەلمىسىز سەمرىپ كەتتىمدە، ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشىمايمەن ھەقچان، بولمىسىزە، ئۆزۈملا....

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىمۇ پوركۆتەك، دىقماق، بېلىنىڭ تۆۋىنىلا سەمرىيدىغان ئاياللارمۇ باردۇر، ھە، بەھرىنىسا؟

پاتىمەنىڭ چاقچىقى بىلەن ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشتى. يەڭگە قولىدىن چۇشۇپ كېتەي دەپ قالغان قايناقسۇ چەينىكىنى ئاران ئۈستەلگە قويۇۋالدى. شۇ ئاخشىمى ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يېتىۋالغان پاتىمە كۆزىنىمۇ ئاچماي يەنە قاقشاشقا چۈشتى:

— قانخور كاپىتالىستلارنىڭ پۇل - بايلىقنى دەپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا دائىر ئەمەلىي دەرس ئاڭلىدىسىملا ئەمەس، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دوستۇم. ئەتە يەكشەنبە، سەن يەنە بارامسەن؟ بارساڭ يەنە بىر كۈن ئۆرە تۇرالامسەن؟

قىزىق سۇ بىلەن پۇتىنى يۇيۇپ ئولتۇرغان بەھرىنىسا سۈس كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى :

— بارىمەن، ئەتە سەن كاپىتالىستلارنىڭ دۇكىنى بۇگۈنكىدەك ئاۋات بولالمايدۇ، چۈنكى خەقلەر بىزدىن يەنىمۇ يېڭىلىقلارنى تاپالمايدۇ - دە ! شۇڭا، ئېكسپىلاتاتسىيەلىرىڭ يەڭگىللىشىدۇ، مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر كۈنگە قەرزدار قىلىمەن سىلەرنى...

ئىككى قىز كۈلۈشتى. پاتىمە كۆزىنى ئاچالمىغان پېتى يېشىنىۋېتىپ :

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سەن بارغاندىكىن، مەن بارمىسام ئىشىكنىڭ بىر تەرىپى بوش قالغۇدەك، بوپتۇ، بېرىپ زۇلۇمنىڭ يېرىمىنى تارتىشىپ بېرەي...

بەھرىنىسانىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئەتىسى ئالدىنقى كۈندىكىدەك باس – باس بولۇپ كەتمىدى. قىزلارمۇ ئاز– تولا كۆنىدى بولغاي، بەل، پۇت، بويۇنلىرىنىڭ تېلىشى، قېتىشى، ئاغرىشى ئۆنچە قاتتىق بولمىدى.

— يەنە ئىككى كۈن تۇرساڭ كۆنۈپ كېتىپ ئۇسسۇل ئوينىغۇلىرىڭ كېلىپ كېتىدۇ تېخى، — دېدى پاتىمەنىڭ ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ بۈگۈنكى تەسىراتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ.

لېكىن، ئەتىسى ئۇلار ئوقۇيدۇ – دە! دۇكانغا بېرىشنى يەنە بىر ھەپتە كېچىكتۈردى. پاتىمەنىڭ ئاكىسى بەھرىنىسانىڭ ئەھۋالىنى سىڭلىسى ئارقىلىق بىلگەن بولسا كېرەك، ئىختىيارنى بەھرىنىساغا قويدى. پاتىمەمۇ دوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ، بەھرىنىساغا بىر ئاي ھەمراھ بولۇشۇپ بەردى.

بىر كۈنى ئۈچۈن 300 يۈەندىن ئىش ھەققى ئالغان بەھرىنىسا باي بولۇپ قالدى. پاتىمەمۇ ئۆزىگە تەۋە پۇلدىن چىقىرىپ، بىر يولى ئىككى يانفون سېتىۋېلىپ بەھرىنىساغا تەقدىم قىلدى.

— بىرىنى يىگىتىڭگە بەر، — دېدى ئۇ ۋە چاقچاق قىلىپ قوشۇپ قويدى، — لېكىن، شەرت بىلەن، تەقدىم قىلغۇچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ئېيتىسەن. پۇلنى ئورتاق تاپتۇق، بىللە تەقدىم قىلدۇق. يىگىتىڭنىڭ ئىنسابى بولسا، ئىككىمىزگە ئوخشاش كۆزدە قاراپ قويار...

يانفوننى تاپشۇرۇۋالغان ئىسكەندەر كامىل ناھايىتى خۇش بولدى. خۇشلۇقىنى ئىپادىلەش بىلەن تەڭ يەنە مۇلايىم كايىدى. بەھرىنىسانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولغاچقا، يانفون كېرەك، دەپ ئويلىغاندىمۇ «مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلمىغانلىق

ئەيىبى»نى سۆيۈش ئارقىلىق جازالايدىغانلىقى بىلەن «پوپوزا» قىد-
لىپ، بەھرىنىسانى قىزارتتى. بەھرىنىسا تېلېفوننى دوستى پاتىد-
مە سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا
بېسىقىغا چۈشۈپ، پاتىمەگە رەھمىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۇ-
تۇندى. شۇ سورۇندا بار پاتىمە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر ئارىسىدا
ئۆزىنىڭ ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ «نېمە دەۋاتىدۇ»
دەپ سورىغانىدى، بەھرىنىسا كۈلۈپ :

— مېنى ئەدەپلەپ، سېنى سۆيۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىدى-
كەن، — دېدى.

— نېمانچە قېلىن ئادەم بۇ، نېمە قىلسا سېنى قىلمامدۇ؟ — دې-
دى پاتىمە بەھرىنىسانى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ كۈلۈپ .

تېلېفون ئالاقىسى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئىسكەندەر كامىل
بىلەن بەھرىنىسا دەسلەپكى كۈنلەردە بىر ـ ئىككى قېتىم، كې-
يىنچىرەك ئىككى قېتىم تېلېفونلىشىدىغان بولۇشتى. بەھرىنىسا
بەزىدە «باياتىن دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن... » دەپ ئارىلاپمۇ تې-
لېفون بېرەتتى. ئۇلار يېگەن تاماقلىرى، كۆرگەن چۈشلىرى، ھاۋا
رايى، ئىسسىغان ـ توڭغانلىرىدىن تارتىپ سۆزلىشەتتى. بەھرىد-
نىسا بەزىدە دەرسلەر ھەققىدە، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوراشقا تې-
گىشلىك مەسىلىلەرنىمۇ سوراپ تېلېفون بېرەتتى. بىر قېتىم پا-
تىمە:

— سەن خەقنى ئىشلىگىلى قويامسەن ـ يوق؟ — دېدى چاق-
چاققا يۆلەپ كايىپ، — خىزمەتچىلەر سەككىز سائەت ئىشلىشى
كېرەك. ئاخىرى ئۇزۇلمەيدىغان تېلېفوننى بېرىۋېرىپ، يوقىلاڭ
گەپلەر بىلەن خەقنىڭ ۋاقتىنى ئېلىۋەرسەڭ، ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان
خىزمىتىنى كىم قىلىدۇ؟

— چىدىمايۋاتامسەن؟ — دېدى بەھرىنىسامۇ چاقچاق قايتۇ-
رۇپ، — سوۋغا قىلغان تېلېفونۇڭ ئۈچۈن سۆيگۈزۈۋالساڭ كۆپا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يە، نىمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر...

قىشلىق تەتىل باشلىنىشى بىلەن تېلېفونلىشىش توختىدى. بەھرىنىسا ئۇرۇمچىگە بارماقچى بولدى. ئىسكەندەر كامىل كەلمەكچىمۇ بولغان. بىراق، خىزمەتكە چۈشۈپ، بىر يىل ئۆتۈپلا رۇخسەت سوراشتىن ھېيىقتى. يەنە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنى، يۇرتىنى كۆرۈپ يوقلاپ كېلىشكە ئەمەس، مۇھەببەتلەشكەن قىز دوستىنى يوقلاش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىش بىئەپ تۇيۇلدى.

يىنچۈەنگە قايتماي، ئاكىسىنىڭ يېنىدا قالغان پاتىمە پويىز ئىستانسىسىغا بىللە چىقىپ، بەھرىنىسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ دېگۈدەك:

— ماڭا تەئەللۇق سۆيۈشىنىمۇ ساڭا تەقدىم قىلدىم، ئۆزۈڭنىڭكىگە قوشۇۋالارسەن ـ ھە؟ — دەپ ئۆزىتىپ قويدى.

ئۇلار ۋوگزالدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بەھرىنىسا مۇشۇنداق كۆرۈشۈشنى ئويلاپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئاسقىپ كەلگەنىدى، دېگىنىدەك بولدى. بىرھازادىن كېيىن، ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بۇ دېگەن ئۇرۇمچى، ھەممەيلەن قارىشىۋاتىدۇ...، — دەپ ئۇنى سەل نېرى قىلدى ـ يۇ، يەنە قايتىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— ئۇلارمۇ شۇنداق كۆرۈشسۇن، — دېدى بەھرىنىسا تېلىقىپ، — كىم ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىپتۇ؟ سۆيۈشمىگىنىمىزگە خۇش بولسۇنچۇ تېخى....

ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ، بىرـ بىردىن يىراقلاشتۇرۇشتى.

تاكسى بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتىقىغا كەلگىچە، ئىسكەندەر كامىل يول ئەھۋالىنى، پويىزنىڭ سۈرئىتىنى، تاماق، چاي، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشلىرىنى سورىدى. نېمە ئۆزگىرىش، نېمە جاپا بولاتتى؟ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تولا ئولتۇرۇپ باققان پويىز، كۆپ

قاتنىغان تونۇش يوللار، ئالاھىدە ئېيتىپ بەرگۈدەك يېڭىلىقلارمۇ يوق. بۇنداق ھال سوراش بەھرىنىساغا ئاز، قىسقا تۇيۇلدى، كۆپايە قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىسكەندەر كامىلدىن قانداقراق ياشاۋاتقانلىقىنى، بويتاقلىق كۆڭلىرىنىڭ جاپالىق ياكى ئەمەسلىكىنى سورىيالايتتى. ياتاققا كەلگۈچىلىك ۋاقىت بىردەملىك بولسىمۇ، ئېشىپ قالدى. دېيىشىدىغان گەپ تۈگىگەندەك قىلاتتى.

ياتاققا كەلگەندىن كېيىن يەنە قۇچاقلىشىشتى. بۇ قېتىمقىسى ۋوگزالدىكىدىن ئۇزاق، تاتلىق ۋە مەنىلىك بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى، سۆيۈشۈپ تۇرۇپ قۇچاقلاشقان، قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ سۆيۈشكەندى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: «سېغىندىڭىزمۇ؟»، «كۆرگىڭىز كەلدىمۇ؟..» دېگەندەك شېرىن، نازلىق ھال سوراشلار سۆيۈشۈشنىڭمۇ، قۇچاقلىشىشنىڭمۇ لەززىتىنى ئاشۇرۇپ، ھەسسىلەپ تەلپۈندۇرەتتى. كەچلىك تاماققىچە بۇ ئەھۋال ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتىقى ئۈچ كىشىلىك بولۇپ، باشقا ئىككىيلەننىڭ بىرى كاماندىروپكىغا كېتىپتۇ، يەنە بىرى بار ئىدىكەن. بۇ، بەھرىنىساغا بۇ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرالمايمەن، دېگەنلىك ئىدى. بەھرىنىسامۇ ھېلىتىنلا ئىسكەندەر كامىل بىلەن بىر ياتاقنى ئۆي قىلىپ تۇتۇپ، يېتىپ ـ قوپۇشنى خالىمايتتى. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بەھرىنىسا پويىزدا كېلىۋېتىپ مۇشۇ ئىشلارغىچە ئويلىنىپ قويغان ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كەچلىك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا، ئېغىز ئاچالماي ئولتۇرۇۋاتقان ئىسكەندەر كامىلغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى:

ــ ئىدارەڭلەرنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرى باردۇر؟

ــ بار، بار، ــ ئالدىراپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر كامىل، ــ ئاساسىي قاتلاملاردىن كەلگەن بىر سىستېمىدىكى ئىشچى ـ خىز-

مەتچىلەرنى كۈتمىدىغان مېھمانخانىدىن سىزگە ئاتاپ ئەتىگەندىلا بىر كارىۋات زاكاز قىلىپ قويغان...

— مېنىڭ ياتىقىمدا ئولتۇرۇۋالمامسىز، دەپسىز دە؟ — چاقچاق قىلدى بەھرىنىسا قەستەن مىيىقىدا كۈلۈپ.

ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىساغا باشقىدىن قاراپ:

— ئىككىمىز ئايرىلغاندىن بۇيان چاقچاقچى بولۇپ كەتتىڭىز-مۇ ياكى مەن بۇرۇن تازا دىققەت قىلمىغاندىمەنمۇ؟ — دېدى.

بەھرىنىسا مۇنداق دېدى:

— گېپىڭىزنى تۈزىتىپ قوياي: ئىككىمىز ئايرىلمىدۇق، ئەمەلىيەتتە قوشۇلۇۋاتىمىز. ئايرىلمايمىز. چاقچاقچىلىققا كەلسەك، بۇ مۇھەببەتنىڭ يالدامىسى، سىزنىڭ كۈچىڭىزدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى كەشپىيات.

ئىككىيلەن كۈلۈشۈپ ئاشخانىدىن چىقتى. ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ ئۈچۈن زاكاز قىلىپ قويغان ياتاققا كىرىشتى. ياتاق ئىككى كارىۋاتلىق بولۇپ، ئىسكەندەر كامىل بىلەن بىر بىنادا، بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى. كۆن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان دېرىزىدىن گۈللۈك ۋە سەل نېرىسىدىكى كىچىك مەيدان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، بەھرىنىسانىڭ سومكا، بوغچىلىرى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتىقىدا تۇرۇۋېرىدىغان بولدى. بەھرىنىسا تاماقنىمۇ تالاغا قاتىرماي، ئىدارىنىڭ بويتاقلار ئاشخانىسىدىن يېيىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— سىزگە بىئەپ تۇيۇلسا تالاغا چىقساممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ چىشىغا تېگىپ.

ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ قەستەن «شوخلۇق» قىلىۋاتقىنىنى خېلى ئۇزاق «جازالىدى»، باشلاپ ئاچقىپ مۇنچىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە ياخشى چۈش كۆرۈشنى تىلەپ خوشلاشتى.

ئەتىسى ئۇلار ناشتىغا بىللە چىقىشتى. كارىۋات ئىككى بولغان

بىلەن يەنە بىرىدە ئادەم بولمىغانلىقتىن، بەھرىنىسا ئۆز ئۆيىدە ياتقاندەك راھەتلىنىپ ئۇخلىغانىدى. ئاشخانىنىمۇ تېتىك، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ كىردى ـ يۇ، دەماللىقتا پۈتى ئېغىرلاشقاندەك بولۇپ قالدى. بۇ نەدە بويتاقلار ئاشخانىسى بولسۇن؟ بىرەر يۈزچە ئادەم تاماق ئالىدىغان كۆزنەككە قاراپ ئۆچرەتتە تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېرىمى دېگۈدەك ئايال ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماقنى ئىدارىدىن يەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مەڭدەپ قېلىشى ئۆچرەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراشقىنىدىن ئىدى.

ئىسكەندەر كامىل ئۇنى چەت بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆچرەتكە بېرىپ، ئۆز نۆۋىتىدە نان، تۇخۇم، سۈتلۈك چاي، تۇزلانغان كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بەھرىنىسا ئونلىغان جۈپ كۆزلەرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىنى سېزىپ ئولتۇردى ۋە ناشتا قىلغان بولدى. ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئادەتتىكى پاراڭلارنىمۇ قىلىشالمىدى.

كۆپچىلىكنىڭ ناشتىسى ئاخىرلىشىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى قالغاندا، ئۇلار ئولتۇرغان ئۈستەل يېنىغا بىر توپ كىشىلەر كېلىپ ئولاشتى. ئىسكەندەر كامىل، ئاندىن ئۇنى دوراپ ئولتۇرغان بەھرىنىسامۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. كەلگەنلەر ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەتداشلىرى، شۇ باشقارمىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىنلىرى ئىدى ۋە نازارەتنىڭ تېخى ياش، يېڭىياچە ئۆستۈرۈلگەن بىر مۇئاۋىن نازىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇلار بەھرىنىسادىن بىر ـ بىرلەپ ئەھۋال سوراپ، ئايرىم ـ ئايرىم روھلاندۇرۇپ، يەنە ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئويچە ئادىتى بويىچە «ئۆيلىرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىش» كە تەكلىپ قىلدى. ئۇزىغىچە ئون نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. بەھرىنىسانىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەر كامىل

ئۇچۇن، شۇنىڭ يۈزىنى دەپ مېنى ۋاي ـ ۋۇي، دەپ كەتكەن يەر-لىرى، دەپ ئويلىدى. ئەمما، تاماقخانىدىن چىقىپ ياتاققا كېتىۋاتـ-قىچە يول ئۈستىدە قەستەن بۇتناپ:

— نېمە ئۇ، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مەجلىس ئېچ-چىپ كېلىشىۋالغاندەك سىزنى ماڭا ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ بېرىدۇ. گويا مەن سىزنى بۇرۇن بىلمەي، ئەمدىلەتىن تونۇشۇۋاتقاندەك؟ — دەپ قويدى.

ئىسكەندەر كامىل كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇلار مېنى ئەمەس، سىزنى ماختىماقچى، «قىزىم ساڭا دەي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېمەكچى. ياخشى قىز ئوبدان يىگىتنى تاپىدۇ، دەپ بېشارەت بەرمەكچى...

— مېنى ماختايدىغان گەپلەرنى قىلمىدىغۇ ئەمىسە؟ سىلىنىڭ ئىدارەڭلەردە ئۇيغۇرچىنى تەتۈرسىچە سۆزلەيدىغان ئادەت بار ئوخشىمامدۇ؟

— سىز شۇنداق چىرايلىق، گۈزەل تۇرۇقلۇق، ئىسكەندەر كا-مىلدەك سەت، بولۇمسىز يىگىتنى تاپقىنىڭىز نېمىسى؟ دېسە بوپ-تىكەندە! خوپ، مەن چۈشلۈك تاماقتىچە بىر ـ ئىككى ئايال، بىر نەچچە ئەرگە ئۆگىتىپ تەييار قىلىپ قوياي...

— قېنى شۇنداق دەپ باقسۇنچۇ؟ — بەھرىنىسا لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، چەكچەيگەندەك ئىپادىنى كۆرسەتتى، — يەۋاتقىنىم تۈگىمىگەن بولسا ئاش بىلەن قوشۇپ، تۈگىگەن بولسا قورۇق قا-چا بىلەن ئاغزىغا سالارمىنا؟

ئۇلار كۈلۈشۈپ بەھرىنىسانىڭ ياتىقىغا كىرىشتى. ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭغا بەھرىنىسانىڭ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن باشقار-مىدىن ئۆزىگە بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش بەرگەنلىكىنى، ئۇرۇم-چىنى بىر ئوبدانراق ئايلىنىپ، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، بوغدا كۆ-لىگە چىقىپ ساياھەت قىلغاچ دەم ئېلىپ كېلىشكە تاۋى بار- يوق-

لىقىنى مەسلىھەت سالدى.
تاۋى بولمامدىغان؟! ئۇمۇ شۇنداق ئويدا بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسكەندەر كامىل ھازىر ئىشلەۋاتقان خادىم. ئۇنىڭ بىلەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىللە يۈرۈۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، ئۆزى يالغۇز كوچا ئايلىنىۋەرگەن بىلەن كەڭرى كوچا، ئېگىز ئىمارەت، ئاسما كۆۋرۈك.... دېگەنلەر ھەممە يەردە بار. ئۇ ئۈرۈمچىگە زاكاز قىلىنغان ياتاقتا يېتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدىن ئۈچ ـ رەتتە تۇرۇپ ئۈچ ۋاقلىق تاماق يەپ، كەچقۇرۇن ئىسكەندەر كامىل ئىشتىن چۈشكەندە ئاندىن بىر ـ ئىككى سائەت مۇڭدىشىشقا كەلگىنى يوق! مۇڭداشقاندىمۇ داۋاملىق قىلغىلى گەپ تاپالمىغۇچە، قۇچاقلاشقاندىمۇ دولا ـ تاغاق سۆڭەكلىرى كىرىشىپ كەتمىگىچە، سۆيۈشكەندىمۇ يۈرەك ـ باغرى سۇدەك ئېرىپ كەتمىگىچە توختىماسلىقتا بەل باغلاپ كەلگەن تۇرسا...
ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. بوغدا كۆلىگە چىقىپ ـ چۈشۈشتى. جەنۇبىي تاغ ساھىلىدىكى قازاق ئوتاۋلىرى، خۇيزۇ مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈشتى، بىر ـ بىرىنى قوغلاپ يۈگۈرۈشتى. بىر ـ بىردىگە مۇزدەك تاغ سۇلىرىنى چېچىشتى. باغىرلاردا قۇچاقلىشىپ، قارىغايزارلار ئارىسىدا سۆيۈشتى. بىر ھەپتە توشتى. ئۇلار قېنىشمىدى. پەسلىنىڭ قىش، سوغۇقلىقىمۇ بىلىنمىدى.
بەھرىنىسا ئۈرۈمچى تەسىراتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى:
— ئۈرۈمچىدە سىز بار بولۇپ قاپسىز، چىداشقا توغرا كەلدى. بولمىسىزە، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرغىچىلىكى يوق شەھەر ئىكەن، نېمىدېگەن جىق ئادەم، نېمىدېگەن كۆپ ئېگىز بىنا؟ بەزى كوچىلارغا يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن، ھەممە يوللاردا تۆمۈر رېشاتكا، ئۇ تەرەپتىن ـ بۇ تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىرمۇنچە جاپا چېكىپ، يا ئاسما كۆۋرۈك بار جايلارغا بېرىشقا، يا يەر ئاستى

ئۆتۈشمىلىرىدە دوڭغاقلاپ يۇرۇشكە توغرا كېلىدىكەن. چوڭقۇراق دەرىجىدە تىنغىلىمۇ بولمىغۇدەك دەرىجىدە قىستاڭچىلىق. شۇنداق بولسىمۇ شۇنچىۋالا كىشىلەر نېمىشقا ئۇرۇمچىگە شۇنچىۋالا ئامراق؟

ئىسكەندەر كامىل كۈلۈپ كەتتى:

— نېمىشقا دەمسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇرۇمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سودا، مائارىپ مەركىزى، تەرەققىياتى تېز، تەرەققىياتىدىن يۇقىرىلارنى بەھرىمەن قىلىشىمۇ تېز، ئۇچۇر بېرىشى كۆپ ھەم تېز، ھەر خىل مەدەنىيەت ئۆتۈشۈشچانلىقى تېخىمۇ تېز، ئادىمنىڭ كۆپلىكىگە نىسبەتەن كۈن كەچۈرمەك ئاسان شەھەر. كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشى كۈچلۈك، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى، ئوي - پىكرى راۋان، ئىدىيەسى ئازاد، ھۆپىگەر، ھۈنەرۋەندىن ئالىمغىچە تۆككەن ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى بالدۇرراق كۆرەلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، دەردى بارلارمۇ كۆڭلىدىكىنى تولۇقراق بايان قىلالايدۇ...

— ئۇرۇمچىنى تونۇشتۇرىدىغان ساياھەت يېتەكچىسى قىلىۋالمىسۇن يەنە؟ — كۈلدى بەھرىنىسا، — ئۇرۇمچىدە تۇرغىلى بىر يىل بولا - بولمايلا شۇنچە مۇھىم نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىپسىز. قىستا - قىستاڭچىلىققىمۇ باھانە ئويلاپ قويغانسىز ھېلى.... ؟

ئىسكەندەر كامىل ئويلاپ ئولتۇرمىدى:

— ئادەم كۆپ بولغاندىكىن، مۇناسىپ تۇرالغۇ سېلىشقا، بىخەتەرلىك ئۈچۈن يول ئەسلىھەلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئازادە - ئەركىن تىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان نۇرغۇن كۆچمەس ۋە كۆچمە ئەسلىھەلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئىشلەپ ھارغانلارنىڭ ئىككى - ئۈچ سەردىن تاناۋۇل قىلىپ ھاردۇق چىقىرىشى ئۈچۈن جيۇبالار، پۇت - بەللىرىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى كۈچەيتىش

ئۇچۇن دىبا ۋە ۋۇبالار، ھەر خىل ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ، يىغىلىقتا تەشنالارنىڭ ئىنتىلىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋاڭبالار، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن مۇڭدىشىدىغانغا خۇابالار، ھاردۇق يەتكەن مۇسكۇللىرىغا ئارام بېرىشنى كۆزلەيدىغانلارغا ئاتاپ ساڭبالار... قۇرۇلغان...

— خېنىملار يوقمۇ؟ — قاپىقىنى تۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى بەھرىنىسا، — خېنىملار بار يەرلەردىنمۇ خەۋىرىڭىز باردۇ؟

ئىسكەندەر كامىل خىجالەتچىلىك ئىچىدە يېقىمسىز كۈلدى:

— ئۇنداق «با»لارنى بىلمەيدىكەنمەن... بەلكىم بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىشقا دېسىڭىز، پۇلپەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەندە، پۇلغا ئېھتىياج ئاشىدۇ، پۇل سەرپىياتىمۇ تەڭپۇڭسىزلىشىدۇ، ئاسان يولغا ئامراقلار بىلەن قىڭغىر يولدىن تاپقانلارنىڭ تەلپۈنۈشى بىر يەردىن چىقىپ قالىدىغان ناچار ئىللەت ئىجتىمائىي ساقىندە بولۇپ شەكىللىنىشى ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟

— سىز ئىقتىسادشۇناسلىقنى قوشۇمچە تەتقىق قىلىۋېتىپسىزدە؟ توغرا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ھەر خىل ھېلىقىدەك «با»لار بىلەن؟

بەھرىنىسانىڭ ئاچچىقى تۇتقانلىقىنى كۆرگەن ئىسكەندەر كامىل نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتىقىدا ئولتۇرغانىدى. بەھرىنىسا ھەتتا بۇتناپ - دومسىيىپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ يېنىدىن سۇرۇلۇپ كارىۋاتنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بېرىۋالدى.

ئىسكەندەر كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ بىرەر مىنۇتچە تۇردى. بەھرىنىسانىڭ ئۆكشىلىشىدىن ئۇمىد يوقتەك كۆرۈنەتتى.

— مەن سىزگە چۈشەندۈرەي، — دېدى ئاخىر ئىسكەندەر كامىل يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا، — چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاڭ...

— مەن ئاڭلاپ بولدۇم، — سىز شۇ «با»لارنى قانداق تەتقىق

قىلغىنىڭىزنى سۆزلىمەكچىغۇ دېيمەن؟ ئۇنداق چۈشەنچىلەرنى...

ئۇ كېيىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى. چۈشۈرسە نېمە دېيدى- كىنتاڭ، ئىسكەندەر كامىل ئۇنى قولتۇقىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ، لەۋلىرى بىلەن لەۋلىرىنى ئىزدىگەچ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ:

— مەن بەھرىنىسانى تەتقىق قىلىۋاتىمەن...، — دېدى.

— غالجىر...

بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلىنىڭ قوپاللىراق كەتكەن ھەرىكىتىنى كۆڭلىگە ئالمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئاشۇنداق قوپاللىراق ھەرىكەتكە مايىللىقى بىلىنىپ تۇراتتى...

شۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن كۈندۈزلىرى بەھرىنىسا يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارنى كېزىش، ماگىزىن، دۇكانلارنى ئايلىنىش بىلەن، ئىسكەندەر كامىل ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى.

كەچلىرى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان تونۇشقان، ئىزدىشىپ ئۆتىدىغان دوستلىرىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا قاتنىشىش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتتى. ئۇ بۇ يېڭى دوستلىرى بىلەن ياتاقداش خىزمەتدىشى، ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىپ ئىچكى جەھەتتە ئۆز سىستېمىسى دائىرىسىدە تارقىتىلىدىغان «چارۋىچىلىق تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەيدىغان ناسىر قۇتيارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلپەتداش بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلپەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز تەۋەسىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغانلىرى ئۆيىگە، ناسىر قۇتياردەك بويتاقلىرىنىڭ بەزىسى ياتىقىغا، بەزىسى ھالىغا يارىشىدىغان رېستوران، ئاشخانىلارغا چاقىرىشاتتى.

بۈگۈن ئاخشام ئاشۇنداق سورۇن تۈزۈش نۆۋىتى ئاشلىق سىستېمىسىدىكى بىر ئىچكى گېزىتنىڭ مۇھەررىرى — يارمۇھەممەت

ئىسمىلىك بىر بويتاقتا كېلىپ، ئۇ بەھرىنىسانى قوشۇپ بىر كە-
چىك رېستورانغا چىللاپ ئۆزى كەلدى. يارمۇھەممەت پاكار بويى-
لۇق، بويتاق تۇرۇپ قورساق سالغان، يۈز كېپىنگە تازا ياراشمايدى-
غان قېلىن بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆرمەكلىككىلا ئەمەس، ئەمەلى-
يەتتىمۇ يېشى ئىسكەندەر كامىلدىن چوڭ بىلىنىدىغان يىگىت ئى-
دى. ئۇنىڭ بىۋاستە مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندىغۇ مەيلى، باشقىلارغا
گەپ قىلىۋېتىپمۇ بەھرىنىساغا قاراۋېرىشى ئۇنىڭغا ياقمىدى.

— مەن بارماي، بەك چارچاپ كېتىدىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئۆز-
رە قويۇپ، يارمۇھەممەتنىڭ يەنىلا تۇرۇۋېلىشىغىمۇ باھانە كۆر-
سەتتى، — ئۆزۈڭلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئۇيۇشتۇرىدىغان سورۇ-
نۇڭلارمۇ بار ئىكەنغۇ؟ شۇ قاتاردا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، كەچۈرۈڭ، —
ئۇ يارمۇھەممەتكە ئاتايىن خىتاب قىلدى، — ماڭا رۇخسەت قى-
لىڭ، بارالمايمەن...

— بۈگۈنكى ئولتۇرۇش سىزنى دەپ ئۇيۇشتۇرۇلغان، — قادى-
لىپ تۇرۇۋالدى يارمۇھەممەت، — ھاردۇق ئېشى ئۈچۈن چاقىر-
غانغا تەۋە ئاددىي داستىخان ئىدى.

ناسىر قۇتيارمۇ ياردەمگە چىقتى:

— بېرىڭ، كۆزىڭىز تېخىمۇ يىراقنى كۆرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ،
بۈگۈن كەچتىكى سورۇن ئۇنىڭ نۆۋىتى ئەمەس ئىدى، سىزنى دەپ
داستىخان سالغىنى راست، مەن كېپىل، گەپ قىلماسىناۋا ئاداش، —
ئۇنىڭ كېيىنكى چاقىرىقى ئىسكەندەر كامىلغا قارىتىلدى.

— ئىسكەندەر كامىل ئوتتۇرىدا قىسىلىپ قالغانلىقىنى چاندۇ-
دۇرۇپ ئىپادىلەپ مۆلدۈرلەپ قارىدى ۋە بەھرىنىساغا يالۋۇرغاندەك
قىلىپ:

— بارايلى، ھېچبولمىغاندا چاي - پاي بولسىمۇ ئىچىپ ياندا-
مامسىز؟ — دېدى.

بەھرىنىسا قايسىبىر قىشلىق تەتىلدە تونۇشقان ۋە دۈچ كەلگەن

«يۇرتداشلارنىڭ جۇپلۇك ئولتۇرۇشى» ماجىراسىنى يادىغا ئالدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئىككى قېتىم ئولتۇرۇشقا قاتناشتى، بۇگۈن بارسا ئۈچىنچى قېتىم بولاتتى. ئۇ چاغدا سوپىنىڭ تەكلىپ قىلغىنى قانداق «جۇپلۇك ئولتۇرۇش»؟ بارمىغانلىقى ئۈچۈن بىلمەيدۇ. ئەمما، ئۇرۇمچىدىكى ئولتۇرۇشمۇ تېگى - تەكتىدىن «جۈپلەر ئولتۇرۇشى» ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىدى. بۇ يەردىكى ئولتۇرۇشتا تونۇشتۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىككى جۇپى ئەر - خوتۇن، ئىككى جۇپى تېخى جۇپ باسقۇچىدا تۇرغانلار، ئىسكەندەر كامىل بىلەن ناسىر قۇتيارلارلا جۇپسىز «تاق»لاردىن ئىدى. ئۇ سورۇنغا قاتنىشىپ ئىسكەندەر كامىلنى «ئازاد» قىپتۇ، ئالدىنقى قېتىملاردا سورۇندىكى ئەر- ئايال، يىگىت - قىزلار بىرلىشىپ ناسىر قۇتيارغا «ھۇجۇم» باشلىدى. « جۇپ » تاپالمىسا، ھەممەيلەن بىردەك ئاتلىنىپ، تېپىپ بېرىدىغانلىقىغا ھۆددە قىلىشتى. بەھرىنىسا يوق چاغلاردا ئۇلار ئىسكەندەر كامىلغىمۇ «جۇپ تېپىپ بېرىش» كە ۋەدە بەرگەن بولغىيدى ھەقچان؟ شۇ ئىككى قېتىملىق سورۇندا، ئۇ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىسكەندەر كامىلنىڭ گەپ - سۆزى بولمىدى. بىراق، ناسىر قۇتيارغا «جۇپ ئىزدەش» سەپەرۋەرلىكى تەكرارلىنىۋەردى. ئۇرۇمچىدىن، يارىمىسا شىمالدىن، ھەتتا شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالدىن بولسىمۇ تاپىدىغان پىدائىيلار چىقتى. «بۇ گەپلەرغۇ بىر چاقچاق، - ئويلىغانىدى بەھرىنىسا ئىچىدە، - لېكىن، ئۇلار نېمىشقا ئاشۇنداق تەپەككۇر قىلىدىغاندۇ؟ مېنى كۆرۈپ تونۇشۇۋېلىپلا غەربىي شىمال، شەرقىي شىمالدىن ‹جۇپ› ئىزدەش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كېتىدىغاندۇ....؟ ‹جۇپ› دېگەننى بىراۋلار تېپىپ بەردى، دېگەن نېمە گەپ ئۆزى....»

ئۇنىڭ بارغۇسى كەلمەسلىكى ئاشۇنداق كۆڭۈل غەش بولىدىغان گەپ - سۆزلەردىن نېرىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۆزىنىڭمۇ ئىس-

كەندەر كامىل ئۇچۇن «تېپىۋېلىنغان قىز» سالاھىيىتىدە قارىلىشـ-نى كۆرگۈسى يوقلىقىدىن ئىدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ قىز- چوكانلار-نىڭ ئولتۇرۇش باشلىنىپ تۈگىگەنگە قەدەر چىرايىڭغا، ئۇستىبېشىڭ-غا قاراشلىرىمۇ بار.

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا بارغاندا، كېلىدىغانلار كې-لىپ بولغان، كىملەرنىڭدۇر غەيۋەتنى قىزىپ كەتكەندى. ئۇلار كىرىپ گەپ توختىدى، سورۇندا پەقەت بىرەيلەندىن باشقىلار ئال-دىنقى قېتىملاردىكى سورۇن قاتناشچىلىرى بولغانلىقتىن ئۆزئارا تونۇشۇش ـ تونۇشتۇرۇشلار بولمىدى. قورۇمىلار تارتىلىپ، ئى-چىملىكلەر چىققاندىن كېيىن، داستىخان ئىگىسى يارمۇھەممەت رەسمىيەت سۆزى سۆزلەپ، بۇ ئولتۇرۇش «جانجان دوستلارنىڭ بىرى ئىسكەندەر كامىلنىڭ جۈپتى، كەلگۈسىدىكى رەپىقىسى بەھرىنىسا-نىڭ مۇبارەك قەدىمى ئۈرۈمچىگە يەتكەنلىك شەرىپى ئۈچۈن ئۇيۇش-تۇرۇلغان»لىقى جاكارلاندى. يەيدىغان ـ ئىچىدىغاندىن تارتىپ گەپ ـ سۆزلەرگىچە يېڭىلىقى يوق، ئالدىنقى قېتىملىق ئولتۇرۇشنىڭ تەكرارى ئىدى. يەنىلا ئوخشاش: ئەرلەر «يىلى لاۋجياۋ»، قىز-چو-كانلار «ئۈزۈم سۈيى» ئىچىشتى. بەھرىنىسا لىمون سۈيى ئىچتى. ئالدىنقى قېتىملىق ئولتۇرۇشلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى ھەمە-مەيلەننىڭ يادىدا بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا باشقىسىنى ئىچىشنى زورلايدىغانلارمۇ چىقمىدى.

ــ مەن خاسلىقنى قوللايمەن، چۈنكى خاسلىق يەككىلىككە، ئايرىملىققا ئىگە، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى بۇگۈنكى سورۇنغا يېڭى كەلگەن ئۇلپەت، ــ بۇ خانىم دەل ئاشۇنداق يەككىلىكنى ساقلاپ قالغاندا، ئاندىن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خاسلىقنى نامايان قىلالايدۇ. ئۈرۈمچىلىك ئەمەسلىكىنى، ئۈرۈمچىگە يېڭى كەلگەن-لىكىنى ئۇقتۇرالايدۇ. نېمىشقا ئۇمۇ باشقىلار ئىچكەننى ئىچىشى كېرەك ئىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دەبدەبىلىك نۇتقىغا سورۇندىكىلەر خىرقىراپ كۈلۈشۈپ
بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇشتى. بەھرىنىسانى خاتا چۈشىنىپ قالمى-
سۇن، دېدىمۇ نېمە، يارمۇھەممەت سۆزلىگۈچىنى تونۇشتۇردى:

— بۇياق ھازىر تونۇلۇۋاتقان ئەدەبىي ئوبزورچى، ئىسمى لەتا-
پى. ئەدەبىي ئوبزورچى دېيىلگىنى بىلەن دوپپا كىيىشتىن پايپاق
توقۇشقىچە، ئوتۇن يېرىشتىن بوۋاق ئېمىتىشكىچە، خورەك تار-
تىشتىن ئوڭ قولىنى بىسىپ مېڭىشقىچە يېزىپ، جىمىنى رەت
قىلىپ ئوبزور ئېلان قىلىۋېرىدۇ. چىتلىمىغان گېزىت - ژۇر-
ناللارمۇ يوق...

— خەلققە ياقمىدىغان بىرەر پارچە يازمىسى يوقلىقى بىلەن تو-
نۇلۇۋاتىدۇ، — قايسىدۇر بىر ئۇلپەتنىڭ ئايالى گەپ ئارىلىدى، —
نېمە يازسا شۇنىڭغا رەددىيە ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بۇنى ئۇ ئۆزىگە خاس-
لىق، يەككىلىك، دەپ خۇش بولىدىكەن...

لەتاپى ئۆزى ئۇستىدە ماختاش ئېيتىلىۋاتقاندەك ھىجىيىپ،
كۆرەڭلەپ، «قانداق، قالتىسمىكەنمەن؟» دېگەن نەزەر بىلەن بەھ-
رىنىساغىلا قاراپ ئولتۇراتتى. ناسىر قۇتيار رومكىدىكى ھاراقنى
ئىچىپ بولۇپ ھىجىيىپ:

— «دەشنەم يېگىنىم بەش نان يېگىنىم» دەپ يۈرۈۋېرىدىغان قې-
لىنراق ئوبزورچى ئۇ، — دېدى چاقچاق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا، —
مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە نەتىجە قازىنىۋاتقانلار-
نىلا چىشلەيدۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا، ئۆزىگە خاس، يەككىلىككە ئىگە
بەدىئىي تەشەببۇسىمۇ يوق «ئېسىلساڭ ئېگىزگە ئېسىل، نامىڭ تېز-
رەك چىقىدۇ» نى مىزان قىلىۋالغان تىپىك ئوبزورچىلاردىن. خاتا
دېدىمۇ - يا؟

— پۈتۈنلەي توغرا، — لەتاپى ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ قو-
يۇپ، ھەممەيلەنگە تۇتاش قاراپ كۈلۈپ قويدى، — ناسىر توغرا
ئېيتىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي مەناسى

بىلەن زامانىۋىلىقىقا، يېڭىلىقىقا يۈزلەنگەن ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ باشلامچىلىرى، غوللۇقلىرى، ۋەكىللىرى... دېيىلگەنلەردە نە زامانىۋى ئاڭ، نە ماكان كۆز قارىشى يوق. ئەڭ سەرخىل دېيىلگەنلىرىمۇ كونىراپ كەتكەن رېئالىزم مېتودىغا چاپلىشىۋېلىپ يېزىشىدۇ. رېئالىزم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نېمە بەردى؟ تەشۋىق ـ تەرغىباتچىلىق، مەدھىيەۋازلىق، مۇبالىغىچىلىك، ئەمەلگە ئېشىش دەرگۇمان ئوپتىمىزمنى بەردى ...، ــ ئۇ پەخىرلىنىپ، شادلىنىپ سۆزلەيتتى. سۆز ئارىلىقىدا ئىككى چېتىدە ئولتۇرۇشقانلارغا قاراپ قوياتتى، ــ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن دەۋردىمىزدە قاشاق رېئالىزمغا ئېسىلىۋېلىپ، بىر ئىزغىلا ھەتتا ئارقىغا سەكرەۋېرىش كىمگە كېرەك؟ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھىتىمىزغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كىرگەن مودېرنىزم، فوتورىزم، ئېكسپىرىسسىئونىزم، كۇبىزم، قارا يۇمۇرىزم، سېھرىي رېئالىزم، گۈڭگىچىلىق قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرى نېمىشقا قوللىنىلمايدۇ؟...

ــ سىز قايسى «ئىزم» بويىچە يازىسىز؟ ــ سورىدى بىر يىگىتنىڭ «جۈپتى» قىز، ــ نېمانچە جىق «ئىزملار» ئۇ؟

ــ بۇنىڭدىن بىرەر جۈملە، ئۇنىڭدىن بىرەر- يېرىم ئاتالغۇنى ئارىيەت ئېلىپ، بىزنىڭ ھوسۇللۇق، مەلىكىلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاشۇ قېپىغا سېلىپ باقىدۇ، ــ ناسىر قۇتيار يەنە ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگمەكچى بولدى، ــ قېپىغا سىغمىغانلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ، سىغقانلىرىنىمۇ قوشۇپ ئەيىبلەپ «ئوبزور» دەپ ئېلان قىلىشىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن دەككىسىنى يېسە، باشقا بىرىگە ئېسىلىدۇ...

لەتاپى قىزنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ئۇ ئۆزىگە قارىتىلغان خىتابلار چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتىلسۇن ياكى جىددىي دېيىلسۇن، پەرۋا قىلمايدىغاندەك، سۆزلىۋالسا، سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاشقا ئادەم چىقسىلا خۇشال بولىدىغاندەك بىر ھالەتنى ئىپا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېلىدى:

— مەن نېمىشقا ئاشۇنداق يازىمەن؟ — ئۆزىنىڭ سوئالىدىن زوقلىنىپ كەتكەن لەتاپى قىزىشىپ جاۋاب بەردى، — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېپيېڭى بىر ئىجادىيەت كوللېكتىپىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمغا ئەگىشىدىغان، ھېچ بولمىسا ھېسداشلىق قىلىدىغانلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ يولغا پۇتلىكاشاڭ بولغان ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان يازغۇچى دېگەن نېمىلەرنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چىشلەپ - تارتىپ ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن...

— نۆۋىتىڭنى ئىچ! — يارمۇھەممەت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بىر رومكا ھاراق قويۇپ قويدى، — يېزىپ خەققە ئاڭلىتالمىغان گەپلىرىڭنى سۆزلەپ ئاڭلىتىۋالدىڭ، گېلىڭمۇ قۇرۇپ قالدى بولغاي، ئىچىۋېلىپ سۆزلە!

— مەن ھاراق ئىچمەيمەن، بىلىسىلەرغۇ؟ — دېدى لەتاپى گۇۋاھچى تېپىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەتراپتىكىلەرگە نۆۋەت بىلەن قاراپ.

— ئۇنىڭغا ئىچۈرمەڭلار، — دېدى بىر چوكان ۋە يارمۇھەممەتكە مۇراجىئەت قىلىپ، — ئىچمەي تۇرۇپ شۇنچە سۆزلەيدۇ، ئىچىۋالسا جىمى ئەدىبلەرنى تىللاپ - قاساپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ..... — دېدى.

لەتاپى ئۇ ئايالنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش بەردى:

— جىمى ئەدىبلەرنى ئەمەس، رېئالىزمغا دوم چۈشكەنلەرنى. قاساپ- تىللاپ ئەمەس، ئىجادىيەت مېتودى، ئۇسلۇبى ۋە خاھىشىنى تەنقىدلەپ، دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇلار ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىكى قول تۇتىدىغان مەسىلىلەر...

بۇ ۋاقىتقىچە گەپ - سۆز قىلماي ئاڭلاپلا ئولتۇرغان بىر يىگىت بۇ سورۇندىكى گەپ - سۆزلەردىن زېرىككەندەك ۋە شۇنىڭ

ئۇچۇن باشقا ماۋزۇلاردا پاراكەندىچىلىك بار. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا بىر خاھىشنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپلەرچە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ يۈرمىسەكمۇ بولىدىكەن، ئوقۇرمەنلەر ياخشى باھا بەرگەن رومان - پوۋېستلارمۇ تايىنى يوق ئوقۇشلۇقتەك قىلىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، يەنە تەكرارلىساق يەنە شۇ يارىماس ئەدەبىيات ھەققىدە گەپ بولىدىكەن، ساھىبخانا، ئەمدى...

— لەتاپى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— مۇلاھىزىمىز ئوبدان بولۇۋاتىدۇ. مەن ھازىرلا دېيىلگەن سۆزلەرگە تۈزەتمە بېرىپ قوياي. بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەنقىدىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەن ياخشى باھا بەرسىلا بولمايدۇ، ئەدەبىي ئوبزور ياخشى باھا بېرىشى كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىي ئوبزور ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قويىرۇقلۇق ئەمەس، باشلامچىلىق رول ئوينىشى لازىم. ئەمدى ئاخىرىدىكى گەپكە كەلسەك، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەنىمۋاسى يارىماسمۇ ئەمەس، دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەردىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ يېزىلغان ئاز ساندىكى بەزى ئەسەرلەردە ئەدەبىيات پۇرىقى يوقمۇ ئەمەس...

ناسىر قۇتيار دەرھاللا قوشۇق سالدى:

— «تەسىرلىنىپ يېزىلغان» دېگەن سۆزنى كۆچۈرۈۋالغان دەپ چۈشىنىش كېرەكمۇ ياكى باشقا تەبىرى بارمۇ؟

لەتاپمۇ ھايالسىز جاۋاب بەردى:

— ئۆز تەجرىبەمدىن قارىغاندا «كۆچۈرۈۋالغان» دېسە ئېغىر كېتىدۇ. ئەمما، ئەسەرنىڭ تۈزۈلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ تېمىنى ئېچىپ بېرىشتە، ئېنىقكى، خېلى بەك ئۈلگە ئالغان. مەنمۇ يېڭىلىق تۇيۇلغان غەرب ئوبزورچىلىرىنىڭ ئىچكىرى-

دىكى كىچىك گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان 50ـ60ـ
يىللاردىكى ماقالىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇيمەن. ئۇيغۇر ئەدە ـ
بىياتىغا يۆتكەپ قوبۇل قىلىشقا، بولۇپمۇ تەنقىدلەشكە ئىشلەتكىلى
بولىدىغان جۈملە، ئابزاسلىرىدىن ئوقۇۋېرىپ يادا بولۇپ كەتكەن
ئارىيەلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ماقالىلىرىمدا ئىختىيار ۋە ئىخ ـ
تىيارسىز قوللىنىمەن. «تەسىرلىنىش» دېگەن شۇ. بىر قارىسا
خەقنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغاندەك تۇيۇلىدۇ، يەنە بىر قارىسا،
كىمنىڭ قايسى ئەسىرىنىڭ قايسى قىسمىدىن ئېلىنغانلىقىنى تاپ ـ
قىلى بولمايدۇ.

— بىلىپ قالىدىغانلار چىقىپ قالار؟ — دېدى باياتىن سۆھبەت
تېمىسىنى يۆتكەش تەكلىپىنى بەرگۈسى كەلگەن يىگىت، — قاي ـ
سىبىر گېزىتتە بەكرەك تەسىرلىنىپ كەتكىنىڭىز ئۈچۈن ئەدە ـ
بىڭىزنى بېرىدىغان ماقالە چىققانلىقى يادىمدا.

— كارايىتى چاغلىق، — پىسەنتىگە ئالمىدى لەتاپى، — ئوبى ـ
زورچىلىق دېگەندە ئاۋۋال مۇشت ئېتىۋالغىنىڭىز ئېتىۋالغان،
خەق تېگى ـ پېيىنى ئىگىلەپ بولغۇچە تالاي ھەپتە ـ ئايلار ئۆتىد ـ
دۇ. كىمدۇر بىرلىرى ماقالە يېزىپ رەددىيە بېرىپ بولغۇچە سىز ـ
نىڭ دېگەنلىرىڭىز، ئوي ـ پىكىرلىرىڭىز خەقنىڭ كاللىسىغا
سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. يېڭى رەددىيە ئوبزورىنى بۇرۇنقى ئوبزور ـ
نى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشى ناتايىن. دېمەك، سىزنىڭ تە ـ
سىرىڭىز بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ يادىغا ئورناپ كەتكىنى كەتكەن.
كاللىغا ئورۇنلىشىپ قالغان تەسىرنى، بولۇپمۇ تۇنجى قېتىملىق
تەسىرنى چىقىرىۋېتىش تۈگۈل يېڭىلاشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن
مۇشكۇل ئىش، بۇ مۇشكۇلاتنى كىم ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدۇ؟
سىلەر خالامسىلەر؟ — ئۇ قالتىس نۇتۇق سۆزلىۋەتكەندەك سورۇن ـ
دىكىلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ھېچكىمنىڭ ئىنكاس قاي ـ
تۇرمىغىنىنى كۆرۈپ، نېمىنى ئويلىدىكىن، نەزىرىنى تۇساتتىن

بەھرىنىسادا توختىتىپ، ھېجىيىپ تۇرۇپ سورىدى، — ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىلىم ئىگىسى بولۇپ قايتقىلىۋاتقان خانىم قىز، سىز ئۇستىڭىزگە ئېلىشنى خالامسىز - يا؟

بەھرىنىسا دەسلەپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ سورۇندا، يەنە كېلىپ ھېچقانداق قىممىتى يوق بىر ئەدەبىي مۇھاكىمىدە ئۆزىنىڭ تارتىنىپ ئولتۇرىغا چىقىپ قېلىشىنى كۈتمىگەنىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭدىن دەرھال جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟

— مېنىڭچە، — ئۇ ئازراق ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى، — سىز تەكىتلىگەن ۋەزىپە ئۇنچىلىك مۇشكۇلمۇ ئەمەستەك قىلىدۇ. ئاندىن، سىز ئۇنى ئاللىقاچان ئۇستىڭىزگە ئېلىپمۇ بولدىڭىز، باشقىلارغا ئاشۇرۇپ قويمايدىغان خۇلاسىنى ئۆزىڭىز چىقىرىپ بولغان تۇرۇقلۇق، سۆھبەتداشلىرىڭىزنىڭ بىلىمىنى سىناپ باققىڭىز كېلەمدۇ ياكى قوللىغۇچى ئاۋۇتۇشنى كۆزلەمسىز، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ...

سورۇندىكىلەر پاراقىدە كۈلۈۋەتتى ۋە بۇيرۇق قىلىنغاندەك لەتاپىغا قاراشتى. ئۇ ھۇپپىدە قىزاردى - يۇ، يەنە پىسەنتىمگە ئالمىغاندەك كۆرۈنۈش بېرىدىغان ئادىتى بويىچە يىقىمسىز ھىجىيىپ:

— سىلەرزە، چارۋىچىلىق ئىلمىگە بېرىلگەنلەر، ئەدەبىيات ئوقۇمىغان، سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇم يوق...، — دېگىنىچە ئالدىغا قويۇقلۇق كىچىك تەخسىدىكى قورۇمىلارغا ئېگىشتى.

بەھرىنىسا ئىچىدە: «پارچە - پۇرات گېزىتلەر ئارقىلىق بىلىۋالغان بىرنەچچە ئاتالغۇ - تېرمىنلەرنى خاتا ئىشلىتىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئارقىلىق تەبىر بەرمەكچى بولىدىكەنسىز - يۇ، چۈشەنچىلىرىڭىز خاتا چىقىدىكەن. ئۆزىڭىز ئالدىنقى جۈملىدە توغرا دېگەن قاراشلارنى ئىككى - ئۈچ جۈملىدىن كېيىن رەت قى-

لىدىكەنسىز... چارۋىچىلىق كەسپىنى ئوقۇغانلارنى ئەدەبىياتنى
بىلمەيدۇ، دەپ قايسى «ئىزىم»لىرىڭىز يېزىپتۇ...؟» دەپ گەپنى پىد-
شۇرۇۋېلىپ، ئاندىن تازا سۆزلىمەكچى بولغانىدى، تىلىنى تېيىپ
ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ بۇ سورۇندىكىلەر بىلەن كونا تونۇش، ئۆز
ئەمەس، پەقەت ئىسكەندەر كامىلنىڭ باھانىسى بىلەن تونۇشتى.
ئىككى ـ ئۈچ قېتىملىق ئولتۇرۇشقىلا قاتناشتى. ماختانچاق، مە-
مەدان لەتاپى بىلەن تېخى تۇنجى قېتىم. يەنە بىر جەھەتتىن، سو-
رۇنلاردا تولا گەپ قىلىش ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ئۆزىنى بىلىمدار
كۆرسىتىشنىڭ بەلگىسى، بولۇپمۇ «ئۆز شەنىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان»
ئولتۇرۇشتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىياتنى مەخسۇس ئوقۇمىغىنىد-
مۇ راست. پەن بولغانىكەن، ئۇنىڭمۇ بىر مۇكەممەل نەزەرىيەسى
بولىدۇ، تولۇق بىلمەي تۇرۇپ سۆزگە چىقىپ، قانداقتۇر بىر ھال-
قىلاردا چاندۇرۇپ قويۇپ كۈلكىگە قالسىمۇ ياخشى ئەمەس...

سورۇنمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتقا دائىر تېمىلارغا يېپ-
قىنلاشمىدى. لېكىن، لەتىپە ـ يۇمۇرلارنى ئېيتىشتى. ئاڭلىغان،
كۆرگەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتى. يارمۇھەممەتنىڭ زورى
بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇپ، خېلى كەچ تارقىلىشتى.

— ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ كۆپ ئوقۇپ تۇرىدىغان ئوخشايسىز؟
— دېدى ئىسكەندەر كامىل ياتاققا قايتقىچىلىك يول ئۈستىدە
بەھرىنىساغا، — ھەممىگە ئۈلگۈرىدىكەنسىز، ياخشى....

بەھرىنىسا ئۇنىڭ بايىقى سورۇندا لەتاپى بىلەن دېيىشكەنلىرد-
نى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشەندى:

— نېمە ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ
بىر كۈن ئىچىدىكى مەلۇم بىر ۋاقتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن
شۇغۇللىنىشقا بېرىلىدىكەن، — دېدى بەھرىنىسا مۇلاھىزىلىك قد-
لىپ، — ئىشلەپ چارچىغىنىڭىزدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيسىز،
كەچقۇرۇنلىرى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرىسىز، ناخ-

شىلارنى ئېيتىسىز ياكى ئاڭلايسىز. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، بىر كىشىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە يېقىنلىشىش ئۆتىمدىغان ۋاقىتلىرى باشقا پەنلەرنىڭكىدىن كۆپ دېمىگەندىمۇ ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، سىزنىڭ كالللىڭىزدىمۇ مۇئەييەن تەسىرى قالىدۇ ۋە بەلگىلىك كۆز قاراش، ئوي ـ پىكىر شەكىللىنىدۇ. لېكىن، ھەممىلا ئادەم بۇ خىل كۆز قاراش، ئوي ـ پىكىرلىرىنى جۇغلاش، رەتلەش، مەلۇم بىر تەرتىپكە سېلىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ ـ دە!

— ھەببەللى، توغرا يەكۈنلىدىڭىز، — ھايالسىزلا قوشۇلدى ئىسكەندەر كامىل، — لەتاپىدەك ئادەملەر دەل ئاشۇنداق بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىللىتى دەپ نامى بار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىنى بۇ مىللەتكە پۈتۈنلەي تونۇشلۇق بولمىغان ئالللىقانداق نەزەرىيەلەر سىستېمىسىگە قاچىلاپ ۋەزخانلىق قىلىدۇ.....

— مېنىڭچە، ئۇ يىگىتنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىگە نىگىلىستىك مۇئامىلىدە بولۇشنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، — بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەپ قوشۇپ قويدى، — ئۆز كۆز قاراشلىرى بويىچە ئۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىدى دېگەنلەرنى چەت ئەل پىكىر ئېقىمى تارازىسىغا سېلىپ بېقىپ، بىراقلا بىراكقا چىقارسا، ئانچە ـ مۇنچە مۇۋەپپەقىيىتى بار ئەسەرلەرنى خەقتىن تەسىرلىنىپ، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇۋالسا، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن نېمە قالىدۇ؟ ئاشۇنداق سەپسەتىچىلەرنىڭ خەقلەرنىڭ تاشلىۋېتىلگەن پايتىمىلىرى ئارىسىدىن تېرىۋالغان سېسىق پېتەكلىرى قالامدۇ؟ خەلقىمىز ئۇنداقلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ، خالاس! مەن بايىقى ئولتۇرۇشنىڭ دائىملىق ئەزاسى، ھېلىقى ساختىپەز ئۆلپىتىڭلەرنىڭ كونىراق تونۇشى بولۇپ قالغان بولسام، دەيدىغاننى دەپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئۇيالدۇراتتىم...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇيالمايدۇ ئۇ، — كۈلۈپ قويدى ئىسكەندەر كامىل، — ئۇنىڭ داڭلىق، نامىلىق ئەدىبلەرنى چىشلەپ تارتسام نامىم تېز چىقىدۇ، رەددىيە، دەشنام يېگىنىم ئۇچۇنلا مىجەز - خاراكتېرىمدىن ۋاز كەچسەم، سېسىقىم بىللە چىقىدۇ، دەيدىغان بىر يۇرۇش سەپسەتىلىرى بار. ھازىرغىچە يازغان بىر نىمىلىرىگە رەددىيە ئاڭلىمىغىنى، رەت قىلىنمىغىنى يوق. ئەمما، ئۇ باياتىن ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ دېگىنىدەك «دەشنەم ئاڭلىغىنىم بەش نان يېگىنىم» ... دەپ يۇرۇۋېرىدۇ.

— ئۇنداقتا نېرۋىسى چاتاق ئىكەن، — بەھرىنىسا يەنە ئەجەبلەندى، — بۇنداق ئادەملەر مېدىتسىنادا نېرۋا نورماللىقى ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ.

ئىسكەندەر كامىل كۈلۈۋەتتى:

— ئاڭلىمىغانلا بىر كېسەلغۇ ئۇ؟ ئىجادىيىتىڭىزمۇ ياكى راستىنلا ئاشۇنداق كېسەللىك بارمۇ؟

بەھرىنىسامۇ كۈلدى:

— مەن ئىجاد قىلالايمەنمۇ؟ ئاشۇنداق بىرخىل كېسەللىك بار. مەن ئۇيغۇرچە توغرا ئىپادىلىيەلمىدىم بولغاي. نېرۋىسى كېرەكتىن چىقىش باسقۇچىغا بارمىغان، ئەمما، تەپەككۇرى بۇزۇلغان، دورا - دەرمەك بىلەن ساقايتىش مۇمكىنچىلىكى يوق كىشىلەرنى خەنزۇچىدا ئاشۇنداق ئاتايدۇ....

ئۇلار بۇ توغرۇلۇقمۇ تالاش - تارتىش قىلىشمىدى. چوڭ كۆۋرۈكتىكى «خەلقئارالىق چوڭ بازار» دەپ نام بېرىلگەن مەيدانغا كېلىپ قېلىشقانىدى. مەيدان كۈندۈزكى غۇژ - غۇژچىلىقنى يوقاتقان بىلەن ھېلىمۇ ئاۋات ئىدى. بۇ بازاردا كىشىلەر تەرىپلىگەندەك «توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە سېتىلاتتى». قىلىدىغان ئىشى يوقمۇ ياكى شۇنداق ئادەتلەنگەنمۇ، ئەيتاۋۇر ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى، جىقلىقىدىن بىر- بىرىگە

سۈركىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەچكە ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن كەچۈرۈم ـ ناماقۇللۇق سورىشىپ يۈرمەيتتى. كۈندۈزلىرى ئىگىسىگە يېتەرلىك پۇل تېپىپ بېرىپ ئەمدىلەتتىن ئارام ئېلىپ ياتقان تۆگىلەر ئەتراپىدا بىر توپ بالىلار ئولىشىۋېلىپ، تۆگە بىلەن چاقچاقلاشماقتا ئىدى. ھەر خىل ئىچىملىك ساتىدىغان يەنە بىر دائىرىدە ھاۋا رايىنى قارغاپ يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

مۇشۇ ئالىماننىڭ قىيپاشراق جەنۇبىدا، يولنىڭ نېرىقى قاسنىقىدا مەشھۇر كېچىلىك بازار ئەمدىلەتتىن قايناپ ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن، كاۋاپدانلاردىن، يۆتكەلمە تونۇرلاردىن، چاقلىق ئوچاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس، بۇس، ھورلار دۇكان، غالتەكلەرگە توغرىلاپ پەس ئېسىلغان لامپۇچكىلارنىڭ نۇرلىرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. پىشۇرۇپ ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ يەپ ـ ئىچكۈچىلەرنىڭ پاراڭلىرى، «خوش كەتتى»لىرى ۋە مۇزىكا تەڭكىشى بولمىسىمۇ يېقىملىقلىقىنى يوقاتمايدىغان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بىرلىشىپ، ئۆزگىچە ياڭراق سادا تارتاتتى. مۇشۇنداق كاتتا بازارنىڭ تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدىغانلىقى، بىرەر كاللا، بىرەر زىخ كاۋاپ، بىرەر پىيالە لەڭپۇڭ ... لارنىڭ ئېشىپ قالمايدىغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى. مانا بۇلار ئۈرۈمچى كېچىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

بەھرىنىسانىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆز تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا خۇشال ـ خۇرام، كۆڭۈللۈك ئۆتتى، دېگىلى بولمايتتى. خۇشال ـ خۇرام دەملەر، كۆڭۈللۈك پەيتلەر ئۇرۇمچىدە، ئىسكەندەر كامىلنىڭ يېنىدا قېپقالغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەتكە كىرىشىشى ئۇنى كۈندۈزلىرى يېگانە قالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن زېرىكىپ، ئىچى پۇشىدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئۇ باشقىلار ئىشتىن چۈشمىگىچە يا ئىسكەندەر كامىلنىڭ، يا ئۆزىنىڭ ياتىقىدا ئولتۇراتتى. كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئىسكەندەر كامىل يېغىلاپ ئەكىرىپ بېرەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئوقۇغۇسى كەلمەيتتى، ئوقۇغاندەك قىلسىمۇ مەزمۇنى يادىغا چۈشمەيتتى. ئۇرۇمچى كوچىلىرىنى ئايلانغىنىچە ئايلىنىپ بولغان، كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپمۇ بولغان ئىدى. ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىمۇ جانغا تېگەتتى.

— بۇ يەردە سىزگە سۆرەلمە بولۇپ يۈرۈۋەرگىچە يۇرتۇمغا بېرىپ كەلسەم، دەپ ئويلىدىم، قانداق قارايسىز؟ — سورىدى بىر ئاخشىمى بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلدىن، — مومامنى، ئاتا ـ ئانامنى سېغىنىشىم بىر نۆرى، بۇ يەردىكى بىكارچىلىقتا چىدىماق تەس كېلىۋاتىدۇ.... سىزنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىڭىزنى كۈتۈش، كۈتۈش....

ئىسكەندەر كامىل كۈلۈپ قويۇپ:

— كۈتۈپ زېرىكتىم دەڭا؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ.

بەھرىنىسامۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— كۆتكۈزۈپ جىنىمنى ئالدىڭىز....

ئىككىيلەن تەڭ كۈلۈشتى، قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى. ئاخىر بەھرىنىسا يۇرتىغا بېرىپ تەتىلنى تۈگىتىشكە قوشۇلۇشتى. دېمىسىمۇ ئانچە - مۇنچە بولۇپ تۇرىدىغان كەچلىك ئولتۇرۇشلار، «يەنە دېسە يەنە شۇ، موللا ھوشۇرنىڭ بىرى شۇ» پاراڭلار، تېتىمىسىز، تايىنى يوق تالىشىشلار ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە بەرمەيتتى، ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەتنى تاشلاپ بەھرىنىسا بىلەنلا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۇل چىقىمى ئۈستىدىمۇ كېڭىشىپ، مەسىلە يوقلىقىغا ئىشىنىشتى. بەھرىنىسانىڭ «ئوبراز ئەلچىسى» بولۇپ تاپقان پۇلى ۋە دوستى پاتىمەنىڭ ھەدىيەسى بىمالال يېتىدۇ، دەپ مۆلچەرلەندى.

شۇنداقمۇ بولدى. بەھرىنىسا مومىسى ۋە ئاتا - ئانىسىغا يارىشىقىدا سوۋغات ئېلىپ يۇرتىغا باردى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان مومىسىنىڭ نامىغا ئاتاپ، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم خەت يېزىپ تۇرغان، جاۋاب خەت كەلسۇن - كەلمىسۇن، بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. چوڭلارمۇ ئۇنىڭ كېلىپ - كېتىشىنى ئارزۇ قىلغان بىلەن، كېتىدىغان خىراجەتنى ئويلىشىپ توغرا چۈشەنگەنىدى. يۈزتۇرا كۆرۈشۈش باشقىچە بولىدىكەن: مومىسى ئۇنى كۆرگەندە كۆزلىرىنى تېگى - تۆپىگە تارتىشتۇرۇپ، راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ قانداق.... دېگەندەك بىرھازا قاراپ كەتتى. كېيىن، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى ۋە ئولتۇرغان يېرىگە يىقىلىپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى.

تۆت يېرىم يىل دېگەن تەقەززا بولغانلار ئۈچۈن ئاز ۋاقىت ئەمەس، دادىسىمۇ قىزىنى باغرىغا بېسىپ كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلاپ كۆرۈشتى. ئۇمۇ قېرىپ، دۈمچىيىپ قالغان، چاچ - ساقاللىرى تۇتاش ئاقىرىپ، كۆزلىرىنىڭمۇ خۇنى قاچقانىدى. بويىمۇ پاكارلاپ، كىچىكلەپ بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشىماي قالغان ئىدى. ئىش -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەرىكەت، تىرىكچىلىكنى بايان قىلغاندا، يېڭى مەلۇمات بېرەلمىدى، كەنت، يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بەردى. ئۆ-زىنىڭ بىرەر ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنالماسلىقىنى تەلىيىنىڭ تەتۈرلىكىگە، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا جوراپ چۈ-شەندۈردى، ئاسماندىن تاۋار - دۇردۇن ياغقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئالىقانچىلىك پۇرۇچى تەگمەيدىكەن. چۈنكى، شۇ ئەسنادا قايسىدۇر بىر ياقتىن تەتۈر شامال چىقىپ ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتەرمىش.

ئۇ يوق چاغدا مومىسى بەھرىنىساغا كۆيۈئوغلى بولغان بۇ قو-ناخۇننىڭ شۇ كۈنلەردە كەنت ئىلكىدىكى ئىگە - چاقىسىز ياشاد-غانلارنى پەرۋىش قىلىدىغان ئورۇنغا ئاپىرىۋېتىلگەنلىكىنى، قول - ئىلكىدە سىقىمغا چىققىدەك بىر نەرسە قالمىغانلىقىنى، شۇ ھال-دىمۇ كونا خۇي - پەيلىنى تاشلىماي يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بەھرىنىسا ئاللىبۇرۇن دادىسىدىن جىق ئۈمىد كۈتكەن ئە-مەس. شۇنداقتىمۇ كۆڭلى بەك غەش بولدى. ئۇنىڭ بېكىپ كەت-كەن، مۇستەھكەملىنىپ ئادەتكە ئايلىنىپ بولغان مىجەزىنى ئۆز-گەرتىشتە ئۆزىدە ئامالمۇ، كۈچمۇ يوقلىقى ئۈچۈن ئېچىندى ۋە مومىسىنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىپ بىرھازا يىغلىدى.

ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇرۇنقىدىن پەرقلەنمەيتتى. نى-كاھىدىن بەختسىز قالغان ئايال باشقا نىكاھلانغان، يەنە تۆپىلەپ بەھرىنىساغا ئۆگەي ئىككى بالا تۇغقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەھ-رىنىسا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن. رىئاللىقتا ئانىسى قىزىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانغا ئوخشاش، بەھرىنىسامۇ ئانىسىغا ھازىرقىدىن ئا-شۇرۇپراق ئىچەركىشىشكە مۇمكىنچىلىك تېپىلمايتتى. ئۇ مومى-سىغا ۋە مومىسىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئامراق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئامراقلىق ئاتا - ئانا بىلەن قىزنىڭ مەۋجۇت مۇ-

ناسىۋىتىنى نېرى ــ بېرى قىلالمايتتى.

ئاشۇلار ئۈستىدە قايتا ــ قايتا ئويلانغان بەھرىنىسا، يېرىم يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزسە ئۆز يۇرتىغا كېلىمەي، نەدە ئىشلەش ئىختىيارىنى ئىسكەندەر كامىلنىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى جەزم قىلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادىسىنىڭ ياخشىلىقىنى، يېڭىياچە خىزمەتكە چۈشەنلىكى ئۈچۈن، تېخى ئەمەل ــ مەنسەپكە ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق بەلگىلىك ئابرۇي ــ نوپۇز تىكلىۋالغانلىقىنى، قىلغان گەپلىرىنىڭ تورى بارلىقىنى ئاڭلىدى، كۆردى. ئىشلەيدىغان باشقارمىسىدىكى باشلىقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىدىنمۇ بىلىۋالدى. شۇ چاغدىلا ئۆزىگە، خىزمىتىگە ئەمدى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپمۇ قالغانىدى. ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدىكى ئوي ــ پىكرىنى بىلمەيتتى. تېخى سورىغىدەكمۇ بولمىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئويلاپ قويغانلىقىغا، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىمىسىمۇ بولمايدىغان باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلمەي قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بار ئىدى. بۇلارنى ئۇنىڭ گەپ ــ سۆزلىرى ئارىلىقىدا «كېيىن ئانداق ــ مانداق قىلىمىز... ياكى قىلساق... » دېگەنلەرنى قىستۇرۇپ سۆزلەشلىرىدىنمۇ بىلگىلى بولاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىن نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرىسىدىكى ئوي ــ پىكىرلىرىنى مومىسىغا سۆزلەپ بەردى. سۆزلىگەندە گەپنى بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالغانلىقىدىن باشلىدى. مۇشۇ پاراڭ تېمىسىنىمۇ مومىسى گەپ كوچىلاپ باشلىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىپ ئاڭلىدى. يىگىتنىڭ ھازىر ئۇرۇمچىدە ـــ بىر چوڭ ئىدارىدا ئىشلەيدىغانلىقى، ئۆزى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە نەدە ئىشلەش، نەگە بېرىپ ئۆي تۇتۇش مەسىلىسىدە شۇ يىگىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاغزىغا قارايدىغانلىقى توغرىسىدىكى «سىر» لىرىنى تۆكۈپ بېرىۋىدى، مومىسى ئۇنى قوللاپ چىقتى:

— توغرا ئويلاپسەن، ئاقىللارچە پىكىر بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئويلىنىپ يۈرمەي، — مەنمۇ نامىزىمدا ساڭا شۇنداق دۇئا قىلاتتىم قىزىم. بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىسەڭغۇ ماڭا ياخشى ئىدى، ئاناڭغا ياخشى ئىدى، كۆرۈپ تۇراتتۇق. لېكىن، داداڭمۇ بار. ئۇنىڭ سېنى يالجىتىش ـ يالجىتماسلىقىنى دېمىگەندىمۇ، خوي ـ پەيلى بىلەن كۈيۈ ئوغۇل ھەم قۇدىلارنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرگۈزمەيدۇ... قېيىنئاتاڭ تەرەپ قانداق ئادەملەر ئىكەن؟

بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلدىن ئاڭلىغىنى بويىچە، ئۇلارنىڭمۇ دېھقان، ياۋاش ـ مۆمىن، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تېخى كۆرۈشۈپ ئالدىدىن ئۆتۈپ باقمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، مومىسى:

— كۈيۈ ئوغۇل پەزىلەتلىك يىگىت ئوخشايدۇ، — دەپ چورتتىدا باھا بېرىۋەتتى، — ئاتا ـ ئانىسىنى كاتتا ئادەملەر، باي ـ غەنىلەردىن دەپ ماختانمىغىنىڭلا ئۇنىڭ سەممىمي يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پوچى ، گەپنى چوڭ قىلىدىغانلارنىڭ تولىسى كەلگۈسىدە بېشىڭدا ياڭاق چېقىشىنىڭ كويىنى قىلىدىغانلار... دېھقان بولسا نېمە بوپتۇ؟ كەمبەغەل بولسا، ئۇ ئەيىب ـ نۇقسانمىكەن؟ شۇنى يادىڭدا تۇت قىزىم، سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر بايدەك كۆرۈنىدۇ. بىر كۈنلەر كېلىپ زىيانغا دەسسەپ تاشلاپ دەسمايىسىدىن ئايرىلسا، زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان يېرىدىن قوپالمايدۇ. ھۆنەرۋەن ـ كاسىپمۇ بولىدىغان خەق، ئۇدۇللۇق تاپقىنىغا ماتېرىيال ئېلىپ، ئاشقىنىغا ئاران ـ ئاران روزىغارىنى ماڭدۇرىدۇ. دېھقانچۇ؟ بۇ باشقىلا بىر كىشىلەر. پۈت قويغىدەك يېرى بولسىلا پۈتۈن ئادەمزاتنى بېقىپ كېتەلەيدىغان ھەم باي، ھەم مەردانە، يېقىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيدىغان، يىقىلسىمۇ يانپاشلاپ يېتىپ تۇرۇپ ئۇ-

رۇق چېچىشتىن يانمايدىغان باتۇر، ئەزىمەت كىشىلەر. شۇڭا دېھقاننىڭ كەمبەغىلى بولسا  باردۇر، گادىيى بولمايدۇ...

بەھرىنىسا مومىسىنى تەستە گەپتىن توختاتتى. دېھقاننى ئۇلۇغلاشنى دېھقان قىزى بولغان بەھرىنىسا ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا مومىسى شۇ تاپتا : «دېھقان بالىسى يىگىتىڭنىڭ پېشىنى چىڭ تۇت!» بېشارىتىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتايىن ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋەكىللىكىدىكى دېھقانلارنى تەرىپلەۋاتقاندەك بىلىنگەندى. مومىسى دېگەنلىرىدە يەنە بىر مەنا بارلىقىنىمۇ چاندۇرماي پۇرىتىپ مۇنداق دېدى:

— تاپقان يىگىتىڭنىڭ يۇرتىغا مەن بارغان. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ دېھقانچىلىقى بىزنىڭ بۇ يەردىكىگە تازا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ياقتىكىلەر يەرگە باغلىنىپ قالغانلىقىنى دېمىسە، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قىش كۈنلىرى مۇزدىن كاچكول ئېچىپ بېلىق، جاڭگالغا قاپقان ـ باسماق قۇرۇپ توشقان ئوۋلاپ ياشايدۇ. ھالال ھايۋانلارنىڭ ئىچ ـ  باغرىنى بىزلەر زاسۇي قىلىپ، كاللا ـ پاقالچاقلىرىنى ئۇكلەپ پىشۇرۇپ يەۋېرىمىز، ئۇ يەردىكىلەر چارۋىسى كۆپلىكىدىنمىكىن، ئۇنداق نەرسىلەرنى يېمەي ئىت باقىدۇ ياكى كۆمۈۋېتىپ ئوغۇت قىلىدۇ. بۇلارنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم، يىگىتىڭنىڭ يۇرتىغا بېرىپ قالغانلىرىڭدا بىلىپ ـ بىلمەي بۇ يەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىنى سۆزلەپ ئۇ يەردىكىلەرنى خىجىل قىلما، مۇشۇ يېقىدىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى بىلسەڭ بولدى....

بەھرىنىسا بۇنداق نازۇك ـ ئىنچىكە تەرەپلەرنى ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىغانىدى، سەل ئەجەبلەندى. زاسۇي، كاللا ـ پاقالچاقلىرىنى يېمەي كۆمۈۋېتىدىغانلىقى ئىسراپچىلىقتەك بىلىنىدى. بىراق، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئوڭايلا سېسىپ قالىدىغانلىقىمۇ راست، ساقلاش شارائىتى بولمىسا كۆمۈۋەتمەيمۇ نېمە ئىلاج؟

مومىسى بەھرىنىسانى ئۆز يۇرتىغا — بۇ ناھىيەسىگە كەلمەسلىكنى پۇراتقاندا، ھېلىقى «رېستوران» ۋەقەسىنى ئەسلىتىپ قويدى. نەۋرە قىزىنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بۇ ئىشنى بىر ماۋزۇ سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئالمىدى. پەقەت يېزىدا، بولۇپمۇ يېزا بازىرىدا ئالاھىدە چوڭ ۋەقەلەر بولمىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، گويا بىر چاغلاردا ھەشەمىتى ئېشىپ كەتكەن بىر رېستوراننىڭ تۆت - بەش يىل بۇرۇن بىر تاقالغان پېتى ئېچىلماي تۇرۇۋاتقانلىقى تاسادىپىي ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەندەك سۆزلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. بەھرىنىسانىڭ بۇ تەرەپلەرگە قايتىپ كېلىش ئويىمۇ، پىلانىمۇ يوقلۇقىغا قارىماي، «رېستوران» سۆزىنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكى ئۆزىگە مەلۇم بولغىدەك دەرىجىدە سىرقىراپ كەتتى. بۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك بىر پاجىئە ئىدى، ئەلۋەتتە!

ئۇ مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە ئايىمە مۇئەللىمە بىلەن ئوچۇق، تەپسىلىيرەك سۆزلەشتى. ئايىمە مۇئەللىم تۆت يىل ئىچىدە بىلىنەرلىك قېرىپ، سولاشقانىدى. مۇنداقلا قارىماققا تولغان، رەڭ تۇزگەن، ئالىپىتە جۇۋانلار تۇرقىنى ساقلاۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، كۆز خالتىسىنى، ئېڭەك ئاستى قورۇقلىرىنى يوشۇرۇۋالمايدىغان دەرىجىگە بارغانىدى. گەپ - سۆز قىلغاندىكى ئاۋازى خېلى سالاپەتلىك ئاڭلانسىمۇ، تەلەپپۇزىدا جۇشقۇنلۇق، قىزغىنلىق سۇسلاپ كەتكەن، ئازراق سۆزلەپ جىقراق ئاڭلاش ئىستىكى كۈچەيگەندەك تۇراتتى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئاشۇنداق ھالەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوراپ، بىلگەنلىرى بەھرىنىسانىڭ مۇھەببەت باسقۇچىغا يەتكەندىلا قىزغىنلىقى بىر ئاز ئاشقاندەك بولدى. ئىككىيلەننىڭ ئۆزئارا ئىنتىلىشلىرىنىڭ قانداقراق دەرىجىگە ئۇلاشقانلىقىنى سورىغاندىلا، بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشنى يىگىتىگە ئېيتقان - ئېيتمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭغا ئېيتمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئالا-

ھەزەل بىرەر پىيالە چاي ئىچىلىپ بولۇنمىغان تىنچىق مىنۇتلار - دىن كېيىن، بەھرىنىسانىڭ ھازىرچىلا ئەمەس، يىگىت سورىمىسا ئۆزلۈكىدىن مەڭگۈ ئېغىز ئاچماسلىقىنى چېكىلىدى:

— ئەر كىشى ئۈچۈن، مەيلى فىزىئولوگىيەلىك نۇقتىدىن يا - كى پىسخىك نۇقتىدىن چىقىپ قارىغاندىمۇ، ئۆزى سۆيۈپ قالغان قىزنىڭ ئىختىيارەن سادىر قىلىپ تاشلىغان بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىكىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەلىشى مۇمكىن ئە - مەس بىر ئىش، — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ھەتتا ئۇ ئۆزى قارشى تۇرۇپ كېتەلمەيدىغان ئىلاجسىز ئەھۋالدا ئۇچرىغان زور - لۇق بولغاندىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار... ئەر خەق دېگەن كۆڭلى چۇشۇپ قالسا، بىر ئەمەس، ئىككى - ئۈچ قېتىم ئەرگە تېگىپ چىق - قان جۇۋانغا بېرىلىشنى بىنورماللىق ھېسابلىمايدۇ، ۋاھالەنكى ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ...، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ يەنە ئۇلۇغ - كىد - چىك تىندى. تەلەتى ۋە تەلەپپۇزىدىن يالغۇز بەھرىنىساغىلا قارد - تىپ مۇلاھىزە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنمەيتتى، — بۇنداق ھال بىر - ئىككى، بەش - ئون ئەر ئۇستىدىلا يۈز بېرىدىغان قىسمەن، ئالا - ھىدە ئەھۋال ئەمەس، پۈتۈن ئەرلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئومۇمىي ھا - لەت. ئىجتىمائىي پەننىڭ قايسى تارمىقىدا بولمىسۇن، ئىنسان تە - بىئىتىدىكى مۇكەممەللىك ۋە مۇكەممەلسىزلىك تەتقىق قىلىنىپ باقمىدى. ئەگەر ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرەر - ئىككىسى چىقىپ فىروئىد پىسخولوگىيەسى ياكى سارتىرى مەۋجۇدىيەتچىلىكىنى ئۇيغۇرچە تەتقىق قىلىپ باقسا، مەن دېگەن ئاشۇ مۇكەممەللىك ۋە مۇكەممەلسىزلىكنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى چۈشەندۈرەلەرمىدى - كىن؟ سىز ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟

— فىروئىدنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەرنى باشقىلارنىڭ ماقالىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغاندەك تۇرىمەن...، — ئېسىگە ئېلىپ جا - ۋاب بەردى بەھرىنىسا، — ئۇ پىسخولوگ، پىسخىكا دوختۇرى ئىد -

كەنغۇ؟ يەنە بىرىنى... ياق، بىلمەيدىكەنمەن، ئاڭلىمىغاندەك تۇرمەن....

— دۇنياغا داڭلىق كىشى، پەلسەپەدىكى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ئاشۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ بايراقدارى، فىرانسۇز. چوڭقۇر ئانالىز يوللىرىنى راۋان قىلىش ئېهتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ ئوقۇپ قويۇڭ. غەرب ئالىملىرىنىڭ تەپەككۇر يوللىرىنى تونۇشتۇرىدىغان خەنزۇچە كىتابلار چىققۇ؟

بەھرىنىسا مۇئەللىمەسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماقۇل بولدى. ئەمەلىيەتتە، شۇ پەيتلەردە فىروئىد، سارتىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا قىزىقمايتتى.

ئايسىمە مۇئەللىم يەنە بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، گەپتىن - گەپ چىقىرىپ ھېلىقى پاجىئەنىڭ يەنە بىر تەرەپ ئىشتىراكچىلىرى توغرۇلۇق نېرى - بېرىلا ئۇچۇر بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھوشۇر غاپپار بەش يىل كېسىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە «ناھەق بوپتۇ»، «ئېغىر كېسىلىپ كېتىپتىكەندۇق، باشقىدىن سوت ئېچىپ، ئەسلىدىكى جازا مۇددىتىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتقۇدەك... » دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارىلىپ يۈرۈپتۇ. كېيىنچە، بۇ گەپلەر ئاساسسىز ئىغۋا بولۇپ چىقىپتۇ. جازا مۇددىتى قىسقارتىلىش تۇگۇل، ئەسلىدىكى بەش يىلغا يەنە ئۈچ يىل قوشۇلۇپ، سەككىز يىلغا ئۇزارتىلىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاش جىنايەت ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ دېهقانچىلىق مەيدانى ئورگىنىدىكى كادىر، خىزمەتچىلەرگە سۈتنى سېغىپ بېرىدىغان بىر ياش ئىنەككە چېپىلىپ «ھايۋانلىق قىلغان» ئىكەن. بۇ ئىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بىر تەرەپ قىلىنىپتۇكى، ئىنەك مەخسۇس بېقىلىدىكەن، يەم - خەشەكلىرىگە خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە باشقا سۈنئىي تەركىبلەر ئارىلاشتۇرۇلمايدىكەن. چۈنكى، بۇ يېشىل يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلانغان ئىنەكنىڭ سۈتى جىنايەت-

چىلەرنى ئۆزگەرتىدىغان كادىر - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالى-ۋاقىلىرىغا سىتىپ بېرىلىدىكەن. بۇ بىر تۇركۇم كىشىلەر ئىش پاش بولغاندىن كېيىن غەزەپ - نەپرىتىنى باسالماپتۇ. بەزى ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ ئاشقازىنىدىن چاتاق چىقىپ، يىگەن - ئىچكەن-لىرى سىڭمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىر جەھەتتىن «هايۋان-لىق قىلغان» جىنايەتچىدە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان كادىر، خىزمەتچىلەردىن «ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى» بىلەن ئۆچ ئېلىش نىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇ ئاشۇنداق هاي-ۋانلارچە رەزىل ۋاستە ئارقىلىق روهىي جەهەتتىن «غەلىبە قىلى-غۇچى» لىق مەمنۇنلۇقىدىن بەهرىمەن بولۇۋېلىشنى كۆزلىشى تۇرغانلا گەپ ئىكەن...

ئايسىمە مۇئەللىم ئاشۇلارنى سۆزلىگەندە، چىرايىغا، تەلەپپۇ-زىغا ئالاهىدە تۇس بەرمىدى - يۇ، نەپرىتىنى:

— ئاشۇ ئەبلەخمۇ ئەر كىشىلەر ئىچىدىكى بىر رەزىل تىپ! — دەپ ئى-پادىلىدى.

ئايسىمەنىڭ سۆزى بەهرىنىساغا يامان تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالدى. لېكىن، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ گەپ - سۆز ياكى رەڭگى-رويى ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

هوشۇر غاپپارنىڭ ناهىيە تەرەپتىكى «هىممات» لىرىنىڭ ئۇ-چۇرلىرى يوق دېيەرلىك ئىكەن. گۈلسۇمئاي، ئوسماق قارى دېگەن-لەرنى تونۇيدىغانلارمۇ يوق بولسا كېرەك. گۈلسۇمئاينى « شىلتىڭ ئاتقۇزىدىغان» مەشهۇر ئىبرى توغرىسىدىمۇ هېچقانداق ئالاهىدە خەۋەر تارقالماپتۇ. بەزى ئۇزۇن قولاقلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى «ئۆزىنى - ئۆزى سوراپ» مۇددەتتىن بۇرۇن ئارام ئېلىشقا چىقى-ۋاپتىمىش، بەزىلەر بۇ خەۋەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «ئۆزىنى - ئۆزى سوراپ» ئەمەس، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ «سەپەرۋەرلىكى»

ئارقىلىق «خىزمەت ئورنىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن ئايرىلىش» قا بۇيرۇلۇپتۇ، دەيدىكەن. نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ، بەھرىنىساغا ناھىيە تەرەپتىن كېلىدىغان ئاۋارىچىلىك يوق ئىكەن. بولۇپمۇ خىزمەت تەقسىماتىدا.

— شۇنداقتىمۇ، يىگىتىڭىزنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلىڭ، — ئايسىمە مۇئەللىمە بەھرىنىساغا تازا ياقىدىغان خۇلاسە گەپنى قىلدى، — گەپ — سۆزلىرىڭىزدىن ئاڭلىسام ۋە كۆزىتىپ باقسام ئىككىڭلار بىر — بىرىڭلارغا ئوبدانلا ئىچەركىشىپ قاپسىلەر. بۇ ھالەتكە كېلىش سىزگىمۇ ئاسان ئەمەس. نەدە ئىشلەيلى دېسە ماقۇل، نەدە تۇرايلى، دېسە خوپ دەڭ. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىر ھېكمەتمۇ بارغۇ؟ «ئەر نەدە بولسا خوتۇن شۇ يەردە...»

ئۇ مومىسىنى يېزا دوختۇرخانىسىدا بولسىمۇ تەكشۈرتۈپ قويۇش ئۈچۈن يېزا بازىرىنى بىر قېتىم ئايلانغان بولدى. يېزا بازىرىدىمۇ بۇ ئاي — بۇ كۈنلەردە «تاكسى» لار پەيدا بولغان، كۆپىنچىسى ئېلېكترلىك ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت بولۇپ، كەينى ساندۇقى ھەر خىل ئىسكەتكە كىرگۈزۈلۈپ، كىگىز، شىرداق، گىلەم سېلىنىپ كۆرۈنۈشكە چىرايلىق، ئولتۇرۇشقا ئەپلىك، يېزا بازىرى ئىچى ۋە بەك يىراق بولمىغان ئەتراپلارغا بېرىپ — كېلىشتە قولايلىق بولۇپ قالغان، تۆلەيدىغان كىرا ھەققىمۇ يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. مومىسى تېنى ساغلام، ئىشتىھاسى راۋانلىقىنى تەكىتلەپ دوختۇرخانىغا بېرىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالدى. «دوختۇر خەققە كۆرۈندۈڭمۇ، بولدى، بىرمۇنچە كېسەل تاپىدۇ، — باھانە كۆرسەتتى ئۇ، — قاپىقىڭنى تەتۈر ئۆرۈپ، تىلىڭنى چىقارتىپ، چىشلىرىڭنى ساناپ بېقىپلا بولدى قىلمايدۇ ئۇلار. قېنىڭنى تەكشۈرىمىز، بېسىمىنى ئۆلچەيمىزلىرى بار تېخى... شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆيدىن — بۇ ئۆيگە قاترىتىپ ھاردۇرۇپ بىرمۇنچە ئېۋەنلەرنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنداق قىلمىسا باشقىلار ئۇنى دوختۇر دېمەيدىغاد-

ـدەك...» بەھرىنىسامۇ ئۇنى ـ بۇنى مىسال كەلتۈرۈپ، قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنىڭ زىيىنى يوقلۇقىنى تەكىتلەپ، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇپ قايىل قىلىپ، موتوسىكلىت تاكسى بىلەن يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. نەتىجە موماي دېگەندەك چىقتى:

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاز ـ تولا تۆۋەنلەپتۇ، ئاڭلاش سېزىمىمۇ چېكىنىش ئۈستىدە ئىكەن، ئۆتنىڭ خىزمىتى ناچارلاپ، قان قويۇلۇشقا، بېسىمى تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىپتۇ. بۇ ئېۋەنلەرنىڭ تولىراقى موماينىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەتەرلىكمۇ ئەمەس ئىكەن. دوختۇر دىققەت قىلىدىغان، پەرھىز تۇتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا بىرھازا سۆزلىگەندىن كېيىن، قان قويۇلۇش ۋە قان بېسىمى تۆۋەنلەشكە سەل قارىماسلىقنى تاپىلىدى. رېتسېپ قەغىزىگە دوختۇرلار بىلەن دورىگەرلەرلا چۈشىنىدىغان ئۈچ قۇر خەتنى يېزىپ بەھرىنىساغا تۇتقۇزۇپ:

— ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئىچۈرۈڭلار، قالدى گەپلەرنى دورىگەر چۈشەندۈرىدۇ، دورا تۈگىگەندە ئەكېلىڭ، يەنە بىر تەكشۈرۈپ باقارمەن، — دەپ ئۇزاتتى.

سىرتقا چىققاندىن كېيىن، موماي دورىلارنى سېتىۋېلىشقا زادىلا ئۇنىمىدى.

— نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇ بىرمۇنچە ئىش قىلدى، بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ۋالاقلىدى. شۇنىڭغا لايىق پۇل تېپىۋېلىش ئۈچۈن دورا ساتماي نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — موماي كارىدوردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىچە، ھەممىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ئەگەر سەن راستىنلا كېسەل بولۇپ قېلىپ كۆرۈنگىلى كەلگىنە، باشقىچە گەپلەرنى ئاڭلايسەن، يەنى مانچە مىڭ كوي پۇل تاپشۇرۇڭ، ئاندىن داۋالايمىز.... ھازىرقىدەك، قېنى، مۇنۇ، مۇنۇ دورىنى يەپ ـ ئىچىپ كۆرۈپ بېقىڭ... دەيدىغان سىلىق ـ سىلىكەت گەپلەر ساڭا

تازا لازىم ۋاقىتتا چىقمايدۇ بۇ خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن ...

بەھرىنىسا ئاشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يوقمۇ ئەمەسلىكىنى، ئۇنى تۈزىتىش – تۈگىتىش چارىلىرى قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەي، دېدى – يۇ، ئورۇنىنىڭ مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئاڭغىچە مومايمۇ دوختۇرخانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولدى.

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن قايتىشتى. يول ھېلىقى رېستوران ئالدىدىن ئۆتەتتى. بەھرىنىسا كەلگىچە ئۇ رېستوراندىن كۆزىنى قاچۇرغانىدى. ئەمما، كۆزدىن قاچۇرغان بىلەن كۆڭۈلدىن قاچۇرغىلى بولمايدىغانلىقىمۇ مەلۇم بولدى. ئۇ بىر پاجىئە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، نازۇك، نەپىس بۆلىكىنى يىرتىپ ئېلىۋالغان، سۇندۇرۇپ ئېلىۋالغان، كېسىپ ئېلىۋالغان مۇدھىشلىك ئىدى. ئۇ بۇ مۇدھىشلىكتىن ئۆزىنى بەش يىلغا يېقىن قاچۇرۇپمۇ قېچىپ بولالمىغىنىنى تۇيدى. ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆزدىن – كۆڭۈلدىن نېرى قىلالمىغان دەھشەتكە دادىل قاراش، نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ، لەنەتلىنىپ تۇرۇپ قاراش يېنىكرەك بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ چاغدا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەي، تۇيماي ھېسسىياتسىز ، سېزىمسىز ئاشۇنداق ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانى بولغان. بىلىپ تۇرۇپ، ئوتلۇق ھېسسىيات، ماگما كۈچى ۋە كەلكۈن دەھشىتى بىلەن ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئۆتكۈزگەن دەملەرنىڭ شېرىنلىكى ۋە لەززىتى بىر ئۆمۈرگە يېتىپ ئاشىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئاشۇ رېستوران ۋەھشىيلىكى يۈز بەرمىگەن، شۇ ۋاقىت ـــ ئۇنىڭدا ئەينى چاغدا ۋاقىت سېزىمىمۇ يوق ئەمەسمىدى ـــ كېيىن ئىسكەندەر كامىلغا قوشۇپ بېرىلگەن بولسا، شېرىنلىك، لەززەت، ھۇزۇر....لارنىڭ ھەممىسىنى، ئىدپادىلەشكە تىل ئىجاد قىلىنمىغان يەنە باشقا مەۋھۇملۇقلارنى قوشۇپ پەيزىنى سۈرسە، بۇلارنىڭ ھالاۋىتى ئۇن ئۆمۈرگە يېتىپ ئاشارمىدى؟ بۇلارنى نېمە دەپ ئاتاش توغرىسىدا ئەجدادلارنىڭ باش قاتۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەكس ھالدا «لەيلى – مەجنۇن»، «پەرھاد – شېرىن»،

«غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» .... لەر ئىجاد قىلىنمىغان بولار ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قوشۇلغان ئاشۇ قىسقا دەملىرىنى نېمە دەپ ئا ـ تاشنى باش قاتۇرۇپمۇ ھەل قىلالمىغان، ھەل قىلغان بولسا، ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىگە ئېرىشكەن پەيتتە جان تەسلىم قىلىـ ـدىغان ئىجادىيەتنى ئىنسانلار قوبۇلىغا تاشلاپ بەرمىگەن بولار ئىدى. ئۇ دەل مۇشۇ ماۋزۇدا ئىسكەندەر كامىل بىلەن تەپسىلىيرەك مۇڭدىشىپ باقمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ كۈلۈپ قويدى. «قېلىن دېسىمۇ دېسۇن، ھېلىقى دەملەرنى — نېمە دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى سورايمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن تاپالمىدىم، سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورايمەن. ئۇنىڭمۇ تايىنلىق يوق. ئۇنداقتا ئىككىمىز بىر يېڭى سۆز ئىجاد قىلايلى، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان بولسۇن، دەپ تەكلىپ بەرسەم نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەر...؟ سېغىنىپ كېتىپتۇ، دەر شۇ. ئۇنىڭغا سېغىنىپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدۇرۇش ـ نىڭ ئۆزىمۇ بىر راھەتتە!»

يول رېستوران بوسۇغىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچكە، ئۇنىڭغا قا ـ رىماي ئۆتكىلىمۇ بولمايتتى. يول بەھرىنىسا بۇ يېزىدىن كەتكەن ـ دىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ياسالغان، ئاسفالىتلانغانىدى. بۇرۇن ـ قىدىن بىر ـ ئىككى مېتىرچە كېڭەيتىلىپ، ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئارىلىققا بىر تۈپتىن چىنار كۆچىتى تىكىلگەن. كۆچەتلەر ئوبدان ئاينىغان، ئەمما، سايە تاشلىغۇدەك چوڭلۇقتا ئەمەستەك تۇراتتى. ھېلىقى رېستوراننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرسى تۆت، يەنە بىرسى بەش قەۋەتلىك ئىككى بىنا سېلىنغان. بۇ بىنالارنىڭ ئاستىنقى بىر قەۋىتى دۇكان ـ ماگىزىن، ئىككىنچى قەۋەتتىن باشلاپ ئول ـ تۇراق ئۆيلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. يول تەرەپكە قاراپ ئېچىلىدىغان دېرىزىلەرنىڭ تولىسىنىڭ تەكچىلىرىدە چوڭ ـ كى ـ چىك گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان، بەزى دېرىزىلەرنىڭ سىرتىغا يۇيۇلغان كىرلەر يېيىپ قويۇلغانىدى. ھازىر تېخى قىش پەسلى

بولغاچقا، گۈلى قۇرىغان تەشتەكلەرمۇ سەت كۆرۈنەتتى. ئاشۇ كورۈنۈشلەر ئىچىدە ھېلىقى رېستوران بىچارە، غېرىبخانە بولۇپ ئايرىلىپ تۇراتتى. ئىككى قەۋەتلىك بۇ رېستوران ئەسلىي سىرتى سېرىق بويالغان، ھازىرمۇ شۇ سېرىقلىقى بىلەن ئىككى چەت ۋە ئۇدۇلدىكى بىنالار بىلەن پەرقلىق بولۇپ تۇرسىمۇ، ھېچقانداق ئالاھىدە بىلىنمەيتتى. توپا ـ چاڭ قونغان تاملىرىنى يامغۇر ۋە شامال يالاپ چوڭ ـ كىچىك يول ـ يول ئېرىقچىلارنى پەيدا قىلغان، دېرىزىلەرنىڭ خىلى كۆپ كۆزنەكلىرىنىڭ ئەينەكلىرى چېقىلغان، ساقلىرىمۇ توپا ـ چاڭ دەستىدىن غەلىتە تۇسكە كىرىپ، بۇ بىنانىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تاشلاندۇق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «چېقمۇۋەتسىچۇ كاشكى... ، ـــ ئويلىدى بەھرىنىسا ئىچىدە، ـــ ئۆرۈلۈپ كەتمىگەندىمۇ، ئوت كەتمىگىنى غەلىتە ئىش. ئادەملەرنىڭ رەزىل، ئىپلاس، كۆڭلى قارىسى ئىگىسىگە ئوخشاش مۇشۇنداق كۆرۈمسىزلىكى، نەپرەتلىكلىكى بىلەن يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىچە يۈزگە چىققان يىرىڭلىق ياردەك چوقچىيىپ تۇرار....؟ »

رېستوران كۆرۈنمەي قالدى. ئۇلار باشقا بىر يولغا ئەگىپ كەتكەندى. شۇ چاغدا بەھرىنىسانىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى يادىغا توساتتىن ئاشۇ رېستوراندا بىللە قاچا ـ قۇچا يۇيغان ئازادىخان موماي كېلىپ قالدى. ھېلىقى پاجىئە يۈز بەرگەندىن تارتىپ، كېيىن بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇ مومايىنىڭ «ھەزەر ئەيلەڭ قىزىم، ئاپىسىدەك تۇرغان ماڭىمۇ ئېسىلىپ باققان نائەھلى ئۇ.... » دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش سۆزىنى تېنى شۈركىنىپ تۇرۇپ ئەسلىگەن. ئەمما، ئۆزىنى زادى كۆرمىگەندى. ئۇ چاغلاردا مومايىنى ئىزدەش رېستورانغا بېرىش بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. مومايىنىڭ تۇرالغۇسىنى بولسا بىلمەيتتى. كېيىنچە شۇنچە ماجىرالار بولۇپ ئۆتتى. موماي قانداق قىلىدىكىن؟ نەگە بېرىپ ـ نەلەردە تۇرىدىكىن؟...

ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندە ئۇنى ئىزدەشنىڭ ئۆزى بىر مۇشكۇل ئىش. ئەگەر مۇشۇ كۇنلەرگىچە ياشىغانلا بولسا، تۇرۇشلۇق ئورنى-دىن خەۋەر بەرسە، يوقلاپ - ھال سوراپ قويسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە ؟ بۇنىڭغىمۇ بىر ئۇھ تارتىشتىن باشقا ئامال يوق !

بەھرىنىسانىڭ يۇرتىدىكى ئىشلىرىمۇ تۈگىگەنگە ھېساب بول-دى. كۆرۈشىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن، مۇئەللىملىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالدى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كېتىپ پۈتكۈزۈپ ئىشلەۋاتقانلار ئىچىدىكى بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن، تېخى ئىش تاپالماي يۈرگەن ۋە ئۆز ۋاقتىدا ھەر خىل سە-ۋەبلەر بىلەن ئوقۇشقا بارالماي قالغان بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن-مۇ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىۋالدى. ئۇ ئۆز تەسىراتى بويىچە بۇ سەپەر-رىنى ئوڭۇشلۇق بولدى، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، كۆڭلىنىڭ چوڭ-قۇر يەرلىرىدە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان غەشلىكمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەر كەلتۈرگەن تەسىراتمۇ ياكى ئىس-كەندەر كامىل بىلەن ئاز مۇددەتلىك بولسىمۇ ئايرىلىپ تۇرۇشتىن پەيدا بولغان ھىجران دەردىمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ تازا ئېنىق ئايرىيال-مايتتى.

ئۇ ھازىرمۇ ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۇندە ئاز بولغاندىمۇ بىر قېتىم يانفونلىشىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىت-لىرىنى پەملەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يانفون نومۇرىنى بېسىپ قويۇۋېتەتتى. ئىسكەندەر كامىل شۇئان تېلېفون قايتۇراتتى، دېيىشىدىغان گەپ تۇ-نۇگۇنكى بىلەن ئوخشاش، يېڭىلىق يوق ئىدى، بىراق، ئادەتكە ئايلى-نىپ قالغان بۇ قىلىق بولۇپمۇ بەھرىنىسانى ئولتۇرغۇزمايتتى. سۆز-لىشىدىغان تېما تېپىلمىسا، نېمە ئىش قىلغان، نەگە بارغان، قايسى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكلىرىنى تەكرارلاپمۇ قوياتتى. ئۇزاق ۋاقىت سىرىپ بولىدىغان سۆزلىشىش مەزمۇنى كۆرگەن چۈشى بولاتتى. بەزىدە كۆرمىگەن چۈشلەرنى توقۇپ سۆزلەپ ئوبدان تەپسىر ئاڭلايتتى ۋە

ئىسكەندەر كامىلنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالغىنىدىن مەم-نۇن بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

شۇنداق قىلىپ بەھرىنىسا ئۇرۇمچىگە قايتتى. قايتىشىنىڭ سەۋەبى بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈگىگەنلىكىلا ئەمەس، ئىسكەندەر كامىلنى بەكلا سېغىنغان، كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەنىدى، مۇشۇنىڭغا ئۇدۇللاپ ئىسكەندەر كامىلمۇ ئۇنىڭ قايتىشىنى تەلەپ قىلىپ قالدى. بۇنداق تەلەپ قىلىش كۆرگۈسى كېلىش، سېغىنىپ كېتىشتىن باشقا، ئۇنىڭ كاماندىروپكىغا ئەۋەتىلىشى، يولغا چىقىپ قالسا، ئىككىيلەننىڭ كۆرۈشمىكى يېرىم يىلدىن كېيىنگە قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، دەپ چۈشەندۈرۈلدى. بەھرىنىسا تەتىل ۋاقتى توشمايلا مېكتىنى «مەكتەپ چاقىرتىپتۇ» غا دۆڭگەپ يولغا چىقتى.

ئاپتوبۇس ئۇرۇمچىگە كېچە ــ كۈندۈز مېڭىپ ئىككى كۈندۈز، بىر كېچە ئۆتكەندە يېتىپ باردى. بۇ كېچىكىش ئىدى. كورلىدىن قارا شەھەرگە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئېرىمىگەن قارلار، ئېرىگەن يول بۆلەكلىرىدىكى قار ــ مۇزلار سۈرئەتنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بەھرىنىسانى رەللە قىلغىنى سۈرئەتلا ئەمەس، يانفوندىن «چاتاق» چىقتى، ئۇنىڭ چاقىرىشلىرىغا ئىسكەندەر كامىل جاۋاب بەرمىدى. ئۇمۇ بەلكىم ئوخشاش ھېسسىياتتا بەھرىنىساغا تېلېفون بەرگەن بولغىيدى، بۇنىڭ تېلېفونى قوبۇل قىلمىغان، توغرىراقى، قوبۇل قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىر ئۇ بىللە ماڭغان ھەمراھلىرىدىن بىرىنىڭ يانفونى بىلەن ئىسكەندەر كامىلنى چاقىرتىپ باقتى. كەلگەن جاۋاب غەلىتە: « سىز چاقىر-غان ئابونچى بىزنىڭ مۇلازىمەت دائىرىمىزدە ئەمەس» بولۇپ چىقتى.

— تېلېفون ئىشلەتكۈچى ئۇرۇمچىدىن يىراقتا، يانفون سىگنال-لىرىنى قوبۇل قىلالمايدىغان چەت ــ ياقا جايلارغا كەتكەن بولۇشى

مۇمكىن، ــ دەپ پەرەز قىلىشىپ بەردى يانفونىنى بېرىپ تۇرغان قىز، ــ يولغا چىققىنىڭىزنى، يولغا چىقىدىغان ۋاقتىنى بىلەم-تى؟

ــ بىلەتتى، ــ جاۋاب بەردى بەھرىنىسا يىغا تۇتقان ھالدا، ــ بىلەت ئېلىپ بولۇپلا خەۋەر قىلغان، ئۇ ئالدىمغا چىقماقچى بولغان...

قىز ھەمراھى چوڭ ياشلىق ئاياللاردەك تەسەللى بەردى:

ــ ئىدارىلاردا تۇيۇقسىز، كۈتمىگەن ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھېچقىسى يوق. ئۈرۈمچىگە چۈشكەندىن كېيىن، دادام مېنى ئالغىلى چىقىدۇ، ئۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن سىزنى ئا-پىرىپ قويايلى، غەم قىلماڭ....

بەھرىنىسا «رەھمەت»تىن باشقا گەپ قىلمىدى. ئىچىدە بولسا: «نەگە ئاپىرىپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىدارىسى مېنى ئۇنىڭ ئادىمى بول-غانلىقىم ئۈچۈن تونۇيدۇ. ئۇ بولمىغان شارائىتتا دەرۋازا ئېچىپ بېرىدىغان ئادەم چىقامدۇ تېخى ... »دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى.

ئاپتوبۇس ئۈرۈمچىنىڭ ئۈچتاش جەنۇبىي شەھەر يولوچىلار بېكىتىگە كەلگەندە تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ يېرىم بولغانىدى. راس-تىنى ئېيتقاندا، بەھرىنىسا ئالدىغا ئادەم چىقماسلىقتىن، كېچىدە بىرەر ياتاققا ئورۇنلىشالماسلىقىدىن غەم قىلغىنى يوق. ئۈرۈمچى-دەك كاتتا شەھەرنىڭ كېچىسى بىلەن كۈندۈزى پەرقسىز بولۇپ كەتكەن. كۈندۈزى تېپىلغان مېھمانخانا، ئاشپۇزۇللار كېچىسىمۇ مۇلازىمەت قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولغىنى ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلىقى ئىدى.

ــ بەھرىنىسا، مەن بۇ يەردە ، ــ تۇيۇقسىز ئاڭلانغان چاقى-رىشتىن چۆچۈگەن ھەم ھەيران بولغان بەھرىنىسا يولوچىلار نۆۋەت بىلەن چىقىدىغان ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە قىستىلىپ، قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتاقدىشى ناسىر قۇت-يارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تەستە قولغا ئالدى، خۇشال بولدى ۋە بىر

خىل خاتىرجەملىك چىرايىغا تەپچىپ چىقتى. بۇمۇ ناسىر قۇتيار نىڭ ئالدىغا چىققانلىقىدىن ئەمەس، ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۇنى ئۆز ئورنىدا كۈتۈۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىدىن، ئەمدى ئۇ ئارقىلىق ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالايدىغانلىقىدىن ئىدى.

يانفونىنى بېرىپ تۇرغان قىز ھەمراھىنى، ھەمراھىنىڭ ئالدىغا چىققان يىگىتنى، ئىككىسىنىڭ خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن قول يۇلاشقىنىپ كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولدى بولغاي، بەھرىنىسا بىلەن قول ئىشارىسى ئارقىلىق خوشلىشىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى.

ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ قانداق سۆزگە موھتاجلىقىنى بىلمىدىغاندەك:

— ئىسكەندەر كامىل بارىكۆلگە كېتىپ قالدى، — دەپ ئاۋۋال زۆرۈر خەۋەرنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ تاپىلىغىنىنى يەتكۈزدى، — ئۇ سىزنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىڭىزنى، قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ چىقىپ كۈتۈۋېلىشىمنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشۇمنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا كېتىپ قالدى. ئاز بولغاندا 20 كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇدەك....

بەھرىنىسا ئۇنىڭ باشقا گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. دېمەك، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا قايتىشتىن ئىلگىرى ئىسكەندەر كامىل بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدى دېگەن گەپ...

ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغىنى شۇلا ئەمەس، ئىسكەندەر كامىل ناسىر قۇتيارغا دېگەنلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە دېمەيدۇ، قولىدىكى تېلېفون مۇشۇنداق چاغدا ئىشلىمەي قالغىنى قانداق گەپ؟

ناسىر قۇتيار ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىدىغاندەك، دەل ئاشۇ يانفون ئۈستىدە ئىزاھات بەردى.

— باركۆلگە بىرىش تۈيۈقسىز قارار قىلىنغان ئىش بولۇپ، بىيجىڭدىن — دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن باشلىقلارغا ھەمراھ، ئاساسەن تەرجىمانلىق قىلىدىغان گەپ ئىكەن، بۇ ۋاقىت ئېھتىمال سىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس قوزغالغان پەيتكە توغرا كېلىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭ تېلېفونىغا «سىزگە لازىملىق تېلېفون نومۇرى بىزنىڭ مۇلازىمەت دائىرىمىزدە ئەمەس»تىن باشقا سىگنال قايتمىدى. بۇنىڭغا مەن گۇۋاھ، ئۇ ئامالسىز كېتىپ قالغىلى ئىككى كۈن بولدى، تېخىچە سەپەر ئۈستىدە بولسا كېرەك، ئەمدى بىزنىڭ تېلېفونىمىزغا ئاشۇنىڭدىن باشقا سىگنال كىرمەيدۇ...

ئۇنىڭ گەپلىرى ئىشەنچلىك تۇيۇلدى. بەھرىنىسا بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى يولدا كېلىۋاتقىچە سىناپ باققان ئەمەسمىدى؟ شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ غەشلىكى تازا ئۆڭشىلالمىدى، ناسىر قۇتيار ئەمدى باشقىچە مەزمۇندا سورىدى:

— ئاۋۋال ياتاقتا ئورۇنلىشامسىز ياكى تاماق يەۋالامسىز؟

بەھرىنىسا تېزلا جاۋاب بەردى:

— تاماق يەيلى، بىز بۇگۇردە تاماق يېگەنچە...

ئۇلار بېكەتتىن چىقتى، بېكەتنىڭ سىرتى ئىچىدىنمۇ ئاۋات ئىدى. كىملەردۇر كىملەرنى چاقىرىپ ۋارقىرايتتى. ئادەملەر ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرىۋالغان سېتىقچىلار نانلىرىنى، تەييار سۇلىرىنى، پىششىق تۇخۇملىرىنى، ئۆكلەپ پىشۇرۇلغان قوي، ئۆچكىلەرنىڭ پاچاقلىرىنى، كىچىك بالىلارنىڭ پوسما، زاكا، كىيىم — كېچەكلىرىنى... ماختاپ توۋلاپ يۈرۈشەتتى. كىملەرنىڭ بېكەتكە كىرىدىغىنىنى، كىملەرنىڭ چىقىدىغىنىنى ئايرىۋالغىلىمۇ بولمايتتى، ھەممە يەردە ئادەم، ھەممە يەردىكى ئادەملەر قىستايتتى، قىستىلاتتى. بېكەت ئۆيلەرنىڭ پېشايۋىنى ۋە تۈۋرۈكلەرگە ئورنىتىلغان يۇقىرى قۇۋۋەتلىك لامپۇچكىلارنىڭ نۇرى بۇ تىنىم تاپماس

ئالىمان ئۈستىدە ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغاندەك تەسىر قالدۇ-
راتتى. ئادەملەرنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ھورلار نا-
ھايىتى كۆپ، قويۇق بولسىمۇ، ئاشۇ نۇرلار دائىرىسىدە يوقىلىپ
كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.
بېكەتنىڭ سىرتى ناھايىتى سوغۇق ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئادەملەر
جىق بولسىمۇ، بېكەت زالى ۋە سەيناسىدىكىدەك تىقما - تىقما ئە-
مەس، ئارىلىقلاردىن يانداپ، سىڭايان بولۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولات-
تى. بۇ يەردە كىشىنى بىزار قىلىدىغان سېتىقچىلاردىن جىقراق
كىراكەشلەر يول توسۇپ مېڭىشقا كاشىلا قىلاتتى. «قارا تاكسى»
شوپۇرلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرىمۇ قۇلاق پەردىلىرىنى زىڭىلدىتىۋ-
ېتەتتى.
— نېمە يېڭىڭىز بار؟ — ئادەمسىز بوشلۇققا چىققاندىن كېي-
ىن سورىدى ناسىر قۇتيار. ئۇ بەھرىنىسانىڭ سومكىسىنى كۆتۈ-
رۈۋالغاچقا، يولۇچى ئۇ، بەھرىنىسا ئۇزاتقۇچى ياكى قارشى ئالغۇ-
چىغا ئوخشاپ قالغانىدى.
— سۆيۈق - سەلەڭ بىرنېمە ئىچەيلىچۇ؟ — دېدى بەھرىنىسا
توڭلاۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
كۆزلىرى ئاللىقاچان يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى يالتـ- يۇلت
يېنىپ تۇرغان كېچىلىك ۋىۋىسكىلارنىڭ قايسىبىرى ئاشپۇزۇل
ئىكەنلىكىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشكەنىدى...
يەنىلا ناسىر قۇتيار باشلاپ ماڭدى. ئۇلار جەنۇب ھايۋانات باغچى-
سى ئۇدۇلىدىكى بىرىنچى قەۋەت تۇرالغۇ ئۆينى ئاشخانا قىلىپ ئې-
چىۋالغان بىر تۇڭگان ئاشپۇزۇلىغا كىردى. يول يۈزى بىلەن ئاشپۇ-
زۇل ئىشىكىنى بەش - ئالتە باسقۇچلۇق پەلەمپەي تۇتاشتۇرۇپ تۇ-
راتتى. ئاشۇ پەلەمپەيدىن چىققىچە ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ ئالد-
قانلىرىنى بېغىش بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋالدى. ناسىر قۇتيارنىڭ قولى
شۇ قەدەر ئىسسىق ئىدىكى، بەھرىنىسا توڭلىغان قولىنىڭ ئىختىيا-

رىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتتى. ئۇ بارماقلار ئارقىلىق تارقىلىۋاتقان ئىللىق ئېقىمنى پۈتۈن بەدىنى ئارقىلىق سەزمەكتە ئىدى. ئەمما، بۇ سېزىم ئاشپۇزۇل ئىشىكىدىن كىرگىچىلىكلا داۋام قىلدى. بەھرىنىسا چۆچۈپ ئۆزىنى قولغا ئالدى ۋە ناسىر قۇتيارنىڭ يەنىلا تۇتۇپ تۇرغۇسى بار ئالىقانلىرى ئارىسىدىن قولىنى تارتىۋالدى.

ئاشپۇزۇل چوڭ ئەمەس، سەككىز- ئون خېرىدار سىغقۇدەكلا ئىدى. شۇ تاپتا خېرىدارسىز، ئاشپەز بىلەن مۇلازىم تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىككى خېرىدارنىڭ كىرگىنىدىن، سۇيۇقئاش بۇيرۇتقىنىدىن خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى. دېمىسىمۇ ئىككى خېرىدار ئۈچۈن ئون خېرىدارغا لايىق خىزمەت قىلىدىغان گەپ، ئىككى قاچا سۇيۇقئاش ئۈچۈن قازان قاينىتىشقا، چۆپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. خېرىدار كۆپ بولسىمۇ ئوخشاش ھەردكەت، لېكىن ئوقەت ـ تىجارەتتە شەرت قويغىلى بولمايدۇ ـ دە!

— يولدا ئۇچراتقان قىزىقچىلىقلارنى سۆزلىگەچ ئولتۇرامسىز؟ — دېدى ناسىر قۇتيار ئىككىيلەن بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە قارىمۇ- قارشى ئولتۇرغاندىن كېيىن. ئۇ بەھرىنىسانىڭ توڭلىغىنىنى سېزىپ، ئەتەي مۇشۇ ئۈستەلنى تاللىغان، بەھرىنىسانى تامدىكى پار تۇرۇبىسىغا يېقىن ئولتۇرغۇزغانىدى، — ئۇزۇن يوللۇق سەپەر زېرىكىشلىك، لېكىن ھەر قىسما گەپ ـ سۆز ۋە ئىشلارمۇ يولۇقۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېرىكىشمۇ ئۇنتۇلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

خېلى ئىسسىپ، پۇت ـ قوللىرى، دۈمبە ـ ئېغىزمانلىرى چىم ـ چىم تەرلەشكە باشلىغان بەھرىنىسا كۆڭۈلسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بايىقىدىن ئېچىلىپ قالغان ئىدى.

— بىزنىڭ ئاپتوبۇسقا قىزىقچىلىق ئەمەس، خاپىچىلىقلار قاچىلانغانىكەن. تالا سوغۇق، ئاپتوبۇس ئىچى ئىسسىق، ئۆششاق بالىلار كۆپ، يىغا ـ زار جىق، ھەر خىل پۇراقلارنىڭ قوشۇلمىسى-

-دىن كۆڭۈل ئاينىيدۇ. ياتاقلىق ئاپتوبۇسنىڭ تېزلىكىغۇ تېز ئى-
كەن، بىراق دەم ئېلىش ناھايىتى تەس ئىكەن.

— يولدا توختاپ مېڭىش كېرەككۇ؟

— توختاپ دەم ئالىدىغان بېكەتلىرى بولىدىكەن. بۇنى ئاپتو-
نوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى بەلگىلەپ بېرىپتىمىش. بەلگىلەن-
مىگەن بېكەتلەردە توختىسا جەرىمانە تۆلەش جازاسىغا ئۇچرار-
مىش.

— بەلكىم بۇمۇ توغرىدۇ، — قوشۇلدى ناسىر قۇتيار، — ھازىر
يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار تۇتاشتۇرۇلۇۋېتىپتۇ. بۇنداق
يوللاردا تېزلىككە كاپالەتلىك قىلىنمىسا قاتناش راۋانلىقى تە-
سىرگە ئۇچرايدۇ، دەيدىغان گەپ بار....

— قىزىق ئىش دېگىلى بولماس، — دېدى بەھرىنىسا قانداق-
تۇر بىر ئىشنى يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ پېشانىسىنى پۈرۈپ،
— غەلىتە ئىش قاتارىدا سۆزلەپ بەرسەم ئاڭلىغۇڭىز كېلەرمۇ؟

— قېنى، قېنى، — ئاكتىپ ئۇن قوشتى ناسىر قۇتيار، — تاماق
تەييار بولغىچە سۆزلىگەچ ئولتۇرۇڭ. بايىلا شۇنداق دېمەپمىدىم...؟

بەھرىنىسانىڭ سۆزلىگەن «غەلىتە ئىشى»مۇ «غەلىتە» بولماي،
ئۇزاق يوللاردا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان، ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلى-
دىغان ئىشلاردىن بىرى بولۇپ چىقتى:

ئاپتوبۇس بوگۇر ناھىيەسى تەۋەسىگە كىرگەندە كۆز باغلانغۇدەك
قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. شوپۇر ئاپتوبۇسنى قاتناش بېكىتىدە، ناھىيە
بازىرى ئەتراپىدىمۇ ئەمەس، ناھىيەدىن چىقىپ كورلا تەرەپكە بارىدى-
غان تاشيولدا يىگىرمە كىلومېتىرچە مېڭىپ، بىر خۇسۇسىي ئاشخانا
ئالدىدا توختاتتى. ئاشخانا خۇسۇسىنىڭ بولغىنى بىلەن، كۆركەم —
ياسىداقلىقى بىلەن ئەتراپىدىكى ئاشخانىلاردىن ھەشەمەتلىك ئىدى.
ئىچى — تېشىغا ئېسىلغان لامپۇچكىلىرى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يو-
رۇتۇۋەتكەنىدى. ئاپتوبۇستىن چۈشكەنلەرنىڭ يېرىمى ئىزا — پى-

ـزانى قويۇپ، ئىشتانىبىغىنى كۆتـۈرگىنىچە يورۇق چۈشـمەيدىغـان ياكى چالىراق چۈشىدىغان دالدىلارغا ئـۆزىنى ئېتىشتـى، يېرىمـى ئاشخانا ئىچىگە ئۆزىنى ئۇرۇشتى. ئاشخانا مۇلازىملىرى تەمىنلـەيـ ـدىغان تاماقلارنى ئېلان قىلغاندا «سۈيۈقئاش بۇيرۇتقانلارغا بىر زىخ كاۋاپ قوشۇپ بېرىلىدۇ...» دەپ توۋلاشتى. يولۇچىلارنىڭ كۆپى، شۇ جۈملىدىن بەھرىنىسا ۋە ئۇنىڭغا يانفونىنى بېرىپ تۇرغان ھېـ ـلىقى قىز ھەمراھى بۇ «ئامەت»تىن پايدىلىنىپ قېلىشنى كـۆزدە تۇتۇپ سۈيۈقئاش بۇيرۇشتى.

سۈيۈقئاش سۈيى قورۇمىسى بىلەن بىللە قايناپ پىشقان، ئـاذـ ـدىن خېمىر تاشلانغان ئاش بولماستىن، لەڭمەننىڭ تولا قايناپ قويۇلۇپ كەتكەن مەنتىڭگە ئۇزۇپ تاشلىغان خېمىر ۋە قاچىلارغـا ئۇسۇلغاندىن كېيىن قورۇپ تەييار قىلىپ قويۇلغان لەڭمەننىڭ كۆكتات قورۇمىسىدىن بىر- ئىككى قوشۇق سېلىنىپ ئىلەشتـۈـ ـرۈلگەن سۈيۈقئاش بولۇپ چىقتى. بىر قاچا سۈيۈقئاشقا بىر زىق كاۋاپ بېرىلدى. بۇ ئاشتا يوق گۆشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشتى كۆپچىلىك. ياخشى پىشۇرۇلمىغانمۇ ياكى ئاشۇنداق پىشمايدىغان گۆشمۇ، ئىششىقلىپ، مىڭ تەسلىكتە يېـ ـيىلگەن كاۋاپ، پۇختا چاينالمىغانلىقتىن، ھېچكىمگە كاۋاپ تەمى بېرەلمىدى. باللار ۋە ياشانغانلار «كاۋاپ پۇرىقى»نى ھىدلىغان بولـ ـدى، گۆشىگە چىشى ئۆتمىگەنلىكتىن تۈكۈرۈۋېتىشتى.

سۈيۈقئاشقا پۇل ھېسابلاشتا «مەسىلە» چىقتى. ئاش ئون كوي، كاۋاپ ئىككى كوي دېيىلگىنىگە يولۇچىلار «كـاۋاپ قوشۇپ بېرىدـ ـلىدىغان بولغان» دەپ قارشى چىقىشتى. ئاشخانا تەرەپمۇ: «قوشۇپ بېرىلىدۇ» دېگەنلىك « بىكارغا ھەدىيە قىلىنىدۇ» دېگەنلىك ئەـ ـمەس. ئاشخانىمىز يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئاچ قالغانلىـ ـرىغا سەدىقە بېرىدىغان خەير ـ ساخاۋەت ئورنى ئەمەس، پۇل تۆلىـ ـيەلمەيدىغانلار« قوشۇپ بەرگەن»نى ئالماسلىقى كېرەك ئىدى، دېـ

يىشتى. بىرمۇنچىلار سىپسىق گەپ جىنىدىن ئۆتۈپ پۇل تۆلەشتى. يەنە بىرمۇنچىلار سانى ئاز كېلىپ، ئەگىشىپ پۇل تۆلەشتى. شۇنداق قىلىپ، ئالدامچى ئاشخانىنىڭ كاززاپ غوجايىنلىرى ئىككى بىسلىق بىر سۆز بىلەن بىرمۇنچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتى.

ـــ شوپۇرلارچۇ؟ ـــ ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى، ـــ شوپۇرلار مەخسۇسخانىدا ھەقسىز يەپ ـ ئىچىپ كېرىلىپ يېتىشقاندۇر تايىنلىق! يولۇچىلارنىڭ ئاشۇنداق پاجىئەسىنى شوپۇرلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ـــ شوپۇرلىرىمىز سىز دېگەندەك ئايرىمخانىغا كىرىۋېلىپ، يولۇچىلار ئۇچچە غەلۋە قىلىشقانغا قەدەر ئولتۇرۇشتى، ـــ تەستىقلىدى بەھرىنىسا كۆڭۈلسىز كۈلۈپ، ـــ يولۇچى دېگەن بەك ياۋاش خەق ئىكەن...

شۇ گەپ ئارىلىقىدا بۇ ئىككىيلەننىڭ سۇيۇقئېشى چىقتى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى ئاۋازسىز ئاشقا تەكلىپ قىلىشىپ چىنىلەرگە ئېگىشتى. ناسىر قۇتيارنىڭ باياتىن دېيىلگەن «غەلىتە» ۋەقەگە بولغان ئاچچىقى پەسەيمىگەن بولسا كېرەك:

ـــ بىر ئاشخانا ئالدىغا بىر قېتىمدىلا قىرىق يولۇچى كەلسە، ـــ دېدى ئۇ ئېشىنى مالتىلىغاچ ئولتۇرۇپ، ـــ ئۇلارنىڭ يېرىمى تاماق يېمەي قالمايدۇ. بىر سوتكىدا ئون ئاپتوبۇس كۈتۈۋالسا، يولۇچىلاردىن قاقتى ـ سوقتىغا چۈشكەن تاپاۋەت بىلەن پومپىيىپ كېتىدۇ نائىنساپلار. ئاشۇ تاپاۋەتنىڭ ئوندىن بىرىنى شوپۇرلارغا يېگۈزىدۇ. شوپۇرلار يېگىدىن ـ يېگى بىچارە يولۇچىلارنى تويماس نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ تۇرىدۇ. ناھايىتى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش....

ـــ سىزمۇ خېلى ئەدىپىگىزنى يەپتىكەنسىز ـ دە بۇ يوللاردا؟ ـــ سورىدى بەھرىنىسا ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرغان ناسىر قۇتيارغا

كۆلۈپ قاراپ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — سەل ئېچىلىپ كۈلدى ناسىر قۇتيار، — بۇ يوللارنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان كىم بار دەيسىز؟

ئۇلار سۆيۈنۈپ-ئاشلىرىنى ئىچىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇچتاش مەسچىتتىن تەرەپتىن بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇرۇمچى ئاسمىنى يەنىلا قاراڭغۇ، كۆل رەڭ تۇمانلىق ئىدى.

— ياتاقتا بارايلىمۇ؟ — سورىدى ناسىر قۇتيار تاماق پۇلىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن بەھرىنىسانىڭ سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىۋاتقىچە. ئۇ يەنىلا بوش بىر قولى بىلەن بەھرىنىسانىڭ بىر قولىنى بېغىشىنى قوشۇپ تۇتۇپ پەلەمپەيگە قەدەم قويدى.

بەھرىنىسا جاۋاب بەرمىدى. جاۋاب بەرمىسىمۇ، ئۇنىڭ ناسىر قۇتيار باشلىغان تەرەپكە ماڭماي ئىلاجى يوق. ئۇنىڭ ئىسكەندەر كاملى ئۇنى كۈتۈۋېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مۇشۇ ناسىر قۇتياردەك دوستىنى بۇيرىغان - دە! قول تۇتۇشۇپ پەلەمپەيدىن چۈشۈش خۇددى مۇشۇ پەلەمپەيدىن چىققان چاغدىكىگە ئوخشاپ قالدى. لېكىن، بەھرىنىسا ئەمدى ئۇنداق سىزىمدىن خالىي ئىدى. ئۇلار يولغا ئاياغ بېسىشى بىلەنلا بەھرىنىسا قولىنى تارتىۋالدى. ناسىر قۇتيار شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، بوشىغان قولى بىلەن تاكسى توسۇشقا كىرىشتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ ئىچىدە رەنجىمىگەندىمۇ، تازا رازى ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى.

ئۇلار يەنە «قارا تاكسى» بىلەن بەھرىنىسا ئۇرۇمچىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياتاققا كېلىشتى. ياتاق خىزمەتچىسى، كۆكۈش كىيىم كىيىۋېلىپ تازىلىق قىلىشقا چۈشكەن ئوتتۇرا ياش، بېلىنىڭ ئاستى تەرىپى قىسقا، مۇلايىم ئايال بەھرىنىسانى كۆرۈپلا تونۇۋالدى. قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىنلا، بىرسى بۇيرىغاندەك ئالدىراپ مېڭىپ بېرىپ:

— ياتىقىڭىز سىز كەتكەن چاغدىكىدەك، ئۆز پېتى، — دېدى كۈلۈپ ئىشىكنى ئېچىۋاتقىچە، — ئىسكەندەر كامىل سىزنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا قايتىپ كېلىدۇ، دەۋاتقان. ھايال بولدىڭىزمۇ قانداق؟

بەھرىنىسا مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقاچ ئىسسىق، پاكىز ياتاققا كىرىپ ئۆزىنى يەڭگىل، ئازادە ھېس قىلدى. ناسىر قۇتيارمۇ ياتاققا بىللە كىرگەنىدى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپ، ئولتۇرغۇزمايلا چىقىپ كېتىشكە زورلاپ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، مېنى دەپ جاپانى بولۇشىغا تارتتىڭىز، سوغۇقتىنمۇ تويۇپ ئاشقۇدەك يەۋالدىڭىز، ئەمدى ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋېلىڭ..، — دېدى زورلىنىپ كۈلۈمسىرەپ.

— بوپتۇ، مەيلى...، — ناسىر قۇتيارنىڭ نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى باردەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئاڭغىچە چايدان كۆتۈرۈپ كىرگەن مۇلازىم ئايالنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ، بوينىنى قىسقىنىچە، — ياخشى ئارام ئېلىڭ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يوقلاپ كىرىمەن...، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

— ئىسكەندەر كامىل بۇ بالىغا سىزنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا تاپىلىغان، — ئۆزىچە گۇۋاھلىق بەردى مۇلازىم ئايال چايداننى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، — ماڭا بىۋاسىتە دەۋەرسىمۇ بولىدىغان ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنىمۇ ئۇنىڭغا مېنىڭ دەرقەمدە تۇرغۇزۇپ تاپىلىدى...

— ئۇ مېنى مۇشۇنداق سوغۇق ھاۋادا بىر كېچە كۈتۈپتۇ. رەھمەت، دېيەلەيمەن ئاران، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بەھرىنىسا، — سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت ئاچا. بىر مېنى دەپ بىر كىشىلىك ئوشۇق ئىشلەيدىغان بولدىڭىز ئەمدى...

قوشنا ياتاقلارنىڭ بىرىدىن مۇلازىم ئايالنى چاقىرغان ئاۋاز

ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ رەھمىتىمۇ ئاخىرلاشقان بولدى. مۇلازىم ئايال ئۆزىنى چاقىرغان تەرەپكە كەتتى.

ئۇ سومكىسىنى كىيىم ئىشكاپىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئىككى كارىۋاتلىق بۇ ياتاقنىڭ بۇرۇن ئۆزى ياتقان كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى. يولدا كېلىۋېتىپ ئۇرۇمچىگە چۈشۈپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم مۇنچىغا چۈشۈش، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ سىرقىراۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇ بەكلا ھارغان ۋە چارچىغانىدى. ياتاقلىق ئاپتوبۇس دېيىلگىنى بىلەن، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتقىلى، ياتمىغاندا قەددىنى رۇسلاپ ئەركىن ئولتۇرغىلى بولمايدىغان كارىۋات ئۇستىدە كىشى بەربىر چارچاش ھېس قىلىپلا كېلەتتى.

ئۇنىڭ دەماللىققا ئۇيقۇسى كەلمىدى. تەۋەككۇل قىلىپ ئىسكەندەر كامىلغا تېلېفون بېرىپ بېقىۋېدى، جاۋاب بۇرۇنقىدەك: «سىز ئىزدىگەن ئابونىچى مۇلازىمەت دائىرىمىزدە ئەمەس» دەپ قايتۇرۇلدى. ئەمدى ئۇ ئىسسىپ بىئارام بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. بېشىدىكى ياغلىقنى، ئۇستىدىكى قىشلىق ماموق چاپىنىنى، ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ، قاتلاقلىق يوتقاننى ياستۇق قىلىپ يېتىپ باقتى، يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. توساتتىن كۆز ئالدىغا ناسىر قۇتيارنىڭ «قول توتۇش» ھەرىكەتلىرى كېلىپ قالدى. «ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى سىيلىغان بولسام قانداق بولار ئىدى؟ ــ خىيال قىلدى ئۇ، ــ ئىككىنچى قەدەمدە ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتىپ يېقىنراق مېڭىشىمنى تەلەپ قىلار ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياتاققا ئەمەس، قانداقتۇر بىر مېھمانخانىنىڭ ياتىقىغا باشلار بولغىيمىدى؟ شۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟.... ئاشۇنداق قىلىشلارنىمۇ ئىسكەندەر كامىل تاپىلىغانمۇ؟ دەپ سورىسام، نېمە دەپ جاۋاب بېرەر بولغىيدى؟ باشتىكى ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ بەرگەن قىزدىن ھېچقانداق كېيىنكى سوئال چىقمايدۇ. چىققان

هالەتتىمۇ يىگىت تەرەپ بۇنى نازلىنىش، غەمزە قىلىش، دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنداق سوئالغا جاۋاب كەتمەيدىغانلىقىنى سۆز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش كەتمەيدۇ....

ھەي ئىسكەندەر كامىل، ئاجايىپ دوستىڭىز بار ئىكەندە سىزنىڭ! سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزىڭىزگىلا ياخشى، كۆڭلىڭىزگىمۇ ۋەكىللىك قىلالايدىغان دوستىڭىزغا تاپشۇرمامدىغان مېنى؟ بۇ دوستىڭىزنىڭ ئەيمىنىپ ـ تارتىنىپ كەتمەيدىغانلىقىغا قارىغاندا، سىزنىڭمۇ تۇتقۇزۇپ قويغان سايىقىڭىز، كۆرسىتىپ قويغان دەزلىرىڭىز بارمىدى ـ يا...؟»

ئۇ ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئويغاقلىق بىلەن ئۇخلىغاننىڭ ئارىسىدا قانچە ۋاقىت ياتقىنىنى بىلمىدى. ياتاق مۇلازىمەتچىسى ئايال يان تەرەپتىن ئېڭىشىپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇخلىيالماپسىز ـ دە؟ — سورىدى ئۇ، — ئادەم كېرىكىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتسىمۇ ئۇخلىيالمايدۇ... ئەمدى تۇرامسىزكىن. ئەتىگەن سىزنى ئەكېلىپ قويغان ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتاقدىشى كېلىپ، نۆۋەتچىلىك ئۆيىدە ساقلاۋاتقىنى نېكەم...؟ ئىسمى كىم ئىدى ئۇنىڭ؟ بىلەتتىم، ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن...، — ئۇ بېشىنى تۇتتى.

بەھرىنىسا تۇرۇپ كەتتى. تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئىسسىق ياتاق، يۇمشاق كۆرپە، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭسىز جىمجىت، تىپتىنچ ياتاقتا يەنە بىر دەم ياتسا ھاردۇقى چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پۇرلەشكەن يوتقاننىڭ چەت ـ بۇرجەكلىرىدىن قىر چىقىرىپ ئەسلىي ھالىغا كەلتۈردى. ئاندىن كارىدورغا چىقىپ سۇخانىغا كىردى. بۇ مېھمان كۇتۇش ئورنىنىڭ سۇخانىسى ئوپچە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ ئۇخلىسۇن ـ ئۇخلىمىسۇن، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇش زۆرۈرىيىتىنى سەزدى. ئەينەككە قاراپ كۆز چۆرىلىرىنىڭ بىلىنەر ـ

بىلىنمەس كۆكەرگىنىنى، كۆز ئاستىنىڭ خالتىلاشقانلىقىنى كۆ-رۈپ، بۇنىڭ قىينىپ ـ تويۇپ ئۇخلىمىغانلىقىنىڭ تەسىرى ئىكەن-لىكىنى بىلسىمۇ، ئىغىر ئۇھ تارتىپ قويىدى. «ئىسكەندەر كامىل مىنى بۇ ھالدا كۆرمىگەي ئىلاھىم....» دىدى ئىچىدە ۋە جۇمەكتىن مۇزدەك سوغۇق سۇ چۇشۇرۇپ كۆز چۆرىسى، مەڭزلىرى ۋە زىنى-قىنى ئۇزاق يۇيۇپ ئىشقىلىدى.

ئۇ سۇخانىدىن چىقىپ ياتىقىغا كىرىۋاتقىچە كارىدورنىڭ كى-رىش ئىشىكىنىڭ ماڭلىيىغا بىكىتىلگەن كىۋارتىس سائەت-نىڭ چۇشتىن كىيىن ئۇچتىن ئاشقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ-رۇمچىگە كەلگىنىگە مانا ھەش ـ پەش دىگۇچە ئون سائەتكە يىقىن ۋاقىت بولغانلىقىنى، شۇ تاپتا نۆۋەتچىنىڭ ئۆيىدە ناسىر قۇتيار-نىڭ ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ياتىقىغا تىز كىردى ۋە ئۆزىنى تۇزەشتۇرگەچ: «بۇ چاغدا نەدە چۇشلۇك تاماق؟ ــ دەپ ئويى-لىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقىمۇ بىلىنمەكتە ئىدى، ــ ناسىر قۇتيار دىگەن بۇ يىگىت ئەزمىسىنى ئىزىپ ئىچىمنى سىقارمۇ؟ ھە دىسە ھۇ دىسەڭ، ھەدىدىن ئاشىدۇ ھەقىچان. نىرى تۇرۇڭ، كۆزۈم-دىن يوقىلىڭ، دىگۇسى كەلمەيدۇ كىشىنىڭ، ئۇرۇمچىدىن كەتمە-سەم بولمىدى...»

ئۇنىڭ كىيىنكى قارارى شۇ تاپتا، مەڭزلىرىگە تىرە يىرىكلە-شىپ يىرىلماسلىقى ئۇچۇن ماي سۇرۇۋاتقىنىدا پەيدا بولدى ۋە بارغانسىرى مۇستەھكەملەنگىلى تۇردى. دىمىسىمۇ، ئىسكەندەر كامىل بولمىسا، يىگىرمە كۇنلەر ئەتراپىدا ساقلاش كىرەك بولسا ــ راستىنلا يىگىرمە كۇندە قايتىپ كەلسە تىخى ــ ئۇنىڭغىچە ئۇ-رۇمچىدە يالغۇز نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ناسىر قۇتيارنى ھەر كۇنى ئا-ۋارە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇنىڭ تەتىل ۋاقتى توشاي دەپ قالدى، ئوقۇش پۇتكۇزىدىغان ئاخىرقى مەۋسۇمدا دەرسلەردە ياخشى، ئوقۇغۇچىلىق ئىنتىزاملىرىغا، ئۇنىۋىرسى-

تېپتىنىڭ قائىدە- نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشتىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى لازىم. شۇنداق بولسا ئىسكەندەر كاملىمۇ خۇش بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ۋاي... شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دەپ كۆ-رۈشتى ئۇ ناسىر قۇتيار بىلەن ئەدەپسىزلىك بولار دېمەي بولۇشىدىغا كېرىلىپ تۇرۇپ، — ئۇزاق ساقلىتىۋەتتىممۇ - ھە....كەچۈ-رۈڭ...

ساقلاۋەرسە چارچىمايدىغان ئادەم بولمايدىغۇ؟ لېكىن، ناسىر قۇتيار چاندۇرماستىن ھىجايدى، ئورنىدىن تۇرۇپ خىتاب بىلەن:

— يولدا چارچاپ كەتكەنلىكىنىڭ تەسىرى...، — دەپ قويدى.

— ھازىر چۈشلۈك تاماق دېگەن گەپ يوق، كەچلىك تاماققا تېخى ئەتىگەن، — دېدى بەھرىنىسا ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن، — پاكىز، ئازادىرەك بىر جايغا باشلاڭ. ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشايلى، كەچلىك تاماق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلايلى، سىز پۇل خەجلىمەڭ، بۈگۈن مەن مېھمان قىلاي....

ناسىر قۇتيار خىرقىراپ كۈلۈپ:

— يۈرتتىن خېلى پۇللۇق بولۇپ قايتقان ئوخشايسىز - دە؟ — دې-دى تەنە قىلغاندەك، — نەگە باشلىشىم، كىمنىڭ پۇل خەجلىشى ئۈستىدە ئېغىز ئاچمايراق تۇرۇڭ. بولمىسا زىيان تارتىپ كەتمەمدىڭ يەنە؟

— مەن زىممەمگە ئالالىغۇدەك بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىد-مەندە ئەلۋەتتە، — بەھرىنىسا چاقچاقلا يۆلەپ راستىنى ئېيتتى، — دەرىجىسى ئالىي ئورۇنغا باشلاپ قويۇپ، تامىقىنىڭ تەمىگە ئە-مەس، نام - شەرىپىگە پۇل ھېسابلايدىغان ساختىپەزلەر ئالدىدا ئوسال قىلمەن، دېسىڭىز ئۇنداق قازانغا ئىشلىتىدىغان چۆمۈچىمۇ بار جۇمۇ؟

— ئاڭلايلى، قانداق چۆمۈچ ئۇ؟

— هازىر ئېيتىپ بەرسەم قىزىقى بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا بىلىپ قالىسىز...

ئۇلار كۈلۈشتى. دېگەن بىلەن بەھرىنىسانىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان ئالاھىدە چارە - تەدبىرىمۇ يوق. ئېيتقانلىرى قۇرۇق چاقچاق گەپلەر بولۇپ، بۇرۇن مەكتەپتە ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشلىرىدا بىر-بىرىگە پوپوزا قىلىپ دېيىلىدىغان گەپلەر ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ھەرقانداق قىلغىنى بىلەنمۇ ناسىر قۇتيارنىڭ ئۆزىگە پۇل خەجلەتمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى.

ناسىر قۇتيارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسكەندەر كامىل بار چاغدا، ئۇ يۇرتقا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۈتۈۋالغان جۇپ - جۇپلەر بۇگۈن كەچقۇرۇن «تۇمارىس»تا ئۇنىڭ يۇرتتىن كېلىشىنى قارشى ئېلىش سورۇنى تۈزمەكچى بولۇشقان، بۇنداق قىلىش بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭغا ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۆرۈمچىدە يوقلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىكەن.

— مەن سىزنى زۇكامداپ ئاران كەپتۇ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ ئەسلىگە كېلىۋالسا ئاندىن ئوينىتارمىز، دەپ قويدۇم، — دېدى ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، — ئالدىنقى قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا مەن سىزنىڭ ئۇنداق سورۇنلارغا بەك قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالدىم - دە! ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىم توغرا بوپتىمۇ؟

— توغرا جاۋاب بېرىپسىز، — قوشۇلدى بەھرىنىسا ۋە ئىچىدە: «ئۆرۈمچىدىن تېز كېتىشىم كېرەك زادى، — دەپ ئويلىدى، — جۇپتۇم تاغلاردا، قىشلاقلاردا يۈرسە، مېنىڭ ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدا ھا، ھا، ھى، ھى...لارغا ئارىلىشىپ يۈرۈشۈممۇ ياخشى ئەمەس. قايتىپ كېتىشكە قوشۇلغان بۇ باھانىنىڭمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ...».

قىشنىڭ بىر سويام كەلگۈدەك قىسقا كۈندۈزى ئاخىرلىشىپ ئۈزۈن قاراڭغۇ كېچىسى باشلاندى. تۇتاش يېنىپ كەتكەن كوچا چىراغلىرى، يوللاردا بەيگىگە چۈشكەندەك ئالدىراپ چېپىشىپ يۈرگەن ئاپتوموبىل چىراغلىرى ئۇرۇمچى كېچىسىنىڭ ماختىنىدىغان ئالاھىدە مەنزىرىسى، چىراغلارنىڭ نۇرىسى كۆزگە كۆرۈنمەس تۇمان. تۇمان بىلەن قاراڭغۇلۇقمۇ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ئۆز ئالدىغا كېچە مەنزىرىسىنى ياراتقان، پۈتۈن بىر قىش پەسلىدە ئۇرۇمچى كېچىلىرى ئاساسەن شۇنداق باشلىنىپ، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. باشقا جايلاردا مۇنداقلا قارىسا كۆرگىلى بولمىدىغان يۇلتۇزلار بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا يوق، گويا ئۇلارمۇ تۇماندىن قېچىپ كۆچۈپ كېتىشكەندەك.

ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانى باشلاپ بىر ئاشپۇزۇلغا ئەكىردى. ئاشپۇزۇلنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ ئىچ ـ تېشى ئوخشاشلا قاپارتما نەقىشلەر چاپلىنىپ بېزەلگەن بولۇپ، قەشقەر بىناكارلىرىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشپۇزۇل ئىككى قەۋەت بولۇپ، پەستىكى قەۋىتىگە خېرىدارلار توشقان، مۇلازىملار ئورۇن ئىزدەپ يۈرگەن ئىككى ـ ئۈچ خېرىدارنى ئولتۇرۇپ بولغانلارنىڭ يېنىغا سىغداپ كىرگۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشەتتى. بىر مۇلازىم ناسىر قۇتيار بىلەن بەھرىنىسانى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا قولاقنى پاڭ قىلىدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ قارشى ئېلىپ:

— يېڭى كىرگەن ئېسىلزادىلەرنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ۋە ھەمراھلىرىدىن بىرلىرىگە بۇيرىدى، — ئاۋۇ ئىككىسىنى قاچۇرۇپ قويماي، كېرىلىپ ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۈستىلىگە نىقتاپ، مىخلاپ بولسىمۇ جايلاشتۇرۇڭلار...

ناسىر قۇتيار ئۇنىڭ گەپلىرىگە ۋە يېتىپ كەلگەن مۇلازىملارنىڭ ھىجىيىشلىرىغا ئېتىبار بەرمەي، بەھرىنىساغا كۆزىنى قد-

ـسىپ قويۇپ، بىر ئادەم ئاران ماڭالايدىغان تارچۇق بىلەن ئۈچ ـ تۆت قەدەمچە مېڭىپ، بولۇڭدىكى تاختاي پەلەمپەيگە قەدەم تاشلىدى. بەھرىنىسا بايا ئۇنىڭ كۆز قىسىشىنى « كەينىمدىن ئەگىشىپ مېڭىڭ» دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا پەلەمپەيگە قەدەم قويدى.

ئىككىنچى قەۋەت باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. ئايرىمخانىلار بولمىسىمۇ، ئىككى كىشىلىك، تۆت كىشىلىك دائىرە ئايرىلغان، دائىرىلەرنى ئادەم ئۆرە تۇرسىمۇ نېرىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان نەقىشلىك، پارقىراپ تۇرىدىغان تاختاي تاملار ئايرىپ تۇراتتى. بۇ ئايرىم دائىرىلەردە پەستىكىدەك: «ئاللا خۇش بولغاي، تاماكا چەكمىسىڭىز» دېگەن ئىلتىماسلار چاپلانمىغان، بەزى دائىرە ئىچىدىكىلەر ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشسا، بەزىلەر سىگايان يېتىپ ئۈزۈن نەيچىلەر بىلەن تاماكا چەكمەكتە ئىدى. بۇ بەھرىنىساغا تۈركىيەنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ياكى ھوللىۋودنىڭ ئەرەبلەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان كىنو فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەتتى. تاماكا ئىسى ماڭىدىغان نەيچىلەر كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كارىدورنىڭ نېرىقى تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان چىلىملەرگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانى ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى كىشىلىك قىلىپ ئايرىلغان دائىرىلەرنىڭ بىرىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار بىرـ بىرىنى ئاران تونۇغىدەك غۇۋا يورۇتۇلغان دائىرىدە بىرـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا تاپ باستۇرۇپ كىرگەن مۇلازىم قولىدىكى تاماق تىزىملىكى تاختىسىنى ناسىر قۇتيارغا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن بەھرىنىساغا ئۇزاتتى. بەھرىنىسا تاماقلارنىڭ تىزىملىكى ۋە باھاسىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تىزىملىكتىكى تاماقلارنى بۇيرۇتۇشقا ئېغىز ئاچالماسلىقنى ھېس قىلىپ، چىرايلىرى تارتىشىپ قالغاندەك يېقىمسىز ھجايدى

www.uyghurkitap.com

ۋە تىزىملىكنى قايتا ناسىر قۇتيارغا ئۇزىتىۋاتقاچ:

— نېمانچە قىممەت؟ — دەۋەتتى.

ناسىر قۇتيار ئېغىز ئاچقىچە ئارىلىقتا مۇلازىم قىز يان تەرەپتىن بەھرىنىساغا شۇنداق بىر نەزەردە قارىدىكى، بۇ مەنىستىمەسلىكتىن بەھرىنىسا تالادىكى سوغۇق ئاستىدا ئولتۇرغاندەك شۈركىنىپ كەتتى ۋە بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ پۇلى ئېشىپ — تېشىپ تۇرىدىغان بەتخەجلەر كىرىپ ئارام ئالىدىغان، تاماق يېمەيدىغان، بەلكى يېگەن تامىقىنى سىڭدۈرىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن ناسىر قۇتيارنىڭ نېمىلەرنى بۇيرۇتقىنىغىمۇ قۇلاق سالمىدى. بۇ جاينىڭ يەنە بىر قائىدىسى تاماقنى بۇيرۇتۇپلا پۇل تۆلەش كېرەك بولسا كېرەك. قىز قايتۇرغان پۇللارنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋاتقان ناسىر قۇتيارنىڭ كۆزى بەھرىنىسانىڭ قارىشىغا دۇچ كېلىپ قالغاندا، ئۇ پەس ئاۋازدا چۈشەندۈردى:

— تالا — تۈزدە ئولتۇرۇپ — قوپۇپ هال — مۇڭ بولغىلى بولمايدۇ. كاتتا رېستورانلارنىڭ ئىككى كىشىلىك خانىلىرى يوق. كۆپ كىشىلىك خانىلارنى ئىككى كىشىلىك هېسابىدا ئىشلەتسىڭىز، ئىجارىسى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق تەتۈر سويىدىغان خىلۋەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىزدەپ كېلىمىز....

ئۇلار ياتاقتىن چىقىش ئالدىدا كەچلىك تاماقنىڭ پۇلىنى كىم تۆلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قىسقا تالاش — تارتىش ئېسىگە چۈشۈپ قالغان بەھرىنىسا بەكلا خىجىل بولدى. شۇ تاپتا ئۇ چانىدۇرماي:

— نېمىلا دېگەن بىلەن مائاشچىلار ئۈچۈن بەكلا قىممەتلىك جاي ئىكەن بۇ...، — دېدى ۋە شۇ تاپتا ئېسىگە كەلگىنى بويىچە سوراپ قويدى، — ئىسكەندەر كامىلمۇ بۇنداق يەرلەرگە كېلىپ تۇرامدۇ؟ بەزىدە بىللە كېلىدىغانسىلەر بەلكىم؟

— ئۇنىڭ ئايرىم ياكى بىزدىن باشقا دوست ـ بۇرادەرلىرى بولسا بىزگە ئۇقتۇرماي كەلگىنىدىن خەۋىرىم يوق، — بەھرىنىسانىڭ سورىغىنىنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ چۈشكەن ناسىر قۇتيار سۆھبەتدىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان جاۋابنى بەردى، — ئۇ بىزنىڭ باردى ـ كەلدى ئۇلپەتلەر ئارىسىدا «تېجەشلىك» دەپ نامى بار پىخسىقراق ئاغىنىمىز، — ئۇ بەھرىنىساغا ئەگىشىپ كۈلۈپ قويۇدى، — ئۆزۈمگە كەلسەم، بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشىم، بىرىنچى قېتىملىقى يازدا يۈز بەرگەن، ئۇ چاغدا قازاقىستانغا ماموق چاپان ئاپىرىپ سېتىپ باي بولغان بىر يۇرتلۇق ساۋاقدىشىم باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇ چاغدا باھا ئەمەس، راھەتلىنىش ئۇستىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، زامانىۋىلىشىشنىڭ ئەمەلىيىتى، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆرۈنمىسى بىزگىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدىم....

تاماقنىڭ كېلىشى بىلەن گەپ ئۈزۈلدى. تاماق ئىككى چىنە لەڭمەن، ھەر بىرەيلەنگە ئۈچتىن ئالتە زىخ كاۋاپ، ئىككى ئىستاكان لىمون سۈيى، ئوتتۇرا ئىستاكان ئاق ھاراق ئىدى. لەڭمەن ئىككى چىنىگە سۈزۈلگەن بىلەن ھەر چىنىسى بىر پىيالە كېلەتتى. بەھرىنىسا تاماق تىزىملىكىگە كۆز يۈگۈرتكەندىلا لەڭمەن باھاسىنىڭ 30 يۈەن، كاۋاپنىڭ بىر زىخىنىڭ 12 يۈەن ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغاندى. ئۇ ھازىر ئۇستەل ئۈستىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى مۆلچەرلىيەلمىدى. چۈنكى، لىمون سۈيىنىڭ، ھاراقنىڭ باھاسىنى بىلمەيتتى.

— قېنى، تاماققا قاراڭ، — ناسىر قۇتيارمۇ لەڭمەننى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلىدى، — يەيلى، كەم بولۇپ قالسا يەنە بۇيرۇتمايمىزمۇ؟

— ئۆزىڭىز يالغۇز ھاراق ئىچەمسىز؟ — بەھرىنىسا قولىغا چوكا ئېلىۋېتىپ سورىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — تاماقىمۇ بۇيرۇڭ. سىڭايان ئولتۇرۇپ چىلىم تارتىسىڭىز، زامانىۋى

مەدەنىيەتنىڭ ھۇزۇرىنى تېخىمۇ بىۋاستە ھېس قىلالمامسىز ھە؟

ناسىر قۇتيار بېشىنى چايقاپ كۈلدى:

— كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنىلا ئويلاپ ئاق ھاراق بۇيرۇپ قويۇپتىمەن. خالىسىڭىز سىزگە قىزىلدىن بىر ـ ئىككى سەر بۇيرۇيلى....

— ياق، ياق، — بەھرىنىسا قولىنى سىلكىدى. مەن شۇ مەدەنىيەتتىن نېرىراق تۇراي. سىز بەھۇزۇر ئىچمۇېرىڭ. ئۆزىنى تۇتۇپ ئىچسە ئۇنىڭ نەرى يامان؟ يامان، ئەسكى نەرسىگە كىشىلەر شۇنچە ئىنتىلەرمىدى؟

ناسىر قۇتيار ھاراق رومكىسىدىن قانغىدەك سۇمۇرۇپ بولۇپ لەۋلىرىنى شۇمۇپ قويدى ۋە زورلىنىپ ھىجىيىپ.

— تەرەققىيات دېگەننى ھەركىم ھەر خىل چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇز بىلەن، — كىشىلەر يېزىلاردىن شەھەرگە ئىنتىلمەكتە. شەھەرلىكلەر پەس، پاكار ئۆيلەردىن ئېگىز ـ يوقىرى قەۋەتلىك ئۆيلەرگە، لىفتلىك بىنالارغا ئىنتىلمەكتە. قىزىق يېرى، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرىدىغانلار باغلىرى بار داچىلارغا، داچىلاردا ئولتۇرىدىغانلار ئاشپۇزۇل، رېستورانلارنىڭ ئايرىم، گىرىمسەن خانىلىرىغا ئىنتىلمەكتە....

— يەنىچۇ؟ — كۈلدى بەھرىنىسا ناسىر قۇتيارنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ گەپكە سېلىش ئۈچۈن، — ئايرىم، گىرىمسەن خانىغا كىرگەنلەرچۇ؟

ناسىر قۇتيارمۇ كۈلدى. ئۇ تېخى ھوشيار ئىدى.

— ئۇلار ھاراقتا، ھاراقتىن ئېشىپ چىلىمگە ئىنتىلمەكتە...،

— ئۇ ھارىقىدىن يەنە بىر ئوتلىۋېلىپ، بەھرىنىساغا كۆزىنى خومارلاشتۇرۇپ قارىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغۇسى باردەك قىلاتتى. داۋاملاشتۇرسا نېمە دەيدىغىنى ئېنىق، بەھرىنىسا گەپنىڭ

ئالدىنى ئېلىپ:

— سىز بىلەن مەندەك يەپ ـ ئىچىپ تويغانلار ياتىقىغا قايـ. تىشقا ئىنتىلىشى لازىم، — دېدى چاقچاق قىلىپ، — ئىچىپ تويغان بولسىڭىز، كېتەيلىمۇ؟ ۋاقىت بىر يەرگە باردى...

— ۋاقىت ھېچ يەرگە بارمىدى، بىز بىلەن تەڭ ئولتۇرۇۋاتىدـ. غۇ مانا....— ناسىر قۇتيارنىڭ تىلى كالۋالاشقىلى تۇردى، — بىز يەنە بىردەم ئولتۇرايلى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنى بىلەن ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ؟ ياتاققا بارسىڭىزمۇ ئولتۇرسىز تايىنلىق....

بەھرىنىسا رەت قىلالمىدى. ناسىر قۇتيار باشقا بىر ماۋـ. زۇلاردا سۆزلىسە بولاتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا بەھرىنىسا ئۈستىدە گەپ ئاچاتتى:

— سىز ناھايىتى بەختلىك بىر قىز. ئۆزىڭىز كېلىشكەن، چىرايلىق، مۇناسىۋەت دائىرىڭىز ئىچىدە ئەدەپلىك، مۇلايىم، قىلـ. غان گەپ ـ سۆزلىرىڭىز مەنتىقلىق، مېغىزلىق، تورى بار. سىزگە تازا يېپىشىپ كەتمىسىمۇ، ئىغىرـ بېسىقلىقى دەرىجىدىن تاشقىـ. رى بولسىمۇ، ئىسكەندەر كاملدەك يىگىتىڭىز بار. قارىڭە، بۇ مەـ. دەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا! يىگىتلەر ياخشى كۆرگەن قىزنى قوغلاشماي، قىزلار ياخشى كۆرگەن يىگىتنى قوغلىشىـ. دۇ... ئۇ سىزنى ئەمەس، سىز ئۇنى ئىزدەپ كېلىسىز....

بەھرىنىسا گەپنىڭ پۇرىقى ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ لوقما سالدى:

— قىزلار بوزەك قىپتىكەندە سىزنى؟ ئۇ بۇرۇنقى گەپلەرمۇ ياكى ئەمدىلەتىن يۈز بەرگىلىۋاتقان ئىشلارمۇ؟

ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ سورىغانلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېـ. لىپ، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋەردى. نېمىلا بولمىسۇن، بەختكە يارىشا ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ مۇناسىۋىتىدىن چەتلىگەن بولدى:

— سىز كېلىشتىن ئىلگىرى، بىرەر ھەپتىلەرچە بۇرۇن بولسا كېرەك، تېلېۋىزوردا بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قانداق قاراش ھەققىدىكى بىر سۆھبەتنى كۆرۈپ قالدىم. سۆزلىگۈچىلەر بۇ ئاي — بۇ كۈنلەردە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر روھىنىڭ ئومۇرتقىسى دەپ كېرىلىپ، ئېگىلمەي يۈرىدىغان، چېچىنى بويۇ - ۋالمىسا خوتۇنلىرى تالاغا چىقارتمايدىغان سۆكەن قورساق ئىنژېنېرلار قانداقتۇر ۋاستىلەر بىلەن قازان بېشىدا تۇرۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشىۋالغان گال باقارلار. ئۇلار ھېلىقى سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشتى؟...، — ناسىر قۇتيار سۆزدىن توختىۋالدى، بەھرىنىساغا ئۇدۇل قادىلىپ قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشتى؟ — بەھرىنىسا سوئالنى تەكرارلاپ، جاۋاب ئاڭلاش تەقەززالىقىنى ئىپادە قىلدى.

— ئەرلەر دوپپا كىيمىدى، قىزلىرىمىز ئەتلەسنى ئۇنتۇشقا باشلىدى، دوپپا ۋە ئەتلەسلىرىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىدى... دەپ چۇرۇقلاشتى.

- ئاشۇنداق دېيىش خاتا ئەمەسقۇ؟ — دېدى بەھرىنىسا ناسىر قۇتيارنىڭ نېمىشقا چېچىلىپ قالغىنىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي.

— لېكىن، سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە دوپپا كىيگەن بىرمۇ ئەر - نى، ئەتلەس كىيگەن بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. كىشىلەرگە موللىلىق قىلىدىغانلار دېگىنىگە ئاۋۋال ئۆزى رىئايە قىلىشى لازىممۇ - يوق؟

بەھرىنىسا كۈلدى. ئۇ ناسىر قۇتيارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، زامانىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا ئاتايىن ئويلىنىپ يۈرمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنچىسى ۋە كۆز قارىشى بار ئىدى. بۇ قاراشلىرى بەلكىم نوقۇل ناسىر قۇتيار - نىڭ ياكى ئۇ تەرىپلىگەن ھېلىقى « موللىلار»نىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، ھازىر، مۇنداق يەپ - ئى-

چىپ ئۇلتۇرغان ئىككى كىشىلىك سورۇندا ئۇنداق مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق ئېغىر تېمىدا ئېغىز ئېچىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى.

گەپ بۇ تېمىدىن يۆتكىلىپ، ناسىر قۇتيار يەنە بەھرىنىسا ئۇستىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشقا كۆچتى:

— سىزنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىڭىز، بولۇپمۇ كۆڭۈل ئىزدەيدىغان مىجەز- خۇلقىڭىز ماڭا ئاجايىپ ياقىدۇ. سىزنى كۆڭۈل ئوۋچىسى دەپ چاقىرغۇم كېلىدۇ. مۇشۇ تەرەپتىنلا سىز مېنى ئوۋلاپ ئەسىر قىلىۋالغانسىز... بۇرۇن ئىسكەندەر كامىل بىلەنمۇ شۇنداق بولغانلىقىغا ھۆددە قىلىمەن. دەرۋەقە سىز بۇ پىكرىمگە قوشۇلمايسىز، رەت قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن... لېكىن، بۇلار مەن ئۈچۈن بەرىبىر. مەن ئوۋلىنىپ بولدۇممۇ، دېمەك، ئەمدى سىزنىڭ ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىڭىزنىڭ كارايىتى چاغلىق. شۇنداقتىمۇ بۇنى بىلىپ قېلىشىڭىز لازىم... ئاڭلىق بىلمىگەندىمۇ، ئاڭسىز خەۋەردار بولۇپ قالمىسىڭىز بولمايدۇ...

— بولدى، سۆزلىمەڭ، — بەھرىنىسا ئۇنى گەپتىن توسۇشقا ئۇرۇناتتى، — سىز دېيىشكە بولمايدىغان خەتەرلىك سۆزلەرنى سۆزلەۋاتىسىز، ئىچىدىغىنىڭىزمۇ تۈگىدى، تۇرۇڭ، ئەمدى قايتايلى....

كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلاشقان ناسىر قۇتيار ئەزۋەيلەشكە چۈشتى:

— ئىچىدىغىنىم تۈگىسە، يەنە بۇيرۇتىمىز، ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئىچىۋېلىپ كۆڭلۈمدىكىنى دەۋالمىسام، ساق ۋاقتىمدا بۇنداق گەپلەر بوغۇزۇمغا پاتمايدۇ...

— ئەس - ھوش جايىدا، كاللا ساق ۋاقىتتا دېيىلمىگەن گەپنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ، — دېدى بەھرىنىسا ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن چەكلىمىنى سەل بوشىتىپ، — گەپلىرىڭىزنى ئەتە ئاڭلاي، بۇگۈنچە شۇنچىلىك بولسۇن، قايتايلى، بەك كەچ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتتى...

ناسىر قۇتيار تەرسالىقتىن يانمىدى.

— كەچ بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەتىگەن، چۈش، كەچ ۋە كېچە بولىدۇ. بۇ، بىر شارنىڭ قانۇنىيىتى. مەزكۇر ئاشخانا كېچە ـ كۈندۈز 24 سائەت تىجارەت قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتى. مەن كۈندۈزى گەپ قىلالمايمەن، ئىچمىسەم كەچلىكىمۇ كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلالمايمەن، بۇ مېنىڭ قانۇنىيىتىم. سىزچۇ؟ سىز بېشىڭىز بوش، قۇشتەك ئەركىن قىز، سىزدە دەۋر قىلىش، تەكرارلىنىش يۈز بەرمەيدىغان، ھەرقانداق قانۇنىيەتتىن نېرى تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىڭىز بىلەن ئەتە نەگە دېسىڭىز كېتىۋېرىسىز. ئۇ چاغدا مەن گېپىمنى كىمگە، نەدە دەيمەن...؟

«توغرا، ئەتە كېتىش كېرەك. بولمىسا خەتەر يۈز بېرىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى بەھرىنىسا. ئەمما، ئاغزىدا:

— مەن ئەتىمۇ بار. ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، — دېدى.

مۇلازىملار بۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بولسا كېرەك، ئېگىز بويلۇق، ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن بىر يىگىت بىلەن خۇش پىچىم، رەتلىك كۆك كىيىم كىيگەن بىر قىز يېتىپ كەلدى. قىز بەھرىنىساغا قاراپ:

— قايتماقچىمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

بەھرىنىسا ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ گەپنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن:

— شۇنداق، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ناسىر قۇتيارغا قاراپ، — ئۇ تېخى ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتمىدى، — دېدى ئامانلىق ساقلىغۇچى يىگىتكە ياندىن قاراپ، — مەن ئېلىپ كېتەلەيمەن. سىلەر ئاۋارە بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ... تۇرۇڭ ئەمدى، قايتىپ كېتەيلى... — دېدى يەنە ناسىر قۇتيارغا دېۋەيلەپ.

ناسىر قۇتيارنىڭ دەرھال تۇرمىغىنىنى كۆرۈپ، ئامانلىق ساقلىغۇچى يىگىتنىڭ ئارىلاشقۇسى كېلىپ قالدى بولغاي:

— بۇرادەر، قىزىقلىنىڭ قايتقۇسى بار ئىكەن، تۇرۇپ كېتىڭلار، — دېدى ناسىر قۇتيارغا سەل ئېڭىشىپ، — بەزى چاغدا قىز تەرەپنىڭ مەيلىگىمۇ قاراپراق ئىش تۇتۇش كېرەك..

ئۇنىڭ «قىزىڭ»دەپ ئۆزىنى ناسىر قۇتيارغا چاپلاپ قويغىنىدىن بەھرىنىسانىڭ كۆلگىسى كەلدى. ئەمما، چۇشەندۇرۇپ يۈرگۈسى كەلمىدى. بىراق، بۇ« چاپلاپ قويۇش» ناسىر قۇتيارغا ئاجايىپ تەسىر قىلدى. ئۇ بەھرىنىساغا بىر قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. مېڭىشقا ئىنتىلىۋېتىپ تۇرۇپ يەنە بىر قارىدى. بەھرىنىسا بۇ قاراشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، ناسىر قۇتيار: «كۆردىڭىز ۋە ئاڭلىدىڭىز، بۇلار سىزنى ماڭا تەئەللۇق قىز، دەپ ھېسابلىدى، ئەمدى سىز قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرىسىز؟» دەپ سوراۋاتاتتى.

ئاشپۇزۇلنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ كەينى تەرىپىدە يەنە بىر پەلەمپەي بار ئىكەن. يىگىت ناسىر قۇتيارنى، قىز بەھرىنىسانى يۆلەشتۇرۇپ پەسكە ئېلىپ چۈشتى ۋە چوڭ يولغا چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان تارچۇقنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلنىڭ كەينىدىكى بۇ ھويلىدىن كۆرسىتىپ قويۇلغان چوڭ يولغىچە گەپ-سۆز قىلىشماي جىم مېڭىشتى. چوڭ يولنىڭ پىيادىلەر ماڭىدىغان تار قىسمىغا قەدەم تاشلاش بىلەنلا ناسىر قۇتيارنىڭ مەستلىكى باشلاندى. ئۇ بىردەم ئېگىز - پەس دەسسەيتتى، بىردەم مۇدۇرىگەن بولۇۋاتاتتى. بىردەم ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ تىنىپ تامغا ياكى دەرەخ غوللىرىغا يۆلىنىۋالماقچى بولغاندەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى.

بەھرىنىسا ئۇنىڭ مەست ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنى مەستكە ئوخشىتىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ كېتىۋاتاتتى. كېچىلىك يول جىمجىت، پىيادىلەر يولىدا تېخىمۇ ئادەم يوق، قانداقتۇر بىرلىرىنىڭ ئاللىقانداق «چۈشىنىۋېلىش»ىدىن غەم قىلىشىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بەھرىنىسا يولنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ناسىر قۇت-

www.uyghurkitap.com

يارنى قولتۇقلىۋالدى. بۇ ھەرىكەت ئۈنۈم بېرىپ ناسىر قۇتيار تۇر
ۋە تېز ماڭدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئېغىز ئېچىلدى.

— سىز مېنىڭ پىكىرلىرىمگە سوكۇت قىلماسلىقىڭىز، كۆڭلۈمگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى... مانا، سىز كېتىسىز، مەن قالىمەن... كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، مېنىڭ گېپىم بولسىمۇ ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلىغۇچۇم يوق...مانا، سىز بولسىڭىز، ھېچبولمىغاندا لوقما سالماي، ئېغىز غېرىچلىماي ئاڭلاشقا يارايتتىڭىز ئەمەسمۇ؟...

— ئەمما، مەن يېنىڭىزدا دائىم تۇرسام، سىزگە ماڭا گەپ قىلىدىغان ۋاقىتمۇ، پۇرسەتمۇ چىقمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى بەھرىنىسا ناسىر قۇتيارغا قەتئىيرەك ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن.

— بۇ... بۇنى بىلمەيمەن، — ناسىر قۇتيار دۇدۇقلاپ كەتتى، — ئىسكەندەر كامىل بارىكۆلدە مەڭگۈ تۇرمايدۇ. ئۇ تۇرغان يەردە ماڭا گەپ قىلىش نەدە تۇرۇپتۇ؟ لېكىن...لېكىن... يادىڭىزدا تۇرسۇنكى، مېنىڭ كۆزۈممۇ، چىرايىممۇ گەپ قىلالايدۇ. بۇنداق گەپلەر ئېھتىمال تىلىم ئارقىلىق چىقىدىغان گەپلەردىنمۇ مەنىلىك، لىرىكلىق بولىدۇ. شۇنداق ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. قەسەم قىلىمەنكى....

— سىز قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغانمۇ؟ — سورىدى ئىچى پۇشقان بەھرىنىسا ئۇنى ئەسلىمىگە زورلاپ. ناسىر قۇتيار شۇ تاپتا پۇتۇن ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىۋېلىشنى ئاز دەپ، بىردەم ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇپ ماڭغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى نېرىراق تارتسا، قولىنى تۇتۇپ مېڭىش ئۈچۈن يەڭلىرىنى كوچىلايتتى.

بەھرىنىسانىڭ سوئالى ناسىر قۇتيارغا ياقمىدى بولغاي، زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلدى. ئۆزىنى نېرىراق تارتمىدىغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى – يۇ، يەنە تارتمىدى. ئۆزىچە غودۇڭشىپ:

— قىزلار بىلەن ...، — دېدى قېيدىغانـدەك ئاھاڭدا، — قـاتـ-
داق قىزلار ... بۇ كەمىنىڭ قىزلىرىنى...، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىـ-
رىنى يۇتۇۋەتتى.

— مەن مەست ئەمەس، مۇبادا مەستلەردەك قىلىق ياكى گەپ -
سۆزلەر بىلەن سىزنى بىزار قىلغان بولسام كەچۈرۈڭ، — دېدى.

بەھرىنىسا ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ:

ياتاقتا بارغىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ - سۆز بولمىدى، ياتاقتا كىرىش ئالدىدا بەھرىنىسا ئۇنى ياتىقىغا ئەكىرىپ قويماقچى بولـ-
غاندىلا ناسىر قۇتيار ئۇلۇغ، ئەس - ھوشى جايىدا ھالدا:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، كىرىپ ياخشى ئارام ئېلىڭ، كۆڭۈلـ-
لۈك چۈش كۆرۈڭ...، — دەپ خوشلاشتى.

ياتاق مۇلازىمەتچىسى ئالماشقان، بۇ ئايالمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ھەرىكىتى ئاستا ئىدى. ماڭسا دېمى سىقىلىدىغانلىقى بىلىـ-
نىپلا تۇراتتى. ئۇ بەھرىنىسا بىلەن ياخشى ئىشارىسى ئارقىلىق بولار - بولماس سالاملىشىپلا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ نۆۋەتـ-
چىلەر تۇرىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بەھرىنىسا كارىدوردىكى سائەتنىڭ توققۇز بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يۇـ-
يۇنۇۋالماقچى بولدى.

ئۇ ياتىقىغا كىرىپ، لۆڭگە، سوپۇن، ماي... قاتارلىق نەرسىلەر-
نى ئېلىۋاتقىچە، كارىدورنىڭ نېرىقى يېقىدىكى ئوپچە دۇشتا يۇيۇ-
نۇۋاتقىچە، كېيىن چىقىپ ئىسسىق، يۇمشاق چۈشەكتە يېتىپ ئا-
رام ئېلىۋاتقىچە ئىسكەندەر كامىلنىلا ئويلاپ چىقتى. يېرىم كۈن چامىسىدا ناسىر قۇتيار بىلەن بىللە يۈرۈش ئۇنىڭ كەيپىگە سەلبىي تەسىر بەردى، دېگىلى بولمىسىمۇ، ناسىر قۇتيارنىڭ يېشىنى ياشاۋاتـ-
قان بويتاق يىگىتكە كۆڭۈلنىڭ ئاسان، تېز ئۆتمەيدىغانلىقى چۈشىـ-
نىشلىك. ئىسكەندەر كامىل كۆڭلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟... ئۇ شۇ تاپتا ناسىر قۇتيارنىڭ قىلىقلىرى، گەپ - سۆزلىرى ئۈچۈن ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نى ئەمەس، ئىسكەندەر كامىلنى ئەيىبلەيتتى. كېچە – كۈندۈزلەپ بولمىغاندىمۇ، ئاغىنە – بۇرادەرلەر بولۇپ ياشاۋاتقان، بىر ياتاقتا يېتىپ – قوپىدىغان بىر جۈپ بويتاقنىڭ بىرى بولغان ئىسكەندەر كامىل تېلېفونلىشىش بىر كۈنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، كۆڭلىنى ئېلىۋالغان ۋە ئۆزىمۇ كۆڭۈل بەرگەن مەھبۇبىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا مەشۇقىنىڭ ياخشى، ۋاپادار، بېجىرىم، پاكىز ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلمىغاندىمۇ، گەپ –سۆزلەر ئارىلىقىدا جايىغا كەلتۈرۈپ مۇنۇ ناسىر قۇتيارغا تونۇشتۇرمايدۇ؟ ئۇ مەشۇقىنىڭ كىملا گەپ قىلسا، سۆز ئاتسا بولۇۋېرىدىغان قىز ئەمەس، ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ۋەدە – قەسەملەر بىلەن شۇنىڭغىلا بېرىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قۇلىقىنى پىشۇرغاچ تۇرمايدۇ؟ شۇ ھالدا ناسىر قۇتيار تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكىدەك بەتقىلىقلارنى قىلالارمىدى؟ ئىككى – ئۈچ ئوتلام ھاراقنى ئىچىۋېلىپ، ئاشۇنىڭ كۈچى بىلەن گويا ئاغزىدىن تاسادىپىي چىقىپ كەتكەندەك قىلىپ، دوستىنىڭ ۋاكالىتەن كۈتۈپ قويۇشقا تاپشۇرغان قىزىغا كۆڭۈل ئىزھار قىلالارمىدى؟

ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئويلاتتى: ناسىر قۇتيار قولۇقىنى سىيلىغاندىلا تۈزۈت قىلىپ يۈرمەي سىلكىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلىش قوپاللىق، ئەدەپسىزلىك بولۇپ تۇيۇلسا، قولۇقىنى سىيلاپ – سىقىمداپ تۇتۇش ھوقۇقى ئىسكەندەر كامىلغا پاتېنت قىلىنىۋەتكەن ھوقۇق ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەك ئىدى. شۇ ھالدىمۇ ئۇ تەكلىپ قىلىنىشتىن ئەيمەنمىسە، سىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە سىزنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزلار چوقۇم تېپىلىدۇ، دەپ ئېنىق ئېيتساڭ ھاراق ئىچمەس بولغىيدى، بەلكىم..

ئۇ ھەر ئىككىلا خىيالنى ئورۇنسىز ھېسابلىدى، كىشىلىك ھاياتتا كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا كۆپ ۋەز ئېي-

تىلىدۇ، جىق پىلانلار تۈزۈلىدۇ، ئاجايىپ تەپەككۇرلار قىلىنىدۇ. لېكىن، رېئال تۇرمۇشتا ھەممە ئىش دېگەن يەردىن چىقىدىغان تاسادىپىي توغرا كېلىشلەر ناھايىتى ئاز. پۇشايمان، ھەسرەت، ئەلەم دېگەن چۈشەنچىلەر شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ئەمەسمۇ؟

ئۇ خىياللاردىن نېرى بولۇش ئۈچۈن تېلېۋىزور كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇيغۇرچە بىر قانالدا بوۋاقىقا سۈت بېرىۋاتقان بىر ئايال سۈتنى ماختاۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا كۆرگەن ئېلان بولۇپ، ئايال تېخىچە قېرىمىغان، بوۋاقمۇ چوڭ بولمىغان ئىدى. يەنە بىر قانالغا يۆتكەپ بېقىۋىدى، بايىقى قانالدىكى ئايال ئەمدى كورىدىكى ئەتكەنچاينى بەش يىل بۇرۇنقىدەكلا چۆمۈچ بىلەن سورۇۋاتاتتى. ئۇ ئۈچىنچى قانالنى توغرىلىدى. مانا قىزىق، ھېلىقى ئايال بەش يىلدىن بۇرۇنقى بىر يۈز ماينى تېخىچە مەڭزىگە سۈركەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاغزىدا بولسا تېرىسى قېرىمىغىنىنى، كۆز چۆرىسىگە قورۇق چۈشمىگىنىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

ئۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى. يوتقاننى گېلىگىچە تارتىپ يېپىندى. ئىسسىقتىن دېمى سىقىلىپ، يوتقاننى يەنە مەيدىسىگىچە چۈشۈردى. دەسلەپ ئىسكەندەر كامىل بىلەن، ئاندىن ئۆزى بىلەن غايىبانە گەپ تەگىشىپ يېتىپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ سەھەر تۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا باردى. تەتىلدىن يېنىپ مەكتەپلىرىگە قايتىش ئۈچۈن بېلەت ئالغىلى چىققان ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەس ئىكەن. لېكىن، ئوقۇغۇچىلارغا يېرىم باھادا بېلەت بېرىدىغان كۆزنەكلەرمۇ كۆپ ئېچىلغان بولۇپ، بەھرىنىسا بىرەر سائەتچە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېلەتكە ئېرىشتى. بېلەت بويىچە، ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىمدە ئۈرۈمچىدىن قوزغىلىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ پويىز ئىستانسىسى جايلاشقان دۆڭلۈكتە تۇرۇپ پەسكە قارىدى. ئۈرۈمچى تۇمان ئىچىدە يېپىلىپ ياتاتتى. ئۇنى نېمىشقىدۇر يىغا تۇتتى. ئىسكەندەر كا-

مىلنى دەپ ئاتايىن كېلىپ، ئەمدى ئۇ يوق شەھەر بىلەن خوشلى-
شىش ئېغىر كەلمەكتە ئىدى. لېكىن، ئېغىر كەلسىمۇ قايتىشى
كېرەك. ئۇنىڭ كەلگۈسى، ئىستىقبالى ھەتتا ئاشۇ ئىسكەندەر كا-
مىلمۇ مۇشۇ قايتىشتا ئىدى. ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا ۋوگزالنىڭ
ئوڭ تەرىپىدىكى قاتار- قاتار ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرىگە كىرىپ،
پىلتا قۇيماق ۋە قۇرۇق گۇرۇچ شورپىسىدا ناشتا قىلدى. ئۈرۈم-
چىدە قىلىدىغان ئىش ـ كۈشلىرىنىڭ يوقلىقى ئۈچۈن خۇشال بو-
لۇپمۇ قالدى. ئەمدى ياتىقىغا قايتىپ، ئىككى كۈنلۈك ياتاق رەس-
مىيەتمىنى بېجىرىۋەتسە، سومكىسىنى كۆتۈرسىلا، «خەير- خوش
ئۈرۈمچى، خەير- خوش بارىكۆلگە كېتىۋالغان ئىسكەندەر كا-
مىل...!»دېسىلا بولىدى. بىر كۈنلەردە، ئالاھازەل ئىككى ھەپتىلەر-
دىن كېيىن ئىسكەندەر كامىل قايتىپ كېلىپ، ئەپسۇسلانغان ھال-
دا: «چاتاق بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالدى ـ دە بۇ كاماندىروپ-
كا...» ياكى « مەن قايتقىچە ساقلاپ تۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلەت-
تىم...» ياكى «شەخسەن ئۆزۈم ئۇزىتىپ چىقالمىغىنىم ئۈچۈن
ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ....» دېگەندەك تۈزۈت گەپلەرنى تىزىۋېلىپ،
تېلېفون ئارقىلىق كۆڭۈل ياسايدۇ. ئۇ چاغدىكى گەپلەر ھەرقانچە
دېيىلسىمۇ نېمە پايدىسى بار؟ بۇرۇنقى كىشىلەر بىلىپ ئېيتقان:
«ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى سۇغا چاپ!» ئۇ ئۈرۈمچىگە يالغۇز
كەلگەن، ئەمدى يالغۇز كېتىدۇ....

ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىپلا نۆۋەتچى ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان
ناسىر قۇتىيارنى كۆرۈپ غۇژژىدە جۇدۇنى تۇتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى
ساقلاپ ئولتۇرغىنىنى، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يەيمىز، دەپ
ساقلاۋاتقىنىنى پەش قىلىشى ئېنىق. ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قى-
لىش كېرەك. تىرەجەپ تۇرۇۋالسا، قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇق-
تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇ ۋوگزالغا چىقىپ ئۇزىتىمەن دەپ
تۇرۇۋالسا، كۆڭلىنى يەنە ئىزھار قىلىپ باش ئاغرىتىۋەرسە نېمە
دېگۈلۈك؟

— نەگە كەتتىڭىز، مەن سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نېكەم؟

— ناسىر قۇتيار ئورنىدىن تۇرۇپلا سالاملىشىش ئورنىغا جاپپا ئېيتقىلى تۇردى، — سىرتقا چىقىدىغان ئىشىڭىز بولسا «هايت» دەپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى. ناشتا قىلدىڭىزمۇ ياكى...؟

— كېچە ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟ — بەھرىنىسا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — خوش، مېنى نېمىشقا شۇنچە ساقلاپ كەتتىڭىز؟ ناشتىلىق ئۈچۈنمۇ؟ مەن ناشتا قىلىپ كىرىشىم. هاۋا يېگەچ سىرتتىكى ئاشپۇزۇلدا....

بەھرىنىسانىڭ ئاۋازىدىكى ئۇرغۇ، كېچىدىكى ئۇيقۇنى ئەسلىتىش ناسىر قۇتيارنى سولاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ سەل خىجىللىقنى ئىپادىلەپ:

— بىزنىڭ باشلىق - مۇئاۋىن نازىرنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، — دېدى بىرى زورلاۋاتقاندەك ناهايىتى تەسلىكتە، — كېيىن خىزمەت قىلىش ئورنى تاللاش دېگەندەك مەزمۇنلاردا پىكرىڭىزنى بىلىپ باققۇسى بار ئوخشايدۇ، بۇ مېنىڭ قىياسىم....

ئۇنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە ئېرىگەندەك قىلدى. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نەدە، قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ئويلاشمايدىغان ئىستۇدېنتمۇ بارمۇ؟ بۇ تېمىدا سۆزلىشىشنى نازىر ئەمەس، ئەسلىدە بەھرىنىسا تەلەپ قىلسا ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەر بولغىيدى ھەقاچان؟

— قاچان كۆرۈشىدىكەن؟ — سورىدى ئۇ خېلى ئېچىلىپ.

— ماڭا ناشتا قىلىۋاتقىچە ئۇقتۇرغان، — ناسىر قۇتيار ھۇۋۇپىدە قىزىرىپ جاۋاب بەردى، — خالىسىڭىز سىزنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرەي....

— مەيلى، باشلاڭ ئەمىسە، — دېدى بەھرىنىسا ۋە ئىچىدە: «ئۆزگىرىۋالمىغان بولسا ياكى باشقا ئىش - كۆشلىرى چىقىپ قالمىغان بولسا...ئىلاھىم..»دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانى باشلاپ خىزمەت بىناسىنىڭ ئىك-

www.uyghurkitap.com

كىنچى قەۋەتكە چىقتى. تاختايلىق كەڭ كارىدورنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئىككى ياقلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاتار ئۆيلەرنىڭ ئىچكىرىرەك بىرىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بەھرىنىسا ئىشىك بېشىدىكى تاختايغا يېزىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «مۇئاۋىن نازىر ئىشخانىسى» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق چوڭ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

چېكىلگەن ئىشىك ئاۋازىغا ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى. ناسىر قۇتيار ئىشىكنى ئۆزى پاتقىدەكلا ئېچىپ ئىچىگە كىردى ۋە:

— بەھرىنىسا سىرتقا چىقىپ كېتىپتىكەن، ساقلاپ ئولتۇرۇپ، كەلگەندىن كېيىن باشلاپ كىردىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— كىرگۈزۈۋېتىڭ، — دېدى مۇئاۋىن نازىر بەھرىنىسامۇ ئاڭلىيالايدىغان بوم، چوس ئاۋازدا.

ناسىر قۇتيار گەۋدىسىنى توغرىلاپ بەھرىنىساغا يۈزلەندى. باش ئىشارىسى ئارقىلىق يېرىم ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئىچكىرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كىرىڭ، — دېدى بەھرىنىسانى كىرگۈزۈۋېتىپ. ئۆزى ئىشىكنى يېپىپ تېشىدا قالدى.

— كىرىڭ، — دېدى مۇئاۋىن نازىرمۇ بەھرىنىسانىڭ كىرگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەڭ، ئۇزۇن، ۋاللىداپ پارقىراپ تۇرغان ئىش ئۈستىلىنى ئايلىنىپ ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ. ئۇ گۆشلۈك، سېمىز بارماقلىق كەڭ ئالقىنىنى سوزۇپ، بەھرىنىسانىڭ نازۇك، ئىنچىكە بارماقلىرىنى بىرەر سېكۇنتچە تۇتۇپ تۇردى. كۆزىنىڭ ئىچىگە تەلپۈنۈپ قارىدى. ئاندىن قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ چىقىپ بۇيرىدى، — ئولتۇرۇڭ، تارتىنماي ئولتۇرۇڭ...

ئىشخانا كەڭ، يورۇق، ئاستى تاختايلىق، تاملىرىغا سۈت رەڭ قەغەز چاپلانغان، تۆت تېمىنىڭ ئىككىسىگە كىتابلار لىق تىزىلغان

ئىشكاپلار قويۇلغان، كۆركەم ئىدى. ئىشكاپ تىزىلمىغان ئىككى تامغا يۆلەپ تاق ۋە قوش كىشىلىك كىرىسلو تىزىلغان بولۇپ، كىرىسلو ئارىلىقىغا پەس، ئەينەك يۈزلۈك چاي شىرەلىرى قويۇلغانىدى. بەھرىنىسا مۇئاۋىن نازىر كۆرسەتكەن تەرەپتىكى تاق كىشىلىك كىرىسلونىڭ بىرىگە ئولتۇردى ۋە بۇ باشلىقنىڭ قاراۋىرىگىنىدىن قورۇنۇپ يەرگە تىكىلدى.

باشلىق بەھرىنىساغا قايناق سۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئىستاكانى بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ئىستىكان، قايناق سۇ قايىنىتىدىغان چايدىنىمۇ ئاپتوماتىك، بىر جۈمىكىدىن قايىنىغان سۇ، يەنە بىرىسىدىن سوغۇق سۇ چۈشىدىغان ئەينەك كولبا ئىدى. ئۇ ئىسمىنى جۈرئەت، كونكرېت ئىشلەيدىغىنى كادىرلار خىزمىتى، دەپ تونۇشتۇردى. بەھرىنىسانى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەنلىكىنى، دەسلەپ كۆرگەندىلا ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولۇپ بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

بەھرىنىسامۇ ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەن چاغدا ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىغا ناشتىلىققا كىرگەن. شۇ چاغدا ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىشخانىسىدا بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرى، باشقارما باشلىقلىرى دەپ تونۇشتۇرۇلغانلار قاتارىدا جۈرئەت ئىسىملىك مۇشۇ مۇئاۋىن نازىرمۇ بار ئىدى.

— تۇتۇق بەرمىدىڭىز بىزگە، — چاقچاق قىلغان بولۇپ كەلتۈرۈۋالدى جۈرئەت نازىر، — ئىسكەندەر كامىلىڭىزنىڭمۇ بەستىگە لايىق قورسىقى يوق ئوخشايدۇ. نەچچە قېتىم ئېيتىپ بەرسەممۇ ھەنى مول دەيدۇ ـ يۇ، قاچۇرۇپلا يۈردى سىزنى.... ئاڭلىسام رېستورانمۇ رېستوران چاڭ چىقىرىپ يۈرۈپسىلەر، بىزگە بولسا «ھايت ـ ھۇيت»مۇ تەگمىدى....

بەھرىنىسا زورۇقۇپ كۈلۈپ قويدى. دېمىسىمۇ جاۋابكارلىقى ئۆزىدە بولمىغان ئۇ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلارغا نېمىمۇ دېيەلەيدۇ؟

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەمەل ـ مەنسىپى يۇقىرىلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ باشقا جەھەتلەردىن كۆزەتكەندە، جۇرئەت نازىرنىڭ يېشى ئەللىك ـ تىن كەم ئەمەس ئىدى. بوياپ قارايتقان چاچلىرىنىڭ چېكە تەرەپ يىلتىزىدىكى ئاقلارنى بوياقمۇ يوشۇرالمىغانىدى. سېمىزگە مايىل بەدىنى توغرىسىغا تەن سالغان، قوۋۇزلىرى ساڭگىلىغان، قۇلاق ئاستى ۋە گېلىدىكى قورۇقلار ئېرىقچىلىرىنى تىندۇرغىلىمۇ بول ـ مايتتى. شۇ ھالدا ئۇ ئىدارىسىدىكى ياشلار بىلەن رېستوران ۋە ئو ـ يۇن تالىشىپ يۈرگىنى نېمىسى؟

ـــ بويتاقلىق دېگەن بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە ھېچكىمگە، ھەتتا بوۋاق بالىلارغىمۇ ياراشمايدىغان بولۇپ كەتتى، ـــ يۈتىنى مىد ـ گەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بەھرىنىساغا يۇقىرىدىن قاراپ داۋام قىلدى ئۇ، ـــ مەنمۇ بۇ ئىدارىدىكى بويتاقلارنىڭ بىرى ئەزاسى. بىر چاغلاردا مائاشىم ئاز، خىزمىتىم ئۇلانبايدا پولات سىمدىن سېتكا توقۇپ يۈرگەن چاغلىرىم بولغان. بىز سېتكىلارنى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىلەرنىڭ چارۋىلىرىغا قاشا ـ توساق قىلىشۋېلىشى ئۇ ـ چۈن توقۇيتتۇق. ئالىي مەكتەپتە بەش يىل بىللە ئوقۇپ، خىزمەت ـ كە چىقىپ توي قىلغان بىر قىز بار ئىدى. ئۇ مېنى سېتكا ـ غەل ـ ۋىر توقۇپ كىرەكتىن چىقىرىۋېتىدىغان بولدۇڭ، دەپ تاشلىۋې ـ تىپ، دانىخورەكنى داۋالايدىغان دورا ياساپ ساتىدىغان بىر جەللە ـ گۈر بىلەن قېچىپ كەتتى. ئاڭلىسام، ئۇلار ھازىر بىر شىركەت قۇرۇپ، ئىچكىرىدە ياسىلىدىغان بىرنەچچە خىل يۈز مېيىغا ئۇي ـ غۇرچە ماركا سېتىۋېلىپ چاپلاپ سېتىپ خەلقئاراغا يۈزلىنىۋاتقۇ ـ دەك...ھە، بىزمۇ يەردە قالمىدۇق، شۇغىنىسى شۇ لەنىتى بويتاق ـ لىق...

بۇ قانداق سۆھبەتلىشىش؟ بەھرىنىسا جۇرئەت نازىردىن كەل ـ گۈسىدە خىزمەت قىلىش توغرىسىدا جانغا ئەسقاتىدىغان خەۋەر ـ ئۇچۇر، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ ئاغزىدىن رىغبەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى تەمە قىلغانىدى. قارىغاندا، ئۇ بويتاقلىقى ئوستىدىكى

ئەرز- شىكايىتىگە بەھرىنىسادىن تەسەللى، بەلكىم تېخى ۋەدە، ھەتتا ھۆددە تەمە قىلىۋاتقاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ ناسىر قۇتيار يالغۇز كېلىپ قېلىپ، ئەمدىلىكتە جۇرئەت نازىرنىڭ قوشۇلۇشىمۇ بۇ؟ مۇھەببەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش لازىم. ناسىر قۇتيار، جۇرئەتتەك ئەرلەر مۇھەببەتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، قىزلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشقا نېمە ھوقۇقى بار؟

جۇرئەت نازىر بەھرىنىسانىڭ ئۆي - خىيالىدىن خەۋىرى يوق جەنۇبىي تاغقا چىقىپ قار تېيىلىش توغرىسىدا بىرلا تېلېفون بىلەن قار تېيىلىش مەيدانىدا ئېچىلغان قىش پەسىللىك رېستورانىدىن ئايرىمخانا زاكاز قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا بېرىلىپ سۆزلەمەكتە ئىدى. ئۇ ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنىدا دوكلات بېرىۋاتقاندەك قىزغىن، روھلۇق ۋە ئەستايىدىل ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ، ھاۋادا دائىرە چىقىرىپ ھاياجانلىناتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاي ئاخىرلاشسىلا، نەچچە مىليون يۈەن پۇل خەجلەپ بەرپا قىلىنغان قار تېيىلىش مەيدانىدىكى قارلار ئېرىشكە باشلايدىكەن، قار تېيىلىشنىڭ قىزىقى قالمايدىكەن، ئۇ چاغدا زاكاز قىلىنغان ئايرىمخانىلاردا يېيىلگەن - ئىچىلگەن نېمەتلەرنىڭ مەززىسى ھازىرقىغا يەتمەيدىكەن.

بەھرىنىسا ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك بىر ھەرىكەت بىلەن قىمىرلاپ قويدى. جۇرئەت نازىر بۇ قىلىقنى قانداق چۈشەندىكىن، ئۆزىگە ئىشەنگەن تەلەپپۇز بىلەن:

— ھە، قوشۇلدىڭىز؟ قاچان چىقساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپسۇس، تەكلىپىڭىزگە ئاۋاز قوشۇشقا ئاجىزمەن، — دېدى بەھرىنىسا راستتىنلا خىجالەتچىلىكنى ئىپادىلەپ، — مەن بۈگۈن ئۇنىۋېرسىتېتقا قايتىش ئۈچۈن بېلەت ئېلىپ قويۇپتىمەن، كەچۈرۈڭ... — ئۇ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن يانچۇقىدىكى پويىز بېلىتىنى ئېلىپ كۆرسىتىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

جۇرئەت نازىر بولدى قىلمىدى. ئۇ سالاھىيىتى ۋە سالاپىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، بىرنەچچە قەدەمنى يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كېلىپ، بەھرىنىسانىڭ قولىدىكى بېلەتنى ئالدى. دېرىزە تەرەپكە قارىتىپ تەكشۈرۈپ باققاندەك قىلدى ۋە دومسايغاندەك قىلىپ:

— سائەت تۆت يېرىمنىڭ ئىكەنغۇ؟ — دېدى بېلەتنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — ياندۇرۇۋېتىشكە ياكى ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولار...؟

— ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سېتىپ بېرىلىدىغان ئالاھىدە بېلەت، — بەھرىنىسا پەخىرلەنگەندەك قەددىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، « يېرىم باھالىق» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئالاھىدە بېلەت» دېگىنىگە خۇشالمۇ بولدى تېخى، — بۇنداق بېلەتلەرنى قايتۇرۇشقا، ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇپتۇ، — ئۇ بىردەمدىلا سولىشىپ مۆكچىيىپ قالغان نازىرنىڭ تۇرقىغا قاراپ، يەنە ئاز- تولا رەھمى كېلىپ پەپىلىگەندەك قوشۇپ قويدى، — تۈنۈگۈنلەتىن دېيىشكەن بولساقمىغۇ، بىر - ئىككى كۈن كېچىكىپ ماڭىدىغان بېلەت ئالاردىم....

جۇرئەت نازىرنىڭ پەركارى ئۈچۈپ، كېيىنكى ئۆزرەگە ئىنكاسمۇ قايتۇرمىدى. بەھرىنىسا ئەمدى تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ سېزىپ:

— خوش، نازىر، مەن چىقاي، — دېدى ئەدەپ بىلەن ئۈنىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، — بېلەتتىكى تۆت يېرىم، ئۇ بېيجىڭ ۋاقتى. مەن بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىشىم كېرەك. بۇ قېتىمچە خەير- خوش، يەنە كۆرۈشۈپ قالغىچە ئامان بولۇڭ....

جۇرئەت نازىر بەھرىنىساغا قاراپلا قالدى، تىلەك سۆزلىرىگە ھېچنېمە دېمىدى.

# سەككىزىنچى باب

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش بىر ئىس-تۇدېنت ئۈچۈن ئېيتقاندا ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر سىد-ىرىقىدىن ئۆتۈش ھېسابلىنىدۇ، دېيىلىدىكەن. بەھرىنىسا ئۈچۈن بۇ ئۆتۈش كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن تولغان ھايات مۇساپىسىگە قەدەم قو-يۇش بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ بۇ «جەمئىيەتكە ئۆتۈش سىزىقى»نىڭ نې-رىسىدا نېمىلەر قالغانلىقىنى، نېمىلەر يۈز بېرىپ، نېمىلەرگە دۈچ كەلگەنلىكىنى تازا ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇنداق خۇلاسە چىقىرىش تازا جا-يىغا چۈشۈپ بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. توغرىراقى، ئۇنىڭ ئەسلىگۈسى كەلمەيدۇ. يېڭىدىن - يېڭى، كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بۇزدى، بەزىسى روھىنى چۈشۈردى، بەزىسى نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقىراي دېدى، بەزىسى ئۇ-نىڭ بەدىنىنىمۇ خاراب قىلدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بارغانسې-رى سولىشىپ خازان بولغان، يەنە بىر قېتىملىق كۈچلۈك رەك شامال چىقسا، شۇ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئىختىيارىنى تاپشۇ-رۇشتىن باشقىغا ماجالى يەتمەيدىغان ئاجىز يوپۇرماققا ئوخشاپ قالدى.

ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلى ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەندەكمۇ قىلغان. ئۇ ئاخىرقى دەرسلەرگە ئاران ئۇلگۇ-رۇپ، ئاران يېتىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. پىراكتىكا مەزگىللىرى كۈن يېرىم ھەسسە قىسقارغاندەك تۇيۇلىدىغان، دىسسېرتاتسىيە يېزىش ۋاقىتلىرى يېتىشمەي ئەنسىرىتىدىغان بولۇپمۇ كۆرۈنگەند-ى. چۈنكى، ئۇ بىر كۈندە ئىككى قېتىم ئۇرۇمچىدىكى ئىسكەندەر

كامىل بىلەن مىنۇت ـ مىنۇتلاپ سۆزلىشەتتى. ئالدىنقى سۆزلىشىشنىڭ تەسىرى، ھاياجانلاندۇرۇشى كېيىنكى قېتىملىقىغىچە بەھۇزۇر، بىمالال يېتىپ ئاشاتتى. كېيىنكى قېتىملىق سۆزلىشىشلەردە بەزىدە دېيىشىدىغان گەپ تاپالماي، تۇنۇگۈن، ئەتىگەن، تېخى ھازىر دېيىشكەن مەزمۇنلار بىلىپ ـ بىلمەي تەكرارلىنىپمۇ قالاتتى. قىشلىق تەتىلدە «سوغۇقنى سوغۇق دېمەي»، «قەھرىتان قىشنىڭ جاڭگۇر ـ جۇڭگۇر ئاچچىقىنى يەپ»، «سۆيگەن يارىنى دەپ ئۇرۇمچىگە بارغان قىزنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپاسى»، «سۆيگەن يىگىتىنىڭ كاماندىروپكىنى باھانە قىلىپ بارىكۆلگە ‹قېچىپ› كېتىشى...» دېگەندەك قېيداش ۋە ئىزاھات سۆزلەر ئېيتىلىۋېرىپ قىزىقىنى يوقىتىپ بولغىلى نېكەم؟ بارا ـ بارا بۇ سۆزلىشىشلەر «تەجرىبىسى بار ئىسكەندەر كامىل»نىڭ «تەجرىبىسى يوق، بۇ ساھەگە ئەمدىلەتىن قەدەم باسقان بەھرىنىسا»غا دىسسىپرتاتسىيە يېزىشتا تېما تاللاش، ئاشۇ تېمىنى «يورۇتۇپ بېرىش»تە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلارغىچە كېڭەيدى. بۇ ھالدا قانداقمۇ ۋاقىت يېتىشسۇن؟

دەل ئاشۇ تەرەپلەر يەنە بىر نۇقتىدىن ۋاقىتلار ئۇزىراپ كەتكەندەك، كۈنلەر تېز ـ ئىتتىك ئۆتمەيۋاتقاندەك بولۇپمۇ كۆرۈنەتتى. بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلالايدىغان ۋاقتىنى ساقلاپ، يانفونىنىڭ سائىتىگە تولا قاراپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتى.

كۈنلەر، ۋاقىتلار قېتىپ قالغاندەك، بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. « ۋاقىتلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ ـ ھە؟ — ۋارقىرايتتى بەھرىنىسا يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن تىت ـ تىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — نېمىشقا كۈن كەچ بولمايدۇ؟ نېمىشقا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلمەيدۇ؟ ئۇرۇمچىگىزنىڭ ۋاقتى تېخىمۇ چاتاق، بۇ يەردىن ئىككى سائەت كېيىن، بۇنىڭغا سىز كۆنگەن بى-

لەن مەن كۆنەلەرمەنمۇ؟ سىز ماڭا كۆنۈشنى ئۆيلىشىپ بېقىڭ. بولمىسا ئۆرۈمچىگە قايتىش ـ قايتماسلىقنى ئۆيلىشىپ كۆردەن.....»

بەھرىنىسانىڭ ئەركىلەشلىرى، ئىسكەندەر كامىلنىڭ پەپىلەشلىرى ھەر ئىككىسىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىنى تېرىكتۈرۈش، بەزىدە كۆڭلىنى كۆتۈرۈشلەر بىلەن بەھرىنىسانىڭ مەكتەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. مەكتەپ پۈتكۈزۈش بەھرىنىسا ۋە ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولدى. بەھرىنىسا دىسسېرتاتسىيەسىنىمۇ تاماملاپ باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئەمدى باشقا ھەممە ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلغانىدى.

ئۇنداق بولمىدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ھىجران دەم سىقىمدىغان ۋىسال شادلىقلىرى بىلەن ئەستىن كۆتۈرۈلدى. ئەمدى يەنە ئايرىلىپ تۇرۇش يوقالغان، مەڭگۈلۈك بىللە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى يارالغاندەك بىلىنگەنىدى، بىللە ئۆتۈش ئارزۇسىنى توسۇۋالغان قارا بۇلۇت تاراپ كېتىدىغان بەلگىلىرىنى كۆرسەتمىدى.

ئايرىم قوچاقلىشىشلار، لەۋلەر قۇرۇپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكىچە داۋاملىشىدىغان سۆيۈشۈشلەر قىزغىنلىقى پەسەيمىگەن بولسىمۇ، بۇ قىزغىنلىققا بىر تۇتۇق كۆلەڭگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بەرمەكتە ئىدى.

قارا بۇلۇت، شەپىلىك كۆلەڭگە «خىزمەت ئورنى» مەسىلىسىنى مەنبە قىلاتتى. بەھرىنىسانىڭ خىزمەت ئورنى ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى. بۇ ئىش ئىككىيلەنگە ناھايىتى ئاسان ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك، كىمدۇر بىرلىرى بەھرىنىسانى قانداقتۇر بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ، «بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بۇ ئۈستەلگە ما-

تېرىيال، قەغەزلىرىڭىزنى يېيىپ ئىشقا چۈشۈپ كەتسىڭىز بولىدۇ. نېمە ئىش قىلىدىغىنىڭىزنى بۆلۈم باشلىقى ئورۇنلاشتۇرىدۇ...» دەيدىغاندەكلا تۇيۇلغانىدى. ھەتتا ئىسكەندەر كامىلنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئولتۇرۇشلاردا: «سىزدىن پىكىر سوراپ قالسا، بىزنىڭ ئىشخانىدا ئىشلىگۈڭىز بارلىقىنى ئېنىق ئېيتىڭ...» ياكى «بىزنىڭ باشقارما ئاياللارنىڭ ئىشلىشىگە ناھايىتى باب كېلىدۇ. رەسمىيىتىڭىزنى بېجىرىپلا ھايت دەپ قويۇڭ، بىز ئىلتىماس قىلىپ تەقسىم قىلدۇرۇۋالىمىز....» دەيدىغان ئۈمىدلىك گەپلەر خېلى كۆپ دېيىلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ھېچكىمدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بەھرىنىسا بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ۋاقىتلار ئاۋۇپ، ئىككىيلەن تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدىغان، ھەتتا خېلىلا خەتەرلىك ئەھۋال ئىكەنلىكى چۈشەندۇرۇشسىزمۇ مەلۇملۇق ئىدى.

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ بېشى تەڭ قاتتى. ئىسكەندەر كامىل ئۆزىچە بەھرىنىسا ئۈچۈن بىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش زۆرۈرىيىتىنىڭ تەقەززالىقىدا ئۆز باشقارمىسىنىڭ، ئاندىن كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى. بەھرىنىسانى نازارەت ئىدارىسىگە تەۋە بىرەر تارماقلاردا ئىشلەپ قېلىشقا قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئەمما، نازارەت تەۋەسىدىكى كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خىزمەتكە تەقسىملەش ھوقۇقىنىڭ باشقارمىلاردا ئەمەسلىكى ئۇنىڭغىمۇ ئايان. بۇ باشلىقلار ياخشى گەپلەرنى قىلىشتى، خەيرلىك تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ يەردە قالمايدىغانلىقى، بىلىمىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھەممىگە مەلۇملۇق ئوبدان گەپلەر بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇندۇردى. ئەمما، ئەڭ مۇھىم ئىش — بەھرىنىسانى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە

ئېغىز ئاچمىدى. بەك رەللە بولماي كۈتۈپ بېقىش، خىزمەت ئىزدەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بېقىش... توغرىسىدا ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىشتى.

بەھرىنىسامۇ بەزى كۈنلىرى ئىسكەندەر كامىلنى خەۋەرلەندۈرۈپ، بەزى كۈنلىرى دەپ يۈرمەيلا «خىزمەت ئىزدەش»كە ئاتلاندى. ئۇ مائارىپ نازارىتى، كادىرلار نازارىتى قاتارلىق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش تارماقلىرىغا بېرىپ ئۇقۇشۇپمۇ كۆردى. كۈتۈۋېلىش قىزغىن، دېيىلگەن گەپلەر چىرايلىق، كەلگۈسىگە تۈرتكىلىك قىلىش ئۈمىدۋارلىققا تولغان بولۇپ، كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە بېرىلگەن جاۋابلار تۇتۇق ئىدى. بەزىلەر «ئىختىساسلىقلار بازىرى»غا بېرىپ بېقىشنى، نېمىلا بولمىسۇن، ئاشۇ جايدا ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇشنى، شۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوقلىقىنى تەكىتلەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى مۇئاۋىن نازىر جۈرئەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىسكەندەر كامىل بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتقان، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، خوش بولغۇدەك سۆھبەت بولمىغانلىقى چۈشىنىشلىك، بولمىسا ئىسكەندەر كامىل يەتكۈزمەي قالمايتتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، سالاملىشىپلا ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدى، جۈرئەت مۇئاۋىن نازىر ئۇنداق ئاسانلا كېتىپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى:

— ئالدىراش نەگە چىقتىڭىز؟ — سورىدى ئۇ بەھرىنىسادىن.

بەھرىنىسا ئالدىراپمۇ ماڭمىغان، جۈرئەت نازىر بەلكىم سالاملىشىش ئورنىغا ئاشۇنداق دەپ گەپ ئاتقاندۇ.

— ياخشىمۇسىز؟ — بەھرىنىسا ئاۋۋال سالام بېرىۋېتىپ ئاندىن جاۋاب بەردى، — پوچتىخانىغا بېرىپ كېلەي دېگەن...، — بۇ ئۇنىڭ شۇ تاپتا

تاپقان گېپى ئىدى. قىشلىق تەتىلدە ئۇ بۇ مۇئاۋىن نازىرنىڭ يېقىنـ- چىلىق قىلىشىنى خالىمىغان، قار تېپىلىش، رېستوراندا ئولتۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان ئەمەسمىدى؟ گەرچە ئىككىيلەننىڭ ۋا- قىت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ماس كەلمىگەن بولسىمۇ، مۇئاۋىن نازىر- نىڭ ئەلپازىدىن باشقىچە چۈشەنگەنلىك بىلىنگەنىدى. بەھىرىنىسا بۇ قېتىم خىزمەت مەسىلىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ كۆرمەكچىمۇ بولغان. ئەمما، ئۇنىڭدىن ياردەم كەلمەيدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئىسـ- كەندەر كامىل ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى «خاپىلىق»لىرىدىن بىخەۋەر. ئۇنى ئىزدەپ باقماقچى بولغىنىدا، بەھىرىنىسا پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەنـ- دى. ئىسكەندەر كامىل كۆرۈشۈشنىڭ نەتىجىسىز بولغانلىقىنى خە- ۋەر قىلغاندىمۇ، كۆڭلىدە: «شۇنداق بولماقچىدى...» دەپ ئويلىغان، ئاغزاكى ھېچنېمە دېمىگەنىدى. ئەمما، بۇ مۇئاۋىن نازىر ئۆزلۈكىدىن گەپ ئېچىپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن يالۋۇرتۇپ، ئاخىرىدا: «ئالدىمغا ئۆزۈڭ كەلدىڭغۇ مانا....» دېمەكچىمىدۇ....؟

— ئۆيۈمگە دېسەم بىئەپ، — مۇئاۋىن نازىر ئوڭ قېشىنىڭ ئۇچىنى تاتىلاپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى، — ۋاقتىڭىز چىقسا ئىشـ- خانامغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ، بولامدۇ؟

— قېنى، كىرەرمەن....، — دېدى بەھىرىنىسا بوشلا.

ئۇ «يۈرۈڭ ئەمىسە» دېمەيلا مېڭىپ كەتتى. بۇمۇ «مانا كىردىم» دەپلا ئەگىشىپ كىرمەي سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ يۈردى. ئۈرۈمـ- چىنىڭ بۇ كۈنلىرى ئاجايىپ ئىسسىق بولىدىغان چاغلار ئىدى. ئە- تىياز بىلەن كۈز پەسلى بولمايدىغان بۇ شەھەر ئونىنچى ئاينى چىشلەپلا قىشقا، ئىككىنچى يىلى بەشىنچى ئايدىن كېيىنلا يازغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئارىلىقتا قالغان چاغلارنىڭ شىر- شىر يام- غۇرلىرى ۋە شىلىپ- شىلىپ پاتقاق يوللىرىدا كۈزگە، ئەتىيازغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆڭۈلسىز ھاۋا رايىغا كۆنۈككەن ئادەملەر ئالدىراشلىقىمۇ كۆنۈپ كەتكەن....

بەھرىنىسا ئالدىرىمايدۇ، ئۇنىڭ ھازىر ئەتىياز، كۆز ئەمەس، ئۇرۇمچىلىكلەر ئىنتىلىدىغان يازغىمۇ ئۆچلۈكى تۇتىدۇ. مانا، بۈگۈن قاتتىق ئىسسىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يىراقتا بۇلۇتسىز ئاسمان يېيىلىپ ياتسا، باش ئۈستىدىلا يول چېتىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى مىت قىلماي سولىشىپ تۇرماقتا. تۆت ئەتراپى تاقىر تاغلىق شەھەرنى ئەتىگەندىن باشلاپلا قۇياش بىلەن ئۇنىڭدىن ھارارەت ئالغان تاشلار قىزىتىشقا باشلايدۇ. قۇياش يامالىق تېغىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشى بىلەن تەڭلا تاشلار سوۋۇپ، مۇزلاپ، كېچىسى يوتقان يېپىنمىسا توڭلايدىغان سالقىنلىق باشلىنىدۇ. ئۇستىگە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن، ئاستىغا ئەت رەڭ ئۇزۇن پايپاق تارتقان بەھرىنىسا ئۇرۇمچىلىك قىزلاردەك ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى كورپىە، تۇركىيەلەرنىڭ مودا بولۇۋاتقان يوپكا ـ كوپتىلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزلۈك بولمىسىمۇ، قىنىغا پاتماي يۈرىدىغان، تارىمىغان چاچلىرىنى كۆزىنىڭ ئۇستىدىگىچە ساڭگىلىتىۋالغان، يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سومكا ئېسىۋالغاندەك چالالمىغان گىتارلىرىنى بويۇن قىپتىش ئېسىۋالغان ئۇرۇمچى يىگىتلىرىنىڭ گەپ ئېتىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

ـــ مۇڭلۇق كۆرۈنىسىزغۇ تۇمۇچۇق، جەنۇبىي تاغنى كۆرۈپ كەلگىڭىز يوقمۇ؟

ـــ بۇلبۇللار بىلەن بەسلىشىپ باقاتتىڭىز ـ دە....

ـــ ئۇياقنى يىراق كۆرسىڭىز، بۇلاقتاغقا بارايلى. «ئاۋدى»دا بارىمىز، «باۋما»دا يانىمىز، قانداق؟

بەھرىنىساغا گەپ ـ سۆز قىلمايلا قايتىپ كېلىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇ ھېلىقىدەكلەر بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرەلمەيدۇ.

ئۇ قايتىپ كەلدى. ھېلىمۇ بۇرۇن ياتقان ياتىقىدا ئىدى. ئەمما، ھازىر قىشتىكىدەك ئەركىن، ئازادە، ئۆزى يالغۇز ئەمەس. يازنىڭ

ئىسسىقنى ئۆتكۈزگەچ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنىمۇ بېجىرىدىغان ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا، غەربىدىن شەرقىغە «كاماندىروپكا»غا چىققان تۆۋەندىن كەلگەن خىزمەتچىلەر بىلەن توشقان ياتاقتا كېچىسى دەم ئېلىشمۇ ناھايىتى قىيىن. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بېسىقمىغاندىمۇ، مائاش، ئۆي، بالىچاقىلار، پېنسىيە پۇلى.... توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ۋە «تەجرىبە ئالماشتۇرۇش»لار يېرىم كېچىدىن ئۆتكىچە داۋاملىشىدۇ. مېھمانخانىنىڭ تۈزۈملىرى، مۇلازىملارنىڭ ئەسكەرتىشلىرىنىڭ رولى يوق دېگۈدەك....

ئۇ ئىسكەندەر كاملىنىڭ ياتىقىغا كىرمەكچى بولدى. ئىسكەندەر كامىل ئىشتىن چۈشمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئاچقۇچ بار، ياتاقتا كومپيۇتېر بار ئىدى. ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئىككىسى تور ئارقىلىقمۇ خىزمەت ئىزدەش ئېلانى بەرگەن بولۇپ، نەتىجىسىنى ھەر كۈنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھازىرغىچە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەيدە قېقىپ ئىككى ـ ئۈچ شىركەت، بىر رېستوران، بىر ئېلان ئىشلەش مەركىزى ئىنكاس قايتۇردى، مودېل تاللايدىغان ئىككى كىيىم سودىگىرى دىرېكتور قىلىشقا ۋەدىمۇ بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تورغا بەرگەن ئېلانىدا ئوقۇغان كەسپى، مەلۇماتى، بىلىم قۇرۇلمىسىدىن تاشقىرى، بوي ـ تۇرقى، قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرىتىنىڭمۇ قىستۇرۇلغانلىقىدىن ئىدى. چاقىرغان بۇ ئورۇنلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئىسكەندەر كاملغا ياقمىدى. بەھرىنىسانىڭ ئۆزىمۇ «كۈتكۈچى، مودېل، نامدار بولىمەن، دەپ ئون ئالتە يىل كىتاب غاجىلىغان ئەمەسمەن...» دەپ ئۇنىمىدى. ئوقۇغىنى ۋە كەسپىگە ماس كېلىدىغان ئورۇن چىقىپ قېلىشىغا ئۈمىدلىنىپ، ئۇلار توردىكى ئېلاننى ئۆچۈرۈۋەتمىگەنىدى.

ئۇ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلۈشىگە يەنە جۇرئەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. قولىدا بىرنەچچە ۋاراق خەت بېسىلغان قەغەزلەرنى تۇتۇۋالغان مۇئاۋىن نازىر ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭغىلىۋاتقان بولسا كېرەك، بەھرىنىسانى كۆرۈپ توختىدى

ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— ھە، پوچتىخانىغا بېرىپ قايتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى «پوچتىخانا» سۆزىنىڭ ئۇرغۇسىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمدى...

— سىزگە سالام بېرەي دەپ...، — ئۇدۇل كەلگىنىچە گەپ ياسىدى بەھرىنىسا، — ۋاقتىڭىز...؟

— يۈرۈڭ، ئىشخانىغا مەرھەمەت قىلىڭ، — مۇئاۋىن نازىر بەھرىنىسانىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندىمۇ - يوق، مەلۇم ئەمەس، ئەمما ئۇ خۇشخۇي تەكلىپ قىلدى، — ئىشخانا بولغاندىكىن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، قايناق سۇدىن باشقا نەرسە يوق. سىزمۇ تۇيۇقسىز بولۇشقا ئالاھىدە ماھىر، كىمنىلا بولسا تەمتىرىتىپ قويامدىكىن، دەيمەن.....

شۇ گەپلەر تۈگىگىچە ئۇ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغىمۇ كېلىپ بولدى. ئىشىك ئېتىلمىگەنىكەن، ئۇنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، قولىنى كېرىپ، بەھرىنىسانى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزى ئارقىدىن كىردى.

ئىشخانا ئىچى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۈستەل، ئىشكاپ، كىرېسلولارنىڭ قويۇلۇشىمۇ بەھرىنىسا قىشتا كۆرگەن پېتى ئىدى. پەقەت مۇئاۋىن نازىر جۇرئەت ئاز - تولا ئورۇقلىغاندەك، بۇ ئورۇقلاش ئۇنىڭ ماڭلاي، كۆز چۆرىلىرى، ئېڭەك ئاستىدىكى قورۇقلارنى روشەنلەشتۈرگەن ۋە چوڭقۇرلاتقاندەك قىلاتتى.

بەھرىنىسا يەنە تەكلىپ قىلدۇرماي، قىشتا ئۆزى ئولتۇرغان يالغۇز كىشىلىك كىرېسلودا ئولتۇردى. مۇئاۋىن نازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك بىر قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدىغان قەغەز ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئەكېلىپ تەڭلىدى. ئىستاكاندىكى سۇ سىنتېزلەنگەن سوغۇق سۇ بولۇپ، كالپۇكنى توڭدۇراتتى. سۇنىڭ سوغۇقى، ئوچۇق دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامال تەسىرىدىن بەھرىنىسا راھەت ھېس قىلدى.

— ئۈرۈمچىگە كۆنۈپ قالغانسىز؟ — تىنچلىق - سالامەتلىك

سورىشىپ بولغاندىن كېيىنلا سورىدى جۇرئەت ئادەتتىكىچە ھال سوراش تەلەپپۇزىدا، — بەھرىنىسانىڭمۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئېيتىلىدىغان جاۋابىدىن كېيىن يەنە چاقچاق قىلماقچى بولدى، — رېستورانلاش، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، مېھماندارچىلىق جايىدا كېتىۋاتقاندۇ ـ ھە؟

— نەدىكىنى؟ — بەھرىنىسا چاقچاقنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى. ئۇ بۇ مۇئاۋىن نازىرنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، — ئىسكەندەر كامىلىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرنەچچىسى كۆتۈۋالىمىز، دەپ چاقىرىشتى شۇ.... نەدىكى مېھماندارچىلىق، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلار...دەيسىز؟ تولىراق باش قېتىنچىلىقلار بىلەن ئۆتۈۋاتقان تۇرسام...

— نېمىگە قاتتى بېشىڭىز؟ — ئۇ بىلىپ تۇرۇپ سورىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، خېلىلا ئوڭايسىزلاندى. چاندۇرماي ئۆزىنى قولغا ئېلىپ سورىدى، — خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتامسىز؟

بەھرىنىسا «ھەئە» دېگىنىچە باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشنى سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب، دەپ چۈشەنمىسە، «ھەئە» دېگىنىنى ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمايتتى. مۇئاۋىن نازىر جۇرئەت ئېغىر ئۇھ تارتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. بۇ بەھرىنىسانىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئورنىدىن ئېغىر تۇرۇپ، ئۈستىلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كەلدى، ئۈستەلگە يۆلەندى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھازىر شۇنداق بىر خىل چۈشەنچە ئېقىمى بار، يەنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزسىلا دۆلەت ئىشتاتىدىكى خىزمەتچى خادىم، كەسپىي خادىم بولغىلى بولىدۇ. بۇ چۈشەنچە بۇرۇنقى «ئوقۇش پۈتكۈزسىلا دۆلەت مەمۇرى بولالايدۇ»نىڭ داۋامى ياكى يېڭىچە ئىد-

ـزاھلىنىشى. لېكىن، بۇ چۈشەنچىگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش دۆلەت مەمۇرى تەربىيەلەش دېگەنلىك ئەمەس، ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىمى بو - يىچە ئاشۇ ساھەدە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش... دەيدىغان تە - بىرمۇ بار، ــ ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ھاردى بولغاي، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭدى. ئىشخانا بۇنداق مېڭىپ يۇرۇپ چوڭ - چوڭ گەپلەرنى قىلىشقا تارلىق قىلاتتى. ئۇ بۇنى سەز - مەيتتى، ــ لېكىن مەيلى قانداق ئىزاھلىنىشى، تەبىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، جايلار، تارماقلاردا ئاشۇ تەبىر ۋە چۈشەنچىلەردىكى جانلىقلىقتىن پايدىلىنىپ، يوچۇق - كاۋاك چىقىرىۋالىدىغان خا - ھىشلارمۇ پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن كەسپىي خادىم دۆلەت مەمۇرى بولۇپ قالىدىغان، بوغالتىر سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، كاتىپ كاسسىرلىق قىلىدىغان غەلىتىلىكتىن ھېچكىم ئەجەبلىنىپ كەت - مەيدىغان بولۇپ قالدى. مەن نازارەتتە كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن نازىر، نازارەت ئىدارە ئورگىنىدا ئىشتات ئېشىپ كەت - كەن، بۇ مەن مۇئاۋىن نازىر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ھالەت ئىكەندۇق. بۇ ھالەتنى ئىمكان بار تۈزەت، دېيىشتى. قانداق تۈزد - تىمەن؟ مەسىلە ئاشۇ «ئىمكان بار»دا. دېمەك، «ئىمكان» يوق. ئىشتات ئېشىپ كېتىش بىزدە ھەممە ئورۇن، ھەممە ساھە، ھەممە جايلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئومۇمىي تۈس ئالغان ئويچە ھالەت. بۇنى مەندەك بىر مۇئاۋىن نازىرنىڭ ھەل قىلالىشى قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەستەكمۇ تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى ئۆتكەندە ئىسكەندەر كامىل بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇنىڭ - غىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۇرگەن ئىدىم... غەم قىلىپ بېشىڭىزنى ئاغرىتماڭ، ــ دېدى ئۇ ئاخىرىدا كۇلۇشكە تىرىشىپ، ــ ئامال تېپىلىدۇ، ھەل قىلىش چارىسى ھامان چىقىدۇ....

بەھرىنىسا ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن دېمەكچى بولغان، ئەمما دېيەل - مىگەنلىرىنىمۇ چۈشىنىپ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش، ئۇنىڭ -

غا هال ـ ئەھۋال ئېيتىشنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن يەتكۈزگەن خەۋەردىنلا مەلۇم ئىدى. بۈگۈن يۈزتۇرا گەپلىشىپ يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى. ئەمدى كادىرلار خىز- مىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن نازىر جۇرئەتتىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ بو- لىدۇ.

ئۇ رەھمەت ئېيتىپ بوشىشىپ قايتىپ چىقتى. ئىسكەندەر كا- مىلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كومپيۇتېرنى ئاچتى ۋە تورنى تەكشۈرۈپ باقتى. يېڭىلىق يوق، كونا تەلەپكارلاردىن مودېللىقتا تەكلىپ قىلى- غۇچى كىيىم سودىگىرىدىن بىرى بىلەن كاتىپلىقتا تەكلىپ قىلى- غان بىر شىركەت تەكلىپىدىن يانغان، خاڭجۇۋدا ئاشخانا ئاچىدىغان بىر غوجايىن قوشۇلغانىدى. ئۇ كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈۋاتقىچە ئىسكەندەر كامىل بىلەن ناسىر قۇتيار كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئىش- تىن چۈشكەنىدى.

— ناسىر قۇتيارغا ياۋا پۇل كېپقاپتۇ، — دېدى ئىسكەندەر كا- مىل بەھرىنىسانىڭ ئەلپازىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ قىزنى خى- جالەت قىلماسلىق ئۈچۈن، خىزمەت تېپىش توغرىسىدا باشلاپ ئې- غىز ئاچمايتتى، — شۇ ياۋا پۇل بىلەن ياۋا زىياپەت بەرمەكچى. تەييارمۇسىز؟

— ياۋا ئەمەس، ھالال مېھنەت مېۋىسى، — تۈزەتتى ناسىر قۇتيار ھىجىيىپ، — يولدىن تېپىۋالغان، ئۇتۇۋالغان پۇل ياۋا بولىدۇ. بۇ دېگەن بىر تەرجىمە ماقالىنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك قەلەم ھەققى....

بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولۇپ كۆنۈپ قالغانلىقتىن، ئىككىيلەنگە ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار ئىدارىنىڭ ئۇدۇلىغا، چوڭ يولنىڭ نېرىقى تەرىپىگە جايلاش- قان ئوتتۇرا ھال بېزەلگەن بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ پېتىر مانتا بۇيرۇشتى.

تاماق يېيىشىپ كەلتۈرۈلگىچە ئارىلىقتا ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى. بەھرىنىسا جۇرئەت بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ جۇرئەت بىلەن كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ قېلىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئەھۋالدا كىرىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتتى. چۈنكى، ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغان، بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار بەھرىنىسانىڭ يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگىنىگە خاپا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇلار يەنە بەھرىنىسانىڭ خىزمەت ئىشى ھەققىدە، جەمئىيەتتىكى بەزىبىر چىرىكلىك مەسىلىلىرى توغرىسىدا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

تاماقتىن كېيىن ئىسكەندەر كامىل بىلەن ناسىر قۇتيار چۈشتىن كېيىنكى خىزمىتىگە مېڭىشتى. بەھرىنىسا كادىرلار نازارىتىگە دوقۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

چۈش پەيتىدىكى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى، يول چېتىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىسسىقتىن سولىشىپ، مىدىرلىماي ئېسىلىشىپ تۇراتتى. تىرىكچىلىك يولىدا چېپىشىپ يۈرگەن ئادەملەرلا ئىسسىقنى، دىمىقنى سەزمەيدىغاندەك قىلاتتى. بەھرىنىسا يوللارنىڭ ئېگىز بىنالار سايە تاشلاپ تۇرغان يەرلىرى بىلەن ماڭدى. يول سايىدەك تۇرغىنى بىلەن دىمىق، تىنچىق ئىدى.

ئۇ كادىرلار نازارىتىدىنمۇ كۆڭۈل كۆتۈرگىدەك گەپ ـ سۆز ئاڭلىيالمىدى. ئۇ كادىرلار نازارىتىدىكى بىر كادىرنىڭ ياشلا بىر قىزغا چېچىلىپ:

ــ ئاساسىي قاتلاملاردىن خىزمەت ئىزدەڭ، دەپ تالاي ئېيتقانغۇ سىزگە؟ نېمە، ئۈرۈمچىدىن باشقا جاينىڭ ئاش ـ سۈيى ئاشقازىنىڭىزغا زىيان سالامدىكەن؟ ھەممەيلەن چوڭ شەھەرگە تىقىلىۋالسا ئاساسىي قاتلامنى كىم باشقۇرىدۇ، كىملەر تەرەققىي قىلدۇرىدۇ...؟ ــ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلار-

دىن ھالقىغان بۇ ئايالنىڭ زەردە بىلەن داۋاملاشتۇرغان سۆزلىرىنـ ـىمۇ ئاڭلىغاچ ماڭدى، ــ ئۇرۇمچىگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشتات يوق. ئىشتات كۆرسەتكۈچى چۇشكىچە ساقلايمەن، دېسىڭىز، ئۇ سىز - نىڭ ئىختىيارىڭىز. مۇنداق ۋاقىتقىچە دەپ چەك بېكىتىپ بېرەلمەي - مەن....

ئۇ كادىرلار نازارىتىدىن چىقىپ خەلق مەيدانىغا كەلدى. مەي - داننىڭ شىمالىي تەرىپىدىن باشقا چۆرىسىگە دەرەخلەر تىكىلگەن، ئاستى سايىلىق ئىدى. دەرەخلەر ئارىلىقىدىن كۈچلۈك بولمىسىمۇ شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. دەل ئاشۇنداق جايلاردا ئادەملەر ئولتۇرۇ - ۋالغان، بەزى يەرلەردە يېتىۋالغان ئىدى. سايىسىمۇ، ئاپتىپىمۇ بار جايلاردا جۇڭگوچە شاھمات بىلەن قارت ئوينايدىغانلار يىغىلىۋالغان ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك ياشانغان كىشىلەردەك قىلاتتى.

ئۇ بوشىشىپ سولىشىپ قايتىپ كەلگىنىدە ئىسكەندەر كامىل ئۇنى خۇشال قارشى ئالدى. ئۇ ھىجىيىپ:

ــ ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ گۇزىلىم، ھەممە ئىش ياخشى بو - لۇپ كېتىدۇ...، ــ دېدى بىرەر ئۇمىدلىك خەۋەرگە ئېرىشكەندەك. بەھىرىنىسا جانلىنىپ:

ــ ھەل بولامدىكەن؟ ــ دەپ سورىدى، ــ قانداق ھەل قىلدى - ڭىز؟

ئىسكەندەر كامىل بەھىرىنىسانى قولتۇقلاپ پىيادىلەر يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. بەھىرىنىسانىڭ ھېرىپ - چارچاشلىرىمۇ غا - يىب بولغاندەك بىلىندى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىسكەندەر كا - مىلغا قاراپ - قاراپ ماڭدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇچۇر بېرىدىغان بەلگە بەرمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ــ تېت - تېت قىلماي گەپ قىلىڭە...، ــ دېگىنىچە ماڭماي توختىۋالدى.

ئىسكەندەر كامىل كۈلۈپ:

— ئالدىمىزدىكى چىملىقتا بارغاندا ئېيتىمەن، — دېدى.
ئۇنىڭ دېگىنى ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ كونا قىنىغا ياسالغان تېز سۇرئەتلىك تاشيولنىڭ ئۇلار كۆزلەپ كېتىۋاتقان تەرىپىگە ياتقۇزۇلغان چىملىق بەلباغ ئىدى. ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئۇ چىملىق سەيلىچىلەر، سالقىنلىق ئىزدەيدىغان ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ دەم ئالىدىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئىككىيلەن بۇ چىملىققا بۇرۇنمۇ ئىككى قېتىم كەلگەنىدى. شۇ قېتىملاردىمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس چاغلاردا كېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.
— مەن باش نازىر بىلەن كۆرۈشتۇم، — ئۇلار يوغان ئىككى پارچە ياپىلاق تاش ئۈستىدە قارىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئېغىز ئاچتى ئىسكەندەر كامىل، — ئۇنىڭ چەت ئەلگە كاماندىروپكىغا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا ئىزدەپ كىرگەنىدىم، خۇشال قارشى ئالدى....
— مېنىڭ ئىشىمغا نېمە دېدى؟ — ئالدىراپ كەتكەن بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئۆزى تەرەپكە يېقىن تىزى ئۈستىدىكى قولىغا ئېسىلدى.
— بىر باشتىن سۆزلەپ بەرمەيمەنمۇ...؟ — ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۈلكە ئۈينىاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن خۇش خەۋەر بىلىنىپ تۇرسىمۇ، بەھرىنىسا چىدىماي:
— ئاۋۋال نەتىجىسىنى دەۋېتىڭە تەقەززا قىلماي...، — دېدى.
— ھەل بولدى ! — ئېلان قىلدى ئىسكەندەر كامىل، — خۇلاسىسى شۇ...
بەھرىنىسا يەل بېرىلگەن توپتەك ئۆرلەپ قوپۇپ ئىسكەندەر كامىلغا ئېسىلغىنىچە، ئۇنىڭ يۈز، بويۇن ۋە لەۋلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.
— ئەمدى بولدى، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم...، — تەكرارلىدى ئۇ. سۆيۈپ تويىدى بولغاي، جايىغا ئولتۇرۇپ دېدى، — ئەمدى بىر باشتىن سۆزلىسىڭىزمۇ، مۇھىملىرىنى ئالدىدا، ئۇششاق گەپلەرنى

كەينىدىن دېسىڭىزمۇ، دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ماڭا كېرەكلىرىنى سۆزلەڭ.... ياق، ياق، ئەمدى ھېچنېمە دېمەڭ، سۆزلىمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ....

— قاراڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، — دېدى ئىسكەندەر كامىل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — بۇ ئىشنىڭ ئاز - تولا توقۇناق يېرىمۇ بار، مەسىلىنى يۈز پىرسەنت ھەل بولدى، دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلىھەتلىشىدىغان گەپنى ئاڭلىمىسىڭىز بولماس. قانداق، سۆزلەشكە ئىجازەتمۇ؟

«توقۇناق»، «مەسلىھەتلىشىدىغان» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارمۇ بەھرىنىسانىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرالمىدى. ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىنى سىلكىدى:

— قېنى، سۆزلەپ بېقىڭ....

ئىسكەندەر كامىل بايان قىلغان سۆھبەت جەريانى مۇنداق بولغان.

نازىر دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان بىر ئۆمەك تەركىبىدە ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەگە بىر يېرىم ئايلىق ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، روھى ئۇرغۇپ، بىر ھەپتە دەم ئېلىپلا ئىدارىغا كەلگەن. بۇ خەۋەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىسكەندەر كامىل بۇگۈن چۈشتىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن ھال سوراپ يوقلاپ كىرگەن، نازىر ئادەتتىكى تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىشلاردىن كېيىنلا ئىسكەندەر كامىلنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا، ئۇ ئىشلەۋاتقان يەرلىك چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقات ئورنىدا قانداق تېمىلار ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىغا قىزىقىپتۇ. ئۆزىنى ئوبدان بىلىدىغان نازىرنىڭ شۇنداق كونكرېت سورۇشتۇرۇشى ئىسكەندەر كامىلنى خۇشال قىپتۇ. ئەمما، بەرگەن جاۋابى نازىرنى خۇش قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، خاپىغىنىنى ئۆرلىتىپ قويۇپتۇ.

— بىز يولغا قويۇۋاتقان ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يۆنىلىشى ھەم

شۇغۇللىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم، دېگەن سۆزلەر سىياسىي تېرمىنلارلا ئەمەس. ھەممەيلەنگە مەلۇم ۋە ياد بولۇپ كەتكەن سىياسەت خاراكتېرلىك بۇ يۆنىلىش خەلققە نەپ بەرسە، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۇلغايتىشقا تۈرتكە بولسا ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تاپقىنى، ئەكس ھالدا ئىسلاھات قىلدىڭ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتىڭ، ئەمدى ماڭا بەر، يەپ ياتىمەن، دەپ زەللە ئېلىشتا ئالدىدا، داستىخان راستلاشتا مىجەزىم يوق بولۇپ قالسا، بۇنداق بىمەنە دەۋر قىلىشنى توسۇشقا توغرا كېلىدۇ... نەچچە ئون يىل جاپا تارتىپ، نەچچە ئون مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قان ـ تەرىنى ئاققۇزۇپ يېتىشتۈرگەن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى كۆپىيىپ نەچچە ئون مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈلگەن ئىدى. قانداقتۇر «يۇڭ باھاسى گۆش باھاسىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى...» دەيدىغان سەپسەتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇ نەسىل خارابلىشىپ، شۇ كۈنلەردە سانى بىرنەچچە مىڭ تۇياققىلا چۈشۈپ قالدى. يەنە مۇشۇ ھالەت داۋاملاشسا، بۇ بىرنەچچە مىڭ تۇياق نەسلىمۇ غايىب بولىدۇ. ۋاي ئىست دېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ....

ئىسكەندەر كامىل بىلەتتىكى، نازىرنىڭ ئۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئەمەس، باشقارما باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرلىرى قاتارلىق رەھبىرىي كادىرلارغا، تەتقىقاتچىلارغا ۋە چارۋا مال مۇتەخەسسىسلىرىگە دېيىلسە مۇۋاپىق بولاتتى. قارىغاندا، بۇ رەھبەر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان بۇ تارماقنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازى ئەمەس ئىكەن. ئىسكەندەر كامىل ئۇچۇن ئاڭلىماي ئىلاج يوق، نازىر غودۇڭشىشنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن:

— گۆش باھاسى بىلەن يۇڭ باھاسىنى بىر نەسىل ئارقىلىق ھەل قىلغىلى، تەڭشىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ. بۇنى يۇڭ بېرىدىغان نەسىلگە گۆش بېرىدىغان نەسلىنى ياز-

www.uyghurkitap.com

داپ يېتىشتۈرۈپ ھەل قىلالمامسەن؟ يۇڭنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتسە، ئىنچىكە يۇڭ بېرىدىغان نەسلىنى يوقىتىش ئورنىغا گۆش بېرىدىغان نەسلىنى يېتىشتۈرمەمسەن؟ ئالدىنقى يىلى گۆش بېرىدىغان يۇقىرى ساپالىق قوي نەسلىنى ئاۋۇتۇش، ھېچبولمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدا قولدا، ئېغىلدا بېقىلىدىغان قوي سانىنى كۆپەيتىپ، دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان چارۋا باقمىچىلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، «80 ـ 4 تۈر قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭچە قويلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ، سان چىقسا گۆش مەسىلىسىمۇ ھەل بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ باردۇر؟

— تەپسىلاتىدىن خەۋىرىم يوق، — راستىنى ئېيتقان ئىسكەندەر كامىل، — لېكىن ئاشۇنداق بىر تۈر بارلىقىنى ئاڭلىغان....

نازىر پېشانىسىگە نوقۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ سەل ئويلىنىپ:

— توغرا، سەن نازارەتكە كېلىشتىن سەل ئىلگىرى بولۇنغان گەپ ئىدى ئۇ، — دەپ ئېسىگە ئالغاندەك قىلغان، — بۇ تۈرمۇ نەپ بېرىدىغان تۈر ئىدى. نەتىجىسى كېڭەيتىلسە، بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۈنۈمى بولاتتى...

ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى چەت ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يۇڭ، گۆش، يەم ـ خەشەك، ئىستېمالدىن ئاشقانلىرىنى ساقلاش ۋە بازارلاشتۇرۇش... قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرغان تەجرىبىلىرى توغرۇلۇق بولغان. كېيىن ئۇ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالغان بولغاي:

— يىغىندا دەيدىغان، مەخسۇس مۇھاكىمە ـ مۇزاكىرە قىلىدىغان مەزمۇنلارنى سۆزلەپ كېتىپتىمەن. ھە، مەيلى، ماڭا كېيىن گەپ قىلىشىمىغا مەشىق بولۇپ قالار. ساڭا نېمىشقا قايناپ قالغىنىمنى چۈشىنىشلىكرەك بولار، — دېگەن ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ،

— چارۋىچىلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، بۇ ساھەگە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، تەتقىق قىلىشقا ئامراق ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ بولسا تونۇشتۇر. بىزدە ھازىر ئۇنداق - مۇنداق يوللار بىلەن قىستىلىپ كىرىۋېلىپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارغا قونداق بەرمەيدىغان، قوي مەرىسە ئۆي ئىچىگە قېچىپ، كالا مۆرىسە ساقچى چاقىرىدىغان ئاقنانچىلار كۆپىيىپ قاپتۇ، قوينى قاسساپ سويغىنى ياخشى!

ھاياجانلانغان ئىسكەندەر كامىل يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ بەھرىنىسانىڭ ئىسمىنى چىقارغان ۋە ھەممە ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، خىزمەت كۈتۈۋاتقانلىقىنىمۇ، ماڭغان يوللىرىنىمۇ قوشۇمچە قىلغان.

— ئەھۋال سەن دېگەندەك بولسا، مانا مەن قوبۇل قىلدىم، — دېگەن ھايالسىز پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، — لېكىن، مېنىڭمۇ شەرتىم بار. شەھەردىن چىقماي، ئېگىز بىنادىن چۈشمەي ئىشلىسەم بولاتتى، دېسە كېلىشەلمەي قالىمىز....

شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت تۈگىگەن. ئىسكەندەر كامىل خۇش بولغىنىدىن ئۆزىلا خوشلىشىپ قايتىپ چىققان ۋە بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشقا ئالدىراپ ئۆزىنى قويالماي قالغان.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ خۇشلۇقى بەھرىنىساغىمۇ ئۆتتى. ئىككىيلەن نازىرنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، ئۆزلىرىچە تەبىر بېرىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. يازنىڭ بۇ كۈنلىرىدىكى كۈندۈزى ئۇزۇن بولاتتى. كەچ سائەت توققۇزغا يېقىن گۇگۇم چۈشەتتى. ئۇلار ئىككى ياپلاق تاشتىن بىرىگە كۆچۈپ يېقىن ئولتۇرۇپ تىن ئالالمىغىچە سۆيۈشۈپ تولۇن ئاينى كۈتۈۋېلىشتى. بۈگۈن كەچ ئايمۇ ھەرقانداق بىر كۈندىكىدىن تولغان، نۇرلۇق ۋە چىرايلىق ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى بىر ئايدا مۇشۇنداق تولۇن ئاي كۆتۈرۈلسە، ئۈچ مىنۇت قاراپ تۇرايلى، — دەپ تەكلىپ بەردى

www.uyghurkitap.com

ئىسكەندەر كامىل.

— بەش مىنۇت، — تولۇقلىدى بەھرىنىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ قولتۇقىغا تىقىلىپ، — ئۆزىمىز خۇش بولايلى، ئاينىمۇ خۇش قىلايلى.....

— پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، — ئىسكەندەر كامىل كۈلدى، — بەزى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىشىمۇ، قىسقىراپ قېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

— قېلىن.....

ئۇلار ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار تېخى كەچلىك تاماقمۇ يېمىگەن ئىدى.

يولدا كېلىۋاتقىچە بەھرىنىسا:

— نازىرنىڭ گەپلىرى ئىچىدىكى «توقۇناق» دەپ تەرىپلىگىنىڭىز ئۇنىڭ مېنى شەھەردە، بىنادىكى ئىشخانىلاردا ئىشلەشكە بولمايدىغانلىقىم توغرىسىدا قويغان قاتتىق شەرتلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە شۇنداق، — جاۋاب بەردى ئىسكەندەر كامىل ئويلىنىپ، — ئۇ قويغان شەرت ئۈستىدە ئويلىنىپ مەسلىھەتلىشىشىمىز كېرەكتەك تۇرىدۇ. قانداق ئويلايسىزكىن؟

— بىلمىدىم، — ئۇنى پەسلەپ كەتتى بەھرىنىسانىڭ، — بۇ ئۇنىڭ يايلاقلارغا بېرىپ، تۆۋەندىكى تەجرىبىخانىلاردا ئىشلەيسەن دېگىنىمۇ؟

— مېنىڭچە شۇنداق...

— نەلەرگە ئەۋەتەر؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېدى ئىمتىھان سوئالىغا جاۋاب تاپالماي قىينىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك ئويلىنىپ قالغان ئىسكەندەر كامىل، — نازارەتنىڭ ئالتايدا، باركۆلدە، لوپنۇردا، شاياردا ھەم خوتەندە تەجرىبە پونكىتى ياكى تەتقىقات نۇقتىلىرى بار. چۈنكى، ئاشۇ جايلارنىڭ قوي، كالىلىرى بىر - بىرىگە بەكمۇ يىراق، تۇغ-

قانچىلىقى يوق يەككە نەسىل ھېسابلىنىدۇ.....

— ۋاي خۇدايىمەي، — دەۋەتتى بەھرىنىسا ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — مېنى ئاشۇ يەرلەرگە ئەۋەتىۋەتسە قانداق قىلىمىز؟

— ....

— سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟ — جاۋاب بەرمەي جىمىۋالغان ئىسكەندەر كامىلنى قىستاپ يەنە سورىدى بەھرىنىسا.

— راستىمنى دېسەم، مېنىڭمۇ كاللام قوروق. ئاۋۋال ئىشتاتقا ئېلىنىشىۋېلىش، قەيەرگە بېرىپ ئىشلەشنى ئىككىنچى قەدەمدە ئويلىنىش.... دېگەنلەرنىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم، — ئىسكەندەر كامىلدىن باشقىچە جاۋاب چىقمىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىككى ياش ئۇرۇشۇپ قالغاندەك بىر - بىرىدىن سەل يىراقلىشىپ، ئۆزىچە دومسىيىپ جىمجىت مېڭىشتى. بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىشىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ چاغدىلا ئىسكەندەر كامىل ئېغىز ئېچىپ:

— نېمە تاماق يەيمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنېمە يېگۈم يوق، — دېدى بەھرىنىسا كۆڭۈلسىز ئولتۇرۇپ، — كۆڭلىڭىز نېمە تارتسا بۇيرۇۋېرىڭ....

ئىسكەندەر كامىل يېقىمسىز ھىجىيىپ:

— بىر بوغدايدا سەمرىپ، بىر بوغدايدا ئورۇقلاش بىز دېمەتلىك ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمغۇ؟ — دېدى بوشىشىپ قالغىنىنى چاندۇرماي، — باياتىن بېرى روھىي جەھەتتە سەمرىۋالدۇق. ئۇبدانراق يېمىسەك، روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ ئورۇقلاپ كەتمەيلى يەنە.... سومىيەن يەيلىمۇ؟

— مەيلى، — رازى بولدى بەھرىنىسا. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسكەندەر كامىلنىڭ چاقچاق سۆزلىرىگە قوشۇلغۇدەك رايى يوق ئىدى، — مېنىڭ خۇش بولۇپ سەمرىۋالغىنىممۇ راست، شۇنداقتىمۇ سىز بايا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىن سانىغان جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىن قايتىپ چىقالماي ئورۇقلاپ تۇگىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەۋاتقىنىممۇ راست....

— مەن باشقىچىرەك ئويلاۋاتىمەن، — ئىسكەندەر كامىل بەھرىنىسانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇرۇپ مۇلاھىزە بىلەن داۋام قىلدى، — ھەر ئىككىلىمىز كەمبەغەل، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ئوقۇغانلىرىمىز دەل ئاشۇ كەمبەغەل، نامرات ئائىلىلەرنىڭ غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشىغا ئاز ـ تولا ياردىمى تېگىدىغان كەسىپ. يېڭى تۇر، يېڭى نەسىل، نەسىللىك سورتلارنى تەتقىق قىلىش، يېتىشتۇرۇش، كېڭەيتىش شەھەر ئىچىدە، ئېگىز بىنالاردىكى ئىشخانىلاردا ئەمەس، شامال ـ بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان، قار توختىسا يامغۇر ياغىدىغان جاڭگاللار، يايلاقلار، قىشلاقلاردا ۋۇجۇدقا چىقىدۇغۇ؟ بۇ بىزنىڭ ۋەدىمىزگە، ئىرادىمىزگە، قەسەملىرىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كەلگۈسىمىزنى، ئىستىقبالىمىزنى تاپىدىغان تاللاش ۋە پۇرسەتقۇ؟

— مېنىڭ ئىچىمنى سىقىۋاتقىنى دەل ئاشۇ دەبدەبىلىك گەپلەر، — بەھرىنىسا قەددىنى رۇسلاپ ئىسكەندەر كامىلغا دادىل قارىدى، — مەن يېزىلاردىن، يايلاقلاردىن، جاڭگاللاردىن قاچاي، دېگىنىم يوق. ئاشۇنداق خىيال يادىمغا كەچكىنىممۇ يوق. لېكىن.... بىراق، بىزنىڭ ۋەدىلىرىمىزچۇ، ئىچىشكەن قەسەملىرىمىزچۇ؟

ئىسكەندەر كامىل ئەجەبلىنىپ:

— شۇ ۋەدە، قەسەملەر ئۈچۈن بولسىمۇ ئاساسىي قاتلاملاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز توغرىسىدا سۆزلىدىمغۇ؟ — دېدى ۋە ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن قوشۇپ قويدى، — بىر مىنۇت ئۆتكەندۇ... ئەسلەپ بېقىڭ...

بەھرىنىسا قېشىنى ئۈچۈرۈپ ئېغىر تىنىدى:

— مەن ئىككىمىزنىڭ ۋەدىلىرىنى دەۋاتىمەن. مەن يىراقلارغا كېتىپ، سىز بۇ يەردە قالسىڭىز تەتقىقاتىمىز چارۋا ماللار ئۇس ـ

تىدە بولماي، بىر ـ بىرىمىز توغرىسىدا بولۇپ كەتسىچۇ؟ مەنغۇ
سىزنى تەتقىق قىلىۋېرەرمەن، سىز قىزلار توپىدىكى يېڭى سورت،
ئۆزگىچە تۇرلەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشسىڭىز، كېيىنچە خۇلا ـ
سىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىپ: «كەچۈرۈڭ، ئىككى جايدا تېلېفونلى ـ
شىپلا ئۆتكىلى بولمايدىكەن... رېئاللىقتا باش ئەگمەي بولمىدى،
رەھىمسىز تۇرمۇش.... ۋەھاكازا» دېسىڭىز....

ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ
ئاڭلاۋاتاتتى. گەپتىن توختىسا، ئەركىلەتمە سۆزلەرگە ئارىلاشتۇ ـ
رۇپ بىر ـ ئىككى ئېغىز جىمىلەپ قويۇشنىمۇ ئويلاۋاتاتتى. بەھ ـ
رىنىسانىڭ ئاۋازىدىكى ئۆزگىرىش ئۇنىڭ نەزىرىنى چاي پىيالى ـ
سىدىن يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ بەھرىنىساغا قاراپ چۆچۈپ
كەتتى. قىز يىغلاۋاتاتتى. كۆز چاناقلىرىغا پاتمىغان ياشلار ئىككى
مەڭزىنى بويلاپ زىناقلىرىغا يىغىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپكە
بۆلىنىپ ئېڭىكى ئاستىغا ئېقىپ چۈشمەكتە ۋە بەلكىم بوينىنى
غەرق قىلماقتا ئىدى. ئەتراپتىكى ئۈستەللەردە ئادەم كۆپ بولسى ـ
مۇ، بەھرىنىسا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقتىن، بۇلارغا دىققەت قى ـ
لىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۈستەلدىكى قەغەز سالىدىغان قاپچۇق ـ
تىن بىر سىقىم قەغەز ئېلىپ بەھرىنىساغا ئۇزاتتى:

ـــ يېشىڭىزنى سۈرتۈڭ، ـــ دېدى پەس ئاۋازدا، ـــ نەدىكى يو ـ
قىلاڭ پاراڭلارنى قىلىدىكەنسىز... تېخى ھېچكىم سىزگە مېنى
شەھەردە قېلىپ، سىزنى چەت جايلارغا بېرىڭ، دېمىدىغۇ؟ ئىككى ـ
مىز دېيىشكەن گەپلەر، ئۇ بىر پەرەزغۇ...

بەھرىنىسا لوقما سېلىپ:

ـــ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان پەرەز، ـــ دېدى يەنە
تەرسالىق بىلەن، ـــ نەتىجىسى مېنىڭ كېتىشىم، سىزنىڭ قېلى ـ
شىڭىز بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ....

ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ يەنە ياش تۆكۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ چى ـ

دىمىدى.

— تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق «خۇلاسە» چىقىپ قىلىش ئېھتىمال-لىقى كۆرۈنسە، سىز بارغان يەرگە مەنمۇ ئەگىشىپ كېتىمەن، ئېسىڭىزدە تۇرسۇن، بۇ مېنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش كۆچكە ئىگە، ئىناۋەتلىك قەسىمىم!

بەھرىنىسانىڭ يېشى توختىغان بولسىمۇ، كەيپىياتى كۆتۈرۈل-مىدى، ئۇلار تامىقىنى گەپ - سۆز قىلىشماي يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئىسكەندەر كامىلنىڭ بىرئاز كوچا ئايلانغۇسى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئويىنى ئېيتىۋېدى، بەھرىنىسا رەت قىلدى:

— كېتەيلىچۇ، ... بۈگۈن جىق يول مېڭىپ، بەك چارچاپ كەت-تىم ...

ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆزىتىشىچە، بەھرىنىسانىڭ چارچىغى-نى راست، لېكىن روھسىزلىنىپ كېتىشى ئۇنى تېخىمۇ ھاردۇرۇ-ۋەتكەندى. ئۇ بەھرىنىسانى ياتىقىغىچە ئۇزىتىپ كېلىپ، «ياخشى چۈش كۆرۈڭ!» دەپ خوشلاشتى، باشقا ۋاقىتلاردا بەھرىنىسامۇ «ياخشى چۈش كۆرۈڭ»نى تەكرارلاۋېرىپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ قۇچىقىدا بىرەر سېكۇنت بولسىمۇ تۇرۇۋالاتتى، ئادەم بولمىسا ئې-سىلىپ سۆيۈش تەلەپ قىلاتتى ياكى ئۆزى سۆيۈۋېلىپ ياتاققا كى-رىپ كېتەتتى، بۈگۈن: «سىزگىمۇ ياخشى چۈش يار بولسۇن» دەپ قويۇپلا كىرىپ كەتتى.

ئىسكەندەر كامىل خورسىندى، كۆڭلى يېرىم بولدى، «بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر بىر - بىرىگە مۇتلەق ئىشىنىشى كېرەك ئىدىغۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ياتىقىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — شۇنچە ۋەدىلەر، قەسەملەر يەتمەيتتىمۇ؟ بۈگۈن بەرگەن ۋەدەم، ئىچكەن قەسىمىممۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى جايىغا چۈشۈرەلمىدى، خاتىرجەملىك شۇبھىلىنىش-نىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى. ئۇ شەكلەنگەندەك، ئىشەنچ قىلالمىغۇ-دەك سەۋەنلىكىم، ئىش - ھەرىكىتىم، گەپ - سۆزلىرىم بارمۇ؟ مېنىڭ

ئۇنىڭغا بەرگەن سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم ئۇنىڭ ماڭا بەرگىنىدىن ئاز ـ مۇ؟ ...»

ئۇنىڭ ياتىقىدا ئولتۇرۇش بولۇۋاتاتتى، ناسىر قۇتيارنىڭ ئىككى يۇرتداش دوستلىرى كەلگەن ۋە ئۇلار خېلى قىزىۋېلىشقانىدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ كىرىشى ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ناسىر قۇتيارنىڭ دوستلىرى ئىسكەندەر كامىلنى تونۇغاچقا، قورۇنۇپ ـ تارتىنىپ يۇرمەيلا هاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى:

ــ تەلەيلىك ئادەملەر بەختلىك بولىدۇ، مانا، سەن بۇرادەر تەلەيىڭ ئالدىن يول باشلايدىغان بەختلىك يىگىت سەن، قېنى، ئولتۇرماي تۇرۇپ بىر رومكا كۆتۈرۈۋەت! ــ دېدى ئېگىز بويلۇق، قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان، يازلىق ئاق كۆڭلىكىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تۈگمىسىنى ئېچىۋەتكەن يىگىت كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ.

ناسىر قۇتيار ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر دوستى، گۆشلۈك، دىقماق، ياپپاش تۇرۇپ ماڭلاي چاچلىرى چۇشۇشكە باشلىغان يەنە بىر يىگىتمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رومكا تەڭلىگەن يىگىتكە بولۇشۇپ «هە قېنى، خوشە ...» دېيىشىپ بەردى.

ئىسكەندەر كامىلغا ئىچمەي بولمىدى، هاراق ئۇنىڭ تىل، گېلىنى ئېچىشتۇرۇپ، كانىيىنى تاتىلىغاندەك چۇشۇپ كەتتى. ئىسكەندەر كامىل زادى بولالمىغان شارائىتتا دۇچ كەلمىسىلا هاراق ئىچمەيتتى، هاراق ئىچكۇسىمۇ كېلىپ كەتمەيتتى. بۇگۇنكى هاراق ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر قىلمىدى، شۇ هالدىمۇ ئۇ يەنە دىقماق يىگىت بىلەن ناسىر قۇتيارنىڭ «كېچىكىپ كىرگەنلىك ئۇچۇن» دەپ باھانە كۆرسىتىپ قۇيغان «جەرىمانە» هاراقنى ئىچىپ بېشى قېيىپ كەتتى، «ئەمدى ئىچمەي، ــ ئويلىدى ئۇ، ــ كەيپىم ياخشى ئەمەس، مەست بولۇپ قالسام ياخشى ئەمەس ...».

ــ داستىخانغا قارا ئاداش، ــ دېدى ناسىر قۇتيار ياتاقتىكى

بىردىنبىر ئۇستەلنىڭ تۆپىسىدىكى كومپيۇتېر، كىتاب ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، گېزىت سىلىپلا ياسىۋالغان داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، — بويتاقلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدسەن، ھېلىمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭغا ئىشىدنىمەن ...

«داستىخان»دا ئۇتلەپ پىشۇرۇلغان قوينىڭ باش ۋە پاچاقلىرى، گۆش، جىگەر، قېرىن ۋە ئۇچەي كاۋاپلىرى، لەڭپۇڭ، تەرخەمەك، توروپلارنى قىرىپ راسلانغان سوغۇق سەيلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىتتىپاق تىياتىرى» ئالدىدىكى كەچلىك بازارنىڭ «مەھسۇلاتلىرى» بولۇپ، ئاشۇ پېتى ئېلىپ كېلىنگەندەك تۇراتتى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ قورسىقى توق، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىرىپ ئولتۇرمايلا كەينى ـ كەينىدىن ئىچىۋەتكەن ئۈچ رومكا ھاراق كۆڭلىنى سەل ئاينىتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلىنى دەپلا جىگەر كاۋىپىدىن بىر زىخ يېدى، يېگەندىمۇ ئالدىرىماي، چىشى چۇشۇپ كەتكەن ئادەملەردەك يالماپ يەپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى، ھاراقنى بولسا ئىچىشنى قەتئىي رەت قىلدى:

— ئىسسىقتا جىق مېڭىپ يۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالدىم بولغاي، — دەپ باھانە كۆرسەتتى ئۇ، — كۆڭلۇم ئېلىشىپ تۇرىدۇ، كەيپىممۇ ياخشى ئەمەس، سىلەر بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن دەخلى قىلمايمەن ...

ئۇلپەتلەرنىڭ زورى كارغا كەلمەي ئۆزلىرى ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئەمما ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆزىتىشىچە، قىزغىنلىق سۇسلىشىپ كەتتى. بىر ئادەمنىڭ يېمەي- ئىچمەي، گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرۇۋېلىشى ھەرقانچە قىزىغان سورۇننىمۇ پەسكويغا چۇشۇرىدۇ ـ دە! ئۇلپەتلەر يەنە يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇپ تاراشتى، ئىسكەندەر كامىل كەتكەنلەرنىڭ ياتاقلىرىغا قىلغان تەكلىپىگە رەھمەت دەپ ئۇزىتىپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ناسىر قۇتيار

ئۇستەل ئۈستىنى يىغىشتۇرۇۋاتقىچە:
— نېمە بولدى، بەھرىنىسا بىلەن گەپ تەگىشىپ قالمىغانسىلەر؟
— دەپ سورىدى سىرلىق قاراپ، — بۈگۈن قايتىشىڭمۇ بالدۇر، تۈنۈگۈندىن ئىلگىرى قاچان كىرگىنىڭنى بىلمىدۇرمەيتتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭ دېگەندەك بۈگۈن كەيپىڭ تۆۋەن بولمىغاندىمۇ جايىدا ئەمەس، ئىشقىلىپ بىنورمال...
ئىسكەندەر كامىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى، مۇشۇ جىم ئولتۇرۇش ناسىر قۇتيارنىڭ گۇمانىنى ئاشۇراتتى، ئۇ يەنە بىر قېتىم سورىغاندا، ئىسكەندەر كامىل بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئېيتىپ بەردى.
— ئۇنىڭ گۇمانلىنىشىدا ھەققى بار، — دېدى ناسىر قۇتيار بەھرىنىسانىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئايلار ئۆتىدۇ، يىللار ئۆتىدۇ، سەن ئۇنى يۆتكەپ ئەكېلەلمەيسەن، نازارەتتە ئىشتات يوق، تۆۋەندە ئېھتىياج كۆپ، كادىر كەم دېيىلىۋېرىدۇ، خەق ئاشۇنداق كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالامدۇ؟
— مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باراي، دېدىمغۇ؟
— بۇ ھازىر دېيىلىۋاتقان سۆزلەر، — ناسىر قۇتيار يەنىلا بەھرىنىسا تەرەپتە تۇرۇپ پىكىر قىلاتتى، — بىرنەچچە يىل ئىچىدە يەنە قانداق «تۇر قۇرۇلۇشى» چىقىدۇ، سەن نەدە، مەن نەدە؟ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ، كادىرلارنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولسا تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدۇ. قارا، نازىر ئىسىڭگە سالغان «80ـ4 تۇر قۇرۇلۇشى» پىلانى ئىجرا قىلىنىشقا چۈشۈرۈلۈپ قانچە يىل ئۆتتى؟ ئۇ «تۇر قۇرۇلۇشى»نى كىم ئېسىگە ئېلىپ، كىم يېتەكچىلىك قىلدى؟ شۇ تاپتا بۇ ھەقتە مۇزاكىرە بولۇپ باقسۇنچۇ؟ ئىدارىنىڭ يىغىن زالى «يىپ بازىرى»غا ئايلىنىدۇ، نازىر شۇنداق دېگىنى بىلەن ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيەگە بېرىپ، توساتتىن «تەرەققىي قىلىش» ئېسىگە كېلىپ قالدىمۇ تېخى؟

— سىڭىلچە، ئۇ تور قورۇلۇشى نېمىشقا توختاپ قالغان؟

— توختاپ قالمىدى، — گەپنى توغرىلىدى ناسىر قۇتيار، — توختاپ قالغىنى يوق، ئاشۇ «تور قورۇلۇشى»غا مەسئۇل تېخنىكلارنىڭ بەزىسى يۆتكىلىپ كەتتى، بەزىسى پېنسىيەگە چىقتى، كونكرېت تۇتىدىغان رەھبەرلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئوخشاشلا پېنسىيەگە چىقىدىغانلار چىقتى. بەزىلىرىنىڭ خىزمەت ئورنى ئالماشتى، يېڭى رەھبەرلەردىن بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىرىغا بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش نېسىپ بولمىدى، بۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى يوقلار بۇ تورنى نام، ئورۇن، شان ـ شەرەپكە ئاسان ئاپىرىدىغان يول دەپ ئۆزىنى ئۇرغان بىلەن قولىدا «كومپاس»، قورساقتا ئۇماچ بولمىغاچقا، سول يېرىپمۇ چىقالماي، خەقنىمۇ ئىشلىگىلى قويماي سۆرۈلۈپ يۈرسە كېرەك، كونكرېت ئىشلاردىن تازا خەۋىرىم يوق. ئىشنىڭ ئۇ ـ جۇر ـ بۇجۇرىنى سىلەرنىڭ ئىشخانا بىلىدۇ، بۇنداق ئىشلارغا سىلەر مەسئۇل ئەمەسمۇ؟ سەن تېخى يېڭى، قالغان ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلارنى قېرىلاردىن، كونىلاردىن سورا. يەنە ئىنچىكە يۈگلۈق قوي، مەكىت قويى، كۇچا كۆرپە قويى، خوتەن قويى، لوپنۇر ...

ئىسكەندەر كامىل قولىنى سىلكىدى، ناسىر قۇتيارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋە:

— بۇ يەنە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ... دېگەنلەر چوڭ گەپلەر ئىكەن، بۇنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالارمىز، ئەمما بۇلار توغرىسىدا نەق مەيدانغا بېرىپ تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش مېنىڭ بەھرىمىنساغا بەرگەن ۋەدەمدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ — دېدى قىزىشىپ.

ناسىر قۇتيار كۈلدى:

— سەن ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، بىر قىزنىڭ مەۋقەسىدىن چىقىپ ئويلانساڭ، ۋەدىگە ھەتتا قەسەمگىمۇ مۇتلەق ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، شارائىتنىڭ، ئېھتىياجنىڭ ئارزۇ ـ

ئارماننى كۆچەيتىش بىلەن بىرگە ھەم ئۆزگەرتىش رولى بارلىقـ-
ىنىمۇ ھېس قىلىپ قالىسەن. بىز ياشاۋاتقـان ۋە دۇچ كېلىشىمىز
مۇمكىن بولغان رېئاللىق قىزغىن ئىرادىمىزگە توغرا كەلمەيدىغان
تېمىلارنى چىقىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ...

— قانداق قىلسا ئىشىنىدىغان بولاركىن بۇ قىزلار؟ — ئىس-
كەندەر كامىل كارىۋىتىغا ئېغىر ئولتۇردى.

— سەن بەھرىنىسانى ئۇ سەندىن تەمە قىلغانىدەك ياخشى كۆ-
رەمسەن زادى؟ — پۇسۇققىدا سوراپ قالدى ناسىر قۇتيارمۇ كارد-
ۋىتىدا ئولتۇرۇپ.

— نېمە؟ — چەكچىيىپ قارىدى ئىسكەندەر كامىل، — ئەمدى
ساڭىمۇ ۋەدە بېرىپ، قەسەم ئىچىشىم كېرەكمۇ؟

— ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ، چىن دىلىڭدىن ۋەدە بەرگەن
بولساڭ توي قىل!

— نېمە؟ — ھەيران بولغىنىدىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى
بىلەلمىدى ئىسكەندەر كامىل، — توي قىل دەمسىنا؟ توي قىلمى-
سام نېمىشقا ياخشى كۆرۈپ يۈردۈم ئۇنى؟

— مەن ساڭا دەرھال، كېچىكتۈرمەي توي قىل دەۋاتىمەن، —
دېدى چۈشەندۈرۈپ ناسىر قۇتيار، — ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە تەقسى-
ماتى ھەل قىلىنىشتىن ئىلگىرى توي قىلىۋال، شۇ چاغدا ئۇنىڭ
يۈرىكى جايىغا چۈشىدۇ، سەنمۇ ئۇ چاغدا خوتۇنۇڭ سەۋەبىدىن تې-
خىمۇ بېسىم ھېس قىلىسەن، نازارەتمۇ كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارنى
ئويلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ...

ئىسكەندەر كامىل بىرھازا ئولتۇرۇپ ئويلاندى، ئۇنىڭچە بۇ ئا-
مال بولىدىغاندەكمۇ بىلىنىدى، يەنە بىر يەرلىرى غەلىتىدەكمۇ تۇ-
يۇلدى.

— نازارەت كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنى قانداق ئويلىشىشى مۇمكىن؟
— دېدى ئۇ، ناسىر قۇتيار گويا بۇ ئىشنى خېلىدىن بۇيان ئويلى-

شىپ قويغاندەك ئۇتتۇرسىغىلا جاۋاب بەردى:

— يا ساڭا تۇرىدۇ، خوتۇنۇڭنى يېنىڭغا يۆتكەپ ئەكېلىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا تۇرىدۇ، سېنىڭ ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتە- شىڭگە رۇخسەت بېرىدۇ. ھازىرغىچە ئىدارە ئىچىدە سېنى يېڭى كەلگەن ياشلار ئىچىدە قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش چىقىدۇ، ئەخلاق - پەزىلەتتە ياخشى، دەيدىغان جامائەت پىكرى بار. ئۇنداق ئىكەن، بىر ياخشى كادىرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككى ياقتا ئايرىلىپ تۇرۇۋېرىشىگە سۈكۈت قىلمايدۇ، يەنى كارى بولماي قالمايدۇ، دې- گەن سۆز. كادىرلارنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار- نىڭ كادىرلارنىڭ ئىككى ياقتا ئايرىلىپ تۇرغان ئەڭ ئۇزاق ۋاقتى تۆت يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەيدىغان سىياسەت خا- راكتېرلىك ھۆججىتى بار دەپمۇ ئاڭلىغانمەن، بەزى مەسىلىلارغا قا- رىغاندا، بۇ گەپ ئىشەنچلىك.

— ئىدارە دەرھال توي قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلار- ھە؟ — ئىسكەندەر كامىل جانلىنىپ سورىدى.

ناسىر قۇتيار كۈلۈپ كەتتى:

— قايسى سېغىزلىقتا قالغان سەھرالىق سەن؟ ھازىر توي قى- لىدىغان ئىككىيلەن پۇتۇشسە، كىملىكىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ «نى- كاھلىنىش گۇۋاھنامىسى» ئالالايدىغان زامان بۇ. رۇخسەتنى ئىدا- رىدىن ئەمەس، بەھرىنىسادىن ئالىسەن...

ئىسكەندەر كامىلمۇ كۈلدى، ئۇ بەھرىنىسا بىلەن دەرھال توي قىلىشقا قارشى ئەمەس، شۇ ھالدا تېخى ناسىر قۇتيار دېگەندەك، بىر مۇنچە تەرەپلەردە پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتىدۇ، بىراق تەييارلىقى بولمىسا، ئىككىيلەننىڭ يۇرتلىرىدىكى چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆت- مىسە، ھەتتا تويدىن كېيىن قىزنى يۆتكەيدىغانغا تۆت تېمى بار كە- پىسىمۇ يوق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ توي قىلالايدۇ؟ بۇنداق تويىنى خەق- لەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ «قىز - يىگىتنىڭ تويى» دەپ ئېتىراپ

قىلغۇسى كەلمەيدۇ، كېيىن ھەتتا بىر ئۆمۈر بۇ توي توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ...

ناسىر قۇتيار ئۇنىڭ باھانە، سەۋەب، ئاساسلىرىنى بىر - بىر - لەپ يوققا چىقاردى:

پۇرسىتى كېلىپ، شەرت - شارائىتى يار بەرگەن چاغدا ئۆزى - نىڭ ۋە قىزنىڭ يۇرتىدىكىلەرگە ئاش تارتىشمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئىك - كىيلەن بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن خىزمەتداشلار ۋە يېقىن - ياچە ئاۋۇتقان ئەھلىمەھەللە، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىدا ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق چالسىمۇ خەقلەر ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەر - خوتۇن ئىناق - ئېجىل، ئەپ ئۆتسىلا تۇنجى توينىڭ گۈل - دۈر - غالاپسىز، ھەشەمەتسىز ئۆتكەنلىكى بىلىنمەيدۇ، بەلكى تې - خى شېرىن، تاتلىق، ئالاھىدە ئەسلىمە بولۇپ خاتىرىسى ئۆچمەي ساقلىنىدىغان يادنامە بولۇپ قالىدۇ.

— تەكرارلىغاندا، — دېدى ئۇ خۇلاسە چىقىرىپ، — بىر ياقتىن، بەھرىنىسانى خاتىرجەم قىلسەن، كۆڭلى توق تۇرىدۇ، يەنە بىر ياقتىن، نازارەتكە بېسىم ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بىرنەچچە يىل، ھەتتا ئاخىرقى چەك بولغان تۆت يىلمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپ، جەم بولۇشنىڭ بىر شەرتى ھازىرلىنىدۇ، نېمىلا بولمىسۇن، بۇ توي قىلماي ئىككى ياقتا ياشاپ، ھىجران ئازابىنى تارتىپ ئۆتكەندىن ياخشى. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە بەزى ئەرلەر، يەنە بەزى ئاياللار ئالدى ئىككى - ئۈچتىن، كەينى بىرەر - دىن بالىلىرىنى جورىسىغا تاشلاپ قويۇپ، ياپونىيەگە، ياۋروپا، ئامېرى - كىغا دوكتور بولۇش ئۈچۈن بېرىپ ئوقۇۋاتىدىغۇ؟ ئاشۇنداقلارمۇ ئالدى تۆت - بەش يىلنى، كەينى ئالتە - يەتتە يىلنى دەتتىكام قىلىۋاتى - دۇ، سەن بىلەن بەھرىنىسانىڭ كاككۇك - زەينەپلىكى قانچىلىك ئىش ئىدى؟ گەپ پۈتۈن مەنىۋى دۇنيانى كۆڭۈلگە يىغىپ، ئۇنى قال - دۇرماي مەھبۇبىگە بېرىشتە! ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاتالمىش مۇھەببەت شەرت ۋە دالالەتلەرنىڭ توسقىنى بۆسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتۇشتە !

ــ ھارىقىنىڭ تۇگىگەنمىدى؟ ــ قايىل بولغان ئىسكەندەر كامىل قەتئىي نىيەتكە كەلدى، ــ بولسا قويە، بىرەر رومكىدىن ئىچەيلى ...

ھاراق تېپىلدى، يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئاساسەن ئىسكەندەر كامىل ئىچىپ تۈگەتتى. ئىككىيلەن باياتىن دېيىشكەنلىرىنى تەكرارلاپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى، ھاراقنىڭ كەيپى بېشىغا چىققان ئىسكەندەر كامىل ياتقىلىۋېتىپ:

ــ بىزغۇ مەسلىھەتنى پۇشۇردۇق، مەندىن ئەمدى باشقىچە جاۋاب چىقمايدۇ، بۇ مەسلىھەتىمىزگە بەھرىنىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ناسىر قۇتيار ئىنكاس بىلدۈرمىدى، ئۇ يېشىنمەيلا قاتلاقلىق يوتقىنىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالغان ئىدى.

بەھرىنىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتى؟ ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ پۇتۇنلەي يېڭى، ئۇنىڭغا يېڭىدىن بەكرەك «غەلىتە» بىلىنىۋاتقان پىلانلىرىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى، سەل ئۆتمەيلا گاڭگىراپ، ئۆزىنى قويالماي قالدى. بىر دەمدىن كېيىن ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ تەكلىپى بەك «تاسادىپىي» بولغانلىقتىن ئويلىنىۋېلىشقا ۋاقىت سورىدى.

ئۇلار ھايۋانات باغچىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەچ پاراڭلاشقان، ئىسكەندەر كامىل پىلانىنى تاماق يەپ بولۇپ دېمەكچى بولغان. بىراق، ئۆزىنى باسالماي، كېچىچە ئۇخلاتمىغان بۇ تەكلىپىنى ئېيتىۋېتەكەندى. بەھرىنىسا باشتا ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، «توي» بولغانىكەن، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئىنچىكە، نازۇك تەرەپلىرى، ھالقىلىرى، رەسمىيەتلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئەتە ــ ئۆگۈنلا توي قىلىۋەتسە، «غەلىتە بىر ئىش» يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەندى. شۇڭا، ئويلاندى، ئويلاندى، ئويلىنىۋېرىپ «داغدۇغىسىز توي» قانداق بولار، «ھەشەمەتتى» بولمىسا خەقلەر نېمە دەر؟ دېگەن-

ـدىن باشقا توسالغۇ بولغۇدەك سەۋەبمۇ تاپالمىدى. قايسى قىز ئۆزد ـ ىنىڭ تۇنجى تويىنىڭ «غىمىسسىدە» بولۇشىنى، «مەخپىي» ئۆتـۈ ـ شىنى خالىسۇن؟

ئىسكەندەر كامىل ئاخشام ناسىر قۇتيار ئۆزىنى رەت قىلغان ئاساسلار ۋە قائىدىلەر بىلەن بەھرىنىسانى رەت قىلدى، بەھرىنىد ـ سادىمۇ تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەك باھانە ـ سەۋەبلەر يوق ئىدى. ئا ـ خىر، بىرەر سائەتچە «تالاش ـ تارتىش» قىلىشىپ، ناسىر قۇتيار ئۆگەتكەن يول بىلەن مېڭىپ «چوڭ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى» ئـۇ ـ چۇن ئاددىي توي قىلىشقا كېلىشتى. جەمئىيەتتە قىلىنىۋاتقان «نورمال توي»لارنىڭ رەسمىيەتلىرى ئاساسەن «قەرز» بولۇپ كەل ـ گۈسىگە قالىدىغان بولدى. «ئاغزاكى كېلىشىم» دېيىلىپ تۈگى ـ گەندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ، بەختىيارلارچە كۈلۈشۈپ تاماققا كىرىشتى.

ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، تويىنىڭ رەس ـ مىيتى، كۆلىمى، داغدۇغىسى ھەققىدە سۆز بولغاندا ھېچكىم تاڭ قالغانلىقىنى، ئەجەبلەنگىنىنى بىلدۈرمىدى. ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانىڭ بىرمۇنچە ئەندىشىلىرى، ساراسىمىلىرى دىققەتكە ئەرزىمەيدىغان، ئورۇنسىز غەم قىلىش بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۇلار «مەشرەپ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر رېستوراننىڭ ئوتتۇرىچە چوڭلۇقتىكى ئىككى ئايرىمخانىسىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتى. بىد ـ رىگە ئىسكەندەر كامىل، ناسىر قۇتيارلارنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشىدا بار يېقىنلىرى، يەنە بىرىگە ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئىشداش خىزمەتچىد ـ لىرى يىغىلىشتى. «توي مۇراسىمى» دېيىلگىنى بىلەن دوستلار، خىز ـ مەتداشلار ئولتۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سورۇن داقا ـ دۇمباق ـ سىز، ناغرا ـ سۇنايسىز بولسىمۇ، ھەرھالدا قىزىدى. ئىسكەندەر كا ـ مىل بىلەن بەھرىنىسا ئىككى ئايرىمخانىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇ ـ رۇشتى، ئىككىيلەننىڭ قەلبىدىن يۈزلىرىگىچە ئوت كەتكەندەك قىد ـ

زىپ، خۇشلۇقىدىن ئۆزىنى باسالماي، شاد ـ كۇلكىدىن ئېغىزلىرىنى يۇمالماي قېلىشتى.

مۇراسىمغا نازىر، مۇئاۋىن نازىر جۇرئەتلەرمۇ كەلگەنىدى. نازىر باغاق كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىسكەندەر كامىلنى يېڭىباشتىن كۆزىتىپ چىقتى. بەھرىنىسانى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكىدىن، ئالاھىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئىككىيلەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىپ، قىلماقچى بولغان تويىنى مۇبارەكلىدى، ئاندىن جايىغا ئولتۇرۇپ، بەھرىنىساغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەھۋالىڭنى كەلگۈسىدىكى، ياق ... ياق، ئەتىدىن تارتىپ رەسمىيلىككە قەدەم باسىدىغان ئېرىڭ ئىسكەندەردىن ئاڭلىغانىدىم، نېمە بولدى، دېگەنلىرىم يالغان ئەمەسقۇ؟ باغاقنى ئېلىپ بولدۇم، شۇنداق دېسەم بولۇۋېرىدۇ، قىزىرىدىغان، يەرگە قارىۋالىدىغان ئىش قىلماساڭلار يا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بەھرىنىسادىن نەزىرىنى يۆتكىمەي كۈلدى، — ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسىدىن ئارخىپ ماتېرىياللىرىڭنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆرۈۋاتاتتىم تېخى ... تەسىراتىم شۇكى، سەن بىزگە كېرەكلىك خادىم ئىكەنسەن قىزىم، قارارىم شۇكى، سېنى نازارەت تەۋەسىگە قوبۇل قىلغىنىم قىلغان ...، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — سورۇشتۇرسەم، بىزدە راستىنىلا ئىشتات يوق ئىكەن، لېكىن، «80 ـ 4 تۇر قۇرۇلۇشى»غا بېرىلگەن بىر ئىشتاتنى ئۇلار مەخپىي ساقلاۋاتقۇدەك. شۇ يەرگە بېرىپ تۇر، ئۇلار ئىشتاتنى قانداقتۇر بىركىملەرگە بېرىۋېتىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ، دولىسىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى بارغىن...

ئۇ سەل توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسكەندەر كامىل گەپ قىستۇرۇۋالدى:

— ئىككىمىزمۇ شۇ قارارغا كەلگەن، تەشكىل نەگە ئەۋەتسە،

قايسى تۇر تەجرىبىسىگە قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلسا، بەھرىنىسا ئىككىلىنەمەي قوبۇل قىلىدۇ، مۇبادا زۆرۈر تېپىلىپ قالسا مەنمۇ بىللە بېرىشقا تەييارمەن...

— سەن ئۆپكەڭنى بېسىۋال، — دېدى نازىر ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋە بەھرىنىساغا قاراپ داۋام قىلدى، — سەن بار، ئىلمىي ئىشلارنى قىزغىنلىقىلا ئەمەس، ئىلمىي قانۇنىيەتكە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەت، بۇ، نازارىتىمىزگە، مۇشۇ تۇرنى ئاياققا تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان ماڭا، ئۇنى ئىشلەپ ئاخىرىغا چىقارغان ئۆزۈڭگىمۇ شەرەپ كەلتۈرىدۇ، سەن يېتىشتۈرگەن ئاشۇ يىگى تۈردىن نەپكە ئېرىشكەن دېھقان، چارۋىچىلار ئۇچۇنمۇ ساۋاب ئىش قىلغان بولىسەن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا كۆمۈلۈپ ياشايسەن قىزىم ...

بۇگۇنكى مۇراسىمغا كەلگەن نازىر باغاق تۇتۇپ تۇرۇپ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تەكرارلاپ، ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى:

— بۇگۇن قوشۇلغان، ئەتە - ئۆگۈن ۋاقتىنچە ئايرىلىدىغان ئىككى ياشنىڭ تېزراق قوشۇلۇشى ۋە ئاندىن ئايرىلماسلىقى ئۇچۇن ئىچەيلى، ئويناپلى، خۇشال - خۇرام كۈلەيلى، قېرىلارنى ياشلىقىنى ئەسلەتكۈزۈپ، توي قىلىپ بولغانلارنى ئەمدى قىلساقچۇ دېگۈزۈپ، تېخى توي قىلمىغان ياش نۆۋەرلەرنى ئالدىرايدىغان قىلىش ئۇچۇن ئىچەيلى، ئويناپلى، كۈلەيلى ...

نازىر كەتتى، يېرىم سائەتلەرچە كېيىن مۇئاۋىن نازىر جۈرئەت ۋە بىر قىسىم باشقارما، ئىشخانا باشلىقلىرىمۇ بىر - ئىككىلەپ ئۇزاشتى، قېپقالغان ياشلار رېستوران تاقالغاندىن كېيىنمۇ ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۇزاققىچە تانسا ئويناشتى ...

# توققۇزىنچى باب

تاشقىرىدىكىسى چوڭ، ئىچكىرىدىكىسى كىچىكرەك ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئۆي، تاشقىرىدىكى چوڭ ئۆينىڭ تېمىنى بويلاپ قاتار تىزىلغان ئۇستەللەر، ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ سىرتقا ئېچىلىدىغان دېرىزىسىگە ئۇدۇللاپ قويۇلغان كارىۋات، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئېگىز - پەس ئۈچ ئىشكاپ، باش تەرىپىگە تىزىپ قويۇلغان ئۇستەل ئېگىزلىكىگە تەڭ كېلىدىغان بىرنەچچە قاڭالتىر يەشىكسىمان ساندۇق ۋە ئۇلارنىڭ نېرىسىغا تۆپە - تۆپىسىگە دەستىلەپ قويۇلغان ياغاچ ۋە قەغەز ساندۇقلار، ئىشىكتىن كىرىشكىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان، تامغا تاقاپ قويۇلغان ئۇستەل ...

تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئاشۇ مۇلۇكلىرىنى توپا باسقان، ئۇستەل، كارىۋات، ساندۇق قاتارلىق ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى بىلگىلىمۇ بولمايدۇ، توپا - چاڭ پەرق ئەتكۈزمەيدۇ. تاشقىرى ئۆيدىكى ئۇستەل تۆپىسىدە تۇرغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ئەينەك بوتۇلكىلار، مېنزۇركىلاردا قۇرۇپ قېتىپ قالغان، تەركىبىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان سۇيۇقلۇقلارنىڭ قالدۇقلىرى، توپا - چاڭ دەستىدىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سېرىق، بەزىلىرى كۆك، بەزىلىرى رەڭسىز بولۇپ كەتكەن، بوتۇلكىلارنىڭ قورساقلىرىغا ھەر خىل چوڭلۇقتا ھەر خىل خەتلەر يېزىلغان - يۇ، ئەمدىلىكتە ئوقۇغىلىمۇ بولمايدۇ.

ھەر ئىككىلا ئۆي مۇنداقلا قارىماققا ئامبارغا ئوخشايدۇ، نەرسە - كېرەكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن كۆرە، قالايمىقان قويۇلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈش ئۈچۈن سىڭايان بولۇپ مېڭىشقا، ئايلى-

نىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇدۇل ماڭسىمۇ بولۇۋېرىدىغاندەك بىلىنسىمۇ كېيىملەرگە توپا يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، توپا ـ چاڭنى قېقىشمۇ ئازابلىق ئىش. چۈنكى، ئىشكىنى ئاچقاندىلا دىماققا ئۇرۇلىدىغان توپا ـ چاڭ ھىدى، ئۇلارغا ئۈچراشقاندىن كېيىن، دىماقتىن ئۆتۈپ كۆزنىمۇ ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۆينىڭ ئىككى تەرىپى قاتارلاشتۇرۇپ سېلىنغان بىر قەۋەتلىك تۇز ئۆيلەر، ئالدى تەرىپى بىرەر مودىن جىقراق ئورۇننى ئىگىلىگەن، يۇزىگە ئېگىز ـ پەس تاش، پارچە خىش يېيىتىلغان تۇز مەيدان. مەيداننىڭ نېرىسىدىن قاتار ئۆيلەرگە ئايرىدىغان ئىككى ئادەم ياندىشىپ ماڭسا تارلىق قىلمايدىغان يول ئېلىنىپ، ئۈستىگە تەكشى خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ تار يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىش بۇرجىكى سىرتقا قارىتىلىپ ھەرە چىشى چىقىرىلىپ كۆمۈلگەن، بۇ يول ئاشۇ تۇسى بىلەن مەيدان ۋە ئەتراپتىكى بوشلۇقتا خېلى ئىسكەت كىرگۈزگەن.

مانا بۇ بەھرىنىسا كېلىپ كۆرگەن مەنزىرە. ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆي ئەسلى لابوراتورىيە بولۇپ، قاچانلاردىن تارتىپكىن ئىشلىتىلمەي توپا ـ چاڭغا باستۇرۇپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر فىرما ئىشخانىسى، مالىيە بۆلۈمى، قوغداش بۆلۈمى، مەجلىسخانا، ئامبار ... دېگەندەكلەر. بەھرىنىسانىڭ كېلىپلا «ئۇنىۋېرسال فىرما» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەت ئورنىدا كۆرگەنلىرى ئاشۇ مەنزىرىلەر بولدى.

ئۇ ئورۇمچىدە توينى تۈگىتىپ بىر ھەپتە تۇردى. «ئىشلىرى چېچىدىن جىق» بولۇپ كۈندۈزلىرى رەسمىيەت بېجىرىش، ئېلىپ ماڭىدىغان ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى راسلاش، ئاخشاملىرى ئىسكەندەر كامىل بىلەن ناسىر قۇتيارنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ «مېھمانغا چاقىرىش»لىرىغا داخىل بولۇش ... لار بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. نازارەت باشلىقلىرىنىڭ قوبۇلىدا بولدى، كادىرلار باشقار -

www.uyghurkitap.com

مىسى، تەتقىقات ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ يولىيورۇق، مەسلىھەت، [illegible] پىلانشىلىرىنىمۇ ئاڭلاپ بولدى. ئەمدى تۈرۈۋۈرسىمۇ باشقىلارنىڭ گېپى چىقمىشىدىن ئېھتىيات قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار ئىدارىغا يېقىنراق بىر مېھمانخانىدىن بىر ياتاق ئىجارىگە ئالغاندى، ياتاقنىڭ كۆڭۈلۈك ھەققى، تالادىن تاماق يەۋېرىشلەرمۇ ئەنسىرىتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن «ھامان بارىدىغان يەر»گە ئاتلاندى.

ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى سوغۇق قارشى ئالدى، دېگىلى بولمايدۇ. ئىدارىدا بار باشلىقلار كادىرلار بۆلۈمى باشلاپ كىرگەن بۇ قىز بىلەن قىزغىن ئەمەس، مۇزدەكمۇ ئەمەس، ئىلمانراق كۆرۈشكەن بولدى. كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش، كونكرېت خىزمەتلەر رەھبەرلەر ئايۇپقا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. رەھبەرلەردى ئايۇپلا قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە مۇئامىلىدىكى «ئىلمان»لىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ قويدى، بۇ توغرۇلۇق بەھىرنىسا باشلاپ ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ.

— سىز ئىدارىمىزدىكى بىر ئىشتاتنى ئىگىلىۋالدىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىلەر جەمئىيەتكە يېڭىياچە قەدەم قويغانلار ئىشتاتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، بىباھا ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، ئۇ بۇ ئاي، بۇ كۆڭلەردە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟

«ئۇ نازارەتنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتات ئىكەنغۇ؟» دەپ دېمىدى بەھىرنىسا ۋە يەنە بۇ ئىدارە بىلەن نازارەت ئوتتۇرىسىدا ئاز – تولا زىتلىق بارلىقىنىمۇ بىلىۋالدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى چېغىدىلا نازارەت ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردىكى چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى بىلەن كەسپىي مۇناسىۋەت ۋە يېتەكچىلىكنى ساقلىسىمۇ، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش – باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدە ئەمەسلىكىنى، يەرلىك ئىدارىلەرنى شۇ يەردىكى مەمۇرىي يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار باشقۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ خىزمەتداش يېقىنلىرىمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى يەرلىك ئىدارىلەر-

نىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەكمۇ دىققەت قىلىشنى ئەس-كەرتكەنىدى.
رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىساغا ئالاھىدە قىزغىنلىق كۆر-سەتتى، ئۇ ھېلى سەپەرنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىسا، ھېلى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى سۈرۈشتۈرەتتى. يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى سورىغان بولۇپ، توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقى بىلەنمۇ ئۇقۇشتى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھايات، ساغلام ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالنى ئاڭلىمىغانغا سالدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىچە، قىچقى بار ئەرلەر چوكانلارغا ئام-راقلىق قىلىپ، قىزلاردىن ھەرھالدا تەپتارتىشى مۇمكىن ئىدى.
رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرىلاپ، ئۇنىڭ ئۇ-رۇمچىدىن كەلگىچە بولغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئۆزى مېڭىپ يۇ-رۇپ ئاتچوت قىلدۇرۇپ بەردى. ئىككى كۈن، كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ كۈن ھېسابلاشقا بولىدىغان يول، كاماندىروپكا ياردەم پۇلىنى تۆت كۈن قىلىپ ھېسابلاتتى، «بىر سوتكا دېگەن ئىككى كۈنگە توغرا كېلىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى ئۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنى-سىدا بەھرىنىسانى شەھەر ئايلاندۇردى. ئۆزى بىلىدىغان ئاسارئەتى-قە، مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ تاماشا قىلدۇردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئاشۇنداق بىكارچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بەھرىنىسانىڭ تامىقى ئۇنىڭدىن، ياتىقىمۇ ئۇنىڭدىن بول-دى. ئۇ بەھرىنىسا كەلگەن كۈنىلا چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا تەۋە بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىدارە تەۋە-سىدىكىلەرگە، ئىدارىنىڭ سىرتتىن كەلگەن مېھمانلىرىغا «ئىچ-كى» باھادا، باشقىلارغا «بازار» باھاسىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى-نى، كېيىنچە، كەلگۈسىدىمۇ بۇ مېھمانخانىنى ئىشلىتىش زۆرۈر-يىتى چىقىپ قالسا، ئاشۇ قائىدىنى ئۇنۇتماسلىقنى، تونۇشمايدىغان مۇلازىملارغا دۇچ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، خىزمەت كىنىشكىسىنى

كۆرسەتسىلا ياكى ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقارسىلا بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويغانىدى.

رەببىمبەردى ئايۇپ قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، تىمەن كىشى ئىدى. چىرايى ئاق سېرىق بولسىمۇ، ساقاللىق يۈزىنى كۈندە قىرىپ تۇرغىنىغا قارىماي، ساقال يىلتىزلىرىنىڭ ئورنى كۆكىرىپ تۇرغاچقا ئاق سېرىقلىقى بىلىنمەي، بۇغداي ئۆڭ كۆرۈنەتتى. ۋاقتىدىن ئاۋۋال تۆكۈلۈشكە باشلىغان ماڭلاي چېچىنىڭ ئورنىدىكى تاقىرلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، مايسا رەڭ توقۇلما شلەپىسىنى پېشانىسىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالاتتى ۋە ئاشۇ شلەپىسىنىڭ سايىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تەسىر قالدۇرىدىغان ئارىلىقى يىراق قوي كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە قىزىقىپ قارايدىغاندەك تەسىر قالدۇراتتى. ئۇ كىيىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسە كېرەك، ھەر كۈنى ئوخشىمايدىغان ئوچۇق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، كۆڭلەك ۋە تېشىدىكى كاستۇمىنىڭ رەڭگى بىلەن ماس كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ھەر خىل گالىستۇكلارنى تاقاپ يۈرەتتى. بويىنى قىسقا ھەم گۆشلۈك بولغانلىقتىن، كۆڭلەك، گالىستۇكلىرى بەكلا يارىشىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. بىراق، ئاشۇنداق كىيىنىپ ـ ياسىنىپ يۈرۈش ئۆزىگە ياقسا كېرەك، تەق ـ تۇرقى، دىدارىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىكى ئەينەكلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇستىپىشىغا بىر قۇر قارىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتىدەك بىللە يۈرۈپ، ئۇنىڭ خىزمەت توغرىسىدا، شۇ قاتاردا ھېلىقى «80ـ4 تۇر قۇرۇلۇشى» توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغىنىغا دىققەت قىلدى. ئۇ باشقا تەرەپلەردىكى گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن خۇشياقمىغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئالغان بىلىمى جەھەتتە ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئوتتۇرا تېخنىكومىنى تۈگەتكەن رەببىمبەردى ئايۇپ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك، ئەمەلىيەتچىل

ۋە تەجرىبىسى مول رەھبەرىي كادىر ھېسابلايتتى. بۇنداق خاراك-تېر ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاشۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاكىمىيەت، دېگەنلىرىنى سىياسەت، دەپ چۈشىنىپ كۆنۈپ قېلىشقان. رەبىممەبەردى ئايۇپ بۇ ساھەدە بىر تىپ ئىدى. ئۇ ئاشۇ مىجەزىنى بەھرىنىسا ئۇستىدە-مۇ ئىجرا قىلىپ، ھېچنېمىنى سوراپ بىلىش ئۇرۇنۇشىغا يول قويمىدى، بولۇپمۇ خىزمەت ئۇستىدە شۇنداق بولدى.

— سىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىڭىز دەم ئېلىش. ئون ئالتە يىل كىتاب - قەغەز غاجىلاپ چارچىدىڭىز، — دەيتتى رەبىممەبەردى ئايۇپ بەھرىنىسا بىرەر گەپ - سۆز ئېچىش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللىشى-گىلا ئالدىنى ئېلىپ توسۇپ. ئۇ يەنە بەھرىنىسا باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن، دېگەندەك قىلىپ كۈلۈپ قوشۇپ قوياتتى، — ئىش تو-گىمەيدۇ، بىز تۈگەپ كېتىمىز، بىزلەر ئوقۇش پۈتكۈزگەندە مەك-تەپتىن توپتوغرا ئېتىزلارغا، قوتانلارغا باراتتۇق. مانا، سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا ئەھۋال باشقىچە بولۇۋاتىدۇ، يەنى ھاردۇقمۇ چىقى-رىش، خىزمەتمۇ قىلىش ....

بەھرىنىسا نەچچە قېتىم: «سىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مۇشۇ يەردىلا ئەھۋال سىز دېگەندەك ئىكەن ...» دېمەكچى بولدى - يۇ، دې-مىدى. ئۇ ماڭا تەنە قىلىپ دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىۋېلىشىمۇ، ماڭا قول قويدى، خۇشامەت قىلىشقا ئۆتتى، دەپ تېخىمۇ كېرىلىۋېلىشى-مۇ مۇمكىن ئىدى.

ئىككىيلەن ھازىرچە بىر - بىرىنى كۆزىتىش، قارشى تەرەپنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، كېيىنكى مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرىگە تا-قابىل تۇرۇش تەدبىرى ئۇستىدە ئويلىنىپ كۈچ سىناشماقتا ئى-دى. دەرۋەقە، بۇ بىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىق قىلىنىۋاتقان ئىش بولمى-سىمۇ، بەھرىنىسا ئۆزى ئالغان تەسىراتى بويىچە ئاشۇنداق خۇلا-سىگە كەلدى، ئۇ بۇنداق ھالەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن تىت - تىت بولاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ رەببىمبەردى ئايۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى مېھمانخانىدىن چىقتى - دە، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە باردى، ئۆز ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، تېخىچە ئىشقا چۈشمىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماقچى بولغان ئىدى. ئاخشام ئۇ ئۇرۇمچىگە تېلېفون بېرىپ ئىسكەندەر كامىل بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، ئىسكەندەر كامىلمۇ شۇنداق مەسلىھەت بەرگەنىدى.

ئۇنى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئەمدى ئىشقا چۈشكەن باشلىقى قوبۇل قىلدى، ھاردۇق سورىدى، قانداق تەسىراتى بارلىقىنى سورىدى. بەھرىنىسا كەلگەندىن بۇيانقى ئەھۋالىنى بايان قىلدى، تېخىچە ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلىقىدىن، خىزمەتكە چۈشەلمىگەنلىكىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىدى. بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەي، قوشۇق سالماي ئاڭلىدى، «ئەرز - شىكايەت» تۈگىگىچە بىرەر ئۇششاق ھەرىكەت ياكى چىراي ئىپادىسى بىلەن بولسىمۇ بەھرىنىسانىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىق ياكى ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. بەھرىنىسا سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن، نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى قارار قىلالمىغاندەك بىر ئىپادىدە بىرنەچچە سېكۇنت ئۈھ تارتتى، قوللىرىنى كىرىشتۈرۈپ قارس چىقاردى. ئاخىر، بىرنەرسە دېيىشى كېرەك بولغاچقا:

— كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنىمۇ بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىكەن، دەپ تونۇشقا تېگىشلىك. بالدۇرراق خىزمەتكە چۈشۈش قىزغىنلىقىڭىزمۇ قوللاشقا ھەم تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە، — دېدى بەھرىنىسانى تەقدىرلەپ، روھلاندۇرۇپ، — رەببىمبەردى كېجاڭنىڭ بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە سىزنى نېمىشقا خىزمىتىڭىزنى ئورۇنلاشتۇر-

مىغىنىنى سۇرۇشتۇرۇپ، تەكشۇرۇپ بىقىشقا توغرا كېلىدۇ...
ئۇ ئاندىن رەبىىمبەردى ئايۇپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇشۇ ئىد ـ
دارىنى قۇرغان ۋە قۇرۇلغاندىن تارتىپ غوللۇق، رەھبەرلىك خىز ـ
مىتىنى ئۆتەپ، ھېلىھەم بەلگىلىك ئابرۇيىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان
پېشقەدەملەردىن ئىكەنلىكى، رەبىىمبەردى ئايۇپنىڭ يەرلىك چارۋا
مال بۆلۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولسىمۇ، پىنسىيەگە چىقىپ
ئورنى بوش قالغان بۆلۇم باشلىقىنىڭ ھوقۇقىنى ئەمەلىي يۇرگۇ ـ
زۇۋاتقانلىقى، بەھرىنىسا ئىشلەشكە ئالدىراپ كېتىۋاتقان «80ـ4
تۇر قۇرۇلۇشى»نىمۇ دەل ئاشۇ رەبىىمبەردى ئايۇپ باشقۇرىدىغاند ـ
لىقى، بۇ «تۇر قۇرۇلۇشى» تەتقىق ـ تەجرىبە بازىسى قىلىنىغان
ئۇنىۋېرسال چارۋا مال فېرمىسىنىڭ ئومۇمىي مەمۇرىيەت ھوقۇ ـ
قىمۇ رەبىىمبەردى ئايۇپنىڭ زىممىسىدە ئىكەنلىكى، ئەينى چاغدا
رەھبەرلىك ھوقۇقى تارقاق، چېچىۋېتىلمەي، مەركەزلىك، يىغىنچاق
بولغاندا، خىزمەتلەرنىڭ ئۇنۇملۇكرەك، نەتىجىلىكرەك بولۇشى مۇم ـ
كىنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ... توغرىسىدا
بىرھازا سۆزلىدى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەبىىمبەردى ئايۇپنى
تونۇشتۇرۇش بولدى، دەپ چۇشەندى. «تۇر قۇرۇلۇشى»نىڭ كونكرېت
ئەھۋالى توغرىسىدا بۆلۇم باشلىقى مۇنداق دېدى:
ــ بۇ خىزمەت، بىلىشىمچە، بىر مەزگىل خېلى چىڭ تۇتۇل ـ
غان، نەتىجىسى كۆڭۇلدىكىدەك، كۇتكەندىكىدەك چىقماپتۇ، دەپمۇ
ئاڭلىدۇق. بىز كەسپىي ئىشلارنى بىلىپ كەتمەيمىز ئەمەسمۇ؟ ...
قانداقتۇر بىر تېخنىكىلىق ھالقىدىن چاتاق چىققان گەپ، دەيدۇ.
ئىدارىدا بۇ توغرۇلۇق گەپمۇ ھەر خىل. كونكرېت ئەھۋاللارنى
رەبىىمبەردى ئايۇپ ئوبدان بىلىدۇ. هازىرغىچە گەپ قىلىمغانلىد ـ
قى، سىزنىمۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىغانلىقى مەلۇم ئارقا كۆرۇ ـ
نۇشكە ئىگە بولۇشى، رەھبەرلىك ئۆزلىرى بىلىدىغان بىرەر سە ـ
ۋەبتىن بولسا كېرەك ... جىددىيلەشمەڭ، ئالدىراپ كەتمەڭ، سال ـ

ـماق بولۇق، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز سەۋرچانلىقتا، كوللېكتىۋىزم-لىق روھقا تايىنىپ روياپقا چىقىدۇ. شەخسىي قەھرىمانلىقتا، بىر-دەملىك قىزغىنلىق ۋە ياشلارچە ھاياجانغا تايىنىپ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇرۇن شۇنداقلىقى ۋە كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالىي مەكتەپلەر سىلەرگە سىستېمىلىق ئۆگەتكەندۇر بەلكىم ...

بەھرىنىسا بۇ سۆھبەتتىن رازى بولمىدى. باشقا ئىشلىرى تۇ-گۇل ھەتتا ئۆزىنىڭ يول مېڭىشىنىمۇ ماختايدىغان رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن، يەنە كېلىپ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن ماختىلىشىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى شۇ. ئۇنىڭ چالا - پۇچۇق بىلىۋالغان بىر ئۇچۇرى شۇ بولدىكى «80-4 تۇر قۇرۇلۇشى» كۈتكەندىكىدەك ئىشلەنمىگەن، «قانداقتۇر بىر تېخنىد-كىلىق ھالقىدىن چاتاق چىققان». قايسى ھالقىدۇ؟

ئۇ بۈگۈن غىلجىڭ رەبىمبەردىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تاماق يېدى، بۇ ئەتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تاماقتا ھېساب بولدى. رەبىمبەردى ئايۇپ ئەتىگەندىن بېرى نە-لەردە يۈردىكىن، ئۇنى ياتاقتىن تاپالماي نىمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ نەلەرنى ئىزدەپ يۈرگەندۇ؟ ياكى بۈگۈن باشقا ئىشى بولسا ئىزدە-مىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ كادىرلار بۆلۈمىگە كىرىش ئالدىدا، سۆزلىشىشكە دەخلى قىلمىسۇن، دەپ تېلېفونىنى ئېتىپ قويغانىدى، ھازىر تاماق يە-ۋاتقاچ شۇ ئېسىگە كەلدى - دە، قول سومكىسىدىن تېلېفونىنى ئېلىپ ئېچىشىغىلا سىگنال كەلدى، تېلېفون بەرگۈچى دەل رەب-بىمبەردى ئايۇپ ئىدى.

— ۋوي، سىز نەگە يوقاپ كەتتىڭىز؟ — رەبىمبەردى ئايۇپ خاپا بولغاندەك ئەمەس، ئاۋازىدىن ئەنسىرەش ئاھاڭى بىلىنەتتى، — ئۆزىڭىزچە چىقىپ كېتىپسىز، يېڭىياچە كەلگەن شەھەر،

ئېزىپ قالسا، ھە، دەپ ھەممە يول ـ كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ـ ىتىمەن ... تېلېفونىڭىزنى ئېتىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟

ــ بەكلا سەھەر تۇرۇۋاپتىمەن، زېرىكمەسلىك ئۈچۈن ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرنى كۆرگەچ ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن، ــ دېدى بەھ ـ رىنىسامۇ خاتىرجەملىك بىلەن، ــ تېلېفوننى ئاخشام ئېتىپ قويغانچە، ئەتىگەندە ئېچىۋېتىش ئېسىمگە كەلمەپتۇ، مېنى ئىزدە ـ گىنىڭىزگە، كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت...

ــ تاماقنى ...

ــ مەن ھازىر چۈشلۈك تاماق يەۋاتىمەن، ــ بەھرىنىسا ئۇنى كېلىۋالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئالدىنى ئالدى.

ــ ئورنىنى دەڭ، مەن ئالغىلى باراي، ئاشپۇزۇلنىڭ ئىسمى ...

بەھرىنىسا يەنىلا ئوخشاش گەپ قىلدى:

ــ قايسى كوچا، قانداق ئاشخانا، بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، مېھمانخانىنى تېپىپ كېتەلەيمەن، يىراق ئەمەس، ئاۋارە بولۇپ كېلىپ يۈرمەڭ...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا تېلېفوننى ئېتىۋەتتى، ئىچىدە كۈلۈپ قويدى. ئادەملەر ھەممىلا يەردە بولۇپمۇ مۇشۇنداق يېڭى كەلگەن، تونۇش ـ بىلىشلىرى يوق يوچۇن يەردە ھەمراھ بولىدىغان دىلكەش كىشىگە تازا موھتاج بولىدۇ. بىراق، بۇ رەبىممەبەردى ئايۇپ نې ـ مىشقا ئادەمنى بۇنچە بىزار قىلىدىغاندۇ؟ زۆرۈرىيىتىدىن ئاشۇرۇپ چاپلىشىۋالغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ھاجىتى يوق غىلجىڭلىرى ئۈچۈن ـ مۇ...؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. رەبىممەبەردى ئايۇپنىڭ بەھرىنىسا كۆزىگە سىغدۇرالمىغان قىلىقلىرى خېلى بار ئىدى، ئۇ گەپ ـ سۆز بىلەن ئولتۇرغاندا بىر غېرىچ ـ ئىككى غېرىچلاپ بەھرىنى ـ ساغا يېقىن ئولتۇرۇشقا تىرىشىپ ئورۇندۇقىنى ئېرىنمەي يۆت ـ كەيتتى ۋە بەزى گەپلەرنى دېگەندە گويا ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىپ قولىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە، تار ـ

www.uyghurkitap.com

تىۋالسا تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالاتتى. بۇ ئىشنى تاسادىپىي بولۇپ قالغاندەك، ئۆزىمۇ بىلمەي قىلىپ تاشلىغاندەك ئىپادە كۆرسىتىپ، قول، تىزىنى ئەپقېچىش، نېرىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇۋېلىشلاردىن خىجىلمۇ بولمايتتى. كۆرمىگەنگە، بىلمىگەنگە سالاتتى. بىر كۈندە نەچچە قېتىم كۆرۈشسە شۇنچە قېتىم، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغان سۆزلەرنى ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ ئېيتىشقا ئامراق ئىدى. ئەگەر ئۆزىنى تارتىپ تۇرمىسا چاپلىشىۋالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ قىلىقلارنى قىلماسلىققا ئۈندەپ باقاي دېدى ـ يۇ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا كۆزى يەتمىدى. بۇ ھالدا تۈزىتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇ ئىككى قېتىم «قارشى ئېلىش سورۇنى» تۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئېيتقانىدى، بەھرىنىسا قەتئىي رەت قىلدى. ئىدارە بويىچە، بۆلۈم دائىرىسىدە دېيىلگەنگە ئۇنىمىدى. ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئاغىنىلىرىنى ئەر ـ ئايال چاقىرىپ، رېستوراندا سورۇن تۈزۈش تەكلىپىگە تېخىمۇ قارشى چىقتى. «ئۆزۈم بىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېرىمەن، ۋاقتى كەلگەندە بارىسىز، بارمىسىڭىز بۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە تەڭىنقازان قىلىپ ئايرىمىز ...» دەپمۇ باقتى ئۇ. «ھەر ئىككىمىز خالايىق ئالدىدا كۈلكىگە قالىمىز، — دېدى بەھرىنىسا سۆزىگە تەھدىت ئۇرغۇسى بېرىپ، — ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇزاققىچە ئۇنتۇلمايدىغان، خەقلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىگە ساپاق بولىدىغان پاجىئە يۈز بېرىدۇ ...» رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىك، سۆزلىرىدىكى قاتتىقلىقنى كۆرۈپ، ئۇ تەشەببۇسلىرىدىن ۋاز كەچتى بولغاي، «قالتىس، قالتىسكەنسىز ..» دەپ قويدى، ئۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. قورققاندۇر بەلكىم، قورقمىسىمۇ كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بەھرىنىساغا رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تېپىشماقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇ قىلدۇرىدىغان خىزمىتىگە سىلىپ، باردى ـ كەلدى قىلغۇسى كەلسە نورمال قىلىپ يۈرمەي، خىزمەتكە بۇيرۇشنى كەينىگە تارتىدۇ؟ ــ ئاخشاملىرى ئۇيقۇسى كەلگىچە پات ـ پات ئويلايتتى بەھرىنىسا، ــ نېمىشقا ئۇ ھېلىقى تۇر قۇرۇلۇشىغا قىزىقمايدۇ، ھەتتا ئۇ ھەقتە ئېغىزمۇ ئاچمايدۇ ...؟» بۇ سوئاللارغا ئۇنىڭ بىساتىدىن جاۋاب تېپىلمايتتى. ھەر ئاخشىمى ئۇرۇمچىدىكى ئىسكەندەر كامىلغا تېلېفون بەرگەندە بىكار يۈرۈۋاتقىنىدىن دادلايتتى. ئىسكەندەر كامىل چىدام بىلەن سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭدىمۇ نېمە ئامال؟

بەھرىنىسانىڭ بۈگۈن كادىرلار بۆلۈمىنى، ئۇنىڭ باشلىقىنى ئىزدىشىمۇ نۆلگە تەڭ بولدى، باشلىقنىڭ سۆز ئۇرانىدىن: رەببىمبەردى ئايۇپ نېمە دېسە شۇ ھېساب، ئۇنىڭ بىلەن سەن ـ پەن دېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك، دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. رەببىمبەردى ئايۇپ قولىنى ئۇنىڭ قولى بىلەن تىزىغا قويۇۋېلىش ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرسە، بۇ ھالەت قاچانغىچە داۋاملىشار؟

ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ ياتىقىغا قايتقىچە يەنە شۇ رەببىمبەردى ئايۇپ ئۈستىدە ئويلاندى، بۇ ئادەم نېمە قىلماقچىدۇ؟

بەھرىنىسا رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ قىلىقلىرىنى ئويلاپ ماڭغاچ كۆز ئالدىغا ئۈرۈمچىدىكى ناسىر قۇتيار كېلىپ قالدى. ناسىر قۇتيار رەببىمبەردى ئايۇپتىن جۇرئەتلىك ھەم قەتئىيرەك ئىدى. ئۇ قولىنى تەگكۈزۈپلا ئالماي، ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا ئالاتتى، سىيلايتتى، ئەڭ ئاخىرى مەستلىكىگە يۆلەپ كۆڭلىنى «ئىزھار» قىلغانىدى. ئۇنىڭ راستىنلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولغىيمىدى؟

ئىسكەندەر كامىل «توي قىلىش»، شۇ ئارقىلىق ھەم ئىككىلەننىڭ كۆڭلىنى توختىتىش، ھەم نازارەتكە «بېسىم پەيدا قىلىش» پىلانىنى ئېيتقاندا، تەسادىپىيلىق ھېس قىلغان بەھرىنىسا

بۇ پىكىر قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغاندا، ئىسكەندەر
كامىل تۈزلىك بىلەن:

— ناسىر قۇتيارنىڭ تاپقان ئەقلى! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

كېيىنچە، تويىنىڭ ئالدى - كەينىدە ناسىر قۇتيار چاندۇرماي
شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكتەك جىق ياردەملەرنى قىلدى. چېپىپ
يۈرۈپ باغاق تارقاتتى، مېھمان كۈتتى ۋە ئۇزاتتى. قىسقىسى،
ئىسكەندەر كامىلنىڭ ياتاقداشلىقىنى، خىزمەتداشلىقىنى يەتكۈز-
دى. بەھرىنىساغىچۇ؟ «كۆزۈمدىن نېرى تۇرسا كۆڭلۈم يىراقلى-
شار ...» دەپ ئويلىغاندۇ بەلكىم باشتا راستىنلا كۆڭلى چۈشۈپ
قالغان بولسا.

مۇنۇ رەبىمبەردى ئايۇپنىڭمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ يۈرگەن-
مىدۇ؟ ناسىر قۇتيارغۇ توي قىلمىغان بويتاق يىگىت، ئۇنىڭ - بۇ-
نىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ يۈرۈپ، بەكرەك چۈشۈپ، چوڭقۇرراق
توختاپ قالغان بىرسىگە «كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا» ئەيىب دەپ
كەتكىلىمۇ بولماس، چۈنكى «كۆڭۈل»نى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپنىڭ
مەيلى بار - يوقلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل.
ئەمدى رەبىمبەردى ئايۇپقا كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى قانداق كۆڭۈل؟
ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاچ ماختىنىشچە، خوتۇنى بار ئىكەن، شە-
ھەردە چەت ئەللەردىكىدەك «گۈزەللەرنى تاللاش مۇسابىقىسى» بول-
مىغاچقا، خوتۇنىنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىنى باھالىماق تەس ئى-
كەن، ئەمما ئۇ «خوتۇنىنى داغلىغان بىرىنچى ئەخمەق» بولۇپ
قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ توغرىسىدا ئاساسەن ئېغىز ئاچماس-
لىقنى شەرت قىلىۋاپتۇ. لېكىن، شۇ گۈزەل خوتۇنىنىڭ بەزى
خۇيلىرىنى ئۆزلەشتۈرەلمەيلا كېلىۋېتىپتۇ، «چىرايلىقنىڭ
دەردى يامان» دېگەن مىزاننى ھەم ئىككى بالىسىنىڭ يۈزىنى
قىلىپ ئۆي تۇتۇپ كېلىۋېتىپتۇ، بولمىسىزە...

مانا قىزىق، رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ «گۈزەل» خوتۇنى تۇرۇپمۇ

«بەزى خۇي»لىرى كۆزىگە سىغماي باشقىلارغا بېرىشكە تۇرىدىغان قانداق «كۆڭۈل»دۇ؟

ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ئىلمان سۇدا يۇيۇندى، ئىسسىپ تەرلىگەن، ئۇيان ـ بۇيان يۇرۇپ چارچىغانىدى، سۇ يېقىپ سالقىنلىدى، چارچىشىمۇ غايىب بولۇپ راھەتلەندى. ئۇرۇمچىدە خىزمەتچىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە ــ ئىسكەندەر كامىلغا تېلېفون بەردى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورۇشۇپ بولۇپلا بۇگۈنكى ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىپ خېلى ئوبدان زارلىنىۋالدى. ئىسكەندەر كامىل ئالدىنقى كۈنلەردىكىدەكلا ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ئىدى، ئۇ يەنىلا نەسىھەت قىلدى:

ــ چىداڭ گۆھىرىم، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىش يۇرۇشتۇرۇشى بىزنىڭ قىزىق قان، جىددىيلىشىپ تۇرىدىغان ئىشپەرەس مىجەزىمىزگە ئۇيغۇن كەلمىسە، بىزنىڭ ئۇلارغا ماسلاشماي ئىلاجىمىز يوق، خەق ساڭا باقمىسا سەن خەققە باق، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟

ــ سىزنىڭ تەپسە تەۋرەنمەس مىجەزىڭىز تازا ماسلىشىدىكەندۇق، كەلمەمسىز ئەمىسە؟ ــ دېدى بەھرىنىسا ئەركىلەپ.

ــ ئىلتىماس يېزىپ قويدۇم، ــ دېدى ئىسكەندەر كامىلمۇ جايىغا كەلتۈرۈپ چاقچاق بىلەن، ــ باشلىقلار ئويلىشىپ رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما شۇنداق بىر شەرت قويدى ...

ــ نېمە شەرت ئىكەن ئۇ؟

ــ يوتقان ـ كۆرپىنى قېلىن سېلىپ تەييار تۇرىدىكەنسىز ...

ــ ھۇ قېلىن ....

ئۇ تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ ئىچىدە كۈلدى. ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم يامرىغاندەك تۇيۇلدى، ھەمىشە شۇنداق بولاتتى، ئۇ ئىسكەندەر كامىل بىلەن سۆزلىشىپ بولسىلا بوشىشىپ قالغاندەك، تەرىپلىگىلى بولمايدىغان بىر خۇشاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

قالغاندەك سىزىم پەيدا بولاتتى. ئەمما، بۇنداق سەزگۈ- تۇيغۇ قانـ
داق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولاتتى.

ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇخلاي دېۋىدى، ئۇيقۇسى كەلمىدى. كاـ
رىۋىتىدىن چۈشۈپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. يەرلىك قانالدا بىر كۆلـ
نىڭ سۈيىنى ئىچىش ـ ئىچمەسلىك ماجىراسى زورلاپ قوراشتۇـ
رۇلغان بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆرسىتىلىـ
ۋاتاتتى. ئۇ قانالنى يۆتكەشكىمۇ ئۇلگۇرمەي ئىشىك ئېچىلدى ـ
دە، رەببىمبەردى ئايۇپ كىرىپ كەلدى. ئىشىك تۇتقۇچىنىڭ
سىرتتىكى بۆلىكىگە «ئاۋارە قىلماڭ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختـ
تا ئېسىقلىق ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ۋە ئىشىكنىڭ چېكىلمەيلا
ئېچىلغىنىغا قارىغاندا، رەببىمبەردى ئايۇپ ئىشىكنى مۇلازىمغا
ئاچقۇزغاندەك قىلاتتى. ئۇ پايپاق كىيمىگەن، چاچلىرىمۇ چۇۋۇق،
تارالمىغان هالدا تىزلىرىنى پۈكۈپ، ئىككى چېكىسىنى يېپىۋالغان
چاچلىرىنى قولىدا تاراپ نېرى ـ بېرى يىغىشتۇرۇپلا كارىۋاتتا
ئولتۇرۇۋالدى. رەببىمبەردى ئايۇپقا «كېلىڭ»مۇ دېمەي قاپىقىنى
تۈردى.

رەببىمبەردى ئايۇپ بەهرىنىسانىڭ «سوغۇق»لىقىنى كۆڭلىگە
ئالمىغاندەك قىلاتتى، ئۇ هىجىيىپ كېلىپ بەهرىنىسانىڭ كاردـ
ۋىتىدا ئولتۇرۇپ:

ــ بار ئىكەنسىز؟ مەن تېخى شەهەر ئايلىنىشى تۇگىدىمۇ ـ
تۈگىمىدىمۇ، قاراپ باقاي دەپ يول ئۈستىدىنلا كىرىشىم، ....
دېدى.

ــ ئىشىكنى چېكىپ كىرىشىڭىز كېرەك ئىدى، ــ دېدى
بەهرىنىسا رەنجىگىنىنى يوشۇرماي، ــ مەن تېخى پايپاقمۇ كىيـ
مىگەن تۇرسام...

ــ هە ...، ــ هېيىقماي كۈلدى رەببىمبەردى ئايۇپ، ــ بىز
تۆۋەندە ئىشلەيدىغان سەهرالىقلار ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن جاڭگالـ

لىقلاردا يۈرۈپ، قوتان ـ ئېغىللارنى مۆرىدەپ ئېچىپ كۆنۈپ قال-غان كىشىلەرمىز ... ھە، كەچۈرۈڭ، ــ دېدى ۋە بەھرىنىساغا ئى-چىكىپ بىر كۆز تاشلىغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ــ مەن سىزنىڭ، سىز مېنىڭ قارىشىمنى خالىمىغان يەرلىرىڭىزگە قارى-مايمەن، بەھۇزۇر، ئەركىن ئولتۇرۇۋېرىڭ...

ــ كارىۋاتتىن چۈشۈپ كىرېسلودا ئولتۇرسىڭىز ...، ــ ئۆ-تۈندى بەھرىنىسا سەل چېچىلىپ.

رەببىمبەردىنىڭ نارازىلىقى چىرايىغا چىقتى. ئەمما، ئۇ چاڭ-دۇرماي كارىۋاتتىن قوزغىلىپ ياتاقنىڭ بىر كىشىلىك كىرېسلو-سىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئوڭايسىز ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تېلېۋىزورغا قاراپ گەپنى يۆتكىدى.

ــ تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپتىكەنسىز ـ دە؟

ــ ھە، ئەمدى ئاچقانىدىم ...

ــ بۇ يالغاندىن توقۇلغان، خەقنى ئەخمەق ئېتىدىغان بىر تې-لېۋىزىيە فىلىمى، ــ دەپ گەپ باشلىدى رەببىمبەردى ئايۇپ ئۆ-زىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ــ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆل سۈ-يى ئىچىپ كەلگەن دېھقان خەق ھېچنېمە بولماي كەلگەن، ئىنساڭ-نىڭ ئاشقازىنى ھەرقانداق قۇرتلارنى ھەزىم قىلىۋېتەلەيدىغان سۇ-يۇقلۇقتا ئىگە. بىر قىز بالا قورسىقى يوغىناپ قالسىلا ھېلىقىدەك ئىش سەۋەبىدىن يوغىنايدۇ، دەپ دەۋا قىلىشقا بولمايدىغۇ؟ ئۇ قىز-نىڭ ئۆزى دېمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسى ئايمۇ ئاي كېلىدىغان ھەيز بار ـ يوقلىقىغا قاراپ قىزىنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ياكى كۆل سۈيى ئىچىشتىن قورسىقى يوغىنىغانلىقىنى بىلەلمەسمۇ؟ بىز ئەخمەق-لەر نېمىنى قويۇپ بەرسە، «دوست تارتىپ» كۆرۈۋېرىمىز، ئويلى-نىپ باقمايمىز... مۇلاھىزەم سىزچە مۇۋاپىقمۇ؟ ــ بەھرىنىسانىڭ مۇلاھىزە قىلغۇسى يوق ئىدى.

ــ مەن بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەن، ــ دېدى بېشىنى چايقاپ

www.uyghurkitap.com

بەھرىنىسا، — تۆت ـ بەش يىل ئىچكىرىدە ئوقۇدۇم، ئۇ يەردە بۇ فىلىمنى قويمىغان...

— قويغۇچىلىكى يوق يالغان نېمىنى قويمايدۇ ـ دە؟ — دېدى رەبىمبەردى ئايۇپ قىزىشىپ، — ئىنسان بالىسى بوۋاقلىقىدىنلا تۇتۇ قۇرت، كېيىنرەك مەددە قۇرت، چوڭراق بولغاندا سولتىرلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، سىرتتىن كىرىدىغان قۇرت ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرىدۇ. سىزگىمۇ مەلۇم ماددىنىڭ نەچچە مىتىر، سولتىرنىڭ ئون نەچچە مىتىر كېلىدىغانلىرىمۇ ئادەمنىڭ يىگىنىنى چىرايىغا چىقارمىغىنى بىلەن، قورسىقىنى يوغىنىتىۋەتمەيدۇ، ھازىر، مەددە، سولتىرلارغا قارشى ئاجايىپ ئۈنۈملۈك دورىلارمۇ بار تېخى ...

— كۆل سۈيى ئىچمەي، تۇرۇبا سۈيى ئىچىشنى تەشۋىق قىلىدىغاندۇر بەلكىم، — دېدى فىلىم ھەققىدىكى گەپ توختىسۇن دەپ بەھرىنىسا.

— تۇرۇبا سۈيى، قۇدۇق سۈيى كۆل سۈيىدىن پاكىز، بۇنى ئىچىشنى تەشۋىق قىلىش خاتا ئەمەس ھەم ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ، — رەبىمبەردى ئايۇپ مۇنازىرە قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، دېھقانلارنى بۇ فىلىمدىكىلەردەك مەتۇ، ئەخمەق، كالۋا، مايمۇنسىمان قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى لازىم. بۇ گېپىمغۇ توغرىدۇ؟

— مېنىڭ ئىشىم توغرۇلۇق بىرەر يېڭى ئۇچۇر بىلەن كەلگەنمىدىڭىز ياكى ...، — بەھرىنىسا كۆل سۈيى توغرىسىدىكى خاپىلىقلار توختىسۇن ئۇچۇن گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىدى.

رەبىمبەردى ئايۇپ ئۆزىنى خاپا قىلغان تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى، تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇۋېتىپ بەھرىنىسانىڭ كۆڭلەك ياپالمىغان پايپاقسىز يالىڭاچ تىزلىرى ۋە پاچاقلىرىغا قارىۋالدى، گويا فىلىمدىكى ۋەقەلىككە بولغان ئاچچىقىنى يۆتكىيەلمەيۋاتقاندەك زەر-

ده قىلىپ:

— بار، يېڭى ئۇچۇر بار، — دېدى. ئۇنىڭ خاپىلىقى تېخى تـۇ-گىمىگەندەك قىلاتتى، شۇ خاپىلىقىنى بىلىلىلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك تاماكىسىنىڭ تۇتـۇنىنى كـۈچەپ سىرتـقا پۈۋلـىدى، — نېمە ئۇچۇر بولاتتى؟ ئىشلەيسىز، خىزمەتـكە چۈشىـسىز شۇ، قېـ-نى، مەن بىلەن يۈرۈڭ!

— نەگە؟ مەن تېخى كىيىنىۋېلىـشىم كېـرەكقۇ؟ — بەھـرىد-نىسا تىزىغا تايىنىپ ئولتۇردى، — شۇ تاپتا، ھازىرلا، مۇشـۇن-داقلا ماڭىمىزمۇ؟

— شۇنداق، ھازىرلا ماڭىمىز، مەن مۇلازىمەت ئورنىدا سىزنى ساقلايمەن، — دېدى رەبىمبەردى ئايۇپ زەردە قىلغاندەك، — مەن ياتاق رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرىۋەتكەچ تۇراي، بەك ھايال بولماي چىقارسىز، بىز تانسىغا بارمايمىز، قويخانىغا بارىمىز...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغىچە ياتاقتىن چىقىپ بـول-دى، ئىشىكنىمۇ ئاچچىق بىلەن ياپتـى. بەھرىنىـسا شۇمشـىيىپ قالدى، «كۆل توغرۇلۇق قىلغان گـېپىم ياقمىدىـمۇ يا ئىشىكنـى چېكىپ كىرمىدىڭىز، كارىۋاتتا يېنىمـدا ئولتـۇرۇۋالماڭ، دېگەن گەپلىرىم زىتىغا تەگدىمۇ؟ — ئۇ ئىشكاپ يېنىغا بېرىپ سومكىد-سىنى، سومكىسىدىن يەڭگۈشلەيدىغان كىيىملىرىنى ئالغىچە ئويـ-لىدى، — قانداق مىجەزلىك ئادەم بۇ؟ ئۆزىنى ـ ئۆزى سورىمىسـا، بۇ ھەقتە گەپ قىلىپ قويغانغا چىدىماي تېرىكسە، كېيىن قانـداق مۇناسىۋەت قىلغىلى بولار ...؟»

ئۇ ئالدىراپ ـ سالدىراپلا كىيىمىنى يۆتكىدى. «قويخـانىغا بـارد-مىز» دېگەن گەپنـى ئۆزىچە چـۈشىنىپ، مال ـ چارۋىلار جىققىـدە سولانغان ئېغىل، قوتانلارنى كۆز ئالدىغـا كەلتۈردى ـ دە، ئـاستىغا شىم، ئۈستىگە نېپىز كۆك رەڭلىك چاپان كىيدى، بېشىغا نىلـون ياغلىق چىگىپ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىشلەيدىغان توكچىغا بەكـرەك

www.uyghurkitap.com

ئوخشاپ قالدى. ئۇ پۇتىغا ئىشقا چۈشكەندە كىيىمەن، دەپ سېتىۋالغان ساياھەت ئايىغىنى كىيىپ، سومكا ۋە سەپەر چامادىنىنى كۆتۈرۈپ باش مۇلازىمەت ئورنىغا بارغاندا مۇلازىملارمۇ، رەبىمبەردى ئايۇپمۇ تونۇيالماي قالدى:

— پاھ، پاھ ...، — دەۋەتتى رەبىمبەردى ئايۇپ، — سىزنى كەلگەن كۈنىڭىزلا ئىشقا چۈشىسىز، دەپ مۇشۇنداق كىيىندۈرۈپ كۆرۈش كېرەككەندۇق ئەمەسمۇ؟ چىرايلىق دېگەن سىزدەك بولامدۇ؟ قانداق دېدىم قىزلار، ھە؟ — ئۇنىڭ كېيىنكى سوئالى مۇلازىمەت ئورنىدىكى ئىككى قىزغا تەئەللۇق ئىدى.

— راست، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز ...

— كىيىمى بەك يارىشىپتۇ... ئادەمنى چىرايلىق قىلىدىغىنى كىيىم دېگەن راست گەپ ئىكەن ...

— تېگى ـ تەكتىدىن چىرايلىق بولسا، نېمىلا كىيسە يارىشىدۇ، — رەبىمبەردى ئايۇپ ئەمدى قىزلارغا قوشۇلۇپ مۇنازىرىگە چۈشتى، — ئادەم سەتى يوق، كىيىم سەتى بار، دېيىشىۋالىدۇ، قورچاقنىمۇ چىرايلىق ياساپ قويساڭ سۆزلەيدىغان بولىدۇ، دەيدىغان گەپلەرمۇ بار، ھەممىسىنىڭ چىرايلىقلىقتىن تەمەسى بار، چىرايلىق بولالمىغان ياكى چىرايلىق كىيىنەلمىگەن خوتۇنلارنىڭ چىرايلىق چىراي، خۇش پىچىم نازۇك بەدەن، باشتىن ـ ئاياغ تولغان قامەتلىك گۈزەللەرنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن تاپقان ئۆسەكلىرى. ئەپت ـ بەشىرىسى سەت، ئىسكەتى يوق ئاياللارنى تاۋار ـ دۇردۇنغا يۆگىۋەتسىمۇ، كىيىم دۇكانلىرىدىكى بوت، قورچاقلارغا تەتىللا ـ تەنقۇرالارنى كىيدۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش سەتلىكى ئۆزگەرمەيدۇ، مانا گۈزەللىك دېگەن، قانداق دېدىم قىزلار؟ — ئۇ مۇلازىم قىزلارغا يەنە بەھرىنىسانى كۆرسىتىپ سورىدى، — گەپلىرىم قىيپاش ئەمەستۇ ـ ھە؟

— بۇنى بەھرىنىسادىن قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھە، ھەئە ...، — دەپ قويدى قىزلار رەبىيمبەردى ئايۇپنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ئاندىن بەھرىنىسانى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تەپسىلىي سەپسېلىپ تۇرۇپ.

رەبىيمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا تېشىپ ئۆتكۇدەك قاراپ تۇراتتى، بەھرىنىسا خىجىل بولۇ-غىنىدىن يۈزىگە گۈلخان يېقىلغاندەك ئىككى مەڭزىدىن بوينىغىچە قىزىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ رەبى-يمبەردى ئايۇپنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشال بولمىدى، ئۇ ئۆزىنى باشقا قىزلارنىڭ ئالدىدا مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك سەزدى، ئۇنىڭ سورىغىنىغا لايىق جاۋاب بەرسە رەنجىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ماڭمايمىزمۇ؟ — دېدى.

رەبىيمبەردى ئايۇپ رەنجىگىدەك ھېچ گەپ دېيىلمىگىنىگە قا-رىماي رەنجىگىنىنى ئىپادىلەپ، گەپ - سۆز قىلماي سىرتقا ماڭ-دى. بەھرىنىسا سومكىسىنى ئېلىشىغىلا، مۇلازىم قىزلاردىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭ چامادىنىنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى، بەھرىنىسا «رەھ-مەت» دېدى.

سومكا، چامادان ماشىنىنىڭ كەينى ساندۇقىغا قاچىلىنىپ، ماشىنا ئوت ئېلىپ، بەھرىنىسا ماشىنىغا چىققىچە رەبىيمبەردى ئايۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، بەھرىنىسا ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى تارتقاندىلا ئۇ ئالدى ئىشىكنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، ئىچكىرىدىن:

— كەينى ئىشىك ئېتىك، ئالدىدا ئولتۇرۇڭ! — دەپ ۋار-قىرىدى.

بەھرىنىسا مېھمانخانا ئىشىكىگە چىققان مۇلازىم قىزلار بىلەن قول ئىشارىتى ئارقىلىق خوشلىشىپ، ماشىنىغا ئولتۇرا - ئول-تۇرماي، ماشىنا قوزغالدى. بىر يەردىكى قىزىل چىراغتىن ئۆت-كەندىن كېيىن، رەبىيمبەردى ئايۇپ ئېغىز ئاچتى. قارىغاندا ئۇ

ئۈزاقتا سوزۇلغان جىمجىتلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك، تېزلا ئوڭشايلا ئاداۋەتلىشىپ، يەنە تېز، ئاسانلا ئۆنتۈپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، — باشلىدى ئۇ كۆزىنى يولدىن ئۈزمەي، — سىزنىڭ هازىرقى كۆرۈنۈش هالىتىڭىزغا گەپ كار قىلمايدۇغۇ؟ شۇنداقتىمۇ، ماڭا ئەڭ ياققان كۆرۈنۈشىڭىز كارىۋاتتا ئولتۇرغان هالىتىڭىز، ئادەمنى چۈش كۆرگەندەك هېسسىياتقا كەلتۈرۈۋېتىدىكەنسىز. نېمىز، ئاق كۆڭلەك ئىچىدە بىر تىرىك پەرىشتە يوتقانغا يۆلىنىپ سىڭايان ئولتۇرىدۇ، دېرىزىدىن كىرگەن يورۇقلۇق ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىنى پېشانىسىدىن ئېڭىكىگىچە تاۋلاپ ئەكس نۇر قايتۇرىدۇ، يورۇقلۇق تولۇق چۈشمىگەن سول يۈزى، زىناقلىرى، ئېڭەك، بويۇنلىرى ئوڭ تەرەپتىن قايتىۋاتقان نۇرنى جەلپ قىلىپ قايتۇرۇۋېلىپ، تىل تەسۋىرى يېتىشمەيدىغان كۆركەملىكىنى جىلۋە قىلدۇرىدۇ. بۇلا ئەمەس، باش چوققىسىدىن دولىسىغىچە چېچىلىپ، يېيىلىپ چۈشكەن دولقۇنلۇق چاچلار، پەس تەرەپتە، يىخسىق كۆڭلەك ئېتىكى يېپىپ تۇرۇشقا ئاجىز كەلگەن ئاپئاق تىزلار ...

— سىز ئەدەبىي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيسىڭىز كېرەك؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى بەھرىنىسا بىلمىگەندەك ئاچچىق بىلەن.

— كىچىكىمدە رەسىم سىزىشقا بەك هېرىسمەن ئىدىم، — رەبىبىمبەردى ئايۇپمۇ بەھرىنىسانىڭ سۆزىنى بۆلدى، — رەسىملىك كىتابلارنى كۆرۈپ زېرىكمەيتتىم ...

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى پەملىگەن بەھرىنىسا ئالدىراپ سورىدى:

— نېمىشقا رەسسام بولمىدىڭىز؟

رەبىبىمبەردى ئايۇپ سوغۇق كۈلدى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بەھرىنىساغا قاراپ:

— بولالمىدىم. چوڭلار خەقنىڭ تەق - تۇرقىنى سىزىپ، بوياپ يۈرىدىغان ئىشنىمۇ خىزمەت دېگىلى بولامدۇ؟ دېيىشتى، — دېدى خورسىنغاندەك ئېغىر تىنىپ، — رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەردە ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلمىدى، ئەڭ مۇھىمى، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ، سۆز چىقىپ كەتكەن بىر يول بۆلىكىدىن ئۆتۈپ. تى، كاتاڭنى ياندىدى، تۈز يولغا چىققاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ئەڭ مۇھىمى، مەندە رەسسام بولىدىغان قابىلىيەت يوق ئىكەن، مەن ئۇنداق ماتېرىيال ئەمەسلىكىمنى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن تونۇپ يەتتىم ...

— سىز قانداقلا ئىشنى قىلىسىڭىز قاملاشتۇرىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز، — دېدى بەھرىنىسا ئۆزىمۇ بىرنەرسە دېيىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ.

بەھرىنىسانىڭ سۆزى يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا چىقتى. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، بىر قولىدا رولنى تۇتقىنىچە يەنە بىر قولى بىلەن ياذ. چۇقىدىن تاماكا ئالدى، تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ماشىنىنىڭ ئىچى ئىسقا توشتى. بەھرىنىسا بېشىدىكى ياغلىقنىڭ ئېگىكىدىكى چىگىكىنى يېشىپ، ئېغىز - بۇرنىنى پۈركىمەكچى بولىۋىدى، رەب. بىمبەردى ئايۇپ ئۆز تەرىپىدىكى ئاپتوماتىك كۆزنەكنى بېسىپ، ئالدى ئىككى ئىشىكنىڭ ئەينەكلىرىنى چۈشۈرۈەتتى، تاماكا ئىسى تازىلانغان بولدى. ئەمما، سىرتتىن توپا -چاڭ كىرىشكە باشلىدى، ئۇلار شەھەر تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئەمدى نېرى - بېرىلا ئاسفالىتلانغان، يېزا يولىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر يولدا كې. تىۋاتاتتى. جىم ئولتۇرالمايدىغان رەبىمبەردى ئايۇپ چاقچاق قىلماقچى بولدى:

— نېمىدىن قورقسا شۇنىڭغا يېقىن تۇرۇش كېرەك، دەيدىكەن بەزىلەر، سىزمۇ تاماكا ئىسىدىن شۇنچىۋالا قورققاندىكىن، ئىچكىرىدە، ئۇرۇمچىدە يۈرگەن چاغلاردا چېكىپ بېقىشنى ئويلاشمىغانمىدى.

ڭىز؟

— مەن ئۇنداق ماتېرىيال ئەمەس ئوخشايمەن، — دېدى بەھرىنىسا باياتىن رەببەمبەردى ئايۇپ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، — ئويلىشىش تۇگۇل تەسەۋۋۇر قىلىسمۇ ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ ئۇ تاماكا دېگەن ...

بۇ گەپ يەنە رەببەمبەردى ئايۇپنىڭ كۆڭلىگە تەگدى، ئۇ رەنجىگەندىنمۇ ياكى مەنزىلگە يېقىنلاپ قالغانلىقىدىنمۇ، شۈكلەپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىۋېرسال فىرما — رەببەمبەردى ئايۇپ تەرىپلىگەن «قويخانا»غا يېتىپ كېلىشتى.

ماشىنىنىڭ سىگنالى، گۈركىرەپ كېلىپ توختىغان ئاۋاز بىلەن، قاتار ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ئادەملەر چىقىشتى. موزايدەك دېسە ئارتۇق كېتەر، ئىشقىلىپ، تازا يوغىنىغان سالپاڭ قۇلاق، جىگەر رەڭلىك، پېشانىسىدە پىيالە ئېغىزى چوڭلۇقىدا ئاق قاشقىسى بار بىر ئىت ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىككى قېتىملا ھاۋشىپ قويۇپ، ئۇن مېتىرچە نېرىغا بېرىپ ياتتى.

— قويخانىنىڭ ئىشخانا، ئامبارلىرىنى ساقلايدىغان ئىت، — تونۇشتۇردى ئۇنى قورقۇپ ماشىنىدىن چۈشەلمەيۋاتقان بەھرىنىساغا، — كۈندۈزى ئادەم چىشلىمەيدۇ، كېچىلىرىمۇ تونۇش بولسىڭىزلا قاۋاپمۇ قويمايدۇ، ئىسمى بارىس.

بەھرىنىسا سومكا، چامادىنىنى ماشىنىدىن چۈشۈردى، رەببەمبەردى ئايۇپ بۇنىڭغا ياردەملەشتى ۋە «ئىشخانا» دېگەن ۋىۋىسكا قېقىلغان ئۆيگىچە ئەكىرىشىپ بەردى. ئۇنىڭ كەيپى يەنە يۇقىرىلاپ قالغان، سىرتقا چىققانلارغا «قاراڭلار، مەن كىمنى ئېلىپ كەلدىم» دېگەندەك قىلىپ، ھەممەيلەنگە تەڭ قاراپ ئىشخانىغا كىردى.

ئىشخانا مۇشۇ «قويخانا»غا لايىق، ئىككى دېرىزە قويۇلغان، قارىمۇقارشى ئىككى ئۈستەل، تام ياقىلىتىپ قاتار ئورۇندۇقلار تىز-

ـزىلغان، قاچانلاردىدۇر ئاقلانغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە بىلىنەرلىك
قارايغان تاملىرىغا ھەر خىل گرافىلار، مەلۇماتلار، ۋەدە-قەسەمنامە
قاتارلىق شوئار، تەشۋىقاتلار يېزىلغان قەغەزلەر ئېسىلغان ئوتتۇرا
ھال چوڭلۇقتىكى ئۆي ئىدى. تورۇسى ۋاسا دەمىيان يېپىلغان،
بۇلۇڭلىرىنىڭ بورىسى ساڭگىلاپ قالغان ئىدى، ئىچ تەرەپتىكى
ئۈستەلدە تۇرغان تېلېفون، تامغا يۆلەكلىك ئالدى ئوچۇق ئىشكاپقا
تىزىلغان بىرنەچچە پارچە كونا كىتاب، رەتسىز دەپتەر ۋە دەستە —
دەستە قەغەزلەر ئىشخانا «سالاپىتى»نى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. دېرىزە
ئەينەكلىرىنى، ئۈستەل ئۈستىنى، تېلېفون ۋە ئىشكاپلارنى توپا —
چاڭ باسقان، بۇنىڭدىن بۇ ئىشخانىنى ئىشلەتمىگەنگە خېلى ۋا-
قىتلار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. رەببىمبەردى ئايۇپ
قولىدىكى چامادانىنى تام تۈۋىدىكى بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇپ،
بەھرىنىسانىڭمۇ سومكىسىنى شۇنداق قىلىشىنى ئىشارەت قىلدى،
ئاندىن يېرىم بۇرۇلۇپ:

— يۈرۈڭ، باشقا ئىشخانىلارنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېگىنىچە
ئىشخانىدىن چىقتى.

بەھرىنىسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مالىيە بۆلۈمى، چارۋا مال ئەۋ-
رىشكىلىرى ئىشخانىسى، قوغداش بۆلۈمى، مال دوختۇرلۇق پون-
كىتى، دىجورنى ئىشخانىسى ... دېگەندەك ئۆيلەرگە دوقۇرۇپ چىق-
تى. مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىدە بوغالتىر، كاسسىر دەپ تونۇش-
تۇرۇلغان ئىككى ئايال بىلەن كۆرۈشتى. بوغالتىرنىڭ ئىسمى
ھۆرنىگۇل بولۇپ دوغىلاق، سېمىز ئىدى، قوش ئېڭەك سالغان يۈزى
ئىششىپ قالغاندەك ئېسىلىپ، قىزىرىپ تۇراتتى، سېمىزلىكتىن-
مۇ ياكى زىققىسى بارمۇ، ئېغىر تىناتتى، قاپاقلىرى بېسىۋالغان
كىچىك، قانسىز كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە پەرۋاسىز قارايتتى. ئۇ
بەھرىنىساغا شۇنداق قارىدى ۋە تونۇشۇشنى كاسسىر، ئىسمى ئاي-
نۆھرە دېيىلگەن ئايالغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇنىسى ھۆرنىگۇلدىن

ياش، قىرىقلارغا بارمىغان، ئوتتۇرا بوي، سېرىققا مايىل جۇۋان ئىدى. ئاغزى چوڭ، قوۋۇزلىرىنى قورۇق قاپلاشقا باشلىغان، سېرىق چاچلىرىمۇ تۇجۇپىلەپ تارالمىغىنىغا قارىغاندا، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ قارايتتى، شۇ ۋەجىدىن خۇشخۇي، ئوچۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بەھرىنىسا بىلەن ھۆرىگۈلدەك باش لىڭشىتىپلا ئەمەس، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. «خۇش كەپسىز، ھارمىغايسىز» دەپ ھال سورىدى.

نېرىسىدىكى قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى دېيىلگەن ئىسمى ئابدۇقەييۇم دەپ تونۇشتۇرۇلغان كىشى قارامتۇل، ئېگىز بوي، تولغان بۇلجۇڭ گۆشلىرى كىرلەشكەن كۆڭلىكىدىن تېشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدىغان قاۋۇل ئادەم ئىدى. ھەرىكەتلىرى قوپال، چىرايى سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى بىر ئىزدا توختىماي ئىككى چەتكە سەپسىلىپ تۇراتتى. بەھرىنىساغا ئۇ چېلىشچى ياكى تېلېۋىزورلاردا چىقىپ تۇرىدىغان بوكسچىدەك كۆرۈندى. ئۇ بەھرىنىسا بىلەن قۇرۇق، ھېسسىياتسىزلا: «ياخشىمۇسىز؟» دەپلا كۆرۈشتى ۋە بىر سېكۇنت ئىچىدە ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ بولدى.

— ۋەزىپەڭلا ئېغىرلاشتى ئابدۇقەييۇماخۇن، — دېدى رەبىمبەردى ئايۇپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — قوغداش تىزىملىكىڭلەگە بۇ خانىمنىمۇ يېزىپ قويۇڭلار، — ئۇ بەھرىنىسانى ئېڭىكى ئارقىلىق ئىشارەت قىلدى، — خانىمنىڭ بىخەتەرلىكى قويخانىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى بىلەن تەڭ تۇرىدۇ جۇمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇقەييۇم بەھرىنىسانىڭ بېشىدىن ئايىغىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىۋېتىپ.

ئەمدى بۇ يەردە بار ئەڭ ئاخىرقى كىشى بىلەن تونۇشۇش قالغان ئىدى. ئۇنىۋېرسال فىرما — قويخانىنىڭ ئىشخانىلىرى جايلاشقان

بۇ قاشا تامسىز دائىرە «مەيدان» دېيىلىدىكەن. مەيدانىنىڭ كۆزەت-چىسى روزاخۇن ئىسىملىك، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، كۆر-مەكلىككە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ياشتىكى بىر بوۋاي ئىدى. ئۇ ۋىجىك كەلگەن، بوي ـ بەستى بالىلارنىڭكىدەك پاكار، ئورۇق، ئاجىز ئى-دى، قورۇلغان قاپاقلىرى بېسىۋالغان كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تىكى-لەتتى، ساقال ـ بۇرۇتسىز كوسا يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەت-كەن، بەللىرىمۇ مۈكچەيگەن ھالىتىدە كېسەلمەن تەسىراتىنى بې-رەتتى. ئاۋازى چىرقىراق چىقاتتى ۋە ئۇنى ئىنچىكە ئاياللارنىڭ ئۈنىنى ئەسلىتەتتى، بارىس ئىسىملىك ئىت دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بولسا كېرەك، ھازىرمۇ ئايىغى يېنىدا تۇراتتى.

— روزىكا، بۇ خانىمغا ساقال تاشلاپ يۈرمە جۇمۇ؟ — دېدى رەبىيمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانى ئۇنىڭغا روبىرو قىلىپ كۆرسە-تىپ، — يىراقتىن كۆر، نېرىدىن تاماشا قىل، شۇنىڭغىلا روخ-سەت قىلىنىدۇ.

— تاشلايدىغان ساقال ـ بۇرۇت قالمىغاندا باشلاپ كەلدىڭىز ـ دە كوجاڭ، — دېدى روزاخۇن خوتۇنلارنىڭكىدەك چىرقىراق ئاۋازى بىلەن، — ئەمدى سىز دېگەندەك يىراقتىن ھەۋەس قىلىش، نېرى-دىن نەزەر تاشلاشلا قالدى بىزگە...

رەبىيمبەردى ئايۇپ روزاخۇنغا ئەگىشىپ كۈلدى، ئاندىن بەھ-رىنىساغا قاراپ:

— باشقا ئىشخانا ـ بۆلۈملەردە ئادەم يوق ئوخشايدۇ، ئۇلار بى-لەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇۋالارسىز، — دېدى.

بەھرىنىسا گەپ قىلمىدى، ئۇ رەبىيمبەردى ئايۇپقا ئۆزىنى چاقچاقنىڭ دەستىكى قىلىۋاتقىنىغا نارازى ئىدى. ئەمما، ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. ئۇ ئوڭاي تېرىكمىدىغان، گەپنى ئۆتتۈرد-سىغا دەۋېرىپ، خەقنىڭ ئىنكاسىغا چىدىماسلىق قىلمىدىغان بۇ ئا-دەم بىلەن ئىلاج بار گەپ تەگىشىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى

هېس قىلماقتا ئىدى.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلدۇق؟ — رەببىمبەردى ئايۇپ بۇ سو-ئالنى ئۆزىگە بەردىمۇ، بەھرىنىسادىن سورىدىمۇ، مەلۇم ئەمەس. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ مالىيە بۆلۈمى تەرەپكە يۈزلىنىپ توۋلىدى، — ئايزۆھرە، ماڭا قاراڭ...

ئايزۆھرە ئىشخانىسىدىن چىقىپ رەببىمبەردى ئايۇپ بىلەن بەھرىنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، «نېمە ئىش؟» دېگەندەك رەببىمبەردى ئايۇپقا قارىدى.

— شەھەردىن چىقىش ئالدىدا ئويلاشماپتۇق، — دېدى رەببىم-بەردى ئايۇپ چېكىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، — سىز نۆۋەتچى ئىشخا-نىسىنى تازىلاپ، بىزنىڭ مېھمان كۈتۈش زاپاس يوتقان - كۆرپىد-مىزدىن بىر يۈرۈش ئەپچىقىپ تەييار قىلىپ قويسىڭىز....

— كىم ياتىدۇ؟ — ئايزۆھرە سورىدى ۋە دەرھال بەھرىنىساغا قارىدى، — بەھرىنىسا بۈگۈن مەيداندا قالامدۇ؟

— ھە ... ھە ...بۇ...، — رەببىمبەردى ئايۇپ ئېنىق جاۋاب بەر-مەيلا بەھرىنىساغا يۈزلەندى، — بىز تاماق يەپ كېلەيلى، شۇ باھانىدە ئەتراپلارنى كۆرگەچ كېلىسىز، — ئۇ شۇلارنى دەۋېتىپ يەنە ئايزۆھ-رەگە تاپىلىدى، — بىز قايتىپ كەلگۈچە تەييارلاپ بولارسىز - ھە؟

ئايزۆھرە تۇرغان جايىدا تۇرۇپ قالدى. رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانى ئەگەشتۈرۈپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. بەھرىنىسامۇ بۇ يەرگە تەييارلىقسىز چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. رەب-بىمبەردى ئايۇپنىڭ دېگىنى خاتا ئەمەس، شەھەردىن چىقىش ئال-دىدا ياتاق، يوتقان - كۆرپە، تاماق ئېتىش ئۈچۈن كېرەكلىك تۆ-شۇك سايمانلىرى، ئۇن، ياغ، گۈرۈچ ۋە ئوتۇن - كۆمۈرلەر ئۈس-تىدە ئويلىنىش كېرەك ئىكەندۇق. ئۇنىڭ بۇرۇندىن ئاڭلاپ قول-قى پىشىپ كەتكىنى: يېڭى خىزمەتكە چىققانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرىدىغۇ؟ مانا

ئورۇنلاشتۇرغىنى! بۇ قويخانا، مەيدان دېگەن يەرلەردە بويتاقلار يا-تىقى يوق، كوللېكتىپ تاماق يوق ... دەپ قويسىچۇ كاشكى ...

ئۇ ئۆز خىياللىرى بىلەن ئەتراپلارغا قاراشقىمۇ چولىسى تەگمە-دى. نەگە، قانچىلىك ماڭىدىغانلىقلىرىنى سوراپ باقاي، دەپ تەمشە-لىشگە ماشىنا يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئايلىنىپ توختىدى.

— كەلدۇق، — دېدى رەبىسمبەردى ئايۇپ موتورنى ئۆچۈرۈۋاتقى-چە، — بۇ بىزنىڭ مەيدانغا قوشنا ناھىيەنىڭ تاقتېرەك يېزىسىغا تە-ۋە بىر ئۆتەڭ، ئوڭ تەرىپى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى-نىڭ بىر تۇەن - مەيدانىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ تۇەن - مەيدانىمۇ دېھقان-چىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان ئورۇن. بۇ يەر ناھىيە، يېزا، تۇەن - مەيدان ھەم بىزنىڭ فېرمىغا ئايرىلىدىغان ئۈچ بۇرجەك جايلاشقان يول ئېغىزىدا بولغانلىقتىن كالتە بازار بو-لىدۇ، ئىسمىمۇ كالتە بازار، بىز تۇغۇلمىغان چاغلاردىمۇ بار ئى-كەنمىش بۇ بازار ...

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، بەھرىنىسا ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈر-تۈپ بولغىچە رەبىسمبەردى ئايۇپمۇ «كالتە بازار»نى تونۇشتۇرۇپ بولدى. بازار كىچىك بولغىنى بىلەن يۇمىلاق دائىرە شەكلىنى ئالغان، دائىرىنى چۆرىدەپ ھەر خىل دۇكان، ماگىزىن ۋە سېتىقچىلارنىڭ يىغىپ - يې-يىشى ئەپلىك ياپىملىرى جايلاشقانىدى. سول تەرەپتە ئىككى تاشلىقچە سۇ ئاقىدىغان سۇيى ئەلۋەك بىر ئېرىق باردەك قىلاتتى، ئېرىق ياقىسى ئاۋاتراق بولۇپ، لەڭپۇڭچىلار، دوغىچىلار، زاسوپىيەزلەرنىڭ «غالتەك» دېيىلىدىغان چاقلىق ياپىملىرى قاتارلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نېرىد-سىدا ئورۇندۇقنىلا دۇكان قىلىۋالغان تۆت - بەشچە ساتىراش بىرنې-مىلەرنى دېيىشىۋاتتى. ئۇلاردىنمۇ نېرىدا ئاھالىلەر رايونى بولسا كې-رەك، پەس، كېسەكتە قوپۇرۇلغان بىر قەۋەتلىك كۆجۈم ئۆيلەر قاتارى جايلاشقان، ئېرىق سۇيىمۇ شۇ تەرەپكە ئېقىپ كېتەتتى.

— بىزنىڭ مەيدانغا جىق بولسا ئىككى كىلومېتىر كېلەر، يې-

قىن، ـــ دەپ قويدى رەببىمبەردى ئايۇپ بۇ بازار ئۆزىنىڭكىدەك ماختىنىش تەلەپپۇزىدا، ـــ توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، بەزى چاغلاردا ھەقىقەتەن جانغا ئەسقاتىدۇ. خوش، شۇ تاپتا كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ؟

بەھرىنىسا ئاشخانا جايلاشقان قاتاردا يەر ئۈستىگىلا بورا سېلىپ تىزىپ قويۇلغان كۆكتاتلارغا، مېۋە دۆۋىلىرىگە قارىغاچ كېلىۋاتاتتى. يوغان، ئەتلىك شاپتۇللار ئېغىزدىن سۇ كەلتۈرەتتى. رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ سوئالى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. شۇ تاپتا كۆڭ غەرىبكە قىيسايغان، ۋاقىت بىر يەرگە بارغانىدى. ئۇنىڭ شەھەردە ئەتىگەنلىك بىلەن چۈشلۈكنى قوشۇپ يەۋالغان سومىيەنى ئەمدى قورساققا دال بولالمايتتى.

ـــ سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، ـــ دېدى ئۇ ئىختىيارىنى رەببىمبەردى ئايۇپقا بېرىپ.

ـــ ئەمىسە سامسا يەيلى، بازارنىڭ سامسىسى ئوخشايدۇ، ـــ دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ سامسىخانا تەرەپكە باشلاپ كېتىۋېتىپ، ـــ كۆزىتىشىمچە ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلىكىڭىزنى مانتا، سامسا دېگەنلەرنى يەپ باقمىدىڭىز. ئەسلىدە ئۇنداق تاماقلارنى بۇنداق ئىسسىقتا كۆڭۈل تارتىپمۇ كەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، قورۇغان تاماقنى يەۋەرسىمۇ قوقاقنى ئاشۇرۇپ، خىلىتلەرنى قويۇقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، تائامنىمۇ تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. ...

تەجرىبىسى جىق تېۋىپلاردەك سۆزلەپ كېتىۋاتقان رەببىمبەردى ئايۇپقا كۆز قىرىدا قاراپ قويدى بەھرىنىسا. ئۇنىڭغىچە كالتە بازاردىكىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى، بولۇپمۇ دائىملىق سېتىقچىلىرى بۇ ئىككىيلەنگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ تۇرىدىغان رەببىمبەردى ئايۇپ بىر تەرەپتە قېلىپ، بوي ـ بەستىنى تونجى قېتىم كۆرسىتىۋاتقان بەھرىنىسا جىقلا كۆزلەرنىڭ نەزىرى ئاستىدا قالغان ئىدى.

سامسىپەز رەببىمبەردى ئايۇپ بىلەن تونۇشىدىكەن، ئۇلار قە-دىناسلارچە سالاملىشىپ، قىزغىن كۆرۈشتى. سامسىپەزنىڭ كۆز-لىرى ئارقىلىق بەھرىنىسانى ئىشارەت قىلىپ «كىم ئۇ؟» دەپ سورىشىغا رەببىمبەردى ئايۇپ كەينى تەرىپىدە قالغان تورۇسىنى ئىس باسقان ئۆگزىنى ئىمالاپ «يىراقتىن كەلگەن» دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلدى. سامسىپەز ئۇلارنى دۇكىنىنىڭ تۆرىگە — تاختايلار-نى جۇپلەپ ياسىۋالغان، ئۈستىگە يىپ ئەدىيال تاشلاپ ئىسكەتكە كىرگۈزگەن كارىۋاتقا باشلاپ، قېنىسقلىقىدىن رەڭ قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن چاي قۇيغاندىن كېيىنلا، رەببىمبەردى ئايۇپ:

— ئۇستام، قويىنىڭ قۇيرۇق يېغىنى ئاغىنە قىلىپ تۈگكەن ئىسسىق سامساڭدىن بىرەر تەۋەڭ كەلتۈر، مەن ئۇرۇمچىدىن ئې-لىپ كەلدىم جۇمۇ بۇ مېھماننى ...، — دېدى مەيدىسىنى كېرىپ.

سامسىپەز ھە، دېگەچ يەنە بەھرىنىساغا قارىدى. ئۇنىڭ سامسا تۈگۈۋاتقان بىر شاگىرتىمۇ دۇكاننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ھايا قىلماي بىرئاز قاراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. سام-سىپەز بىر چوڭ پەتنۇسقا لىققىدە سامسا ئېلىپ كەلگۈچە، سام-سىخانىنىڭ ئىچىگە سەككىز - ئون خېرىدار كىرىپ بولدى.

— سىزنىڭ شاراپىتىڭىز، — پىچىرلىدى رەببىمبەردى ئايۇپ مالاچىلىتىپ سامسا چايناپ ئولتۇرغاچ بەھرىنىسا تەرەپكە بويۇن-داپ، — ئاۋۇ خەق سامسا يېيىشنى باھانە قىلىپ، سىزنى كۆرگىد-لى كىرگەن كۆزى يامانلار...

بەھرىنىسامۇ شۇنداقراق سەزگەنىدى، ئۇ رەببىمبەردى ئايۇپ-نىڭ سۆزلىرىگە ئالىيىش بىلەن جاۋاب بېرىپ، دۇكان بولغاندى-كىن ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، خېرىدارلىق تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار تۆت - بەشتىن سامسا يەپ بولغىچە، دۇكان ئىچىمۇ گىرىمسەن گۇگۇملۇققا كىرىپ قالدى.

— كېتەيلىمۇ؟ — بۇ قېتىم رەبىمبەردى ئايۇپ باشلاپ تەكلىپ قىلدى. بەھرىنىسانىڭ ئاللىبۇرۇن توختىۋالغىنىنى كۆرۈپ، — يەپ بولالمىغان سامسىلارنى ئېلىۋېلىڭ، كېچىلەردە قورساق ئېچىپ قالسا لازىم بولىدۇ ...، — ئۇ سامسىپەزگە يەپ بولالمىغان سامسىلارنى قاچىلاپ بېرىشنى بۇيرىدى ۋە يانچۇقىنى كولاۋاتقان بەھرىنىساغا ئاچچىق بىلەن ئالايدى، — نېمە قىلىۋاتىسىز ئۆزى؟

— بۇ شەھەر ئەمەسكەن، — دېدى بەھرىنىسا، — مەنمۇ يېگىنىمگە پۇل تۆلەپ قوياي، بۇ يەردىكىنى ھەقىچان ئاتچوت قىلمايدۇ ...

رەبىمبەردى ئايۇپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. بەھرىنىسا بۇ گەپكە چىدىماس ئادەمنىڭ ئاچچىقىدا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ - جارقىرىشىنى كۈتكەنىدى، ئۇ دۇكاندا ئادەم جىقلىقىنى ھېسابقا ئالدى بولغاي، ھېچنېمە دېمەي، گۇرسۇلدەپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. سولىياۋ خالتىغا قاچىلانغان بەش - ئالتىدەك سامسىنى كۆتۈرۈپ چىققان بەھرىنىسا ئۇنى ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ قاراپ تۇرغان ھالدا كۆردى. ئەسلىي ئۇ ئىككى - ئۈچ نان، قايناق سۇ قاينىتىدىغان ۋە چاي دەملەيدىغان چوڭ - كىچىك چەينەك، پىيالە، چىنە، قوشۇق دېگەندەك نەرسىلەرنى بولسىمۇ ئالغاچ كەتمەكچى ئىدى.

رەبىمبەردى ئايۇپ مەيدانغا كېلىپ، ئۆزى چۈشىمىدى. بەھرىنىساغا:

— ئەتە ئەتىگەن چىقىمەن، بىر يۇرۇش ئاشخانا سايمانلىرىنى ئالغاچ چىقاي، يەنە قانداق نەرسىلەر لازىم؟ دەڭ، — دېدى.

— ھازىرچە نېمە لازىملىقىنى بىلەلمىدىم، — راستىنى ئېيتتى بەھرىنىسا، — ئاۋۋال تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلغاچ تۇرسامىكىن ...

— ھىم ...، — دەپ قويدى رەبىمبەردى ئايۇپ ۋە خوشلاش-

مايلا مېڭىپ كەتتى.

بەھرىنىسانى ئايزۆھرە ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن، ئايزۆھرە بەھرىنىسانى دىجورنىلار ئۆيى دېيىلگەن خانىغا باشلاپ كىردى. ئۆي پاكىز سىيرىپ سۈپۈرۈلگەن، دېرىزە ئەينەكلىرى سۈرتۈپ پارقىرىتىلغان، دېرىزە تەكچىسىدە چايدان، ئىككى ئىستاكان تۇراتتى. پەستە كارىۋات بولۇپ، ئۇمۇ سۈرتۇلگەن، كارىۋاتقا كىگىز سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىدە كۆرپە، باش تەرەپكە قىر چىقىرىپ قاتلانغان يوتقان تىزىقلىق ئىدى. يوتقاننىڭ ئۈستىگە ياستۇق قويۇلغان، ئورۇن - كۆرپىلەر، چايشاپ ۋە ياستۇقلار يېڭى، ھېچبولمىغاندا، يۇيۇپ تىكىلگەندەك تۇراتتى. بۇلار رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ كالتە بازارغا مېڭىشتىن بۇرۇنقى ئايزۆھرەگە تاپشۇرغانلىرىنىڭ ئورۇنلانمىسى ئىدى.

— بوپتىمۇ؟ — سورىدى ئايزۆھرە بەھرىنىسا كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، — لايىقىڭىزدا بولمىدى، شۇنداقتىمۇ ...

«لايىقىدا بولسا» قانداق بولاتتى؟ بەش يىللىق ئۆمرى بەزىدە ئالتە، بەزىدە تۆت كىشىلىك تېگى - تۆپى قوش كارىۋاتلىق ياتاقتا ئۆتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپمۇ نازارەتنىڭ ئاددىي، ئىجارىگە بېرىلىدىغان، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ سودا خاراكتېرىنى ئالغان ياتاقلاردا ياتتى. ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا يېتىپ، ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا تۇرۇش ئىختىيارلىقى بولمىدى. ئۇ ياتاقلار ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرەتتى، تۇرىدىغان - ياتىدىغان ۋاقىت چېكى بولاتتى. مانا، بۇ ياتاق ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە، مەخسۇس ياتىقى. «ياتاقنى تازىلايمەن ...»، «چىقىپ تۇرۇڭ، كىرلىكلەرنى ئالماشتۇراتتۇق ...» دەيدىغان گەپلەر يوق. لېكىن، ... شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە ھېس قىلدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئايزۆھرەنى كارىۋاتقا ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ، — سىزنى جاپاغا قويۇپتىمەن، رەھمەت سىزگە، ئولتۇ-

روۋڭ...

— بىزنىڭ ئۆيگىلا كەتمەيلىمۇ، — ئۆرە تۇرغان پېتى تەكلىپ قىلدى ئايزۆھرە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆينىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىرچە كېلەر، مەيداننىڭ ئائىلىلىكلەر قوروسىدا. ئاندىن ئۆزۈم يالغۇز... گۇڭگۇر — مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئۇخلاپ قالىمىز ...

تەكلىپ بەھرىنىساغا ياقتى. شۇنداقتىمۇ، ئېغىزىدىن چىقىپ بولغىچە «ھە قېنى ئەمىسە باشلاڭ» دېگۈسى كەلمەي تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئايزۆھرە مۇھىم سەۋەبتىن يەنە بىرنى كۆرسىتىپ قايىل قىلدى:

— بۇ ئۆينىڭ لامپۇچكىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ، ئامباردىن ئىزدەپ تېپىپ، ئابدۇقەييۇمغا ئالماشتۇرغۇزارمەن، دېۋىدىم، كەچ بولۇپ كەتتى، قاراڭغۇدا ياتامسىز؟

— مەيلى ئەمىسە، — سەل تۇرۇۋېلىپ رازىلىق بىلدۇردى بەھرىنىسا ئايزۆھرەنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ.

ئايزۆھرە ياتاقنى قۇلۇپلىدى، ئاچقۇچنى بەھرىنىساغا بېرىپ يول باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك، شەرق تەرەپكە 50~100 مېتىرچە مېڭىپ سەينادىن ئايرىلىسىلا، ئوتتۇرىغا يۈك ماشىنىسى ماڭالىغۇدەك يول قويۇلۇپ، ئىككى تەرەپكە قاتارلاشتۇرۇپ سېلىنغان كېسەك ئۆيلەر كۆرۈنەتتى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا يەنە كېسەكتىن ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قوروق تام سېلىنىپ ھويلا قىلىنغانىدى. ئايزۆھرەنىڭ ئۆيى ئوڭ تەرەپتىكى قاتارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىكەن، ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىچە قېپقالغان ئىككى ئۆينى بېشى بىلەن كۆرسىتىپ:

— بىكار ئۆيلەر، بۇرۇن ئولتۇرغانلار خېلى بۇرۇنلا كۆچۈپ كەتكەن، — دەپ تونۇشتۇرغاچ ماڭدى.

ئايزۆھرەنىڭ ھويلىسى چاققانغىنە، بىر تەرىپىگە ئوتۇن — كۆمۈرخانا، يەنە بىر تەرىپىگە تونۇر، ئۇنىڭغا يانداپ ئوچاق سېلىنـ-

غان. كۆلىمى بىر ئۆيدىن چوڭراق كېلەتتى. هويلا ئوتتۇرىسىدا شاخلىرى پۈتۈن هويلىغا سايە چۈشۈرەلىگۈدەك بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. بەھرىنىسا بۇنداق هويلىلارنى ئۆز يۇرتىدا ئو-قۇتقۇچىلار ئائىلە قورۇسىدا كۆپ كۆرگەنىدى ...

ئايزۆھرە ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپلا، ئىشىك ئىچىدىكى بىر سىمنى تارتىپ چىراغلارنى يېقىۋەتتى. ئۆزى باشلاپ تاشقىرىقى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئاندىن بەھرىنىسانى ئىچكىرى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئىچكىرىدىكى ئۆي مېھمانخانا ھەم ياتاقلىقى چىقىپ تۇ-راتتى، ئۆينىڭ يېرىمىغا سۇپا باغلانغان، ئۈستىگە بورا، ئاندىن چېكىنى باستۇرۇپ چوڭ ئىككى شىرداق سېلىنغانىدى. ئۇدۇل تامغا مېھراب چىقىرىلغان، شۇ تاپتا يوتقان ـ كۆرپىلەر تىزىلغان بولسا كېرەك، ئۈستى گۈللۈك يىپ ئەدىيال بىلەن يېپىلغانىدى. سۇپىنىڭ ئۈستى تام ياقىلىتىپ قېقىلغان تېگى قىزىل، سېرىق گۈللۈك زەدىۋال بىلەن شىرداقنىڭ رەڭ ۋە گۈللىرى تازا ماسلاش-قانىدى. هويلا ۋە ئۆيلەر ناھايىتى پاكىز بولۇپ، ئايزۆھرە بەھرى-نىسانى قوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنمۇ ياكى ئەسلىدىن شۇنداق پاكىزمۇ، بەھرىنىسا بىلەلمىدى. ئۇ ئۇنۇمىغى-نىغا قارىماي سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، يېزىسىنى، مومىسى-نىڭ ئۆيىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇلارمۇ شۇنداق ياشايتتى، مېھمان كەلسە كىگىز ـ تەڭلىمات سېلىنغان سۇپىغا باشلاپ كۆرپىدە ئول-تۇرغۇزاتتى.

بەھرىنىسا كالتە بازاردىن قايتۇرۇپ كەلگەن سامىسىنى ئۇزات-تى. ئايزۆھرە بىرنەچچە ئېغىز تۈزۈت گەپلەردىن كېيىن سامسىنى ئالدى. چايدىنىدا بار قايناق سۇ بىلەن چاي دەملەپ، ئاۋۋال داس-تىخان سېلىپ ئۆزى ياققان نانلارنى ئوشتۇدى، ئاندىن سامسىلارنى تىزدى، دەم يېگەن چاينى پىيالىلەرگە قۇيۇپ، باشتىكىسىنى بەھ-رىنىساغا ئۇزىتىپ:

— قاتتىق - قورۇق بولسىمۇ داستىخانغا بېقىڭ، — دېدى ئۆزرە قويۇپ، — ھاردۇق ئېشى قىلاي دېگەنىدىم، كالتە بازارغا بارغاندىكىن، ئاش يەپ كەلسە تېتىماي قالمىسۇن دەپتىمەن، ئۇ يەردىمۇ سامسا يەپسىلەر، گاچچىدە ئىككى چىنە سۇيۇقئاش قىلاي-مۇ، كېسىكلىك خېمىر بار ...

— ۋاي رەھمەت، — بەھرىنىسا رەت قىلدى، — ئۆزىڭىزنى ئۆلچەم قىلماڭ، مەن جىق يەۋاپتىمەن، ئېتىلىپ كېتەيلا دەپ قال-دىم. چېيىڭىز ئوخشاپتۇ، ياتاقلاردا قايناق سۇنى ئىچىۋېرىپ چاي سېغىنىپ قاپتىمەن. مەن چېيىڭىزدىن جىقراق ئىچەي. ..

ئۇلار نېرى - بېرى گەپلەر بىلەن خېلى ۋاقىت ئولتۇرۇشتى. ئايزۆھرە بەھرىنىسا تېلېۋىزور كۆرسە ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىشىك بېكىلگەن تام تەرەپكە قويۇلغان ئۈستەلدىكى ئو-راپ قويۇلغان تېلېۋىزورنى كۆرسەتتى. بەھرىنىسا كۆرمەيدىغانلى-قىنى ئېيتتى. ئايزۆھرەمۇ تېلېۋىزوردا پەقەت ۋىلايەتلىك ئىستان-سا تارقاتقان پروگراممىلارنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق قوبۇللاش سىستېمىلىرى تېخىچە ئورۇنلاشتۇ-رۇلۇپ بولۇنمىغانلىقىنى، يەرلىك پروگراممىلارنىڭ كۆرسىتى-لىش ۋاقتى ئاز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويدى، كېيىن:

— ئۇنداقتا ياتامسىز؟ — دەپ سورىدى، — كۆزىتىشىمچە، چارچاپ قالغاندەك تۇرىسىز، ئۇيقۇ كەلسە ئۇخلارمىز، كەلمىسە، يېتىپ مۇڭداشىمىزمۇ؟

بۇ تەكلىپ بەھرىنىساغىمۇ ياقتى. ئۇ يېزا - قىشلاقلاردا ۋە مۇشۇنداق يېزىغا ئوخشاش جايلاردا كىشىلەرنىڭ بالدۇر يېتىپ ئا-رام ئالىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. مانا، مۇنۇ ئايزۆھرە بۇ-گۈن كەچ بەھرىنىسا بولمىغان بولسا، بۇ ئاخشامنى قانداق ئۆتكۈ-زەر بولغىيدى؟

ئۇلار ئارىلىقىغا بىر ئادەم كەڭ - كۇشادە ئارام ئالغىدەك ئار-

لىق قالدۇرۇپ ئورۇن راسلاپ يېتىشتى. ئايزۆھرە بەھرىنىسانىڭ تەكلىپى بىلەن چىراغنى ئۆچۈردى. ھەيران قالغۇدەك، دەم قىسىلغىندەك قاراڭغۇلۇق كىشىنىڭ باش ـ كۆزىنى قارا يوتقان بىلەن پۈركەپ قويغاندەك تەسىرات پەيدا قىلاتتى. بەھرىنىسا ئايزۆھرەنىڭ يەرنىڭ تېگىدىن ياكى تورۇسنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

ــ سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

بەھرىنىسا پۇشۇلداپ كەتتى. ئۇ ئايزۆھرەنىڭ سوئالىغا بىر جۈملە سۆز بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، «خىزمەت قىلىمەن» دەپ، «تەقسىماتقا بويسۇنۇپ»، «كەلمىسەم نەگە بارىمەن؟» دېيىشلەر ئۇ سوئالغا جاۋاب بولالمايتتى. جاۋابقا ئوخشىسىمۇ، بۇنداق جاۋابتىن بەھرىنىسانىڭ ئۆزىمۇ قانائەت ھاسىل قىلالمايتتى. ئۇنداق بولسا ئۇ زادى نېمىشقا كەلدى؟ باشقا يەردە خىزمەت يوقمۇ؟

ئۇ توغرا جاۋاب ئىچىدىن چىقىپ قالار دەپ ئويلاپ، تونۇشقىلى يېرىم كۈنمۇ بولمىغان بۇ يېڭى ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمەتدىشىغا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قىسقارتىپ سۆزلەپ بەردى. توغرا، ئۇ ھوشۇر غاپپار، رېستوران ۋەقەلىرىنى يوشۇرۇپ قويدى، بەش يىل ئوقۇغىنىنى، ئوقۇشنىڭ پەقەت بىر ئۇستەلگە ۋە ئايدا بىر قېتىم توختىماي ئالىدىغان مۇقىم مائاشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى. مومىسىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئاشۇلارنىڭ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان دېھقانلارنىڭ كىرىكىدىن جىق ئىشلەپ، تېگىشلىكىدىن ئاز ھەققە قانائەت قىلىپ ياشايدىغانلىقىنى، كىرىمگە بىردىنبىر مەنبە بولۇۋاتقان ناتۇرال چارۋىچىلىقنى ئاز ـ تولا ئىلمىيلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇپ قىلىش ئارزۇسىنىڭ تۇرتكىسىدە كەلگەنلىكىنى ئېغىرراق ئۇرغۇ بىلەن ئالدىرىمايراق بايان قىلدى. بۇ باياندا «80ـ4 تۇر قۇرۇلۇشى»نىڭ ئاز ـ تولا ئۇچۇرىمۇ

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى.

ئايزۆھرە ئۇزاق، ئېغىر ئۇھ تارتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دېيەلگەنلەرگە خېلى بېرىلىپ قۇلاق سېلىپ ياتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەمما، دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— سىز بۇ «80–4 تۇر قۇرۇلۇشى» توغرىسىدا ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؟ — سورىدى بەھرىنىسا ئايزۆھرەدىن ئۇچۇر ھەم پوزىتسىيە ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە.

ئايزۆھرە ھېچنېمە دېمەي جىمىپ كەتتى، بەھرىنىسا كۈتۈپ بېقىپ، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇخلاپ قالدىغا چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقىنىدا، ئايزۆھرە ئېغىز ئاچتى:

— سىز دېگەن شۇ «80–4تۇر قۇرۇلۇشى»دىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار، — دەپ باشلىدى ئۇ، — بۇ قۇرۇلۇشقا يۇقىرىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن خېلى جىق پۇلمۇ بار. قانچىلىك ئاجرىتىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى، پۇل بىزنىڭ مالىيەگە ئەمەس، ئىدارە مالىيەسىدگە كىرگەن. لېكىن، قىسمەن چىقىملاردىن خەۋىرىم بار. بۇ ئىش مۇنداق ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنغان، يەنى مەيدان مالىيەسى ئىدارە مالىيەسىدىن مەلۇم مۇددەتتە بەلگىلىك پۇل قەرز ئالىدۇ، مەيدان بۇنى ئېھتىياجغا ئاساسەن خەجلەپ، خەج - خىراجەت، ئىسچوت - تالونلارنى قايتۇرۇلغان قەرز ھېسابىدا ئىدارە مالىيەسىگە ئاتچوت قىلىدۇ ...

— قەرز ئالغاندا نەق پۇل، قايتۇرغاندا تالون يۈرۈشتۈرۈلۈپتىكەندە؟ — ئۇخلاپ قالماي ئاڭلاپ ياتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سوراپ قويدى بەھرىنىسا.

— شۇنداق، — دېدى ئايزۆھرە، — ئاشۇنداق قىلىش خاتامۇ ئەمەس، مالىيە تۈزۈمىدىمۇ يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان قائىدە. ئەمما، ئاتچوت قىلىشتا پۇلنىڭ نېمىگە، نەگە خەجلەنگىنىنى قاتتىق تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. تۇماق ئالىدىغان پۇلغا پايپاق

ئېلىشقا بولمايدۇ، ئېلىنغان بولسا سەۋەبى تەستىقلىغۇچىغا قەدەر سۈرۈشتە قىلىنىدۇ....

— تۇر قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىدە يوچۇق بار ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى بەھرىنىسا سەل ئەجەبلىنىپ.

خېلى قىزىپ سۆزلەۋاتقان ئايزۆھرە تۇيۇقسىز جىمىپ قالدى، خېلى بىرھازادىن كېيىن ئىسەنگىرىگەندەك ئاۋاز بىلەن:

— رەبىيمبەردى كوجاڭ بۇ ئىشلار توغرىسىدا سىز بىلەن سۆزلەشمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى، — ئۇ خەۋەرلەندۈرمىگەن بولسا، سىز قانداق ئىشلەيسىز؟

بەھرىنىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟ ئۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان كۆپ قېتىم رەبىيمبەردى ئايۇپنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاپ باقتى، ئۇنىڭدىن ئۇچۇر ئالالمىدى. ھازىر ئايزۆھرەنىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، بىر مەسىلە — يەنى «تۇر قۇرۇلۇشى» مەبلىغى جايىغا ئىشلىتىلمەسلىك ئىشى يۈز بەرگەن. بىراق، تۇر مەبلىغىنىڭ ئاز قىسمىمۇ، كۆپرەك قىسمىمۇ ياكى ھەممىسىمۇ، ئېنىق ئەمەس. بەھرىنىسا مالىيە ھېساب - كىتابلىرىنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، بۇ ھەقتە گەپ كوچىلاش ئۇنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئەمەس. شۇڭا، ئۇ ئايزۆھرەنىڭ سورىغىنىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ:

— بۇ تۇر قۇرۇلۇشى توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ، — دېمەكچىمەنكى، ئەمەلىي، كونكرېت ئىشلارمۇ ئىشلەنگەندۇ؟

ئايزۆھرە بەھرىنىسانىڭ تېگى - پېيىنى بىلىۋالدى. بۇ قىز سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى. دېمەك، رەبىيمبەردى ئايۇپ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزى جىق سۆزلىۋەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇ بىر كاسسىر، پۇل كىرىم - چىقىمىنى بىلسە بولىدى. تۇر قۇرۇلۇشى دېگەن چوڭ ئىش. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە ئىلمىي ئىش،

تەجرىبىدىن ئۆتسە ئاندىن روياپقا چىقىدىغان ئىش بۇ، بۇنداق ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلمەيدۇ، ئاڭلىغانلىرى بولسا يۈزەكى ھادىسىلەر. ئۇ تۇر قۇرۇلۇشىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بولغان، كېيىن سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغان. لېكىن، مەبلەغ يېتىشمەي توختاپ قالغانمۇ، تېخنىكا كۈچى يېتىشمەي توختاپ قالغانمۇ، بۇلاردىن خەۋىرى يوق. ئۇنداق ئىكەن، پەرەز قىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭ پەرىزىمۇ باشقا «گۇمانخور»لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ ياكى ئۆزئارا يۇقتۇرۇۋېلىشقان پەرەز، پەرەزلەرنىڭ خۇلاسىسى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى «ئىشلار مۇرەككەپ» !

ئايزۆھرە بىرھازا جىمىپ كەتتى، ئاشۇ جىمىپ كېتىش «ئىشلارنىڭ مۇرەككەپ» ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بولدى، ئۇ ئېغىر تىنىپ:

— ئۇ تۇر قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاز ـ تولا ئاڭلىغان، ئۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغاندىكىن، تەپسىلاتىدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، — مەيداندىكى خەقلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭ مەيدان كىچىك، قالاق بولۇپ، ئىلمىي تۇر قۇرۇلۇشلىرىنى ئىشلەشكە كۈچى يەتمەيدىكەن، ماس كەلمەيدىكەن ...

شۇندىن كېيىن ئۇ «مەيدان»نى تونۇشتۇرۇشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قوي فېرمىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى قوي فېرمىسى، دېيىلىپ قۇرۇلغان. كېيىنچە كالا، تۆگە، ئۆچكە، قوتازلار قوشۇلۇپ، چارۋا مال فېرمىسى، دېيىلگەن. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلق كوممۇنىلىرىنى تەرتىپكە سالغاندا، قوشنا ناھىيەگە قاراشلىق يېزىنىڭ كالتە بازار دېگەن نامغا

ئوخشايدىغان كالتە بازار كەنتى بۇ چارۋا مال فىرمىسىغا قوشۇۋې-تىلگەن، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئۆزگەرگەن بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەرمىگەن. چارۋا مال فىرمىسىنىڭ نامى ئۇنىۋېرسال چارۋا مال فىرمىسى، دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما، فىرمىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ ئاتاپ كۆنگەنى بويىچە «قويخانا» دېيىدىكەن. قويخانىنىڭ ئىچىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ئۇنىۋېرسال چارۋىچىلىق مەيدانى» دېگەن ئۇزۇن ئىسمىنى «مەيدان»غا يىغىنچاقلاپ، قىسقارتىپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كېتىپتۇ. بەھەرىنىسادەك سىرتتىن، يۇقىرى ئورگانلاردىن يېڭىياچە كېلىپ قالغانلار تونۇشتۇرۇلغان «ئۇنىۋېرسال چارۋا مال فىرمىسى»، «چارۋا مال فىرمىسى»، «قويخانا»، «مەيدان»لارنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ، بەزىدە ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى ئاشۇ يەردە ئىكەن ...

مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش دولقۇنىنىڭ تەسىرى بۇ مەيدانغىمۇ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كالتە بازار كەنتىنىڭ مەسىلىسى قىيىنغا چۈشمىگەن. ئەمما، مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چارۋا ماللارنى بۆلۈپ بېرىپ، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە بېرىشتە بىرمۇنچە يول مېڭىشقا توغرا كەلگەنۇ، ئاخىرقى ھېساباتتا بەرىبىر ھۆددىگە بېرىش چارىسى قوللىنىلغان، كېيىنكى يىللاردا بۇ «ھۆددە»مۇ باشتىكى مەنىسىدىن ئۆزگىرىپ، مال تاپشۇرۇش «ئىختىيارىي سېتىپ بېرىش»كە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇپچە قوتان - ئېغىللار شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئائىلىگە تەۋە قوتان- ئېغىللارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ... مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش بۇرۇنقىدىن قېيىن، باج يىغماق تەسلەشكەن ...

ئايزۆھرە يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئۇ ئېيتقان مەزمۇنلارنىڭ تولىسىنى بەھەرىنىسا چۈشەنمىدى. چۈنكى، ئۇ دېھ-

www.uyghurkitap.com

قانچىلىق رايونلىرىدا چوڭ بولغان، چارۋا كەسپىنى ئوقۇغىنى بى-
لەن، ئەمەلىيەتتى بىلەن يەنە كېلىپ مۇنۇ فىرما — مەيداندەك
چارۋىچىلىقمۇ قىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدى-
غان «ئۇنىۋېرسال» ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن تونۇشلۇقى
يوق ئىدى. بۇ يەردە چارۋا ماللارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ، ئى-
لىم ـ پەنگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يولى، چارە ـ تەد-
بىرلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە چۈشەنچىسىمۇ
يوق ئىدى.

ئايزۆھرە سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە
ئېرىدىن بىر بالا بىلەن ئاجرىشىپ تۇل قالغانلىقىنى، بالىسى ئو-
غۇل، سەككىز ياشقا كىرگەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە ۋىلايەت مەركى-
زىي شەھىرىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنى
ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەيداندىكى ئىشچى ـ خىزمەت-
چىلەرنىڭ بۇ يەرنىڭ ئائىلىلىكلەر ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى شەھەردە بولسىلا، بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئال-
دىدا تۇرۇپ ئوقۇيدىكەن. يوقلىرىنىڭ بالىلىرى كالتە بازار كەنت
باشلانغۇچ مەكتىپىدە، ئۆرلەپ ئوقۇغانلىرى يېزىلىق تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، ناھىيەدە ياتاقلىق تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ بار ئىكەن.

ئۇ سۆزلەۋاتقىنىدىلا ئۆگزە دۇپۇرلىگەن، ئېغىر بىر نەرسە
چۈشكەندەك بىلىنگەنىدى. ھويلىغىمۇ ئاشۇنداق بىر نەرسىلەر
چۈشتى، ئايزۆھرە ئۇ دۇپۇرلەش ۋە ئاۋازلارغا پەسەنت قىلمىغان
بولسىمۇ، بەھرىنىسا خېلى ئەنسىرىگەن، ئەمما چاندۇرمىغانىدى.
چۈنكى، ئۆي ئىگىسىنىڭ پەرۋايى پەلەك تۇرسا!

— نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدى ئەتىسى ئەتىگەن يۈز يۇيۇشقا
چىققان بەھرىنىسا ھويلىدىكى داڭگال ـ چالمىلارنى كۆرسىتىپ، —
كېچىدە ئاڭلانغان ئاۋازلارمۇ مۇشۇ داڭگال ـ چالمىلاردىن چىققان-

مۇ؟

بەھرىنىسانىڭ يۈزىنى سۇرتۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ يېنىدا لۆڭگە تەڭلەپ تۇرغان ئايزۆھرە ۋىلىلدە قىزاردى، يەردىكى يېيىتىلغان خىشلارنى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئالدىن ـ كېيىن سىيپاپ تۇرۇپ:

ــ بويتاق ھارامزادىلەرنىڭ لوكچەكلىكى بولمامدۇ، ــ دېدى ۋە چەتكە قاراپ قوشۇپ قويدى، ــ بۇ يەرلەر سەھراغا تەئەللۇق جايلار ... مەدەنىي ھاياتنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن شۇ ...

بەھرىنىسا چۆشەندى، كولاپ سورىمىدى. چايدىن كېيىن ئىك-كىيلەن مەيدانغا بىللە باردى، بەھرىنىسا ئابدۇقەييۇم، روزاخۇنلار بىلەن تىنچلىق سورىشىۋاتقاندا ئابدۇقەييۇم كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بۇندىن كېيىن نەگە بارسىڭىز ئىختىيارىڭىزغۇ، لېكىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويارسىز، بۇ مېنىڭ يانفون نومۇرۇم.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى، بەھرىنىسا ئابدۇقەييۇمنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى، ئۇ تەڭلىگەن يانفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىـ-ۋېتىپ «رەھمەت» دېدى. ئايزۆھرەنىڭ:

ــ ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟ يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئىشخانىدا ئول-تۇرۇپ تۇرۇڭ، ياتقىڭىزدىمۇ يالغۇز قالىسىز...، ــ دېگىنىگە:

ــ تونۇگۈن كۆرمىگەن ھېلىقى «چارۋا مال ئەۋرىشكىلىرى ئىشخانىسى» دېيىلگەن ئۆيىنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بولىدۇ، بولمامدىغان؟ ئۇ بۇندىن كېيىن سىزنىڭ ئىشخانـ-ڭىز بولىدۇ، ــ دېدى جاۋاب بېرىپ ئابدۇقەييۇم، ــ شۇغىنىسى، ھە ...، ــ ئۇ ئايزۆھرەگە قاراپ بېرنېمىدىن قىسىلغاندەك غودۇڭشىـ-دى، ــ ئۇزاق بولدى، ئىشىكىمۇ ئېچىلمىدى. ئەتىلەتىن كۆرسىـ-ڭىز قانداق؟ بۈگۈن سۇغا باستۇرۇپ بىر تازىلاپ قويايلى ...

ئايزۆھرە بىلەن روزاخۇنمۇ «شۇنداق»، «شۇنداق بولسۇن» دې-يىشتى، بەھرىنىسا ئۇنۇمىدى:

www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋال كۆرەي، — دېدى ئۇ، — تازىلايدىغان ئىش بولسىمۇ، مەن ئىشلەيدىغان ئورۇننى ئۆزۈم تازىلىشىم كېرەكقۇ؟

ئابدۇقەييۇم ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ «ئىشكى ئۇزاق ۋاقىت ئېچىلمىغان» بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ چىقتى. ئىشىك ئېچىلدى، ھەممەيلەن قويۇق توپا پۇرىقىدىن كەينىگە داجىشتى. بەھرىنىسانىڭ كۆرگىنى دېيىلگەندەكلا توپا بېسىپ كەتكەن ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆي بولدى.

ئۇ تازىلاشتا چىڭ تۇردى. شۇ ئىشنى بولسىمۇ قىلغاچ تۇرمىسام كۈننى قانداق ئۆتكۈزىمەن، دەپ سەۋەب كۆرسەتتى. ئاخىر، ئابدۇقەييۇم «ئەيۋەشكە كەلدى»:

— بوپتۇ، بىز تازىلىشىپ بېرەيلى، — دېدى ۋە ئۆز ئىشخانىسى تەرەپكە كەتتى.

ئايزۆھرە ئىشخانىسىدىن لاتا، چېلەك، داس ئېلىپ چىقتى، روزاخۇن سەيناني سۈپۈرىدىغان ئۇزۇن تۇتقۇچلۇق چىغ سۈپۈرگە ئېلىپ كەلدى. ئابدۇقەييۇم ئۇزۇن، توم شىلانكا ئېلىپ كەلگەندى. ئۇ ئۆي ئىچىدە بار تۇرۇبىغا شىلانكىنى ئۇلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— نېرىراق تۇرۇڭلار، تورۇس - تاملارنى يۇيۇپ چىقىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى، — بۇنىڭسىز دۆ - ئۆمۈچۈك تورلىرىنى يوقاتماق تەس!

ئۇ شۇنداق قىلدى. شۇ ئارىلىقتا شەھەردە ئولتۇرۇپ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنى ئەكىرىپ - ئاچىقىدىغان ئارابۇس ئونچە ئادەمنى تازىلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكېلىپ چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەھرىنىسا بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. كەلگىنىگە بىر ھەپتىدىن ئاشقاچقا، ئۇلار بەھرىنىسانى كۆرمەي تۇرۇپ، تەرىپىنى ئاڭلاپ بولۇشقان ئىدى.

— سىزنى مەيدانغا چىقماي، ئىدارىدە ئىشلەيدىكەن، دەپ ئاڭ-لىغۇدۇق، بولمىسىزە، ئاللىبۇرۇن تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتمەم-تۇق؟ — دېدى ئايشەمگۈل دەپ ئىسىم قويۇلغان، ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بوي - بەستى كېلىشكەن بىر خەنزۇ ئايال يەر-لىك شىۋىدە ئۇيغۇرچىنى «سۇدەك» سۆزلەپ، — سىز مەيدانىمىز-دىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنت، كەلگى-نىڭىزنى قارشى ئالىمىز، ئەمدى بىزلەرگە يول كۆرسىتىدىغان ئا-دەم بار بولدى، كۆپرەك تەلىم بېرەرسىز ...

— ئايشەمگۈل توغرا ئېيتىدۇ ...

— ئۆي ئىچىدە ئوقۇغاندىكىن بولدى، ئەمدى تالا - تۈزنىڭ كۈن نۇرىنى، ھاۋاسىنى يەپ ئىشلىگەنمۇ ياخشى ...، — دېيىشتى باشقىلار. بەھرىنىسا ئۇلارنىڭ «بۇ يەردە ئىشلەپ كۆنەلمىسىڭىز، كىرىپ كەتمەمسىز؟» دېگەندەك سۆزلىرىمۇ بارلىقىنى كۆز ئىپا-دىسىدىن كۆردى. ئۇ پەقەت:

— ياردەم قىلارسىلەر، بىللە ئىشلەرمىز ...، — دېگەندەك سۆزلەرنىلا دېيەلىدى، ئۇنىڭ ھازىر دېيەلەيدىغانلىرىمۇ شۇنچىلىك ئىدى.

ئۇنى بۇ كوللېكتىپ ئىچىدە بەكرەك قىزىقتۇرغىنى ئايشەمگۈل بولدى. «ئايشەمگۈل»نىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى يوقىا بولۇپ، گەنسۇلۇق ئىكەن. ئۆز يۇرتىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە ئوقۇپ، شۇ يەر-دىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇ-قى كەسپىنى پۈتكۈزگەن، مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ مەركىزىدىكى شەھەردە شوپۇرلۇق قىلىدىغان «تېرىقنىڭ پىنىنسىچىلىك» تۇغقاندارلىقى بار بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن. «مىڭبىر مۇ-شەققەتلىك يوللار بىلەن» مۇشۇ فېرمىغا ئورۇنلاشقان. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئىشلەپ يۇرۇپ بىرنى تۇغقان ۋە «ئايشەمگۈل» دېگەن ئىسمىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسە «بىر قەدەممۇ ماڭغى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

لى بولمايدىغان شارائىتنىڭ زورى بىلەن ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن. بۇرۇن ئۇ تازىلىنىۋاتقان مۇشۇ ئىشخانىدا ئىككى تېخنىك كادىر بىلەن بىر مەزگىل بىللە ئىشلەپمۇ باققان. ئۇلارنىڭ بىرى پېنسىيەگە چىقىپ، يەنە بىرى يۆتكىلىپ كېتىپ، ھازىر ئۆزى يالغۇز چارۋا ماللارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىكەن. شەخسىي چارۋىلار بىلەن كۆپرەك ھەپىشىلىدىكەن. بۇ ئىشخانىدا تۇرۇش ۋە ئىشلەش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئايرىم ئىشخانا — دوختۇرلۇق ئۆيىدە ئىشلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— خەنزۇچە سۆزلەشنى ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم، ئۆيدىمۇ ئېرىم بىلەن بالامغا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ كېتىمشلىرىم بار تېخى ...— دەپ كۈلدى ئۇ.

كۆپچىلىك ھە - ھۇ قىلىپ يۈرۈپمۇ چۈش بولاي دېگەندە ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆينىڭ ئىسكەتىنى ئاران تۈزەپ بولۇشتى. بوتۇلكا، ئىستاكان، مېنزۇركا، نەيچە، پىروبىركا ... دېگەندەك نەرسىلەر تازىلىنىپ، سۇرتۇپ پارقىرىتىۋېتىلدى، قايسىسىنى قەيەرگە قويۇپ، قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى جاي - جايىغا تىزىپ جايلاشتۇرۇشنى بەھرىنىسا بىلەن ئايشەمگۈلگە قالدۇرۇپ، كۆپچىلىك تارقاشتى. ئۆي ئىچى ھېلىمۇ توپا - چاڭ پۇرايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىشخانا دېسە ئىشخانىغا، تەجرىبە ئۆيى، لابوراتورىيە دېسە ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يېڭى جايدىن بەھرىنىسا خېلى رازى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى ئۆينى ياتاق قىلىۋالماقچى بولدى، بۇ ئويىنى ئېيتىۋېدى، ئايشەمگۈلگە ياقتى:

— شۇنداق قىلىڭ، ئىشلەشكىمۇ، ئارام ئېلىشقىمۇ قولاي، — دېدى ئۇ ۋە ئەسلىتىپ قويدى، — بۇرۇنقى تېخنىكلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. بەزى چاغلاردا قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن كېتەلمەي قالسا، قونۇپمۇ قالاتتى تېخى ...

— بىخەتەرلىككىمۇ ياخشى، — قوشۇلدى ئايزۆھرەمۇ ما-

قۇلىلاپ، ــ كارىۋاتمۇ كەڭ، ئازادە ...

شۇنداق پىكىر بىرلىكىنى ئاڭلىغان ئابدۇقەيىيۇم بەھرىنىساغا راسلانغان دىجورنى ئۆيىدىكى ئاخشامقى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى تىگىـ ـدىكى كىگىزى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ بەردى. ئايشەمگۈل بىلەن ئايزۆھرە ئۇلارنى رەتلەپ، ئوڭشاپ سېلىپ بولغىچە بەھرىنىـ ـسامۇ مەيدان ئىشخانىسىدا قالغان سومكا، چامادانىنى ئاچىقىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، بەھرىنىسانىڭ ئايرىم، مۇستەقىل تۇرالغۇسى بارـ ـلىققا كەلدى. ئابدۇقەيىيۇممۇ توك يوللىرىنى، لامپۇچكىلارنى تەكشۈـ ـرۈپ، كۆيگەن بىر لامپۇچكىنى ئالماشتۇرۇپ، يېقىپ ـ ئۆچۈرۈپ سىناپ بەردى.

ــ ئەمدى تاماقخانا قالدى، ــ ئايشەمگۈل كۈلۈپ كەتتى، ــ بىز ئاۋۋال قورساق تويغۇزىدىغان ئورۇن راسلىماپتۇق ئەمەسمۇ؟

ــ ئۇنى ئەمدى راسلىساقمۇ كېچىكمەيمىز، ــ دېگىنىچە پەيدا بولـ ـدى رەبىيىمبەردى ئايۇپمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۈلكىسىگە جور بولۇپ، ــ سىلەر خانىمىنىڭ تۇرالغۇسىنى كۆچۈرۈپ بوپسىلەر ـ دە؟ ــ ئۇ بەھرىنىسانىڭ يېڭى ياتىقىنى كۆزىتىپ چىقىپ، ــ بۇمۇ بوپتۇ، ــ دېدى ۋە بىر چەتتە تۇرغان ئابدۇقەيىيۇمغا قاراپ بۇيرىدى، ــ ئابدۇقەيىيۇماخۇن، ماشىنامىنىڭ كەينى ساندۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئەكىرىڭلاچۇ، يەنە نېمە كەمكىن؟

ئابدۇقەيىيۇم بىلەن ئايزۆھرە تەڭلا چىقىپ كەتتى. رەبىيىمبەردى ئايۇپ ياتاق قىلىنغان ئۆيىنى، ئاندىن سىرتتىكى چوڭ ئۆيىنى كۆرـ ـدى. تەكچىلىك ئىشكاپلارنى، ئىشىكى بار ئىشكاپلار ئارىلىقلىرىنى ئايلىنىپ باقتى. ئۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسىلەرنى ئەمدى كۆـ ـرۈۋاتقاندەك، مىنزۇركىلارنى، ئەينەك نەيچە، چوڭ ـ كىچىك بوـ ـتۇلكا ـ ئىستاكانلارنى، پىروبىركىلارنى كۆردى. ئاندىن بەھرىنىـ ـسانىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى، ھېچنېمە دېمەي بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئېغىر تىندى.

ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلىغىنىنى، نېمە دېگۈسى كېلىپ دېمىگىنىنى ئېنىق. ئايشەمگۈل چۈشەندى ۋە مۇنداق دېدى:

— كېچاڭ، ياشلارنى چۈشىنىدىغان دەۋرىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتتەڭىز - دە! بۈگۈنكى زاماننىڭ ياشلىرى، ئىمكانىيىتى بولسا ئۆزى يالغۇز — مۇستەقىل ئۇچسام دەيدۇ، ئۇلارنى چۈشىنىشكىمۇ ياش كاللا لازىم.

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ گەپ قىلغان ئايشەمگۈلگە ئەمەس، گەپ قىلماي قاراپ تۇرغان بەھرىنىساغا تىكىدلىپ، — ياش كاللىلارنىڭ قانداق ئۇچقىنىنىمۇ كۆرەرمىز تېخى ...

ئۇنىڭ زەردىلىك گېپىدىن خۇيى تۇتقان بەھرىنىسا بىرنېمە دەي دەپ تەمشىلىۋاتقاندا ئابدۇقەييۇم بىلەن ئايزۆھرەلەر كىرىپ كەلدى، ئۇلار يەشىك، بوغچىلارنى كۆتۈرگەنىدى.

— تاماق سايمانلىرى، — ئېلان قىلدى رەببىمبەردى ئايۇپ يەنىلا بەھرىنىساغا قاراپ مەيدىسىنى كېرىپ، — بۇلار ئىدارىدىكى بىزنىڭ بۆلۈم خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق سوۋغىسى، تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، يەنە نېمىلەر لازىم؟

ئېلىپ كىرىلگەن نەرسىلەر گاز ئوچاق، قازان - چۆمۈچ، چويلا، چەيدو - پىچاق، ئەپچىل، كىچىك ئاشتاختىدىن تارتىپ نوغۇچ، تۇزلۇق، قاچا - پىيالە، قوشۇق - چوكىلارغىچە بار ئىدى. ئاڭغىچە ئابدۇقەييۇم يەنە بىر چىقىشىدا گاز تۇڭىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— گاز تۈگىسە، شەھەردىن ئالچىقىپ بېرىمەن، بۇ يەردە تېخى گاز يوق، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ.

ئۇلار ئوچاقنى تاشقىرىقى چوڭ ئۆينىڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە يېقىن بۇلۇڭىغا، دېرىزە تەكچىسىنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇردى. تۆشۈك سايمانلىرى، قاچا - قۇچىلارنى قويۇشقا ئابدۇقەييۇم بىر ئۈستەل ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ياتاق ۋە تاماق مەسىلىسى

تەڭ، بىراقلا ھەل بولدى. بەھرىنىسا تەسىرلىنىپ قالدى، بەدىنىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي بىر نەچچە قېتىم «رەھمەت» دەۋەتتى.

— كەم - كوتىلار بولسا ئېيتىڭ، تولۇقلاپ بېرىمىز ...، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ پەخىرلەنگەن قىياپەتتە تۇرۇپ، — ھەممە نەرسە بىر يولى تولۇقلىنىپ كېتىشىمۇ ناتايىن، شۇنداققۇ دەيمەن؟

بەھرىنىسا كۆڭلىدە: «ئەمدى كېمىگەنلىرىنى ئۆزۈم ئاستا - ئاستا تولۇقلىۋالارمەن ...» دەپ ئويلىدى. ئاڭغىچە ھەممەيلەن تالاغا چىقىپ، ئابدۇقەييۇم تۇتۇپ چۇشۇرۇپ بېرىۋاتقان شىلانكىدىكى سۇدا قول - يۈزلىرىنى يۇيغىلى تۇرغاندى، بەھرىنىسا ئېچىلىپ:

— يۆگىشىپلا كالتە بازارغا بارايلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى، — چۈش بولۇپ كەتتى، تاماق يەپ كېلىمىز ... مېنىڭ ئۇچىقىمدا بۇگۈنچە قايناق سۇمۇ قاينىمايدۇ ...

— ياخشى تەكلىپ، — قوشۇلدى رەببىمبەردى ئايۇپ، — كالتە بازارغا بارايلى. ئەمما، سىزنىڭ ئۇچىقىڭىز تۇگۇل يانچۇقىڭىزمۇ ئېچىلمىدى، — ئۇ شۇلارنى دېگەچ بەھرىنىساغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — سىز مېھمان، ھازىرچە كەپسىزلىك قىلمايراق تۇرارسىز ...— كالتە بازارغا ئابدۇقەييۇمدىن باشقىلار باردى. ئۇ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەيدان يالغۇز قالىدۇ، دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى. يولدا كېتىۋاتقىچە ئايشەمگۈل شوخلۇق بىلەن:

— چۈشتە بىر ۋاق ئۇيچە تاماقنىڭ يولىنى قىلىسىڭىز بولاتتى كېچاڭ، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپقا، — شەھەردىن چىقىدىغانلارنىڭ بەزىسى چۈشلۈك يەيدىغىنىنى ئېلىپ چىققىنى بىلەن، قىزىتىپ - ئىسسىتىپ يېيىش شارائىتى يوق، كۆپىنچىسى نېنىنى سۇغا چىلاپ يەپ قورسىقىنى گوللايدۇ...

— ئايشەمخان، — رەبىمبەردى ئايۇپ نارازىلىقىنى چىرايىدا ئىپادىلەپ دېدى كېتىۋېتىپ، — مۇشۇ ھەقتە جىق گەپلەر دېيىلدى، مەنمۇ كۆپ چۈشەنچە بەردىم، سىز دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، چىقىمغا لايىق كىرىم يوق، چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئاشپەز - ناۋاينىڭ مائاشىنى، سىلەر تۆلىگەن پۇل بىلەن تاماق باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مەن مائاشىمدىن بېرەمدىمەن؟ يۇقىرى باھادا يەڭلار دېگەندىن كۆرە كالتە بازاردىن يەڭلار، دېگەن تۈزۈك. بىرەر ۋاق قاتتىق - قۇرۇق يەپ، ئەتىگەن، ئاخشىمى ئۆيدە بولۇق - بولۇق يېسىمۇ ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ كەتمەيدۇ، تەتۈرسىچە ئاشقازان ھەزىمگە پايدىلىق تېخى ...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرغۇسى ئېغىر بولغانلىقتىن، ھېچكىم گەپ قىلمىدى، بۇ سۆكۈت تاماق يېيىلىپ بولغىچە بۇزۇلمىدى. قايتىش ئالدىدا بەھرىنىسانىڭ رەۋەندىلەر قاتارىغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئايشەگۈل ئۆزىنى تۇتالماي يەنە رەبىمبەردى ئايۇپقا گەپ ئاتتى:

— تايىنلىق بۇ قىزنىڭ يېمىكىنىمۇ ئېلىپ بېرىڭ كىچاك، — دېدى باياتىنقى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەندەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئوچاق ئاچىمىسىز، ئۇنىڭدا پىشۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز - ھە؟

— يادىمدا بار، — زەردە قىلدى رەبىمبەردى ئايۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، تۇز، ئاچچىقسۇدىن تارتىپ كۆكتات، تازىلىق سۇيىگىچە يادىمدا بار. ئابدۇقەييۇماخۇن كەچلىك قورساق ئاچقىچە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ....

ئۇنىڭ يادىدا بولۇشى ناتايىن، ئايشەمگۈل دېگەندىن كېيىن ئېسىگە ئالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىنى بەھرىنىسالا ئەمەس، ئايشەمگۈل بىلەن ئايزۆھرەمۇ ھېس قىلدى. دېگەندەكلا ئۇلار قايتىپ، رەبىمبەردى ئايۇپ ھېچكىم بىلەن خوشلاش-

مايلا كېتىپ، بىرەر سائەتتىن كېيىن ئابدۇقەييۇم بىر قول ھار-ۋىسىدا رەبىمبەردى ئايۇپ سانىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، بىر خىش چاي، قازان يۇيغۇچ، جامبۇ، چوڭ - كىچىك ئىككى كى-چىك چەينەكنى قوشۇپ ئەكېلىپ بەردى.

ئۇ كەچلىكى يېڭى ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىسكەندەر كا-مىلغا خەۋەر قىلىپ، ئىككى كىشىگە تېگىشلىك ئۆينى ئۆزى يال-غۇز تۇتۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى تەنە قىلىپ خەۋەر قىلدى، ئىسكەندەر كامىل تەننى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ھەسسىسىنى كېيىن تولۇقلايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

ئەتىسى ئايشەمگۈل يوقلاپ كىرىپ خۇشال بولدى ۋە:

— رەبىمبەردى مەن ئۈچۈن ئاۋارە بولدى، دەپ خىجىل بول-ماڭ، — دېدى بەھرىنىسانىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇ بىكارغا يۆ-تىلىدىغان ئادەم ئەمەس، — دېدى يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇ سىزنى شەھەردە بىر ھەپتە ياتقۇزۇپتۇ، تاماقلىنىزنى ھۆددىلەپ-تۇ، تۇنۇگۇن بىرمۇنچىمىزنى مېھمان قىلدى، يەنە خام خۇرۇچلار-نىمۇ ئېھتىياجدىن ئاشقۇدەك يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەم-مىسىنى ھەسسىلەپ ئاتچوت قىلىدۇ ئۇ. شۇڭا، مۇشۇلارنى خاتىرد-لەپ قويۇڭ. كۆڭلەردىن بىرى چىقمىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش بولۇپ، سىزنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىڭىز تەلەپ قىلىنىپ قالسا، راستىنى راست دېيىشكە توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ...

— ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىم ۋاقتى - ۋاقتىدا ھېسابقا كىرگۈزۈلمەيدىكەن - دە؟ مەنمۇ بۇ ساھەدە ساۋاتسىز ...

— ئۇنىڭ خەجلەۋاتقىنى باشقا بىر پۇل ئىمىش، — ئايشەمگۈل ئۇنىنى پەسلىتىپ، ئەترايقا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — يۇقى-رىدىن بىزنىڭ فېرمىغا خېلى جىق مەبلەغ بېرىپ، بىر يېڭى نە-سىل تۇرىنى يېتىشتۇرۇشنى ھاۋالە قىلغان ئوخشايدۇ. رەبىم-بەردى ئايۇپ دەرھال بۇ ئىشنى ئۆزۈم باشقا ئېلىپ چىقىمەن، دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئىدارىدىكىلەرنى قايىل قىپتىمىش. بۇ ئىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل بولغان ئادەم پۇل چىقىم قىلىشقىمۇ مەسئۇل ـ دە؟ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە رەببەمبەردى ئايۇپ ئۆزگىرىپ كەتتى، ماشىنىسى يوق ئىدى، ماشىنىلىق بولدى. دەرىجىسى تۆشمىغاندىلىقتىن شوپۇر بېرىلمىگەچكە، ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەيدۇ. ئاساراش، سۇغۇرتا، بېنزىن پۇللىرىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ نەدە ئۇنچىۋالا جىق پۇلى بولسۇن؟ چوقۇم ھېلىقى مەبلەغدىن چىقىم قىلىدۇ، بولا ئەمەس، ھېلىقى ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا يولنى راۋان قىلىش ئۈچۈن، تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ فىرمىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىقىنىمۇ قولىغا ئالدى ...

— ئۇ ئىش قانداق بولدى؟

— ھازىرچە جىم، — ئايشەمگۈل بېشىنى چايقىدى، — ئۇ قانداق ئىش، قانداق نەسىل، ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشى نەدىن ـ نەگىچە ... ھېچكىم بىلمەيدۇ. رەببەمبەردى ئايۇپتىن گەپ سورىغىلى، بىرەر ئىش توغرىسىدا تەكلىپ ـ تەۋسىيە بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇ تېرىكككەك، چىدىماس، بىشەم ئادەم. ياش چوكانلارغا، يېشى چوڭ بولسىمۇ رەڭگىدىن كەتمىگەن چىرايلىق جۇۋانلارغا كۆڭۈل ئايىنىيدىغان دەرىجىدە ئامراق، دەككىسىنى يېسىمۇ بەك ئىززا تارتىپ كەتمەيدۇ. ...

ئۇ: ئايزۆھرەنى رەببەمبەردى ئايۇپ خاراب قىلدى، بۇنى پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىدۇ، ئايزۆھرەنىڭ ئېرى ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىپ قويۇۋېتكەن ۋە ئىززا ـ ئەلەمدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دەپ كېسىپ ئېيتتى. بەھرىنىسانىڭ: «يۇقىرى نېمىشقا سۈرۈشتە قىلىپ تۇرمايدۇ؟» دەپ سورىغىنىغا ئۇ:

— ئىش ۋۇجۇدقا چىققىلى ياكى چىقىرالماي قالدۇق، دەپ خۇلاسە قىلغاندا، ئاندىن بىر باشتىن ھېساب ـ كىتاب قىلمامدۇ؟ — دېدى.

بەھرىنىسا ھەيران بولدى، ھەممە ئىشلار سائەت مېخانىزمىلىرىدەك رەتلىك تۈزۈلمەشكەن بۇ جەمئىيەتتە، رەببەمبەردى ئايۇپتەك كىشىلەر ئاشۇ تەرتىپنىڭ، تۈزۈمنىڭ سىرتىدا ھەرىكەت قىلالىغىنىغا قارىغاندا، پايدىلىنىپ كەتكىلى بولىدىغان يوچۇقلار ـ

مۇ بار ئىكەن ـ دە؟ ئايشەمگۈلنىڭ ئېيتقانلىرىنى يالغانغا چىقار- غىلى بولمىغۇدەك. شۇڭا، ئۇ قىياسەن بىلگەن ھېلىقى تور قۇرۇ- لۇشىنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ تېز ئىشلەش كېرەك!

بەھرىنىسا يەنە ئايشەمگۈلگىمۇ ھەيران بولدى، گېپى ئوچۇق، خۇش چاقچاق بۇ ئايال ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. لېكىن، ئۇ تونۇشقىد- نىغا بىر كۈنلا بولغان يىگىتپاچە كەلگىنىدىگە جىقراق سۆزلىۋەت- كەندەك بىلىندى. بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تازا نورمال ئىش ئە- مەس ئىدى.

— مېنى تازا ۋالاقتەگكۈر، قورسىقىدا گەپ توختىمايدىغان، بوغۇزىدا بېزى يوق ئايال ئىكەن، دەپمۇ ئويلىغانسىز ـ ھە؟ — دې- دى ئۇ بەھرىنىسانىڭ ئويلىغانلىرىنى راستلاشتۇرۇپ، — سىزنى ئىچكىرىدە بەش يىل ئوقۇغان، خەنزۇچىغا پىششىق، دەپ ئاڭلىغا- نىدىم. راست شۇنداق ئىكەنسىز، بىزنىڭ بۇ قويخانىدا مەندىن باشقا خەنزۇ يوق. بار ئىدى، كەتتى، تېخنىكلار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئوتتۇز يىل بىللە ئىشلەپ ئۇرۇق ـ تۇغقاندىن چارە بولۇپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ، يۇرتۇمنى سېغىنىمەن، تىلىمنى سېغىنىمەن. سىز بىلەن خەنزۇچە سۆزلەشسەم، ئويلىغانلىرىمنى ئەركىن بايان قىلالايدىكەنمەن، بىر يۇرتلۇقۇمنى كۆرگەندەك ھېس قىلىدىكەنمەن...

ئۇنىڭ گەپلىرى توغرا ئىدى، بەھرىنىسامۇ ئىچكىرىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا مۇشۇ ئايشەمگۈلدەك ھېسسىياتتا بولغان ئە- مەسمىدى؟

ئۇلار ئىچەركىشىپ كەتتى. ئايشەمگۈلنىڭ ئىشى كۆپ ئەمەس، بەزىدە بىرەر ھەپتە ئالدىراش چېپىپ يۈرسىمۇ، تولا چاغلاردا مەي- داندا — ئىشخانىدا بولاتتى. ئۇنىڭ مال دوختۇرلۇق كەسپىمۇ كول- لېكتىپكە قالغان ئىككى قوتان، ئۈچ يۈزدەك قوي بىلەن يىگىرمە نەچچە كالىنىڭ ھالىغا ھېزى بولۇش بولغاچقا، ماللار قوتاندىن چىد- قىش ۋە كىرىش چېغىدا، مالچىلارنىڭ مەلۇماتى بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىكلىرىنىلا تەكشۈرەتتى. بەھرىنىسا ئۇنى خېلى ۋا-

قىتلار كۆزىتىپ، ھەمراھ ۋە دىلكەش قىلىۋېلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىغا ھۆددە قىلدى. ئۆزىنىڭ بۇ فىرمىغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشخانىدا خادىملارنىڭ تاشقورغان، مە-كىت، خوتەن قوچقارلىرىنى كۆزىتىپ، ئوخشايدىغان ۋە پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ يازغان يەكۈن خاراكتېرلىك يازما ما-تېرىياللىرىنى كۆرۈش، رەتلەش ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئايرىم تۈپلەپ - خاتىرىلەپ يۈرگەن ۋاقىتلى-رىدا، ئۇنىڭ سوئاللىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سۆزلەپ بەرگەنى-دى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بۇرۇنقى لابوراتورىيە ئۆيىنىڭ ئىشكاپلى-رىنى ئاختۇرۇپ تاپقان ئاشۇ ماتېرىياللار بىلەن ھەپىلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. رەببىمبەردى ئايۇپ ئۇ كېلىپ ئىككى ئاي ئۆت-كەندىمۇ ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئائىت ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلى-شىش، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارمىغانىدى. ئۇ ئېغىز ئاچسا ئېرىكىپ خاپا بولاتتى، بەزىدە توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ چى-چاڭشىپ:

— ئۆزىڭىزچە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك قىدىرىپ، قولغا چۈ-شۈرگەن ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇۋاتىسىزغۇ؟ — ھە، شۇلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ تۇرۇڭ، — دەيتتى قىلچە دوستانە بول-مىغان تەلەپپۇز بىلەن، — ئۆگەنگەنلىرىڭىز ئاساسىدا تەپسىلىي خاتىرە، ئاندىن قايىل قىلالايدىغان دوكلات يېزىپ تاپشۇرۇڭ. بىز رەھبەرلىك ئۇنى ئىشەنچلىك، دەپ بېكىتسەك، ئاندىن كونكرېت پىلان تۈزۈپ، قانداق ئىشلىشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرارمىز...

— قولىڭىزدىن كېلىدىغىنىنى ئىشلەۋەرمەمسىز؟ — دەپ قوللىدى ئۇنى ئايشەمگۈل، — دوكلات يېزىپمۇ يۈتكۈزەرسىز، قې-نى، رەببىمبەردى ئايۇپ ئۇ چاغدا نېمە دەركىن؟

ئۇنىڭغا ئوخشاش مەسلىھەتنى ئۇرۇمچىدىكى ئىسكەندەر كا-مىلمۇ بەرگەنىدى. بەھرىنىسانىڭ بولسا ئەمەلىيەتتە تەكشۈرگۈسى كېلەتتى، قەغەزگە يېزىلغىنى بىر خاتىرە، ئۇنىڭغا بىر قوچقارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىلا يېزىلىشى مۇمكىن. بەھرىنىساغا كېرىكى نەق،

تىرىك قوچقار. ھېچ بولمىسا، ئۇ ھەربىر نەسىلدىكى قوچقارنى ھەر كۈنى ئۈچ ـ تۆت سائەتتىن بىرەر ئاي، كېيىمدە ئون بەش ـ يىگىرمە كۈن كۆزىتىشى، تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك ـ تە! بۇ ئاددىيلا مانچە قوزا ئېلىش مەسىلىسى ئەمەس، بىر يېڭى تۇر نەسلى يارىتىش مەسىلىسى. قوچقار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ھەل قىلغۇچ ئامىل. كېيىن مالچىلار تەبىئىي تۇغۇلغان قوزىلارنى كۆرسۇنكى، ساغلىقلىرىنىڭ چاتىرىقىغا قاراپ يۈكىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولسۇن!

بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئايشەمگۈل كۆرۈشۈپ بولۇپلا:

— بىزگە قوشنا بىڭتۇۋەننىڭ تۇەنىدە ئىشلەيدىغان سىزگە ئوخشاش تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر يىگىت بار، تونۇشتۇرۇپ قويسام كۆرۈشەمسىز؟ — دەپ سورىدى بەھرىنىسادىن، — مېنىڭ ئۇ تۇەنىدە بىرنەچچە يۇرتلۇقۇم بار، شۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرۈپ ئۇ يىگىت بىلەن تونۇش بولۇپ قالدۇق. مىللىتى ئۇيغۇر، تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانىكەن.... مىجەزى ئوڭلۇق، چىقىشقاق، تۇەن تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدۇ...

بەھرىنىسا رازى بولدى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار كالتە بازاردىن تۇەنگە بارىدىغان بىر تىراكتورغا ئولتۇرۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. ئۇنىڭ ئىسمى خالمۇرات، يېشىدىن تارتىپ، بوي ـ بەستىگىچە بەھرىنىسا بىلەن تەڭ دېمەتلىك كېلەتتى. قانداقلىكى گەپ قىلسا كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداقراق تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، بۇ ئىشقا ئوقۇشنى تەڭ پۈتكۈزۈپ، تەڭ خىزمەتتكە چىققان، يېرىم يىلدىن ئىلگىرى توي قىلغان خوتۇنى بېلقىز ياردەملىشىدىكەن، تۇەن رەھبەرلىكىمۇ بۇنداق تەجرىبىنى قوللاپ، مەدەت بېرىدىكەن. تۇەنگە تەۋە بىر يىڭ (باتالىيون) چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ مەدەت ـ رىغبەت بېرىدىكەن. بۇنداق بولۇشى قوتاز، تۆگە قاتارلىق قارا ماللار خېلى روناق تاپقان، غاز، ئۆردەك توخۇلىرىمۇ تازا

نەپ بېرىدىغان تۆەننىڭ قويىچىلىقىدىلا «ۋەزىيەت» كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، قويچىلىق تەتقىقاتىدىن ئۈمىد زور ئىكەن....

— مەن ئىشنى كىچىكىدىن، يەنى بىر ساغلىقتىن يىلدا ئىككى تۆل ئېلىش، ئەي بولۇش نىسبىتىنى سەكسەن پىرسەنتكە يەتكۈزۈشتىن باشلاي دەۋاتىمەن، — دېدى خالمۇرات ئۈچۈق - يورۇقلۇق بىلەن، — ئالدىمىزدا ئۈلگە يوق، تەجربە يوق، ئىشەنچمۇ چالا - بۇلا ئىدى، قىزغىنلىقتا تايىنىپلا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قىيىن ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەمدى سىز بىلەن تونۇشتۇق، ياردىمىڭىزنى ئايىمىسىڭىز، چالا - بۇلا ئىشەنچىمىزمۇ پۇتۇنلەپ قالىدىغان بولدى، — ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ ئايشەمگۈلگە كۈلۈمسىرەپ قاردى، — سىزگىمۇ رەھمەت ئايشەمگۈل، بىزدەك چولتىلارنى بەھرىنىسادەك تولغان مۇتەخەسسىس بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغىنىڭىزغا.....

بەھرىنىسا ناھايىتى خىجىل بولدى، ئوڭايسىزلاندى. ئۇ كەلگەندىن تارتىپ ھېچ ئىش قىلغىنى يوق. قوي دېگەن جانىۋارنى كۆردى، تۇتۇپ باققىنىمۇ يوق. نەدە يۇرۇپ تولغان بولىدۇ، قانداقمۇ مۇتەخەسسىس دېگىلى بولار؟ خەق مانا ئىككىدىن قوزىلىتىش تەجرىبىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇ بولسا ئىشنى بىر، ئىككى ئەمەس، ئۇچمۇ ئەمەس، نەق تۆتتىن باشلىماقچى، تېخى يۈز ساغلىقتىن ئېلىنغان تۆلنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى ئەي قىلماقچى. ئەمەلىيەتتە بولسا خەقتە چالا - بۇلا بولسىمۇ بار ئىشەنچنىڭ ئۆزى تېخى تىكلەنگىنىمۇ يوق....

بەھرىنىسا بىر تالاي تۈزۈتلەردىن كېيىن، خالمۇرات خالىسا ئۆزىنىڭ مەلۇم مەزگىل ئوقۇغۇچى پىراكتىكانت سالاھىيىتىدە كېلىپ ئۇنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەپ، ئۆگىنىش ئارزۇسى بارلىقىنى يوشۇرماي ئېيتتى. خالمۇرات كۈلۈپ كېتىپ:

— تەڭ ئۆگىنەيلى، راستىنى ئېيتقاندا، بىزدە سىز ئۆگەنگىدەك ھېچنېمە يوق. سىلەردىكى پىلان بىلەن بىزدىكى ئارزۇنى سېلىشتۇرساق، سىلەرنىڭ ئىلمىي پائالىيەت، بىزنىڭكى بولسا ناتۇ-

رال پائالىيەت، ــ دېدى.

بەھرىنىسا خۇشال بولۇپ قايتتى. ئۇنىڭ ئايشەمگۈل بىلەن ئېچىللىقى شەخسىي تۇرمۇشتىكى ئىنچىكىلىكلەرنى دېيىشكىچە بېرىپ يەتتى. ئۇ توي قىلغانلىقىنى، ئېرى ئۇرۇمچىدە ئىكەنلىكىنى، ئايرىلىپ ياشاپ ئۈچىنچى ئېيىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇ كۈنلەردە كېلىشكە تېگىشلىك ھېلىقى نەرسىنىڭمۇ كەلمىگىنىگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ دەۋەتتى.

ــ بۇنىسى بوپتۇ. تەتقىق قىلىۋاتقان قويۇڭلار قوزىلاشتىن بۇرۇن بوۋىقىڭلار بۇدرۇقلايدىغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ كۈلدى بىر كۈنى شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئايشەمگۈل، ــ ئەمما، تازا بىللە ئۆتمىدىغان چېغىڭلاردا ئايرىلىپ تۇرۇشۇڭلار بولماپتۇ سىڭلىم. سىزنىڭ چېچىڭىزدىن تىرنىقىڭىزغىچە ئەر كىشى تەلەپ قىلىدىغان چاغلىرىڭىز بۇ. ئەرلەرگە كەلسەك، بۇ دەملەر ئۇلارنىڭ غالجىرلاشقان چاغلىرى، مۇشۇ ياش، مۇشۇ پەيتتىكى بەزى ئەرلەر ھەتتا ھايۋانلىقىمۇ قايتىدۇ خۇمپەرلەر.....

بەھرىنىسامۇ ئايشەمگۈلگە ئەگىشىپ كۈلدى....

ــ بەك قېلىن ئىكەنسىز ئايشەمگۈل ئاچا....

ــ خۇپسەنلىك قىلماڭ سىڭلىم، مۇشۇ يېشىڭىزغىچە، مەيلى قىز چېغىڭىزدا ياكى ئەرلىك بولغاندىن كېيىن، سىزگە ھېلىقى ئىشلارنى پۇراتقان، ئوچۇق ياكى شەپە بېرىپ تەكلىپ قىلغان ئەرلەر بولغانمۇ؟

بەھرىنىسا قىزاردى. ئۆپكىسى ئاغزىغا پاتمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھېچنېمە دېيەلمەيدىغىنىنى ھېس قىلدى. « شۇنداق ئەرلەر بولغان»، «بىر ئەمەس تېخى...» دېسۇنمۇ؟ ئۇ تۇكۇرۇكنى تەستە يۇتۇپ، جاۋاب بېرىشنى ئايشەمگۈلگە ئىتتەردى:

ــ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ئاز ئەمەسكەن ـ دە ئايشەمگۈل ئاچا...؟

ــ سىز دېيەلمىگەننى مەن دەۋەتسەم، سىز ئەرلەرنىڭ خاپىلىقىنى خېلى تارتقان، بۇنى فېرمىغا كەلگەندىن بۇيانقى ئەر

جىنىسلەردىن قېچىپلا يۈرۈشلىرىڭىزدىن بىلىنۇالغىلى بولىدۇ سىڭلىم، — دېدى ئايشەمگۈل باشتا قىزغىن، ئاخىرىدا مۇڭلىنىپ سۆزلەپ، — بېشىمدىن ئۆتكەنلىرىنى سوراپ قالدىڭىز، ھېچكىمگە دېمىگەن كەچۈرمىشلىرىمدىن سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ. ئۇ ئارقىدىن ئۆزى يولۇقتۇرغان بەزىبىر ئىستىلى بۇزۇق ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى، ئارقىسىغا كىرىۋالغان بىر ئەرنى قانداق بابلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەينى چاغدا ئايشەمگۈلنىڭ ئۇ ئەرنى ئوسال قىلىشى تازا كۈلكىلىك بولغان بولسا كېرەك، ئايشەمگۈلنىڭ كۈلكىسى خېلىغىچە بېسىقمىدى.

بەھرىنىسا بۇ پاراڭلاردىن خۇشال بولۇپ كەتمىدى، ئۇ ئىسكەندەر كاملغا مۇتلەق ئىشەنچى بارلىقىغا ھۆددە قىلىسىمۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يەنە «ھە، شۇ ئەر خەق» دېگەن تۇمان ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى سۆزلىشىشتە ئىسكەندەر كاملغا:

— بىر ۋۇلقان ھەرىكەتكە ئۆتتى، — دەپ ھامىلىدارلىقىدىن ئۇچۇر بەردى، — ئوغۇل بولۇشنى ياخشى كۆرەمسىز، قىزنىمۇ؟

— ۋۇلقان پارتلىسا، شۇنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئىسكەندەر كامىل خۇشاللىقىدىن تېلىقىپ، — ھەر ئىككىلىسى قول تۇتۇشۇپ چۇشسە نېمىدېگەن ياخشى، ھازىردىن شۇ چاغقىچە سالامەت بولۇڭ!

# ئونىنچى باب

قىشنىڭ بۇ ئۇزۇن كۈنلىرىنى بەھرىنىسا تېجەپ ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالدى، ئۇ ئەتىسگەندىن كەچكىچە بولغان ۋاقتىنى چوڭ ئىككى بۆلەك — چۈشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنگە، ئاندىن ئۇ ئىككى بۆلەكنى يەنە ئىككىدىن تۆتكە بۆلۈپ، مىنۇتلارغىچە ھېسابلاپ ئىش قىلىدۇ. تاماق ۋاقتى، كىر - قات يۇيۇش ۋاقتى، بازاردىن ئۇنى - بۇنى ئېلىپ كېلىدىغان سودا - سېتىق قىلىش ۋاقتى، كەچقۇرۇنلىرى خاتىرە يېزىش، ئىسكەندەر كامىل بىلەن تېلېفونلىشىش، كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇش قاتارلىقلارغا سەرپ بولىدىغان ۋاقىتلار ئۇنىڭ سىرتىدا تېخى ...

ئۇ خالمۇرات بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالغان، ئۆزىمۇ ھەم يالغۇز، ھەم بىۋاسىتە باشلىقى رەببىمبەردى ئايۇپ تازا قوللىمايۋاتقان شارائىتتا، ئىشنى ئاۋۋال خالمۇراتلاردەك دەسلەپتە قوش قوزا ئېلىپ، ئەي قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىشتىن باشلاپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن. بۇ پىكرى ئۇ رۇمچىدىن ئىسكەندەر كامىلنىڭ، يېقىندىن خالمۇراتنىڭ، ئۆز ئورنىدىن ئايشەمگۈلنىڭ قوللىشىغا ھەم رىغبىتىگە ئېرىشكەندى. ئۇ يەنە ئايشەمگۈل، ئايزۆھرە، ئابدۇقەييۇملارنىڭ ھېسداشلىقىغا، يېرىقىنى يېقىن قىلىشىپ بېرىشىگىمۇ ئىشىنەتتى.

ئۇ ئىدارىغا دوكلات يازدى، يازمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ تەجرىبىسىگە تىرىك مال — ساغلىق ۋە قوچقار، ئۇلارنىڭ قىشتىن چىقىپ ئەتىيازلىق كۆك ئوت مەزگىلىگە، يەنى قوزىلاش مەزگىلىگە ئۇلىشىۋالغىچە ئارىلىقتىكى يېمىگە، ئايرىم بېقىش، كۆزىتىش

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجى ئۈچۈن ئايرىم قوتان سېلىش ... لارغا پۇل كېتەتتى.

ئۇ دوكلاتنى خەنزۇچە يېزىپ رەببەمبەردى ئايۇپقا بەردى. رەببەمبەردى ئايۇپ «يازغىنىڭ نېمە؟» دەپ سوراپمۇ قويماي، قەغەزلەرنى يانچۇقىغا پۇرلەپلا سېلىپ كېتىپ قالدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ فېرمىغا چىققاندا سۈرۈشتۈرۈپىدى، رەببەمبەردى ئايۇپ خۇپسەنلىك قىلىپ:

— قانداق دوكلات؟ نېمە توغرۇلۇق ئىدى؟ — دەپ سورىدى. مەزمۇنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغاندەك بولۇۋالدى، — كۆرمىدىم، شۇنداق بىر نەرسە بەرگەنمۇ؟ — دەپ تېنىۋالدى. ئاخىر نېمىنى ئويلىدى، ئىقرار قىلىپ، — سىز بەرگەندەك، مەن ئالغاندەك تۇرىمەن، — دېدى بېشىنى قاشلاپ، — مەن تېخى يالغۇزلۇقتا زېرىككەن بولسا، قىشنى يۇرتۇمدا ئۆتكۈزۈپ كېلەي دەپ يېزىلغان دوكلات بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. قائىدە بويىچە، يېڭىياچە ئىشقا چۈشكەنلەر بىر يىلنى توشقۇزمىسا، دەم ئېلىش بېرىلمەيتتى، ئەمەسمۇ؟ تەتقىقاتقا كىرىشىمەن، دېگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، يازالىغاندىكىن يەنە بىرنى يازماسىز ئوقۇپلا چۈشىنىۋالغۇدەك...؟

بەھرىنىسا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يەنە يازدى، بەزى دەلىللەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى پاكىت تەرىقىسىدە تولۇقلاش ئۈچۈن خاتىرە، ماتېرىياللىرىنى باشقىدىن ئاختۇرۇپ خېلى قىينالدى. بالدۇرقىسىدىن تەپسىلىيرەك بولدى، دەپ قارىغان دوكلاتنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىپ رەببەمبەردى ئايۇپنى تۆت كۈن ساقلىدى، ئۇ چىقمىدى. بەھرىنىسا ئالدىرايتتى. چۈنكى، ۋاقىت كېچىكىپ كەتسە، ساغلىقلارنىڭ بوغاز بولۇشى كېچىكىپ، تۆللەش ۋاقتى يازغا سۈرۈلۈپ كېتەتتى، قوزىلارنىڭ يازغا قېلىشى ئەي بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەتتى.

ئۇ رەببەمبەردى ئايۇپنى ئىدارىدىنمۇ تاپالماي، دوكلاتلىرىنى ئىدارە باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئىدارە باشلىقى بەھرىنىسانى

ئىسسىق چىراي، قىزغىن مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالدى. دوكلاتتا يېزىلغان مەزمۇنلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئاغزاكى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇشۇ ساھە ۋە مۇشۇ ئىشلارغا مەسئۇل رەببىمبەردى ئايۇپنى مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئىدارە رەھبەرلىرىمۇ بۇ دوكلات مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى تەكىتلەپ، دوكلاتنى قالدۇرۇپ كېتىشنى ئېيتىپ يولغا سالدى.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانىڭ ياتىقىدا پەيدا بولدى، ئۇ ئىچىۋالغان، كەيپى، روھىي ھالىتى نورمال ئەمەس، خاپىلىقى تېشىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ تەكلىپ قىلىنغان ئورۇندۇققا ئەمەس، كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى، قولىدىكى تۇپلەنگەن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى بەھرىنىسانىڭ كۆزى ئالدىدا پۇلاڭشىتىپ تۇرۇپ:

— سىز شۇنى خالايتتىڭىز، خالىغىنىڭىزغا ئېرىشتىڭىز، — دېدى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ قولىدىكىسى ئىدارە باشلىقىغا بەرگەن خەنزۇچە دوكلات ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ماۋزۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قايسىدۇر باشلىقلارنىڭ يازغان خەتلىرى ۋە ئىمزالىرى تۇراتتى،

— ئارزۇ قىلغىنىڭىزدەك بولدى، — تەكرارلىدى رەببىمبەردى ئايۇپ، — باشلىقلار بۇ مەشھۇر ئەسىرىڭىزنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپتۇ، مەمۇرىيەتتە ئەزەلدىن ئىش تەرتىپى شۇنداق بولۇپ كەلگەن ...

— ياخشى بوپتىغۇ؟ — دېدى بەھرىنىسا ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىش ئارىلىقىدا سۆزدىن توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، — ئۇسۇل ھەر خىل بولغان بىلەن مەقسەت ـ مۇددىئا ۋە نەتىجە بىر...

— ناتوغرا ئۇسۇل خام نەتىجىنى پىشۇرالمايدۇ، — بەھرىنىسا-

نىڭ سۆزىنى بۆلدى رەببىمبەردى ئايۇپ، — سىزنىڭ دەرىجە ئاتلاپ
جاپا ئېيتىپ قاتراپ يۈرۈشلىرىڭىز ياخشى نەتىجە، بولۇپمۇ سىز-
گە ئوبدان ئۇنۇم ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. قاراڭ، سىز كېلىپ ھەپتە-
ئون كۈن ئۆتەر-ئۆتمەيلا كادىرلار بۆلۈمىگە كىرىپ ئۈستۈمدىن
شىكايەت قىلىپ كېتىشلىرىڭىزنى ... نەتىجىسى قانداق بولدى؟
... جاپالىق، قاقاسلىق، توپا-چاڭلىق، موھتاجلىق ئەگىپ يۈر-
گەن فېرمىغا — بىز تەكرارلاپ كۆنۈپ قالغان قويخانىغا چىقىپ ما-
كان تۇتۇپ ياتاقلىنىشىڭىزغا سەۋەب بولدى. بۇ يولنى ئۆزىڭىز ئاچ-
قان...

— مەن ھېچقانداق يەرگە ھېچكىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ
كىرمىدىم، — بەھرىنىسانىڭ خۇيى تۇتتى، — مەن خىزمەت قىل-
سام بولاتتى، ئىشلىگۈم بار، دېگەنلىك شىكايەت بولامدىكەن؟

— ئىشلىدىڭىز، خىزمەتكىمۇ كىرىشتىڭىز مانا، — رەببىمە-
بەردى ئايۇپ قولىدىكى قەغەزلەرنى پۇلاڭشىتىپ قويدى، — خوش،
مېنىڭ نېمە قىلىپ بېرىشىمنى خالايسىز؟ قانداق ياردىمىم كېرەك؟

— ھەممىسى قولىڭىزدىكى دوكلاتقا بىرمۇبىر يېزىلغان ...،

— خۇيى كەتمىگەن بەھرىنىسا يانتۇ قارىۋالدى.

— خوپ، مەيلى ...، — ئورنىدىن تۇردى رەببىمبەردى ئايۇپ، —
بۈگۈنچە خەير، ياخشى ۋاقىتتا كەلمىگەنىدەك تۇرىمەن، كېچە قانداق
چۈش كۆرۈۋېدىڭىزكىن، كەيپىياتىڭىز ئوچۇق ئەمەس ۋاقىتتا
ئۇچراپ قاپتىمەن... تەلەپ قىلىپ يازغانلىرىڭىزنى ھەل قىلىپ
بېرىشكە كۆچەيمەن. يەنە بەزى گەپلەر بار ئىدى، ئايرىم سۆزلىشىپ
مەسلىھەتلىشىدىغان، ئۇنى يەنە بىر قېتىمغا قالدۇرايلى، تەكرار
خەير-خوش ...

ئۇ بويىنىنى مۈرىلىرى ئوتتۇرىسىغا چۆكۈرۈپ رايىشلارچە چى-
قىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇ ماشىنىسىغا بىر كى-
چىك تېپتىكى يۈك ماشىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى، يۈك ماشى-

ـنسىدا تازا يوغىنىغان، ئېگىزلىكمۇ، توغرىلىقىمۇ ھەۋەس قوزـ
غايدىغان ئىككى ساغلىق بىلەن ساغلىقلاردىن ئارىسى توسۇق بىلەن
ئايرىلغان بىر قوچقار بار ئىدى.

ــ مانا بۇلار بۇ يىل چېپىلدۇرۇلمىغان ساغلىقلار بىلەن تېخى
چاپمىغان قوچقار، نەق مەيداندىن ئېلىپ كەلدىم، ــ دەپ ئېلان قىلـ
دى رەببىمبەردى ئايۇپ ئەتراپتا تۇرغانلار ئاز ــ بىرنەچچە ئادەم بوـ
لۇشىغا قارىماي، چوڭ سورۇندا تۇرغاندەك تەنتەنە بىلەن، ــ تۇـ
خۇمدان، ئۇرۇقدان دەيدىغانلىرىڭىزنى مەن بىلمەيمەن، ئۇنى ئاجـ
رىتمۇالىدىغان، ساقلايدىغان ئۇسكۇنىلىرىڭىزمۇ ماشىنىلاردا بار،
تىزىملىكىڭىزگە قاراڭ، يەنە نېمە كەم؟

بەھرىنىسا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ياردىمىدە قويلارنى، رەببىمبەردى
ئايۇپ ئېلىپ كەلدىم، دېگەن ھەر خىل سايمانلارنى ماشىنىدىن
چۈشۈردى. ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىمۇ ياكى ئالىقانداق بىر
قويچىلىق كەسپىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرمۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى
ماشىنىغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرغان ئۈچ ئەر نەرسە ـ كېرەكلەرنى بەھـ
رىنىسانىڭ ياتىقىنىڭ تېشىدىكى چوڭ ئۆيگە توشۇپ جايلاشتۇرۇپ
بەردى. تىزىلغان نەرسىلەرگە قارىغاندا، بەزىلىرى مۇشۇ قويخانىدا
بۇرۇنمۇ بار ئىكەنلىكى، تاشلىنىپ قېلىۋېرىپ ئەمدىلىكتە كاردىن
چىققانلىقى مەلۇم بولدى.

قوچقار ۋە ساغلىقلار تەجرىبە چارۋىسى دەپ ئېتىبارغا ئېلىدـ
نىپ، قويخانىنىڭ قوتانلىرىدىكى قويلارغا ئارىلاشتۇرۇلماي، بىر ـ
بىرىگىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلماي بوش ئۆيلەردە ئايرىم بېقىلدى. ئۈچ
كۈنلۈك كۆزىتىشتىن كېيىن، بەھرىنىسا خالمۇرات ئەر ـ خوتۇننى
چاقىردى، ئۇلار تەجرىبىلىكرەك بولغانلىقتىن، شۇلارنىڭ ئارىلدـ
شىشى بىلەن ساغلىقلار ئۇرۇقلاندۇرۇلدى.

ــ مېنىڭچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ــ دەپ ئېلان قىلدى
خالمۇرات، ــ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىۋېلىنغان ئۇرۇقلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىرمۇنچە ساغلىقلارنى...

ــ نەزەرىيەڭنى ئىشەك بازىرىغا ئاپار، ــ دېدى رەبىممىبەردى ئايۇپ چالۋاقاپ، ئۇ بۇ ئىشلارغا خالمۇرات ئەر ـ خوتۇننى تەكلىپ قىلمىشقىمۇ قارشى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلاندۇرۇشقا ئارىلىشىشىـ نى تېخىمۇ خالىمايتتى، ــ مەن قوچقارنىڭ بىر كۈنلىكىنى بەش يۈز كويدىن تۆلەپ ئەكەلگەن، ئەمدى ئۇنى چاپتۇرىدىغانلار بولسا پۇل تۆلەيدۇ...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ قانچىلىكى راست، مەلۇم ئەمەس. ئىشقىلىپ، نەچچە كۈندىن بۇيان دىجورنى ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەن ھېپـ لىقى ئۇچ ئەر «ئۇرۇقلاندۇرۇش تۇگىدى» دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قوچقىرىنى ماشىنىغا بېسىپ كېتىپ قالدى. خالمۇرات بىر قىسىم ئۇرۇقنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى مۇزلىتىپ ساقلاپ قويۇش مەسلىھەتىنى بېرىپ، بەھرىنىساغا ساغلىقلارنى كەم بولـ غاندىمۇ ئىككى ھەپتە كۆزىتىشنى تاپشۇردى.

قانداق كۆزىتىش؟ ساغلىقلارنىڭ ئۇرۇقلاندۇرۇلغىنى ئېنىق، ئەمدى قوزا ھامىلىگە ئايلىنىش، بۇ ھامىلىنىڭ سانىنى كۆزىتىـ دۇ، ئۇرۇقلاندۇرۇلغاندەك بىلىنىپ ئۇرۇقلىنالماي قالغان بولسا ياكى چالا بولۇپ قالغان بولسا، مۇزلىتىلغان زاپاس ئۇرۇق بىلەن داۋاملىق ئۇرۇقلاندۇرۇلىدۇ.

بەھرىنىسانىڭ كۆزىتىشى ساغلىقلار نەچچىنى تۇغۇشقا مەرـ كەزلەشكەنىدى. ئۇرۇقلىنالمىسا مەغلۇبىيەت بولۇپ قالماي، بىرـ گە ئۇرۇقلانسىمۇ خۇشلۇق بولمايتتى. بىر قوزىغا ئۇرۇقلىنىش دېگەن ئادەتتىكى ئىش، ئۇنىڭغا ھەشەم كەتمەيدۇ، تېخنىكا، تەجرىـ بە، تەتقىقات كەتمەيدۇ، ئەۋلاد قالدۇرۇش گېنىگە ئىگە بولغانلىكى قوي، ئۆچكىلەر ھېچقانداق تاشقى ياردەمسىز ئاشۇنداق كۆپىيىپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟ بەھرىنىسانىڭ ئىزدىنىۋاتقىنى باشقا، ئۇنىڭ «ئىشتىيى» ئىككى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ھازىر «ئىككىمۇ، ئەـ

مەسمۇ»نى كۆزىتىش «ئۇچ ھەتتا ئاخىرقى ھېسابتا تۆت»كە يۇرۇش قىلىشنىڭ سىناق باسقۇچى.

ئۇ ئادىتى بويىچە ئىسكەندەر كامىل بىلەن تېلېفونلاشتى، ئۇمۇ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بەھرىنىسانى دىققەت ـ نەزىرىنى تۆرەلمىنىڭ ھامىلىگە، قوزىغا ئايلىنىش جەريانىنى كۆزىتىشكە قارىتىشنى تاپىلىدى، «تېخنىكىنىڭ كۈچى ۋە ياردىمى بىلەن ساغلىقنى تۆت قوزىغا ئۇرۇقلاندۇرۇشقا پۈتۈنلەي بولىدۇ، ــ دېدى ئىشەنچ بىلەن ۋە بۇ ئىشەنچىنى بەھرىنىساغىمۇ يۇقتۇرۇپ، ـــ مەسىلە ئەي قىلىشتا، تۆت تۆرەلمە تۆت ھامىلىگە ۋە تۆت قوزىغا ئايلىنالمىسا، تۆللىگەندىن كېيىنمۇ تۆت قوزا تۆت قوي بولماي ئۇچ، ئىككى ياكى بىر قوي بولۇپ چوڭ بولسا، بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز نۆلگە تەڭ بولىدۇ. بىز ھەپىلىشىۋاتقان ساغلىقلار زاتىدىن تۆت ئەمەس، بىرلا قوزا ئۆستۈرۈشكە ماسلاشقان بەدەنگە ئىگە. ئۇنى ئۆزلۈكىدىن، تەبىئىي تۆتنى قوزىلايدىغان ساغلىققا ئۆزگەرتىشلا يەتمەكچى بولغان نىشانىمىز ....».

بەھرىنىسانىڭ ئەنسىرىشىمۇ ئاشۇنىڭدا ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، يېپيېڭى بىر نەسىلنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ نەقەدەر زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىسا، يۈرىكى تېپچەكلەپ كېتەتتى ۋە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ يۈرىكى ئاسقاتتى. رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ كەيپى چاغراق ۋاقىتلىرىدا ئۆز ئويىنى ئۇنىڭ چۈشىنىشى ئوچۇن سۆزلەپمۇ كېتەتتى.

ــ سىز دېگەن شۇ نەسىل نەچچىنچى ئەۋلاد ساغلىقتىن كېيىن چىقار؟ ـــ دېدى بىر قېتىم رەببىمبەردى ئايۇپ ئۆزىچە ئويلىنىشتىن كېيىن.

ــ بەشىنچى ئەۋلادتىن كېيىن، ـــ جاۋاب بەردى بەھرىنىسا، ـــ بۇ تېخى مېنىڭ ئۇمىدلىك قىياسىم، ئويتىمىستىك پەرەز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بەك كېيىن ئىكەن، — دېگەندى رەبىمەبەردى ئايۇپ بېشىنى چايقاپ، — بەش يىلدىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، كىملەر ئۆلۈپ، كىملەر قالىدۇ؟

— بەش يىلدىن كېيىن قويلار ئاۋۇيدۇ. شۇ كۈنلەرگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قەدەم تاشلىغانلار قالىدۇ، ياشايدۇ...

بەھرىنىسانىڭ كۆزىتىشىچە، ساغلىقلارنىڭ ئىككىدىن قوزىلىشى گۇمانسىز ئىدى. سوغۇق كۈچىيىپ ئىككى ساغلىقنىڭ تالادا قېلىشى ئۇنى تەشۋىشلەندۈرگىلى تۇردى. ئۇلارغا ئايرىم قوتان ياكى ئېغىل ياساش ئىشى ھەل بولمىدى. كۆپ قويلار ئارىسىدا قوزىلاش قىيىن ئىدى، ئايرىم بېقىش تەكلىپى بەھرىنىساغا ياقمىدى. ئۇ تاشقىرىقى ئۆيدە قويۇش تەكلىپىنى بەردى:

— كېچىلىرى كۆزىتىشىمگە، بىرەر ۋاق ئىسسىق ئاداپ ئىچۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. قىغ ۋە چىلىسى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇلسىلا، ھېچقانداق ئىشقا دەخلى قىلمايدۇ.....

— يا ئاللا، — دېدى ئايشەمگۈل كۈلۈپ، — قىزلىرىڭ يا كېلىنلىرىڭ بولۇپ قالسا، تۇغۇتىنى قانداق قىلارسەن؟

— ئۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى رەبىمەبەردى ئايۇپمۇ، — ئۇچنى قوزىلايدىغان ساغلىقلار زامانىغا ئۇلىشىپ قالساق، قويلار گىلەم سېلىنغان ئۆيلەردە، تاۋار - دۇردۇن كۆرپىلەرگە يۆركىنىپ ياشايدۇ، بىز بوسۇغىغا ئېڭىكىمىزنى تىرەپ كۆزۈشەشنى ئاڭلاپ ياتىمىز....

رەبىمەبەردى ئايۇپنىڭ مەسخىرىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى باشلاپ چاقچاققا جوراشتى. بەھرىنىسامۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ سوغۇق كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. چۈنكى، ئۇ نېمە دېگىنى بىلەن، بەھرىنىسانىڭ تەلىپىدىكىدەك چوڭ ئۆينىڭ بولۇشىغا ئىككى بوغاز ساغلىق ئۈچۈن ئېغىل ياساشقا ماقۇل بولغانىدى.

— ئۆزىڭىزگە زورلاپ ئىش تاپىدىغان قىزكەنسىزغۇ؟ — دېدى ئابدۇ-

قەييۇم تاختايلارنى مىخلاپ، «ئېغىل تېمى» قۇراشتۇرۇۋاتقىچە، ــ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا كىملا بولسا ياراۋېرەتتىغۇ؟ كېچىلىرىمۇ كۆزىتىمەن، دېگەن قانداق گەپ بۇ؟

ــ ھەر ئىككى ساغلىق ئۇنىڭغا بىر ئەرمەك، ــ ئايشەمگۇلمۇ سۆز قوشتى، ــ ھازىر بەزى كىشىلەردە ئىتلارنى كارىۋىتىدا بىللە ياتقۇزۇپ باقىدىغان ئىشمۇ غەلىتىلىك تۇيۇلمايدىغۇ؟ ھەر نېمە بولسا بۇ بەھرىنىسا كارىۋىتىنىڭ يېنىنى كېڭەيتىپ بېرىڭلار، دېمىدى....

ــ قوزىلىرىنى قويىدا باقىدۇ تايىنلىق....

ئايزۆھرەنىڭ سۆزى بىلەن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئېغىل پۈتۈپ ئىككى ساغلىق جايلاشتۇرۇلدى. ئېغىلنىڭ بىر تېمى تەرەپكە يىرىك يېمەكلىكلەر راسلاندى. قىشتىن چىقىۋالغىدىچە يەتكىدەك قۇرۇق ئوت، سامانلار ئۆينىڭ تاشقىرىسىغا، ئىشىككە يېقىن، بەھرىنىساغا قۇلايلىق قىلىپ دۆۋىلىنىپ، چېچىلىپ كەتمەسلىكى، شامال ــ بورانلاردا ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن داغىرىگە ئېلىنىپ، ئۈستى كونا بىرېزېنت بىلەن يېپىلدى. شۇندىلا بەھرىنىسا خاتىرجەم بولدى. ئۇ سىرتتىكى ئوت ــ سامان دائىرىسى يېنىغا ئىككى چوڭ يارغۇنچاق تېشىنى ئەكەلدۇرگەندىن كېيىنلا كۆپچىلىككە «رەھمەت» ئېيتىپ، كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ــ بۇ نېمە؟ ــ يارغۇنچاق تاشلىرىنى كۆرسىتىپ سورىدى رەبىمبەردى ئايۇپ ھەيرانلىقىنى چەكچەيگەن كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ.

ــ پۈتۈن دانلاردىن يارما يېرىپ بەرمەكچىدۇ تايىنلىق....، ــ دېدى ئايشەمگۇل.

ــ بۇ، ساغلىقلار شامالداشقا، ئاپتاپسىنىشقا ئېلىپ چىقىلغاندا ئارغامچىسىنى باغلاپ قويىدىغان تاش قوزۇق، ــ چۈشەندۇردى بەھ-

رىنىسا، — ئۇلار ھايۋان بولسىمۇ شامالدىشى، كۈن نۇرىنى كۆرۈشى كېرەك. شۇنداقلا قويۇپ بەرسەم كەينىدىن قوغلاپ يۈرسەم بولىدىكەن. ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، بىر ئۇچىنى تاشقا باسۇرۇپ قويىمەن...

— قوزۇق ياساپ تامغا، يەرگە قاقسا زېدە قىلىدۇ، دېگەن گەپ ئىكەن ـ دە؟

— مەدەنىي بولمايدۇ، زامانىۋىلىققا ياراشمايدۇ، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ ئابدۇقەييۇمغا ئىزاھات بېرىپ، — ھازىرقى ئوقۇغان ياشلار مودا قوغلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ بەھرىنىسانىڭ ساغلىقلىرىمۇ تانىسىنىڭ ئۇچىنى قوزۇققا باغلاتماي تاشقا باستۇرغۇچىلار تىپىدىن. ئەتە ـ ئۆگۈن قوزىلاپ قالسا، بالىۋاقىلىرى بىلەن ساياھەتكە ئېلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. راست ئىكەن دەيسىلەر كۆپچىلىك...، — ئۇ گېپى چۈشۈشىگىلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە «قانداق دېدىم...» دېگەندەك قىلىپ بەھرىنىساغا قاراپ قويدى.

باشقىلار كۈلمىدى، چاقچاق چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ ئويلىدىمۇ نېمە، رەببىمبەردى ئايۇپقا، ئاندىن بەھرىنىساغا قاراپ قويۇشتى. بەھرىنىسا كۈلمىدى، ئاچچىقلاپمۇ كەتمىدى. ئۇ ھەر ئىككىلىسىدە ھېچقانداق ئەمەلىي خۇلاسە بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭ تاماققا قىلغان تەكلىپىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تاراپ كېتىشتى.

— گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن شۇ، — دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانىڭ يېنىدا يالغۇز قېلىپ، — قىزىقچىلىق بولسۇن دەيمەنۇ، ئەپلەشمەي قالىدۇ. سىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدۇم. كەچۈرۈڭ...سىزنى جاپاغا قالمىسىكەن، دەپلا ئويلايمەن شۇ....

— ھېچقىسى يوق، — بەھرىنىسا ئۇنىڭغا قارىمايلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقەتەن جاپاغا قالغان ئىدى. ئۆزىنىڭ

بىر كىشىلىك تۇرمۇشنى تەستە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ تۇرۇپ ئىككى ساغلىقنى ئەكىرىۋېلىش ھەققەتەن ئېغىر كەلدى. ئۇ ئۆز كەسپىدە ئۆزۈپ چىقىش، نەتىجە قازىنىش، نەسىل يېتىشتۈرۈش...لەرگە نېمانچە بېرىلىدۇ؟ نەتىجە قازاندى، دېگەندىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن- نېمە بولىدۇ؟... بۇلار توغرىسىدا ئىسكەندەر كامىلغىلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئىككىيلەن شۇنداق جاۋاب ئۈچۈن ئوقۇغان، شۇنداق جاۋابنى دەپ سۆيۈشكەن ۋە بىر- بىرىگە باغلانغان، ھېلىھەم شۇ جاۋابنى دەپ ئىككىسى ئىككى ياقتا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتامدۇ؟

كۆز ئالدىدىكى رەببىمبەردى ئايۇپ باشقىچە كىشى. ئۇ: «يېگىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى، يارىتىشقا تېگىشلىك يېڭىلىق جىق بولغىنى بىلەن، يارىتالايدىغان ئادەم جىق ئەمەس، مۇھىت، شارائىت، رىغبەت، ئاخىرىدا غەيرەت كېرەك. يۈزلەپ، مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئوقۇغۇچى چارۋا مال كەسپىدە ئوقۇيدۇ، ھەممىۋاسىنىڭ بىر ساغلىقتىن بىر يىلدا تۆت - بەشلەپ قوزىلىيالايدىغان نەسىل يېتىشتۈرگۈسى كېلىدۇ. لېكىن، يۇقىرىدىكى شەرتلەر كەم بولغاچ، بېرىپ - بېرىپ مائاشنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ، ئۆگىنىشلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كېيىنلىكى ئۈچۈن غەم قىلىشتىن باشقا زامانىۋى خىياللاردىن نېرىراق تۇرۇشنى تاللىۋالىدۇ» دەيدۇ، «سىزگە نېمە تارتقۇلۇق؟ چىراي دېسە بار، بوي دېسە ئۇنىڭدىن كۆركەم. مائاشىڭىزمۇ ئەل قاتارى يامان ئەمەس. ياخشى ياشىنىڭ، ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتۈشنىڭ كويىغا چۈشمەي، قېرىماتلار دەۋرىگە قايتىپ، قوچقار، ساغلىقلارنىڭ نەسىللىنىشىگە دۈربۈن قويۇپ يۈرۈشنىڭ خوۋلىقى نەدە؟» دەيدۇ ئۇ يەنە.

ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ چۈشىنىدۇ، چۈشىنىپ تۇرۇپ ئاۋۋال ئۆزۈم ئۈچۈن بولسۇن، دەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا جېنىنى تىكىپ قارشى چىقىدۇ، توسىدۇ. يوقىتىشقا ئاتلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشتىمۇ ئۇ باشتا قوللىمىدى،

توغرا تۇرۇۋالدى. گېپىمنى ئاڭلىساڭ شەھەردە ــ ئىدارە ئىچىدە ئىشلەيسەن، دەپ پۇراتتى. كېيىن، گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىكىن دەپ ئۆزىچە ھوقۇق يۇرگۈزۈپ، فېرمىغا ــ قويخانىغا «پالىۋەتتى». تۇر تەتقىقاتىدىمۇ شۇنداق، باشتا باش قاتۇرۇشقىمۇ ئېرىنگەن ئا-دەم ئەمدى قىزغىنلىقتا ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقى شەرت بى-لەن، يەنى تۇر قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى نەتىجىلىك بولسا، تۆھپىدە مېنىڭمۇ ئۇلۇشۇم بار، باش تۆھپە مېنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتسىز چى-قىپ قالسا ئۆزۈڭگە ھېساب، «باشتا مەن دېمىگەنىدىم؟». يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىدە ئاشۇنداق پۇراق ئاۋۇپ قالدى.

نېمە بوپتۇ؟ ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولغاي. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىلا، تۆھپە كىمنىڭ بولسا بولمامدۇ. بەھرىنىساغا نەتىجە كې-رەك، تۆھپە كېرەك ئەمەس. توغرا، تۆھپىنى نەتىجە يارىتالايدۇ، ئەمما ئۇ تۇنجى ئىشىدا تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىلا خۇشال بولىدۇ. رەببىمبەردىنىڭ تېخى تۆرەلمىمۇ ئەمەس، تۆھپىگە چاچ تاراپ تەييارلىنىشى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشقا تەييارلا-ۋاتقان كەسپىي دەسمايە. بەھرىنىساغا دەسمايە كەتمەيدۇ.....

ئۇنىڭ خىيال سۇرۇشىمۇ بىر جاپا ئىدى. ئۇ ئىسكەندەر كامىل-نى ئويلايتتى. ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ ئىككى قاتلىقىنى بىلگەن-دىن تارتىپ بۆلەكچىلا جانلىنىپ، خۇشال بولۇپ كەتكەن. بەھرى-نىسانىڭ تېلېفونىنى كۈتمەيلا ئۆزى تېلېفون بېرىدىغان قىلىقىنى چىقىرىۋالغانىدى. تولا ھاللاردا ئەتىگىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قانداق چۈشلەرنى كۆرگەنلىكىنى سو-رايتتى. جاۋابتىن كېيىنلا بودرۇقىمىزچۇ، گۆھرىمىزچۇ؟ دېگەن-دەك سوئاللارغا كۆمەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسرىشىنى، ئىشلىسىمۇ مۇۋاپىق ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا، ئوزۇقلىنىشقا، ئۇخلاشقا دىققەت قىلىشىنى تاپىلاپ كېتەتتى. بەھرىنىسا ئۇچۇن ئەمدى ئوي ــ خى-ياللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىسكەندەر كامىل ئۇچۇن ئاجرىتىش

زۆرۆرىيىتى تۇغۇلغانىدى. ئۇ قورسىقىدىكى ھامىلىنى بەزىدە قىز، بەزىدە ئوغۇل، بەزىدە قوشكېزەك ھالىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەسلىشىپ، تالىشىپ بېقىپ كېتەتتى. بەزىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بوۋاقنى، كېيىنرەك بالىنى قانداق بېقىش ۋە تەربىيەلەش مەسىلىسىدە گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتى. بىر قېتىم ھەتتا خىيالەن جېدەلدىن كېيىن بەھرىنىسا يىغلاپ تۇرۇپ تېلېفون ئېلىپ، ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئوڭدا يەتتە يېرىم مىنۇت ئۇرۇشقانىدى. ئۇرۇشۇشنىڭ سەۋەبى ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۈت پاراشوكىنى تەڭشەشتە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈنلىكىنى بىلگىنىدە، ئىسكەندەر كامىل نېرىقى ياقتا تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ، بۇنىڭدىن كېيىن سۈت پاراشوكىغا يېقىن يولىمايدىغانلىقى، زۆرۆرىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان شارائىتتا دۇچ كېلىپ قالسا، يولىيورۇق ـ كۆرسەتمە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ جېدەلنى ئاياغلاشتۇرۇپ، بەھرىنىسانى يىغىدىن توختاتقانىدى. ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن كېيىن بەھرىنىسا تېلېفون بېرىپ، ئىككىيلەن بىرھازا كۈلۈشكەنىدى.

ئاشۇنداق ھالدىمۇ ۋاقىت ئاشۇرالىسا، بەھرىنىسا ئانا ـ بالىلار ساقلىقىغا، بولۇپمۇ بوۋاقلارنى بېقىشقا ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئوقۇيتتى. قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇت ئۇنىڭغا بەزىدە قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك، جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشتەك، بەزىدە بىر ئايال ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك، تەڭداشسىز بەختتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، تولىراق ئۇ خۇشال ئىدى. ئۆزىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشقا ــ ئانا بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان بەختىيار ئايال ھېسابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسكەندەر كامىلغا مۇھەببىتىنى، ئۆزىنى، بارلىقىنى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى بېغىشلاشقا تولۇق ھەقىقى بار، پات يېقىندا پەرزەنت تەقدىم قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئايال ئىكەنلىكىدىن شادلىناتتى.

ئۇ ئۆز ئەھۋالىدىن ئەتراپىدىكىلەر ئىچىدىن بىرلا ئايشەمگۈلنى خەۋەردار قىلغانىدى، ھامىلىدارلىقىنىمۇ پەقەت شۇنىڭغىلا ئېيتتى. ئالاھىدە سەۋەب يوق، پەقەت ئېيتقۇسى كېلىپلا ئېيتتى ۋە بۇرۇنقىدەك باشقىلارغا يايماسلىقنى شەرت قىلدى. ئايشەمگۈل كۈلدى، لېكىن ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ كۈلۈشى بەھرىنىسانىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ قايتىلاپ، — مەنمۇ ئانا بولۇپ باققان، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن قورققان، تەجرىبىسى بار ئاياللارنىڭ، تۇغۇت ئانىلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئالغان...

ئۇ يەنە مۇلايىم، كەم سۆز بولۇپ قالغان ئىدى. مىجەزى ئىتتىك، چاچقۇن ئاياللارنىڭ بالىلىرى كىچىكىدە يىغلاڭغۇ، چوڭ بولغاندا ئۇرۇشقاق - جېدەلخور بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان تارقالما گەپلەرگە ئىشەنگەنىدى. ئۇ بالىسىنىڭ مېھرىبان، چىقىشقاق، خۇش چاقچاق بولۇشىنى ئارزۇلايتتى. كالتە بازار كەنتىگە بارىدىغان يول دوقمۇشىدا چوقچىيىپ تۇرغان مەسچىت ئالدىدا يىل ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن كەم بولمايدىغان تىلەمچىلەرگە سەدىقە بەرمەي يانمايتتى. ئىشخانىدا ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ ھەيران قالغۇدەك سىلىقلىق، ئۆتۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدىكى، قويلىرى ئۇنىڭدىنمۇ بەك مېھرىبانلىقىنى كۆرەتتى. بارا - بارا ئىچەركىشىپ ئۆگىنىپ كەتكەن، قورساقلىرى يومپىيىپلا چىققان ساغلىقلىرى بۇ كۈنلەردە شامالداشقا، ئاپتاپقا قاقلىنىشقا چىقسا، ئۇلارنىڭ «تانىسىنىڭ بىر ئۇچىنى يارغۇنچاق تېشىغا باسۇرۇپ» يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئېغىلغا، ئېغىل جايلاشقان ئۆيگە، ئۆي ئالدىدىكى سەيناغا شۇ قەدەر ئۆگىنىپ كەتكەنىدىكى، بەھرىنىسا شۇ ئەتراپلاردا بولسىلا يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەم يىراقلىقتا بارمايتتى، كالتە بازارغا، چوڭ ئېغىل -

قوتانلارغا، ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارسا مەرەپ ـ بوزلاپ ئە-
گىشەتتى. «كەسپىنى تېپىپ ئوقۇغان ـ دە!» دېيىشەتتى باش-
قىلار بەھرىنىسانىڭ كەينىدىن.

يېڭى يىل هارپىسىدا رەبىيمبەردى ئايۇپ ئۇنى ئىدارە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىپ چىقتى. ئۆزۈم دېسەم ئۇنىمايدۇ، دېدىمۇ نېمە، ئىدارە باش-لىقى، بۆلۈمدىكىلەر نامىدىن تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ساغلىقلارنىڭ غېمىنى قىلماسلىققا ئۇندىدى، يەيدىغان ـ ئىچىدى-غىنىنى بېرىپ كىرىپ كەتسە، بەك ئۇزاققا قالسا ئىككى سائەتكە قالماي قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۆزى ماشىنىدا ئا-چىقىپ قويۇشقا ۋەدە بەردى.

بەھرىنىسانىڭ رەت قىلىۋېرىشكە باھانىسى يېتىشمىدى. ئۇ ساغ-لىقلىرىنىڭ غېمىنى قىلىپ بولۇپ، ئۆزىنىمۇ نېرى ـ بېرى تۇ-زەشتۈرۈپ شەھەرگە كىردى. رەتلىك كوچىلار، رەڭگارەڭ چىرا-غلار، زېمىنىدىن ئاسمىنىغىچە قويغانا سەھراسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىت ئۇنى سېغىندۇرۇپمۇ قويغانلىقى مەلۇم بولدى. رەبىيمبەردى ئايۇپ بىلەن بەھرىنىسا ئىدارىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ئۇيۇشتۇرغان زالىغا كىرگەندە، ئولتۇرۇش خېلى بىر يەرگە بارغان، دېيىلىدىغان سۆزلەر تۈگەپ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغاد-مۇ ئاياغلىشىپ، جۈپلىشىپ تانسا ئويناش باشلىنىپ كەتكەنىدى.

بەھرىنىسا «ئۆز ئاغزى بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلىق» كەيپىياتى سەزمىدى. ئىسپىرت بىلەن ئەتىرلەرنىڭ ئارىلاشما پۇ-رىقىدىن كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن، قېنى قىزىغان باشلىقلار ئۇ-نىڭ بىلەن نېرىدىن، تانسا ئويناۋاتقان يەرلىرىدىن، باغرىغا بېسى-ۋالغان جۈپلىرىنىڭ قاراشلىرى ئارىلىقىدىن باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ، تونۇشقىلىرىنى سوزۇشۇپ ياكى ئېڭەكلى-رىنى قېقىشىپ «سالاملىشىش»قا ھېساب قىلدى. بەھرىنىسامۇ

ئۆز نۆۋىتىدە قانداق ھالەتتە سالام قىلىنسا، شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپ، بەزىلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، سالام ـ سەھەتلىك سوراش رەسمىيىتىنى ئادا قىلىغان بولدى. بۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان رەببىمبەردى ئايۇپ: «كىچىكىپ قاپتۇق ـ دە؟ بولمىسا بۇگۇنكى سورۇننىڭ گۈلى سىز ئىدىڭىز...» دەپ قويدى. ئۇ خىجالەتچىلىكىنى يۇيۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، بەھرىنىسانىڭ كەچلىك تاماقنى ئۈچۈن خېلى چېپىپ يۈردى. بەھرىنىسا تېتىمىسىمۇ ئۇنى ـ بۇنى يەپ قورسىقىنى گوللىغان بولدى. «ھامىلەم ئۈچۈن، ـــ دەپ ئۆزىنى بەزلىدى ئۇ، ـــ ھامىلە ئاچ قالسا بولمايدۇ...» ئۇ چايدىن باشقا ئىچىملىكلەرنى، ھەتتا مېۋە سۈيلىرىنىمۇ ئىچمىدى. «ھامىلەم ئىچىپ كۆنمىگەن نەرسىلەر...» دەپ رەت قىلدى. ئۇ باشقا نەرسىلەرنى، رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ تانسا ئويناش تەكلىپىنى ئاڭلىمىغىسىمۇ، كۆرگىسىمۇ كەلمىدى. « ھامىلە جىددىي، كۆنمىگەن ھەرىكەتلەر تۇپەيلىدىن چارچاپ قالىدۇ...» دەپ ئويلاپ، ئاغزىدا بولسا: «كەچۈرۈڭ، بەك چارچاش ھېس قىلىۋاتىمەن..»دەپ ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنۇمىدى.

بۇ ئولتۇرۇش بەھرىنىسانىڭ كەيپىنى بۇزدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئاچچىقىپ قويماقچى بولغان رەببىمبەردى ئايۇپتىن ئايرىلىپ قېلىپ، چىقىپ كېتەلمەي ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. رەببىمبەردى ئايۇپ كەچ قالغىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇستەللەرنى ئارىلاپ ئىچىپ يۈرەتتى ۋە مۇزىكا باشلانسىلا رومكىنى تاشلاپ تانسىغا يۇگۇرەيتتى. ئولتۇرۇشمۇ بىر يەرگە بېرىپ، كونا يىلنى شان ـ شەرەپ بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى يىلنى جاسارەت بىلەن كۈتۈۋېلىشقا باشلامچىلىق قىلىدىغانلار قىزىرىپ، كېكىرىپ، ئېغىر تىنىقلار بىلەن بىر ـ ئىككىلەپ مەيداندىن چىقىپ كەتكەن، باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتىكى ئىپادىلىرىنى باھالىغاچ تارقىلىۋاتقىنىدا، بەھرىنىسامۇ ئولتۇرۇۋېرىش-

ـتىن تويغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق كىچىدە فىرما ــ قويخانا تەرەپكە چىقىدىغان تاكسى بار ـ يوقلىقىنى بىلمەيتتى. ساغلىقلىرىنىڭ كىچىلىك ئاداپ ئىچىشىنى دىمىسە، شەھەردە ـ مېھمانسارايلارنىڭ بىرەرسىدە قونۇپ قېلىشقىمۇ بولاتتىغۇ! ئۇ ئۆزى يېتىلدۇرۇۋاتقان مىجەزىگە ماس كەلمەيدىغان ئاچچىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تېز-رىكىپ سىرتقا قاراپ ماڭغىلىۋاتقاندا، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك رەبىمبەردى ئايۇپ پەيدا بولدى:

ــ سىز مېنى ساقلىماي نەگە بارماقچى؟ ــ دېدى ئۇ ئۆز ئالدىغا ئاچچىقلاپ، ــ مۇشۇنداق كىچىدە نەگە بارالايتتىڭىز؟

بەھرىنىسا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ــ سىز ئىچىپ يۇرۇپ ماشىنا ھەيدىيەلەمسىز؟ ــ دەپ سورىدى قادىلىپ قاراپ، ــ مېھمانسارايلاردا تۈنەپ ئەتە چىقىپ كېتىمەن....

ــ ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، ــ دېدى رەبىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانى باشقۇرۇشقا مەلۇم ھوقۇقى باردەك چېچىلىپ، ــ سىزنى ئۆزۈم ئېلىپ كىرگەنىكەنمەن، ئۆزۈم ئاچىقىپ قويۇشۇم كېرەك....

بەھرىنىسامۇ چېچىلدى:

ــ سىز هارىقىڭىزنى ئىچىڭ، تانسىڭىزنى ئويناڭ، ئاران ئۆرە تۇرىسىز، ماشىنىنى قانداق ھەيدەيسىز؟ بىخەتەرلىك ھەرئىككىمىز ئۈچۈن مۇھىم....

ــ بولۇپمۇ سىز ئۈچۈن، ــ رەبىمبەردى ئايۇپ تېرىكىپ ئۇنى كۆتۈردى، ــ مېنىڭ غېمىمنى قىلماڭ، ئۆزۈم يالغۇز بىرەر بوتۇلكىغا بەۋا كېلەلەيمەن... ئولتۇرۇشنىڭمۇ قويرۇقىنى قۇم باستى. كىم بىلەن ئىچىپ، كىم بىلەن ئوينايمەن؟....

بەھرىنىسا بىرنېمە دېمەكچى ئىدى. زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاخىرقى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ۋە رەبىمبەردى ئايۇپقا بۆلەكچە قىد-

ـزىقىپ قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. رەبىيەبەردى ئايۇپنىڭمۇ چالا كەيپچىلىكتە مۇشۇنداق ئىسسىلىۋالغانچە قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ زورىغا ماقۇل بولدى.

— ئۇنداقتا، مېڭىڭ ئەمسە، مەن ئىشىك ئالدىدا ساقلايمەن...

رەبىيەبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانىڭ سۆزى چۇشۇپ بولغىچە، ئۇنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ تالاغا چىقىپ بولدى. زال ئىشىكى ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى بوشاپ قالغان ئىدى. ئۇلار سىرتقا چىقىشى بىلەنلا ئاخىرقى بىر ماشىنا مېڭىپ كېتىپ، رەبىيەبەردى ئايۇپنىڭ ماشىنىسى يالغۇز قالدى.

تالا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ھاۋا تۇتۇق، ئاسماندىن قۇرۇق ئۇن سېپىلگەندەك ئۇششاق قار ياغماقتا ئىدى. رەبىيەبەردى ئايۇپ ماشىنىنى ناھايىتى تەستە ئوت ئالدۇردى. ماشىنا قوزغالغىچە رولغا مۇشتلاپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە يولغا چىقتى.

— ئالدىرىماي، پەخەس بولۇپ ھەيدەڭ، — دېدى بەھرىنىسا خۇيلىنىۋاتقان رەبىيەبەردى ئايۇپتىن ئەنسىرەپ.

ئۇنىسى گەپ قىلمىدى. بەھرىنىسا ماشىنا چىرىغىنىڭ نۇرىغا سېپىلىۋاتقان قارلاردىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىچە يۈرىكىنىڭ ئۆيۈپ، ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مامۇق چاپىنىنىڭ ئىتىكىنىڭ يېنىدىن قولىنى تىقىپ، پوپايكا ۋە كۆڭلىكىنى قايرىپ قورسىقىنى سىلىدى. قورسىقى تاۋۇزدەك يوغىنىغان ھەم ناھايىتى ئىسسىق، سىلىق ئىدى. ھازىرغىچە ھامىلىسى بىر- ئىككى قېتىم مىدىرلىغاندەك قىلغان، باشقىلاردىن ئاڭلىغاندەك تېخى تەپمىگەنىدى. «موللاقلاپ، تېپچەكلەپ باقمامسەن سەنمۇ؟ — دېگەنىدى ئۇ نەچچە قېتىم، — تۇغۇلغاندا ئەدەپىڭنى بەرمەيمەن، ئۆچ ئالىمەن، ۋەدە بېرەي. لېكىن، بۇنداق خاپا قىلغىنىڭنى داداڭغا دەيمەن. نېمە قىلسا شۇ قىلسۇن...» ھازىرمۇ قولىنى تارتىۋالغىچە ئىچىدە ئاشۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى. كۆلۈپ

قويدى ۋە رەبىمبەردى ئايۇپ سېزىپ قالدىمۇ - قالمىدىمۇ، دې-
گەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قىيا قاراپ قويدى.

رەبىمبەردى ئايۇپ يولغا چىقىپلا باشلىقلارنىڭ قىزغىن بول-
مىغىنىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇنداق مۇھىم ئىش
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۆزى ۋە بەھرىنىسانى داغدۇغا بىلەن كۇ-
تۇۋالمىغىنى، تۆت - بەش ئېغىز گەپ بىلەن بولسىمۇ ئىككىسى-
نىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىمىغىنى
ئۇچۇن ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى. تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ
ئىش ۋۇجۇدقا چىقسا، ئۇلار ئوبرازىمىزنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرىمىز،
دەپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنسا، گەپنى شۇ چاغدا قىلىدى-
غانلىقىغا ھۆددە قىلاتتى. «زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا خۇش كەپسى-
لەرگە يارىمىغان ئىدىڭلارغۇ، دەپ ئىزا تارتقۇزىمەن، — دەيتتى
قىزىپ، بوغۇلۇپ، — ئەمدى يەنە تۆرگە چىقماقچىمۇ سىلەر؟ رەز-
جىمەي ئىككىنچى سەپتىن جاي ئېلىڭلار قەدىردانلار، بوپتۇ بىزمۇ
پەگانى كۆرسىتىپ يۈرمەيلى...»

بەھرىنىسانىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمەيتتى. ئۇ ياتىقىدىكى
ئوتنىڭ ئۇستىنى كۆمۈر توپىسى بىلەن باسۇرۇپ قويغان، بىر داس
ئاداپ چېلىپ، مەشىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپلا يولغا چىققانىدى.
ھازىر ئۇنىڭ خىيالى ئوت ئۆچۈپ قالغانمىدۇ، دېگەن غەمدە ئىدى.
ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا باشقىدىن ئوت قالاش ئاۋارىچى-
لىكىگە قالاتتى.

تەلىيىگە ئوت ئۆچمەپتۇ. ئۇ ئىنجىقلاپ مەرەپ قارشى ئالغان
ساغلىقلىرىغا نېرىدىن تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— سەل تەخىر قىلىڭلار چوكانلار، ئوتنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈ-
ۋېتىپ، ئاندىن نېسىۋەڭلارنى بېرىمەن، — دېدى.

ئەگىشىپ بىللە كىرگەن رەبىمبەردى ئايۇپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئادەملەردىن ئۇستۇن قويىدىكەنسىز - دە جانىۋارلىرىڭىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى؟ — دېدى تەنە بىلەن.

بەھرىنىسا چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، پوپايىكچان ھالەتتە مەش بىدىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. رەبىبەمبەردى ئايۇپ ھەمىشەمكىدەك ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالىدىغان ئادىتىنى تەكرارلاپ، كارىۋاتقا چىقىۋېلىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بەھرىنىسا ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ياقتۇرمىسىمۇ، مېھمان كۆرۈپ گەپ قىلمىدى، ئەمما سورىغىنىغا:

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، قايسى ئادەملەردىن ئۇستۇن قويدۇم؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئاچچىقراق چاي دەملىگىنا....، — دېدى رەبىبەمبەردى ئايۇپ گەپنى بۇراپ، — ئۇسساپ گېلىم قۇرۇپ كەتتى. ئىچكەندىن كېيىن ئۇسساتسا، ياخشى هاراق ھېسابلانمايدۇ. لەنتى ھاراقنىڭ ماركىسىغا قارىماپتىمەن - دە!

بەھرىنىسانىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى مېھمان كۆرۈپ گەپ قىلمىدى. رەبىبەمبەردى ئايۇپ ھېيىقماستىن تېشىدىكى چاپاننى سېلىپ، ئۇستىگە قىشلىق يۇڭ شىلەپىسىنى قويۇپ قويدى. پوپايىكچان بولۇۋالغانىدى. ئۆيىنىڭ ئىسسىشى بىلەن ئىككى چېكىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولغان، ئىسسىق يەنە ئۇنىڭ تالادىكى سوغۇق ھاۋادىن كىرگەندىن كېيىنكى مەستلىكىنى كۈچەيتىۋەتتىمۇ نېمە، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى.

بەھرىنىسا ھايۋانلارنى قويۇپ تۇرۇپ رەبىبەمبەردى ئايۇپ ئۇچۇن قېنىق، ئاچچىق چاي دەملىدى.

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، — رەبىبەمبەردى ئايۇپ بەھرىنىساغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قارىدى، — مەن يالغۇز قانداق ئىچىمەن؟

— ئىچەلەيسىز، مەن ئۇسسىمىدىم، — بەھرىنىسا ۋاقىتنى ئۇزارتقۇسى يوقلىقىنى ئىپادىلىدى، — ئىچىڭ، قىزىق - قىزىق ئىچسىڭىز كەيپىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ.

رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ جىمجىت ئىچكۇسى كەلمىدى:
— ئولتۇرسىڭىزچۇ؟ بىللە ئولتۇرۇپ، سىردىشىپ ـ مۇڭدىشىپ ئىچىشسەك، كۆڭلىمىزمۇ تەڭ ئېچىلسا ياخشى ئەمەسمۇ؟
— بەك كەچ بولۇپ كەتتى كېچاڭ، — دېدى بەھرىنىسا رەللە بولغىنىنى يوشۇرماي، — مەن تېخى ساغلىقلارغا كېچىلىك ئاداپ بېرىشىم كېرەك....
— مەن دېمىدىممۇ؟ — خىرقىراپ كۇلدى رەبىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسادىن كۆز ئۈزمەي، — سىزنىڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنىڭىز بىزدەك ئادەم ئەمەس، ساغلىقلىرىڭىز. ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن قويلارنىڭ مەرىشىنى ئەلا بىلىسىز...
ئۇ رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ گەپنى باشقا ياققا توغرىلاۋاتقىنىنى تۇيۇپ سەگەكلەشتى. رەبىمبەردى ئايۇپ چاي تەلەپ قىلغىنى بىلەن، قويۇپ بەرگەن چاينىمۇ ئىچمىگەنىدى.
— سىزگە گەپلىرىمنىڭ ياقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى بەھرىنىسا تەلەپپۇزىنى بايىقىدىن قاتتىقراق قىلىپ، — ئۆتۈنۈپ قالاي، قايتىپ كېتىڭ. هازىر ئىككىلىمىز ئۈچۈن سىز دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس....
— گەپنىڭ ياقمىدىغىنىنى دېسىڭىز ياقمامدۇ؟ — رەبىمبەردى ئايۇپ ئورنىدىن تۇردى. بەھرىنىسا ئۇنى قايتىش ئۈچۈن تۇردى، دەپ ئويلاپ قالغان ۋە مەشنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ يول هازىرلىغانىدى. ئەمما، رەبىمبەردى ئايۇپ كۆزلىرىنى بەھرىنىسانىڭ چىرايىدىن كۆكسىگە يۆتكىدى. يۇمىلاق، خېلى كۆتۈرۈلگەن كۆكسى بىلەن بەھرىنىسا تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق هالدا رەبىمبەردى ئايۇپنى ئىنتىلدۈرمەكتە ئىدى، — كېلىڭ گۈزىلىم، بىر ـ بىرىمىزگە يېقىشلىق گەپلەر بىلەن كۆڭۈللىرىمىزنىڭ تەشنالىقىنى.....
— يېقىن كەلمە...! — بەھرىنىسا شۇنىلا دېيەلىدى. ئۇ يەنە گەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ بولغىچە رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى، — قويۇۋەت مېنى، قويۇۋەت دەيمەن ھايۋان....

رەبىمبەردى ئايۇپ ئۇنى كارىۋات تەرەپكە سۆرەيتتى، بەھرىنىسا تىرەجەپ يۇلقۇنۇشقا ئۇرۇناتتى. ئىككىسىنىڭ قايسىسى پۇتلاشتى مەلۇم ئەمەس، ئاداپ چېلىنىپ ئىسسىتىش ئۈچۈن مەش يېنىدا قويۇلغان داس ئۆرۈلدى.

— مەن سېنى دەپ شۇنچە ئىشلارنى قىلدىم....، — رەبىمبەردى ئايۇپ ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ كۈچ ئىشلەتمەكتە ئىدى ۋە تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمىسىمۇ سۆزلەيتتى، — سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ... دېگىنىڭنى ئورۇنلاپ مالىيەڭ بولۇپ كېتىشكە ئاز - ئاز قېلىۋاتىمەن... قىلغاننى بىلمەيدىغان، بىلىپ تۇرۇپ خۇپسەن بولۇۋالىدىغان نېمانداق يۈزسىز نېمىسەن؟ ... سەندىن نېمە كېتەتتى؟ پەقەت بىر قېتىمغا .... ئېرىشتۈرسەڭ...

— قويۇۋەت، — تىرەجەپ يۇلقۇنۇشتىن توختىمىدى بەھرىنىسا، — مۇمكىن ئەمەس، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس...

رەبىمبەردى ئايۇپ بەربىر كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بەھرىنىسانى سۆرەپ، تارتىشتۇرۇپ، تىزلىرىنىمۇ پىشاڭ قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ يۈرۈپ، كارىۋىتىغا ئېلىپ كەلدى. يەنە رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ جەينىكىمۇ، بەھرىنىسانىڭ پۇتلىرىمۇ، ئىشقىلىپ، كارىۋات ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇق ئۈستىدىكى چەينەك، پىيالىنى ئۆرۈۋەتتى. بەھرىنىسا كارىۋاتقا ياتقۇزۇلغانمۇ بولدى. رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ سول قولى بەھرىنىسانىڭ ئىككى قولىنى بېغىشىدىن مۇجۇپ تۇتۇپ مىدىرلاتقىلى قويمايتتى. گەۋدىسى بىلەن ئۇنىڭ يوتىسىدىن تىز، ئوشۇقلىرىغىچە بېسىۋېلىپ، ھەرىكەتسىز قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ جەينىكىنىڭ ئاستى بىكار بولغان ئوڭ قولى بەھرىنىسانىڭ پوپايكىسىنىڭ پېشىنى قايرىدى، كۆڭلىكى ئاستىدىن ئىسسىق، سىلىق قورسىقىغا تەگدى، ئەمدى ئۇ قوللار پەسكە

سىلجىماقچى بولاتتى.

بەھرىنىسا شۇ چاغدا ئىدىراكىدىن مەھرۇم بولغىلى تۇردى. رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ قوللىرى تەگكەن ۋە سىلاۋاتقان جايلىرىنى تالاي قېتىم ئىسكەندەر كامىلغا ئامانەت قىلىپ ئېلىپ قويمىغانمىدى؟ شۇنداقلىقىنى ئىسكەندەر كامىلغىمۇ ئېيتىپ ئۇنى ھەم خۇشال قىلغان، ھەم ئۇنىڭدىن ۋەدە ئالمىغانمىدى؟ ئەمدىلىكتە ئۇ يەرلەردە مۇنۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان رەبىمبەردى ئايۇپ دېگەننىڭ قوللىرى تىمىسقىلاپ، ئۆمىلەپ يۈرمەكتە. ئۇ ئىسكەندەر كامىلغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ، دادىسىنىڭ بارماقلىرىنى، شۇ بارماقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ھىدىنى، مېھرىنى سېزىپ چوڭ‍ىيىشقا تەلپۈنۈۋاتقان ھامىلىسىگە قانداق گەپ قىلالايدۇ، ئەركىلىتەلەيدۇ؟ تۇغۇلغاندىن كېيىن يۈزىگە قانداق قارايدۇ...؟

رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ ئۇلۇك قولىنىڭ بارماقلىرى قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرۈپ كالتە ئىشتاننىڭ لىپىزىگىچە يېتىپ باردى. لېكىن، كالتە ئىشتاننى تارتقۇشلاشتىن ئاۋۋال سىرتقا كىيىلگەن ئۇزۇن ئىشتاننى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇڭ ئىشتاننى سالدۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رەبىمبەردى ئايۇپ بۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، ئاشۇنداق زورلاپ، كۈچ ئىشلىتىپ ئۆتۈپمۇ كېتەرىدى ـ يۇ، بۇ ئىشقا ئاستىدا ياتقان بەھرىنىسا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ماسلىشىپ بەرسە، ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق تەقدىرىگە تەن بېرىپ قارشىلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالسا مۇمكىن ئىدى.

بەھرىنىسا تېپچەكلەپ يۈرۈپ ماغدۇرىنى يوقۇتاي، دەپ قالغان بولسىمۇ، قارشىلىق قىلىش ئىرادىسىدىن يانمىغانىدى، ئۇنىڭ ئېڭىدا ئۇستىگە چاپلىشىۋالغان مەلئۇننى نىيىتىگە يەتكۈزمەسلىك، ئىسكەندەر كامىل ۋە بالىسىنىڭ يۈزىگە دادىل قارىيالايدىغان بولۇشتىن باشقا پىكىر يوق ئىدى.

رەببىمبەردى ئايۇپ تەجرىبىلىكلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدىن چىقىپ، ئەرلەرنىڭ قولى ئىچ ئىشتانىنىڭ لىپىزىگە تەگكەندە ھەرقانداق ئايال قارشىلىقنى توختىتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بۇ خۇلاسىسىغا سۆيۈشنى قوشۇپ، غەلىبىسىنى تىپىخىمۇ مۇستەھكەملىمەكچى، تېخى ئۆتۈپ بولالمىغان ئۆتكەللەردىن تېزرەك، ئوڭۇشلۇقراق ئۆتمەكچى بولۇپ تەييارلىنىپ بەھرىنىساغا ئېڭىشتى. سېكۇنت ئارىلىقىدا بوشىغان قوللار ۋە سالپايغان بەدەن ئاسارىتىدىن پايدىلانغان بەھرىنىسا سۆيۈشكە ئېڭىشكەن، ئاچچىق ھاراق پۇرىقى بىخسىپ تۇرغان ئېغىز، بۇرۇننى چەنلەپ، پەستىن يۇقىرىغا قارىتىپ بارلىق كۈچى بىلەن ئۇستى. نورمال ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياتقان ھالىتى بىلەن بۇ ئۇسۇش چوڭ ئۇنۇم بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئىدى، ئەمما، ھازىر رەببىمبەردى ئايۇپمۇ بوشاشقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارشى زەربىگە تەييارلىق قىلىپ قويمىغانلىقتىن، ئۇسۇش بىلەن كۆزىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى، ئۆزىنى قاراڭغۇچىلىق قاپلىغان تەگسىز ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى، قوللىرىنى بەھرىنىسانىڭ بەدىنىدىن يۇز، كۆزىگە يۆتكىدى، بەھرىنىسا ئەمدى قول - پۇتلىرى بوشاپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ، بېشىدىن بەكرەك بوشىغان ئوڭ پۇتىنى يىغىپ ئۇنىڭ چاتىرىقىغا كۈچ بىلەن تەپتى.

بۇ تېپىك بىلەن رەببىمبەردى ئايۇپ غىنقىلداپ كەتتى، بېشىدىن تاپىنىغىچە كىرىپ كەتكەن ئاغرىق تۇپەيلىدىن:

— قانجۇق، ناكا قىلدىڭغۇ مېنى...، — دەۋەتتى.

ئۇ تۈگۈلۈپ قالغان ئىدى. بېشىدىن ئازاد بولغان بولسىمۇ، تېخى ماغدۇرسىز بەھرىنىسا كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرماقچى بولۇپ ئۆرە بولدى. ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن كارىۋاتنىڭ چىقىش قىرى تەردىپىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان رەببىمبەردى ئايۇپنى ئىتتەردى، ئۇنىڭ ئەس - ھوشى شۇ يەرگىچە يەتتى. غالجىرلاشقان ۋە ئۆزىنى سەل

ئوڭشۇلغان رەببەمبەردى ئايۇپنىڭ تېپىكى ئۇنى كارىۋاتتىن نېرىغا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

— ۋايجان ....! — دەپ چىرقىرىدى ئۆزىمۇ سەزمەي ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قاتتىقراق تىنىقىمۇ ئاڭلانمىدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، مەلۇم ئەمەس، رەببەمبەردى ئايۇپ ئۆزىگە كەلدى. بەھرىنىسانىڭ يېتىپ تۇرۇپ تەپكىنى ئۇنى تامامەن نابۇت قىلالىغۇدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ يېتىپ قالغان بەھرىنىساغا زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىغىنىچە «ھېلىغۇ ھارامزادىلىك قىلىپ يېتىۋاپسەن، ئۆلۈۋالساڭمۇ جەسىتىڭنى...» دەپ ئويلايتتى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇ ئەمدى راستتىن ئۇسسۇدى. ئەمما، چاي پىيالىسى چېقىلغان، ئورۇندۇقنىڭ پۇتى يېنىدا ياتاتتى، چەينەك دۈم بولۇپ، يەنە بىر چەتتە تۇراتتى. ئۇ چەينەكنى ئېلىپ جوغۇسىنى ئاغزىغا تىقىپ ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بىر ئوتلامدىن جىقراق شاما ئارىلاش چاي چۈشكەن بولدى. ئۇ شامىلارنى تۈكۈرۋەتتى. نېمىلىكى بولسا قۇرۇپ كەتكەن گېلى نەمدەلگەندەك بولدى. ئۇ ئىچىدە بەھرىنىسانى تىللاپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئارامىنى ئېلىپ، بەدىنىنىڭ ئاغرىۋاتقان يەرلىرىدىكى دەردىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، «تاز بولغاندىكىن گەدەنگىچە بولۇپ» ئاندىن قايتىپ كېتىشنى كۆزلەيتتى.

تالامۇ، ئۆي ئىچىمۇ جىمجىت ئىدى. ئەدەپ كەتكەن قارلارنىڭ شىرىلدىشى، تاشقىرىقى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا سالغان ئېغىل ئىچىدىكى قويلارنىڭ ئارىلاپ – ئارىلاپ ئىنجىق ئارىلاش پۇشقۇرۇشلىرى ۋە كۆۋشەشلىرى ئومۇمىي جىملىقنى بۇزۇۋېتەلىگۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.

رەببەمبەردى ئايۇپ ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، چاتىرىقىنىڭ ئاغرىقىمۇ پەسەيگەندەك تۇراتتى. ئاغرىق ئۇلا ئەمەس، مەستلىكنىڭ يېشىلىشىگە ئەگىشىپ يۈز، بويۇن، گاللى-

www.uyghurkitap.com

ـرىنىڭ بەزى يەرلىرىمۇ ئېچىشماقتا ئىدى. بۇ باياتىنقى تەڭسىز
كۈچ ئېلىشمىقىدا بەھرىنىسانىڭ قارشىلىقىدىن قېپقالغان تىرناق
يارىلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلىگەن رەبىمبەردى
ئايۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ بەھرىنىسا ياتقان تام تۇۋىگە باردى. ئۇ نىـ
يىتىنى قانائەتلەندۇرمەكچى ئىدى. بەھرىنىسانى كۆتۈرۈپ كارىـ
ۋاتقا ياتقۇزماقچى ئىدى، بىر كۈچىنىشتە دەس كۆتۈرەلىدى،
بەھرىنىسا سۈس ئىڭراپلا ياتاتتى.

— ھارامزادە قانجۇق...، — تىللىدى ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىلىـ
قىدىن، — ئېغىرىڭنى سېلىپ يېتىۋەر، قانچە كىلوگرام كېلەرـ
سەن...؟

ئۇ بەھرىنىسانى سۆرەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى،
ئاۋۋال بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى كارىۋاتقا ئالدى، ئاندىن ئىككى
يوتىسىدىن قاماپ تۇتۇپ تۈز ياتقۇزدى. بەھرىنىسا يەنە بىر قېتىم
ئىڭرىدى، رەبىمبەردى ئايۇپ شۇ ئەسنادا ئىككىلا قولىنىڭ بېـ
غىشىدىن تۆۋەن ئالىقانلىرىنىڭ يېپىشقاق قان بىلەن بويالغانلىـ
قىنى، بەھرىنىسانىڭمۇ ئىشتىنىنىڭ تىزىدىن يۇقىرى قىسمىـ
نىڭ سۇغا پىشىلغاندەك قاندىن ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى
كۆردى.

رەبىمبەردى ئايۇپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ تۆت تەـ
رىپىگە ئەنسىز قاراپ چىقتى، ئۇنىڭغا گويا بىرسى قاراۋاتقاندەكلا
تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. «شۇڭا ئۇنىۇماي تۇرۇۋاپتىكەنسەن ـ دە؟ —
دەپ ئويلىدى ئۇ ئالىقانلىرىدىكى قانغا بىر قارىۋېتىپ، — مۇنداق
ئىش ئىدى، دېسەڭ بولماسمىدى نازلانغىچە؟ — لەنىتى قېرى قاذـ
جۇق...».

ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ كەتتى، ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى.
بەھرىنىسانى، چېقىلغان، ئۆرۈلگەن نەرسىلەرنى، كۆمۈرى كۆيۈپ
ئۆچۈپ قېلىشقا يۈزلەنگەن مەشتىكى ئوتلارنى شۇ پېتى قالدۇـ
رۇپ، چاپان، شىلەپىلىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقىشقا ئالدىرىدى.
ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ كەينىدىكى يىپنى تارتىپ چىدـ

راغنى ئۆچۈردى. ئىشىكنى ھىم تاقىدى ۋە شۇ يەردە قانلىق بار-ماقلىرىنىڭ يىپ بىلەن ئىشىك تۇتقۇچىدا ئىزى قالىدىغانلىقى يادىغا كەلدى. ئەمما، ھازىر ۋاقتى ئۆتكەن، كونا ئىزلارنى سۇرتۇپ يوقىتىۋېتىش ئۇچۇن يەنىمۇ جىق يېڭى ئىزلارنى قالدۇرۇش كې-رەكلىكىنى ئويلاپ تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى بىلەن ھەپىلەشمى-دى. قويلار ئادەم تىۋىشىنى سېزىپ گۇپۇرلىشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سۇس مەرىدى. بۇ ئاۋازلاردىن يۈرىكى ئېغىپ كەتكەن رەببىمە-بەردى ئايۇپ ئادەم تىللايدىغان سەت گەپلەر بىلەن قويلارنى پەس ئاۋازدا تىللاپ، چاپىنىنىڭ تۇگمىسىنى ئەتكىنىچە ماشىنىسى قو-يۇلغان تەرەپكە چاپتى.

ئۇ بەھرىنىساغا ئېتىلىپ بېقىشنى خىيال قىلغىلى ئۇزاق بولغان. دېيىش كېرەككى، ئۇ ئۇرۇمچىدىن كەلگەندىن تارتىپ شۇ-نى ئارزۇلاپ يۈرگەنىدى. لېكىن، بەھرىنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئۇ تېخى ئايالاردىن ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر خىل نۇرنى كۆرەتتى-كى، بۇ نۇرنى ئەڭ ئاجىز ئادەملەرلا ئەڭ كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ كۆ-زىدىنلا تاپالايتتى. ئۇ بەھرىنىسادىن ئاشۇ سەۋەبتىن ئەيمىنەتتى، تەپ تارتاتتى، ئۇ قىزغا ئىنتىلەتتى، تەلپۈنەتتى. ئەمما، مەقسىتى-نى بىلدۈرەلمەيتتى. بەزىدە جۈرئەتلىنىپ غايىبانە مەشىق قىلغان-لىرى بويىچە كۆرسىتىپ باقماقچى بولاتتى ـ يۇ، گەپ قىلسا ئا-خىرىدا، ھەرىكەت قىلسا ئوتتۇرىدا چەتلەپ كېتەتتى. بەھرىنىسامۇ بۇ ساھەدە «دۆت»مۇ ياكى «تۈز»مۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى-نى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئەيمىنىش ۋە تەپتارتىش بەھرى-نىسا بۇ شەھەرگە كېلىپلا مېھمانسارايدا يېتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا تېگىپ بېقىشنى توسۇپ قويغانىدى. قىز فېرمىدا ياتاق تۇتۇپ تۇ-رۇۋاتقاندىن بۇيانمۇ ئۇچ ـ تۆت قېتىمدەك ئىنتىلىپ باققان بول-سىمۇ، ئاخىرقى مىنۇتلاردا جۈرئەتسىزلەندۈرۈپ قويدى. بەھرىنى-سا ياخشىلىق قىلغانىمۇ، ئۆزلۈكىدىن بىلمىگىنىڭ ئۇچۇن دەپ قېرىشقانىمۇ بىلمەيدىغان «كالۋا» ئىدى. ئۇ كىنايە گەپلەرگىمۇ پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى، قانداق ۋاقىتتا، قانداق ئادەملەردىن

www.uyghurkitap.com

تۆرىلىپ قالغان بولغىيدىكىن؟ ئاشۇ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن قانداقراق يىگىتكە چۈشەركىن...؟

بۈگۈن ئۇ قاتتىق قول بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى «تو-ساق»نى ئېلىۋېتىشكە بەل باغلىغانىدى. «بىر قېتىم پەردىشەپ كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، كېيىنلىك ئىشلار ئاپتوماتىك يۈرۈشۈۋېرىدۇ، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — بۇنداق قىزلار بىر بولسا ئاشۇ بىر قېتىمدىن كېيىن توسۇن ئاتتەك ئوي - چوڭقۇر، ئېگىز - پەس، دۆڭ - ئويمان دېمەي چېپىپ يۈرىدىغان شاش بولۇپ كېتىپ، باشقۇرغىلى بولمايدىغان ئۇچارغا ئايلىنىدۇ. بىر بولسا، شۇ بىر قېتىملىقنىڭ تىلسىمي ئاچقۇچىغا جېنىنى بېرىش دەرىجىسىدە چاپلىشىپ، كېيىپمۇ ئاجراتقىلى بولمايدىغان كۆلەڭگە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ جومباق بىلەن ھەر ئىككىلىسى بولمىغاي ئىلاھىم... مۇناسىۋەتمۇ نورمال، ئاددەتتىكىچە بولغىنى ياخشى، ئاۋارىچىلىكى ئاز بولىدۇ...».

مانا ئەمدى ئاۋارىچىلىك تېرىلدى. ئۇنىڭ بىر يەرلىرى بىر نېمە بولدىمىكىن؟ ئەكسى ھالدا ئۇنداق ئۇزاق ۋاقىت يېتىۋالمايتتى. ئۆزىمۇ مورلاندى، تارمىلاندى، ئاياملىق يەرلىرىگە تېپىپتىكەن. خوتۇنى، ئىشخانىدىكىلەر تىرناق ئىزناسىنىڭ مەنبەسىنى سورىسا نېمە دېگۈلۈك؟ بىرنەچچە كۈن «ئاغرىپ قېلىپ» دوختۇرخانىدا يېتىۋېلىش لازىم. قار - مۇزلۇق يولدا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتى. دېيىشكىمۇ، ئىككى ماشىنا سوقۇلۇپ... دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بەھرىنىسا توغرىسىدا بەك غەم قىلىپ كەتمىدى. ئۇ قانلارنى قىزنىڭ ئادىتى ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قېلىش، دەپ ئويلىدى. قىزنىڭ يىقىلىپ يېتىپ قېلىشىنى باش قىسمى تامغا قاتتىق تەگكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدى. ئۇنى ئەنسىرىتىدىغىنى، قىزنىڭ «زورلۇقتا ياتقۇزۇپ» ئەرز قىلىپ قېلىش مۇمكىنلىكى ئىدى. رەببىمبەردى ئايۇپ گەرچە بەھرىنىسانى يىگى يىل ئولتۇرۇشىدىن ئاچىقىپ، ياتىقىغا ئەكېلىپ قويغىنىدىن

تېنىۋالمىسىمۇ، ئۇلارنى كۆرگەنلەر زالدا كۆردى. ماشىنىغا چىققاندا كۆرگەنلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بەھرىنىسانىڭ ياتىقىدا بىرگە تۇرغاننى كۆرمىدى. رەببىمبەردى ئايۇپ ئاچقىپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ بىر ماشىنىدا بىللە ئولتۇرۇپ، بىللە مېڭىشلىرى بىرىنچى قېتىم بولغان ئىش ئەمەس. نى - نى خالىي قالغاندا قىلىنمىغان زورلۇقنىڭ ئاسان چېنىپ قالىدىغان، ھەممە خىزمەتداشلار بىللە كىرىپ - چىققاننى كۆرگەن، ئاسماندىن قار يېغىپ ئىز پەيدا قىلىدىغان ئەسكى ھاۋا شارائىتىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس... لامپۇچكا يىپى، ياتاق ئۆي ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىدا قالغان قانلىق بارماق ئىزلىرى ئەتە ئەتىگەندىلا غايىب بولىدۇ، بەھرىنىسا بىردەم يېتىپ دىمىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرىدۇ، ئەتىۋارلىق ساغلىقلىرىنى يوقلايدۇ، گىلىمنى باقىدۇ، بۇ يىپنى، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ قىلىدىغان ئىشلار...

ئۇ ماشىنىنى كالتە بازار ئىچىگە توختىتىپ قويغانىدى. ئۇ يەردە كېچىلىرى ماشىنا، تىراكتورلارمۇ توختاپ قالىدىغان ئىشلار بار ئىدى. ھازىرمۇ ئۇ كەلگەن چاغدا يوق بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن كەينى ساندۇقى يوق بىر تىراكتور ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئارىسىغا ئېلىپ، قارغا كۆمۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، موتور قىزىغىچە قوللىرىنى قاردا يۇيدى، ئاندىن ئالدى ئەينەكنى تازىلاپ، بايا كەلگەن يولىغا قارىدى، ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ، قار يورۇقىدا ھەممە تەرەپ گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېڭىپ كەلگەن ئىزلىرىنى يېغىۋاتقان قار كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇ سائەتكە قارىدى، ۋاقىت تاڭ سەھەر ئىككىگە ئاز قالغان، ئۇ شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي كېسەللەرنى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنى مۆلچەرلەپ مېڭىپ كەتتى.

بەھرىنىسانى ئەڭ دەسلەپ ئابدۇقەييۇم بايقىدى. ئۇ يېرىم كېچىگە يېقىن ھەم تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئىككى قېتىم فېرما ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىنى، يېقىندىكى قوتان - ئېغىللارنى

www.uyghurkitap.com

سىرتتىن ئايلىنىپ قويىدىغان ئادىتىگە مۇۋاپىق تالانى كېزىپ، بەھرىنىسانىڭ تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېرىم ئوچۇقلىقىنى كۆردى. ياتاق ئۆيىنىڭ سىرتقى دېرىزىسىدىن قارىغاندا، ياتاق قاراڭغۇ ئىدى، بۇ بەھرىنىسانىڭ تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قەستەن ئېچىپ قويمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيۇپ تاشقىرىقى ئۆيگە كىردى، ئۆزىگە تونۇشلۇق ئىشىك كەينىدىكى يىپىنى تارتىپ لامپۇچكىنى ياقتى. بۇلۇڭدىكى قويلار دۈپۈرلىشىپ قوپۇپ، ئۆزىنىڭ زۇۋانىنى چىقىرىپ پۇشقۇردى، مەردى. ئابدۇقەييۇم قارى چۈشۈپ كەتمىگەن، قېلىن چەملىك، كىگىز قونچۇلۇق ئۆتۈكى بىلەن غارسىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى ـ دە، بوش ئاۋاز بىلەن ئىككى قېتىم «بەھرىنىسا» دەپ چاقىردى، جاۋاب چىقمىدى. ئۇ ئىشىكنى قېقىشقا ئۇرۇنمۇدى، ھەم ئېتىلمىگەن ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ياتاق ئۆيدىن ئىسسىنىڭ، سۇ تۆكۈلگەن كۆلنىڭ ۋە قاننىڭ پۇرىقى كېلەتتى، بۇ پۇراقتا ئابدۇقەييۇم تېخى ھىدلاپ باقمىغان ئاللىقانداق بۇسلارمۇ قوشۇلغانىدى.

ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆڭلى ئۆيۈپ، ئۆي ئىچىگە قەدەم ئالدى، يىپىنى تارتىپ لامپۇچكىنى ياقتى، بېلىسىنىڭ ئاستى تەرىپى تىزىغا قەدەر قان ئۇستىدە ياتقان بەھرىنىسا بوش ئىڭراپ، ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى. ئابدۇقەييۇم نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەم بولدى، ياتاق ئۆي ئىچىدىكى باشقا قالايمىقانچىلىقلارغا قاراپ يۈرمەي، ئائىلىلىكلەر ئۆيلىرى بار تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئاياللار ئۆتۈشى لازىم....دەپ قاراپ، كېچىلىرى قېقىشقا بولمايدىغان ئىشىك دېيىلگىنىگە قارىماي، تۇل، يالغۇز ئايزۆھرەنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۆي ئىچىدىن ئايزۆھرەنىڭ «كىم، نېمە ئىش؟» دېگەنلىرىگە قوشنىلار ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن دەپ جۈرئەت بىلەن:

— تېز تۇرۇپ بەھرىنىسانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ! ئۇ بولالماي...، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئايزۆھرەنى چاقىرىشى،

باشقىلار ئۇنى رەببىمبەردى ئايۇپ بىلەن، كالتە بازار كەنتىنىڭ كاسسىرى بىلەن ۋە يەنە ئاللىكىملەر بىلەن ھېلىقىدەك دېسىمۇ، بۇ ئايال بەھرىنىسا بىلەن خېلى ئەپ ئۆتەتتى. دېگەندەكلا، ئۇ «بەھرىنىسانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش» توغرىسىدىكى چاقىرىقـ- نى ئاڭلاپلا بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھويلىسىدىن چىقتى. ئابدۇقەييۇم ئۇنىڭ زىغىرلىشىغا:

— مەن نەدىن بىلەي؟ يوتا، تىزلىرى قان بولۇپ كېتىپتۇ، كارىۋاتقا يېپىلغان چايشاپمۇ قان، ئۇنى نېرى - بېرى قىلىشقا ئاياللار بولمىسا بولمىغۇدەك دەپ سىزنى چاقىردىم، — دەپ ئەـ- شىكتە تۇرۇپ كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى، — قالدى ئىشلارنى بارغاندا كۆرىسىز...

ئايزۆھرە باردى، كۆردى. لېكىن، بەھرىنىسانىڭ نېمە سەۋەبـ- تىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلەلمىدى. دېمىسىمۇ، سەۋەـ- بىنى بەھرىنىسانىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلـ- مەيتتى. ئېنىق بولمىسىمۇ، قىياسەن چۈشەنچە ئايشەمگۈل ياتاقتا كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولدى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆتىۈنۈشىنى بىلىۋالدى. كىرىپ — چىقىپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ جاۋاب، ئىزاھات بىلەن قاندۇرغىلى بولمايدىغان سوئاللىرىغا ئايشەمگۈل ئۈچچە قىلىپ بىرلا جاۋابنى بېرىۋەردى:

— چارچاشتىن قوزغىلىدىغان نېرۋا خاراكتېرلىك ئۈچەي قاـ- ناش!

شۈنداق كېسەل بارمۇ - يوق؟ ھېچكىم سورۇشتۇرمىدى. ئايـ- شەمگۈل ھايۋانلارنى داۋالايدىغان بولغىنى بىلەن، بەربىر دوخـ- تۇر - دە! ئۇنىڭ گېپى پەللە بېسىپ، باشقىلارنى شۈنداق كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. بەھرىنىسامۇ ئايشەمگۈلنىڭ كىيىمـ- لىرىنى سالدۇرۇشىغا، يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ تازىلاپ دېزىنفېكـ- سىيەلىشىگە رازى بولۇپ رايىشلىق بىلەن يېتىپ بەردى. خېلى

كۆنلەر ئۆتكەندىن كېيىن گۇمانى ئىچىنى تاتلاپ ئولتۇرغۇزمىغان ئايشەمگۈل كۆز ئىشارىتى بىلەن دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، خۇلاسىسىگە كەلگەندە پىچىرلاپ دېگۇدەك:

— شۇمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، بەھرىنىسا باش لىڭشىتىپ تۇروپ:

— شۇ ....، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

بۇ دوختۇرخانىدا دېيىلگەن گەپلەر. ھېلىقى كۈنى قار قاتتىق ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىگەنلىكى شەھەردىن چىقىدىغانلار بالدۇر چىققانىدى. ھەمىشە قار ياغقاندا ئاشۇنداق بولاتتى. چۈنكى، بىر-مۇنچەيلەننىڭ فېرما قوتان - ئېغىللىرىدا ھۆددە كالا - قويلىرى بولغانلىقتىن، ۋاقتىغا قارىماي چىقىپ، ئۆز ماللىرىغا ئىگە بولۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يالغۇز-يېگانە، ئايرىم چىقىش شارائىتى بولمىغانلىقتىن، ئايشەمگۈل ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىللە چىقاتتى. بۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولغان، ئابدۇقەييۇمدىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ بەھرىنىسانىڭ ياتىقىغا كىرىپ، پۇت - قوللىرى كالۋالىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئايزۆھرەنى ئۆيىنى يىغىشتۇرۇش، ئوتنى ئوبدان قالاپ ئىسسىق سۇ تەييارلاشقا بۇيرۇۋېتىپ، بەھرىنىسانى تەكشۈرۈپ كۆرگەن. تاشقى زورلۇق ۋە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن زەربىگە نېرۋا ۋە بەدەن چىداشلىق بېرەلمەي بويىدىن ئاجراش يۈز بەرگەن. زورلاشلىق قىلغۇچى كىم؟ ئايشەمگۈلنىڭ گۇمانلانغان ئادىمى بار، بۇ ئادەمنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بەھرىنىساغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇ ئۆز تەجرىبىسىدىن بىلىپ بولغان. بەھرىنىسانىڭ «شۇ» دېگىنىمۇ ئاشۇ ئادەمگە قارىتىلغان. ئايشەمگۈل بەھرىنىساغا پەقەت:

— يامانلىقنىلا ئويلاپ يۈرگەن كىشىلەر يامانلىقىنى تىلەپ تاپىدۇ، بۇ سىلەرنىڭ ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ، دېگەن تەمسىلىڭلەرگە ئوخشاش....، — دەپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا: «قۇتراپ كەتكەن سەن قاۋاننىڭ پەيمانىمۇ توشتى، خەيرىيەت،

بەھرىنىسا دوختۇرخانىدىن چىقسۇنچۇ قېنى...» دەپ ئويلىدى.
بەھرىنىسا ھېلىقى كۈنى ئايشەمگۈلنىڭ چاقىرتىشى ئارقىلىق «120» جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بىلەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ھازىرغىچە تۇغۇت بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرىدە ئالمىشىپ يېتىپ قىرىق بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ تېپىكى بالىياتقۇ، تال ۋە بۆرەكنى زەخملەندۈرگەن، ھامىلە چۈشۈپ كەتكەن، تال ۋە بۆرەك زەخىم يېگەن. تامغا تەگكەن ئارقا مېڭىنىڭ ئوڭ تەرىپى قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بەھرىنىسا باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.
ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە بەھرىنىسا ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، تەجرىبە ساغلىقلىرىغا ھامىلىق قىلىشنى ئابدۇقەييۇم ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ قاراۋۇل بوۋاي روزاخۇندىن كېچىسى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپ ئېنىقلىيالماي رەللە بولۇپ، ئىككى ساغلىقنى سەن ھۆددىلەپ باق، بولمىسا كېچىسى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟ دەپ باقتى. چۈنكى، بوۋاي: «خانىم ئاخشام ساپمۇساق ئىدى...» دىن باشقا ھېچنېمە دەپ بېرەلمىگەنىدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتمەيلا قويلارنىمۇ «ئاخشام تويغۇدەك ھەلەپ يېگەنىدىغۇ...؟» دەيدىغاندەك بىلىنىپ ئۆزى باقتى. بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن ئالاھىدە كۆتۈلۈپ كۆنۈپ قالغان ساغلىقلارنى ھۆددىلىيەلمەي، كوللېكتىپقا تەۋە، ئەتىيازدىكى كۆككە ئۇلگۇرۇپ تۆللەيدىغان ساغلىقلار توپىغا قوشۇۋەتتى. ئارىدىن ھەپتە ــ ئون كۈنلەر ئۆتۈپ، بەھرىنىسا بىلەن بولغان ئىشلاردىن چالا ــ بۇلا خەۋەر تاپقان خالمۇرات ئەر ــ خوتۇن كېلىپ، ساغلىقلارنى تەكشۈرۈپ بېقىپ، قوزا ھامىلىسىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ۋە ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق ئۇسۇللار بىلەن ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەت-

تى، شۇنداق قىلىنمىسا ساغلىقلارنىڭمۇ نابۇت بولىدىغانلىقىغا ھەممەيلەن ئىشىنەتتى.

شۇنداق قىلىپ بەھرىنىسانىڭ تۇنجى سىنىقى، تەجرىبىسى مەغلۇپ بولدى، قوزىلارنىڭ قورساقتا تۇرۇپلا ئۆلۈپ قېلىشىنىغۇ قاتتىق قار ياغقان كېچىسى ساغلىقلار ئاخشامدىن تارتىپ ئەتىسى ئەتىگەنگىچە قاتتىق سوغۇقتا يەمسىز ئاچ قېلىپ زەخمىگە ئۇچرىغان ... دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتى. بەھرىنىساغا كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنداقمۇ ــ بۇنداقمۇ پەرەز قىلىشىپ باقتى، نەتىجەسىنى چىقىرالمىدى. سىرتتىن كەلگەن زوراۋانلىق ۋە زەربە دوختۇرخانىنىڭ دىياگنوزى بولۇپ، ھەقدار بەھرىنىسا ئۆزى بىرنېمە دېمىگىچە، ئۇنداق ياكى مۇنداق پەرەزلەر پەقەت گۇمان، قىياس سۈپىتىدە قېلىپ، پاكىت ئىزدەش ۋاقتىنى كېچىكتۈرەتتى. ھەتتا يوققا چىقىراتتى. بەھرىنىسانىڭ ئۆزى بولسا ياتقىنى ياتقان، ئۇ كېسىلى ساقىياي دېسە، بۇنىسى قوزغىلاتتى، كەيپىياتى ياخشىلىناي دېسە، سىلكىنىپ كەتكەن مېڭىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمايتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئەھۋالى سەل ياخشىلانسىلا قورسىقىنى سىيلايتتى ــ دە، نورمال ئادەملىك دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنى غىدىقلاش مۇمكىنمۇ؟

رەبىمبەردى ئايۇپ ئۆز ئەھۋالىچە شەھەرلىك دوختۇرخاندا تۆت كۈن ياتتى. خەتەرلىك، خەۋپلىك كېسىلى چىقمىدى. ماشىنىسى سوقۇلۇپ، ئالدى ئەينىكى سۇنۇپ، يۈز ــ كۆزلىرىنى ئەينەك پارچىلىرى تىلىۋەتكەن ھېسابىدا داۋالاندى. بەھرىنىسا ئۇچرىغان پالاكەت بىلەن ئۇنىڭ يېتىۋېلىشىنى باغلاپ چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئىككىسى بىر ــ بىرىگە چېتىشمايدىغان ئىككى ئىش، دەپ قارالدى بولغاي، ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا بەھرىنىسانىڭ ئەھۋالىنى يىغىلىق قاتارىدا تونۇشتۇرۇۋېرىپ كۆڭلىنى توختاتتى. بۇ ئىشنى دەسلەپ ئاڭلىغاندا بۇنچىۋالا ئېغىر، چوڭ ۋەقە يۈز بېرىشىنى كۈتمىگەن رەبىمبەردى ئايۇپ

ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن خېلى قورققان، ئەنسىزلىككە چۈشكەندى. يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، جەريان ياكى نەتىجىنىڭ ئۆز يېنىغا يېقىنمۇ كەلمەيۋاتقىنىدىن يۈرىكى توختاپ، دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى، ھېلىقى ئىش يۈز بېرىپ بەشىنچى كۈنى ئىمپورت قىلىنغان ئەتىرگۈلدىن بىر دەستە سېتىۋېلىپ بەھرىنىسانى يوقلاپ باردى. ئەسلىمۇ يېنىغا كىرمەي سېستىرالار ئارقىلىقلا بەرمەكچى ئىدى. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە نۆۋەتچى سېستىراغا: «خىزمەتدىشىڭىز يوقلاپ كەپتۇ، دەپ قويارسىز...» دەپ گۈلنى تۇتقۇزۇپلا كەينىگە ياندى. شۇ چاغدا، كارىدوردا، سىرتتىن كىرىۋاتقان ئايشەمگۈل بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۇ توختاپ رەھىمبەردى ئايۇپىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ ئۆتكىدەك قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپلا ئۆتۈپ كەتتى، رەھىمبەردى ئايۇپىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

بەھرىنىسا يىتىۋەردى، رەببىمبەردى ئايۇپ ئىشقا چۈشتى، فىرمىغىمۇ چىقتى.

قىش ئۆتۈپ كەتتى. شۇدىلەر بوشاپ، توڭلار يۇمشىدى، چېچەك ئىزنالىرى بوغاز بولۇپ، سۆگەت تاللىرىنىڭ بىخ ئورنى قاداقلىنىشقا، كۈنگەي تەرەپلەردىكى تېرەك شاخلىرى پوتلا چىقىرىشقا باشلىدى. ئاخشىمى ـ ئەتىسى دولا قورۇغىدەك سوغۇق يوقالمىغان، غەربىي جەنۇبتىكى تاغ ئېدىرلىرىدىن ئەسكەن شامالنىڭ ئاچچىقى ھېلىمۇ يۈز-كۆزلەرنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئەگىزلەرنىڭ شىلدىر ـ شىلدىر ئېقىشلىرى، چېچەك چوكانلارنىڭ ئېچىلىشلىرى، تېرەكلەرنىڭ چاشقان قۇلاق يوپۇرماق چىقىرىشلىرى ئەتە ـ ئۆگۈن، كەچقۇرۇن، ھەتتا بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا باشلىنىدىغاندەك بىلىنەتتى.

مالچىلار ئاساسەن قوتان، ئېغىللاردىن نېرى كەتمەيدىغان بولدى. كۆك ئوت چىقىشقا سەل، پەقەت سەل ـ پەل بالدۇر بولسىمۇ، ھەممەيلەن قىشتىن زېرىككەنىدى. بولۇپمۇ تۆللەيدىغان ماللار تاقىر بولسىمۇ ئوچۇق دالىغا ئىنتىلەتتى، ئاقىرىپ، شورلىشىپ تۇرغان ئوتلاقلارغا قاراپ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ مەرىشەتتى، تۆل ئېلىش يېقىنلاشماقتا ئىدى.

رەببىمبەردى ئايۇپمۇ فىرمىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىقىدىن رەسمىي باشلىقلىققا ئۆزگىرىپ، ھەر كۈنى مەيدانغا چىقىدىغان، «نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ»، بۇ يىل ئەتىيازلىق «تۆل ئېلىش جېڭگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان» بولغان ئىدى. شۇنداق

سەپەرۋەرلىك يىغىنىمۇ ئاچتى، بۇلار ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتى، لېكىن، ئاستىرتتىن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭدا باشقىچە «جەڭ پىلانى»مۇ بار ئىدى:

«تۆر قۇرۇلۇشى» يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولغان ئىدى. بۇرۇنقىسىنغۇ تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمىگەنلىككە چىقىرىپ داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋەتتى. ھازىرغىچە ئۇششاق - چۈششەك گەپلەر دېيىلىپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەشكىلىي تەرتىپ - قائىدە بويىچە ئۇنى چاقىرىپ دوكلات ئېلىنمىدى. دوكلات ئېلىنمىغانلىق ئۇ «تۆر قۇرۇلۇشى» بىلەن كارى بولماسلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. ھامان سوئال - سورىقى بولىدۇ.

مۇنۇ ئىككىنچى قېتىملىقىچۇ؟ تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئالىي مەلۇماتلىق تېخنىك بەھىرىنىسا كەلدىغۇ؟ ئۇ كېلىپ جىمى مەسىلىنى ھەل قىلىۋېتەلمىگەن بىلەن، دەسلەپكى سىنىقى ئوڭۇشلۇق بوپتىكەنغۇ؟ تەجرىبە قىلىنغان ئىككى ساغلىقنىڭ سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلۇشتىن كېيىنكى نەتىجىسى ئىككى قوزا جەزمەن، ئۈچىنچىسى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ چىقىپتىكەنغۇ؟... بۇلارنى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىدارە مەمۇرىيەت يىغىنىدا بولۇشىغا سۆزلەپ بىرمۇنچە چاۋاكقىمۇ ئېرىشكەنىدى، بىر كېچىدىلا ھەممىسى غايىب بولسا كىم ئىشىنىدۇ؟ بىرىنچى قېتىملىق سىناققا ئىشلىتىلدى، دېيىلگەن پۇللارنىڭ ھېساب - كىتابى تۈگىمەي تۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىملىقىغىمۇ بىرمۇنچە پۇل كەتتى، ئەڭ مۇھىمى سىناق، تەجرىبە بىكار كەتتى.

ھەممە نېمىنىڭ سورىقى، سۈرۈشتۈرمىسى بولىدۇ. ئىدارىنىڭ ئىچى - سىرتىدا بەھىرىنىسا بىلەن يۈز بەرگەن ئىشنىڭ غەلىتە، سىرلىق ئىكەنلىكىگە پىچىر - پىچىر پەيدا بولغىنى ئۇنىڭغا ئايان. ئىدارە رەھبەرلىرى بەھىرىنىسانى يوقلاپ بېرىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن بولسىمۇ، دوختۇرلارنىڭ دىياگنوزىنى ئاڭلىغانلى-

قى، بىمار ئەس ـ ھوشىنى تاپقىچە ئۇنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۇ ـ رۇپ قايتقىنىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم. دېمەك، ئىشلارنى قىش پەسلىگە ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى، دەپ خاتىرجەم بولۇشقا تېخى ناھايىتى ئە ـ تىگەن....

ئۇ فېرمىنىڭ ئۆزىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئۇنى ھېچكىم كۆر ـ مىدى، ئىتى بارىس قاۋىمىسا كۆزىنىمۇ ئاچمايدىغان كۆزەتچى رو ـ زاخۇن، يېرىم كېچىدىن ئىلگىرى ۋە تاڭ ئېتىشتىن ئاۋۋال بىر چۆرگىلەپ قويىدىغان ئادىتىدىكى...دېگەنلەر ھەتتا سەزگىنىمۇ يوق. ئۇنى ئەتىگەندە يۇيۇپ تازىلاپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ـ كىيدۇرۇپ يۈرگەن ئايزۆھرە، ئايشەمگۈللەرنىڭ نەق مەيداندىن ئۇچۇر بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھامىلىسى چۈشۈپ كېتىشىنى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا جورىغىنى بىلەن، پاكىت بولسا ھېساب. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايزۆھرە ئالىقانىنىڭ ئىچىدىكى ئايال، زۇۋانى بېكىك. بىراق، ئاۋۇ ھەممە گەپكە ئارىلىشىدىغان، ھەممە ئىشقا چېپىلىدى ـ غان ئايشەم دېگەن خوتۇن خەتەرلىكرەك، بەھرىنىسا ئايزۆھرە بىلەن ئايشەمگە ئۇ توغرىسىدا پىچىرلاپ قويمىغانلا بولسا...

ئۇنىڭ خىياللىرى ئۆزىگە پايدىلىق، ئەپلىك تەرەپلەرنى ھەر ـ قانچە كېزىپ يۈرگىنى بىلەن، ۋەھىمە ئېلىپ كېلىدىغان بىرمۇ ئىـ چە گۇمانلار باش ئۈستىدىن ئەگىپ كەتمەيتتى. ئۇ بىر كۈنى ئاخ ـ شىمى ئايزۆھرەنى شەھەرگە چاقىرتتى، چەتتىرەك بىر شەخسىي مېھمانسارايدىن ئايرىم ئۆي ئىجارە ئېلىپ، كېچىنى بىللە ئۆتكۈ ـ زۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئايزۆھرە ئۇ شەھەرگە كىرىشكە تەك ـ لىپ قىلغاندىلا ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بولدى. «پاچىقىڭغا پىت چۈشتى ـ دە ئەبلەخ... — ئىچىدە كۈلدى ئايزۆھرە، — نا ـ مىمنى يەكسان قىلدىڭ، ئېرىمدىن ئايرىدىڭ، كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرسەم كۆرمەسكە سالدىڭ. مەڭگۈ تاشلىمايمەن، دەپ ئىـ شەندۈرۈۋېلىپ، بىر يىلغا بارمايلا تاشلىغاندىڭ. مانا ئەمدى قولغا

چۈشتۈگىمۇ...؟». ئۇ بىرىنچى ئۆتۈنۈشتىلا دەيدىغانىنى دەپ رەت قىلماقچى بولۇپمۇ باققان، قولىدىن كەلمىدى. تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ بەھرىنىسانىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ھالغا كېلىپ قالغاندىكى سىرىنى بىلمىگەنلىكتىن، سەۋەبىنى رەبىمبەردى ئايۇپقا باغلاپ باققىنى بىلەن، ئۇ پەقەت گۇمان ئىدى. گۇماننى رەبىمبەردى ئا- يۇپ تۇگىتىپ، سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆزىدەك ياۋاش، مۆمىن، ۋاپادار ئايال بىلەن چارۋا مال كەسپىدە ئوقۇپ ئات، ئېشەك، قوچقار...لارنىڭمۇ خۇيىنى ئۇ- گەنگەن بەھرىنىسانىڭ شوك يېتىپ بەرمەيدىغان مىجەزىنىڭ ئاقىد- ۋەتى قانداق بولىدىغانلىقىنى يۈزىگە سىلىپ، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان بۇ ئەرنى بىر قېتىم بولسىمۇ باش ئەگدۈرۈۋې- لىشنى كۆزلەپ ماقۇل بولغان ئىدى.

ئۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. رەبىمبەردى ئايۇپ ئىككىيلەن ياتاقنا كىرىشتىن ئىلگىرى تاماق يەۋاتقاندا خېلى ھاراق ئىچكە- نىگە قارىماي جۆيلۈپ يۈرمىدى. بەھرىنىسانىڭ ئەھۋالىنى ئايزۆھ- رەدىن سوراپ، كەيپىياتىدىن تارتىپ گەپ ـ سۆزلىرىگىچە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. بۇنداق قىلغى- نىنى «ئۇرۇمچىدىكى نازارەت، ۋىلايەتتىكى ئىدارە رەھبەرلىكى ئۇ- نى ماڭا تاپشۇرغان، مەن ئۇنىڭ بىلمىگە، ئەقىل ـ پاراستىگىلا ئەمەس، تۇرمۇشىغىمۇ، سالامەتلىكىگىمۇ ئىگە بولۇشۇم، مەسئۇ- لىيىتىمنى ئەمەلدە كۆرستىشىم لازىم ئىدى...ئەپسۇس...» دەيدى- غان گەپلىرى بىلەن زىننەتلىۋالدى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىدىن يېڭىلىقا ئېرىشەلمىدى. ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىنىڭ بىر كىچىلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئاڭلىغىنى تەسەللى بولدى: «سىنى تاشلى- ۋەتكىنىم يوق، تاشلىۋەتمەسلىككە داۋاملىق ۋەدە بېرىمەن، سەنمۇ مېنىڭ ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىمنى بىلىسەن، رەھبەرلىك قىلى- دىغان ساھە كۆپ، ئىش شۇنىڭغا مۇناسىپ جىق، يېتىشىپ بولال-

مايمەن. ئىدارىغا مۇئاۋىن باشلىق بولىدىغانلىقىم توغرىسىدا گەپ
كۆپ، بۇيرۇقتىن ئەسەر يوق. شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا،
بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىم سېنى شەھەرگە ـــ ئىدارىنىڭ ئۆزىگە
يۆتكەپ كېتىش بولىدۇ...».

ئايزۆھرە بۇ قۇرۇق ۋەدىگە ئىشەنمىسىمۇ، بۇ كونا چۆپقىتىدىن نېمىلا بولمىسۇن بىر ۋەدە ئېلىۋالالىغىنىدىن شۈكۈر قىلدى. ۋەدە بېرىشىمۇ بىر قەرزدارلىق، زۆرۈر تېپىلغاندا، يۈزىگە سالساڭ، ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم قىزارتىۋالىسەن.

رەبىيمبەردى ئايۇپ بەھرىنىساغا قارشى يالغۇز جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى، ئۇ نۇرغۇن گۇڭگا ئىقتىسادىي چىگىشلەرنى بەھرى-نىسانىڭ تەجرىبىلىرىگە سەرپ قىلىنغان، دېگەن سۆزلەرنى تار-قاتتى. بەھرىنىسانى يەنە سەۋدايى خاراكتېرلىك نېرۋا كېسىلى بار بىمار، بۇنداق ئىللەت بۇرۇندىنلا بار بولۇپ، فىرمىغا كەلگەندىن كېيىن مۇھىت، شارائىتقا ماسلىشالماسلىق، يو ئېتىپ باشلىغان «تۇر قۇرۇلۇشى» تەتقىقاتىدا نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان خاپىلىقتا ئەۋجىگە چىقىپ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك دەرىجىدە خاراب بولۇشقا يۈزلەنگەن...دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. بۇلار پەقەت گەپ ـ سۆز، غەيۋەت تۇسىدە بولسىمۇ، مەلۇم دائىرى-دە چىقىش مەنبەسىنى تاپقىلى بولمايدىغان جامائەت پىكرى رولى-نى ئوينايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى ئۇ.

ئۇ بەھرىنىسانىڭ شەخسىيىتىگە دائىر سۆز توقۇشنىمۇ قول-دىن بەرمىدى. تەرجىمھالى تازا ئېنىق بولمىغان خالمۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نوقۇللا ساغلىق تەتقىقاتى ئۈچۈنلىما؟ دەيدىغان پىچىرلاشلار ۋە ئۆتمۈشى پاكىز ئەمەس، شەخسىي نامى چىقىپ قالغان، ئۆگزە ۋە ھويلىسى قوتىرىغان ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئاتىدىغان چالما، داڭگاللىرىغا باي ئايزۆھرەگە ئوخشاش ئا-ياللار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتىشى نورمال دوست-

لۇق مۇناسىۋىتىمۇ... ؟ دەيدىغان گەپلەر ئۇ تارقىتىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىگە ئاڭلانسا كۇلۇپ كېتەتتى. «ئىنسان ئۆز ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەممە ئىش سادىر بولۇشى مۇمكىن، ئەجەبلىنەرلىكى يوق ...» دەپ قوياتتى ئۇ ئاشۇنداق پىچىر - پىچىرلارنى تۇشۇپ كەلگەن سۇخەنچىلەرگە مەنىلىك، سىرلىق كۇلۇمسىرەپ.

ئۇ بەھرىنىسانى گەپ - سۆزىنى ئوڭشاپ دېيەلمەيدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن شىكايىتى ئىناۋەتلىكلىكىنى يوقاتقان، جاۋابلىرىنىڭ قىممىتى بولمىغان، ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ناتوغرا ئىسپاتلار بىلەن ئاقلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئالجوقا ئايال قىلىپ ياساپ چىقىشقا جىمى زېھنىنى سەرپ قىلماقتا ئىدى. «ئاققىنىچە ئاقار، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا، — ھېچقانداق گەپ - سۆز ۋە ئىش قىلماي، خەقنىڭ گېلىگىنى بەخرامان بوغۇشىنى ساقلاپ ئولتۇرغاندىن ياخشى، پايدىسى بولمىغاندىمۇ زىيىنى يوق...».

بۇ يەردىكى ئەھۋال ئاشۇنداق بولۇۋاتقاندا ئىسكەندەر كامىل كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشىمۇ ئاسانلا ھەل بولمىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ۋە ئالاقىدار تارماقتىكى باشلىقلار ئۇنىڭ بېرىپ خوتۇنىنى كۆرۈپ يوقلاپ كېلىشكە رۇخسەت بەرگەنىدى. ئىسكەندەر كامىل ماقۇل بولغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەن بولاتتى، ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي يۆتكىلىپ كېلىش ياكى بەھرىنىسانى يۆتكەپ ئەكېتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. بەھرىنىسانى يۆتكەپ كېتىشتە ئۇنىڭ نېرۋا كېسىلى، بارسا «كۆچ» بېرەلمەسلىكى، بۇلارغا «ئىشتات يوقلىقى» قاتارلىق سەۋەبلەر قوشۇلۇپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ پۈتۈنلەي يۆتكىلىپ كېلىش مەسىلىسىنى ئويلىشىش ئۇزاققا سوزۇلدى. يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان، قابىلىيىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، «كەم تېپىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىم»نىڭ چىقىپ كې-

ـتىشى ئىداره ئۈچۈن قارار چىقىرىش قىيىن مەسىلە، دېيىلدى «كەم تېپىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىم مەۋجۇت ئەمەس، — دېدى ئىسكەندەر كامىلىمۇ چىڭ تۇرۇپ، — ھەرقانداق خادىم ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. بەھرىنىسامۇ ئوبدانلا ئىختىـ ساسلىق خادىم ئىدى، مانا ئەمدى ئىمجان بولۇپ يېتىپتۇ، ئەگەر ئۇ ئاشۇ پېتى قالدۇرۇلۇۋەرسە، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىنى بولغان مەنمۇ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام، بىر تەتقىقاتچى خادىم خاـ راب بولمامدۇ...؟».

ئۇنىڭ باشلىقلىرى «ئەتراپلىق» ئويلىنىپ، ھېلىقى «تۇر قوـ رۇلۇشى»نى داۋاملىق تۇتۇپ ئىشلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا يۆتكىلىپ بېرىشقا قوشۇلدى. ئاشۇ مۇزاكىرىلەر، رەسمىيەت ئۆـ تەش، قىلىنىۋاتقان خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش...لەر بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ئۇ ئاخىر يۆتكىلىپ كەلدى.

ئەسلىي، بەھرىنىسا بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆندە ئىككى قېتىم، ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم تېلېفونلىشىدىغانلىقىنى بىلىـ دىغان ئايشەمگۈل پاچىئە يۈز بەرگەن ھېلىقى قار قاتتىق ياغقان كېچە تۈگەپ، بەھرىنىسا ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتـ كەلگەن كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن بەھرىنىسانىڭ يانفونىنىڭ سىگـ نالى توختىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ تېلېفون كۈتۈپ، كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى بەرگەنلىكىنى قىياس قىلـ دى. بەھرىنىسا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە بولغانلىقتىن، سىرتتا ساقلاپ ئولتۇرغان ئايشەمگۈل تېلېفوننى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى، ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئەنسىرەپ سۈرۈشتۈرۈشلىرىگە پەقەت بەھـ رىنىسانىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى. ئۆزىنىڭ بەھرىنىسا بىلەن سىرداش ئىكەنلىكىنى، دوستلۇقىنى بەجانىدىل ئادا قىلىدىغانلىقى توغرىـ سىدا ۋەدە بەردى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئەنسىرىمەسلىكىنى، ئەڭـ

سىزلىنىشىنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. كەچقۇرۇن ئىسكەندەر كامىل تېلېفون بېرىپ، بەھرىنىسانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭغىچە بىر سېستىرانى «ئوقۇتۇپ» تەييارلاپ قويغان ئايشەمگۈل تېلېفوننى ئېلىپ سېستىراغا تۇتقۇزدى، ئۇ دوختۇرلارنىڭ سۆزى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن ئىسكەندەر كامىلنى خاتىرجەم قىلدى ھەم بىمارنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىمەن دەپ غەلۋە قىلماسلىقىنى، بىمار تېلېفون ئالسا، ھاياجانلانسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بەھرىنىسا تېلېفوننى ئېلىپ ئۆزى سۆزلىشەلەيدىغان بولغىچە، ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئايشەمگۈل سۆزلىشىپ يۈردى. ئۇ بەھرىنىسادا جىق ئىللەت يوق، كېسىلى ئېغىر ئەمەس، چارچاپ كېتىپ كۆتۈنۈۋاتىدۇ، تەتقىقاتى نورمال، تەجرىبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك، قورساقتىكى ھامىلىسىمۇ تېپچەكلەشتىن موللاقلاشقىچە ئۆسۈپ بارماقتا... دەپ ئۆتتۈۋەردى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ خەۋەرلەرگە قانچىلىك ئىشىنىشىدىن غەم قىلىپمۇ كەتمىدى. «ئارىلىق يىراق، خوتۇنۇڭنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەڭلا بولىدى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — قالدى ئىشلارنىڭ ئېيتىشقا تېگىشلىكلىرىنى بەھرىنىسانىڭ ئۆزى دېگىنى تۈزۈك...».

ئۇ دوختۇرخانىدا بولسىلا بەھرىنىسانى «زۇكام قوزغىلىپ»، «ھامىلىنىڭ جايلىشىشى نورمال بولماي ...»، «ھامىلىدارلىق تۇيەيلىدىن پۇتلىرى ئىششىپ...» دېگەندەك كېسەل ناملىرى بىلەن ئىسكەندەر كامىلنى پەپىلەپ تۇردى. ئۆزى يوق چاغلاردا ھېلىقى سېستىرانى بىر ئامالّلار بىلەن ئىسكەندەر كامىلنى «گوللاپ» تۇرۇشقا ھەمكارلاشتۇردى. لېكىن، مەيلى ئۆزى ياكى سېستىرا بولسۇن، «زورلۇق» توغرىسىدا تىنۋش چىقارمىدى. كالّلىسى جايىدىراق ۋاقىتتا بىر قېتىم:

— ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دېگەنىدى بەھرىنىسا

يىغلامسىراپ يالۋۇرۇپ، — ئۇ ئىشنى ئاڭلىسا پەقەت، پەقەت بولمايدۇ...

— بىلىمەن، — ۋەدە بەرگەنىدى ئايشەمگۈل، — ئەر كىشى ئۈچۈن ئۇنداق ئىشنى ئاڭلاش ئېيتقۇسىز ئازاب... خاتىرجەم بولۇڭ، ئېيتمايمەن...

ئىسكەندەر كاملىمۇ كىچىك بالا ئەمەس، بەھرىنىسانىڭ كېسەللى ئۇنىڭغا دېيىلگەندەك ئاددىي، ئادەتتىكى دەرد ـ ئېسەر بولسا، مۇنداق ئۇزاق ياتمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، بەھرىنىسانىڭ كېسەللىكى قورسىقىدىكى ھامىلىگە، قىلىنىۋاتقان تەجرىبە ـ تەتقىقاتىغا، ئىككى ساغلىق ۋە ئۇلارنىڭمۇ قورسىقىدىكى ئىككىدىن تۆت قوزىغا مۇناسىۋەتلىك. بەھرىنىسا بۇرۇن بۇ ئىشلار توغرىسىدا قىزىپ ـ قىزىشىپ سۆزلەيدىغان، ئەمدىلىكتە ئۇنداق ـ مۇنداق ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بىر تالاي ئىشلارنى تاشلىۋېتىپ ياتمايدۇ... ئۇ ئاخىر مۇئاۋىن نازىر جۇرئەتكە ئىلتىماس قىلىپ، نازارەت نامىدىن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن بەھرىنىسانىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگۈزدى.

مەسىلە ئايدىڭلاشتى، تەجرىبە ـ تەتقىقات توختىتىلغان، قوزىلار يوقالغان، بەھرىنىسانىڭ جىگەر، بۆرىكى زەخىم يېگەن، ئارقا مېڭىسى قاتتىق سىلكىنگەن. قورسىقىدىكى ھامىلە توغرىسىدا ئىدارىمۇ بىلمەيتتى.

نېرۋىسى ياخشىراق بولۇپ قالغاندا بەھرىنىسانىڭ ئۆزىمۇ ئىسكەندەر كاملىنىڭ ئىدارە ئارقىلىق ئاڭلىغانلىرىنى راستقا چىقاردى. بوغۇلۇپ، بوزلاپ تۇرۇپ ھامىلىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى قوشۇپ خەۋەر قىلدى. ئىسكەندەر كاملىغا ئاسمان يەرگە، يەر ئاسمانغا ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، شۇنچىۋالا زەربە ئاستىدا بەھرىنىسانىڭ چىداشلىق بەرگىنىدىن ھەيران بولدى. ھەم ئىچى ئاغرىدى، ھەم سۆيۈندى.

لېكىن، نېمە ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا شۇنچىۋالا ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەممۇ چىقمىدى، چارۋىچىلىق ئىدارىسىمۇ بىلمىشىمىز شۇنچىلىك، كونكرېت سەۋەبنى بىمار سا-قايسا ئېنىقلىغىلى بولار...، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر كامىلنىڭ يۆتكىلىپ كېلىش مەسى-لىسى كېلىپ چىقتى.

ئۇ يۆتكىلىپمۇ كەلدى، بەھرىنىسا ئۇنى كۆرۈپ ھوشىنى يو-قاتتى، ئىسكەندەر كامىلنىڭ بەزلەشلىرى، پەپىلەشلىرى، دوخ-تۇرلارنىڭ ئۇرغان ئوكۇللىرى بەھرىنىسانى ئېسىگە كەلتۇردى. ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن باشقا كېسەللىرى ئاساسەن ساقايغانىدى. «كەلگەن ۋاقىتىدا ئەھۋالى خەتەرلىك ھالدا ئىدى، — دېدى بەھرد-نىسانىڭ مەسئۇل دوختۇرى، — داۋالىدۇق، مۇھىمى، ئۇنىڭ ياش-لىق جاسارىتى ئۈستۈن كەلدى، مانا بۇنىسى دورىدىن بەكرەك رول ئوينايدىغان كۈچ ...» دوختۇرلار ئىسكەندەر كامىلنىڭ بىمارنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بەھرىنىسانىڭ سىرتقى زورلۇققا ئۇچرىغىنىنى يوشۇردى. بىمارغا تەسىر قىلىدىغان گەپ - سۆز-لەرنى قىلماسلىق، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلەتمەسلىك، نېرۋىنى غىدىقلايدىغان، ئۆزلۈكىدىن ئېيتىپ بەرمىگەن ئىشلارنى، سۆزلەر-نى سورۇشتۇرمەسلىكنى قاتتىق جېكىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىس-كەندەر كامىل كېلىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ «ئۇھ» دېگۈچە بىر ھەپتىچە ئۆتۈپ، بەھرىنىسا دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ئىسكەندەر كامىل ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. ئۇ بەھرىنىسانى ياتىقىغا يۆتكەپ چىقتى. ياتاق يەنە ئىش-خانىغىمۇ ئوخشايدىغانلىقىدىن ھەيران بولدى. ئۈستەل ئۈستىدە، تارتمىلىرىدا، دېرىزە تەكچىلىرىدە، كارىۋاتتىكى كۆرپە، كىگىز ئاستىدا دەستە - دەستە يازما قەغەزلەر ياتاتتى. يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا دائىر خاتىرىلەر ئىدى. بۇلار ئىسكەند-

دەر كامىل ئۆچۈن تونۇشلۇق مەزمۇنلار بولسىمۇ، ئۇ گويا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تەكشۈرگەندەك تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئاددىيلا كۆرمىدى، يېزىقلار ئارقىلىق بەھرىنىسانىڭ يالغۇزلۇقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، شۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى، تۇغۇلمىغان بالىسىغا بېغىشلىغان مېھرى، ئۈمىدى، كۆڭۈل ئىزھارلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ بەزى يېڭى بايقاشلىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى يان تەرەپلىرىگە «ئەتىلا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىمەن، مەسلىھەت سورايمەن...» دەپ يېزىپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلدى. توغرا، ئۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق مەزمۇندىكى تېلېفونلارنى ئالغان، ھازىر نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى يادىدا ئېنىق قالمىغان بولسىمۇ، ئۇ قانائەتلەنگىدەك ياكى ئويلىغاندەك جاۋاب بەرگەن، ئەمدى ئۇلارنى ئويلىغاندا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئۇ بەھرىنىسانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇ كۈنلەردە بىر ساغلىقتىن يىلدا تۆت قوزا ئېلىش، ئومۇمىي نەتىجىدە سەكسەن پىرسەنت ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسەن ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە بولۇپ قالدى، نازارەتتە، يەرلىك چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشخانىسى قارىمىقىدىكى تەتقىقات ئورنىدىمۇ بۇ مەسىلە تاشلاپ قويۇلمىدى. ئىسكەندەر كامىل باشلاپ، تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغدىكى تەجرىبە مەيدانىدا مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا تەجرىبە ئىشلىدى. ئۇ بىرمۇنچە ھالقىلىق نۇقتىلاردا بەھرىنىسانىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن پايدىلاندى، بەزى نۇقتىلاردا دىققەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، بەھرىنىسانىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايىغا قىزىللىق يېيىلىپ، جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىمۇ خۇشال بولدى ھەم ئۆزىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆكۈنۈش بارلىقىدىن كۆڭلى

غەش بولدى. بۇ غەشلىك شۇ ئىدىكى، بۇرۇن ئىسكەندەر كامىل ئۆزلىرى تەرەپتىن ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت جەريانىنى تولۇقى بىلەن بەھرىنىساغا خەۋەر قىلمىغانىكەن. سەۋەب ئاددىي: ئۇنىڭ قول - پۇتى كالۋالاشمىسۇن ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئاشۇ بىر بۆلەك-لىرىدىن ياندىپ ئۆتۈپ كەتمىسۇن ئۇچۇن! نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ كەڭ - كۇشادە تەتقىقات بىلەن شۇغۇل-لىنىشىنى قوللاش ئۇچۇن باشقىچىرەك ئۇسۇل قوللىنىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ مۇستەقىل، ئىجادىي ئىشلىشىگە رىغبەت - مەدەت بېرى-دىغان چارىلار ئازمىدى؟ تېپىلماي قالارمىدى؟ ... ئۇ هالدا بەهرى-نىسانىڭ تارتىدىغان جاپاسى ئازراق بولماسمىدى؟ ئەلۋەتتە، ئۇ گەپلەرنى بەھرىنىساغا هازىر هەرگىز، هەرگىز دېيىشكە بولمايدۇ.

ئۇ يەنە گۈلسەنەمنىڭ نورمال بولمىغان ئىشق «هۇجۇمى»غا تا-قابىل تۇرۇشى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ياردەمچىسى، ئاكىسى رەب-بىمبەردى ئايۇپنىڭ كەسپىي هەم شەخسىي تۇرمۇشىغا قارىتىلغان بېسىم، قىستاش هەتتا پىتنە - پاسات، ئىغۋالىرىدىن ساقلىنى-شى، ساقلىنالمىغان ئەھۋالدا توسۇشى، كۈچ-ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىدە شارائىتقا قاراپ زەربە بېرىشى، يالغانىنى ئاشكارىلىشى، سۈكۈت قىلماسلىقى كېرەك. سۈكۈت قىلىشنىڭ يېرىم - يارتا ئىقرار قىلىشقا تەڭ ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلىدۇ ۋە ئاشۇنداق مى-ساللارنى كۆپ كۆرگەن ... شۇ تۈپەيلىدىن، ئۇ گەپ - سۆزلەرگە ئۆز لايىقىدا رەددىيە بېرىپ تۇردى، ئۇنۇمى زور بولمىدى. ئۇ فىرمىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئىغۋالارنى توختىتىش ئۇچۇن، كىچىكرەك دائىرىدە «توي مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپمۇ بەردى، پىتنە - پاساتلار ئۇ تۆشۈكتىن چىقالمىسا، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر بۇلۇڭدىن چىقىۋەردى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنى بىر مۇنچە گۇمانلىق سوئاللار چىر-

مۇالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تەشۋىش قوزغايدىغىنى بەھرىنىسانىڭ نېمە ئۈچۈن توي قىلغانلىقىنى يوشۇرغىنى ئىدى. ئىسكەندەر كامىل چوڭراق جەھەتتىن، مەسىلەن، ئۆزىنى قىز ئاتاپ ۋە كۆرسىتىپ، قانداقتۇر بىر كىملەرنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغىماقچى... دېگەن گۇمانغا كېلىشتىن قورقاتتى، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ قۇياش غەربتىن كۆتۈرۈلىدىغانغا تەڭ تۇرىدىغان بىمەنە قاراش ئىدى. ئۇنداقتا بەھرىنىسانىڭ كۆزلىگىنى نېمە؟

بەھرىنىسا ئۇلار ھازىر تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيگە كۆچۈۋالغاندىن كېيىن نېرۋا ئاجىزلىقى خېلى ئۇلغىيىپ، سەكرەيدىغان، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، چۆچۈپ تۇرۇپ كېتىدىغان، بەزىدە قورسىقىنى سىيلاپ تۇرۇپ «ئىسكەندەر كامىل» دەپ، بەزىدە «بالام سەن نەدە؟» دەپ ۋارقىراپ كېتىدىغان قىلىقلىرى ئاساسەن تۈگىگەن بولسىمۇ، خاپىغىنى تۇتقاندا ۋە جۆيلىگەندە «مۇمكىن ئەمەس»، «ئىپلاس مەلئۇن» دەيدىغان تىللىرى تەكرارلىناتتى. ئىسكەندەر كامىل ئويلىنىپ قالاتتى: «نېمە ئىشقا مۇمكىن ئەمەس، ئۇ تىللىغان ئىپلاس مەلئۇن كىم؟ ئۇ بەھرىنىسانىڭ ھامىلىسىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە، ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقىرىشقا قەدەر تەسىر كۆرسەتكەنمىدۇ؟...» ئۇ ئويلىنىۋېرىپ، ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىلمىسا، ئۆزى خاتىرجەم ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى، بەھرىنىسانىڭمۇ تولۇق ساقىيىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ «يىقىلىپ كېتىپ»لا شۇ قەدەر پالاكەتكە ئۇچراپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى، «تەجرىبىدە مەغلۇپ بولۇپ نېرۋىسىدىن كەتكەن ۋە شۇنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى»غا تېخىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇندىن باشقا «كۆزىگە ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنۈپ»، «قۇلىقىغا خىلمۇخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ»... دەيدىغان خۇراپىي تۈس ئالغان مىش ـ مىشلەرگە قۇلاقمۇ سالمىدى. گەرچە قولغا چىققۇدەك پاكىت، تۇت-

قىلى بولغۇدەك يىپ ئۇچى بولمىسىمۇ، فىرما ۋە ئىدارىلەردىكىلەر- نىڭمۇ دېيىشكە تېگىشلىك بىر تالاي گەپلەر بولسىمۇ، دېيىلمەي- ۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى. بەزىلەر ئىسكەندەر كامىلنى كۆر- سە قىزغىن سالاملىشاتتى، نېرىراقتا بولسا كۆلۈمسىرەپ قارى- شاتتى. لېكىن، بەزىلەر ئۇنى قەستەن كۆرمەسكە سالاتتى، دوقۇ- رۇشۇپ قالسا، يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ گېپى ۋە كۆز قارىشى بولسىمۇ، بايان قىلالمايۋاتقى- نىنى بىلدۈرەتتى. بەزىلەر، مەسىلەن، رەببىمبەردى ئايۇپ، گۈل- سەنەمدەكلەر ئاتايىن سۆز تېمىسىنى تولغايتتى، بىكاردىن ـ بىكار بەھرىنىسانىڭ «ئەيىب»ىنى ئاچاتتى ياكى ئۇنى گەپ ـ سۆزلىرىگە ئېتىبار بەرگۈچىلىكى يوق نېرۋا كېسىلى بىمارىغا چىقىراتتى. مۇشۇنداق بىر قاتار ئوچۇق بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن ھالەتلەر ئۇ- نىڭغا ماھىيەت ئۇستىدە ئىزدىنىپ بېقىش ئىستىكىنى ئويغاتتى.

ئۇ بەھرىنىسا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى دەسلەپ خەۋەر قىلغان ئايشەمگۈل بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتى. ئايشەمگۈل ئۇنىڭغا پەقەت بەھرىنىسانىڭ ئەرگە تەگمىگەن قىز بولۇپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىلا ئېنىقراق ئۇچۇر بەردى:

— ياتلىق بولمىغان قىز دەپ يۈرۈش مەسىلىھەتىنى مەن بەر- گەن، — دېدى ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ سوئاللىرى ئىچىدىكى بىر گۇمانغا قارىتىپ، — شۇنداق دەپ قويۇڭ، بىخەتەررەك بولى- دۇ، دەپ مەسلىھەت بەرگەن، — تەكرارلىدى ئۇ، — بۇ يەر شەھەر ئەمەس، مەدەنىي ھايات يوق دېيەرلىك. مالچىلار يىلنىڭ يېرىمىدە چارۋىلىرىنىڭ كەينىدە يۈرىدۇ، ماللارنىڭ ئەركەك ـ چىشىلىرى- نىڭ ئۆزئارا چېپىلىشى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سادىر بو- لىدۇ، ئۇلارمۇ قۇترايدۇ ئەپەندىم. يەنە بىر تەرىپىمىز دېھقانچىلىق رايونى، ئۇ يەردىكى ئەرلەر مالچىلارنىڭ ئۆيىنى، خوتۇنىنى تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مال بېقىشقا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، فېرما يېنىدىكى
كالتە بازارغا شەھەردىن مەستلەر، چالا مەستلەر چىقىدۇ، ھەممە-
سى بۇ يەردىكى قىز ـ چوكانلارنى مارىلايدۇ، قىز بالىغا چېقىلىش
ئېغىر قانۇنىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى، سۇرۇشتۇرۇش ئىنچىكە بو-
لىدىغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. چوكان، جۇۋانلارنىڭ مەسىلە-
سى ئاسانراق، ئۆزلىرى داۋراڭ سالمىسا بېسىقىپمۇ قالىدۇ. داۋراڭ
سېلىشنىڭ ئۆزىگە، كېيىنلىكىگە، بولۇپمۇ ئائىلىسىگە كۆرسە-
تىدىغان تەسىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ.
مۇنداق مىساللار بىزدە كۆپ بولغان. شۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن
ئۇ مەشۇقىڭىزغا ئاشۇنداق ئۆگىتىپ كېتىپتىكەنمەن. خوش، بۇ
كېيىنكى پالاكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە مۇناسىۋەتلىك تۇرامدۇ؟

ئىسكەندەر كامىل «ئىپلاس مەلئۇن» توغرىسىدا سورىمىدى،
ئىسپات يوق ئىدى. بىراق، شۇنداق بىر «ئىپلاس مەلئۇن»نىڭ بار-
لىقىغا، ئۇنىڭ ئىنتىلىشىگە بەھرىنىسانىڭ «مۇمكىن ئەمەس» دەپ
جاۋاب بەرگىنىگە شەكلەنمەيتتى. ئۇ كۆزەتچى روزاخۇن، قاراۋۇل
ئابدۇقەييۇم، بەھرىنىسا بىلەن ھەرھالدا ئەپ ئۆتكەن ئايزۆھرە،
ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش ـقۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى خالمۇرات ۋە ئۇ-
نىڭ ئايالى بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقتى. دەرۋەقە، سۆزلەشكەندە چاڭ-
دۇرماي، گەپنى ئۇزاقتىن، نېرىدىن باشلاپ، ئەگىتىپ سۆزلەشتى،
ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. قار قاتتىق، قېلىن ياغقان كېچە، ھەم-
مىنىڭ يادىدا بار بولۇپ چىقاتتى، سادىر بولغان ۋەقە بولسا تاڭ
ئاتقاندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈنگە تەئەللۇق بولۇپ چىقاتتى.
گەپ ئوخشاش، تۇتۇۋالغۇدەك ساپاق، كىرىۋالغۇدەك يوچۇق چىق-
مايتتى. ئۇ سۆزلەشكەن ئادەملەرنىڭ گۇمانىي قارىشى بارلىقىغا،
ئاشۇنداق قىياس بولماي قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن،
ئۇلار ھېچنېمە ئېيتمايتتى. ئىسكەندەر كامىل ئۇلارنىڭ پوزىتسى-
يەسىنى توغرا چۈشەندى. ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنى تەكشۈرگۈچى ئە-

مەس، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ خادىمى تېخىمۇ ئەمەس، تەشكىلىي يوسۇندا تەكشۈرۈلمىگەن ئىشنى، يەنە كېلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىرىگە «قىياسىم»، «گۇمانىم»، «پەرىزىم» دەپ سۆزلەپ قويۇپ، ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمىسا ياكى ئىش دېگەندەك چىقمىسا، نەتىجىسىگە ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ-دە! مۇبادا بىر كۈنلەردە كۈن غەربتىن چىقمىغاندىمۇ، ئۇ تۇتۇلمىدىغان، ئىش تە- تۈرىگە ياندىغان ئىش بولۇپ قېلىپ، كىمدۇر بىرى پۈتى ئۆزۈن، قولى تولۇق، تىغى ئۆتكۈرلەردىن بولۇپ قالسا، ھاۋانىڭ بۇلۇتسىز گۈلدۈرلىگىنى شۇ تەگكەن چاقماقتا سۆپەرمۇ بەۋا كېلەلمەي قې- لىشىمۇ مۇمكىن!

ئايشەمگۇل كۆز قارىشىنى سۆزلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ گۇمان قىلىشىمۇ ئاساسى بار گۇمان قىلاتتى - يۇ، گۇماننى ئېيتمىدى. ئۇ بەھرىنىساغا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ھەتتا ئىسكەندەر كامىل بىلەن ئىككىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن ئۆي ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ۋەدە بەرگەن، ھېلىقى «ئىپلاس مەل- ئۇن»نىڭ كىملىكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئىسكەندەر كامىلغا نامەلۇم ھالەتتە قېلىشىنى پۈتۈشكەنىدى. ئايشەمگۇل بەھرىنىسانىڭ بۇ ئىشتىكى زىللىقىنى ئېرىنىڭ كۆڭلى ئازار يې- مىسۇن، دېگىنى دەپ چۈشەنگەنىدى.

ئۇ ئىسكەندەر كامىل بىلەن بىر قېتىملىق سۆزلىشىشتە، ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە ئاڭلىمىسا تېخىمۇ ئازابلىنىپ، ئۆزىنى قويە- دىغان يەرمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى، يىگىتكە ئىچى ئاغرىدى، ئەمما ئوچۇق ئېيتماي:

— ياخشىلىق ئىزدىگەنلەر ساۋاب، يامانلىق ئىزدىگەنلەر ئازاب تاپىدۇ، دەرھال شۇنداق بولمىسىمۇ، ھامان شۇنداق بولىدۇ، — دې- دى خەنزۇچە بىر ھېكمەتنى تەكرارلاپ، — ۋاقىت - سائىتى كەل- گەندە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

بۇنى بىر تەسەللى دەپ چۈشەنگەن ئىسكەندەر كامىل يېقى-
سىز كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇنداق چۈشەنمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ باشقا
ئامالى يوق. ئۇ بەھرىنىسا ھامان بىر كۈنى، سالامەتلىكى ياخ-
شىلانغاندا ئۆزلۈكىدىن ئېيتىپ بېرىدۇ، دېگەن ئاخىرقى ئىشەنچ-
تە توختاپ قالدى ۋە ئاشكارا سۈرۈشتۈرمەيدىغان بولدى.

شۇنداق بىر كۈن كېلىپ، ئايشەمگۈلنىڭ تەسەللىسى روياپقا
چىقىپ، «ۋاقىت ــ سائىتى» كەلدىمۇ قانداق، ئىشلارنى ئۇ سۈ-
رۈشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ يۈرمىسىمۇ ئىدارە سۈرۈشتۈرىدىغان،
تەكشۈرىدىغان بولۇپ قالدى، ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئى-
دى.

ھاۋا تۇتۇق، شاماللىق بىر جۈمە كۈنى ئىسكەندەر كامىل ۋىلا-
يەتلىك دوختۇرخانىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە بەھرى-
نىسا ئۈچۈن دورا ئالغىلى باردى. بەھرىنىسانى ۋە ئۇنىڭ كېسى-
لىنى بىلىدىغان بۆلۈم باشلىقى دوختۇر بىمارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت
دورا يەپ كۈتۈنۈشى كېرەكلىكىنى تاپىلاپ، كېيىنچە بەھرىنىسا
كىرمىسىمۇ، ئىسكەندەر كامىل كىرىپ دورا يازدۇرۇپ چىقىپ
كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ــ قوزىلارنىڭ تۆت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا خۇشال بولى-
دۇ، ــ دېدى ئىسكەندەر كامىل دوختۇرنىڭ بىمار نېمىدىن خۇش
بولىدۇ، دېگەن سوئالىغا جاۋابەن. ئاندىن بىمارنىڭ كەسپى، شۇ-
غۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ــ ئۇنداقتا ياخشى ئىكەنغۇ؟ ــ دېدى دوختۇر كۈلۈپ، ــ ئۇ
خۇش بولىدىغانلا بولسا، قوزىلارنى بەش ھەتتا ئالتە قىلىڭ، ئۇ
خاپىلىق تارتمىسا، خۇشال ــ خۇرام يۈرسە، تۆپىسىدىن بىز دورد-
نى ئۆكسۈتمىسەك، ئۈچ ــ تۆت ئايدا ئەسلىگە كېلىدۇ، يېرىم يىل-
دا قايتا قوزغالمايدىغان بولىدۇ.

ئىسكەندەر كامىل دورىنى ئېلىپ چىقىۋاتقىچە رەببىمبەردى

ئايۇپ بىلەن ئۆچرىشىپ قالدى، ئۇ دوختۇرخانا ھويلىسىدا ئىسـ-
كەندەر كامىل تونۇمايدىغان بىر نەچچەيلەننىڭ ئارىسىدا قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دېمەكتە ئىدى.

— ھە، كاتتا زىيالىي ئەپەندىم، — گەپ ئاتتى ئۇ ئىسكەندەر
كامىلنى كۆرۈپ، — ئىنجىمارۇق كېسەل كۆرپىسى خوتۇنۇڭلارغا
رەڭ بېرىدىغان شىشىلەرنى ئىزدەپ يۈرەمسىلە ياكى بىز تېپىشىپ
بېرەيلىمۇ؟

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قاقاھلاپ كۈلۈشتى، ئىسكەندەر كامىل
جىق ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئاھانەت ئاڭلىغان بولسىمۇ، جېدەل -
ماجىرادىن ساقلىنىش ئۈچۈن گەپ - سۆز قىلماي كېتىۋەردى.
يول ئۇلار تۇرغان جايدىن ئۆتەتتى، رەببىمبەردى ئايۇپ يەنە ئېغىز
ئاچتى، ئەمما خىزمەتنىڭ گېپىنى دېدى:

— خوتۇنۇڭلا كەلگەندىن، بولۇپمۇ سىلە كەلگەندىن بۇيان نېمە
ئىشلارنى قىلىپ قايسى تاغنى يۆتكەپ، قايسى كۆلنى تىندۇر-
دۇڭلا، دوكلات قىلىدىكەنسىلە. دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن
ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا...

ئىسكەندەر كامىل ئېتىبار بەرمەي مېڭىۋەرگەنىدى، ئۇ ئۇنىنى
كۆتۈرۈپ:

— ئىدارە باشلىقىنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدۈم جۇمۇ؟ — دېدى
ۋارقىراپ، — ئەتراپىمدا گۇۋاھچىلىرىم بار، نوچى بولساڭلا پىـ-
سەنتىڭلىگە ئالماي كىرمەيلا قويۇڭلا...

ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى.
ئەمما، ئۆيگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن
دوكلات تەييارلاشقا تۇتۇندى. ئۇ رەببىمبەردى ئايۇپ دېمىسىمۇ ئىـ-
دارىغا يوللاش ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر ماتېرىيال يېزىشقا كىرىشكىـ-
لى ئون نەچچە كۈن بولغان ئىدى. يازغانلىرىنىڭ مەزمۇنى ھېلىقى
«تۇر قۇرۇلۇشى»غا دائىر ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى، تەھـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىل؛ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقتىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇندىن كېيىنكى تەجرىبە توغرۇلۇق تەسەۋۋۇر ۋە قوللىنىشچان تەجرىبە قىسمى تېخى يېزىلمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ كېيىنكى قىسمىنى يېزىپ تولۇقلىدى. بۇنىڭغا ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇرۇمچى جەنۇبىي تاغ تەجرىبە مەيدانىدا ئىشلەش جەريانىدا توپلىغان نەتىجىلىرىنى مىساللار بىلەن كىرگۈزۈپ تولۇقلىسا، ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلاردا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد پەيدا قىلالايتتى.

بەھرىنىسانىڭمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالغان ئىدى، ئېرىنىڭ ماتېرىيال يېزىۋېتىپ ئۆزى يازغان خاتىرىلەردىن پايدىلانغانلىقى ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكەن، بەزى ئابزاسلارنى ئۇنلۇك ئوقۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان ئىدى.

— ئىدارىنىڭ مۇشۇ چاغقىچە نېمە ئىش قىلدىڭلار، بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ دەپ سورىمىغىنى قىزىق!— دېدى ئىسكەندەر كامىل يېيىلىپ ياتقان قەغەزلەرنى جايىغا كەلتۈرۈپ رەتلەۋېتىپ، — ھېلىمۇ كىچىكمەيدۇ، ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرسا يۇرۇشىدۇ، كارى بولمىسا جايىدا قالىدۇ. دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ...— دەپ كۈلدى بەھرىنىسا جىمى ھېسسىياتىنى، ئويلىغانلىرىنى ئاشۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ.

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۇ شەھەرگە كىرىدىغان بىر ئۆتكۈنچى يۈك ماشىنىسىغا چىقىۋېلىپ ئىدارىغا كىردى. شۇنچە ئالدىرىغىنىغا قارىماي، يىغىنغا ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا ئىدارە باشلىقى يىغىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىدارە باشلىقى ئەللىك ـ ئەللىك بەش ياشلاردا بار، ئات يۈز، زىناق سۆڭەكلىرى چىققان، بۇرنى يۈز كېپتىسىگە ياراشمىغان، چۈپۈر قاش، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى. گەپ قىلىۋاتقاندا كۆزلىرى كىلا-

پاندەك قىسىلىپ، چوڭقىيىپ تۇراتتى. باشقىلارغا ئۆرۈشىدىغاندەك
ياكى ئاداۋىتى باردەك ئاچچىق تىكىلەتتى. ئۇ «يىغىن باشلىنىدۇ»
دەپلا قالماي، ئۇلاپ يىغىنىنىڭ ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ باش قوشۇش
يىغىنى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. قاتناشقۇچىلارنى تونۇشتۇرغان-
دا، ئىسكەندەر كامىل بىلدىكى، يىغىنغا ئىدارە ئىچىدە باشلىق تا-
جى بارلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقانىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئا-
ياللار خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى، ئىدارىنىڭ ئىچكى خوجىلىق بۆ-
لۈمىدىنمۇ خادىم قاتناشتۇرۇلغان. بۇ ھالدا يىغىن ئالدىنقى جۈمە
كۈنى رەببىمبەردى ئايۇپ دېگەندەك ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھ-
رىنىسانىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن مەلۇمات ئاڭلاش دائى-
رىسىدىن ھالقىپ كېتەتتى. يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى شۇنداقمۇ ياكى
ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ يىغىننى
باشلىساق بولىدۇ، دەپ بولغۇچە رەببىمبەردى ئايۇپ سۆزلەشكە
كىرىشتى.

رەببىمبەردى ئايۇپ ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان-
دىن بۇيان، ئۇ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان بۆلۈم ۋە قوشۇمچە
رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۇنىۋېرسال فىرمىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرىنى سۆزلەشتىن باشلىدى، ئۆتۈپ كەتكەن يىلدىكى
ئۇتۇقلارنى بايان قىلىۋاتقاندا، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلدى:

— بۇ ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئە-
مەس... — دېدى توڭلۇق بىلەن، — سىلە بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ
بولغان، نەق گەپنى قىلىڭلا، بىز قاراپ چىقماقچى بولغان مەسى-
لىنى دېمەكچىمەن...

رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ تەييارلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈ-
چۈنمىكىن، ئۇ دەماللىققا گېپىنى تاپالماي، ئەسلىدىكى سۆز ئورا-
مىنى بۇزالمىدى. خىزمىتىنىڭ گۆش، سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بازارنى تەمىنلەش توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلـ-
ماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتقىنىدا، ئىدارە باشلىقى يەنە گەپ ئارد-
چىلىدى:

— بولدى، ئۇ ھەقتە گەپ قىلساڭلا يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان با-
يىقى دېگەندەك، سەۋەبنى تاشقى ئامىلغا باغلايسىلە، — دېدى بۇ
قېتىم ئېچىلغان يىغىندىن زېرىككەندەك بىر ئىپادىنى كۆرسىد-
تىپ، — مۇنداق قىلايلى، — ئۇ يىغىنغا قاتناشقانلارغا يۇقىرىدىن
سۇۋۋارى قاراپ داۋام قىلدى، — نازارەتتىن بىزنىڭ ئىدارىگە ئېب-
تىبار بېرىپ تاپشۇرغان بىر ۋەزىپە بار ئىدى، بىز بۇنى ئو-
رۇنلاشنى ئۇنتۇپ ئىسال قىلساق ئۈزۈن يېرىم ئەتسال ھاۋالە قىلغان، سىلە شۇ چاغدا بۇ
خىزمەتنى ئۈزۈم بىر قوللۇق ئىشلەيمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ، فېر-
مىنىمۇ قولۇڭلارغا ئالغان...، — ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى رەب-
بىمبەردى ئايۇپقا قاراپ دېيىلدى. ئۇنچە ئىسسىق بولمىسىمۇ،
تەرلەپ كەتكەن رەببىمبەردى ئايۇپ قول ياغلىقىدا تەرلىرىنى
سۈرتكەچ بېشىنى «شۇنداق» ئىشارىسىغا لىڭشىتىپ ئولتۇردى.
ئىدارە باشلىقى قەددىنى كۆپچىلىك تەرەپكە قارىتىپ توغرىلاپ
مۇنداق دېدى، — مېنىڭ بىلىشىمچە «80 ـ 4 تۈر قۇرۇلۇشى»
دېيىلىدىغان بۇ ۋەزىپىنى باشتا قىلالمايمىز، دېمەي ئالدۇق. پۇل
ئاجرىتىپ بەردى، ئالدۇق. ئۆزىمىزدىكى تېخنىكا كۈچى يېتىش-
مەيدۇ، دەپ تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتكۈزدۇق، ئۇنىمۇ ئالدۇق.
ئالغانىكەنمىز، جاۋابىنى بېرىشىمىز كېرەك ئىدى، ئىككى يىل
ئۆتتى، جىم...

— بۇ ئۈچىنچى يىلى ...، — يىغىن ئەھلىدىن كىمدۇر بىرى
ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ قويدى.

— مانا، ئۈچىنچى يىلىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتۇ، يەنىلا جىم ...،
— ئىدارە باشلىقى ئۆزىگە يېقىنراق ئولتۇرغان بىر ئايالغا گويا
ئۇ ئەيىبكاردەك ھومىيىپ قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ

ئىشخانامدا ھازىر ئىككى خىل ماتېرىيال بار، بىرسى يۇقىرىدىن كەلگەن، يەنى «تۆر قۇرۇلۇشى»نىڭ ئەھۋالى، نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى ھۆججەت. يەنە بىرسى، ئىدارە ئىچىدىكى، ئۇنىۋېرسال فېرمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نەتىجىنى ئاڭلاش تەقەززاسىنى ئىپادىلەپ يازغان خەتلىرى، بۇنىسى سانى كۆپرەك، ۋاقتىمۇ ئۇزاقراقتىن باشلانغانلىرىمۇ، يېقىندىن بۇيان يېزىلغانلىرىمۇ بار. بىزگە ھەر ئىككىلىسىگە، يۇقىرىدىن نازارەتكە، تۆۋەندىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا جاۋاب بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. كىرىش سۆز، مۇقەددىمە، ئىزاھاتلارنى، باشقا مەزمۇندىكى گەپلەرنى قويۇپ، نەق ئىش توغرۇلۇق ھەق گەپنى قىلىشايلى... ـــ قانداق؟

يىغىن مەيدانىدا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ سىرتتىن بىلىشىچە، سەكسەندىن ئارتۇق كادىرى بار بۇ ئىدارىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر دەرىجىلىك باشلىقلىرىلا يىگىرمە نەچچە بولۇپ، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ، پىچىر ـ پىچىر ۋە غو-تۇلداش ـ غودۇراشلىرىلا ئانچە چوڭ بولمىغان يىغىن مەيدانىدىكى غۇلغۇلىغا يېتىپ ئاشاتتى. ئىدارە باشلىقىنىڭ بايىقى سۆزلىرىگە قايسىبىر رەھبەرنىڭ جاۋاب بېرەلىشى تەس ئىدى. ئىككىنچى رەتتە ئولتۇرغان ئېگىز بوي، ئورۇق، شەپكىسىنى سول ماڭلىيى تەرەپكىرەك باستۇرۇپ كىيگەن بىرەيلەن رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈپ زېرىكتى بولغاي، «پىكرىم بار» دېگەندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى. ئىدارە باشلىقىنىڭ قول ئىشارىتى ئارقىلىق قىلغان رۇخسىتىدىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىغىلا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـــ بۇ «تۆر قۇرۇلۇشى» توغرىسىدا گەپ ـ سۆز جىق بولدى، كونكرېت مەزمۇنى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز جىق ئەمەس. ئەمەلىي ئىشلەنگەن خىزمەتلەر توغرىسىدىمۇ ئۇزاقتىن بېرى غۇلغۇلا ئاز بولمىدى، مېنىڭچە، ـــ دېدى ئۇ ئەمدى يىغىن ئەھلىگە

قەددىنى تـوغرىلاپ، ــ مۇشـۇ ئىشنـىڭ ئەھلـى، قاتناشقۇچـىسـى ئىسكەندەر كامىل گەپ قىلسا مۇۋاپىقمىكىن دەيمەنا....

ــ بولمىغان تەكلىپ، ــ ئـۇنىڭ ئۇدۇلـىدا ئولتـۇرغان، چىكە چاچلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن، سېمىز، ئوتتۇرا بوي بىرەيلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ــ بۇ يىگىت يېڭى كەلگەن بولسىمۇ، بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىشلەنگەنلىكىگە باھا بېرىپ بىر نىمە دېيەلەيدۇ، شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقساقمۇ بولۇۋېرىدۇ....

ئىدارە باشلىقى يىغىن يۈنىلىشى ئەمدى ئىزىغا چۈشتى، دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، چىرايى سەل ئېچىلدى. ئەمما، توڭلۇق بىلىنىپ تۇرغان ئاۋازدا:

ــ سىلىنى بىرنېمە يازغاچ كەلسۇن، دېگەنىدىم، يەتكۈزگەن بولغىيتتى؟ ــ دەپ سورىدى ئىسكەندەر كامىلدىن.

ــ يەتكۈزگەن، ئەينەن ئېيتقان، ــ دېدى رەببىمبەردى ئايۇپ ئالدىراپ ، ــ گۇۋاھچىلارمۇ بار.

ــ يېزىپ كەلدىم، ــ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر كامىل ئىدارە باشلىقىغا قاراپ، ــ ئەسلىدىمۇ شۇنداق بىر ماتېرىيال تەييارلاۋاتقانىدىم، شۇنى تۈزىتىپ، تولۇقلاپ ئېلىپ كەلدىم.

ــ مۇنداق بولسۇن، ــ ئىدارە باشلىقى كۆتۈرۈلۈپرەك ئولتۇردى ، ــ ماتېرىياللىرىنى يىغىندىن كېيىن ئىشخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلا، ئۇلار كۆپەيتىپ بېسىپ نازارەتكە ئەۋەتىپ، ئىدارىدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا تارقىتىپ بەرسۇن. سىلە ماۋۇ يىغىندا گەپنىڭ نان تېگىدىغان گۇندىسىنى سۆزلەڭلا. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ جىقى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەس، بەك نەزەرىيەچىلىك قىلىپ كەتسەڭلا بېشى ئاغرىپ زوكام بولۇپ قالىدۇ...ــ ئۇ ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۆزلەشكە تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ بۇيرىدى، ــ ئالدىغا، بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەڭلا!

ئىسكەندەر كامىل ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا باردى. بۇ يەر سەھنە

ياكى مۇنبەر بولمىسىمۇ، ئولتۇرۇپ ھەممەيلەننى كۆرگىلى بولى-دىغان، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭمۇ كۆزى چۈشىدىغان جاي ئىدى. ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ قولىدىكى بىر دەستە قەغەزنى كۆرۈپ قو-لىنى ئۇزاتتى:

— ئەكېلىڭلا كۆرۈپ باقاي، — ئۇ ئىسكەندەر كامىل تەڭلىگەن بىر دەپتەرچىلىك قېلىنلىقتىكى يازمىنىڭ ماۋزۇسىغا كۆز يۈ-گۈرتىۋېتىپ، قەغەزلەرنى سۇۋارىسىغا ۋاراقلاپ ئەڭ ئاخىرقى بې-تىنىڭ تېگىدىكى بەت نومۇرىغا قاراپتىپ، يەنە ئىسكەندەر كا-مىلغا قاراپ دېدى، — باياتىن ئېيتتىمغۇ، يازغىنىڭلىنى ئوقۇپ بولۇشقا ۋاقىت جىق كېتىدۇ، قەغەزلەرگە قارىماي، مەسىلىنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلاچۇ قېنى...

ئىسكەندەر كامىل بۇنداق سورۇنلاردا گەپ قىلىپ كۆنمىگەچ-كە، يازغانلىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە تېخى بولمىغاچقا، دەماللىققا سۆز باشلىيالماي خېلى تەمتىرىدى، ئەمدى ئۇنى ئىدارە باشلىقى-دىن تارتىپ باشقا ھېچكىم ئالدىراتمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر-ئىككى مىنۇت ھودۇقۇپ، تەمتىرىدى - يۇ، كېيىن راۋان سۆزلەپ كەتتى.

ئۇ بىر ساغلىقتىن يىل بويى بىر قېتىمدا تۆت قوزا ئېلىشنىڭ بۇ مەسىلە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتلاردىكىدەك سىر-لىق، مۆرەككەپ كەشپىيات ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ مۇمكىنچى-لىكى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسەن ھەل بولۇپ بولغانلىقىنى سۆز-لىدى. ئەمەلىيەتتە كېڭىيەلمەسلىكىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلى-نىڭ ھەرقايسى جايلارنىڭ قەدىمىي، يەرلىك قويلىرىدا ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، تۆت قوزا ئۇرۇقلىنالايدى-غان، ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن ئاشۇ ھامىلىلەرنى تۇغۇشتىن ئىلگى-رى بېقىپ يېتىلدۈرەلەيدىغان تەنگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئاشۇن-داق ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن تەجرىبە ئىشلى-

نىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالدى. بۇ قورۇلۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قوزىلارنىڭ تۆرەلمە ھالىتىنى زىيانسىز ساقلاش بىلەن قوزۇلغاندىن كېيىنكى ئەي بولۇش نىسبىتىنى مەقسەتتىكىدەك ساقلاش ۋە قاتارغا قوشۇشنىڭ قىيىن ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. ساغلىقنىڭ تۆت ھامىلىنى بىقىپ باقمىغان بەدىنى بوزداق ئىغىر يۈكنى بىر يولىلا كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، قوزىلىغاندىن كېيىنكى تۆت قوزا ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، بولۇپمۇ تۆللەنگەن دەسلەپكى ئايدا تۆت قوزىنى ئېمىتىش ئۈچۈن ساغلىقنىڭ سۈتى يېتىشمەيدىغانلىقىنى، تەجرىبە ۋە تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى ئاشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئىزاھلىدى، سۆزلىگەنلىرىگە بىرمۇنچە مىساللارنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ «نان تېگىدىغان گېپى»مۇ بىرەر سائەتلەرچە داۋام قىلدى. ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمىدى. ئىدارە باشلىقىمۇ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئالدىدىكى ئۈستەلدە تۇرغان ئىسكەندەر كامىلنىڭ قەغەزلىرىنى بوش چېكىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، ئىسكەندەر كامىل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنداق ـ مۇنداق سوئاللار بىلەن تەمتىرىتىشىدىن ئەنسىرىگەندى، ئۇنداقمۇ بولمىدى.

لېكىن، ئۇ سۆزدىن توختاپ، بىرنەچچە جىمجىت مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدىن بىرنەچچەيلەن سوئال سورىدى. سورالغان مەسىلىلەر تېخنىكىلىق نۇقتىلار بولغاچقا، ئىسكەندەر كامىل ئۈچۈن نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ ئىزاھات بېرىش تەسكە چۈشمىدى. كېيىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئالقىشلىنىپ چاۋاكلار بىلەن تارتۇقلاندى، خېلىلا ھاياجانلانغان ئىدارە باشلىقى يەنىلا شۇ توڭلۇق بىلەن:

— بىر ئاڭلىسا ئاددىيلا ئىشتەك، بىر ئاڭلىسا خېلىلا مۇرەككەپ بۇ «تۆر قورۇلۇشى» شۇغۇللانسا ئەرزىيدىغان، ئۈنۈم ۋە

نەپ بېرىدىغان ئىش ئىكەندۇق، ئۆز ۋاقتىدا پېيىدە يۈرۈپ، يۇ-رۇشۇش ئەھۋالىنى پات - پات سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمايتۇق ئەمەس-مۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى چۇشۇشى بىلەن ئۇ بۆلۈك - بۇ بۆلۈكتىن ھەر خىل مەزمۇندا غودۇڭشۇش - غودۇراشلار ئاڭلانغىلى تۇردى. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۆز ئېلىپ:

— شۇنداق ياخشى ئىش نېمە ئۈچۈن رويابقا چىقمىدى؟ — دەپ سورىدى كىملەرگىدۇر خاپا بولغىنىنى يوشۇرماي، — ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلار «شۇنداق تەس ئىش بولسا كېرەك...» دەپ يۈرۈۋەر-دۇق، تەجرىبە قىلىنغان بولسا جەريان ۋە نەتىجىسىنى، تەجرىبىدە مەغلۇپ بولغان بولساق سەۋەبىنى بىلمىدۇق. مۇشۇ تەرەپلەر ھەق-قىدە ئىزاھات ياكى چۈشەندۈرمە ئاڭلىساق بولاتتى...

بىر بۆلۈم باشلىقىمۇ سۆز ئالدى:

— «تۇر قۇرۇلۇشى» مەسىلىسىدە ئىدارە مەمۇرىيىتىنىڭ پاس-سىپ مۇئامىلىسىنى ياپسالاشقا بولمايدۇ، ئەكسى ھالدا بۇ خىزمەت بۇنداق سوزۇلۇپ كەتمەيتتى. نېمىلا بولمىسۇن، بىز ھازىر ۋە بۇندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنىلا ئەمەس، بۇرۇن قانداق قىلغاندە-لىقىمىزنىمۇ ئاڭلىساق بولاتتى.

— بۇرنىمىزنىڭ تېگىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىپ باقايلى، — دېدى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، — بۇ ئىشلارنى تېخنىك خادىملارنىڭ چۈشەنچە بېرىشىگە ئىنتىزىپ قويماي، مۇشۇ خىز-مەتكە كونكرېت مەسئۇل بولغۇچىنىڭ ئىزاھاتىنىمۇ ئاڭلاپ باق-ساق قانداق؟...

— بۇ خىزمەتكە كىم ئىگە بولغان ؟

— بۇرۇن نېمە ئىشلار قىلىندى؟

دېگەندەك نارازىلىقلار كۆتۈرۈلدى، ئىدارە باشلىقى قولىنى كۆ-تۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ غۇلغۇلا قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن

ئورۇندۇقتا يېرىم يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ئارقىلىق رەببىمە بەردى ئايۇپنى ئىشارەت قىلىپ:

— رەببىمبەرداخۇن، سىلە بىرنىمە دەپ بېقىڭلا قېنى، — دېدى سوغۇقلا، — باياتىن سۆزلەشكە ئالدىراپ كەتكەنتىڭلىغۇ؟ — دېدى يەنە ۋە كۆتۈرۈلۈپ رەك ئولتۇرۇۋاتقىچە قوشۇپ قويدى، — تەكرارلاپ قوياي، نەق گەپنى قىلىڭلا...

كۆپچىلىك جىم بولدى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن زادى رەببىمبەردى ئايۇپنى بىر سۆزلىتىۋېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

رەببىمبەردى ئايۇپ سۆزلىدى. ئۇ باشقا چاغلاردا سۆزلىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ، مەلۇم ئەمەس، شۇ تاپتا ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ، گېپىدىن ئېزىپ، تەلەپ قىلىنغان مەزمۇنغا زادى يېقىنلىشالمىدى. ئۇ تەرلەۋېرىپ ياغلىقىنىمۇ ھۆل قىلىپ بولدى. سۆز ـ جۈملىلىرى ئارىلىقىدا ئىدارە باشلىقىغا تولا قاراۋېرىپ ئۇنىمۇ زېرىكتۈردى. ئىدارە باشلىقى باياتىن ئېلىپ قالغان ئىسكەندەر كامىلنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇغان بولۇپ قەغەزلەرگە ئىككىشىۋالدى.

ئۇ دۇدۇقلاپ يۈرۈپ بىر سائەتكە يېقىن سۆزلىدى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولاتتى: ئۈچ يىلغا سوزۇلغان «تۆر قۇرۇلۇشى» تەجرىبە تەتقىقاتىنىڭ ئالدىنقى ئىككى باسقۇچلۇق خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ سەۋەبچىسى تېخنىك خادىملار، ئۇنىۋېرسال فېرمىنىڭ ئۆزىدە بار تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە قوللىنىشچان تەجرىبىسى بىلەن بۇ «تۆر قۇرۇلۇشى»نى روياپقا چىقىرىشقا بولمىدى، ئىككى تېخنىك خادىمنىڭ بىرى يېشى توشۇپ ئارام ئېلىشقا چىقىپ كەتتى، يەنە بىرى يالغۇز ئىشلەشكە كۆزى يەتمىدىمۇ ياكى شۇنداق زۆرۈرىيىتى چىقىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، يۆتكىلىپ كەتتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەجرىبە ۋە تەتقىقاتنى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، يۇقىرىدىن ئىسمى بىلەن ئىشتات

كۆرسەتكۈچى قوشۇپ ئەۋەتىلگەن بەھرىنىسا ئىسىملىك قىز دا-ۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ خىزمىتى خېلى ئوڭۇشلۇق بولغان، تەجرىبە ئۇچۇن ئاتايىن تاللاپ ئېلىپكېلىنگەن ئىككى ساغلىق ئىلمىي ئۇ-سۇلدا قائىدىلىك ئۇرۇقلاندۇرۇلغان، بىر ساغلىقتىن ئۈچ قوزا ئې-لىش قىياسىمۇ رويابقا چىقاي ـ چىقاي دەپ قالغاندا بۇ سىناق تو-ساتتىن مەغلۇپ بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى، بەھرىنىسانىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ قاتتىق يىقىلغان، يىقىلىش جىگەر، بۆ-رەك زەخمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئارقا مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەن. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ، تەجرىبىدىكى بوغاز ساغ-لىقلارنىڭ كۈتۈلۈشى توختاپ، قاتتىق سوغۇقتا قالغان ساغلىقلارنىڭ ھامىلىسى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ قالغان. رەھبەرلىك ئۇلارنى كۆپ ساغلىقلار ئىچىگە قويۇپ بېقىپ، ئىسسىق ساقلاش تەدبىرى قوللان-مىغان مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىشقا تەييار...

ــ تۇگىدىمۇ؟ ــ سورىدى ئىدارە باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ــ تۇگەپمۇ قالدى...، ــ دۇدۇقلىدى رەبىيەبەردى ئايۇپ ۋە ئىد-ارە باشلىقىنىڭ نەزىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ــ تۇگىگەندەكمۇ تۇرىدۇ .... ئەمدى ئىسكەندەر كامىل كەلدى، ــ ئۇ توساتتىن جاد-لىنىپ قەددىنى كۆتۈردى، ــ كەلگەندىن بىرى ئەھۋاللار بىلەن، شارائىت، مۇھىت، تەجرىبە ئۇسكۈنە ـ سايمانلىرى ۋە يەرلىك ساغلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇپ، بەلگىلىك كۆز قاراش ۋە ئاساسلارغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆپچىلىك باياتىن ئاڭلاپ ئۆتتى. ئەمدى رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي نىيەت، ئېگىلمەس جاسارەتكە كېلىپ، يېڭى سىناققا ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز، ۋەدە بېرىمەنكى، بۇ قېتىم غەلىبە قىد-لىپ، رەھبەرلىك ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز...

كۆپچىلىكنىڭ خېلى جىقى خىرقىرىشىپ كۈلۈۋەتتى. ئىدارە باشلىقى ئۇنى بۇرۇن كۆرمىگەندەك يەر ئاستىدىن جىددىي، تېشىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈدەك قاراپ ئولتۇراتتى. رەھىمبەردى ئايۇپ ئىدارە باشلىقىنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بېشىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولغاندەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلغاچ، خىرقىراپ كۈلگەنلەرگە ئەگىشىپ، ھىجىيىشقا باشلىدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ نېمىشقا كۈلۈۋاتقىنىنى بىلمەيدىغاندەك تۇراتتى.

— بىز بۇرۇن رەسمىي ۋە باشقا سورۇنلاردا بۆلەكچە گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغانىدۇق، — دېدى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دەپ تونۇشتۇرۇلغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال باشقىلارنىڭ كۈلۈشلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، — دېمەكچىمەنكى، ئەتە - ئۆگۈنلا ئالەمنى مالەم قىلغىدەك نەتىجىلەر بىلەن ئىدارىمىزدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن جىقىنى ھوشسىزلاندۇرۇۋەتمەكچى ئىدىڭىز، بايىقى گەپلىرىڭىزدىن ئايان بولدىكى، بىرىنچى قېتىملىق مەغلۇبىيەت تېخنىك خادىملارنىڭ پېنسىيەگە چىقىشىدا، يۆتكىلىپ كېتىشىدە ئىكەن، كېيىنكى ئوڭۇشسىزلىق يەنىلا تېخنىك خادىمنىڭ كېسەللىك تۇتۇپ قېلىشى بىلەن سادىر بوپتۇ، سورايدىغىنىم، سىزنىڭ رولىڭىز قانچىلىك بولدى؟...

— ئۇ «تۇر قۇرۇلۇشى»غا ئاجرىتىلغان مەبلەغدىن ئاجرىتىپ سېتىۋالغان پىكاپتا چارچاپ كەتكەن ئالىمدەك ئولتۇرۇپ تەسەۋۋۇرلار قايىنىمىدا ئۈزۈپ يۈردى، — دېدى بۆلۈك تەرەپتە ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

— ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم رېستورانلارنىڭ ئايرىمخانىلىرىدا قوزىلىيالمايدىغان ساغلىقلارنى تەتقىق قىلمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن، — تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئېغىل - قوتانلاردىلا بولمايدۇ، رېستورانلارغىمۇ يارىشىدۇ، قانداق دېدىم رەھىمبەرداخۇن؟

— مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولىمەن، دەپ چاچ تاراپ يۈرگەن ئادەمنىڭ «تۇر قۇرۇلۇشى» تەجرىبىسىگە چولىسى تېگەمدۇ؟

— كېسىلى تۇتۇپ قالدى، دېيىلگەن قىزنى ئۇ شۇ ئاخشىمى ئىدارىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئەكېلىپ، يەنە ساق پېتى ئاچىقىپ كەتكەن، ئەتىسىلا بىرسىنىڭ خاپىغىنى ئۆرلەپ، يەنە بىرسىنىڭ ماشىنىسى سوقۇلۇپ يۈز ـ كۆزىنى يارا بېسىپ، دوختۇرخانىدا ياتتى. نەدە شۇنداق ئۇدۇل كېلىدىغان مۆجىزە بولسۇن؟

— ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جىنايىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز...

— تەجرىبە، تەتقىقاتتىكى مەغلۇپ بولۇشلارنى تېخنىك خادىملارغىلا دۆڭگەۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ...

— ....

يىغىن مەيدانى غاز ـ غۇزغا تولدى. قارىغاندا، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ رەھبەردى ئايۇپقا پىكرى يىغىلىپ قالغان، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تاشالماي تۇرغاندەك قىلاتتى. تەكەببۇرلۇق ئادەمنىڭ ئۆز دۈشمىنى دېگەن سۆزلەر بىكار چىقمىغان ـ دە؟!

ئىسكەندەر كامىل باياتىن بىرسىنىڭ بەھرىنىسانى رەھبەردى ئايۇپ ئىدارىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئەكېلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، شۇ كېچىسى بەھرىنىسا تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ، رەھبەردى ئايۇپ ماشىنىسى سوقۇلۇپ يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقى توغرىسىدىكى غوتۇلدىشىدىن كېيىنلا ئۆزىنى يىغىن مەيدانىدا ئەمەس، باشقا بىر جايدا يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. يىغىن سورۇنىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، بايىقى ئۇچۇر ئۇنىڭغا يېڭىلىق ئىدى. ئىككىيلەننىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا بىللە كېلىپ، بىللە چىقىپ كېتىشى، تەڭ پالاكەتكە ئۇچراپ، دوختۇرخانىغا ئوخشاش ۋاقىتتا بېرىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى غەش قىلدى. بۇرۇنقى ئاڭلىنىشلاردا بەھرىنىسا قار قاتتىق ياغقان كېچىدە كۆڭۈلسىز ـ

لىككە ئۇچراپ، ئەتىسى ئەتىگەندە «120» جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن، بۇ گەپ ئىچىدە رەببىمبەردى ئايۇپ يوق ئىدى. قايسى گەپ ئىشەنچلىك؟ خوتۇنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغىنىنى ئايشەمگۈل، ئابدۇقەييۇم، ئايزۆھرە ۋە روزاخۇنلار كۆرگەن ۋە ئىسپاتلىيالايدۇ، ئايشەمگۈل قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا بىللە كىرگەن. ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ رەببىمبەردى ئايۇپنى تىلغا ئېلىشمىدى. ئۇنداقتا، رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ ۋەقەگە ئۇچرىشى ۋە دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشى ئايرىم ھادىسە، باشقا بىر مۇستەقىل ۋەقەمۇ؟

ئۇ بىرنەچچە قېتىم ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن بەھرىنىسانىڭ كېسەللىك ئارخىپىنى تەلەپ قىلىپ ئالالمىغانىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا بەلگىلىمە بويىچە «كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيەگە چىققۇچىلار»، «سوغۇرتا تۆلىمى تەلەپ قىلغۇچىلار»، «باشقا چوڭ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ داۋالانغۇچىلار» ۋە «ئەدلىيەلىك تەكشۈرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغانلار»نىڭ ئارخىپى بېرىلىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرگەنىدى. ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆڭلىدە «قار قاتتىق ياغقان كېچە» ۋە بەھرىنىسانىڭ بىريولىلا بىر مۇنچە كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى بىلەن ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، ئانىنىڭ قانسىراپ ئۇزاق ۋاقىت يېتىپ قېلىشى چوڭ بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ياكى يېشىش قىيىن كاللەك يىپ بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ناھايىتى ئاددىي، قىسقا ۋە دەھشەتلىك مەنزىرە پەيدا بولغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى: رەببىمبەردى ئايۇپ بەھرىنىسانى سورۇندىن ئېلىپ چىققان، ماشىنىسى بىلەن فېرمىدىكى ياتاققا ئاچىقىپ قويغان، شۇندىن كېيىن قايتىپ كەتمەي بەھرىنىساغا يېپىشقان... ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن يۈز بەرگەن

ئىشلارنى ئۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىمۇ، ئويلاپ بېقىشقىمۇ جۈر-ئەت قىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ باشقىلار ئېيتمىغان، دوختۇرخانا چۈشەندۈرگىلى ئۇنىمىغان، ھېچ بولمىسا، گۇمانىنىمۇ ئاشكارد-لىماي يوشۇرغان بىر پاجىئە ھەققىدە رەت قىلىش مۇشكۈل قىيا-سەن ھۆكۈمگە ئىگە بولۇپ قالدى.

ئۇ ئولتۇرغان يىغىندا باياتىن نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغانلىد-قى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغقاندا، يىغىن ئاخىرلاشقان، ئىدارە باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى:

ــ چۈشتىن كېيىن ۋاقتىدا يىغىلايلى، ھەممەيلەن ئۆز مۇقا-مىمىزنى توۋلاۋەرمەي، بىرلىككە كەلگەن، كۆپچىلىك قوبۇل قىلالايدىغان، ئەمەلىيەتتە قوللانغىلى بولىدىغان قارار ماقۇللاپ، باش ئاغرىقىدىن بالدۇرراق قۇتۇلايلى... تارقىلىڭلار!

ئىسكەندەر كامىل ئۆزىگە كېلىپ، چىقىپ كېتىۋاتقانلار ئىد-چىدىن رەببىمبەردى ئايۇپنى ئاختۇرماقتا ئىدى. ئىككى ئىشكى بار يىغىن ئورنىنىڭ ئۆزى ئولتۇرغان يېرىگە يېقىن ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، رەببىمبەردى ئايۇپ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇنى كۆرگەن بولسا ئالدىغا بېرىپ، قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ: «ئېيتقىنا، قار قاتتىق ياغقان كېچىسى بەھرىنىساغا نېمە بولدى؟» دەپ سورىماقچى ئىدى. توغرا، ئاشۇنداق سوئالغا ئۇ كاززاپ مۇد-تەھەملىك قىلىپ ھېچنېمە دېمەسلىكى، دېگەندىمۇ تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرنى تەكرارلاپ: تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولسا كېرەك، دەپ ھارامزادىلىك قىلىشى، مەن ئاچىقىپ قويۇپلا قايتىپ كەتكەن، دەپ يالغانچىلىق قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كونكرېت، ئېنىق، توغرا جاۋاب كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق-تىمۇ، ئىسكەندەر كامىل بىر ئەر كىشى ئىكەنلىكىنى، بەھرىنىسا-نىڭ ئېرى سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، خو-

تۇنى بوزەك بولسا قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسا ياخشى بولاتتى، گەرچە ئۇ پوپوزا خاراكتېرلىك ھەيۋە بولسىمۇ.

شۇ ئارىدا ئىدارە باشلىقى قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئىسكەندەر كامىلنى يېنىغا چاقىردى، باشقىلار چىقىپ كېتىپ، كىچىك زالدا ئىككىيلەنلا قالدى، ئۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا باردى. ئىدارە باشلىقى ئىسكەندەر كامىلنىڭ يازما ماتېرىيالىنى ۋاراقلىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئەسىرىڭلىنى ئابايا دېگىنىمدەك ئىشخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، كۆپرەك ئادەم كۆرسۇن، خاتىرجەم بولۇڭلار، يىغىنىنىڭ باش قەھرىمانى سىلە ئىدىڭلار، ئەمدى بۇ ئورۇننى رەببىمبەرداخۇن تارتىۋالدى، چۈشتىن كېيىنكى غەلۋىگە قاتناشماي ئۆز ئىشىڭلارنى قىلساڭلا قانداق؟

— مەيلى، شۇنداق قىلاي، — جاۋاب بەردى ئىسكەندەر كامىل ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ كەينىدىن تالاغا چىقتى.

ئىسكەندەر كامىلنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشقۇسى بار ئىدى، رەببىمبەردى ئايۇپ توغرۇلۇق ياكى بولمىسا «تۇر قۇرۇلۇشى»غا دائىر باشقىچە خەۋەر - ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇشقا تەقەززا ئىدى. ئۇ ئاساسىي قاتلاملاردا باشلىق بولمىغانلىقتىن ياكى بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ بەھرىنىساغا ئائىت قىسمى ئۇنىڭغا ئىجابىي تەسىر بەرمەيدۇ، دەپ قارالغانلىقتىن بولسا كېرەك، قېرىمىغا قايتىپ چىقىشقا دەۋەتلەندى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى، ئۇ تېزراق قايتىپ چىقىپ بەھرىنىساغا ھەمدەم بولۇشى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك تېخى...

ئۇ قايتىپ چىقتى، تازا ئېچىلالمىدى، ئۇنىڭ «ئىسكەندەر كامىل رەببىمبەردى ئايۇپ تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپتۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، بەھرىنىسا خېلى ئوڭشىلىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، تېتىكلىشىپ قالدى. ئىس-

كەندەر كامىل ئۇنىڭغا يىغىندا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئۆزى مەلۇمات بەرگەن، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشلىغان، رەببىمبەردى ئاـ يۇپنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان قىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. بەھرىنىسانىڭ خاپىغىنى ئۆرلەپ كەتمىسۇن دەپ، قار قاتتىق ياغقان كېچىسى يۈز بەرگەن ئىشلارغا يىغىن قاتناشچىلىـ رىنىڭ گۇمانىي كۆز قاراشلىرى بارلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە دېـ مىدى.

— ئۇ مەنسەپپەرەس، داغۋاز، پىسەندى ئادەم، — دېدى بەھرىـ نىسا ئىسكەندەر كامىلنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم رەببىمبەردى ئاـ يۇپقا ئوچۇق باھا بېرىپ، — ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ھەرگىز بىز تەر تۆكۈپ ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان «تۇر قورۇلۇشى» ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ئىشتىن ئۆزىگە نەپ ئۇندۇرۇپ، ئىدارىغا مۇـ ئاۋىن باشلىق بولماقچى. مۇئاۋىن باشلىقلىق شۇنچە كاتتا ئىشمۇ؟

— ئاشۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن كاتتا ئىش، — كۈلۈمسىرىدى ئىسكەندەر كامىل، — ئوغرىنىڭمۇ «ئوغرىلارنىڭ شاھى» دېگەن ئاتاق ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىرى بولارمىش، پەقەت شۇ بىر لەنىتى ئاتاق ئۈچۈن...

ھەر ئىككىيلەن بىرھازا كۈلۈشتى.

ھەپتە ـ ئون كۈنلەردىن كېيىن ئىسكەندەر كامىل، بەھرىنىـ سالار يىگىرمە ساغلىقنى تاللاپ ماشىنا بىلەن سۇنئىي ئۇرۇقلاندـ دۇرۇشنى باشلىدى. ئىسكەندەر كامىل بىرەر ئايلارچە ئىلگىرى بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ، ساغلىق تاللىغان، ئۇدۇللۇق تالـ لىغانلىرىنى ئۇدۇللۇق ئايرىم بېقىلىدىغان ئېغىلغا كىرگۈزۈپ كۆزىتىپ كېلىۋاتقانىدى.

— تەجرىبە بولغاندىكىن، ئىشنى ئازراقتىن باشلىساقمىـ غۇ...، — دېگەن بەھرىنىساغا ئۇ:

— دەل ئاشۇ تەجرىبە بولغانلىقتىن، جىقراقتىن باشلايلى، —

دەپ قايىل قىلغانىدى، ــ يېرىمى، ھەتتا تۆتتىن بىرى ئوڭۇشلۇق بولسىمۇ ھېساب. ئەمدىلىكتە ئىككىمىز بولغاندىكىن، ھۆددىلەپ كېتەلەيمىز، سىزنىڭچە قانداق؟

بەھرىنىسا تاتلىققىنە كۈلۈپ قويغانىدى.

سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش جەددىي ئىشلىنىۋاتقاندا خالمۇرات ئەر ـ خوتۇنلارمۇ كېلىپ قارىشىپ بەرگەنىدى. ئۇلارمۇ ئىسكەندەر كامىل ۋە بەھرىنىسانىڭ سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تۈەن ــ مەيدانىدا قوللانماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ــ بىز ئۆگىتىپ، سىلەر ئۆگىنىدىغان ئىش ئەمەسقۇ بۇ؟ ــ دېگەن ئىسكەندەر كامىل، ــ ئۆگىتىش ـ ئۆگىنىش ئۆزئارا بولىدۇ. سىلەر تېخى ئەمەلىي ئىشلەپ جۇغلىغان تەجرىبىگە ئىگە. ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە بەھرىنىساغا قىلغان ياردىمىڭلارنىڭ نەتىجىسىمۇ چىقىپ قالايلا دەپتىكەنغۇ...

«نەتىجە»نىڭ قانداق چىققانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق بولغاچ، گەپنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ھېچكىم خالىمىغان، ئىسكەندەر كامىلمۇ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكەنىدى.

ئۇلار ئاشۇنداق جەددىي ئىش ئۈستىدە ئالدىراش يۈرگەندە ئايشەمگۈل كۈلۈپ، ھودۇقۇپ رەبىمبەردى ئايۇپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى، ھېلىقى يىغىندىن كېيىن رەبىمبەردى ئايۇپ فېرمىغىمۇ چىقىپ باقمىغانىدى.

ــ ئىدارە ئۇنى تەكشۈرىدىغان بوپتۇ، قارارنى مەن كۆردۈم، ــ دېدى ئۇ خۇشلۇقىنى يوشۇرمايلا، ــ تەكشۈرۈش ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىكەن، بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، يەنە بىرى خىزمەت ئەھۋالىنى...

بۇ خەۋەردىن ھەممەيلەن شادلاندى. ئايشەمگۈلنىڭ دېيىشىچە، يۇقىرىدىن «تۇر قۇرۇلۇشى»غا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەبلەغ ئۈچۈن ئى-

داره مالىيە بۆلۈمى ئۆز ۋاقتىدىلا ئايرىم ھېساب ئاچقان ئىكەن. چوڭ كۆلنىڭ سۈيىنى چېلەكلەپ، ئىدىشلاپ ئىچسىمۇ، ئالسىمۇ بىلىنـ ـمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان رەببىمبەردى ئايۇپ «تۇر قۇرۇلۇشى» ئـۇ ـ چۇن دەپ خەجلەۋەرگەنىكەن. ئەمدىلىكتە، خەجلىگىنىنىڭ ھەننىۋا ـ سى «تۇر قۇرۇلۇشى»نىڭ بولماي، خېلى بىر قىسمى يات چىقىملار بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئاشۇ گىدىيىپ ئولتۇرغان ماشىنىسىنىمۇ «تۇر قۇرۇلۇشى»غا ماشىنا كېرەك، دەپ ئاشۇ پۇلدىن چىقىم قىلىپ ئالغان ئىكەن. بۇلار تېخى تەكشۈرۈش رەسمىي باشلانماي تۇرۇپ، نارازىلىق پىكىرلەرگە ئاساسەن سورالغانغا بېرىلگەن جاۋاب ئوخشايدۇ، «بىسـ ـمىللاسى» باشلانماي تۇرۇپ چۇۋۇلغان چۇۋۇتقۇسى بۇ، كېيىنچە كۆ ـ رىمىز ئۇ زاتنىڭ پايتىمىسىنى پۇتىغا ياكى بېشىغا يۆگىگىنىنى...

كۆلۈشمەك بولدى ـ يۇ، ھەر كىم ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. قايتىدىغان چاغدا ئاتايىن ئايرىلىپ قالغان ئايشەمگۈل كېيىنرەك ئىشتىن چۈشكەن ئىسكەندەر كامىلغا بوش ئاۋازدا:

ــ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان گۇرۇپپا بەھرىنىسا پالاكەتكە ئۇچراشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رەببىمبەردى ئايۇپ بار ـ يوقلۇقىنى، بولسا قانداق رول ئوينىغانلىقى، يوق بولسا نەدە ئىد ـ كەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرگىدەك.... ــ دېدى بۇ ئۇچۇرنىڭ مەنبە ـ سىنى ئاشكارىلىماي.

ــ ئۇنىڭ رولى بار، ــ كېسىپ ئېيتتى ئىسكەندەر كا ـ مىل، ــ بەھرىنىسانىڭ شۇ چاغدىكى ئازاب تارتىشىدا بۇ مەككار ـ نىڭ قولى بار تېخى ....

ئايشەمگۈل ئىسكەندەر كامىلغا پەستىن يانتۇ قاراپ:

ــ بەھرىنىسا ئېيتتىمۇ ياكى باشقا تەرەپتىن خەۋەر ئاڭلىدى ـ ڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئىسكەندەر كامىل ھېلىقى يىغىندا مۇشۇ توغرىلىقمۇ قىياسەن گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغانلىقىنى، كىملا بولسا ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق

خۇلاسە چىقىرالايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ يۈرمىدى، پەقەت ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ:

— سەزگۈمگە تايىنىپ شۇنداق خۇلاسىغا كەلدىم ...، — دېدى.

ئايشەمگۈل بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە دەۋات-قاندەك ئاۋازلىق پىچىرلىدى:

— ياخشىلىق ئىزدىگەنلەر ساۋابقا، يامانلىق ئىزدىگەنلەر ئازاب-قا ئېرىشىدۇ...

فىرمىدا گەپ جىق ئىدى، ئىشخانىلاردا مۇقىم تۇرۇپ ئىشلەي-دىغانلار ئاز بولغاچقا، بۇ گەپلەر ھەش ـ پەش دېگىچە ئاڭلىنىپمۇ بولاتتى.

ھاۋا تۇتۇق بىر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن فىرما كۆزەت-چىسى روزاخۇن ئاكا ئايرىپ بېقىلىپ كۆزىتىلىۋاتقان، ماشىنا ئارقىلىق ئۇرۇۋالاندۇرۇلغان ساغلىقلارنىڭ ئېغىلىدا خاتىرە يېزىۋاتقان ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسانى چاقىرغىلى كەلدى.

— يىغىن بار ئىكەن، — دېدى ئۇ باش ـ ئايىغى يوقلا، — ھەممەيلەن ئىشخانىغا يىغىلىدىكەنمىز، دېيىلىدىغان گەپ بەك مۇھىم، دەيدۇ...

ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا فىرما ئىشخانىسىغا كىر-گەندە ئۇ يەردە ھەرقايسى ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇپ بولۇشقان ئىدى. ئىككىيلەن ئولتۇرغانلار بىلەن مۇنداقلا سالاملى-شىپ، چەتتىكى ئۇزۇن بەندىڭدە ئولتۇرۇپ، بىر تەرىپى دېرىزىگە تاقاپ قويۇلغان ئۇستەلگە يېيىپ قويۇلغان قەغەزلەرگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ناتونۇش بىر كىشىگە تەڭ قاراشتى.

ئۇ ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى، بۇغداي ئۆڭ، قاشلىرى تو-تاش ۋە قويۇق، قاڭشىرى ئازراق پەس، ئۇزۇن ئېڭەكلىك ئادەم ئى-دى. بېشىغا توقۇلما شىلەپە كىيىۋالغان بولسىمۇ، شالاڭ چاچلىق،

تاقىر گەدەن ئىكەنلىكىنى يوشۇرالمىغان ئىدى. ساقال - بۇرۇت-لىرى يېڭى قىرىلغىنىغا قارىماي، ئىزى قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا ئولتۇرۇپ بولۇشقىلا، ئۇس-تەلدىكى قەغەزلەردىن كۆزىنى ئېلىپ ئۇ ئىككىيلەنگە ئالاھىدە بىر قارىۋېتىپ كۆزلىرىنى كۆپچىلىككە قاراتتى.

— كىچىك يىغىنىمىزنى باشلىۋالايلى، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ پەس، بوغۇقراق ئاۋازدا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە قاراشلىرىدا ئاز - تولا ھاياجانلىنىش، جىددىيلىشىش بىلىنىپ تۇراتتى، — يىغىنىنىڭ ئالاھىدە كۆپ، مۇرەككەپ كۈن-تەرتىپى يوق، پەقەت بىرلا ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قارىدى، كۆپنىڭ دىققى-تىنى تارتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بۇ ھەرىكەت كۈتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى، — بۈگۈنكى كۈندىن باشلاپ رەببىمبەردى ئايۇپ ئۇنى-ۋېرسال فىرمىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەيدى-غان بولدى، بۇ ۋەزىپىنى ئەمدى قوشۇمچە مەن ئۈستۈمگە ئالىدىغان بولدۇم ....، — ئۇ يەنە توختاپ تۇردى، ئولتۇرغانلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن، قاپىقى سەل تۈرۈلدى، لېكىن كۆڭلى-دىكىنى ئاشكارىلىماي، ئۈستەلدىكى قەغەزلەرنىڭ ئۈستىدىكى بىر ۋارىقىنى ئېلىپ، ئۆزىگە يېقىنراق ئولتۇرغان بوغالتىر ئايال ھۆ-رىگۈلگە ئۇزاتتى، — بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ بېرىڭا ھۆرىگۈل ....

ھۆرىگۈل قەغەزنى ئېلىپ، سىپىمىزلىكىدىن يىخىلداپ ئۇقتۇ-رۇشنى ئوقۇدى. قىسقا يېزىلغان ئىدارىنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشىدا باياـ-تىن دېيىلگەن مەزمۇنلار بار ئىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ باشقىلىرى قانداقكىن، ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىسا بۇ يېڭى باشلىق-نىڭ ئىسمىنىڭ ھېۋىزۇللا ئۆمەر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

يىغىنىنىڭ كېيىنكى قىسمى پوزىتسىيە بىلدۈرۈش بىلەن داۋام قىلدى. ھۆرىگۈلدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىر باشتىن ئۇقتۇرۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ مەزمۇنىنى قوللايدىغانلىقى، ھېۋىزۇللا ئۆمەرنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نۆۋەت ئىسكەندەر كامىل بىلەن بەھرىنىساغا كەلگەندە، ھېۋىزۇللا ئۆمەر ئالدىن ئېغىز ئاچتى:

— بۇ ئىككى تېخنىك خادىمىمىز بىلەن قىلىشىدىغان ئايرىم پاراڭىمىز بار، باشقىلار ئۈچۈن يىغىن تامام، تارقالساڭلار بولىدۇ.

ئۇچەيلەن قالغاندىن كېيىن ھېۋىزۇللا ئۆمەرنىڭ تۇنجى گېپى بەھرىنىسادىن ھال سوراش بولدى، ئىجابىي جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن، كالتە يۆتىلىپ قويۇپ:

— رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زىديانكەشلىك قىلغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى، — دېدى سالماق ئاۋازدا، — سىزنىڭ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدىكى ئارخىپلىرىڭىز، ئۇنىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ئارخىپلىرى يۆتكەپ كېلىنىپ تەكشۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ۋە باشقا تۆردىكى مەسىلىلەردىن تاشقىرى، ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىش ئۈچۈنمۇ ئۇ ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ دېلو تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك پاكىتلار ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەمدى سىز ۋە سىز ئىسكەندەر كامىل ئالدىغا قاراپ، كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرىكى پىداكارلىقىڭلارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشۇڭلارنى، ئۇنىۋېرسال فېرمىمىز، ئىدارىمىز ئۈچۈن شەرەپ قازىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭلا ئەمەس، ئىدارىنىڭ ئۈمىدى، مەن يەتكۈزۈپ قويغۇچى، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنىمۇ قوشۇۋالدىم...

شۇندىن كېيىن ئۇ قانداق قىيىنچىلىق بولسا، خىزمەتنىڭ يۈرۈشۈشىگە زۆرۈر لازىمەتلىكلەر بولسا، ئۆزىنىڭ چامى كېلىدىغىنىنى دەرھال، كەلمەيدىغىنىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ، ئەڭ

زور تىرىشچانلىق بىلەن ئەڭ قىسقا مۇددەتتە ھەل قىلىپ بېرىدى-
غانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتى، ئىككى ئاڭلىغۇچىسىدىن ئىنى-
كاس تەلەپمۇ قىلمىدى.
ئىسكەندەر كامىل رەببىمبەردى ئايۇپنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا
بەھرىنىسانىڭ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ھەم قىزىرىپ يەرگە قارىۋالغى-
نىغا كۆز قىرىدا قاراپ ئۆزىمۇ بىرقىسما بولۇپ قالغان ئىدى. ھېۋى-
زوللا ئۆمەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى رەسمىيەت ئۈچۈن دېيىلمىدىغان
ئەبجەش گەپلىرى ئاساسەن قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ بەھرىنىسانىڭ
قولىنى يەنە چىڭ، ئاغرىغىدەك سىقىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى،
بۇ ئۇنىڭ خاپىغىنى تۇتۇشنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىدىغان بېشارەت ئىدى.
خەيرىيەت، ھېۋىزوللا ئۆمەر ۋاقتى ــ قەرەلىدە سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى
يۆتكىۋەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى بەھرىنىسانىڭ خىلىدىن بۇيان ياخ-
شىلىنىشقا يۈزلەنگەن مىجەزى تۇراقلىششقا باشلىغانمۇ، ئىش-
قىلىپ، ۋەزىيەت قول بېغىشنىڭ سىقىلىش ھالىتىدە ئا-
ياغلاشتى.
ــ مەن سىزگە شۇ چاغدىكى ئىشنى چۈشەندۈرۈشكە شۇنچە
ئۇرۇندۇم، ئەمما جۈرئىتىم يەتمىدى، ــ ھېۋىزوللا ئۆمەر دەيدى-
غىنىنى دەپ قايتىپ كەتكەندىن تارتىپ، ئىككىيلەن بىرئاز ئايلى-
نىپ، ئۆيگە قايتىپ سۈپىدا ئولتۇرغانغا قەدەر داۋاملاشقان جىم-
جىتلىقنى بەھرىنىسا تۇنجى بولۇپ ئاشۇ گەپلەر بىلەن بۇزدى، ــ
راست، جۈرئەت قىلالمىدىم، كۈچۈم يەتمىدى...
ــ چۈشىنىمەن، ــ بەھرىنىسانى چىڭ قۇچاقلىدى ئىسكەندەر
كامىل، ــ مەن كېلىپ، سىز دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان چېغىڭىز-
دىلا قاتتىق گۇمان قىلغانىدىم، گۇمانلار گۇمانغا چېتىلىۋېرىپ،
قىياسلار قىياس تۇغۇپ پىكىرلىرىم سوزۇۋېلىشىپ قالغان ئىدى...
ــ ئەجەبا، مەندىن سورىمىدىڭىز؟ تېخى چاندۇرماي يۈرگەنلى-
رىڭىز...

www.uyghurkitap.com

ـــ كۆچىڭىز بېغىشىمنى سۇندۇرۇۋەتمىسۇن، دەپ، ـــ ئىسكەندەر كامىل چاقچاققا يۆلەپ گەپ يۆتكىمەكچى بولدى، ـــ ھەر قېتىم بېغىشىمنى بىر سىقسىڭىز، قولۇمنى ئۈچ كۈن كۆتۈرەلمەيمەن.

ـــ ئۇششۇق ....، ـــ دومسايدى بەھرىنىسا ۋە يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىسكەندەر كامىلنىڭ قولتۇقىغا تىقىلدى، ـــ مەن سىزگە زادى يۈز كېلەلمەيمەن، يادىمغا ئالسامالا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن... ئۇنى ساقلاپ قالالمىدىم...

ئىسكەندەر كامىل ئاۋازلىق كۈلۈشكە تىرىشتى، بەھرىنىسانىڭ ئېگىكىنى زىناقلىرى بىلەن قوشۇپ ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى، كۆزلىرىگە مۇلايىم تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـــ بىر ئوبدان تۇرۇپسىز مانا، بىز ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلەيمىزغۇ؟ ـــ دېدى.

ئىككىيلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ، تىن ئالالمىغۇدەك سۆيۈشتى. ھەر ئىككىلىسىگە بۇ سۆيۈشۈش شۇنداق قىزغىن ۋە يېڭى تۇيۇلدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنە شۇنداق بىر چۈشتىن كېيىن، ساغلىقلار ئېغىلىدىن يالغۇز يانغان ئىسكەندەر كامىلنى يول چېتىدە مارىلاپ تۇرغاندەك گۈلسەنەم توستى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز، توساتتىن پەيدا بولغىنىدىن ئىسكەندەر كامىل چۆچۈپ كەتتى. ئەتراپتا كۆز يېتىم نېرىغىچە ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. گۈلسەنەم ئاددىيلا كىيىنگەن، ئاستى - ئۈستى ئوخشاش رەختتىن ئىشتان ۋە بوغما چاپان كىيىپ، چېچىنى تۇرمەللىۋالغانىدى.

ـــ ياخشىمۇسىز؟ ـــ سورىدى ئۇ ئاددىيلا.

ـــ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ـــ سالاملاشتى ئىسكەندەر كامىلمۇ، ـــ بۇياققا بىر ئىش بىلەن چىققانمىدىڭىز؟

ـــ سىزنى ئىزدەپ، ـــ گۈلسەنەم بوغۇلۇپ قالدى، ـــ سىزنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولدى، كۆرۈشكۈم كېلىپ...

ـــ شۇنداق، بىز كۆرۈشمىگىلى بىر - ئىككى ئايچە بولغاندەك...

— بۇگۈن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالاي دېدىم...، — گۈلسەنەم يىغلايدىغاندەك ئۈمچىيىپ ئىسكەندەر كامىلغا يېقىنلاپ كەلدى، — قاچمايدىغانسىز؟ قېچىپ يۈرمەڭ يەنە.

ئىسكەندەر كامىل ھەيران بولۇپ:

— بىر ياقلارغا كەتمەيدىغانسىز؟ — دېدى ۋە ئاكىسى رەببەردى ئايۇپنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇنىڭ مەيۇسانە ھالىتى ئاكىسىنىڭ ئۇچرىغان قىسمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالدى، — باشقا جايلاردىن يېڭى خىزمەت تاپتىڭىزمۇ يا، ھە؟

ئىسكەندەر كامىل خاتا ئويلىغىنىنى ھېس قىلدى. گۈلسەنەم ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يوشۇرماي، تېخىمۇ يېقىن كەلدى، ئىسكەندەر كامىلنىڭ سۇس كۆك رەڭلىك خالات كىيىۋالغان مۈرىسىگە ئىككى قولىنى قويۇپ ئىككى سېكۇنتچە تۇردى، ئاندىن مەڭزىنى يىگىتنىڭ مەيدىسىگە يېقىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى ئىسكەندەر كامىل قىزنىڭ مۈرىسىنى بوش سىيلاپ، ئۇ گۈلسەنەمنى ئەمدى سەل چۈشەنگەندەك بولدى، ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتەرمىدى... — كىچىك بالا ئەمەسسىزغۇ گۈلسەنەم، ئۆزىڭىزنى خاراب قىلىدىغان يولغا ماڭماڭ... بولدى، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئېغىر بولۇڭ....

گۈلسەنەم ئۆزىنى بىر جەينەك ئارىلىق يىراقلىتىپ، ئاستىدىن ئېقىۋاتقان، ئۈستى يەنىلا لىق ياشقا توشقان كۆزلىرىنى ئىسكەندەر كامىلنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ:

— نۇرغۇن كېچىلەر ئويلىنىپ، ئۇخلىيالماي تولغىنىپ چىقتىم، سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەنمەن...، — دېدى ئېسەدەپ، — سىزگە شاللاقلىق قىلغاندىمەن، ئەسكىلىك قىلغاندىمەن، بىزار بولغانسىز... ھەممىسى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئىكەن... سىزنىڭ چۈشەنچىڭىزدىكى مۇھەب-

www.uyghurkitap.com

بەت، ئېھتىمال ئۇنداق بولمايدۇ. مەنمۇ مۇھەببەت ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، دەپ ئويلىغان، ھېلىھەم شۇنداق ئويلىغۇم بار... بۇ سەۋدالىقتا ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمىدىم، كەچۈرۈڭ مېنى، — ئۇ ئىسكەندەر كامىلنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرتمەي چاپلىشىپ تۇرۇپ سۆيدى، لېۋىنى شوراپ تۇرۇپ يەنە بىر سۆيدى — دە، قويۇۋېتىپ كەينىگە داجىدى.

ئىسكەندەر كامىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، قېتىپ تۇرغىنىچە تۇرۇپ قالدى. قىز بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ تۆت — بەش قەدەمچە يىراقلىغاندا، ئىسكەندەر كامىل ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئىختىيارسىز ۋارقىرىدى:

— گۈلسەنەم، توختىڭە!

قىز توختىمىدى. ئۇنىڭ ئىسكەندەر كامىلنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ كېتىۋەردى. شۇ چاغدىلا ئىسكەندەر كامىل قىزنىڭ قۇچاقلىشىنى، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئىزھارلىغان ئىنتىلىشىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ سۆيۈشلىرىنى نېمىشقا رەت قىلماي قوبۇل قىلغىنىنى، قوبۇل قىلغاندا ئىنكاسسىز، تەسىرسىز تۇرغىنىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق قىز ئۇنىڭدىن يىراقلاشقاندا نېمىشقا ئۇنى چاقىرغىنىنىمۇ چۈشەنمىدى. قىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ باشلىشىدىن تارتىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرسىمۇ قىزنىڭ پەرۋا قىلماي كەتكىنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى گەپ — سۆز ۋە ھەرىكەتلەر چۈشىدە يۈز بەرگەندەك تۇيۇلدى. قىزنىڭ توختىماي كەتكىنىدىن كۆرە ئۆزىنىڭ ئۇنى چاقىرىشى ھەم غەلىتە، ھەم ئاھانەتلىك بىلىنىپ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولدى. ئەگەر قىز توختىسا نېمە دەيدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى.

ئۇ مۇرەككەپ، گادىرماچ ھېسلارغا كۆمۈلۈپ ئىشخانىغا كەلدى. چېچىلاڭغۇ تۇيغۇلىرىنى ئاللىقاچان بىر تۇتۇق تۇمان بېسىۋالغا-

ـدەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ بېقىش، ئۇستەلـدىكى ئوقـۇش زۆرۈرىيىتى يوق يازمىلارنى ئوقۇپ بېقىشلار ئۇنىڭ ھېسسىي بىسە ـ مىنى يېنىكلىتەلمىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بەھرىنىسانى كۆرگەندىـن كېيىنلا، ئۆزىـنى سەل ـ پەل ئـازاد بولۇپ قالـغاندەك سەزدى، شـۇ ھالدىمۇ ھېلىقى تۇتۇق تۇمان تامامەن تاراپ كەتمىگەنىدى.

ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، بەھرىنىسا ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغىنى بويىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى تـەكىيە قـىلىپ ئـۇيقۇغا كـەتتى. قانـداق چۈشلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىـن، لەۋلىرىـنى تامشـىپ، ئاز ـ تولا كـۆ ـ لۈمسىرەپ ياتاتتى. ئىسكەندەر كامـىل: «ئايالـلار يېرىم فـانتازىيـە ئىچىدە ياشايدۇ» دېگەن سۆزىنى تەكرار ئويلاپ ياتتى. ئىككىيلـەن ـ نىڭ تونۇشقىنىدىن بۇيانقى كەچمىشلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتتى، كۆ ـ رۈنۈشلەر چۈش كۆرگەنگىمۇ ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئۇ دېرىزىگە بىر قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، شۇنچە ئاۋايلىغىنىغا قارىماي بەھرىنىسا ئويغىنىپ كېتىپ:

— نەگە؟ — دەپ سورىدى.

— ئـۇيقۇم كەلـمىدى، سىـرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، سىـز ئۇخلاۋېرىڭ، — دېدى ئىسكەندەر كامىل مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ.

— مەنمۇ چىقىمەن؟ — بەھرىنىسامۇ ئورنىدىن تۇردى.

ئىككىيلەن سىرتقا چىققاندا ئۈپۈق ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

2012 — 2013 ـ يىللار، ئۈرۈمچى

NIEDERSÄCHS. STAATS. U. UNIV.-BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

雪白地平线：维吾尔语 / 赛买提·杜尕依里 著 —乌鲁木齐：新疆大学出版社 2015.1
ISBN 978-7-5631-2823-5

Ⅰ.①雪 …Ⅱ.①赛 …Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP数据核字(2015)第095918号

**策 划 人：** 艾米拉江·苏努尔
**责任编辑：** 艾米拉江·苏努尔
**责任校对：** 阿达来提·牙合甫

# 雪白地平线

（长篇小说）

赛买提·杜尕依里 著

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 666 号 邮编:830046）
新华书店经销
北京顺诚彩色印刷有限公司印刷
880毫米×1230 毫米 1/32 印张:15.25
2015 年 1 月第 1 版 2015 年 6 月第 1 次印刷

ISBN 978-7-5631-2823-5
定价：55.00 元